# ھەدىسلەر توپلىمى

## (جەمئۇلفەۋائىد)

مۇئەللىپ

مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان مەغرىبىي

**5 ـ جىلد (4676 ـ ھەدىستىن 5790 ـ ھەدىسقىچە)**

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

تەشكىللىگۈچى: دوكتور/ ئالىمجان ئاتائۇللاھ (بۇغدا)
تەرجىمە قىلغۇچى: سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى تەرجىمە بۆلۈمى
تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم (تەكلىماكان)
ئابدۇلخالىق ئابدۇلباقى (ئۇيغۇر)
مۆمىنجان سىدىق
مۇھەررىرى: سابىرجان
بەتچىك: ئا. روزى توختى

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

## بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە

**سەنەد** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى ھەدىسنىڭ تېكىستىگە تۇتاشقۇچە ئارىلىقتىكى راۋىيلار زەنجىرى «سەنەد» دېيىلىدۇ.

**سەھىھ** ـ بىرىنچىدىن، سەنەدى مۇتتەسىل (بىر ـ بىرىگە ئىزچىل تۇتاشقان) بولغان، يەنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تاكى ھەدىسشۇناسقىچە بولغان سەنەد زەنجىرىنىڭ ھەممىسىدىكى راۋىي مەزكۇر ھەدىسنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى راۋىيدىن بىۋاستە ئالغان؛ ئىككىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى ھەدىسنى پىششىق ياد ئېلىش ياكى يېزىپ قالدۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان؛ تۆتىنچىدىن، ھەدىس شاز بولمىغان، يەنى ئىشەنچلىك بىر راۋىينىڭ ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىكرەك يەنە بىر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىنىڭ ھەدىسىگە زىت بولمىغان؛ بەشىنچىدىن، ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىللەت (قۇسۇر) بولمىغان (يەنى مەزكۇر بەش شەرت تېپىلغان) ھەدىس «سەھىھ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**ھەسەن** ـ سەھىھ ھەدىسنىڭ بارلىق شەرتلىرى تېپىلغان، پەقەت ئۈچىنچى شەرت ھېسابلانغان ”پىششىق ياد ئېلىش قابىلىيىتى“ بىر ئاز تۆۋەن بولغان راۋىي تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «ھەسەن» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**سەھىھ ۋە ھەسەن** ـ ئەگەر ھەدىس ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولسا، مەزكۇر ھەدىس بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن سەھىھ، يەنە بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن ھەسەن دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق ھەدىس بىرلا ۋاقىتتا «سەھىھ ۋە ھەسەن» دېيىلىدۇ. ناۋادا ھەدىسنىڭ سەنەدى بىر بولسا، مۇنداق ھەدىس بىر قىسىم كىشىلەر

تەرىپىدىن «سەھىھ»، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «ھەسەن» دەپ قارالغان دېگەنلىك بولىدۇ (بۇ تۆردىكى ھەدىسقىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**زەئىپ** ـ ھەسەن ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىرەرسى تېپىلماي قېلىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن ھەرقانداق ھەدىس «زەئىپ» دېيىلىدۇ. زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىلىرى سەنەدتىكى بىرەر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ شەرتكە تولۇق لايىق بولماسلىقىغا ئەگىشىپ پەرقلىق بولىدۇ (بۇ تۆردىكى ھەدىس ئىنتايىن زەئىپ بولمىسا، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مەلۇم شەرت ئاستىدا ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن «ھەدىس ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن تېمىغا مۇراجىئەت قىلىڭ).

**ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ياكى تېكىستىدە ئۇنىڭ زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ (بۇ تۆردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**سەنەدى سەھىھ** ـ ئەسلىدە بىر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن بولسا، سەھىھ ھەدىسنىڭ ئالدىنقى ئۈچ شەرتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى، لېكىن ئاخىرقى ئىككى شەرتنى ئىسپاتلاشقا كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ھەدىس تەتقىقات ئىلمىدە تونۇلغان بىرەر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن، ئەمما مۇنداق دېيىشىنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر ھەدىسنىڭ تېكىستىمۇ سەھىھ بولغان بولىدۇ.

**سەنەدى ھەسەن** ـ سەنەدى سەھىھ ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشمايدىغان، پەقەت ھەسەن ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشىدىغان ھەدىس «سەنەدى ھەسەن» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**مۇئەللەق** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ياكى ساھابىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ۋەياكى تابىئىنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد كۆتۈرۈۋېتىلىپ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «مۇئەللەق» دېيىلىدۇ. (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما «بۇخارى» ۋە «مۇسلىم»دا كەلگەن مۇئەللەق ھەدىسلەردە: ”دېدى... ئېيتتى...“ دېگەندەك كەسكىن لەۋزى بىلەن كەلسە، سەھىھ ھەدىسنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ”دېيىلدى... ئېيتىلدى...“ دېگەندەك ئېھتىماللىق لەۋزى بىلەن كەلسە، ئۇنداق ھەدىس تەكشۈرۈلۈپ، ئاندىن باھا بېرىلىدۇ).

**مۇرسەل** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە تابىئىندىن ئىلگىرىكى كىشى (يەنى ساھابە) چۈشۈپ قالغان، يەنى بىرەر تابىئىن مەزكۇر ھەدىسنى: ”پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن... دېگىنىچە ئۆزى بىۋاستە باشلاپ كەتكەن بولسا، مۇنداق ھەدىس «مۇرسەل» دېيىلىدۇ (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما بەزى شەرتلەر ئاستىدا ئەمەل قىلىنىدىغان مۇرسەل ھەدىسلەرمۇ بار).

**مۇئزەل** ـ سەنەدتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈپ قالغان ھەدىس «مۇئزەل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇنقەتىئ** ـ سەنەد مەيلى بېشىدىن ياكى ئوتتۇرىسىدىن ۋەياكى ئاخىرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۈزۈلۈپ قالسا، يەنى ئارىدىن بىرەر راۋىي چۈشۈپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنقەتىئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇدەللەس** ـ سەنەدتىكى بىرەر ئەيىبنىڭ يوشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ (سەنەدنىڭ) تاشقى ھالىتىنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىلىشى «مۇدەللەس» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مەترۇك** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە يالغان ئېيتقانلىقى بايقالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مەترۇك» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇنكەر** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە كۆپ خاتالاشقان ياكى بىپەرۋالىق قىلغان ۋەياكى پاسىقلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنكەر» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەدىسى زەئىپ بىرىنىڭ رىۋايىتى ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايىتىگە زىت بولۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسى «مۇنكەر» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇزتەرىب** - بىر - بىرىدىن پەرقلىق بىرقانچە شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان، ئەمما دەرىجە كۈچى جەھەتتە ھەممە شەكلى تەڭلىشىپ قالىدىغان، لېكىن مەزمۇنى بىر - بىرىگە زىت بولغان، قايسىسىنىڭ قايسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ھەدىس «مۇزتەرىب» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسنى تەكشۈرۈپ، بىر رىۋايەتنىڭ يەنە بىرىدىن كۈچلۈك ياكى ساغلام ئىكەنلىكى بىلىنسە ئەمەل قىلىنىدۇ، بولمىسا ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**شاز** - ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىك بىرىنىڭ ھەدىسىگە زىت بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «شاز» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**قۇددۇسىي** - پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارى الله تائالادىن بىزگە رىۋايەت قىلىپ بەرگەن، لەۋزى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، مەنىسى الله تائالاغا ئائىت بولغان ھەدىس «قۇددۇسىي» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەرفۇئ** - پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ياكى ماقۇللۇق ۋەياكى بىرەر سۈپەت تەسۋىرلەنگەن ھەدىس «مەرفۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەۋقۇف** - بىرەر ساھابىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ۋەياكى ماقۇللۇق تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەۋقۇف» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەرمۇ ھەدىسكە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەقتۇئ** ـ بىرەر تابىئىنگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەقتۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەر ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مۇتتەسىل** ـ سەنەدى مەرفۇئ ياكى مەۋقۇف ھالەتتە تۇتاشقان ھەدىس «مۇتتەسىل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ھەدىس ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پەقەت ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىلىشىۋېلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە ۋە ئاتالغۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ھەدىسنى ئوقۇش جەريانىدا، شۇ ھەدىسكە بېرىلگەن باھانىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىنى ۋە شۇنىڭغا قارىتا پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. اللە تائالادىن بۇ كىتابنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز.

2009 ـ يىل

## ئاقىۋىتى مەجھۇل، تاش ئېتىپ قىلىنغان، مەجبۇرى قىلىنغان، بىرىنىڭ مېلىغا قول قويۇۋېلىپ قىلىنغان، مالنى بىرىنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىپ قىلىنغان سودىلار، شۇنداقلا يېزىلىقنىڭ مېلىنى شەھەرلىكنىڭ سېتىپ بېرىشى، مالنى مال بازىرىغا كېلىپ بولغىچە ئېلىۋېلىش، بىر مالنى ئىككى خىل ئۇسۇلدا سېتىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش قاتارلىقلار

4676 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ بَيْعِ الْحَصَاةِ وَعَنْ بَيْعِ الْغَرَرِ.

4676 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاش ئېتىپ سودا قىلىشتىن ۋە ئاقىۋىتى مەجھۇل سودىلارنى قىلىشتىن توسقان.

(مۇسلىم: 1513)

4677 - عن شَيْخٌ مِنْ بَنِي تَمِيمٍ قَالَ خَطَبَنا عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ أَوْ قَالَ قَالَ عَلِي قَالَ ابْنُ عِيسَى هَكَذَا حَدثَنَا هُشَيْمٌ قَالَ سَيَأتِي عَلَى الناسِ زَمَانٌ عَضُوضٌ يَعَض الْمُوسِرُ عَلَى مَا فِي يَدَيْهِ وَلَمْ يُؤْمَرْ بِذَلِكَ قَالَ اللهُ تَعَالَى وَلَا تَنْسَوْا الْفَضْلَ بَيْنَكُمْ وَيُبَايِعُ الْمُضْطَرونَ وَقَدْ نَهَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ بَيْعِ الْمُضْطَر وَبَيْعِ الْغَرَرِ وَبَيْعِ الثمَرَةِ قَبْلَ أَنْ تُدْرِكَ.

4677 ـ بەنى تەمىم جەمەتىدىن بىر شەيخ مۇنداق دەيدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە خۇتبە سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، بايلار (بېخىللىق قىلغانلىقىدىن) قوللىرىدىكىماللىرىنى تۇتۇپ چىشلەپلا

قالىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار بىخىللىق قىلىشقا بۇيرۇلمىغانىدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزئارا ئىھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار﴾. ماللىرىنى سېتىشقا مەجبۇرى بولۇپ قالغانلار ئامال يوق ساتىدۇ. ھالبۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەجبۇرى سودا قىلىشتىن، ئاقىۋىتى مەجھۇل سودىنى قىلىشتىن ۋە مېۋىنى پىشىشتىن بۇرۇن شېخىدا توختىتىپ تۇرۇپ سېتىشتىن توسقان①.

(ئەبۇ داۋۇد: 3382)

4678 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَشْتَرُوا السمَكَ فِي الْمَاءِ فَإِنَّهُ غَرَرٌ.

4678 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سۇدىكى بېلىقنى ساتماڭلار، چۈنكى ئۇ ئاقىۋىتى مەجھۇل سودىدۇر»②.

(ئەھمەد: 3667؛ «ئەلكەبىر»)

4679 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قَالَ: نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنِ الشغَارِ، وَعَنْ بَيْعِ الْمَجْرِ، وَعَنْ بَيْعِ الْغَرَرِ، وَعَنْ بَيْعِ كَالِئٍ بِكَالِئٍ، وَعَنْ بَيْعِ آجِلٍ بِعَاجِلٍ قَالَ: وَالْمَجْرُ: فِي الْأَرْحَامِ، وَالْغَرَرُ: أَنْ تَبِيعَ مَا لَيْسَ عِنْدَكَ، وَكَالِئٌ بِكَالِئٍ: دَيْنٌ بِدَيْنٍ، وَالْآجِلِ بِالْعَاجِلِ: يَكُونُ لَكَ عَلَى الرجُلِ أَلْفُ دِرْهَمٍ، فَيَقُولُ رَجُلٌ: أُعَجلُ لَكَ خَمْسَمِائَةٍ وَدَعِ الْبَقِيةَ.

4679 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شىغاردىن (قىزنى بىرىگە مەھرىسىز بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭمۇ قىزنى مەھرىسىز ئېلىش)، ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى

---

① ئەلبانى (731): زەئىپ. ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (6353): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد مەۋقۇف ۋە مەرفۇئ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان. تەبەرانىمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ مەرفۇئ رىۋايىتىدە ئىمام ئەھمەدنىڭ ئۇستازى مۇھەممەد ئىبنى سەمماك بار بولۇپ، ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى تاپالمىدىم، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

بالىسىنى سېتىشتىن، ئاقىۋىتى مەجھۇل سودىنى قىلىشتىن، مالنى قەرزگە ئېلىپ قەرزگە سېتىشتىن، كېيىن بېرىدىغان پۇلنى ھازىر بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭ مەلۇم قىسمىدىن كېچىشتىن توسقان[①].

(بەززار: 1280)

4680 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: لَما أَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِإِخْرَاجِ بَنِي النضِيرِ مِنَ الْمَدِينَةِ، أَتَاهُ أُنَاسٌ مِنْهُمْ، فَقَالُوا: إِن لَنا دُيُونا لَمْ تَحِل، فَقَالَ: "ضَعُوا وَتَعَجلُوا".

4680 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ يەھۇدىيلىرىنى مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىدىغان چاغدا، ئۇلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بىزنىڭ ئالىدىغان قەرزلىرىمىز بار ئىدى، ئۇنىڭدىن كېچەلمەيمىز، ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ بىر قىسمىنى ھازىر بېرىش بەدىلىگە قالغان قىسمىنى دەرھال ئېلىپ كېتىڭلار، ـ دېگەن[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 821)

4681 - عن عَامِر بن سَعْدٍ أن أَبا سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ نَهى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ لِبْسَتَيْنِ وَعَنْ بَيْعَتَيْنِ نَهى عَنْ الْمُلَامَسَةِ وَالْمُنَابَذَةِ فِي الْبَيْعِ وَالْمُلَامَسَةُ لَمْسُ الرجُلِ ثَوْبَ الْآخَرِ بِيَدِهِ بِاللَيْلِ أَوْ بِالنهَارِ وَلَا يُقَلبُهُ إلا بِذَلِكَ وَالْمُنَابَذَةُ أَنْ يَنْبِذَ الرجُلُ إِلَى الرجُلِ بِثَوْبِهِ وَيَنْبِذَ الْآخَرُ ثَوْبَهُ وَيَكُونَ ذَلِكَ بَيْعَهُمَا عَنْ غَيْرِ نَظَرٍ وَلَا تَرَاضٍ وَاللبْسَتَيْنِ

[①] ھەيسەمى (6357): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى ئۇبەيدە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (6645): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسلىم ئىبنى خالىد زەڭگى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. ئەمما بەزىلەر ئۇنىڭ ھەدىسى ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

اشْتِمَالُ الصماءِ وَالصماءُ أَنْ يَجْعَلَ ثَوْبَهُ عَلَى أَحَدِ عَاتِقَيْهِ فَيَبْدُو أَحَدُ شِقَّيْهِ لَيْسَ عَلَيْهِ ثَوْبٌ وَاللِّبْسَةُ الْأُخْرَى احْتِبَاؤُهُ بِثَوْبِهِ وَهُوَ جَالِسٌ لَيْسَ عَلَى فَرْجِهِ مِنْهُ شَيْءٌ.

4681 ـ ئامىر ئىبنى سەئدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر دولىنى يۆگەپ يەنە بىر دولىنى ئوچۇق قويۇش ياكى بىر كىيىمگە يۆگىنىپ ئولتۇرۇپ، ئەۋرىتىگە بىر نەرسە ياپماسلىقتىن، بىر مالنى ئىككى خىل ئۇسۇلدا سېتىشتىن، بىرىنىڭ مېلىنى كۆرۈپ باقماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا قول قويۇۋېلىپ سودا قىلىشتىن، ئىككى تەرەپ مالنى كۆرمەستىن ۋە رازىلىق بىلدۈرمەستىن ھەر بىرى ئۆزىنىڭ مېلىنى يەنە بىرىگە تاشلاپ بېرىپ سودا قىلىشتىن توسقان.

(بۇخارى: 5820)

4682 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ شِرَاءِ مَا فِي بُطُونِ الْأَنْعَامِ حَتى تَضَعَ وَعَما فِي ضُرُوعِهَا إِلا بِكَيْلٍ وَعَنْ شِرَاءِ الْعَبْدِ وَهُوَ آبِقٌ وَعَنْ شِرَاءِ الْمَغَانِمِ حَتى تُقْسَمَ وَعَنْ شِرَاءِ الصدَقَاتِ حَتى تُقْبَضَ وَعَنْ ضَرْبَةِ الْغَائِصِ.

4682 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋانلارنىڭ تېخى تۇغۇلمىغان باللىرىنى، سېغىلمىغان سۈتنى، قېچىپ كەتكەن قۇلنى، تېخى تەقسىم قىلىنمىغان غەنىمەتنى، تېخى تاپشۇرۇپ ئېلىنمىغان زاكات ۋە سەدىقە ماللىرىنى، غەۋۋاسنىڭ بىر قېتىملىق شۇڭغۇپ مال چىقىرىشىنى سېتىۋېلىشتىن توسقان[1].

(ئىبنى ماجە: 2196)

4683 - عَنْ عَلِيٍّ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ السوْمِ قَبْلَ طُلُوعِ الشمْسِ وَعَنْ ذَبْحِ ذَوَاتِ الدرِّ.

[1] ئەلبانى (477): زەئىپ، ـ دېگەن.

4683 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن چىقىشتىن بۇرۇن سودا بىلەن شۇغۇللىنىشنى ۋە سۈتلۈك ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلغانىدى[1].

(ئىبنى ماجە: 2206)

**4684 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَبِعْ حَاضِرٌ لِبَادٍ دَعُوا الناسَ يَرْزُقْ اللهُ بَعْضَهُمْ مِنْ بَعْضٍ.**

4684 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يېزىلىقنىڭ مېلىنى شەھەرلىك سېتىپ بەرمىسۇن، ئىنسانلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلاركى، الله بەزىلىرىگە بەزىلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن رىزىق بەرسۇن!»

(مۇسلىم: 1522)

**4685 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ نُهِينَا أَنْ يَبِيعَ حَاضِرٌ لِبَادٍ وَإِنْ كَانَ أَخَاهُ أَوْ أَبَاهُ.**

4685 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: گەرچە يېزىلىق بىرىمىزنىڭ قېرىندىشى ياكى ئاتىسى بولغان تەقدىردىمۇ، شەھەرلىكنىڭ ئۇنىڭ مېلىنى سېتىپ بېرىشى مەنئى قىلىنغان.

(مۇسلىم: 1523)

**4686 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ يُقَالُ لَا يَبِيعُ حَاضِرٌ لِبَادٍ وَهِيَ كَلِمَةٌ جَامِعَةٌ لَا يَبِيعُ لَهُ شَيْئًا وَلَا يَبْتَاعُ لَهُ شَيْئًا.**

4686 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”يېزىلىقنىڭ نەرسىسىنى شەھەرلىك سېتىپ بەرمىسۇن!“ دېگەن بۇ سۆز تېخىمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ: ”ئۇنىڭ ھېچ نەرسىسىنى

[1] ئەلبانى (480): زەئىپ، ـ دېگەن.

سېتىپ بەرمىسۇن ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە ئېلىپ بەرمىسۇن!“ دېگەن مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3440)

**4687 - عَنْ عَبْدِ اللهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ نَهَى عَنْ تَلَقي الْبُيوعِ.**

4687 ــ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بازارغا كېلىۋاتقان مالنى ئالدىغا چىقىپ يولدا سېتىۋېلىشتىن توسقان.

(مۇسلىم: 1518)

**4688 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَبِيعُ بَعْضُكُمْ عَلَى بَيْعِ بَعْضٍ وَلَا تَلَقوْا السلَعَ حَتى يُهْبَطَ بِهَا إِلَى السوقِ.**

4688 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر بىرىڭلار يەنە بىر بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن (يەنى ئۇنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ، ئۆزىنىڭ مېلىنى ساتىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن)! يولدا كېلىۋاتقان مال بازارغا كېلىپ چۈشۈرۈلۈپ بولمىغىچە، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ سېتىۋالىدىغان ئىشنى قىلماڭلار».

(بۇخارى: 2165)

**4689 - عَنْ ابْنِ سِيرِينَ قَالَ سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَلَقوْا الْجَلَبَ فَمَنْ تَلَقاهُ فَاشْتَرَى مِنْهُ فَإِذَا أَتَى سَيدُهُ السوقَ فَهُوَ بِالْخِيَارِ.**

4689 ـ ئىبنى سىيرىن مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «بازارغا كېلىۋاتقان مالنىڭ ئالدىغا چىقماڭلار. كىمكى ئۇنداق مالنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئاندىن ئۇنى سېتىۋالىدىكەن، مال ئىگىسى بازارغا كېلىپ، بازار ئەھۋالىنى

[1] ئەلبانى (2935): سەھىھ ـ دېگەن.

ئىگەللىگەندىن كېيىن ساتقان مېلىنى ياندۇرۇۋېلىش ئىختىيارلىقى بار».

(مۇسلىم: 1519)

4690 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ بَيْعَتَيْنِ فِي بَيْعَةٍ.

4690 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر مالنى ئىككى خىل ئۇسۇلدا سېتىشتىن توسقان[1].

(نەسائى: 4632)

4691 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ أَبِيهِ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ صَفْقَتَيْنِ فِي صَفْقَةٍ وَاحِدَةٍ.

4691 ــ ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئاتىسى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر مالنى ئىككى خىل ئۇسۇلدا سېتىشتىن توسقان. سىماك (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: بىر مالنى ئىككى خىل ئۇسۇلدا سېتىشنىڭ مىسالى شۇكى، بىر ئادەم مېلىنى بىراۋغا ساتقاندا: "بۇنى نەق ئالساڭ ئون تەڭگىگە، نېسى ئالساڭ يىگىرمە تەڭگىگە ساتىمەن" دېگەنگە ئوخشاش سۆزنى قىلىدۇ.

(ئەھمەد: 3774؛ بەززار؛ «ئەلئەۋسەت»)

4692 - عن مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أَن رَجُلًا قَالَ لِرَجُلٍ ابْتَعْ لِي هَذَا الْبَعِيرَ بِنَقْدٍ حَتى أَبْتَاعَهُ مِنْكَ إِلَى أَجَلٍ فَسُئِلَ عَنْ ذَلِكَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ فَكَرِهَهُ وَنَهَى عَنْهُ.

4692 ـ ئىمام مالىكقا يېتىشىچە، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە:

ــ سەن بۇ تۆگىنى ماڭا نەق پۇلغا ئېلىپ بەرگىن، مەن سەندىن ئۇنى نېسىگە ئالاي، ـ دېگەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن، بۇ مەسىلە ئابدۇللاھ

[1] ئەلبانى (4318): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن سورىلىپتۇ، ئۇ مۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرمەپتۇ ۋە توسۇپتۇ.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4693 - عَنْ أَبِي أَيوبَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَـنْ فَرقَ بَيْنَ الْوَالِدَةِ وَوَلَدِهَا فَرقَ اللهُ بَيْنَهُ وَبَيْنَ أَحِبتِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

4693 ـ ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى ئانا بىلەن بالىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتسە، قىيامەت كۈنى الله ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

(تىرمىزى: 1283)

4694 - عَنْ عَلِي قَالَ وَهَبَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غُلَامَيْنِ أَخَـوَيْنِ فَبِعْتُ أَحَدَهُمَا فَقَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عَلِي مَا فَعَلَ غُلَامُكَ فَأَخْبَرْتُـهُ فَقَالَ رُدهُ رُدهُ.

4694 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئاكا ـ ئۇكا ئىككى قۇلنى بەرگەنىدى، كېيىن مەن ئۇلارنىڭ بىرىنى سېتىۋەتتىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئەلى! قۇلۇڭ قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. مەن ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرسەم، ئۇ:

ـ ئۇنى قايتۇرىۋالغىن، ئۇنى قايتۇرىۋالغىن! ـ دەپ كەتتى[2].

(تىرمىزى: 1284)

[1] ئەلبانى (1032): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (219): زەئىپ، ـ دېگەن.

## ئۆلچەپ ۋە تارتىپ ساتقان مالدىكى، شۇنداقلا هايۋانلاردىكى جازانە

4695 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ آكِـلَ الرِبـا وَمُؤْكِلَهُ وَشَاهِدَيْهِ وَكَاتِبَهُ.

4695 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جازانە يېگۈچىگە، يېگۈزگۈچىگە، گۇۋاھلىق بەرگۈچىگە ۋە كاتىبلىقىنى قىلغۇچىغا لەنەت ئېيتقان[①].

(تىرمىزى: 1206)

4696 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيَأْتِين عَلَى الناسِ زَمَانٌ لَا يَبْقَى أَحَدٌ إِلا أَكَلَ الرِبَا فَإِنْ لَمْ يَأْكُلْهُ أَصَابَهُ مِنْ بُخَارِهِ.

4696 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلارغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، جازانە يېمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمايدۇ. ئۇ جازانە يېمىگەن تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ پارچە ـ پۇراتلىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3331)

4697 - عَنْ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ: "الذهَبُ بِالْذَهَبِ رِبًا إِلا هَاءَ وَهَاءَ، وَالْبر بِالْبر رِبًا إِلا هَاءَ وَهَاءَ، وَالتمْرُ بِالتمرِ رِبًا إِلا هَاءَ وَهَاءَ، وَالشعِيرُ بِالشعِيرِ رِبًا إِلا هَاءَ وَهَاءَ".

---

[①] ئەلبانى (964): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (724): زەئىپ، ـ دېگەن.

4697 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كۈمۈشنى كۈمۈشكە، ئالتۇننى ئالتۇنغا نەقمۇ نەق تېگىشسە جازانە بولمايدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا جازانە بولىدۇ».

(مۇسلىم: 1584)

4698 - عَنْ مَالِكِ بْنِ أَوْسِ بْنِ الْحَدَثَانِ أَنَّهُ قَالَ أَقْبَلْتُ أَقُولُ مَنْ يَصْطَرِفُ الدرَاهِمَ فَقَالَ طَلْحَةُ بْنُ عُبَيْدِ اللهِ وَهُوَ عِنْدَ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ أَرِنَا ذَهَبَكَ ثُم ائْتِنَا إِذَا جَاءَ خَادِمُنَا نُعْطِكَ وَرِقَكَ فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ كَلا وَاللهِ لَتُعْطِيَنهُ وَرِقَهُ أَوْ لَتَردن إِلَيْهِ ذَهَبَهُ فَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْوَرِقُ بِالذهَبِ رِبًا إِلا هَاءَ وَهَاءَ وَالْبر بِالْبر رِبًا إِلا هَاءَ وَهَاءَ وَالشعِيرُ بِالشعِيرِ رِبًا إِلا هَاءَ وَهَاءَ وَالتمْرُ بِالتمْرِ رِبًا إِلا هَاءَ وَهَاءَ.

4698 ـ مالىك ئىبنى ئەۋس ئىبنى ھەدەسان مۇنداق دەيدۇ: مەن:

ـ كىم ماڭا ئالتۇنغا كۈمۈش تەڭگە تېگىشىپ بېرىدۇ؟ ـ دېگەچ يېتىپ كەلدىم. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدا ئىكەن، ئۇ:

ـ ئالتۇنۇڭنى ماڭا كۆرسەتكىن، ـ دېدى. (پۇتۇشۇپ بولغاندىن) كېيىن:

ـ خىزمەتچىم كەلگەندە كەلگىن، كۈمۈش تەڭگىلىرىڭنى شۇ چاغدا بېرەيلى، ـ دېگەنىدى، بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەپكە دەرھال ئارىلىشىپ:

ـ ياق، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ كۈمۈش تەڭگىلىرىنى يا ھازىر نەق بېرىسەن، يا ئالتۇنلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىسەن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كۈمۈشنى ئالتۇنغا، بۇغداينى بۇغدايغا، ئارپىنى ئارپىغا، خورمىنى خورمىغا قولمۇ قول ۋە نەقمۇ نەق تېگىشىش لازىم، بولمىسا جازانە بولىدۇ» دېگەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1586)

4699 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الذَّهَبُ بِالذَّهَبِ وَالْفِضَّةُ بِالْفِضَّةِ وَالْبُرُّ بِالْبُرِّ وَالشَّعِيرُ بِالشَّعِيرِ وَالتَّمْرُ بِالتَّمْرِ وَالْمِلْحُ بِالْمِلْحِ مِثْلًا بِمِثْلٍ يَدًا بِيَدٍ فَمَنْ زَادَ أَوْ اسْتَزَادَ فَقَدْ أَرْبَى الْآخِذُ وَالْمُعْطِي فِيهِ سَوَاءٌ.

4699 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە، بۇغداينى بۇغدايغا، ئارپىنى ئارپىغا، خورمىنى خورمىغا، تۇزنى تۇزغا ئوخشاشمۇ ئوخشاش ۋە قولمۇ قول تېگىشىش لازىم. كىمكى ئارتۇق بەرسە ياكى ئارتۇق ئېلىشنى تەلەپ قىلسا، ئالغۇچىمۇ، بەرگۈچىمۇ ئوخشاشلا جازانىگە ئورتاق بولىدۇ».

(مۇسلىم: 1584)

4700 - عن أبي سَعِيدٍ قال جَاءَ بِلَالٌ بِتَمْرٍ بَرْنِيٍّ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ أَيْنَ هَذَا فَقَالَ بِلَالٌ تَمْرٌ كَانَ عِنْدَنَا رَدِيءٌ فَبِعْتُ مِنْهُ صَاعَيْنِ بِصَاعٍ لِمَطْعَمِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ عِنْدَ ذَلِكَ أَوَّهْ عَيْنُ الرِّبَا لَا تَفْعَلْ وَلَكِنْ إِذَا أَرَدْتَ أَنْ تَشْتَرِيَ التَّمْرَ فَبِعْهُ بِبَيْعٍ آخَرَ ثُمَّ اشْتَرِ بِهِ.

4700 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى ياخشى خورما ئېلىپ كەلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

ـ بۇنى قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. بىلال:

ـ بىزدە ناچار خورما بار ئىدى، اللهنىڭ پەيغەمبىرى يېسۇن دەپ، ئۇنىڭدىن ئىككى سا خورمىنى بىر سا ياخشى خورمىغا ساتتىم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جازانىنىڭ ئۆزى بوپتۇغۇ؟ ئۇنداق قىلمىغىن، ئەمما بۇ ياخشى خورمىنى سېتىۋالماقچى بولساڭ، ئالدى بىلەن ناچار خورمىنى سېتىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ پۇلىغا ياخشى خورمىنى سېتىۋالغىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1594)

4701 - عن أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قال الدينَارُ بِالـدينَارِ وَالـدرْهَمُ بِالدرْهَمِ فَقِيلَ لَهُ فَإِن ابْنَ عَباسٍ لَا يَقُولُهُ فَقَالَ أَبو سَعِيدٍ سَأَلْتُهُ فَقُلْتُ سَمِعْتَهُ مِنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْ وَجَدْتَهُ فِي كِتَابِ اللهِ قَالَ كُل ذَلِكَ لَا أَقُولُ وَأَنْتُمْ أَعْلَمُ بِرَسُولِ اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِني وَلَكِنْ أَخْبَرَنِي أُسَامَةُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا رِبًـا إِلا فِي النسِيئَةِ.

4701 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ تىللانى تىللاغا، تەڭگىنى تەڭگىگە (تەڭمۇ تەڭ) تېگىشسە بولىدۇ، ـ دېگەنىدى، بىر ئادەم ئۇنىڭغا:

ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنداق دېمەيدىكەنغۇ؟ ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەسىلىنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن سوراپ:

ــ سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە ئاڭلىغانمۇ ياكى اللهنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىن بىرەر ھۆكۈم ئۇچراتتىڭمۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ مەن ئۇنداق دېمىدىم، سىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى مەندىن ياخشى بىلىسىلەر، لېكىن مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇكى، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «نەقمۇ نەق تېگىشسە جازانە بولمايدۇ، لېكىن نېسىگە تېگىشسە جازانە بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2179)

4702 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي وَعَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ اسْتَعْمَلَ رَجُلًا عَلَى خَيْبَرَ فَجَاءَهُ بِتَمْرٍ جَنِيبٍ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ أَكُل تَمْرِ خَيْبَرَ هَكَذَا فَقَالَ لَا وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ إِنا لَنَأْخُذُ الصاعَ مِنْ هَذَا بِالصاعَيْنِ وَالصاعَيْنِ بِالثلَاثَةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَا تَفْعَلْ بِعْ الْجَمْعَ بِالدرَاهِمِ ثُـم ابْتَعْ بِالدرَاهِمِ جَنِيبًا.

4702 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئادەمنى خەيبەرگە ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن ئۇ ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ناھايىتى ياخشى خورمىلارنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

ـ خەيبەرنىڭ خورمىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ياخشىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ ياق، اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز مۇنداق ياخشى خورمىدىن بىر سا خورمىنى ئىككى سا خورمىغا، ئىككى سا خورمىنى ئۈچ سا خورمىغا ئالىمىز، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق قىلمىغىن، ناچار خورمىنى ئالدى بىلەن پۇلغا سېتىپ، شۇنىڭ پۇلىغا ياخشى خورما سېتىۋالغىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1593)

4703 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الذهَبُ بِالذهَبِ وَالْفِضةُ بِالْفِضةِ وَالْبر بِالْبر وَالشعِيرُ بِالشعِيرِ وَالتمْرُ بِالتمْرِ وَالْمِلْحُ بِالْمِلْحِ مِثْلاً بِمِثْلٍ سَوَاءً بِسَوَاءٍ يَدًا بِيَدٍ فَإِذَا اخْتَلَفَتْ هَذِهِ الْأَصْنَافُ فَبِيعُوا كَيْفَ شِئْتُمْ إِذَا كَانَ يَدًا بِيَدٍ.

4703 ــ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە، بۇغداينى بۇغدايغا، ئارپىنى ئارپىغا، خورمىنى خورمىغا، تۇزنى تۇزغا ئوخشاشمۇ ئوخشاش، تەڭمۇ تەڭ ۋە قولمۇ قول تېگىشىش لازىم. مۇبادا بۇ تۈرلەر پەرقلىق بولسا، نەقمۇ نەق بولغان تەقدىردە خالىغان بويىچە پۇلغا سېتىڭلار».

(مۇسلىم: 1587)

4704 - عن فَضَالَةَ بْنَ عُبَيْدٍ الْأَنصَارِي قال أُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ بِخَيْبَرَ بِقِلَادَةٍ فِيهَا خَرَزٌ وَذَهَبٌ وَهِيَ مِنْ الْمَغَانِمِ تُبَاعُ فَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالذهَبِ الذِي فِي الْقِلَادَةِ فَنُزِعَ وَحْدَهُ ثُم قَالَ لَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الذهَبُ بِالذهَبِ وَزْنًا بِوَزْنٍ.

4704 ـ فەزالە ئىبنى ئۇبەيد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: خەيبەردە ئېلىنغان غەنىمەت ئىچىدىن ئالتۇن ۋە مارجان ئۆتكۈزۈلگەن بىر زەنجىر سېتىش ئۈچۈن چىقىرىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ يەردە ھازىر ئىدى. ئۇ، ساھابىلارنى زەنجىردىكى ئالتۇنلارنى ئايرىپ چىقىرىشقا بۇيرىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئالتۇننى ئالتۇنغا تەڭمۇ تەڭ تارتىپ سېتىڭلار».

(مۇسلىم: 1591)

4705 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَنهُ قَالَ أَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ السعْدَيْنِ أَنْ يَبِيعَا آنِيَةً مِنْ الْمَغَانِمِ مِنْ ذَهَبٍ أَوْ فِضةٍ فَبَاعَا كُل ثَلَاثَةٍ بِأَرْبَعَةٍ عَيْنًا أَوْ كُل أَرْبَعَةٍ بِثَلَاثَةٍ عَيْنًا فَقَالَ لَهُمَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْبَيْتُمَا فَرُدا.

4705 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەنىمەت ئىچىدىن بىر ئالتۇن ياكى كۈمۈش قاچىنى سېتىش ئۈچۈن سەئد ئىبنى مۇئاز بىلەن سەئد ئىبنى ئۇبادەگە بەرگەنىدى، ئۇلار قاچىنىڭ ھەر ئۈچتىن بىرنى ئوخشاش تىپتىكى مېتالنىڭ تۆتتىن بىرىگە ياكى ھەر تۆتتىن بىرنى ئۈچتىن بىرىگە سېتىپ كەلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: «جازانە قىلىپسىلەر، دەرھال قايتۇرۇۋېلىڭلار!» دېدى.

(مالىك: 1322)

4706 - عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ أَن مُعَاوِيَةَ بْنَ أَبِي سُفْيَانَ بَاعَ سِقَايَةً مِنْ ذَهَبٍ أَوْ وَرِقٍ بِأَكْثَرَ مِنْ وَزْنِهَا فَقَالَ أَبو الدرْدَاءِ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَنْهَى عَنْ مِثْلِ هَذَا إِلا مِثْلًا بِمِثْلٍ فَقَالَ لَهُ مُعَاوِيَةُ مَا أَرَى بِمِثْلِ هَذَا بَأْسًا فَقَالَ أَبو الدرْدَاءِ مَنْ يَعْذِرُنِي

مِنْ مُعَاوِيَةَ أَنَا أُخْبِرُهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَيُخْبِرُنِي عَنْ رَأْيِهِ لَا أُسَاكِنُكَ بِأَرْضٍ أَنتَ بِهَا ثُم قَدِمَ أَبو الدرْدَاءِ عَلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَكَتَبَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ إِلَى مُعَاوِيَةَ أَنْ لَا تَبِيعَ ذَلِكَ إِلا مِثْلًا بِمِثْلٍ وَزْنًا بِوَزْنٍ.

4706 ـ ئەتا ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان سۇ ئىچىدىغان بىر ئالتۇن ياكى كۈمۈش قاچىنى ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن جىقراق ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە ساتقانىدى، ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش سودىنى توسقانلىقىنى، پەقەت ئوخشاش نەرسىنى ئوخشاش نەرسىگە سېتىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ــ دېدى. مۇئاۋىيە ئۇنىڭغا:

ـ مەن بۇنىڭغا ئوخشاش سودىنىمۇ بولىدۇ دەپ قارايمەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچچىغلىنىپ:

— مۇئاۋىيەنىڭ ئەدىپىنى كىم بېرىپ قويىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى ئېيتىپ بېرىۋاتسام، ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئېيتىۋاتىدۇ، ئۇ بار زېمىندا مەن ياشىمايمەن، ـ دېدى. ئاندىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتقانىدى، ئۇ، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇنداق قىلماسلىقنى، پەقەت ئوخشاش تىپتىكى مېتالنى ئوخشاش تىپتىكى مېتالغا تەڭمۇ تەڭ كىلولاپ سېتىشنى جېكىلەپ خەت يازدى.

(مالىك: 1327)

4707 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ كُنتُ أَبِيعُ الْإِبِلَ بِالْبَقِيعِ فَأَبِيعُ بِالدنَانِيرِ فَآخُذُ مَكَانَهَا الْوَرِقَ وَأَبِيعُ بِالْوَرِقِ فَآخُذُ مَكَانَهَا الدنَانِيرَ فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَجَدْتُهُ خَارِجًا مِنْ بَيْتِ حَفْصَةَ فَسَأَلْتُهُ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ لَا بَأْسَ بِهِ بِالْقِيمَةِ.

4707 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن بەقىئ بازىرىدا تۆگە ساتاتتىم. بىر كۈنى، بەزى تۆگىلەرنى ئالتۇنغا سېتىپ،

ئورنىغا كۆمۈش ئالسام، يەنە بىر كۈنى بەزى تۆگىلەرنى كۆمۈشكە سېتىپ، ئورنىغا ئالتۇن ئالدىم. كېيىن مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەفسەنىڭ ئۆيىنىڭ سىرتىدا كۆرۈشتۈم ۋە بۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى سورىدىم. ئۇ: «قىممەتكە سۇندۇرۇپ ئالغان بولساڭ، ھېچ ۋەقەسى يوق» دېدى[①].

(تىرمىزى: 1242)

4708 - عَنْ مَالِك أنهُ بَلَغَهُ أن سُلَيْمَانَ بْنَ يَسَارٍ قَالَ فَنِيَ عَلَفُ حِمَارِ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ فَقَالَ لِغُلَامِهِ خُذْ مِنْ حِنْطَةِ أَهْلِكَ فَابْتَعْ بِهَا شَعِيرًا وَلَا تَأْخُذْ إلا مِثْلَهُ.

4708 ـ ئىمام مالىكقا يېتىشىچە، سۇلايمان ئىبنى يەسار مۇنداق دېگەن: سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ ئېشىكىنىڭ يەم ـ خەشىكى تۈگەپ قالغانىدى، ئۇ خىزمەتچىسىگە:

ـ ئائىلەڭنىڭ بۇغدىيىدىن ئاپىرىپ، ئۇنىڭغا ئارپا سېتىۋالغىن، ئەمما ئوخشاش ئالغىن، جىق ئالمىغىن! ـ دېدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4709 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ يَزِيدَ أن زَيْدًا أَبا عَياšٍ أَخْبَرَه أنهُ سَأَلَ سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقاصٍ عَنْ الْبيضَاءِ بِالسلْتِ فَقَالَ لَهُ سَعْدٌ أَيتُهمَا أَفْضَلُ قَالَ الْبيضَاءُ فَنهَاهُ عَنْ ذَلِكَ وَقَالَ سَعْدٌ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُسْأَلُ عَنْ اشْتِرَاءِ التمْرِ بِالرطَبِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَينقُصُ الرطَبُ إِذَا يَبِسَ فَقَالُوا نَعمْ فَنهى عَنْ ذَلِكَ.

4709 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد مۇنداق دەيدۇ: زەيدنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاق ئارپىنى پوستى يوق ئارپىغا تېگىشىشنىڭ ھۆكمىنى سورىغانىكەن، سەئد ئۇنىڭدىن:

ـ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ياخشى؟ ـ دەپ سوراپتۇ. زەيد:

① ئەلبانى (214): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئاق ئارپا ياخشى، ــ دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى تېگىشىشتىن چەكلەپ:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇرۇق خورمىنى ھۆل خورمىغا سېتىۋېلىشنىڭ ھۆكمى سورالغاندا:

ـ قۇرىسا ئازلامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانلىقىنى، ساھابىلەر:

ـــ ھەئە، ئازلايدۇ، ـــ دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنداق قىلىشتىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ــ دەپتۇ.

(مالىك: 1316)

4710 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ جَاءَ عَبْدٌ فَبَايَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الْهِجْرَةِ وَلَمْ يَشْعُرْ أَنهُ عَبْدٌ فَجَاءَ سَيدُهُ يُرِيدُهُ فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعْنِيهِ فَاشْتَرَاهُ بِعَبْدَيْنِ أَسْوَدَيْنِ ثُم لَمْ يُبَايِعْ أَحَدًا بَعْدُ حَتى يَسْأَلَهُ أَعَبْدٌ هُوَ.

4710 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر قۇل كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن بەيئەت قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. كېيىن ئۇنىڭ خوجايىنى ئۇنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ ئۇنى ماڭا سېتىپ بەرگىن! ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئىككى قارا قۇلغا سېتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق بىر ئادەمدىن بەيئەت ئالسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قۇل ياكى ئەمەسلىكىنى سورايدىغان بولدى.

(مۇسلىم: 1602)

4711 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَهُ أَنْ يُجَهزَ جَيْشًا فَنَفِدَتْ الْإِبِلُ فَأَمَرَهُ أَنْ يَأْخُذَ فِي قِلَاصِ الصدَقَةِ فَكَانَ يَأْخُذُ الْبَعِيرَ بِالْبَعِيرَيْنِ إِلَى إِبِلِ الصدَقَةِ.

4711 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى بىر قوشۇننىڭ ھازىرلىقىنى قىلىشقا بۇيرىدى. قوشۇنغا يېتەرلىك تۆگە قالمىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى زاكات تۆگىلىرىنىڭ بوتىلاقلىرىغا تۆگە سېتىۋېلىشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن بىر تۆگىگە زاكات تۆگىلىرىنىڭ بوتىلاقلىرىدىن ئىككىنى بېرىدىغان بولۇپ قەرزگە تۆگە سېتىۋالدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3357)

4712 - عَنْ حَسَنِ بْنِ مُحَمَّدِ بْنِ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ أَنَّ عَلِيَّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ بَاعَ جَمَلًا لَهُ يُدْعَى عُصَيْفِيرًا بِعِشْرِينَ بَعِيرًا إِلَى أَجَلٍ.

4712 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇسەيفىر ئىسىملىك تۆگىسىنى 20 تۆگىگە نېسىگە ساتتى.

(مالىك: 1354)

4713 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْحَيَوَانُ اثْنَانِ بِوَاحِدٍ لَا يَصْلُحُ نَسِيئًا وَلَا بَأْسَ بِهِ يَدًا بِيَدٍ.

4713 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىككى تۇياق ھايۋاننى بىر تۇياققا نېسى سېتىش دۇرۇست بولمايدۇ، ئەمما ئۇنى نەق ساتسا، ھېچقەسى يوق»[2].

(تىرمىزى: 1238)

4714 - عَنْ سَمُرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَهَى عَنْ بَيْعِ الْحَيَوَانِ بِالْحَيَوَانِ نَسِيئَةً.

---

[1] ئەلبانى (728): زەئىپ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (991): سەھىھ ـ دېگەن.

4714 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋاننى ھايۋانغا نېسى سېتىشتىن توسقان[1].

(نەسائى: 4620)

4715 - عَنْ مُجَاهِدٍ أَنَّهُ قَالَ اسْتَسْلَفَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ مِنْ رَجُلٍ دَرَاهِمَ ثُم قَضَاهُ دَرَاهِمَ خَيْرًا مِنْهَا فَقَالَ الرجُلُ يَا أَبَا عَبْدِ الرحْمَنِ هَذِهِ خَيْرٌ مِنْ دَرَاهِمِي الَتِي أَسْلَفْتُكَ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ قَدْ عَلِمْتُ وَلَكِنْ نَفْسِي بِذَلِكَ طَيِّبَةٌ.

4715 ـ مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر ئادەمدىن كۈمۈش پۇل قەرز ئالدى. كېيىن ئۇنى قايتۇرۇپ بەرگەندە، تېخىمۇ ساپىراق كۈمۈش پۇلنى قايتۇرۇپ بەردى. بۇنى پەرق ئەتكەن پۇل ئىگىسى:

ــ ئى ئابدۇللاھ! بۇ پۇللار مېنىڭ ساڭا بېرىپ تۇرغان پۇللىرىمدىن ساپىراق ئىكەن، ـ دېگەندى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ مەن بۇنى بىلىمەن، لېكىن مەن مۇشۇنداق قىلسام، كۆڭلۈم تېخىمۇ ئارامىغا چۈشىدۇ، ـ دېدى.

(مالىك: 1385)

4716 - عَن عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ سُئِلَ عَنْ الرجُلِ يَكُونُ لَهُ الدَّيْنُ عَلَى الرجُلِ إِلَى أَجَلٍ فَيَضَعُ عَنْهُ صَاحِبُ الْحَق وَيُعَجلُهُ الْآخَرُ فَكَرِهَ ذَلِكَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ وَنَهَى عَنْهُ.

4716 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمدە ئالىدىغان قەرزى بولۇپ، قەرز ئىگىسى قەرزداردىن پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ھازىر ئېلىش شەرتى بىلەن قالغان قىسمىدىن ۋاز كەچسە قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سورالغانىدىم، مۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتتىم ۋە ئۇنىڭدىن توستۇم.

(مالىك: 1377)

[1] ئەلبانى (4306): سەھىھ ـ دېگەن.

4717 - عَنِ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "الرِّبَا اثْنَانِ وَسَبْعُونَ بَابًا، أَدْنَاهَا مِثْلُ إِتْيَانِ الرجُلِ أُمهُ، وَأَرْبَى الرِّبَا اسْتِطَالَةُ الرجُلِ فِي عِرْضِ أَخِيهِ".

4717 - بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جازانىنىڭ تۈرى 72 گە يېتىدۇ. ئەڭ تۆۋىنى (نىڭ گۇناھى) ئانىسى بىلەن زىنا قىلغان ئادەم (نىڭ گۇناھى)گە، ئەڭ ئېغىرى (نىڭ گۇناھى) ئۆز قېرىندىشىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆككەن ئادەم (نىڭ گۇناھى)گە ئوخشايدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

4718 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الرِّبَا سَبْعُونَ حُوبًا أَيْسَرُهَا أَنْ يَنْكِحَ الرجُلُ أُمهُ.

4718 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جازانە 70 تۈرلۈك (گۇناھ) تۇر. ئۇنىڭ ئەڭ يېنىكى ئانىسى بىلەن زىنا قىلغان (گۇناھ)غا ئوخشايدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 2274)

---

[1] ھەيسەمى (6575): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۆمەر ئىبنى راشىد ئىسىملىك بىرى بار. ئەجەلى ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (1844): سەھىھ - دېگەن.

## مالنى ئىختىيارلىق شەرتى بىلەن سېتىش، ئەيىب سەۋەبىدىن قايتۇرۇپ بېرىش، خورمىنىڭ مېۋىسى، سېتىۋېتىلگەن قۇلنىڭ مېلى ۋە ئاپەت قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمى

4719 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْمُتَبَايِعَيْنِ بِالْخِيَارِ فِي بَيْعِهِمَا مَا لَمْ يَتَفرقَا أَوْ يَكُونُ الْبَيْعُ خِيَارًا قَالَ نَافِعٌ وَكَانَ ابْنُ عُمَرَ إِذَا اشْتَرَى شَيْئًا يُعْجِبُهُ فَارَقَ صَاحِبَهُ.

4719 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سودىلاشقان ئىككى كىشى سودىغا پۈتۈشكەن يەردىن ئايرىلىپ كەتمىگەنلا بولسا، سودىدا يېنىۋېلىش ئىختىيارلىقى بولىدۇ، پەقەت سودىغا پۈتۈشكەندىن كېيىن ئىككى تەرەپتىن بىرى يەنە بىرىگە مالنى ئېلىش ـ ئالماسلىق ئىختىيارلىقى بەرگەن بولسا، يېنىۋېلىش ھەققى يولمايدۇ».

نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما خۇشال بولغىدەك بىرەر نەرسە سېتىۋالسا، مال ئىگىسىنىڭ يېنىدىن دەرھال يىراقلىشاتتى.

(بۇخارى: 2107)

4720 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ بِعْتُ مِنْ أَمِيرِ الْمُؤْمِنِينَ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ مَالًا بِالْوَادِي بِمَالٍ لَهُ بِخَيْبَرَ فَلَما تَبَايَعْنَا رَجَعْتُ عَلَى عَقِبِي حَتى خَرَجْتُ مِنْ بَيْتِهِ خَشْيَةَ أَنْ يُرَادِنِي الْبَيْعَ وَكَانَتْ السنةُ أَن الْمُتَبَايِعَيْنِ بِالْخِيَارِ حَتى يَتَفَرقَا قَالَ عَبْدُ اللهِ فَلَما وَجَبَ بَيْعِي وَبَيْعُهُ رَأَيْتُ أَني قَدْ غَبَنْتُهُ بِأَني سُقْتُهُ إِلَى أَرْضِ ثَمُودَ بِثَلَاثِ لَيَالٍ وَسَاقَنِي إِلَى الْمَدِينَةِ بِثَلَاثِ لَيَالٍ.

4720 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ

خەيبەردىكى مېلىنى مەلۇم بىر ۋادىدىكى مېلىمغا سېتىۋالدىم. بىز سودىدا پۈتۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، مەن سودىدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال ئارقامغا يېنىپ ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتىم. چۈنكى سۈننەتكە ئاساسلانغاندا، سودىلاشقان ئىككى كىشى سودىغا پۈتۈشكەن يەردىن ئايرىلىپ كەتمىگەنلا بولسا، سودىدا يېنىۋېلىش ئىختىيارلىقى بار ئىدى. ئىككىمىزنىڭ سودىسى رەسمى كۈچكە ئىگە بولۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنى سودىدا ئۇتتۇۋالغانلىقىمنى بايقىدىم. چۈنكى مەن ئۇنى سەمۇد قەۋمىنىڭ زېمىنىغا، ئۈچ مىل يىراقلىققا كەتكۈزىۋېتىپتىمەن، ئۇ مېنى مەدىنىگە ئۈچ مىل يېقىنلاشتۇرۇپتۇ.

(بۇخارى: 2116)

4721 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ قَالَ الْبيعَانِ بِالْخِيَارِ مَا لَمْ يَتفَرقَا إِلا أَنْ تَكُونَ صَفْقَةَ خِيَارٍ وَلَا يَحِل لَهُ أَنْ يُفَـارِقَ صَاحِبَهُ خَشْيَةَ أَنْ يَسْتَقِيلَهُ.

4721 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سودىلاشقان ئىككى كىشى سودىغا پۈتۈشكەن يەردىن ئايرىلىپ كەتمىگەنلا بولسا، سودىدا يېنىۋېلىش ئىختىيارلىقى بولىدۇ. پەقەت سودىغا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىن بىرى يەنە بىرىگە مالنى ئېلىش ـ ئالماسلىق ئىختىيارلىقى بەرگەن بولسا، يېنىۋېلىش ھەققى بولمايدۇ، سودىغا پۈتۈشكەن يەردىن مال ئىگىسىنىڭ يېنىۋېلىشىدىن قورقۇپ ئايرىلىپ كېتىشمۇ دۇرۇس ئەمەس»[1].

(تىرمىزى: 1247)

[1] ئەلبانى (1000): ھەسەن، ـ دېگەن.

4722 - عَنْ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْبَيِّعَانِ بِالْخِيَارِ مَا لَمْ يَتَفَرَّقَا أَوْ قَالَ حَتَّى يَتَفَرَّقَا فَإِنْ صَدَقَا وَبَيَّنَا بُورِكَ لَهُمَا فِي بَيْعِهِمَا وَإِنْ كَتَمَا وَكَذَبَا مُحِقَتْ بَرَكَةُ بَيْعِهِمَا.

4722 ـ ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سودىلاشقان ئىككى كىشى سودىغا پۈتۈشكەن يەردىن ئايرىلىپ كەتمىگەنلا بولسا، سودىدا يېنىۋېلىش ئىختىيارلىقى بولىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىلىسى راستچىل بولۇپ، مېلىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئوچۇق ئېيتسا، سودىسىدا ھەر ئىككىسىگە بەرىكەت بېرىلىدۇ. ناۋادا ئەيىبلىرىنى يوشۇرسا، ھەر ئىككىسىنىڭ سودىسىنىڭ بەرىكىتى كېتىدۇ».

(بۇخارى: 2079)

4723 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا اخْتَلَفَ الْبَيِّعَانِ فَالْقَوْلُ قَوْلُ الْبَائِعِ وَالْمُبْتَاعُ بِالْخِيَارِ.

4723 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى ئىككىسى ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، سۆز ساتقۇچىنىڭ بولىدۇ، سېتىۋالغۇچىنىڭ ئېلىش ـ ئالماسلىق ئىختىيارلىقى بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1270)

4724 - عَنْ أَبِي الْوَضِيءِ قَالَ غَزَوْنَا غَزْوَةً لَنَا فَنَزَلْنَا مَنْزِلًا فَبَاعَ صَاحِبٌ لَنَا فَرَسًا بِغُلَامٍ ثُمَّ أَقَامَا بَقِيَّةَ يَوْمِهِمَا وَلَيْلَتِهِمَا فَلَمَّا أَصْبَحَا مِنْ الْغَدِ حَضَرَ الرَّحِيلُ فَقَامَ إِلَى فَرَسِهِ يُسْرِجُهُ فَنَدِمَ فَأَتَى الرَّجُلَ وَأَخَذَهُ بِالْبَيْعِ فَأَبَى الرَّجُلُ أَنْ يَدْفَعَهُ إِلَيْهِ فَقَالَ بَيْنِي وَبَيْنَكَ أَبُو بَرْزَةَ صَاحِبُ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَتَيَا أَبَا بَرْزَةَ فِي نَاحِيَةِ الْعَسْكَرِ فَقَالَا لَهُ هَذِهِ

[1] ئەلبانى (1020): سەھىھ ـ دېگەن.

الْقِصةَ فَقَالَ أَتَرْضَيَانِ أَنْ أَقْضِيَ بَيْنَكُمَا بِقَضَاءِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْبَيعَانِ بِالْخِيَارِ مَا لَمْ يَتَفَرقَا. قَالَ هِشَامُ بْنُ حَسانَ حَدثَ جَمِيلٌ أَنهُ قَالَ مَا أُرَاكُمَا افْتَرَقْتُمَا.

4724 ـ ئەبۇ ۋەزىئ مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر غازاتقا چىقىپ، مەلۇم بىر جايغا چۈشتۇق. ھەمراھلىرىمىزدىن بىرى بىر ئاتنى بىر قۇلغا ساتتى. ئۇلار كۈننى شۇ جايدا كەچ قىلدى ۋە كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى يولغا چىقىدىغان چاغدا، ئات ئىگىسى ئاتقا ئىگەرنى توقۇپ بەرمەكچى بولۇپ، ئاتنىڭ قېشىغا باردى ـ يۇ، ئۇنى ساتقىنىغا پۇشايمان قىلىپ، خېرىدارنىڭ قېشىغا باردى ۋە ئاتنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق ئاتنى ئالغان ئادەم ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئات ئىگىسى:

— ئۇنداق بولسا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويسۇن، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قوشۇننىڭ بىر بېشىدا تۇرغان ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتتى. ئۇ:

— مەن ئاراڭلاردا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويسام رازى بولامسىلەر؟ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سودىلاشقان ئىككى كىشى سودىغا پۈتۈشكەن يەردىن ئايرىلىپ كەتمىگەنلا بولسا، سودىدا يېنىۋېلىش ئىختىيارلىقى بولىدۇ» دېگەن، مېنىڭچە سىلەر تېخى سودىلاشقان يەردىن ئايرىلماپسىلەر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3457)

4725 - عَنْ سَمُرَةَ أَن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْبَيعَانِ بِالْخِيَارِ حَتى يَتَفَرقَا أَوْ يَأْخُذَ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا مِنْ الْبَيعِ مَا هَوِيَ وَيَتَخَايَرَانِ ثَلَاثَ مَراتٍ.

[1] ئەلبانى (2951): سەھىھ ـ دېگەن.

4725 ــ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سودىلاشقان ئىككى كىشى سودىغا پۈتۈشكەن يەردىن ئايرىلىپ كەتمىگەنلا بولسا، سودىدا يېنىۋېلىش ئىختىيارلىقى بولىدۇ، پەقەت ئىككىسىدىن ھەر بىرى بۇ سودىدا كۆڭلىدىكىدەك پۈتۈشەلىسە ۋە بىر - بىرىگە ئۈچ قېتىم ئىختىيارلىق ھەققى بەرسە، ئاندىن يېنىۋېلىش ئىختىيارلىقى بولمايدۇ»[1].

(نەسائى: 4481)

4726 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ أَوْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدَبٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَيمَا رَجُلٍ بَاعَ بَيْعًا مِنْ رَجُلَيْنِ فَهُوَ لِلأَولِ مِنْهُمَا.

4726 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ياكى سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر ئادەم بىر مالنى ئىككى ئادەمگە ساتىدىكەن، مال دەسلەپتە ئالغان ئادەمنىڭ بولىدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 2190)

4727 - عَنْ سَمُرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا بَاعَ الْمُجِيزَانِ فَهُوَ لِلأَولِ.

4727 ــ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مەسئۇل بولغان ۋە ئۇنىڭ مېلىدا تىجارەت قىلىش ئىزنى بېرىلگەن ئىككى كىشى ئۇنىڭ

[1] ئەلبانى (305): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (473): زەئىپ، ـ دېگەن.

مىلىنى ساتقان بولسا، دەسلەپتە ساتقان كىشىنىڭ سودىسى ئىناۋەتكە ئىگە»[1].

(ئىبنى ماجە: 2191)

4728 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن رَجُلًا ابْتاعَ غُلَامًا فَأَقَامَ عِنْدَهُ مَا شَاءَ اللهُ أنْ يُقِيمَ ثُم وَجَدَ بِهِ عَيْبًا فَخَاصَمَهُ إلى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَدهُ عَلَيْهِ فَقَالَ الرجُلُ يَـا رَسُولَ اللهِ قَدْ اسْتَغَل غُلَامِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْخَرَاجُ بِالضمَان.

4728 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم بىر قۇلنى سېتىۋېلىپ، مەلۇم مەزگىل ئىشلەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەيىبى بارلىقىنى بايقاپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى، لېكىن قۇلنىڭ ئىگىسى:

— ئى اﷲنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئادەم قۇلۇمنى بىر مەزگىل ئىشلىتىۋالدى، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ دەۋاگەر ئۇنى ئىشلىتىۋالغان مۇددەتنىڭ ھەققىنى تۆلەپ بېرىدۇ، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3510)

4729 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ أن رَسُولَ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- قَالَ « عُهْـدَةُ الرقِيقِ ثَلاثَةُ أيامٍ». وزَادَ إنْ وَجَدَ دَاءً فِى الثلاَثِ الليَالِى رُد بِغَيْرِ بَيِّنَةٍ وَإنْ وَجَدَ دَاءً بَعْـدَ الثلاَثِ كُلفَ الْبَيِّنَةَ أنهُ اشْتَرَاهُ وَبِهِ هَذَا الداءُ. قَالَ أبُو دَاوُدَ هَذَا التفْسِيرُ مِنْ كَلاَمِ قَتَادَةَ.

4729 — ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش مۇددىتى ئۈچ كۈندۇر». قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئۇنى سېتىۋالغان كىشى مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە بىرەر

[1] ئەلبانى (474): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2996): ھەسەن، ـ دېگەن.

كېسەلنى بايقىسا، ئىگىسىگە بۇنى ئىسپاتلاپ يۇرمەستىن قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ناۋادا ئۈچ كۈندىن كېيىن بايقىسا، ئۇنى سېتىۋالغان چاغدا كېسەلنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىشى لازىم بولىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3506)

4730 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ: "إِن الشرُودَ يُرَد".

4730 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قېچىپ كەتكەن تۆگە ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ» دېگەن.

(مەۋسىلى)

4731 - عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ بَاعَ غُلَامًا لَهُ بِثَمَانِ مِائَةِ دِرْهَمٍ وَبَاعَهُ بِالْبَرَاءَةِ فَقَالَ الذِي ابْتَاعَهُ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ بِالْغُلَامِ دَاءٌ لَمْ تُسَمهِ لِي فَاخْتَصَمَا إِلَى عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ فَقَالَ الرجُلُ بَاعَنِي عَبْدًا وَبِهِ دَاءٌ لَمْ يُسَمهِ وَقَالَ عَبْدُ اللهِ بِعْتُهُ بِالْبَرَاءَةِ فَقَضَى عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ عَلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنْ يَحْلِفَ لَهُ لَقَدْ بَاعَهُ الْعَبْدَ وَمَا بِهِ دَاءٌ يَعْلَمُهُ فَأَبَى عَبْدُ اللهِ أَنْ يَحْلِفَ وَارْتَجَعَ الْعَبْدَ فَصَح عِنْدَهُ فَبَاعَهُ عَبْدُ اللهِ بَعْدَ ذَلِكَ بِأَلْفٍ وَخَمْسِ مِائَةِ دِرْهَمٍ.

4731 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر قۇلىنى 800 تەڭگىگە ياندۇرىۋالماسلىق شەرتى بىلەن ساتقانىدى. كېيىن قۇلنى سېتىۋالغان ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ـ قۇلدا كېسەل بار ئىكەن، سەن ئۇنى ماڭا ئېيتماپسەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەۋالىشىپ، ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا باردى. قۇلنى سېتىۋالغان ئادەم:

[1] ئەلبانى (755): زەئىپ. ـ دېگەن.

ــ بۇ ماڭا بىر قۇل ساتقانىدى، لېكىن ئۇنىڭ كېسەللى بار ئىكەن، بۇنى ماڭا ئېيتماپتۇ، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن ئۇنى ياندۇرىۋالماسلىق شەرتى بىلەن ساتقانىدىم، ــ دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى قۇلنى ساتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ كېسەللى بارلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەسەم ئىچىشكە ھۆكۈم قىلغانىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قەسەم ئىچكىلى ئۇنىمىدى ۋە قۇلنى ياندۇرىۋالدى. كېيىن قۇل ساقايدى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنى 1500 تەڭگىگە ساتتى.

(مالىك: 1297)

4732 - عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ ابْتَاعَ نَخْلًا بَعْدَ أَنْ تُؤَبرَ فَثَمَرَتُهَا لِلْبَائِعِ إِلا أَنْ يَشْتَرِطَ الْمُبْتَاعُ وَمَنْ ابْتَاعَ عَبْدًا وَلَهُ مَالٌ فَمَالُهُ لِلذِي بَاعَهُ إِلا أَنْ يَشْتَرِطَ الْمُبْتَاعُ.

4732 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىكەن: «كىمكى خورمىلىق باغنى چاڭلاشتۇرغاندىن كېيىن سېتىۋالسا، مېۋىسى ساتقۇچىنىڭ بولىدۇ، ئەمما سېتىۋالغۇچى ئۇنى ئۆزىگە تەۋە بولۇشنى شەرت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بولىدۇ. كىمكى پۇل ـ مېلى بار بىر قۇلنى سېتىۋالسا، ئۇنىڭ پۇل ـ مېلى ساتقۇچىغا قالىدۇ، ئەمما سېتىۋالغۇچى ئۇنى ئۆزىگە تەۋە بولۇشنى شەرت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بولىدۇ».

(بۇخارى: 2379)

4733- عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَوْ بِعْتَ مِنْ أَخِيكَ ثَمَرًا فَأَصَابَتْهُ جَائِحَةٌ فَلَا يَحِل لَكَ أَنْ تَأْخُذَ مِنْهُ شَيْئًا بِمَ تَأْخُذُ مَالَ أَخِيكَ بِغَيْرِ حَق.

4733 ــ ئەبۇ زۇبەيرنىڭ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئاڭلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېۋىلىك بېغىڭنى بىر قېرىندىشىڭغا ساتقاندىن كېيىن باغ تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىسا، ئۇنىڭدىن بىر تەڭگە ئېلىشىڭمۇ ھالال بولمايدۇ. سەن قېرىندىشىڭنىڭ مېلىنى قانداقمۇ ناھەق ئېلىۋالىسەن؟!»

(مۇسلىم: 1554)

4734 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ بَيْعِ السنِينَ وَوَضَعَ الْجَوَائِحَ.

4734 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باغنىڭ مېۋىسىنى بىر قانچە يىللىق سېتىشتىن توسقان ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان قىسمىنى ساتقۇچىنىڭ كۆتۈرۈشىنى ئېيتقان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3374)

4735 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا طَلَعَ النجْمُ ذَا صَبَاحٍ رُفِعَتْ الْعَاهَةُ.

4735 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تاڭنىڭ يورىغانلىقىدىن بەلگە بېرىدىغان يۇلتۇز چىققاندىن كېيىن ئاپەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ»[2].

(ئەھمەد: 8290)

---

[1] ئەلبانى (2885): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6492): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەسەل ئىبنى سۇفيان ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

4736 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا طَلَعَ النجْمُ صَبَاحًا قَط وَتَقُومُ عَاهَةٌ إِلا رُفِعَتْ عَنْهُمْ أَوْ خَفتْ.

4736 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تاڭنىڭ يورىغانلىقىدىن بەلگە بېرىدىغان يۇلتۇز چىققاندىن كېيىن ئاپەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپەت چۈشكەن تەقدىردىمۇ يېنىك چۈشىدۇ»[1].

(ئەھمەد: 8806؛ بەززار)

4737 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: "إِذَا ارْتَفَعَ الـ نجْمُ رُفِعَتِ الْعَاهَةُ عَنْ كُل بَلَدٍ".

4737 ـ ئىمام تەبەرانىنىڭ رىۋايىتىدە: «يۇلتۇز چىققاندىن كېيىن پۈتۈن يۇرتلاردىن ئاپەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ» دېيىلگەن.

(«ئەلسەغىر»)

[1] ھەيسەمى (6493): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەسەل ئىبنى سۇفيان ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

## يەر ـ مۈلۈكتىكى قوشنىدارچىلىق ھەققى، زاكالەت بېرىش، ئاشلىقنى (قىممەت بولۇشنى تىلەپ) بېسىۋېلىش ۋە مال باھاسىنى ئۆستۈرۈش

4738 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالشفْعَةِ فِي كُل مَا لَمْ يُقْسَمْ فَإِذَا وَقَعَتْ الْحُدُودُ وَصُرفَتْ الطرُقُ فَلَا شُفْعَةَ.

4738 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەقسىم قىلىنمىغان ھەرقانداق يەر ـ مۈلۈكتە يەر ـ مۈلۈك قوشنىدارچىلىق ھەققى بارلىقىغا ھۆكۈم قىلاتتى. چېگرالار ئايرىلىپ، يوللار سىزىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەر ـ مۈلۈك قوشنىدارچىلىق ھەققى بولمايدۇ.

(بۇخارى: 2257)

4739 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالشفْعَةِ فِي كُل شِرْكَةٍ لَمْ تُقْسَمْ رَبْعَةٍ أَوْ حَائِطٍ لَا يَحِل لَهُ أَنْ يَبِيعَ حَتى يُؤْذِنَ شَرِيكَهُ فَإِنْ شَاءَ أَخَذَ وَإِنْ شَاءَ تَرَكَ فَإِذَا بَاعَ وَلَمْ يُؤْذِنْهُ فَهُوَ أَحَق بِهِ.

4739 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەقسىم قىلىنمىغان ھەرقانداق شېرىك يەر ـ مۈلۈكتە، مەيلى ئۇ يەر ـ زېمىن ياكى باغ ـ ۋاران بولسۇن، يەر ـ مۈلۈك قوشنىدارچىلىق ھەققى بارلىقىغا، بىر شېرىك يەنە بىر شېرىكىنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي تۇرۇپ، ئۇنى سېتىشىنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىغا، ناۋادا شېرىكىگە بىلدۈرمەي تۇرۇپ سېتىۋەتسە، ئۇ شېرىكىنىڭ بۇ سودىنى بۇزۇش ياكى بۇزماسلىق ھەققىنىڭ بارلىقىغا ھۆكۈم قىلاتتى.

(مۇسلىم: 1608)

4740 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْجَارُ أَحَق بِشُفْعَةِ جَارِهِ يُنْتَظَرُ بِهَا وَإِنْ كَانَ غَائِبًا إِذَا كَانَ طَرِيقُهُمَا وَاحِدًا.

4740 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر قوشنا يەنە بىر قوشنىسىنىڭ يەر ـ مۈلكىدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىگە ئەڭ ھەقلىق كىشىدۇر. ئەگەر ئىككىسىنىڭ يولى بىر بولۇپ، قوشنىسى يوق بولسا، ئۇ كەلگىچە ساتماقچى بولغان زېمىنىنى ساتماي ساقلاپ تۇرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3518)

4741 - عَنْ سَمُرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ جَارُ الدارِ أَحَق بِدَارِ الْجَارِ أَوْ الْأَرْضِ.

4741 ــ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تام قوشنا قوشنىسىنىڭ (ساتماقچى بولغان) ئۆي ياكى زېمىنىنى ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3517)

4742 - عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ حَزْمٍ أَن عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ قَالَ إِذَا وَقَعَتْ الْحُدُودُ فِي الْأَرْضِ فَلَا شُفْعَةَ فِيهَا وَلَا شُفْعَةَ فِي بِئْرٍ وَلَا فِي فَحْلِ النخْلِ.

4742 ـ ئەبۇ بەكىر ئىبنى ھەزمىدىن ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: زېمىنىنىڭ چېگرالىرى ئايرىلىپ بولسا، يەر ـ مۈلۈك قوشنىدارچىلىق ھەققى بولمايدۇ. شۇنداقلا، قۇدۇقتا ۋە ئەركەك خورما بېغىدا يەر ـ مۈلۈك قوشنىدارچىلىق ھەققى بولمايدۇ.

(مالىك: 1423)

[1] ئەلبانى (3004): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3003): سەھىھ ـ دېگەن.

4743 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "الصبِي عَلَى شُفْعَتِهِ حَتى يُدْرِكَ، فَإِذَا أَدْرَكَ إِنْ شَاءَ أَخَذَ، وَإِنْ شَاءَ تَرَكَ.

4743 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىچىك بالا ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكىدەك بولغانغا (يەنى بالاغەت يېشىغا يەتكەنگە) قەدەر يەر ـ مۈلۈك قوشنىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكىدەك بولغاندا، خالىسا ئۇنى ئالىدۇ، خالىسا ۋاز كېچىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 1763؛ «ئەلسەغىر»)

4744 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَلمَ، قَالَ: "لا شُفْعَةَ لِنَصْرَانِي".

4744 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خرىستىئاننىڭ يەر ـ مۈلۈك قوشنىدارچىلىق ھەققى بولمايدۇ»[2].

(«ئەلسەغىر»: 569)

4745 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ وَهُمْ يُسْلِفُونَ فِي الثمَرِ فَقَالَ مَنْ أَسْلَفَ فَلْيُسْلِفْ فِي كَيْلٍ مَعْلُومٍ وَوَزْنٍ مَعْلُومٍ إِلَى أَجَلٍ مَعْلُومٍ.

[1] ھەيسەمى (6798): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى بەزىئ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6799): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نائىل ئىبنى نەجىئ ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

4745 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، مەدىنە خەلقى باغنىڭ مېۋىسىگە زاكالەت بېرىدىكەن. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

ـ كىمكى زاكالەت بەرمەكچى بولسا، ئېنىق كەمچەن ۋە ئېنىق كىلو ھېسابىدا ئېنىق مۇددەتكە بەرسۇن، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1311)

4746 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ أَسْلَفَ فِي شَيْءٍ فَلَا يَصْرِفْهُ إِلَى غَيْرِهِ.

4746 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىرەر نەرسە ئۈچۈن زاكالەت بەرسە، كېيىن ئۇنى باشقا نەرسىگە ئۆزگەرتىۋالمىسۇن»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3468)

4747 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنَّ رَجُلًا أَسْلَفَ رَجُلًا فِي نَخْلٍ فَلَمْ تُخْرِجْ تِلْكَ السَّنَةَ شَيْئًا فَاخْتَصَمَا إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ بِمَ تَسْتَحِلُّ مَالَهُ ارْدُدْ عَلَيْهِ مَالَهُ ثُمَّ قَالَ لَا تُسْلِفُوا فِي النَّخْلِ حَتَّى يَبْدُوَ صَلَاحُهُ.

4747 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ خورمىسىغا زاكالەت بەرگەنىدى، شۇ يىلى باغدىن ھېچ نەرسە چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ بارغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باغ ئىگىسىگە:

ــ ئۇنىڭ پۇلىنى قانداقمۇ ھالال يەيسەن؟ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگىن! ـ دېدى. ئاندىن:

[1] ئەلبانى (1056): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (551): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ خورمىغا باغنىڭ مېۋىسى پىشمىغىچە زاكالەت بەرمەڭلار! ــ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3467)

4748 - عَنْ سَمُرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَنْهَى رَب النخْلِ أنْ يَدِينَ فِي ثَمرِ نَخْلِهِ حَتى يُؤْكَلَ مِنْ ثَمَرَتِهَا، مَخَافَةَ أَنْ يَدِينَ بِدَيْنٍ كَثِيرٍ، تَفْسُدُ الثمَرَةُ، فَلا تُوفِي عَنْهُ، وَكَانَ يَنْهَى رَب الزرْعِ أَنْ يَدِينَ فِي زَرْعِهِ حَتى يَبْلُغَ الْحَصْدَ، وَكَانَ يَنْهَى رَب الذهَبِ إِذَا بَاعَهَا بِطَعَامٍ فِي الثمَرِ أن يَبِيعَ الطعَامَ بِالذهَبِ حَتى يُكَالَ الطعَامُ، فَيَقْبِضَهُ مَخَافَةَ الرِبَا.

4748 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىلىق باغ ئىگىسىنى بېغىنىڭ مېۋىسى يېگۈدەك بولمىغىچە، مېۋىنىڭ ھېسابىغا قەرز ئېلىشتىن توساتتى. چۈنكى ئۇ، باغ ئىگىسىنىڭ كۆپ قەرز ئېلىپ قويۇپ، كېيىن مېۋە بىرەر ئاپەتكە ئۇچراپ قالسا، قەرزگە چۈشلۇق مېۋە چىقماي قېلىشتىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلاتتى. ئۇ يەنە زىرائەت ئىگىسىنىمۇ زىرائەت ئورىغۇدەك بولمىغىچە مەھسۇلاتنىڭ ھېسابىغا قەرز ئېلىشتىن توساتتى. باغنىڭ مېۋىسىنى ئالتۇنغا ساتماقچى بولغان ئالتۇنچىنىڭمۇ جازانىگە كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، باغنىڭ مېۋىسى كەملەپ تاپشۇرۇپ ئالغۇدەك بولغانغا قەدەر ئۇنى ئالتۇنغا سېتىشتىن توساتتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 7056؛ بەززار)

4749 - عَنْ مَالِك أنهُ بَلَغَهُ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ فِي رَجُلٍ أَسْلَفَ رَجُلاً طَعَامًا عَلَى أَنْ يُعْطِيَهُ إِياهُ فِي بَلَدٍ آخَرَ فَكَرِهَ ذَلِكَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ وَقَالَ فَأَيْنَ الْحَمْلُ يَعْنِي حُمْلانَهُ.

---

[1] ئەلبانى (550): زەئىپ. ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6491): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەرۋان ئىبنى جەئفەر سەمەرى ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، ئەزدى ئۇنىڭ ھەققىدە سەلبىيرەك باھا بارلىقىنى ئېيتقان. ـ دېگەن.

4749 ـ ئىمام مالىكقا يېتىشىچە، بىر ئادەمگە باشقا بىر يۇرتتا قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئالدىن ئاشلىق بېرىپ تۇرغان بىر ئادەمنىڭ بۇ قىلمىشىنى ياقتۇرمىغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاشلىقنىڭ ئۇ يۇرتقىچە يۆتكەش ھەققى قانداق بولىدۇ؟ ـ دېگەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4750 - عن مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عَبْدَ اللهِ بنَ مَسْعُودٍ كَانَ يَقُولُ مَنْ أَسْلَفَ سَلَفًا فَلَا يَشْتَرِطْ أَفْضَلَ مِنْهُ وَإِنْ كَانَتْ قَبْضَةً مِنْ عَلَفٍ فَهُوَ رِبًا.

4750 ـ ئىمام مالىكقا يېتىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: كىمكى بىرەر نەرسىنى ئالدىن بېرىپ تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئېلىشنى شەرت قىلمىسۇن. چۈنكى بىر چاڭگال بوغۇز چاغلىق نەرسە ئارتۇق ئېلىنىسىمۇ، جازانىگە كىرىدۇ.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4751 - عن سَعِيد بن الْمُسَيبِ يُحَدثُ أَن مَعْمَرًا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ احْتَكَرَ فَهُوَ خَاطِئٌ فَقِيلَ لِسَعِيدٍ فَإِنكَ تَحْتَكِرُ قَالَ سَعِيدٌ إِن مَعْمَرًا الذِي كَانَ يُحَدثُ هَذَا الْحَدِيثَ كَانَ يَحْتَكِرُ.

4751 ــ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: مەئمەرنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئاشلىقنى (قىممەت بولۇشىنى تىلەپ) بېسىۋالسا، خاتالاشقان بولىدۇ». بىرى سەئىد ئىبنى مۇسەييەبكە:

ــ سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۆزەڭ ئاشلىقنى بېسىۋالىدىكەنسەنغۇ؟ ـ دېگەندە، ئۇ:

ــ مۇشۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن مەئمەرمۇ ئاشلىقنى بېسىۋالاتتى، ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 1605)

4752 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ احْتَكَرَ طَعَامًا أَرْبَعِينَ لَيْلَةً فَقَدْ بَرِئَ مِنْ اللهِ تَعَالَى وَبَرِئَ اللهُ تَعَالَى مِنْهُ.

4752 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:

«كىمكى ئاشلىقنى 40 كۈن بېسىپ يېتىۋالسا، الله تائالادىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كەتكەن بولىدۇ، الله تائالامۇ ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدۇ»[①].

(ئەھمەد: 4865)

4753 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "بِئْسَ الْعَبْدُ الْمُحْتَكِرُ، إِذَا رَخصَ اللهُ الْأَسْعَارَ حَزِنَ، وَإِذَا غَلَى فَرِحَ".

4753 ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاشلىقنى بېسىپ يېتىۋالغۇچى نېمىدېگەن رەزىل ئىنسان ـ ھە؟! ناۋادا الله ئاشلىقنىڭ باھاسىنى چۈشۈرىۋەتسە، ئۇ ھەسرەت چېكىدۇ. قىممەتلەشتۈرۈۋەتسە، خۇشال بولۇپ كېتىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4754 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ الْبَاهِلِي، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: "أَهْلُ الْمَدَائِنِ، هُمُ الْحُبَسَاءُ فِي سَبِيلِ اللهِ رِدْءُ الْإِسْلَامِ لِلْمُسْلِمِينَ، وَثَغْرُهُمْ، فَلَا تُغْلُوا عَلَيْهِمْ، وَلَا تَحْتَكِرُوا، وَلَا يَبِيعَن حَاضِرٌ لِبَادٍ، وَلَا يَسُمُ الرجُلُ عَلَى سَوْمِ أَخِيهِ، وَلَا يَخْطُبْ عَلَى خِطْبَتِهِ، وَلَا تَكْتَفِئُ الْمَرْأَةُ إِنَاءَ أُخْتِهَا، فَكُلُّ رِزْقُهُ عَلَى اللهِ".

4754 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[①] ھەيسەمى (6476): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ بىشر ئەملۇكى ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى مۇئىن ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

«شەھەر خەلقى الله يولىدا ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوزۇق ــ تۈلۈكلىرىنى بېسىپ يېتىۋالماڭلار ۋە ئۇلارغا قارشى مال باھاسىنى ئۆستۈرۈۋالماڭلار. كىمكى ئۇلارغا سېتىشقا تېگىشلىك ئاشلىقنى 40 كۈن بېسىپ يېتىۋالىدىكەن، كېيىن ئۇنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ گۇناھى ئۈچۈن كەففارەت بولالمايدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4755 - عن أبي هريرة ومعقل بن يسار - رضي الله عنهما - : أن رسولَ اللهِ - صلى الله عليه وسلم - قال: «يُحشرُ المحتكِرُون وقَتَلَةُ الأنفُسِ في درجة، ومَنْ دخل في شيء مِنْ سِعْرِ المسلمين يُغْلِيه عليهم، كان حَقًّا على الله أن يُعذبه في مُعْظَمِ النار يوم القيامة». (أربعتها لرزين ووافقه بضعف على الأول أحمد والموصلي والبزار والأوسط وازادوا في آخره: وأيما أهل عرصة أصبح فيهم امرؤ جائع فقد برئت منهم ذمة الله).

4755 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاشلىقنى بېسىۋالىدىغانلار ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر بىلەن بىر دەرىجىدە ھەشىر قىلىنىدۇ. كىمكى مۇسۇلمانلارغا ساتىدىغان نەرسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئۇلارغا قىممەت ساتسا، قىيامەت كۈنى، اللهنىڭ ئۇنى دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە ئازابلىشى ھەقلىق بولىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

ئىمام ئەھمەد، مەۋسىلى، بەززار ۋە تەبەرانى («ئەلئەۋسەت»تە)لارمۇ ھەدىسنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا مۇنۇ جۈملىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: «قانداق بىر يۇرتنىڭ خەلقى ئىچىدە بىر ئادەم ئاچ قالىدىكەن، اللهنىڭ ئۇلارغا بولغان كاپالىتى ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدۇ».

4756 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْجَالِبُ مَرْزُوقٌ وَالْمُحْتَكِرُ مَلْعُونٌ.

4756 ــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاشلىقنى سىرتتىن ئەكىلىپ ساتقۇچىنىڭ رىزقى كەڭ بولىدۇ، ئاشلىقنى بېسىپ يېتىۋالغۇچى اللهنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ»[①].

(ئىبنى ماجە: 2153)

4757 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ احْتَكَرَ عَلَى الْمُسْلِمِينَ طَعَامًا ضَرَبَهُ اللهُ بِالْجُذَامِ وَالْإِفْلَاسِ.

4757 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئاشلىقنى مۇسۇلمانلارغا ساتماي بېسىۋالىدىكەن، الله ئۇنى ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق ۋە ماخاۋ كېسىلى بىلەن جازالايدۇ»[②].

(ئىبنى ماجە: 2155)

4758 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ مَر بِحَاطِبِ بْنِ أَبِي بَلْتَعَةَ وَهُوَ يَبِيعُ زَبِيبًا لَهُ بِالسوقِ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ إِما أَنْ تَزِيدَ فِي السعْرِ وَإِما أَنْ تُرْفَعَ مِنْ سُوقِنَا.

4758 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بازاردا قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋاتقان ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا:

ــ يا باھانى ئۆستۈرگىن ياكى بازارنى تاشلاپ كەتكىن! ـ دېگەن.

(مالىك: 1352)

---

[①] ئەلبانى (471): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (472): زەئىپ، ـ دېگەن.

4759 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَجُلًا جَاءَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ سَعِّرْ فَقَالَ بَلْ أَدْعُو ثُـم جَاءَهُ رَجُلٌ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ سَعِّرْ فَقَالَ بَلْ اللهُ يَخْفِضُ وَيَرْفَعُ وَإِني لَأَرْجُو أَنْ أَلْقَى اللهَ وَلَيْسَ لِأَحَدٍ عِنْدِي مَظْلَمَةٌ.

4759 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماللارغا مۇقىم باھا توختىتىپ بەرگىن! ــ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن باھانىڭ مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلاي، ـ دېدى. ئاندىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماللارغا مۇقىم باھا توختىتىپ بەرگىن! ــ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله باھانى بەزىدە چۈشۈرسە، يەنە بەزىدە ئۆرلىتىدۇ. مەن الله بىلەن ھېچبىر ئادەمگە زۇلۇم قىلمىغان ھالدا ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3450)

4760 - عَنْ أَنسٍ قَالَ غَلَا السعْرُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ سَعِّرْ لَنَا فَقَالَ إِن اللهَ هُوَ الْمُسَعِّرُ الْقَابِضُ الْبَاسِطُ الرزاقُ وَإِني لَأَرْجُو أَنْ أَلْقَى رَبي وَلَيْسَ أَحَدٌ مِنْكُمْ يَطْلُبُنِي بِمَظْلَمَةٍ فِي دَمٍ وَلَا مَالٍ.

4760 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىر قېتىم مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلار:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماللارغا مۇقىم باھا توختىتىپ بەرگىن! ــ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مال باھاسىنى بەلگىلىگۈچى اللهتۇر، ئۇ بەزىلەرنىڭ رىزقىنى تار قىلسا، يەنە بەزىلەرنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلغۇچىدۇر، ئۇ ھەممىگە رىزىق

[1] ئەلبانى (2944): سەھىھ ـ دېگەن.

بەرگۈچىدۇر. مەن پەرۋەردىگارىم بىلەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نە جېنىغا، نە مېلىغا قىلچە زۇلۇم قىلمىغان ھالدا ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1314)

[1] ئەلبانى (1059): سەھىھ ـ دېگەن.

## قەرز بېرىش ۋە ئېلىش، ئۇنى قايتۇرۇشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى، ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىقنى ئۇچرىغانلىقنى ئېلان قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەسىلىلەر

4761 - أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِيِّ يَقُولُ عَنْ أَبِيهِ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ إِنَّ أَعْظَمَ الذُّنُوبِ عِنْدَ اللَّهِ أَنْ يَلْقَاهُ بِهَا عَبْدٌ بَعْدَ الْكَبَائِرِ الَّتِي نَهَى اللَّهُ عَنْهَا أَنْ يَمُوتَ رَجُلٌ وَعَلَيْهِ دَيْنٌ لَا يَدَعُ لَهُ قَضَاءً.

4761 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«الله چەكلىگەن ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن قالسىلا ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدىغان گۇناھ شۇكى، بىر بەندىنىڭ ئۈستىدە قەرز بولۇپ، ئۇنىڭغا يەتكىدەك بىر نەرسە قالدۇرماي ئۆلۈپ كېتىپ، اللهنىڭ ئالدىغا شۇ گۇناھ بىلەن بېرىشىدۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3342)

4762 - عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ يُغْفَرُ لِلشَّهِيدِ كُلُّ ذَنْبٍ إِلَّا الدَّيْنَ.

4762 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شېھىد بولغان ئادەمنىڭ قەرزدىن باشقا پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

(مۇسلىم: 1886)

[1] ئەلبانى (721): زەئىپ، ـ دېگەن.

4763 - عَنْ صُهَيْب الْخَيْرِ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَيمَا رَجُلٍ يَدِينُ دَيْنًا وَهُوَ مُجْمِعٌ أَنْ لَا يُوَفِّيَهُ إِياهُ لَقِيَ اللهَ سَارِقًا.

4763 ـ سۇھەيب خەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر ئادەم بىرىدىن قەرز ئېلىپ، ئاندىن ئۇ قەرزنى قايتۇرغىدەك شارائىتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرمىسا، اللهنىڭ دەرگاھىغا ''ئوغرى'' دېگەن نام بىلەن بارىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 2410)

4764 - عَنْ سَمُرَةَ قَالَ خَطَبَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ هَاهُنَا أَحَدٌ مِنْ بَنِي فُلَانٍ فَلَمْ يُجِبْهُ أَحَدٌ ثُم قَالَ هَاهُنَا أَحَدٌ مِنْ بَنِي فُلَانٍ فَلَمْ يُجِبْهُ أَحَدٌ ثُم قَالَ هَاهُنَا أَحَدٌ مِنْ بَنِي فُلَانٍ فَقَامَ رَجُلٌ فَقَالَ أَنَا يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مَنَعَكَ أَنْ تُجِيبَنِي فِي الْمَرتَيْنِ الْأُولَيَيْنِ أَمَا إِني لَمْ أُنَوهْ بِكُمْ إِلا خَيْرًا إِن صَاحِبَكُمْ مَأْسُورٌ بِدَيْنِهِ فَلَقَدْ رَأَيْتُهُ أَدى عَنْهُ حَتى مَا بَقِيَ أَحَدٌ يَطْلُبُهُ بِشَيْءٍ.

4764 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە سۆزلەپ بېرىۋېتىپ:

ـ ئاراڭلاردا پالانى جەمەتتىن بىرى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. بىراق ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئۇ يەنە:

ـ ئاراڭلاردا پالانى جەمەتتىن بىرى بارمۇ؟ ـ دېدى. يەنە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئۇ يەنە:

ـ ئاراڭلاردا پالانى جەمەتتىن بىرى بارمۇ؟ ـ دېگەنىدى، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بار، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئالدىنقى ئىككى قېتىمدا نېمىشقا جاۋاب بەرمىدىڭ؟ مەن سىلەرگە پەقەت ياخشىلىقنىلا تەۋسىيە قىلىمەن ئەمەسمۇ؟ (ھازىر

[1] ئەلبانى (1954): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

دەپــنە قىلىنغــان) قېرىنداشــىڭلار قەرزى ســەۋەبىدىن (جەنــنەتكە كىرىشتىن) توسۇلۇپ قاپتۇ. ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى ئادەمنىڭ مېيىتنىــڭ قەرزىنــى ئــۆتىگەنلىكىنى كــۆردۇم، ئاخىرىــدا قەرز تەلەپ قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3341)

4765 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَخَذَ أَمْوَالَ الناسِ يُرِيدُ أَدَاءَهَا أَدى اللهُ عَنْهُ وَمَنْ أَخَذَ يُرِيدُ إِتْلَافَهَا أَتْلَفَهُ اللهُ.

4765 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى كىشىلەرنىڭ مېلىنى قايتۇرۇپ بېرىش نىيىتى بىلەن قەرز ئالسا، الله ئۇنىڭغا قەرزنى قايتۇرۇشنى مۇيەسسەر قىلىدۇ. كىمكى ئۇلارنىڭ مېلىنى زىيانغا ئۇچرىتىش نىيىتى بىلەن قەرز ئالسا، الله ئۇنىڭ ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ».

(بۇخارى: 2387)

4766 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُذَيْفَةَ قَالَ كَانَتْ مَيْمُونَةُ تَدانُ وَتُكْثِرُ فَقَالَ لَهَا أَهْلُهَا فِي ذَلِكَ وَلَامُوهَا وَوَجَدُوا عَلَيْهَا فَقَالَتْ لَا أَتْرُكُ الدَيْنَ وَقَدْ سَمِعْتُ خَلِيلِي وَصَفِيي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا مِنْ أَحَدٍ يَدانُ دَيْنًا فَعَلِمَ اللهُ أَنهُ يُرِيدُ قَضَاءَهُ إِلا أَداهُ اللهُ عَنْهُ فِي الدنْيَا.

4766 ـ ئىمران ئىبنى ھۇزەيفە مۇنداق دەيدۇ: مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كۆپ قەرز ئالاتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى ۋە نۇرغۇن قەرزى بارلىقىنى بايقاپ، ئۇنى ئەيىبلىگەنىدى، ئۇ:

ـ مەن بۇ قەرزلەرنى قالدۇرماي ئۆتەيمەن، چۈنكى مەن ئىنسانلار ئىچىدىن تاللانغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىم مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قــايتۇرۇش نىيىتىــدە قەرز ئالغــان كىشــىنىڭ نىيىتىنــى الله بىلگەنلىكى

[1] ئەلبانى (2858): ھەسەن. ـ دېگەن.

ئۇچۇن، اﷲ ئۇنىڭ قەرزىنى مۇشۇ دۇنيادىلا قايتۇرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى①.

(نەسائى: 4686)

4767 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ جَعْفَرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ اللهُ مَعَ الدائِنِ حَتى يَقْضِيَ دَيْنَهُ مَا لَمْ يَكُنْ فِيمَا يَكْرَهُ اللهُ قَالَ فَكَانَ عَبْدُ اللهِ بْنُ جَعْفَرٍ يَقُولُ لِخَازِنِهِ اذْهَبْ فَخُذْ لِي بِدَيْنٍ فَإِني أَكْرَهُ أَنْ أَبِيتَ لَيْلَةً إِلا وَاللهُ مَعِي بَعْدَ الذِي سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

4767 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قەرزدار قەرزىنى ئۆتىگەنگە قەدەر اﷲ ياقتۇرمايدىغان ئىشنى قىلمىسىلا، اﷲ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ». شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەزىنىدارىغا:

ــ سەن بېرىپ، مېنىڭ ھېسابىمغا قەرز ئېلىپ كەلگىن، چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر كېچىنىمۇ اﷲ بىلەن بىرگە بولماي ئۆتكۈزۈشنى خالىمايمەن، ـ دەيتتى②.

(ئىبنى ماجە: 2409)

4768 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَـالَ مَطْلُ الْغَنِي ظُلْمٌ فَإِذَا أُتْبِعَ أَحَدُكُمْ عَلَى مَلِي فَلْيَتْبَعْ.

4768 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«باينىڭ قەرزنى ئۇزۇنغا سوزۇشى زۇلۇمدۇر. بىرىڭلارنىڭ قەرزى باشقا بىر بايغا ھاۋالە قىلىنسا، ئۇنى قوبۇل قىلسۇن!»

(بۇخارى: 2287)

① ئەلبانى (4369): "مۇشۇ دۇنيادىلا" دېگەن ئىبارىدىن باشقا قىسمى سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (1953): سەھىھ ـ دېگەن.

4769 - عَنْ عَلِي، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إن اللهَ يُبْغِضُ ثَلاثَةً: الْغَنِي الظلُومَ، وَالشيْخَ الْجَهُولَ، وَالْعَائِلَ الْمُخْتَالَ".

4769 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله زالىم بايغا، ئاڭسىز قېرىغا، ھاكاۋۇر كەمبەغەلگە غەزەبلىنىدۇ»[1].

(بەززار؛ «ئەلئەۋسەت»)

4770 - عَنْ عَمْرِو بْنِ الشرِيدِ عَنْ أَبِيهِ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَي الْوَاجِدِ يُحِل عِرْضَهُ وَعُقُوبَتَهُ قَالَ ابْنُ الْمُبَارَكِ يُحِل عِرْضُهُ يُغَلظُ لَهُ وَعُقُوبَتُهُ يُحْبَسُ لَهُ.

4770 ـ ئەمىر ئىبنى شەرىد ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قەرزنى قايتۇرۇشقا قادىر تۇرۇپ قايتۇرمىغان كىشىگە قاتتىق قول بولۇش ۋە ئۇنى سولاپ قويۇش دۇرۇست بولىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3628)

4771 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قالت سَمِعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَوْتَ خُصُومٍ بِالْبَابِ عَالِيَةٍ أَصْوَاتُهُمَا وَإِذَا أَحَدُهُمَا يَسْتَوْضِعُ الْآخَرَ وَيَسْتَرْفِقُهُ فِي شَيْءٍ وَهُوَ يَقُولُ وَاللهِ لَا أَفْعَلُ فَخَرَجَ عَلَيْهِمَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَيْنَ الْمُتَأَلي عَلَى اللهِ لَا يَفْعَلُ الْمَعْرُوفَ فَقَالَ أَنَا يَا رَسُولَ اللهِ وَلَهُ أَي ذَلِكَ أَحَب.

4771 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشىك ئالدىدا ئىككى كىشىنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا جېدەل قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇلارنىڭ

---

[1] ھەيسەمى (6650): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھارىس ئەئۋەر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ئەمما بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، دېگەن.

[2] ئەلبانى (3086): ھەسەن، ـ دېگەن.

بىرى يەنە بىرىنىڭ قەرزدىن بىر ئاز چۈشۈپ بېرىشىنى ۋە رەھىمدىل بولۇشىنى ئۆتۈنۈپ سورىسا، قارشى تەرەپ:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، ـ دەۋاتاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقىپ:

ـ ياخشى ئىشنى قىلمايمەن دەپ، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان كىشى قېنى؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ مانا مەن، ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قانداق خالىسا، شۇنداق بولسۇن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2705)

4772 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن رَجُلًا لَمْ يَعْمَلْ خَيْرًا قَط وَكَانَ يُدَايِنُ الناسَ فَيَقُولُ لِرَسُولِهِ خُذْ مَا تَيسرَ وَاتْرُكْ مَا عَسُرَ وَتَجَاوَزْ لَعَل اللهَ تَعَالَى أَنْ يَتَجَاوَزَ عَنا فَلَما هَلَكَ قَالَ اللهُ عَز وَجَل لَهُ هَلْ عَمِلْتَ خَيْرًا قَط قَالَ لَا إِلا أَنهُ كَانَ لِي غُلَامٌ وَكُنتُ أُدَايِنُ الناسَ فَإِذَا بَعَثْتُهُ لِيَتَقَاضَى قُلْتُ لَهُ خُذْ مَا تَيسرَ وَاتْرُكْ مَا عَسُرَ وَتَجَاوَزْ لَعَل اللهَ يَتَجَاوَزُ عَنا قَالَ اللهُ تَعَالَى قَدْ تَجَاوَزْتُ عَنْكَ.

4772 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم پەقەتلا ياخشىلىق قىلىپ باقمىغانىكەن، ئەمما كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇرىدىكەن ۋە قەرزنى سۇلەيدىغان ئادىمىگە:

ـ قولىدا بارلاردىن ئالغىن، قىيىنچىلىقتا قالغانلاردىن ئالمىغىن، بەلكى كېچىۋەتكىن. الله تائالامۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزدىن ئۆتۈپ كېتەر، ـ دەيدىكەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، الله تائالا ئۇنىڭغا:

ـ سەن بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ باقتىڭمۇ؟ ـ دەپتۇ. ئۇ:

ـ ياق، مېنىڭ بىر مالىيىم بار ئىدى، مەن كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇراتتىم، مالىيىمنى قەرز يىغقىلى ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا: ”قولىدا بارلاردىن ئالغىن، قىيىنچىلىقتا قالغانلاردىن ئالمىغىن، بەلكى

كېچىــۋەتكىن. الله تائـالامۇ بىـزنىــڭ گۇنـاھلىـرىمىـزدىن ئۆتـۈپ كېــتەر‟ دەيتتىم، ـ دەيتۇ. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا:

ـ مەنمۇ سېنىڭ گۇناھلىرىڭدىن ئۆتۈپ كەتتىم، ـ دەيتۇ»[①].

(نەسائى: 4694)

4773 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَنظَرَ مُعْسِرًا أَوْ وَضَعَ لَهُ أَظَلهُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ تَحْتَ ظِل عَرْشِهِ يَوْمَ لَا ظِل إلا ظِلهُ.

4773 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزدارغا مۆھلەتنى كېچىكتۈرۈپ بەرسە ياكى قەرزدىن كېچىۋەتسە، اللهنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچ سايە يوق ئەنە شۇ قىيامەت كۈنىدە الله ئۇنىڭغا ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدىن ئورۇن بېرىدۇ»[②].

(تىرمىزى: 1306)

4774 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ أَن أَبَا قَتَادَةَ طَلَبَ غَرِيمًا لَهُ فَتَوَارَى عَنْهُ ثُم وَجَدَهُ فَقَالَ إني مُعْسِرٌ فَقَالَ آللهِ قَالَ آللهِ قَالَ فَإني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ سَرهُ أَنْ يُنجِيَهُ اللهُ مِنْ كُرَبِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ فَلْيُنَفسْ عَنْ مُعْسِرٍ أَوْ يَضَعْ عَنْهُ.

4774 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن قەرزدار ئادەمنى ئىزدەپ چىققانىدى، ئۇ يوشۇرۇنۇۋالدى. كېيىن ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى تاپقانىدى، ئۇ:

ـ ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقتا قالدىم، ـ دېدى. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، راست شۇنداقمۇ؟ ـــ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

[①] ئەلبانى (4377): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1052): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن شۇنداق، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى ﷲنىڭ ئۆزىنى قىيامەت كۈنىنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشىنى خۇشاللىق دەپ بىلسە، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزدارغا مۆھلەت بەرسۇن ياكى قەرزدىن كېچىۋەتسۇن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ــ دېدى.

(مۇسلىم: 1563)

4775 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الْوَلِيدِ بْنِ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ قَالَ خَرَجْتُ أَنا وَأَبِي نَطْلُبُ الْعِلْمَ فِي هَذَا الْحَي مِنْ الْأَنصَارِ قَبْلَ أَنْ يَهْلِكُوا فَكَانَ أَولُ مَنْ لَقِينَا أَبا الْيَسَرِ صَاحِبَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَعَهُ غُلَامٌ لَهُ مَعَهُ ضِمَامَةٌ مِنْ صُحُفٍ وَعَلَى أَبِي الْيَسَرِ بُرْدَةٌ وَمَعَافِرِي وَعَلَى غُلَامِهِ بُرْدَةٌ وَمَعَافِرِي فَقَالَ لَهُ أَبِي يَا عَم إِني أَرَى فِي وَجْهِكَ سَفْعَةً مِنْ غَضَبٍ قَالَ أَجَلْ كَانَ لِي عَلَى فُلَانِ ابْنِ فُلَانٍ الْحَرَامِي مَالٌ فَأَتَيْتُ أَهْلَهُ فَسَلمْتُ فَقُلْتُ ثَم هُوَ قَالُوا لَا فَخَرَجَ عَلَي ابْنٌ لَهُ جَفْرٌ فَقُلْتُ لَهُ أَيْنَ أَبُوكَ قَالَ سَمِعَ صَوْتَكَ فَدَخَلَ أَرِيكَةَ أُمي فَقُلْتُ اخْرُجْ إِلَي فَقَدْ عَلِمْتُ أَيْنَ أَنتَ فَخَرَجَ فَقُلْتُ مَا حَمَلَكَ عَلَى أَنْ اخْتَبَأْتَ مِني قَالَ أَنا وَاللهِ أُحَدثُكَ ثُم لَا أَكْذِبُكَ خَشِيتُ وَاللهِ أَنْ أُحَدثَكَ فَأَكْذِبَكَ وَأَنْ أَعِدَكَ فَأُخْلِفَكَ وَكُنْتَ صَاحِبَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكُنْتُ وَاللهِ مُعْسِرًا قَالَ قُلْتُ آللهِ قَالَ اللهِ قُلْتُ آللهِ قَالَ اللهِ قُلْتُ آللهِ قَالَ اللهِ قَالَ فَأَتَى بِصَحِيفَتِهِ فَمَحَاهَا بِيَدِهِ فَقَالَ إِنْ وَجَدْتَ قَضَاءً فَاقْضِنِي وَإِلا أَنتَ فِي حِل فَأَشْهَدُ بَصَرُ عَيْنَي هَاتَيْنِ وَوَضَعَ إِصْبَعَيْهِ عَلَى عَيْنَيْهِ وَسَمْعُ أُذُنَي هَاتَيْنِ وَوَعَاهُ قَلْبِي هَذَا وَأَشَارَ إِلَى مَنَاطِ قَلْبِهِ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَقُولُ مَنْ أَنظَرَ مُعْسِرًا أَوْ وَضَعَ عَنْهُ أَظَلهُ اللهُ فِي ظِلهِ قَالَ فَقُلْتُ لَهُ أَنا يَا عَم لَوْ أَنكَ أَخَذْتَ بُرْدَةَ غُلَامِكَ وَأَعْطَيْتَهُ مَعَافِرِيكَ وَأَخَذْتَ مَعَافِرِيهُ وَأَعْطَيْتَهُ بُرْدَتَكَ فَكَانَتْ عَلَيْكَ حُلةٌ وَعَلَيْهِ حُلةٌ فَمَسَحَ رَأْسِي وَقَالَ اللهُم بَارِكْ فِيهِ يَا ابْنَ أَخِي بَصَرُ عَيْنَي هَاتَيْنِ وَسَمْعُ أُذُنَي هَاتَيْنِ وَوَعَاهُ قَلْبِي هَذَا وَأَشَارَ إِلَى مَنَاطِ قَلْبِهِ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ

يَقُولُ أَطْعِمُوهُمْ مِما تَأْكُلُونَ وَأَلْبِسُوهُمْ مِما تَلْبَسُونَ وَكَانَ أَنْ أَعْطَيْتُهُ مِنْ مَتَاعِ الدنْيا أَهْوَنَ عَلَي مِنْ أَنْ يَأْخُذَ مِنْ حَسَنَاتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

4775 ـ ئۇبادە ئىبنى ۋەلىد ئىبنى ئۇبادە ئىبنى سامىت مۇنداق دەيدۇ: دادام ئىككىمىز بۇ مەھەللىدىكى ئەنسارىلار ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىشتىن بۇرۇن ئىلىم تەلەپ قىلىپ چىققاندۇق. بىز تۇنجى بولۇپ ئۇچراشقان كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ يەسەر بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر مالىيى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا بىر باغلام ھۆججەت تۇراتتى. ئەبۇ يەسەر ئۈچىسىغا مەئافىر قەبىلىسىدە توقۇلغان بىر كىيىم ۋە بىر يەكتەك كىيىۋالغان، ئۇنىڭ مالىيىمۇ ئۈچىسىغا مەئافىر قەبىلىسىدە توقۇلغان بىر كىيىم ۋە بىر يەكتەك كىيىۋالغان ئىدى. ئاتام ئۇنىڭدىن:

ــ ئى تاغا! مەن يۈزۈڭدە غەزەپلەنگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرىۋاتىمەنغۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ شۇنداق، ھەرامىي جەمەتىدىن پالانىنىڭ ئوغلى پالانىدا مېنىڭ ئېلىشىم بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە سالام بەردىم ۋە: ''ئۇ ئۆيدە بارمۇ؟'' دەپ سورىدىم، ئۇلار: ''ياق'' دېدى. كېيىن يېنىمغا بالاغەتكە يېتىپ قالاي دېگەن بىر بالا چىقتى. مەن ئۇنىڭدىن: داداڭ قېنى؟'' دەپ سورىسام، ئۇ: ''سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ، ئانامنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىۋالدى'' دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: ''سېنىڭ نەگە مۆكۈۋالغانلىقىڭنى بىلىۋالدىم، ئالدىمغا چىق!'' دەپ توۋلىغانىدىم، ئۇ يېنىمغا چىقتى. ئۇنىڭدىن: ''نېمىشقا يوشۇرۇنىۋالدىڭ؟'' دەپ سورىسام، ئۇ: ''اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھازىر سۆزلەپ بېرەي، يالغان ئېيتمايمەن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سەن بىلەن كۆرۈشسەم، يالغان سۆزلەپ قويۇشىمدىن، ۋەدە قىلىپ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىپ سىلىشىمدىن قورقۇپ مۆكۈۋالغانىدىم. سەن بولساڭ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقتا قالدىم'' دېدى. مەن: ''اللهنىڭ نامى بىلەن

قەسەمكى، سەن ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقتا قالدىڭمۇ؟“ دېسەم، ئۇ: ”اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقتا قالدىم“ دېدى. مەن: ”اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقتا قالدىڭمۇ؟“ دېسەم، ئۇ: ”اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقتا قالدىم“ دېدى. مەن يەنە: ”اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقتا قالدىڭمۇ؟“ دېسەم، ئۇ: ”اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقتا قالدىم“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھۆججەتنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قەرزىنى ئۆچۈرۈۋەتتىم ۋە: ”مۇبادا قەرزىمنى ئۆتىگىدەك پۇل تاپالىساڭ، بېرەرسەن. پۇل تاپالمىساڭ، پۇلۇم ساڭا ھالال بولسۇن“ دېدىم. ئاندىن (ئىككى بارمىقىمنى ئىككى كۆزى ۋە ئىككى قۇلىقىغا تەگكۈزۈپ، يۈرەك تومۇرىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ): مەن مۇشۇ ئىككى كۆزۈمنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەنلىكىگە، مۇشۇ ئىككى قۇلىقىمنى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلىقىغا ۋە مۇشۇ قەلبىمنى ئۇنىڭ سۆزىنى ياد ئېلىۋالغانلىقىغا گۇۋاھ قىلىمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى قولى قىسقا قەرزدارغا مۆھلەت بەرسە ياكى قەرزدىن ۋاز كەچسە، الله ئۇ كىشىگە ئۆز سايىسىدىن ئورۇن بېرىدۇ» دېگەنىدى، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

ــ ئى تاغا! سەن مالىيىڭنىڭ يەكتىكىنى ئۆزەڭ ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا مەئافىر قەبىلىسىدە توقۇلغان كىيىمىڭنى بەرسەڭ، ياكى سەن ئۇنىڭ مەئافىر قەبىلىسىدە توقۇلغان كىيىمىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزەڭنىڭ يەكتىكىنى ئۇنىڭغا بەرسەڭ، شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككىڭلار كىيىمڭلارنى بىر جۈپ قىلىپ كىيسەڭلار بولماسمىدى؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! الله ساڭا بەرىكەت بەرسۇن! ـ دېدى. ئاندىن ئىككى بارمىقىنى ئىككى كۆزىگە ۋە ئىككى قۇلىقىغا تەگكۈزۈپ، يۈرەك تومۇرىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

ــ مەن مۇشۇ ئىككى كۆزۈمنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەنلىكىمگە، مۇشۇ ئىككى قۇلىقىمنى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلىقىغا ۋە مۇشۇ يۈرىكىمنى ئۇنىڭ سۆزىنى ياد ئېلىۋالغانلىقىغا گۇۋاھ قىلىمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇللىرىڭلارغا ئۆزەڭلار يېگەننى يېگۈزۈڭلار، ئۆزەڭلار كىيگەننى كىيگۈزۈڭلار» دېگەن. ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ مال ـ ماتالىرىنى بەرگىنىم مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ قىيامەت كۈنى ياخشىلىقلىرىمدىن ئېلىۋېلىشىدىن يەڭگىل (بولىدۇ)، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 3014)

4776 - عن عَبْدُ اللهِ بْنُ كَعْبٍ أن كَعْبَ بْنَ مَالِكٍ أَخْبَرَهُ أَنَّهُ تَقَاضَى ابْنَ أَبِي حَدْرَدٍ دَيْنًا كَانَ لَهُ عَلَيْهِ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْمَسْجِدِ فَارْتَفَعَتْ أَصْوَاتُهُمَا حَتى سَمِعَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ فِي بَيْتٍ فَخَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَيْهِمَا حَتى كَشَفَ سِجْفَ حُجْرَتِهِ فَنَادَى كَعْبَ بْنَ مَالِكٍ فَقَالَ يَا كَعْبُ فَقَالَ لَبيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ فَأَشَارَ بِيَدِهِ أَنْ ضَعْ الشطْرَ فَقَالَ كَعْبٌ قَدْ فَعَلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُمْ فَاقْضِهِ.

4776 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب مۇنداق دەيدۇ: ئاتام كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئىبنى ئەبۇ ھەدرەدتىكى قەرزىنى مەسجىدتە سۈيلىگەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ ئالدىغا چىققان.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇجرىسىنىڭ پەردىسىنى ئاچار ـ ئاچمايلا كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى توۋلاپ:

ــ ئى كەئب! ـ دېگەن. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ پەرمانبەردارمەن ئى رەسۇلۇللاھ! ــ دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا قەرزنىڭ يېرىمىنى چۈشۈپ بېرىشنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلغان. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ جەزمەن دېگىنىڭدەك قىلىمەن، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېگەن. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەرزدارغا:

ــ ئەمدى سەن ئۇنىڭ قەرزىنى دەرھال بەرگىن! ـ دېگەن.

(بۇخارى: 2710)

4777 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ لِرَجُلٍ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سِن مِنْ الْإِبِلِ فَجَاءَهُ يَتَقَاضَاهُ فَقَالَ أَعْطُوهُ فَطَلَبُوا سِنهُ فَلَمْ يَجِدُوا لَهُ إِلا سِنا فَوْقَهَا فَقَالَ أَعْطُوهُ فَقَالَ أَوْفَيْتَنِي أَوْفَى اللهُ بِكَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن خِيَارَكُمْ أَحْسَنُكُمْ قَضَاءً.

4777 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يېشىغا توشقان بىر تۆگە ئېلىشى بار ئىدى. ئۇ ئادەم قەرزىنى سۈيلەپ كەلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالاقىدار ساھابىلىرىگە:

ــ ئۇنىڭ تۆگىسىنى بېرىڭلار! ــ دېدى. ئۇلار ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ يېشىدىكى تۆگە تېپىشقا خېلى ئۇرۇنغان بولسىمۇ، پەقەت ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ يېشىدىن چوڭراق تۆگە تاپالىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنىڭغا شۇنى بېرىڭلار! ـ دېدى. ئۇ ئادەم خۇشاللىقىدا:

ــ قەرزىمنى ئاشۇرۇپ تۆلىدىڭ، اللهمۇ ساڭا ئاشۇرۇپ ساۋاب بەرسۇن! ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قەرزىنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە تۆلىگەنلىرىڭلاردۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2305)

4778 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَجُلًا تَقَاضَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَغْلَظَ لَهُ فَهَم بِهِ أَصْحَابُهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعُوهُ فَإِن لِصَاحِبِ الْحَق مَقَالًا ثُم قَالَ اشْتَرُوا لَهُ بَعِيرًا فَأَعْطُوهُ إِياهُ فَطَلَبُوهُ فَلَمْ يَجِدُوا إِلا سِنا أَفْضَلَ مِنْ سِنهِ فَقَالَ اشْتَرُوهُ فَأَعْطُوهُ إِياهُ فَإِن خَيْرَكُمْ أَحْسَنُكُمْ قَضَاءً.

4778 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئېلىشىنى سۈيلەپ، قاتتىق گەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئۇنى ئەدەپلەپ قويۇشقا تەمشىلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار، ھەق ئىگىسى نېمە دېسە ھەقلىقتۇر، بىر تۆگە سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا بېرىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار خېلى ئىزدىشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ يېشىدا تۆگە تاپالماي، سەل ياخشىراق بىر تۆگىنى تاپتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شۇنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بېرىڭلار. سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار، قەرزنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە تۆلىگەنلىرىڭلاردۇر، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1317)

4779 - عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ يَطْلُبُ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِدَيْنٍ أَوْ بِحَق فَتَكَلمَ بِبَعْضِ الْكَلَامِ فَهَم صَحَابَةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَهْ إِن صَاحِبَ الدَيْنِ لَهُ سُلْطَانٌ عَلَى صَاحِبِهِ حَتى يَقْضِيَهُ.

4779 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئالىدىغان قەرزى ياكى ھەققى بار بىر ئادەم كېلىپ، سەل قاتتىقراق گەپ قىلغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئۇنى ئەدەپلەپ قويۇشقا تەمشەلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ بولدى قىلىڭلار، قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن ئېلىشىنى ئېلىپ بولغۇچە ئۇنىڭغا گەپ قىلىش ھوقۇقى بار، ـ دېدى[2].

(ئىبنى ماجە: 2425)

[1] ئەلبانى (1062): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (525): زەئىپ، ـ دېگەن.

4780 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ وَعَائِشَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ طَالَبَ حَقًا فَلْيَطْلُبْهُ فِي عَفَافٍ وَافٍ أَوْ غَيْرِ وَافٍ.

4780 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىرىدىكى ئېلىشىنى سۈيلىسە، چىرايلىق رەۋىشتە سۈيلىسۇن (يەنى هارام گەپ ـ سۆزلەرنى قىلمىسۇن!)»[1]

(ئىبنى ماجە: 2421)

4781 - عَنْ إِسْمَعِيلَ بْنِ إِبْرَاهِيمَ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي رَبِيعَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ قَالَ اسْتَقْرَضَ مِني النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْبَعِينَ أَلْفًا فَجَاءَهُ مَالٌ فَدَفَعَهُ إِلَي وَقَالَ بَارَكَ اللهُ لَكَ فِي أَهْلِكَ وَمَالِكَ إِنمَا جَزَاءُ السلَفِ الْحَمْدُ وَالْأَدَاءُ.

4781 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن 40 مىڭ تەڭگە قەرز ئالدى. كېيىن ئۇنىڭغا پۇل ـ مال كەلگەنىدى، ئۇ ئالدى بىلەن مېنىڭ قەرزىمنى بەردى ۋە: «الله ساڭا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتىڭغا ۋە بايلىقلىرىڭغا بەرىكەت بەرسۇن، بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ رەھمىتى اللهقا ھەمدى ئېيتىش ۋە قەرزنى جايىدا ئۆتەش ئىدى» دېدى[2].

(نەسائى: 4683)

4782 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ جَحْشٍ قَالَ كُنا جُلُوسًا عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَفَعَ رَأْسَهُ إِلَى السمَاءِ ثُم وَضَعَ رَاحَتَهُ عَلَى جَبْهَتِهِ ثُم قَالَ سُبْحَانَ اللهِ مَاذَا نُزلَ مِنْ التشْدِيدِ فَسَكَتْنَا وَفَزِعْنَا فَلَما كَانَ مِنْ الْغَدِ سَأَلْتُهُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا هَذَا التشْدِيدُ الذِي نُزلَ فَقَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْ أَن رَجُلًا قُتِلَ فِي سَبِيلِ اللهِ ثُم أُحْيِيَ ثُم قُتِلَ ثُم أُحْيِيَ ثُم قُتِلَ وَعَلَيْهِ دَيْنٌ مَا دَخَلَ الْجَنةَ حَتى يُقْضَى عَنْهُ دَيْنُهُ.

[1] ئەلبانى (1965): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4366): سەھىھ ـ دېگەن.

4782 ـ مۇھەممەد ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ ئاسمانغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندىن كېيىن، ئالقىنىنى پېشانىسىگە قويۇپ تۇرۇپ:

ـ سۇبهانالىلاھ! نېمانداق قاتتىق ھۆكۈم چۈشتى ـ ھە؟! ـ دېدى. بىز جىم بولۇپ كەتتۇق، قاتتىق ئەنسىرىگەندۇق. ئەتىسى مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! تۈنۈگۈن چۈشكەن قاتتىق ھۆكۈم نېمە ئىدى؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى: ”بىر ئادەم الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاندىن تىرىلدۈرۈلسە، ئاندىن يەنە الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاندىن يەنە تىرىلدۈرۈلسە، ئاندىن يەنە الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاندىن يەنە تىرىلدۈرۈلسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە قەرز بولسىلا، قەرزى ئۆتەلگەنگە قەدەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ“ دېگەن ھۆكۈم چۈشتى، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 4684)

4783 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ كَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يُصَلي عَلَى رَجُلٍ عَلَيْهِ دَيْنٌ فَأُتِيَ بِمَيْتٍ فَسَأَلَ أَعَلَيْهِ دَيْنٌ قَالُوا نَعَمْ عَلَيْهِ دِينَارَانِ قَالَ صَلوا عَلَى صَاحِبِكُمْ قَالَ أَبو قَتَادَةَ هُمَا عَلَي يَا رَسُولَ اللهِ فَصَلى عَلَيْهِ فَلَما فَتَحَ اللهُ عَلَى رَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَنَا أَوْلَى بِكُل مُؤْمِنٍ مِنْ نَفْسِهِ مَنْ تَرَكَ دَيْنًا فَعَلَي وَمَنْ تَرَكَ مَالًا فَلِوَرَثَتِهِ.

4783 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەرزى بار ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەيتتى. بىر كۈنى بىر مېيىت كەلتۈرۈلگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنىڭ قەرزى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ـ ھەئە، ئۇنىڭ گەردىنىدە ئىككى تىللا قەرز بار ئىكەن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (4367): ھەسەن. ـ دېگەن.

ــ قېرىندىشىڭلارنىڭ نامىزىنى سىلەر چۈشۈرۈڭلار! ــ دېدى. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ئۇ ئىككى تىللانى مەن ئۈستۈمگە ئالاي، ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. كېيىن الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نۇرغۇن جايلارنى پەتھى قىلىپ بەرگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەرقانداق بىر مۇئمىنگە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا مەن ئۇنىڭ ئۆزىدىنمۇ ھەقلىقمەن، كىمكى قەرز قالدۇرۇپ كەتسە، مەن ئۆتەيمەن. كىمكى بايلىق قالدۇرۇپ كەتسە، مىراسخورلىرىغا قالىدۇ، ـ دېدى[①].

(نەسائى: 1962)

4784 - ɟɒد والبزار ںوه وزاد: ثُم قَالَ بَعْدَ ذَلِكَ بِيَوْمٍ مَا فَعَلَ الدينَارَانِ فَقَـالَ إنمَا مَاتَ أَمسِ قَالَ فَعَادَ إِلَيهِ مِنْ الْغَدِ فَقَالَ لَقَدْ قَضَيْتُهُمَا فَقَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْآنَ بَرَدَتْ عَلَيْهِ جِلْدُهُ.

4784 ـ ئىمام ئەھمەد ۋە بەززارمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش رىۋايەت قىلغان ۋە ئۇنىڭدا مۇنۇلار قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈندىن كېيىن ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ ھېلىقى ئىككى تىللانى قانداق قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ ئۇ تېخى تۈنۈگۈن ئۆلۈپ كەتتىغۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتىسى يەنە سورىغانىدى، ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنى تۆلىۋەتتىم، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[①] ئەلبانى (1853): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ مېيىتنىڭ بەدىنى مانا ئەمدى سالقىنلىششقا باشلىدى، ــ دېدى[1].

(ئەھمەد: 14127)

4785 - عَنْ اْبنِ مَسْعُودٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ قَالَ مَا مِنْ مُسْلِمٍ يُقْـرِضُ مُسْلِمًا قَرْضًا مَرتْينِ إلا كَانَ كَصَدَقَتِهَا مَرةً.

4785 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا ئىككى قېتىم قەرز بېرىپ تۇرسا، ئۇنىڭ بىر قېتىملىقىنى سەدىقە قىلغانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 2430).

4786 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ، عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ قَالَ: "دَخَلَ رَجُـلٌ الْجَنةَ، فَرَأى عَلَى بَابِهَا مَكْتُوبًا الصدَقَةُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا، وَالْقَرْضُ بثمانية عَشر".

4786 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم جەننەتكە كىرگەندە، ئۇنىڭ دەرۋازىسىغا: "سەدىقىنىڭ ساۋابى ئون ھەسسە، قەرز بېرىپ تۇرغاننىڭ ساۋابى 18 ھەسسە" دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرگەن»[3].

(«ئەلكەبىر»: 7976)

4787 - عَنْ أنس بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلم رَأْيتُ لْيلَةَ أُسْرِيَ بِي عَلَى بَابِ الْجَنةِ مَكْتُوبًا الصدَقَةُ بِعَشْرِ أمْثَالِهَا وَالْقَرْضُ بِثَمَانِيَةَ عَشَرَ فَقُلْتُ يَا جِبْرِيلُ مَا بَـالُ

[1] ھەيسەمى (6625): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (527): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (6222): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇتبە ئىبنى ھۇمەيد ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئەمما سەنەدتە يەنە ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

الْقَرْضِ أَفْضَلُ مِنْ الصدَقَةِ قَالَ لِأَن السائِلَ يَسْأَلُ وَعِنْدَهُ وَالْمُسْتَقْرِضُ لَا يَسْتَقْرِضُ إِلا مِنْ حَاجَةٍ.

4787 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ئاسمانغا ئۆرلىتىلگەن كېچىسى جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا: ”سەدىقىنىڭ ساۋابى ئون ھەسسە، قەرز بېرىپ تۇرغاننىڭ ساۋابى 18 ھەسسە“ دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئى جىبرىئىل! قەرزنىڭ ساۋابى قانداقسىگە سەدىقىنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇق بولۇپ قالىدۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

— چۈنكى سەدىقە ئالغان ئادەم ئاز تولا پۇلى بولسىمۇ سەدىقە بېرىلىشىنى تىلەيدۇ. ئەمما قەرز ئالغۇچى پەقەت موھتاج بولۇپ قالغاندىلا ئاندىن قەرز سورايدۇ، ـ دېدى»[1].

(ئىبنى ماجە: 2431)

4788 - عن عُقْبَةَ بْنَ عَامِرٍ قال إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تُخِيفُوا أَنفُسَكُمْ بَعْدَ أَمْنِهَا قَالُوا وَمَا ذَاكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الدَيْنُ.

4788 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سىلەر خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ئۆزەڭلارنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار! ـ دېگەنىدى، ساھابىلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! قانداقسىگە شۇنداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قەرز ئالساڭلار شۇنداق بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەھمەد: 16869؛ «ئەلكەبىر»؛ مەۋسىلى)

4789 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَن رَجُلًا أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَرَأَيتَ إِنْ جَاهَدْتُ بِنَفْسِي وَمَالِي فَقُتِلْتُ صَابِرًا مُحْتَسِبًا مُقْبِلًا غَيْرَ مُدْبِرٍ أَأَدْخُلُ الْجَنةَ قَالَ

[1] ئەلبانى (528): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6623): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. بۇ ھەدىسنى يەنە تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلامۇ رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

نَعَمْ فَأَعَادَ ذَلِكَ مَرَّتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا قَالَ إِنْ لَمْ تَمُتْ وَعَلَيْكَ دَيْنٌ لَيْسَ عِنْدَكَ وَفَاؤُهُ.

4789 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ماڭا ئېيتىپ بەرگىنچۇ، ئەگەر مەن مېلىم ۋە جېنىم بىلەن جىھاد قىلسام، جەڭدە چىداملىق بولۇپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، دۈشمەن سېپىگە ئىلگىرىلىگەن، قاچمىغان ھالدا ئۆلتۈرۈلسەم، جەننەتكە كىرەمدىمەن؟ ــ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەئە، ــ دېدى. ئۇ ئادەم بۇ سوئالنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ پەقەت قەرزىڭ بولۇپ، ئۇنى تۆلىگۈدەك پۇلۇڭ يوق ھالدا ئۆلۈپ كەتمىسەڭلا، جەننەتكە كىرىسەن، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 14081؛ بەززار)

4790 - عَنْ سَهْلِ بْنِ أَبِي أُمَامَةَ بْنِ سَهْلِ بْنِ حُنَيْفٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَدِّهِ، أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ : " أَولُ مَا يُهَرَاقُ مِنْ دَمِ الشهِيدِ يُغْفَرُ لَهُ ذَنْبُهُ كُلُّهُ إِلا الدَّيْنَ".

4790 ـ سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شېھىدنىڭ تۆنجى قېنى ئېقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ قەرزدىن باشقا پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»: 5552)

4791 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ: قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَلمَ: "لا هَم إِلا هَم الدَّيْنِ، وَلا وَجَعَ إِلا وَجَعُ الْعَيْنِ".

---

[1] ھەيسەمى (6627): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەھمەدنىڭ سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6634): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

4791 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قەرزدىنمۇ ئېغىر غەم، كۆز ئاغرىقىدىنمۇ ئېغىر كېسەل يوق»[①].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 854)

4792 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَرَادَ أَنْ تُسْتَجَابَ دَعْوَتُهُ وَأَنْ تُكْشَفَ كُرْبَتُهُ فَلْيُفَرجْ عَنْ مُعْسِرٍ.

4792 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى، مۇشكۈلچىلىكلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى خالىسا، قولى قىسقا قەرزدارغا كەڭچىلىك قىلسۇن!»[②]

(ئەھمەد: 4735؛ مەۋسىلى)

4793 - عَنْ سُلَيْمَانَ بنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَنظَرَ مُعْسِرًا فَلَهُ بِكُل يَوْمٍ مِثْلِهِ صَدَقَةٌ قَالَ ثُم سَمِعْتُهُ يَقُولُ مَنْ أَنظَرَ مُعْسِرًا فَلَهُ بِكُل يَوْمٍ مِثْلَيْهِ صَدَقَةٌ قُلْتُ سَمِعْتُكَ يَا رَسُولَ اللهِ تَقُولُ مَنْ أَنظَرَ مُعْسِرًا فَلَهُ بِكُل يَوْمٍ مِثْلِهِ صَدَقَةٌ ثُم سَمِعْتُكَ تَقُولُ مَنْ أَنظَرَ مُعْسِرًا فَلَهُ بِكُل يَوْمٍ مِثْلَيْهِ صَدَقَةٌ قَالَ لَهُ بِكُل يَوْمٍ صَدَقَةٌ قَبْلَ أَنْ يَحِل الدينُ فَإِذَا حَل الدينُ فَأَنظَرَهُ فَلَهُ بِكُل يَوْمٍ مِثْلَيْهِ صَدَقَةٌ.

4793 ـ سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدە ئاتىسى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قېتىم: «كىمكى قولى قىسقا قەرزدارغا مۆھلەت بەرسە، ھەر كۈنى ئۇچۇن شۇ پۇلنى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ» دېگەنلىكىنى، يەنە بىر قېتىم: «كىمكى قولى قىسقا

[①] ھەيسەمى (6641): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەھل ئىبنى قەرىن ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (6664): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

قەرزدارغا مۆھلەت بەرسە، ھەر كۈنى ئۈچۈن قەرز پۇلنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىزنىڭ بىر قېتىم: «كىمكى قولى قىسقا قەرزدارغا مۆھلەت بەرسە، ھەر كۈنى ئۈچۈن شۇ پۇلنى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ» دېگەنلىكىڭنى، يەنە بىر قېتىم: «كىمكى قولى قىسقا قەرزدارغا مۆھلەت بەرسە، ھەر كۈنى ئۈچۈن قەرز پۇلنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ» دېگەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قەرزنى بېرىشكە بەلگىلىگەن ۋاقىت توشقىچە ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئۈچۈن شۇ پۇلنى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ. قەرزنىڭ ۋاقتى توشقاندىن كېيىن مۆھلەت بەرگەن ئادەمگە ھەر كۈنى ئۈچۈن قەرز پۇلنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(ئەھمەد: 22537)

4794 - عَنْ ابْنَ عَبَاسٍ، قال: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: "مَنْ مَشَى إِلَى غَرِيمِهِ بِحَقِهِ، صَلتْ عَلَيْهِ دَوَابُ الْأَرْضِ، وَنُونُ الْمَاءِ، وَكَتَبَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى لَهُ بِكُلِ خُطْوَةٍ شَجَرَةً تُغْرَسُ فِي الْجَنةِ وَذَنْبًا يُغْفَرُ".

4794 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قەرزنى ئۆتەش ئۈچۈن قەرز ئىگىسىگە قاراپ ماڭسا، يەر ـ زېمىننىڭ جانىۋارلىرى ۋە دېڭىزنىڭ بېلىقلىرى ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەيدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر باسقان قەدىمى ئۈچۈن جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ ئۆسىدۇ، بىر گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[②].

(بەززار: 1342)

---

[①] ھەيسەمى (6676): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (6684): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى تېپىلمىغان بىر قانچە كىشى بار، ـ دېگەن.

4795 - عن أبي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَدْرَكَ مَالَهُ بِعَيْنِهِ عِنْدَ رَجُلٍ أَوْ إِنْسَانٍ قَدْ أَفْلَسَ فَهُوَ أَحَق بِهِ مِنْ غَيْرِهِ.

4795 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئادەمدە مېلىنىڭ ئۆز ئەينىسىنى تاپالىسا، ئۇ ئۇنىڭغا باشقىلاردىن ھەقلىقتۇر».

(بۇخارى: 2402)

4796 - وفي رواية: قَالَ فَإِنْ كَانَ قَضَاهُ مِنْ ثَمَنِهَا شَيْئًا فَمَا بَقِيَ فَهُوَ أُسْوَةُ الْغُرَمَاءِ وَأَيمَا امْرِئٍ هَلَكَ وَعِنْدَهُ مَتَاعُ امْرِئٍ بِعَيْنِهِ اقْتَضَى مِنْهُ شَيْئًا أَوْ لَمْ يَقْتَضِ فَهُوَ أُسْوَةُ الْغُرَمَاءِ.

4796 - يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر قەرزدار ئۇنىڭ مېلىنىڭ بىر قىسمىنى تۆلەپ بولغان بولسا، قەرز ئىگىسى مېلىنىڭ قالغان قىسمىدا باشقا قەرز ئىگىلىرى بىلەن ئوخشاش ھەققە ئىگە بولىدۇ (يەنى قەرزداردىن چىققان مالنى باشقا قەرز ئىگىلىرى بىلەن ماللىرىنىڭ نىسبىتىگە قاراپ پىرسەنتلەپ بۆلۈشىدۇ). قانداق بىر ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭدا باشقا بىرىنىڭ مېلىنىڭ ئۆزى تېپىلسا، مال ئىگىسى ئۇنىڭدىن مېلىنىڭ پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئالغان ياكى ئالمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ باشقا قەرز ئىگىلىرى ئوخشاش ھەققە ئىگە بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3520)

4797 - عَنْ ابْنِ خَلْدَةَ الزرَقِي وَكَانَ قَاضِيًا بِالْمَدِينَةِ قَالَ جِئْنَا أَبَا هُرَيْرَةَ فِي صَاحِبٍ لَنَا قَدْ أَفْلَسَ فَقَالَ هَذَا الذِي قَضَى فِيهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيمَا رَجُلٍ مَاتَ أَوْ أَفْلَسَ فَصَاحِبُ الْمَتَاعِ أَحَق بِمَتَاعِهِ إِذَا وَجَدَهُ بِعَيْنِهِ.

[1] ئەلبانى (3008): سەھىھ - دېگەن.

4797 ـ زامانىدا مەدىنىگە قازى بولغان ئىبنى خەلدە زۇرەقى مۇنداق دەيدۇ: بىز ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بىر قېرىندىشىمىزنى ئېلىپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بارغانىدۇق، ئۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنداق مەسىلىگە ھۆكۈم قىلىپ: «قانداق بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىسا، مال ئىگىسى ئۇنىڭدىن چىققان ماللاردىن ئۆزىنىڭ مېلىنىڭ ئەينىسىنى تاپالىغان تەقدىردە، ئۇ ئۆزىنىڭ مېلىغا ئەڭ ھەقلىقتۇر» دېگەنىدى، ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 2360)

4798 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ وَجَدَ عَيْنَ مَالِهِ عِنْدَ رَجُلٍ فَهُوَ أَحَق بِهِ وَيَتبِعُ الْبيعُ مَنْ بَاعَهُ.

4798 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆزىنىڭ مېلىنى بىرىنىڭ يېنىدىن تاپسا، ئۇ ئۇنىڭغا ئەڭ ھەقلىقتۇر. سېتىۋالغۇچى ھەققىنى مالنى ساتقان ئادەمدىن ئالىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3531)

4799 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ أُصِيبَ رَجُلٌ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي ثِمَارٍ ابْتَاعَهَا فَكَثُرَ دَيْنُهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَصَدقُوا عَلَيْهِ فَتَصَدقَ الناسُ عَلَيْهِ فَلَمْ يَبْلُغْ ذَلِكَ وَفَاءَ دَيْنِهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِغُرَمَائِهِ خُذُوا مَا وَجَدْتُمْ وَلَيْسَ لَكُمْ إِلا ذَلِكَ.

4799 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىر ئادەم باغ

[1] ئەلبانى (517): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (758): زەئىپ، ـ دېگەن.

مېۋىسى سېتىۋالغان بولۇپ، كېيىن باغ ئاپەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە:

ـ ئۇنىڭغا سەدىقە بېرىڭلار! ـ دېدى. ساھابىلەر ئۇنىڭغا خېلى كۆپ مىقداردا سەدىقە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەرزىگە چىقىشمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەرز ئىگىلىرىگە:

ـــ ئۇنىڭدا بارنى مېلىڭلارغا نىسبەتلەشتۈرۈپ ئېلىڭلار، قالغىنىدىن ۋاز كېچىڭلار! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1556)

4800 - عَنْ عُمَرَ بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ دَلَافٍ الْمُزَنِي عَنْ أَبِيهِ أَن رَجُلًا مِنْ جُهَيْنَةَ كَانَ يَسْبِقُ الْحَاج فَيَشْتَرِي الروَاحِلَ فَيُغْلِي بِهَا ثُم يُسْرِعُ السيْرَ فَيَسْبِقُ الْحَاج فَأَفْلَسَ فَرُفِعَ أَمْرُهُ إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَقَالَ أَما بَعْدُ أَيهَا الناسُ فَإِن الْأُسَيْفِعَ أُسَيْفِعَ جُهَيْنَةَ رَضِيَ مِنْ دِينِهِ وَأَمَانَتِهِ بِأَنْ يُقَالَ سَبَقَ الْحَاج أَلَا وَإِنهُ قَدْ دَانَ مُعْرِضًا فَأَصْبَحَ قَدْ رِينَ بِهِ فَمَنْ كَانَ لَهُ عَلَيْهِ دَيْنٌ فَلْيَأْتِنَا بِالْغَدَاةِ نَقْسِمُ مَالَهُ بَيْنَهُمْ وَإِياكُمْ وَالديْنَ فَإِن أَولَهُ هَم وَآخِرَهُ حَرْبٌ.

4800 ـ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى دەلاف مۇزەنى ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جۇھەينە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم ھاجىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى يولدىلا قىممەت سېتىۋالاتتى. ئاندىن مال بازىرىغا بالدۇر ئەكىلىش ئۈچۈن تېز ھەيدەيتتى. كېيىن ئۇ ئادەم ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. نەتىجىدە، بۇ مەسىلە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغانىدى، ئۇ:

ـــ ئى خالايىق! جۇھەينە قەبىلىسىدىن ئۇسەيفىئ دىنىنى ۋە ئەمىنلىك نامىنى «ھاجىلارنىڭ ئالدىغا چىقاتتى» دېگەن سۆزگە تېگىشىۋېتىشكە رازى بوپتۇ. بىلىپ قېلىڭلاركى، ئۇ يول توسۇپ قەرزگە مال ئېلىپ، قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىپتۇ، كىمنىڭ ئۇنىڭدا ئېلىشى بولسا، ئەتە ئالدىمىزغا كەلسۇن، بىز ئۇنىڭ قولىدا قالغان مالنى ئۇلارغا

تەقسىم قىلىپ بېرىمىز. قەرز ئېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار! چۈنكى ئۇنىڭ بېشى غەم، ئاخىرى ئۇرۇشتۇر، ـ دېدى.

(مالىك: 1501)

4801 - عن ابن المسيب: قضى عثمان أن من اقتضى من حقه قبل أن يفلس غريمه شيئاً فهو له.

4801 ـ ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەرزدار ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىققا ئۇچراشتىن بۇرۇن ھەق ئىگىسى ھەققىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئېلىپ بولسا، بۇ ئۇنىڭ ھەققىدۇر، ـ دەپ ھۆكۈم قىلغان.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

## ئارىيەت ئېلىش، مۈلۈكتىن پايدىلىنىش ھەققىنى ئۆمۈر بويى ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە ئۆلگەنگە قەدەر ئۆتۈنۈپ بېرىش، بەخش قىلىش ۋە ھەدىيە بېرىش

4802 - عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ رُفَيْعٍ عَنْ أُنَاسٍ مِنْ آلِ عَبدِ اللهِ بْنِ صَفْوَانَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَا صَفْوَانُ هَلْ عِنْدَكَ مِنْ سِلَاحٍ قَالَ عَوَرًا أَمْ غَصْبًا قَالَ لَا بَلْ عَوَرً فَأَعَارَهُ مَا بَيْنَ الثلَاثِينَ إِلَى الْأَرْبَعِينَ دِرْعًا وَغَزَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حُنَيْنًا فَلَما هُزِمَ الْمُشْرِكُونَ جُمِعَتْ دُرُوعُ صَفْوَانَ فَفَقَدَ مِنْهَا أَدْرَاعًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِصَفْوَانَ إِنا قَدْ فَقَدْنَا مِنْ أَدْرَاعِكَ أَدْرَاعًا فَهَلْ نَغْرَمُ لَكَ قَالَ لَا يَا رَسُولَ اللهِ لِأَن فِي قَلْبِي الْيَوْمَ مَا لَمْ يَكُنْ يَوْمَئِذٍ.

4802 ـ ئابدۇلئەزىز ئىبنى رۇفەيئ ئابدۇللاھ ئىبنى سەفۋان جەمەتىنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى سەفۋان! سەندە قورال ـ ياراق بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇ:

ــ ئارىيەتكىمۇ ياكى بىكارغىمۇ؟ ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئارىيەتكە، ــ دېگەنىدى، سەفۋان 30 بىلەن 40 ئارىسىدا قورال ۋە ساۋۇتنى ئارىيەتكە بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ قورال بىلەن ھۇنەين غازىتىغا يۈرۈش قىلدى. مۇشرىكلار مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قورال ۋە ساۋۇتلارنى يىغدۇرغانىدى، ئۇنىڭدىن بىرقانچىسى تېپىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفۋانغا:

ــ بىز بىرقانچە ساۋۇتنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى تۆلەپ بېرەيلى، ــ دېگەنىدى، ئۇ:

ــ ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! چۈنكى بۇگۈن مېنىڭ نىيىتىم ئۇ كۈندىكى نىيىتىمدىن باشقا، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3563)

4803 - عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَعَارَ قَصْعَةً فَضَاعَتْ فَضَمِنَهَا لَهُمْ.

4803 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قاچىنى ئارىيەتكە ئالغانىدى، كېيىن بۇ قاچا يوقاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، قاچىنىڭ ئىگىلىرىگە ئۇنى تۆلەپ بەردى[2].

(تىرمىزى: 1360)

4804 - عَنْ سَمُرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ عَلَى الْيَدِ مَا أَخَذَتْ حَتى تُؤَدِيَ قَالَ قَتَادَةُ ثُم نَسِيَ الْحَسَنُ فَقَالَ فَهُوَ أَمِينُكَ لَا ضَمَانَ عَلَيْهِ يَعْنِي الْعَارِيَةَ.

4804 ــ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئالغان قول چوقۇم بېرىشى كېرەك». قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ھەسەن بۇ ھەدىسنى ئۇنتۇپ قېلىپ: ”ئارىيەتكە ئالغۇچى ئارىيەتكە ئالغان نەرسىنى تۆلىمەيدۇ“ دەپ پەتىۋا بەرگەن[3].

(تىرمىزى: 1266)

4805 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ فِي الْخُطْبَةِ عَامَ حَجةِ الْوَدَاعِ الْعَارِيَةُ مُؤَداةٌ وَالزعِيمُ غَارِمٌ وَالدَيْنُ مَقْضِي.

4805 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋىدالىشىش ھەجىدىكى خۇتبىسىدە:

[1] ئەلبانى (3043): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (227): سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (217): زەئىپ، ـ دېگەن.

«ئارىيەتكە ئالغان نەرسە قايتۇرۇلىدۇ، كېپىل بولغۇچى تۆلەيدۇ، قەرز تۆلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

(تىرمىزى: 1265)

4806 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ نِعْمَ الْمَنِيحَةُ اللقْحَةُ الصفِي مِنْحَةً وَالشاةُ الصفِي تَغْدُو بِإِنَاءٍ وَتَرُوحُ بِإِنَاءٍ.

4806 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەخش قىلىنغان، تۇغۇتى يېقىنلاپ قالغان، ئەتىگەندە بىر چېلەك، كەچتە بىر چېلەك سۈت بېرىدىغان ئاقلىق (سۇتلۇك) تۆگە ۋە ئاقلىق ساغلىق ئەجەپ ياخشى سوۋغات ـ ھە؟!»

(بۇخارى: 2629)

4807 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أيمَا رَجُلٍ أُعْمِرَ عُمْرَى لَهُ وَلِعَقِبِهِ فَإِنهَا لِلذِي أُعْطِيَهَا لَا تَرْجِعُ إِلَى الذِي أَعْطَاهَا لِأَنهُ أَعْطَى عَطَاءً وَقَعَتْ فِيهِ الْمَوَارِيثُ.

4807 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر ئادەمگە ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا بىرەر مۈلۈك ئۆمۈر بويى پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۆتۈنۈپ بېرىلسە، ئۇ شۇ ئادەمنىڭ مۈلكى بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنى ئۆتۈنۈپ بەرگۈچىگە قايتۇرۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆتۈنۈپ بەرگەن نەرسىسى مىراسخورلۇق قىلىش ھۆكمىگە چۈشۈپ قالىدۇ».

(مۇسلىم: 1625)

4808 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أنهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَعْمَرَ رَجُلًا عُمْرَى لَهُ وَلِعَقِبِهِ فَقَدْ قَطَعَ قَوْلُهُ حَقهُ فِيهَا وَهِيَ لِمَنْ أُعْمِرَ وَلِعَقِبِهِ.

---

[1] ئەلبانى (1016): سەھىھ ـ دېگەن.

4808 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى بىرەر مۈلكنى مەلۇم بىر ئادەمگە ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا ئۆمۈر بويى پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۆتنۈپ بەرسە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئۇ مۈلكگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، شۇڭا ئۇ مۈلۈك ئۇنىڭدىن ئۆمۈر بويى پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۆتنۈپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ بولۇپ كېتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(مۇسلىم: 1625)

4809 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ إِنَمَا الْعُمْرَى الِتي أَجَازَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ أَنْ يَقُولَ هِيَ لَكَ وَلِعَقِبِكَ فَأَما إِذَا قَالَ هِيَ لَكَ مَا عِشْتَ فَإِنهَا تَرْجِعُ إِلى صَاحِبِهَا قَالَ مَعْمَرٌ وَكَانَ الزهْرِي يُفِْتي بِهِ.

4809 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىجازەت بەرگەن ئۆمۈر بويى پايدىلىنىش ھەققىنى ئۆتنۈپ بېرىش دېگىنىمىز، بىر ئادەمنىڭ: ''بۇ مۈلۈك ساڭا ۋە سېنىڭ ۋارىسلىرىڭغا قالسۇن'' دېگەن سۆزىگە قارىتىلغان. ئەگەر ئۇ ئادەم: ''بۇ مۈلۈك سەن ھايات ياشىغان مۇددەتكىچە سېنىڭ بولسۇن'' دېسە، بۇ چاغدا ئۇ مۈلۈك ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ. مەئمەر مۇنداق دەيدۇ: زۇھرى مۇشۇنداق پەتىۋا بېرەتتى.

(مۇسلىم: 1625)

4810 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ أَمسِكُوا عَلَيْكُمْ أَمَوالَكُمْ وَلَا تُفْسِدُوهَا فَإِنهُ مَنْ أَعْمَرَ عُمْرَى فَهيَ لِلذِي أُعْمِرَهَا حَيا وَمَيتًا وَلِعَقِبِهِ.

4810 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مال ـ مۈلكۈڭلارنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزەڭلار قوللىنىڭلار، ئۇنى بۇزۇپ چېچىۋەتمەڭلار. كىمكى بىرەر مۈلكنى باشقا بىرىگە ئۆمۈر بويى

ئۆتۈنۈپ بېرىۋەتسە، ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن كىشى مەيلى ھايات ياشىسۇن ياكى ئۆلۈپ كەتسۇن، ئۇ مۇلۇك ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ بولىدۇ».

(مۇسلىم: 1625)

4811 - عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تُرْقِبُوا وَلَا تُعْمِرُوا فَمَنْ أُرْقِبَ أَوْ أُعْمِرَ شَيْئًا فَهُوَ لِوَرَثَتِهِ.

4811 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇلۇكتىن ئۆلگەنگە قەدەر پايدىلىنىش ھەققىنى ۋە ئۆمۈر بويى پايدىلىنىش ھەققىنى ئۆتۈنۈپ بەرمەڭلار، كىمگە شۇنداق مۇلۇك ئۆتۈنۈپ بېرىلسە، بۇ ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا قالىدۇ»[1].

(نەسائى: 3731)

4812 ـ عَنْ عَطَاءٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْعُمْرَى وَالرقْبَى قُلْتُ وَمَا الرقْبَى قَالَ يَقُولُ الرجُلُ لِلرجُلِ هِيَ لَكَ حَيَاتَكَ فَإِنْ فَعَلْتُمْ فَهُوَ جَائِزَةٌ.

4812 ـ ئەتا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇلۇكتىن ئۆمۈر بويى پايدىلىنىش ھەققىنى ۋە ئۆلگەنگە قەدەر پايدىلىنىش ھەققىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن توسقان[2].

(نەسائى: 3738)

4813 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ، عَنْ أَبِيهِ وَسَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ، عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "لا تُعْمِرُوا، وَلا تُرْقِبُوا، فَإِنْ فَعَلْتُمْ فَهُوَ لِلْمُعْمَرِ وِلِلْمُرْقَبِ" قُلْتُ: وَكَيْفَ يَكُونُ ذَلِكَ؟ قَالَ: "الْعُمْرَى أَنْ تَقُولَ: هِيَ لَكَ حَيَاتَكَ، وَالرقْبَى أَنْ تَقُولَ: هُوَ لِلآخِرِ مِني وَمِنْكَ".

[1] ئەلبانى (3492): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3489): سەھىھ ـ دېگەن.

4813 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۈلۈكتىن ئۆمۈر بويى پايدىلىنىش ھەققىنى ۋە ئۆلگەنگە قەدەر پايدىلىنىش ھەققىنى ئۆتۈنۈپ بەرمەڭلار»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

4814 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تُرْقِبُوا أَمْوَالَكُمْ فَمَنْ أَرْقَبَ شَيْئًا فَهُوَ لِمَنْ أُرْقِبَهُ.

4814 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مال ـ مۈلكۈڭلارنى بىرىگە ئۇ ئۆلگەنگە قەدەر ئۆتۈنۈپ بەرمەڭلار، كىمكى شۇنداق قىلسا، ئۇ مۈلۈك ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن كىشىنىڭ بولۇپ كېتىدۇ»[②].

(نەسائى: 3709)

4815 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْعُمْرَى جَائِزَةٌ لِمَنْ أُعْمِرَهَا وَالرقْبى جَائِزَةٌ لِمَنْ أُرْقِبَهَا وَالْعَائِدُ فِي هِبَتِهِ كَالْعَائِدِ فِي قَيْئِهِ.

4815 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆمۈر بويى ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن مۈلۈكنىڭ ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن كىشىگە ئائىت بولۇپ كېتىشى، شۇنداقلا ئۆلگەنگە قەدەر ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن مۈلۈكنىڭمۇ ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن كىشىگە ئائىت بولۇپ كېتىشى جايىزدۇر. بەرگەن نەرسىسىنى قايتۇرۇۋالغۇچى قۇسۇقىنى يالىغان كىشىگە ئوخشايدۇ»[③].

(نەسائى: 3710)

---

[①] ھەيسەمى (6779): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسەننا ئىبنى سەباھ ئىسىملىك بىرى بار. كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، ئىبنى مۇئىن ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3470): سەھىھ ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (3471): سەھىھ ـ دېگەن.

4816 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ وَابْنِ عَباسٍ قَالَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَحِل لِأَحَدٍ أَنْ يُعْطِيَ الْعَطِيةَ فَيَرْجِعَ فِيهَا إِلا الْوَالِدَ فِيمَا يُعْطِي وَلَدَهُ وَمَثَلُ الذِي يُعْطِي الْعَطِيةَ فَيَرْجِعُ فِيهَا كَالْكَلْبِ يَأْكُلُ حَتى إِذَا شَبِعَ قَاءَ ثُم عَادَ فَرَجَعَ فِي قَيْئِهِ.

4816 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرەر نەرسىنى بەخش قىلىپ بەرگەن كىشىنىڭ ئۇنى ياندۇرۇۋېلىشى دۇرۇست ئەمەس، پەقەت ئاتىنىڭ بالىغا بەرگەن نەرسىنى ياندۇرۇۋېلىشى دۇرۇستتۇر. بىر نەرسىنى بېرىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنى ياندۇرىۋالغان كىشى تويغىچە يېگەن، ئاندىن قۇسقان، ئاندىن ئۆز قۇسۇقىنى يالىغان ئىتقا ئوخشايدۇ»[1].

(نەسائى: 3703)

4817 - عَنْ النعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ أَن أَبَاهُ أَتَى بِهِ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِني نَحَلْتُ ابْنِي هَذَا غُلَامًا فَقَالَ أَكُل وَلَدِكَ نَحَلْتَ مِثْلَهُ قَالَ لَا قَالَ فَارْجِعْهُ.

4817 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر مۇنداق دەيدۇ: ئاتام بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ:

ـ مەن بۇ ئوغلۇمغا بىر قۇلنى بېرىۋەتتىم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەممە بالىلىرىڭغا ئوخشاش بەردىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئاتام:

ـ ياق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق بولسا، ئۇنى قايتۇرىۋالغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 2586)

[1] ئەلبانى (3464): سەھىھ ـ دېگەن.

4818 - عَنْ النُعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ قَالَ تَصَدقَ عَلَي أَبِي بِبَعْضِ مَالِهِ فَقَالَتْ أُمي عَمْرَةُ بِنْتُ رَوَاحَةَ لَا أَرْضَى حَتى تُشْهِدَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَانْطَلَقَ أَبِي إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِيُشْهِدَهُ عَلَى صَدَقَتِي فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَفَعَلْتَ هَذَا بِوَلَدِكَ كُلهِمْ قَالَ لَا قَالَ اتقُوا اللهَ وَاعْدِلُوا فِي أَوْلَادِكُمْ فَرَجَعَ أَبِي فَرَد تِلْكَ الصدَقَةَ.

4818 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر مۇنداق دەيدۇ: ئاتام ماڭا بىر قىسىم مېلىنى سەدىقە قىلغانىدى. ئانام ئەمرە بىنتى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاتامغا:

ـ سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بۇ ئىشقا گۇۋاھ قىلمىغىچە مەن رازى بولمايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاتام ماڭا بەرگەن سەدىقىسىگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى گۇۋاھ قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا كەتكەنىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتامدىن:

ـ بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق قىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ، ئاتام:

ـــ ياق، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن، بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ اللهتىن قورقۇڭلار، پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار! ـ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاتام دەرھال ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ماڭا بەرگەن سەدىقىسىنى قايتۇرىۋالدى.

(مۇسلىم: 1623)

4819 - وفي رواية: فَقَالَ أَكُلهُمْ وَهَبْتَ لَهُ مِثْلَ هَذَا قَالَ لَا قَالَ فَلَا تُشْهِدْنِي إِذًا فَإِني لَا أَشْهَدُ عَلَى جَوْرٍ.

4819 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق نەقىل قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتامدىن:

ـــ بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش نەرسە بەردىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىكەن، ئاتام:

ـ ياق، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇنداق بولسا، مېنى گۇۋاھ قىلمىغىن، مەن زۇلۇمغا گۇۋاھ بولمايمەن، ـ دەپتۇ.

(مۇسلىم: 1623)

4820 - وفي أخرى: قَالَ فَأَشْهِدْ عَلَى هَذَا غَيْرِي ثُم قَالَ أَيسُرك أَنْ يَكُونُوا إِلَيْكَ فِي الْبِر سَوَاءً قَالَ بَلَى قَالَ فَلَا إِذًا.

4820 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق نەقىل قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇنداق بولسا، مەندىن باشقا ئادەمنى گۇۋاھ قىلغىن، بالىلىرىڭنىڭ ياخشىلىق قىلىشتا ساڭا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى سېنى خۇشال قىلامدۇ؟ ـ دېگەنىكەن، ئاتام:

ـــ ھەئە، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق ئىكەن، مەن گۇۋاھ بولمايمەن، ـ دەپتۇ.

(مۇسلىم: 1623)

4821 - عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهَا قَالَتْ إِن أَبَا بَكْرٍ الصديقَ كَانَ نَحَلَهَا جَاد عِشْرِينَ وَسْقًا مِنْ مَالِهِ بِالْغَابَةِ فَلَما حَضَرَتْهُ الْوَفَاةُ قَالَ وَاللهِ يَا بُنَيةُ مَا مِنْ الناسِ أَحَدٌ أَحَب إِلَي غِنًى بَعْدِي مِنْكِ وَلَا أَعَز عَلَي فَقْرًا بَعْدِي مِنْكِ وَإِني كُنْتُ نَحَلْتُكِ جَاد عِشْرِينَ وَسْقًا فَلَوْ كُنتِ جَدَدْتِيهِ وَاحْتَزْتِيهِ كَانَ لَكِ وَإِنمَا هُوَ الْيَوْمَ مَالُ وَارِثٍ وَإِنمَا هُمَا أَخَوَاكِ وَأُخْتَاكِ فَاقْتَسِمُوهُ عَلَى كِتَابِ اللهِ قَالَتْ عَائِشَةُ فَقُلْتُ يَا أَبَتِ وَاللهِ لَوْ كَانَ كَذَا وَكَذَا لَتَرَكْتُهُ إِنمَا هِيَ أَسْمَاءُ فَمَنْ الْأُخْرَى فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ ذُو بَطْنِ بِنْتِ خَارِجَةَ أُرَاهَا جَارِيَةً.

4821 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا غابە دېگەن جايدىكى خورمىسىدىن 20 ۋەسەق ئۈزۈۋېلىشىمنى بەخش قىلىپ بەرگەنىدى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا:

ـ ئى قىزىم! مەندىن كېيىن سېنىڭ باياشات ياشىشىڭ مېنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان، نامراتلىقتا قېلىشىڭ ئەڭ غەمكىن قىلىدىغان ئىشتۇر. مەن ساڭا خورمىدىن 20 ۋەسەق ئۈزۈۋېلىشىڭنى بەخش قىلغانىدىم. ئەگەر ئۇنى ئۈزۈۋېلىپ، ئىگىدارچىلىقىڭغا ئۆتكۈزۈپ بولغان بولساڭ، سېنىڭ بولاتتى. بىراق بۈگۈن ئۇ مالدا ئىككى ئوغۇل قېرىندىشىڭ بىلەن ئىككى قىز قېرىندىشىڭنىڭمۇ ھەققى بار. شۇڭا ئۇنى قېرىنداشلىرىڭلار ئارا اللهنىڭ كىتابىغا ئاساسەن بۆلۈشىۋېلىڭلار! ـ دېدى. مەن:

ـ ئى ئاتا! ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسە بولسىمۇ، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، ئەمما مېنىڭ قىز قېرىنداشلىرىمدىن بىرىغۇ ئەسما، يەنە بىرى كىم؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ــ خارىجەنىڭ قىزى (ھەبىبە)نىڭ قورسىقىدىكىسى، مەن ئۇنى قىزمىكىن دەپ ئويلايمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مالىك: 1474)

4822 - عن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ مَا بَالُ رِجَالٍ يَنْحَلُونَ أَبْنَاءَهُمْ نُحْلًا ثُم يُمْسِكُونَهَا فَإِنْ مَاتَ ابْنُ أَحَدِهِمْ قَالَ مَالِي بِيَدِي لَمْ أُعْطِهِ أَحَدًا وَإِنْ مَاتَ هُوَ قَالَ هُوَ لِابْنِي قَدْ كُنتُ أَعْطَيْتُهُ إِياهُ مَنْ نَحَلَ نِحْلَةً فَلَمْ يَحُزْهَا الذِي نُحِلَهَا حَتى يَكُونَ إِنْ مَاتَ لِوَرَثَتِهِ فَهِيَ بَاطِلٌ.

4822 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەزى كىشىلەرگە نېمە بولدىكىن ـ تاڭ، ئۇلار بالىلىرىغا بىر نەرسىلەرنى بەخش قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى قولىدا تۇتۇۋالىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن بىرىنىڭ شۇ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە:

ــ بۇ مال قولۇمدا، ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، ــ دەيدۇ. ناۋادا ئۆزى ئۆلۈپ كەتسە:

ــ بۇ مال ئوغلۇمنىڭدۇر، مەن ئۇنى ئۇنىڭغا بۇرۇنلا بېرىۋەتكەن، ــ دەيدۇ. كىمكى بىرەر نەرسىنى بەخش قىلىپ بېرىۋەتسە، ئاندىن بەخش قىلىنغان كىشى ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزىۋالماي تۇرۇپ، ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا ئۆزىنىڭ ۋارىسلىرىغا مىراس قالدۇرماقچى بولسا، بۇ ئىشى ئىناۋەتسىزدۇر.

(مالىك: 1475)

4823 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَن عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ قَالَ مَنْ نَحَلَ وَلَدًا لَهُ صَغِيرًا لَمْ يَبْلُغْ أَنْ يَحُوزَ نُحْلَهُ فَأَعْلَنَ ذَلِكَ لَهُ وَأَشْهَدَ عَلَيْهَا فَهِيَ جَائِزَةٌ وَإِنْ وَلِيَهَا أَبُوهُ.

4823 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: كىمكى بەخش قىلىنغان نەرسىنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزىۋالغىدەك ياشقا يەتمىگەن كىچىك بالىسىغا بىرەر نەرسىنى بەخش قىلىپ، بۇنى شۇ بالىغا بىلدۈرسە ۋە ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا بەرگەنلىكىگە باشقىلارنى گۇۋاھ قىلسا، ناۋادا ئۇ نەرسىگە ئۇ بالىنىڭ ئاتىسى ئىگىدارچىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ دۇرۇستتۇر.

(مالىك: 1503)

4824 - عَنْ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ مَنْ وَهَبَ هِبَةً لِصِلَةِ رَحِمٍ أَوْ عَلَى وَجْهِ صَدَقَةٍ فَإِنهُ لَا يَرْجِعُ فِيهَا وَمَنْ وَهَبَ هِبَةً يَرَى أَنهُ إِنمَا أَرَادَ بِهَا الثوَابَ فَهُوَ عَلَى هِبَتِهِ يَرْجِعُ فِيهَا إِذَا لَمْ يُرْضَ مِنْهَا.

4824 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق يۈزىسىدىن ياكى سەدىقە بېرىش نىيىتىدە بىرىگە بىر نەرسە بەرسە، ئۇنى قايتۇرىۋالالمايدۇ. كىمكى بىرىگە بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭدىنمۇ بىر نەرسە تەمە قىلغان ئاساستا

بەرسە، ئاندىن ئۇ كىشىدىن كۆتكەن نەرسىگە ئېرىشەلمىگەن تەقدىردە، ئۇنى ياندۇرىۋالسا بولىدۇ.

(مالىك: 1477)

4825 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَنَّهُ سَمِعَهُ يُحَدِّثُ قَالَ أَرَدْتُ الْخُرُوجَ إِلَى خَيْبَرَ فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَسَلَّمْتُ عَلَيْهِ وَقُلْتُ لَهُ إِنِّي أَرَدْتُ الْخُرُوجَ إِلَى خَيْبَرَ فَقَالَ إِذَا أَتَيْتَ وَكِيلِي فَخُذْ مِنْهُ خَمْسَةَ عَشَرَ وَسْقًا فَإِنْ ابْتَغَى مِنْكَ آيَةً فَضَعْ يَدَكَ عَلَى تَرْقُوَتِهِ.

4825 - جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن خەيبەرگە بارماقچى بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە ئۇنىڭغا سالام بېرىپ:

— مەن خەيبەرگە بارماقچى بولىۋاتىمەن، — دېسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— مېنىڭ ۋەكىلىمنىڭ قېشىغا بارساڭ، ئۇنىڭدىن 15 ۋەسەق خورما ئېلىپ كەلگىن، ئەگەر ئۇ سەندىن بەلگە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلسا، قولۇڭنى ئۇنىڭ كېكىردىكىگە قويغىن! - دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3632)

4826 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ أَنَّ أَبَاهُ حَدَّثَهُ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ لَمَّا فَتَحَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَكَّةَ قَامَ خَطِيبًا فَقَالَ فِي خُطْبَتِهِ لَا يَجُوزُ لِامْرَأَةٍ عَطِيَّةٌ إِلَّا بِإِذْنِ زَوْجِهَا مُخْتَصَرٌ.

4826 — ئەمىر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن، ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە سۆزلىدى ۋە خۇتبىسىدە: «خوتۇن كىشىنىڭ

[1] ئەلبانى (784): زەئىپ، - دېگەن.

ئېرىنىڭ ئىزنىنى ئالماي تۇرۇپ بىرەر نەرسىنى باشقا بىرىگە بېرىشى دۇرۇست ئەمەس» دېدى[①].

(نەسائى: 2540)

4827 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يَجُوزُ لِامْرَأَةٍ أَمْرٌ فِي مَالِهَا إِذَا مَلَكَ زَوْجُهَا عِصْمَتَهَا.

4827 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەر كىشى خوتۇنىنى ئەمرىگە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ خوتۇن ئۆزىنىڭ مۈلكىنىمۇ خالىغانچە ئىشلىتەلمەيدۇ»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3546)

4828 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ تَهَادَوْا فَإِنَّ الْهَدِيَّةَ تُذْهِبُ وَحَرَ الصَّدْرِ وَلَا تَحْقِرَنَّ جَارَةٌ لِجَارَتِهَا وَلَوْ شِقَّ فِرْسِنِ شَاةٍ.

4828 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ـ بىرىڭلارغا ھەدىيە قىلىشىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ھەدىيە كۆڭۈل غەشلىكىنى كەتكۈزىدۇ. بىر قوشنا يەنە بىر قوشنىسىغا قوينىڭ پاچىقى چاغلىق نەرسىنى بېرىشنىمۇ كىچىك چاغلىمىسۇن»[③].

(تىرمىزى: 2130)

4829 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقْبَلُ الْهَدِيَّةَ وَيُثِيبُ عَلَيْهَا.

---

① ئەلبانى (2380): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (3030): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (378): زەئىپ ـ دېگەن.

4829 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىيەنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بەدىلىگە مۇۋاپىق شەكىلدە ھەدىيە بېرەتتى.

(بۇخارى: 2585)

4830 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ أُهْدِيَ إِلَي كُرَاعٌ لَقَبِلْتُ وَلَوْ دُعِيتُ عَلَيْهِ لَأَجَبْتُ.

4830 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پاچاق چاغلىق نەرسە ھەدىيە بېرىلسىمۇ، ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمەن، چاقىرغان يەرگە ئەلۋەتتە بارىمەن»[1].

(تىرمىزى: 1338)

4831 - عَنْ عَلِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن كِسْرَى أَهْدَى لَهُ فَقَبِلَ وَأَن الْمُلُوكَ أَهْدَوْا إِلَيْهِ فَقَبِلَ مِنْهُمْ.

4831 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىسرا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەدىيە ئەۋەتكەندى، ئۇنى قوبۇل قىلدى. باشقا پادىشاھلارمۇ ھەدىيە ئەۋەتكەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىمۇ قوبۇل قىلدى[2].

(تىرمىزى: 1576)

4832 - عَنْ عِيَاضِ بْنِ حِمَارٍ أَنهُ أَهْدَى لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَدِيةً لَهُ أَوْ نَاقَةً فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسْلَمْتَ قَالَ لَا قَالَ فَإِني نُهِيتُ عَنْ زَبْدِ الْمُشْرِكِينَ.

4832 ـ ئىياز ئىبنى ھىمار مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر تۆگە ھەدىيە قىلغانىدىم، ئۇ:

ــ مۇسۇلمان بولدۇڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

[1] ئەلبانى (1075): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (271): ئىنتايىن زەئىپ ـ دېگەن.

ــ ياق، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ــ مەن مۇشرىكلارنىڭ بەرگەن نەرسىسىنى ئېلىشتىن چەكلەنگەن، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 1577)

4833 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن أَعْرَابِيا أَهْدَى لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَكْرَةً فَعوضَهُ مِنْهَا سِت بَكَرَاتٍ فَتَسَخطَهُ فَبَلَغَ ذَلِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَحَمِدَ اللهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ ثُم قَالَ إِن فُلَانًا أَهْدَى إِلَي نَاقَةً فَعوضْتُهُ مِنْهَا سِت بَكَرَاتٍ فَظَل سَاخِطًا وَلَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ لَا أَقْبَلَ هَدِيةً إِلا مِنْ قُرَشِي أَوْ أَنْصَارِي أَوْ ثَقَفِي أَوْ دَوْسِي.

4833 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر چىشى بوتىلاق ھەدىيە قىلدى. كېيىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بەدىلىگە ئالتە چىشى بوتىلاقنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغانىدى، ئۇ بۇنىڭغا ئاچچىغلاندى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكەندى، ئۇ الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن:

ــ پالانى كىشى ماڭا بىر چىشى تۆگە ھەدىيە قىلغانىدى، مەن ئۇنىڭ بەدىلىگە ئالتە چىشى بوتىلاق ھەدىيە قىلسام، ئۇ بۇنىڭغا ئاچچىغلاپتۇ. شۇڭا مەن بۇنىڭدىن كېيىن قۇرەيش، ئەنسارى، سەقەفى ياكى دەۋسى قەبىلىلىرىدىن بولمىغان ھېچبىر ئادەمدىن ھەدىيە قوبۇل قىلماسلىقنى نىيەت قىلدىم، ـ دېدى[②].

(تىرمىزى: 3945)

4834 - عَنْ ذِي الْجَوْشَنِ رَجُلٍ مِنْ الضبَابِ قَالَ أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ أَنْ فَرَغَ مِنْ أَهْلِ بَدْرٍ بِابْنِ فَرَسٍ لِي يُقَالُ لَهَا الْقَرْحَاءُ فَقُلْتُ يَا مُحَمدُ إِني قَدْ جِئْتُكَ

---

[①] ئەلبانى (1281): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3091): سەھىھ ـ دېگەن.

بِأبنِ الْقَرْحَاءِ لِتتخذهُ قَالَ لَا حَاجَةَ لِي فِيهِ وَإِنْ شِئْتَ أَنْ أُقِيضَكَ بِهِ الْمُخْتَارَةَ مِـنْ دُرُوعِ بَدْرٍ فَعَلْتُ قُلْتُ مَا كُنتُ أُقِيضُهُ الْيَوْمَ بِغُرةٍ قَالَ فَلَا حَاجَةَ لِي فِيهِ.

4834 ـ زىباب قەبىلىسىدىن زۇلجەۋشەن دەپ ئاتىلىپ قالغان بىر ئادەم مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر ئۇرۇشىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ قېشىغا قەرھا ئىسىملىك بايتالىمىنىڭ ئەركەك تېيىنى ئېلىپ بېرىپ:

ــ ئى مۇھەممەد! مەن ساڭا بۇ تاينى ئېلىپ كەلدىم، ئۇنى ئۆزەڭ مىنىدىغان ئات قىلىۋالغىن! ـ دېدىم. ئۇ:

ــ تېيىڭغا ئېھتىياجىم يوق، لېكىن، مەن ئۇنىڭ بەدىلىگە بەدر ئۇرۇشىدا غەنىمەت ئېلىنغان ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلارنىڭ سەرخىلىدىن ساڭا بەرسەم، ئۇنى قوبۇل قىلساڭ، مەن تېيىڭنى قوبۇل قىلاي، ــ دېدى. مەن:

ــ مۇنداق ئېسىل تاينىڭ بەدىلىگە ساۋۇت ـ دۇبۇلغا ئالمايمەن، ــ دېسەم، ئۇ:

ــ ئۇنداقتا، ئۇ تېيىڭغا ئېھتىياجىم يوق، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2786)

4835 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن مَلِكَ ذِي يَزَنَ أَهْدَى إِلَى رَسُولِ اللهِ صَـلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حُلةً أَخَذَهَا بِثَلَاثَةٍ وَثَلَاثِينَ بَعِيرًا أَوْ ثَلَاثٍ وَثَلَاثِينَ نَاقَةً فَقَبِلَهَا.

4835 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: زۇيەزەننىڭ پادىشاھى 33 تۆياق تۆگە بېرىپ سېتىۋالغان بىر قۇر كىيىمنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەدىيە قىلغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قوبۇل قىلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4034)

[1] ئەلبانى (594): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (871): زەئىپ، ـ دېگەن.

4836 - عَنْ إِسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ الْحَارِثِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اشْتَرَى حُلةً بِبِضْعَةٍ وَعِشْرِينَ قَلُوصًا فَأَهْدَاهَا إِلَى ذِي يَزَنَ.

4836 ـ ئىسھاق ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قۇر كىيىمنى يىگىرمە نەچچە ياش تۆگىگە سېتىۋېلىپ، زۇيەزەن پادىشاھىغا ھەدىيە قىلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4035)

4837 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ شَفَعَ لِأَخِيهِ بِشَفَاعَةٍ فَأَهْدَى لَهُ هَدِيةً عَلَيْهَا فَقَبِلَهَا فَقَدْ أَتَى بَابًا عَظِيمًا مِنْ أَبْوَابِ الربَا.

4837 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر قېرىندىشىغا مەلۇم بىر ئىشتا شاپائەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ قېرىندىشى ئۇنىڭغا بىرەر نەرسىنى ھەدىيە قىلسا ۋە ئۇ ئۇنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلسا، جازانىنىڭ ئەڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەن بولىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3541)

4838 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ قَالَ عَلمْتُ نَاسًا مِنْ أَهْلِ الصفةِ الْكِتَابَ وَالْقُرْآنَ فَأَهْدَى إِلَي رَجُلٌ مِنْهُمْ قَوْسًا فَقُلْتُ لَيْسَتْ بِمَالٍ وَأَرْمِي عَنْهَا فِي سَبِيلِ اللهِ عَز وَجَل لَآتِيَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَأَسْأَلَنهُ فَأَتَيْتُهُ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ رَجُلٌ أَهْدَى إِلَي قَوْسًا مِمنْ كُنْتُ أُعَلمُهُ الْكِتَابَ وَالْقُرْآنَ وَلَيْسَتْ بِمَالٍ وَأَرْمِي عَنْهَا فِي سَبِيلِ اللهِ قَالَ إِنْ كُنْتَ تُحِب أَنْ تُطَوقَ طَوْقًا مِنْ نَارٍ فَاقْبَلْهَا.

4838 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ’’ئەھلى سۇففە‘‘ دەپ ئاتىلىپ قالغان ساھابىلەرنىڭ بىر قىسمىغا خەت

[1] ئەلبانى (872): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3025): ھەسەن، ـ دېگەن.

يېزىشنى ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەتكەنىدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ماڭا بىر ئوقيا ھەدىيە قىلدى. مەن:

ــ بۇ ئوقيا ئانچە پۇلغا ياراپ كەتمىگۈدەك، مەن ئۇنى الله يولىدا ئىشلىتىمەن. شۇڭا مەن چوقۇم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ مەسىلىنى سوراپ بېقىشىم كېرەك، ــ دېدىم ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن خەت يېزىشنى ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويغان ئادەملەردىن بىرى ماڭا ئانچە پۇلغا ياراپ كەتمەيدىغان بىر ئوقيا بەرگەنىدى، مەن ئۇنى ئېلىپ، الله يولىدا ئىشلەتسەم بولامدۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ (بوينۇڭغا) ئوتتىن تاقاق سېلىنىشىنى خالىساڭ، ئۇنى قوبۇل قىلغىن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3416)

4839 - عَنِ ٱبْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى الله عَلَيْهِ وَسَلمَ: مَنْ أُهْدِيَتْ لَهُ هَدِيةٌ، وَعِنْدَهُ قَوْمٌ فَهُمْ شُرَكَاؤُهُ فِيهَا.

4839 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن بىرىگە ھەدىيە بەرسەم، ئۇنىڭ قېشىدا باشقىلار بولسا، ئۇلارمۇ ئۇ ھەدىيەگە شېرىكتۇر»[2].

(«ئەلكەبىر»: 11183؛ «ئەلئەۋسەت»)

4840 - عن عَبْدُ اللهِ بن عِيَاضٍ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: رَأَيتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَهْدَى لَهُ عُكةً مِنْ عَسَلٍ فَقَبِلَهَا، وَقَالَ: "احْمِ شِعْبِي، فَحَمَاهُ لَهُ وَكَتَبَ لَهُ كِتَابًا".

---

[1] ئەلبانى (2915): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6728): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مىندىل ئىبنى ئەلى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. ئەمما بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك بىرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

4840 ـ ئىياز ئىبنى ئابدۇللاھ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر كورا ھەسەل ھەدىيە قىلغانلىقىنى ۋە:

ــ مېنىڭ مەھەللەمنى ھىمايەڭگە ئالغىن! ــ دېگەنلىكىنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇ ھەدىيەنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مەھەللىسىنى ھىمايىسىگە ئالغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم[①].

(«ئەلكەبىر»: 369/17)

4841 ـ عن جابر، عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «هدايا الأمراء غلول».

4841 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«باشلىقلارغا سوۋغات بېرىش خىيانەتتۇر»[②].

(«ئەلئەۋسەت»)

4842- عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبِي إِسْحَقَ الْهُنَائِي قَالَ سَأَلْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ الرجُلُ مِنا يُقْرِضُ أَخَاهُ الْمَالَ فَيُهْدِي لَهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَقْرَضَ أَحَدُكُمْ قَرْضًا فَأَهْدَى لَهُ أَوْ حَمَلَهُ عَلَى الدابةِ فَلَا يَرْكَبْهَا وَلَا يَقْبَلْهُ إِلا أَنْ يَكُونَ جَرَى بَيْنَهُ وَبَيْنَهُ قَبْلَ ذَلِكَ.

4842 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار بىراۋغا قەرز بېرىپ تۇرسا، ئاندىن قەرز ئالغان كىشى ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلسا ياكى ئۇنى بىرەر ئۇلاغقا مىندۇرۇپ قويسا، ئۇ بۇ ھەدىيەنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمىسۇن ۋە ئۇلاغقا مىنمىسۇن، پەقەت مۇشۇنداق سوۋغا ـ سالام بېرىش قەرز ئېلىشتىن

[①] ھەيسەمى (6734): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.
[②] ھەيسەمى (6743): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

بۇرۇن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ تۇرغان بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ»[①].

(ئىبنى ماجە: 2432)

[①] ئەلبانى (529): زەئىپ، ـ دېگەن.

## شېرىكلىشىش، كېپىل بولۇش، گۆرۈگە قويۇش، ئىجارىگە بېرىش، ۋاكالەتچى بولۇش، پاي قوشۇش ۋە تارتىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر

4843 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَفَعَهُ قَالَ إِن اللهَ يَقُولُ أَنَا ثَالِثُ الشرِيكَيْنِ مَا لَمْ يَخُنْ أَحَدُهُمَا صَاحِبَهُ فَإِذَا خَانَهُ خَرَجْتُ مِنْ بَيْنِهِمَا.

4843 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللہ تائالا: ”ئىككى شېرىك بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلمىغان مۇددەتچە مەن ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى (يەنى ئۈچىنچى شېرىكى) بولىمەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى خىيانەت قىلىپ قالسا، مەن ئۇلار بىلەن بولغان شېرىكچىلىكتىن چىقىپ كېتىمەن“ دېدى»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3383)

4844 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ اشْتَرَكْتُ أَنَا وَعَمارٌ وَسَعْدٌ يَوْمَ بَدْرٍ فَجَاءَ سَعْدٌ بِأَسِيرَيْنِ وَلَمْ أَجِئْ أَنَا وَلَا عَمارٌ بِشَيْءٍ.

4844 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈنى مەن، ئەممار ۋە سەئد ئۈچىمىز شېرىك بولغانىدۇق. سەئد ئىككى ئەسىر تۇتۇپ كەلدى، ئەمما ئەممار بىلەن ئىككىمىز ھېچ نەرسە ئېلىپ كېلەلمىدۇق[2].

(نەسائى: 3937)

---

[1] ئەلبانى (732): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (259): زەئىپ، ـ دېگەن.

4845 - عَنْ زُهْرَةَ بْنِ مَعْبَدٍ عَنْ جَدِهِ عَبْدِ اللهِ بْنِ هِشَامٍ وَكَانَ قَدْ أَدْرَكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَذَهَبَتْ بِهِ أُمهُ زَيْنَبُ بِنْتُ حُمَيْدٍ إِلى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ بَايِعْهُ فَقَالَ هُوَ صَغِيرٌ فَمَسَحَ رَأْسَهُ وَدَعَا لَهُ وَعَنْ زُهْرَةَ بْنِ مَعْبَدٍ أَنهُ كَانَ يَخْرُجُ بِهِ جَدهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ هِشَامٍ إِلى السوقِ فَيَشْتَرِي الطعَامَ فَيَلْقَاهُ ابْنُ عُمَرَ وَابْنُ الزبَيْرِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا فَيَقُولَانِ لَهُ أَشْرِكْنَا فَإِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ دَعَا لَكَ بِالْبَرَكَةِ فَيَشْرَكُهُمْ فَرُبمَا أَصَابَ الراحِلَةَ كَمَا هِيَ فَيَبْعَثُ بِهَا إِلى الْمَنْزِلِ.

4845 ـ زۇھرە ئىبنى مەئبەد مۇنداق دەيدۇ: بوۋام ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەن كىچىك ساھابىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى زەينەب بىنتى ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئوغلۇمدىن بەيئەت ئالغىن! — دېگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ تېخى كىچىك ئىكەن، ـ دېگەنىكەن، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ، بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلغانىكەن. بوۋام ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام مېنى بازارغا بىللە ئېلىپ چىقاتتى ۋە ئاشلىق سېتىۋالاتتى. ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇچراپ قالاتتى ۋە:

— بىزنى بۇ مېلىڭغا شېرىك قىلىۋالغىن، چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلغانىدى، ـ دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى شېرىك قىلاتتى. بەزىدە بىر تۆگە پايدا ئالاتتى ۋە ئۇنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ بېرەتتى.

(بۇخارى: 2502)

4846 - عَنْ السائِبِ قَالَ أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَعَلُوا يُثْنُونَ عَلَي وَيَذْكُرُونِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنَا أَعْلَمُكُمْ يَعْنِي بِهِ قُلْتُ صَدَقْتَ بِأَبِي أَنتَ وَأُمي كُنتَ شَرِيكِي فَنِعْمَ الشرِيكُ كُنتَ لَا تُدَارِي وَلَا تُمَارِي.

4846 ـ سائىب مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەنىدىم، ساھابىلەر مېنى ماختىغىلى تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەن ئۇنى سىلەردىن ياخشىراق بىلىمەن، ـ دېدى. مەن:

ــ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! راست ئېيتتىڭ، سەن مېنىڭ شېرىكىم ئىدىڭ، سەن ئەجەپمۇ ياخشى شېرىك ئىدىڭ، بىرەر ئىشتىن توسمايتتىڭ ۋە ھېچكىم بىلەن جېدەل قىلمايتتىڭ، ـ دېدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4836)

4847 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ رَجُلًا لَزِمَ غَرِيمًا لَهُ بِعَشَرَةِ دَنَانِيرَ فَقَالَ وَاللهِ لَا أُفَارِقُكَ حَتَّى تَقْضِيَنِي أَوْ تَأْتِيَنِي بِحَمِيلٍ فَتَحَمَّلَ بِهَا النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَتَاهُ بِقَدْرِ مَا وَعَدَهُ فَقَالَ لَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ أَيْنَ أَصَبْتَ هَذَا الذَّهَبَ قَالَ مِنْ مَعْدِنٍ قَالَ لَا حَاجَةَ لَنَا فِيهَا وَلَيْسَ فِيهَا خَيْرٌ فَقَضَاهَا عَنْهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

4847 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم ئون تىللا قەرز بېرىپ تۇرغان قەرزدارنىڭ ئارقىغا كىرىۋېلىپ:

ــ سەن پۇلۇمنى بەرمىگىچە ياكى بىرەر كېپىل تېپىپ بەرمىگىچە، مەن سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قەرزگە كېپىل بولدى. قەرزدار ۋەدە قىلغان ۋاقىت توشقاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ ئالتۇنلارنى قەيەردىن تاپتىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ كاندىن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ ئالتۇنلىرىڭغا بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز يوق، چۈنكى ئۇنىڭدا ياخشىلىق يوق، ــ دېدى ۋە ئۇنىڭ قەرزىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى تۆلىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3328)

[1] ئەلبانى (4049): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2847): سەھىھ ـ دېگەن.

4848 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الرهْنُ يُرْكَبُ بِنَفَقَتِهِ إِذَا كَانَ مَرْهُونًا وَلَبَنُ الدر يُشْرَبُ بِنَفَقَتِهِ إِذَا كَانَ مَرْهُونًا وَعَلَى الذِي يَرْكَبُ وَيَشْرَبُ النفَقَةُ.

4848 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«گۆرۈگە قويۇلغان ئۇلاغنى چىقىمىغا چۇشلۇق مىنىشكە بولىدۇ، گۆرۈگە قويۇلغان سېغىن ھايۋاننى چىقىمىغا چۇشلۇق سېغىپ ئىچىشكە بولىدۇ. چىقىمىنى ئۇلاغنى مىنگەن ۋە سۈتىنى ئىچكەن كىشى كۆتۈرىدۇ».

(بۇخارى: 2512)

4849 - عن أبي هريرة رفعه: الرهن لمن رهنه له غنمه وعليه غرمه.

4849 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە گۆرۈگە قويغان كىشىنىڭدۇر، ئۇ نەرسىنىڭ كىرىمىمۇ، چىقىمىمۇ ئۇنىڭغا ئائىت بولىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4850 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَغْلَقُ الرهْنُ. قَالَ مَالِك وَتَفْسِيرُ ذَلِكَ فِيمَا نُرَى وَاللهُ أَعْلَمُ أَنْ يَرْهَنَ الرجُلُ الرهْنَ عِنْدَ الرجُلِ بِالشيْءِ وَفِي الرهْنِ فَضْلٌ عَما رُهِنَ بِهِ فَيَقُولُ الراهِنُ لِلْمُرْتَهِنِ إِنْ جِئْتُكَ بِحَقكَ إِلَى أَجَلٍ يُسَميهِ لَهُ وَإِلا فَالرهْنُ لَكَ بِمَا رُهِنَ فِيهِ قَالَ فَهَذَا لَا يَصْلُحُ وَلَا يَحِل وَهَذَا الذِي نُهِيَ عَنْهُ وَإِنْ جَاءَ صَاحِبُهُ بِالذِي رَهَنَ بِهِ بَعْدَ الْأَجَلِ فَهُوَ لَهُ وَأُرَى هَذَا الشرْطَ مُنْفَسِخًا.

4850 ـ مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەي تۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ». ئىمام مالىك بۇنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

بىر ئادەم بىر نەرسىنى باشقا بىر ئادەمنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويۇپ قويىدۇ. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە ئالغان نەرسىدىن ئارتۇقتۇر. گۆرۈگە قويغۇچى گۆرۈگە قويۇلغۇچىغا:

ــ سېنىڭ ھەققىڭنى پالانى ۋاقىتقىچە ئېلىپ كېلەلىسەم، گۆرۈگە قويغان نەرسىنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىسەن، شۇ ۋاقىتقىچە ئېلىپ كېلەلمىسەم، گۆرۈگە قويغان نەرسە سېنىڭ بولسۇن، ــ دەيدۇ. مۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس ھەم ھالال بولمايدۇ. مۇنداق قىلىش شەرىئەتتە چەكلەنگەن. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان مالنىڭ ئىگىسى بەلگىلىگەن ۋاقىتتىن كېيىن بولسىمۇ، گۆرۈگە قويۇلغان ئادەمنىڭ ھەققىنى ئېلىپ كەلسە، گۆرۈگە قويغان مالنى قايتۇرىۋالىدۇ ۋە ھېلىقى شەرت ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

(مالىك: 1437)

4851 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اشْتَرَى طَعَامًا مِنْ يَهُودِي إِلَى أَجَلٍ وَرَهَنَهُ دِرْعًا مِنْ حَدِيدٍ.

4851 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساۋۇتىنى بىر يەھۇدىيغا گۆرۈگە قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئاشلىق سېتىۋالغانىدى.

(بۇخارى: 2068)

4852 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْطُوا الْأَجِيرَ أَجْرَهُ قَبْلَ أَنْ يَجِف عَرَقُهُ.

4852 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ھەققىنى ئۇنىڭ تەرى قۇرۇماستىن بۇرۇن بېرىڭلار»[1].

(ئىبنى ماجە: 2443؛ «ئەلئەۋسەت»)

[1] ئەلبانى (1980): سەھىھ ـ دېگەن.

4853 - عن أبي هُرَيْرَةَ قال: نَشَأْتُ يَتِيمًا وَهَاجَرْتُ مِسْكِينًا وَكُنْتُ أَجِيرًا لِابْنَةِ غَزْوَانَ بِطَعَامِ بَطْنِي وَعُقْبَةِ رِجْلِي أَحْطِبُ لَهُمْ إِذَا نَزَلُوا وَأَحْدُو لَهُمْ إِذَا رَكِبُوا فَالْحَمْدُ لِلهِ الذِي جَعَلَ الدينَ قِوَامًا وَجَعَلَ أَبا هُرَيْرَةَ إِمَامًا.

4853 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن يېتىم چوڭ بولدۇم، مىسكىن (يەنى ھېچ نەرسەم يوق) ھىجرەت قىلدىم، غەزۋاننىڭ قىزىغا قورسىقىمنى بېقىش ۋە سەپەر قىلغاندا ئۇلاغقا نۆۋەتلىشىپ مىنىشىش بەدىلىگە خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىدىم. ئۇلار بىر جايغا چۈشكۈن قىلغاندا، مەن ئۇلارغا ئوتۇن تېرىپ بېرەتتىم. ئۇلار ئۇلاغقا مىنگەندە ئۇلاغلىرىنى ھەيدەيتتىم. يەر يۈزىدە دىننى بەرپا قىلغان ۋە ئەبۇ ھۇرەيرەنى ئىمام قىلغان ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن[1].

(ئىبنى ماجە: 2445)

4854 - عَنْ عُرْوَةَ الْبَارِقِي قَالَ دَفَعَ إِلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دِينَارًا لِأَشْتَرِيَ لَهُ شَاةً فَاشْتَرَيْتُ لَهُ شَاتَيْنِ فَبِعْتُ إِحْدَاهُمَا بِدِينَارٍ وَجِئْتُ بِالشاةِ وَالدينَارِ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ لَهُ مَا كَانَ مِنْ أَمْرِهِ فَقَالَ لَهُ بَارَكَ اللهُ لَكَ فِي صَفْقَةِ يَمِينِكَ فَكَانَ يَخْرُجُ بَعْدَ ذَلِكَ إِلَى كُنَاسَةِ الْكُوفَةِ فَيَرْبَحُ الرِبْحَ الْعَظِيمَ فَكَانَ مِنْ أَكْثَرِ أَهْلِ الْكُوفَةِ مَالًا.

4854 ـ ئۇرۋە بارىقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قوي سېتىۋېلىش ئۈچۈن ماڭا بىر تىللا بەردى. مەن ئۇ پۇلغا ئىككى قوي سېتىۋالدىم. ئاندىن بىر قوينى بىر تىللاغا سېتىپ، يەنە بىر قوي بىلەن بىر تىللا پۇلنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردىم ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئاللاھ تىجارىتىڭگە بەرىكەت بەرسۇن! ـ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن كۇفە شەھىرىنىڭ كۇناسە مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالدىم ۋە تىجارەت قىلىپ

[1] ئەلبانى (534): زەئىپ، ـ دېگەن.

ناھايىتى جىق پايدا ئالدىم. كېيىنچە مەن كۇفە ئاھالىسىنىڭ ئەڭ باي كىشىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدىم[1].

(تىرمىزى: 1258)

4855 - عَنْ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَعَثَ مَعَهُ بِدِينَارٍ يَشْتَرِي لَهُ أُضْحِيَةً فَاشْتَرَاهَا بِدِينَارٍ وَبَاعَهَا بِدِينَارَيْنِ فَرَجَعَ فَاشْتَرَى لَهُ أُضْحِيَةً بِدِينَارٍ وَجَاءَ بِدِينَارٍ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَتَصَدَّقَ بِهِ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَدَعَا لَهُ أَنْ يُبَارَكَ لَهُ فِي تِجَارَتِهِ.

4855 ـ ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا بىر تىللا پۇلنى بېرىپ، قۇربانلىق قوي سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. مەن بىر تىللاغا بىر قوي سېتىۋېلىپ، يولدا ئۇنى ئىككى تىللاغا ساتتىم. ئاندىن قايتىپ بېرىپ بىر تىللاغا يەنە بىر قوي سېتىۋېلىپ، قالغان بىر تىللا پۇلنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ بىر تىللا پۇلنى ماڭا سەدىقە بەردى ۋە اللەتىن تىجارىتىمگە بەرىكەت بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3386)

4856 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ قَالَ خَرَجَ عَبْدُ اللَّهِ وَعُبَيْدُ اللَّهِ ابْنَا عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ فِي جَيْشٍ إِلَى الْعِرَاقِ فَلَمَّا قَفَلَا مَرَّا عَلَى أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِيِّ وَهُوَ أَمِيرُ الْبَصْرَةِ فَرَحَّبَ بِهِمَا وَسَهَّلَ ثُمَّ قَالَ لَوْ أَقْدِرُ لَكُمَا عَلَى أَمْرٍ أَنْفَعُكُمَا بِهِ لَفَعَلْتُ ثُمَّ قَالَ بَلَى هَاهُنَا مَالٌ مِنْ مَالِ اللَّهِ أُرِيدُ أَنْ أَبْعَثَ بِهِ إِلَى أَمِيرِ الْمُؤْمِنِينَ فَأُسْلِفُكُمَاهُ فَتَبْتَاعَانِ بِهِ مَتَاعًا مِنْ مَتَاعِ الْعِرَاقِ ثُمَّ تَبِيعَانِهِ بِالْمَدِينَةِ فَتُؤَدِّيَانِ رَأْسَ الْمَالِ إِلَى أَمِيرِ الْمُؤْمِنِينَ وَيَكُونُ الرِّبْحُ لَكُمَا فَقَالَا وَدِدْنَا ذَلِكَ فَفَعَلَ وَكَتَبَ إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ أَنْ يَأْخُذَ مِنْهُمَا الْمَالَ فَلَمَّا قَدِمَا بَاعَا فَأُرْبِحَا فَلَمَّا دَفَعَا ذَلِكَ إِلَى عُمَرَ قَالَ أَكُلُّ الْجَيْشِ أَسْلَفَهُ مِثْلَ مَا أَسْلَفَكُمَا قَالَا لَا فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ ابْنَا أَمِيرِ الْمُؤْمِنِينَ

[1] ئەلبانى (1010): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (733): زەئىپ ـ دېگەن.

فَأَسْلَفَكُمَا أَدِيَا الْمَالَ وَرِبْحَهُ فَأَما عَبْدُ اللهِ فَسَكَتَ وَأَما عُبَيْدُ اللهِ فَقَالَ مَا يَنْبَغِي لَكَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ هَذَا لَوْ نَقَصَ هَذَا الْمَالُ أَوْ هَلَكَ لَضَمِناهُ فَقَالَ عُمَرُ أَدِيَاهُ فَسَكَتَ عَبْدُ اللهِ وَرَاجَعَهُ عُبَيْدُ اللهِ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ جُلَسَاءِ عُمَرَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ لَوْ جَعَلْتَهُ قِرَاضًا فَقَالَ عُمَرُ قَدْ جَعَلْتُهُ قِرَاضًا فَأَخَذَ عُمَرُ رَأْسَ الْمَالِ وَنِصْفَ رِبْحِهِ وَأَخَذَ عَبْدُ اللهِ وَعُبَيْدُ اللهِ ابْنَا عُمَرَ بْنِ الْخَطَابِ نِصْفَ رِبْحِ الْمَالِ.

4856 - زەيد ئىبنى ئەسلەم ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئابدۇللاھ بىلەن ئۇبەيدۇللاھ ئىراقتا يۈرۈش قىلغان بىر قوشۇن بىلەن بىللە چىققانىدى. ئۇ ئىككىسى قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتتى. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ چاغدا بەسرەنىڭ ئەمىرى بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرۇپ بەردى ۋە:

— كاشكى سىلەرگە پايدا يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلسە ئىدى، ئەلۋەتتە قىلاتتىم، - دېدى. ئاندىن — ھازىر قولۇمدا ئەمىرۇلمۇئمىنىنگە ئەۋەتىشكە تېگىشلىك دۆلەت خەزىنىسىگە ئائىت پۇل - مال بار، مەن ئۇنى سىلەرگە بېرەي، سىلەر ئۇنىڭغا ئىراقنىڭ ماللىرىدىن سېتىۋېلىپ، ئاندىن مەدىنىگە ئاپىرىپ سېتىڭلار ۋە ئەمىرۇلمۇئمىنىنگە ئەسلى پۇل - مالنى بەرسەڭلار بولىدۇ، تىجارەتتىن چىققان پايدا سىلەرنىڭ بولىدۇ، - دېدى. ئۇ ئىككىسى:

- شۇنداق قىلساق ئەجەپ ياخشى بولغىدەك، ــ دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگىنىنى قىلدى ۋە ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇ ئىككىسىدىن ئەۋەتكەن ئەسلى پۇل - مالنى تاپشۇرۇۋېلىشنى تاپىلاپ خەت يازدى. ئۇ ئىككىسى مەدىنىگە كېلىپ، ئەكەلگەن ماللىرىنى سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالدى ۋە ھېلىقى ئامانەت پۇل - مالنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرۇپ بەرگەن چاغدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى قوشۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە سىلەرگە پۇل بېرىپ تۇرغاندەك پۇل بېرىپ تۇردىمۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ــ ياق، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ دېمەك، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ئەمىرۇلمۇئمىنىنىنىڭ ئىككى ئوغلىغا پۇل بېرىپ تۇردى ـ ھە؟! قېنى، ئۇ بەرگەن پۇل ـ مالنى ۋە ئالغان پايدائڭلارنى تاپشۇرۇڭلار! ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ شۈك تۇردى، ئەمما ئۇبەيدۇللاھ گەپ قىلىپ:

ــ ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! سېنىڭ مۇنداق قىلىشىڭ توغرا ئەمەس، ناۋادا بۇ پۇل ـ مال كەملەپ كەتكەن ياكى زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە تۆلەيتتۇق، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە:

ــ قېنى، ھەممىنى تاپشۇرۇڭلار! ـ دېدى. ئابدۇللاھ يەنە شۈك تۇردى، ئەمما ئۇبەيدۇللاھ ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشتى. شۇ ئەسنادا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى:

ــ ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئۇنى پايغا ئۆرۈۋەتسەڭ بوپتىكەن، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى پايغا ئايلاندۇرىۋەتتى ۋە ئەسلى دەسمايە پۇل بىلەن پايدىنىڭ يېرىمىنى ئالدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئابدۇللاھ بىلەن ئۇبەيدۇللاھ پايدىنىڭ قالغان يېرىمىنى ئالدى.

(مالىك: 1396)

4857 - عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ أَن أَرْوَى بِنْتَ أُوَيْسٍ ادعَتْ عَلَى سَعِيدِ بْنِ زَيْدٍ أَنهُ أَخَذَ شَيْئًا مِنْ أَرْضِهَا فَخَاصَمَتْهُ إِلَى مَرْوَانَ بْنِ الْحَكَمِ فَقَالَ سَعِيدٌ أَنا كُنْتُ آخُذُ مِنْ أَرْضِهَا شَيْئًا بَعْدَ الذِي سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَمَا سَمِعْتَ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَخَذَ شِبْرًا مِنْ الْأَرْضِ ظُلْمًا طُوقَهُ إِلَى سَبْعِ أَرَضِينَ فَقَالَ لَهُ مَرْوَانُ لَا أَسْأَلُكَ بَينَةً بَعْدَ هَذَا فَقَالَ اللهُم إِنْ كَانَتْ كَاذِبَةً فَعَم بَصَرَهَا وَاقْتُلْهَا فِي أَرْضِهَا قَالَ فَمَا مَاتَتْ حَتى ذَهَبَ بَصَرُهَا ثُم بَيْنَا هِيَ تَمْشِي فِي أَرْضِهَا إِذْ وَقَعَتْ فِي حُفْرَةٍ فَمَاتَتْ.

4857 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەرۋا بىنتى ئۇۋەيس ئىسىملىك ئايال زېمىنىنىڭ بىر

قىسمىنى سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېلىۋالغانلىقىنى دەۋا قىلىپ، ئۇنى مەرۋان ئىبنى ھەكەمگە چېقىپ بارغانىدى، سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ ھەقتە ھەدىس ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ زېمىنىنى ئېلىۋالارمەنمۇ؟ ــ دېدى. مەرۋان:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نېمە ئاڭلىدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى. سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى بىر غېرىچ چاغلىق زېمىننى ناھەق ئىگەللىۋالسا، ئۇنىڭ بوينىغا يەتتە قات زېمىنغىچە تاقاق سېلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ــ دېدى. مەرۋان ئۇنىڭغا:

ــ مەن بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەندىن پاكىت تەلەپ قىلمايمەن، ئى الله! ئەگەر ئۇ ئايال يالغان ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭ كۆزىنى كور قىلىۋەتكىن ۋە جېنىنى ئۆز زېمىنىدا ئالغىن! ــ دەپ بەددۇئا قىلدى. راست دېگەندەكلا، ئۇ ئايال دەسلەپ كۆرمەس بولۇپ قالدى، كېيىن ئۆز زېمىنىدا كېتىۋېتىپ، بىر ئورىغا يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى.

(مۇسلىم: 1610)

4858 - عَنْ سَالِمٍ عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ مَنْ أَخَذَ مِنْ الْأَرْضِ شَيْئًا بِغَيْرِ حَقِهِ خُسِفَ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِلَى سَبْعِ أَرَضِينَ.

4858 ـ سالىم ئاتىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىرەر زېمىننى ناھەق ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى يەتتە قات زېمىننىڭ ئاستىغىچە يۇتتۇرۇلىدۇ».

(بۇخارى: 2454)

4859 - عن عبدالله عن النبي صلى الله عليه وسلم قال حرمة مال المسلم كحرمة دمه.

4859 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلماننىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش خۇددى ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھارام بولغاندەك ھارام بولىدۇ»[1].

(بەززار؛ مەۋسىلى)

4860 - عَنْ جَابِرٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابُهُ مَروا بِامْرَأَةٍ فَذَبَحَتْ لَهُمْ شَاةً وَاتخَذَتْ لَهُمْ طَعَامًا فَلَما رَجَعَ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إنا اتخَذْنَا لَكُمْ طَعَامًا فَادْخُلُوا فَكُلُوا فَدَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابُهُ وَكَانُوا لَا يَبْدَءُونَ حَتى يَبْتَدِئَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخَذَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لُقْمَةً فَلَمْ يَسْتَطِعْ أَنْ يُسِيغَهَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذِهِ شَاةٌ ذُبِحَتْ بِغَيْرِ إِذْنِ أَهْلِهَا فَقَالَتْ الْمَرْأَةُ يَا نَبِي اللهِ إنا لَا نَحْتَشِمُ مِنْ آلِ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ وَلَا يَحْتَشِمُونَ مِنا نَأْخُذُ مِنْهُمْ وَيَأْخُذُونَ مِنا.

4860 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى بىر ئايالنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنىدى، ئۇلار قايتىپ كەلگىچە ئۇ ئايال بىر قوينى ئۇلارغا ئاتاپ سويۇپ، تاماق تەييارلاپ تۇردى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سىلەرگە تاماق تەييارلىغانىدۇق، ئۆيگە كىرىپ تاماق يەپ مېڭىڭلار، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە كىردى. بىر ئىشنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشلىمىغىچە ساھابىلار

[1] ھەيسەمى (6865): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى دىنار ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان قاتارلىق بىر قىسىم ئۆلىمالار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرسە، يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەبۇ يەئلانىڭ قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

باشلىمايتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گۆشتىن بىر لوقما ئېلىپ، ئاغزىغا سالغانىدى، يۇتالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

ــ بۇ قوي ئىگىسىنىڭ ئىزنىسىز سويۇلۇپتۇ، ـ دېگەنىدى، ئۇ ئايال:

ــــ ئــى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمەيمىز، ئۇلارمۇ بىز بىلەن سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمەيدۇ، بىز ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ ئىشلىتىمىز، ئۇلارمۇ بىزنىڭ نەرسىلىرىمىزنى ئېلىپ ئىشلىتىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 14371)

[1] ھەيسەمى (6869): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

## تېرىقچىلىق قىلىش، يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىش، بوز يەر ئېچىش ۋە تېپىۋالغان نەرسە قاتارلىق مەسىلىلەر

4861 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ لَما افْتتِحَتْ خَيْبَرُ سَأَلَتْ يَهُودُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يُقِرهُمْ فِيهَا عَلَى أَنْ يَعْمَلُوا عَلَى نِصْفِ مَا خَرَجَ مِنْهَا مِنْ الثمَرِ وَالزرْعِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُقِركُمْ فِيهَا عَلَى ذَلِكَ مَا شِئْنَا ثُم سَاقَ الْحَدِيثَ بِنَحْوِ حَدِيثِ ابْنِ نُمَيْرٍ وَابْنِ مُسْهِرٍ عَنْ عُبَيْدِ اللهِ وَزَادَ فِيهِ وَكَانَ الثمَرُ يُقْسَمُ عَلَى السهْمَانِ مِنْ نِصْفِ خَيْبَرَ فَيَأْخُذُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْخُمْسَ.

4861 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: خەيبەر پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك قىلىپ، يەردىن چىققان ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ يېرىمىنى بېرىش بەدىلىگە خەيبەردە قېلىش ئىمكانىيىتى بېرىشنى سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— بولىدۇ، سىلەرگە مۇشۇ شەرتكە بىنائەن خەيبەردە خالىغان مۇددەتكىچە قېلىش ئىمكانىيىتى بەردىم، ـ دېدى. خەيبەردىن چىققان مېۋە ۋە ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېرىمى غەنىمەت تەقسىماتى بويىچە تەقسىم قىلىناتتى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇ غەنىمەتنىڭ) بەشتىن بىرىنى ئالاتتى.

(مۇسلىم: 1551)

4862 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ دَفَعَ إِلَى يَهُودِ خَيْبَرَ نَخْلَ خَيْبَرَ وَأَرْضَهَا عَلَى أَنْ يَعْتَمِلُوهَا مِنْ أَمْوَالِهِمْ وَلِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَطْرُ ثَمَرِهَا.

4862 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر يەھۇدىيلىرىغا خەيبەرنىڭ خورمىزارلىقىنى ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىنى يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى ئېلىش شەرتى بىلەن بەردى.

(مۇسلىم: 1551)

4863 ـ قَالَ قَيْسُ بْنُ مُسْلِمٍ عَنْ أَبِي جَعْفَرٍ قَالَ مَا بِالْمَدِينَةِ أَهْلُ بَيْتِ هِجْرَةٍ إِلا يَزْرَعُونَ عَلَى الثلُثِ وَالربُعِ وَزَارَعَ عَلِي وَسَعْدُ بْنُ مَالِكٍ وَعَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْعُودٍ وَعُمَرُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ وَالْقَاسِمُ وَعُرْوَةُ وَآلُ أَبِي بَكْرٍ وَآلُ عُمَرَ وَآلُ عَلِي وَابْنُ سِيرِينَ وَقَالَ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ الْأَسْوَدِ كُنْتُ أُشَارِكُ عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ يَزِيدَ فِي الزرْعِ وَعَامَلَ عُمَرُ الناسَ عَلَى إِنْ جَاءَ عُمَرُ بِالْبَذْرِ مِنْ عِنْدِهِ فَلَهُ الشطْرُ وَإِنْ جَاءُوا بِالْبَذْرِ فَلَهُمْ كَذَا.

4863 ـ قەيس ئىبنى مۇسلىم ئەبۇ جەئفەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەدىنىدە ھىجرەت قىلىپ چىققان ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ياكى تۆتتىن بىرىنى بېرىش بەدىلىگە يەر تېرىيتتى. ئەلى، سەئد ئىبنى مالىك، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، قاسىم، ئۇرۋە، ئەبۇ بەكرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، ئۆمەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، ئەلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئىبنى سىيرىن قاتارلىقلار تېرىقچىلىق قىلاتتى.

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەسۋەد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇرراھمان ئىبنى يەزىد بىلەن ئورتاقلىشىپ يەر تېرىيتتىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ نۇرغۇن كىشى بىلەن ئورتاقلىشىپ يەر تېرىيتتى. ئەگەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇرۇقنى چىقارسا، يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ

يېرىمىنى ئالاتتى. ئەگەر ئورۇقنى باشقىلار چىقارسا، ئۇلارمۇ يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى ئالاتتى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4864 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ كَانَتْ الْمَزَارِعُ تُكْرَى عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى أَن لِرَب الْأَرْضِ مَا عَلَى رَبِيعِ الساقِي مِنْ الزرْعِ وَطَائِفَةً مِنْ التبْنِ لَا أَدْرِي كَمْ هُوَ.

4864 ـ نافىئتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا تېرىلغۇ يەرلەر يەر ئىگىسىگە سۇ ئېرىقلىرىنىڭ بويىدىكى زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتىنى ۋە بىر بۆلۈك سامان بېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە بېرىلەتتى. مەن بۇ ساماننىڭ قانچىلىك (ئاز ياكى جىق) ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن[①].

(نەسائى: 3931)

4865 - عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ قَالَ كَانَ طَاوُسٌ يَكْرَهُ أَنْ يُؤَاجِرَ أَرْضَهُ بِالذهَبِ وَالْفِضةِ وَلَا يَرَى بِالثلُثِ وَالربُعِ بَأْسًا فَقَالَ لَهُ مُجَاهِدٌ اذْهَبْ إِلَى ابْنِ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ فَاسْمَعْ مِنْهُ حَدِيثَهُ فَقَالَ إِني وَاللهِ لَوْ أَعْلَمُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْهُ مَا فَعَلْتُهُ وَلَكِنْ حَدثَنِي مَنْ هُوَ أَعْلَمُ مِنْهُ ابْنُ عَباسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنمَا قَالَ لَأَنْ يَمْنَحَ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ أَرْضَهُ خَيْرٌ مِنْ أَنْ يَأْخُذَ عَلَيْهَا خَرَاجًا مَعْلُومًا.

4865 ـ ئەمر ئىبنى دىينار مۇنداق دەيدۇ: تاۋۇس يېرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئىجارىگە بېرىشنى ياخشى دەپ قارىمايتتى. يەرنى ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئۈچتىن بىرىگە ياكى تۆتتىن بىرىگە ئىجارىگە بېرىشنى ھېچۋەقەسى يوق دەپ قارايتتى. مۇجاھىد ئۇنىڭغا:

ــ مەن ئىبنى رافىئ ئىبنى خەدىجنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتىكى ھەدىسنى ئاڭلاپ كېلىمەن، ـ دېگەنىدى، تاۋۇس:

---

① ئەلبانى (3675): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنداق قىلىشتىن توسقانلىقىنى بىلگەن بولسام، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىم، لېكىن ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ (يەنى ئىبنى رافىئتىنمۇ) ئالىمراق كىشى يەنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىرىڭلار يېرىنى بىر قېرىندىشىغا ئاشلىق ئالماي بەرسە، بۇ ئۇ يەرنىڭ بەدىلىگە مەلۇم مىقداردا ئاشلىق ئالغىنىدىن ياخشىدۇر» دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن، ـ دېدى[①].

(نەسائى: 3873)

4866 ـ عَنْ حَنْظَلَةَ الزرَقِي أَنهُ سَمِعَ رَافِعَ بْنَ خَدِيجٍ يَقُولُ كُنا أَكْثَرَ الْأَنصَارِ حَقْلًا قَالَ كُنا نُكْرِي الْأَرْضَ عَلَى أَن لَنا هَذِهِ وَلَهُمْ هَذِهِ فَرُبمَا أَخْرَجَتْ هَذِهِ وَلَمْ تُخْرِجْ هَـذِهِ فَنَهَانَا عَنْ ذَلِكَ وَأَما الْوَرِقُ فَلَمْ يَنْهَنَا.

4866 ـ ھەنزەلە زۇرەقىي مۇنداق دەيدۇ: مەن رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: بىز ئەنسارىلار تېرىلغۇ يەرلىرى ئەڭ جىق كىشىلەر ئىدۇق. يەرلىرىمىزنى: ”ماۋۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتى بىزنىڭ بولسۇن، ئاۋۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتى سىلەرنىڭ بولسۇن“ دەپ ئىجارىگە بېرەتتۇق. بەزىدە ماۋۇ يەردىن مەھسۇلات چىقىپ، ئاۋۇ يەردىن مەھسۇلات چىقماي قالاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى مۇنداق قىلىشتىن توستى. ئەمما يەرنى كۈمۈشكە ئىجارىگە بېرىشتىن بىزنى توسمىغانىدى.

(مۇسلىم: 1547)

4867 - ومن رواياته: وَأَما الذهَبُ وَالْوَرِقُ فَلَمْ يَكُنْ يَوْمَئِذٍ.

---

[①] ئەلبانى (3622): سەھىھ ـ دېگەن.

4867 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ كۆنلەردە يەرنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئىجارىگە بېرىدىغان ئىش يوق ئىدى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 2327)

4868 - عَنْ نَافِعٍ أن ابْنَ عُمَرَ كَانَ يُكْرِي مَزَارِعَهُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَفِي إِمَارَةِ أَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَعُثْمَانَ وَصَدْرًا مِنْ خِلَافَةِ مُعَاوِيَةَ حَتى بَلَغَهُ فِي آخِرِ خِلَافَةِ مُعَاوِيَةَ أن رَافِعَ بْنَ خَدِيجٍ يُحَدثُ فِيهَا بِنَهْيٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَخَلَ عَلَيْهِ وَأَنا مَعَهُ فَسَأَلَهُ فَقَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَنْهَى عَنْ كِرَاءِ الْمَزَارِعِ فَتَرَكَهَا ابْنُ عُمَرَ بَعْدُ وَكَانَ إِذَا سُئِلَ عَنْهَا بَعْدُ قَالَ زَعَمَ رَافِعُ بْنُ خَدِيجٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْهَا.

4868 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك زامانلىرىدا ۋە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ باش تەرىپىدە يېرىنى ئىجارىگە بېرەتتى. ئەمما مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ھەدىسى يېتىپ بولۇپ، بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن توسقانلىقى ئېيتىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىردى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم، ھېلىقى ھەدىس ھەققىدە سورىغانىدى، ئۇ:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن توساتتى، ـ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يېرىنى ئىجارىگە بەرمەيدىغان بولدى. ئۇ بۇ ھەقتە سوئال سورىغۇچىلارغا:

ـ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن توسقانىكەن، ـ دەپ جاۋاب بېرەتتى.

(مۇسلىم: 1547)

4869 - عن حَنْظَلَةُ بْنُ قَيسٍ الْأَنصَارِي قَالَ سَأَلْتُ رَافِعَ بْنَ خَدِيجٍ عَنْ كِرَاءِ الْأَرْضِ بِالذهَبِ وَالْوَرِقِ فَقَالَ لَا بَأْسَ بِهِ إنمَا كَانَ الناسُ يُؤَاجِرُونَ عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الْمَاذِيَانَاتِ وَأَقْبَالِ الْجَدَاوِلِ وَأَشْيَاءَ مِنْ الزرْعِ فَيَهْلِكُ هَذَا وَيَسْلَمُ هَذَا وَيَسْلَمُ هَذَا وَيَهْلِكُ هَذَا فَلَمْ يَكُنْ لِلناسِ كِرَاءٌ إلا هَذَا فَلِذَلِكَ زُجِرَ عَنْهُ فَأَما شَيْءٌ مَعْلُومٌ مَضْمُونٌ فَلَا بَأْسَ بِهِ.

4869 ـ ھەنزەلە ئىبنى قەيس ئەنسارى مۇنداق دەيدۇ: مەن رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەرنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئىجارىگە بېرىش ھەققىدە سورىغانىدىم، ئۇ:

ـــ بولىۋېرىدۇ، كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا يەرلەرنى سۇ ئاقىدىغان يەرلەردىن ۋە ئېرىق بويلىرىدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتنى بېرىش، شۇنداقلا مۇئەييەن مىقداردا ئاشلىق بېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالاتتى. نەتىجىدە ئۇ يەردىن ئاشلىق چىقىپ، بۇ يەردىن چىقماي قالاتتى ياكى ئۇ يەردىن چىقماي، بۇ يەردىن چىقاتتى. ئاندىن ئىجارىگە تۆلىگۈدەك ئاشلىق تېپىلماي قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇنداق قىلىشتىن چەكلەندى. ئەمما ئېنىق ۋە مۇئەييەن مىقداردا نەرسىگە ئىجارىگە ئالسا، ئۇنىڭ ھېچ يامىنى يوقتۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1547)

4870 - وفي رواية: نَهَانَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ أَمْرٍ كَانَ لَنَا نَافِعًا وَطَوَاعِيَةُ اللهِ وَرَسُولِهِ أَنفَعُ لَنا نَهَانَا أَنْ نُحَاقِلَ بِالْأَرْضِ فَنُكْرِيَهَا عَلَى الثلُثِ وَالربُعِ وَالطعَامِ الْمُسَمى وَأَمَرَ رَب الْأَرْضِ أَنْ يَزْرَعَهَا أَوْ يُزْرِعَهَا وَكَرِهَ كِرَاءَهَا وَمَا سِوَى ذَلِكَ.

4870 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى بىزگە پايدىلىق بولغان ئىشتىن توستى، لېكىن اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش بىز ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىقتۇر. ئۇ بىزنى يەرنى تەييار ئاشلىققا، يەردىن چىققان ئاشلىقنىڭ ئۈچتىن بىرىگە، تۆتتىن بىرىگە ۋە مۇئەييەن مىقداردا ئاشلىق بېرىشكە ئىجارىگە بېرىشتىن توسۇپ، يەر ئىگىسىنى يا ئۆزى تېرىشقا ياكى باشقىلارغا تېرىغۇزۇشقا بۇيرۇدى.

(مۇسلىم: 1548)

4871 - ومنها عن عمه ظُهير بن رافع وعن بعض عُمُومته أخرى رفعـاه بنحـو هذا.

4871 ـ زۇھەيىر ئىبنى رافىئىنىڭ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان[1].

(تىرمىزى: 1385)

4872 - عن رَافِعُ بْنُ خَدِيجٍ أَنَّهُ زَرَعَ أَرْضًا فَمَر بِهِ النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَسْقِيهَا فَسَأَلَهُ لِمَنْ الزرْعُ وَلِمَنْ الْأَرْضُ فَقَالَ زَرْعِي بِبَذْرِي وَعَمَلِي لِي الشطْرُ وَلِبَنِي فُلَانٍ الشطْرُ فَقَالَ أَرْبَيْتُمَا فَرُد الْأَرْضَ عَلَى أَهْلِهَا وَخُذْ نَفَقَتَكَ.

4872 ـ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر يەرگە زىرائەت تېرىغانىدىم. ئۇ يەرنى سۇغۇرىۋاتسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇ مەندىن:

ـ زىرائەت كىمنىڭ، يەر كىمنىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەن:

ـ ئۇرۇق، ئەمگەك ۋە زىرائەت مېنىڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمى مېنىڭ، قالغان يېرىمى پالانى جەمەتىنىڭ بولىدۇ، ـ دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (1120): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئىككىڭلار جازانىگە كىرىپ قاپسىلەر، سەن يەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، چىقىمىڭنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋالغىن! ـ دېدى[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 3402)

4873 - ومنها: فَقَالَ لَهُ عَبْدُ اللهِ أَسَمِعْتَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهى عَـنْ كِرَاءِ الْأَرْضِ فَقَالَ رَافِعٌ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تُكْرُوا الْأَرْضَ بِشَيْءٍ.
4873 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئابدۇللاھ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:
ــ سەن راستىنلا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ــ دەپ سورىسا، ئۇ:
ــ مەن راستىنلا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يەرنى بىر نەرسە ئېلىپ ئىجارىگە بېرىدىغان ئىشنى قىلماڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].
(نەسائى: 3915)

4874 - ومنها: فَجَاءَ أَخِي عِمْرَانُ بْنُ سَهْلِ بْنِ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ فَقَالَ يَا أَبَتَاهُ إِنهُ قَدْ أَكْرَيْنَا أَرْضَنَا فُلَانَةَ بِمِائَتَيْ دِرْهَمٍ فَقَالَ يَا بُنَي دَعْ ذَاكَ فَإِن اللهَ عَز وَجَل سَيَجْعَلُ لَكُمْ رِزْقًا غَيْرَهُ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ نَهى عَنْ كِرَاءِ الْأَرْضِ.
4874 ـ ئۇ رىۋايەتلەرنىڭ يەنە بىرىدە كېلىشىچە، ئىمران ئىبنى سەھل ئىبنى رافىئ ئىبنى خەدىج چوڭ دادىسى رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:
ــ ئى دادا! بىز يېرىمىزنى پالانى ئايالغا 200 تەڭگىگە ئىجارىگە بەردۇق، ـ دېگەنىدى، ئۇ:

[1] ئەلبانى (738): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (254): شاز ھەدىس، ـ دېگەن.

— ئى ئوغلۇم! ئۇنداق قىلمىغىن، الله تائالا سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا يول بىلەنمۇ رىزىق بېرىدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن توسقانىدى، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3926)

4875 - ومنها: أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يُكْرِي أَرَضِيهِ حَتى بَلَغَهُ أن رَافِعَ بْنَ خَدِيجٍ الْأَنصَارِي كَانَ يَنْهَى عَنْ كِرَاءِ الْأَرْضِ فَلَقِيَهُ عَبْدُ اللهِ فَقَالَ يَا ابْنَ خَدِيجٍ مَاذَا تُحَدثُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي كِرَاءِ الْأَرْضِ قَالَ رَافِعُ بْنُ خَدِيجٍ لِعَبْدِ اللهِ سَمِعْتُ عَمي وَكَانَا قَدْ شَهِدَا بَدْرًا يُحَدثَانِ أَهْلَ الدارِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ كِرَاءِ الْأَرْضِ.

4875 ـ ئۇ رىۋايەتلەرنىڭ يەنە بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرەتتى. كېيىن ئۇ رافىئ ئىبنى خەدىج ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن توسقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە:

— ئى ئىبنى خەدىج! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يەرنى ئىجارىگە بېرىش ھەققىدە قانداق ھەدىس رىۋايەت قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

— مەن بەدر ئۇرۇشىدا شېھىد بولۇپ كەتكەن ئىككى تاغامنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن توسقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1547)

4876 - عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزبَيْرِ قَالَ قَالَ زَيْدُ بْنُ ثَابِتٍ يَغْفِرُ اللهُ لِرَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ أنَا وَاللهِ أَعْلَمُ بِالْحَدِيثِ مِنْهُ إِنمَا كَانَا رَجُلَيْنِ اقْتَتَلَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ كَانَ هَذَا شَأْنَكُمْ فَلَا تُكْرُوا الْمَزَارِعَ فَسَمِعَ قَوْلَهُ لَا تُكْرُوا الْمَزَارِعَ.

[1] ئەلبانى (255): شاز ھەدىس، ـ دېگەن.

4876 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير زەيد ئىبنى سابىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله رافىئ ئىبنى خەدىجكە رەھمەت قىلسۇن! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ھەدىسنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىلىمەن. ئەسلىدە ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇپ قالغان بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

ـ تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش سىلەرنى مۇشۇنداق قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان بولسا، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىجارىگە بەرمەڭلار، ـ دېگەن. رافىئ ئىبنى خەدىج پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىجارىگە بەرمەڭلار» دېگەن ئاخىرقى جۈملە سۆزىنىلا ئاڭلاپ قالغان[1].

(نەسائى: 3927)

4877 - عَنْ ابْنِ شِهَابٍ أَنَّهُ سَأَلَ سَالِمَ بْنَ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ عَنْ كِرَاءِ الْمَزَارِعِ فَقَالَ لَا بَأْسَ بِهَا بِالذَهَبِ وَالْوَرِقِ قَالَ ابْنُ شِهَابٍ فَقُلْتُ لَهُ أَرَأَيْتَ الْحَدِيثَ الَذِي يُذْكَرُ عَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ فَقَالَ أَكْثَرَ رَافِعٌ وَلَوْ كَانَ لِي مَزْرَعَةٌ أَكْرَيْتُهَا.

4877 ـ ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: مەن سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش ھەققىدە سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ يەرنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئىجارىگە بەرسىمۇ بولىۋېرىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـــ ئۇنداقتا رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسكە نېمە دەيسەن؟ ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـــ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەك ئاشۇرىۋېتىپتۇ، ئەگەر مېنىڭ تېرىلغۇ يېرىم بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنى ئىجارىگە بەرگەن بولاتتىم، ـ دېدى.

(مالىك: 1417)

[1] ئەلبانى (256): زەئىپ، ـ دېگەن.

4878 - عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ قَالَ كَانَ أَصْحَابُ الْمَزَارِعِ يُكْرُونَ فِي زَمَانِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَزَارِعَهُمْ بِمَا يَكُونُ عَلَى السَاقِي مِنْ الزرْعِ فَجَاءُوا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاخْتَصَمُوا فِي بَعْضِ ذَلِكَ فَنَهَاهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يُكْرُوا بِذَلِكَ وَقَالَ أَكْرُوا بِالذهَبِ وَالْفِضةِ.

4878 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئىگىلىرى يەرلىرىنى سۇ ئېقىنلىرىنىڭ بويىدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتنى ئۆزى ئېلىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە بېرەتتى. بىر قېتىم ئۇلار بۇ ئىشتا كېلىشەلمەي، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى يەرلىرىنى بۇ شەكىلدە ئىجارىگە بېرىشتىن توستى ۋە: «يەرلىرىڭلارنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ئىجارىگە بېرىڭلار» دېدى[1].

(نەسائى: 3894)

4879 - عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ سَعِيدِ بْنِ زَيْدٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَحْيَا أَرْضًا مَيْتَةً فَهِيَ لَهُ وَلَيْسَ لِعِرْقٍ ظَالِمٍ حَق قال عُرْوَةَ فَلَقَدْ خَبرَنِي الذِي حَدثَنِي هَذَا الْحَدِيثَ أَن رَجُلَيْنِ اخْتَصَمَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَرَسَ أَحَدُهُمَا نَخْلًا فِي أَرْضِ الْآخَرِ فَقَضَى لِصَاحِبِ الْأَرْضِ بِأَرْضِهِ وَأَمَرَ صَاحِبَ النخْلِ أَنْ يُخْرِجَ نَخْلَهُ مِنْهَا قَالَ فَلَقَدْ رَأَيْتُهَا وَإِنهَا لَتُضْرَبُ أُصُولُهَا بِالْفُؤُوسِ وَإِنهَا لَنَخْلٌ عُم حَتى أُخْرِجَتْ مِنْهَا.

4879 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئاتىسى ئارقىلىق سەئىد ئىبنى زەيدتىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمكى بوز يەر ئېچىپ، ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرسە، بۇ يەر ئۇنىڭ

[1] ئەلبانى (3642): ھەسەن. ـ دېگەن.

بولىدۇ. كېيىن دەرەخ قويۇۋالغان ياكى بىنا سېلىۋالغان زالىمنىڭ ئۇ يەردە ھەققى يوق»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3073)

ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىسنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىككى ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ بارغان. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ يېرىگە بىر تۇپ خورما دەرىخى قويۇۋالغانىكەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەر ئىگىسىگە ئۆزىنىڭ يېرىنى بۇيرۇپ بېرىپ، خورما دەرىخىنىڭ ئىگىسىنى خورما دەرىخىنى ئۇ يەردىن قومۇرىۋېلىشقا بۇيرۇغان. مەن ئۇ خورما دەرىخىنىڭ يىلتىزلىرى پالتا بىلەن چېپىلىپ، ئۇ يەردىن قومۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ دەرەخ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئېگىز ئۆسكەنىكەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3073)

4880 - عَنْ عُرْوَةَ قَالَ أَشْهَدُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَضَى أن الْأَرْضَ أَرْضُ اللهِ وَالْعِبَادَ عِبَادُ اللهِ وَمَنْ أَحْيَا مَوَاتًا فَهُوَ أَحَق بِهِ جَاءَنَا بِهَذَا عَنْ النبِي صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الذِينَ جَاءُوا بِالصلَوَاتِ عَنْهُ.

4880 ـ ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: مەن شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «زېمىن اللهنىڭ زېمىنىدۇر، ئىنسانلارمۇ اللهنىڭ بەندىلىرىدۇر. كىمكى بوز يەر ئېچىپ، ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرسە، ئۇ بۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىدۇر» دەپ ھۆكۈم قىلغانىكەن. ساھابىلەر بۇ ھۆكۈمنى بىزگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن خۇددى بەش ۋاخ نامازنى ئېلىپ كەلگەندەك ئېلىپ كەلدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 3076)

[1] ئەلبانى (2638): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2638): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (2641): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

4881 ـ زاد الأوسط قال عروة: «أشهد أن عائشة حدثتني بهذا عن رسـول الله صلى الله عليه وسلم وأشهد أن عائشة ما كذبتني».

4881 ـ «ئەلئەۋسەت» ناملىق كىتابتا ئۇرۋەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: مەن شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بۇ ھەدىسنى ماڭا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سۆزلەپ بەرگەن. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ[①].

4882 - عن سعيد بن زيد رفعه: من أحيا أرضا قد عجز صاحبها عنها وتركها بمهلكة فهي له.

4882 ـ سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىگىسى ئاجىز كېلىپ، نېمە بولسا بولسۇن دەپ تاشلىۋەتكەن يەرنى قايتىدىن تىرىلدۈرسە، بۇ يەر ئۇنىڭ بولىدۇ».
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4883 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ الْأَنْصَارِي عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَحْيَا أَرْضًا دَعْوَةً مِنْ الْمَصْرِ أَوْ رَمْيَةً مِنْ الْمَصْرِ فَهِيَ لَهُ.

4883 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى شەھەردىن بىر چاقىرىم ياكى بىر ئوق ئېتىم يىراقلىقتىكى بوز يەرنى ئېچىپ تىرىلدۈرسە، بۇ يەر ئۇنىڭ بولىدۇ»[②].
(ئەھمەد: 14496)

---

[①] ھەيسەمى (6785): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىدە ئەسسام ئىبنى رەۋۋاد ئىبنى جەرراھ ئىسىملىك بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. يەنە بىر سەنەدىدە يالغانچى راۋىي بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (6781): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە لەيس ئىبنى ئەبۇ سۇلەيم ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار، ـ دېگەن.

4884 - عن أم سلمة أنها سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول مامن امرئ يحا أرضا فتشرب منها كبد حرى أو تصيب منها عافية إلا كتب الله له به أجرا.

4884 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر كىشى بىر زېمىننى تىرىلدۈرۈپ قويسا، شۇ يەردىن سۇ ئىچكەن ياكى قورسىقىنى تويغۇزغان ھەرقانداق جانلىق ئۈچۈن الله شۇ ئادەمگە ئەجىر يازىدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»: 397/23)

4885 - عَنْ يَزِيدَ مَوْلَى الْمُنْبَعِثِ أَنَّهُ سَمِعَ زَيْدَ بْنَ خَالِدٍ الْجُهَنِيِّ صَاحِبَ رَسُولِ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يَقُولُ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ عَنْ اللقَطَةِ الـذَهَبِ أَوْ الْوَرِقِ فَقَالَ اعْرِفْ وِكَاءَهَا وَعِفَاصَهَا ثُم عَرفْهَا سَنَةً فَإِنْ لَمْ تَعْرِفْ فَاسْتَنْفِقْهَا وَلْـتَكُنْ وَدِيعَةً عِنْدَكَ فَإِنْ جَاءَ طَالِبُهَا يَوْمًا مِنْ الدهْرِ فَأَدهَا إِلَيْهِ وَسَأَلَهُ عَنْ ضَالةِ الْإِبِلِ فَقَالَ مَا لَكَ وَلَهَا دَعْهَا فَإِن مَعَهَا حِذَاءَهَا وَسِقَاءَهَا تَرِدُ الْمَاءَ وَتَأْكُلُ الشجَرَ حَتى يَجِدَهَا رَبهَا وَسَـأَلَهُ عَنْ الشاةِ فَقَالَ خُذْهَا فَإِنمَا هِيَ لَكَ أَوْ لِأَخِيكَ أَوْ لِلذئْبِ.

4885 ـ مۇنبەئىسنىڭ ئازادگەردىسى يەزىد مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: بىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تېپىۋالغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھەميانىنى ۋە بوغقۇچىنى بىر يىلغىچە تونۇتقىن، ئاڭغىچە ئىگىسى چىقمىسا، ئىشلەتكەچ تۇرغىن، ئۇ سېنىڭدە ئامانەت سۈپىتىدە قالسۇن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىگىسى كېلىپ قالسا، ئۇنى ئىگىسىگە

[①] ھەيسەمى (6782): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى يەئقۇب زەمئى ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى مۇئىن ۋە ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى مەدىنى ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

قـايتۇرۇپ بەرگــىن! ــ دېـدى. ئۇنىـڭـدىن يەنە يۈتـۈپ كەتـكەن تـۆگـىنى تېپىـۋالسا قانداق قـىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە سورىغانـدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ تۆگە بىلەن سېنىـڭ نېمە ئىشىڭ؟ ئۇنى قويۇۋەتكىن، ئۇنىـڭ تـۆت ئايىغى ئۆزى بىلەن بىللە، سۇ بويىغا ئۆزى بارالايدۇ، ئۆت ـ چۆپلەر بىلەن قورسىقىنى تويغۇزالايدۇ، شۇ ئارىدا ئـۇنى ئىگىسى تېپىـۋالىدۇ، ــ دېدى. ئۇنىـڭـدىن يەنە يۈتـۈپ كەتـكەن قـوينى تېپىـۋالسـا قانـداق قىلىـش كېرەكلىكـى ھەققىــدە ســورىغانـدى، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنى تۇتۇۋالغىن، ئۇ يا سېنىـڭ ياكى باشقا بىـر قېرىنداشـىڭنىـڭ ۋەياكى بۆرىنىـڭ (رىزقى) بولىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1722)

4886 - وفي رواية: قَالَ يَزِيدُ وَهِيَ تُعَرفُ أَيضًا.

4886 ـ يەنە بىــر رىــۋايەتتە يەزىــد مۇنــداق دەيــدۇ: قويمــۇ ھەم تونۇتىلىدۇ.

(بۇخارى: 2428)

4887 - وفي رواية: قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ فَضَالةُ الْإِبِلِ قَالَ فَغَضِبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى احْمَرتْ وَجْنَتَاهُ أَوْ احْمَر وَجْهُهُ ثُم قَالَ مَا لَكَ وَلَهَا مَعَهَا حِذَاؤُهَا وَسِقَاؤُهَا حَتى يَلْقَاهَا رَبهَا.

4887 ـ يەنە بىـر رىـۋايەتتە مۇنـداق دېيىلگەن: بىـرى پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! يۈتـۈپ كەتـكەن تـۆگىنى تېپىـۋالسـا قانـداق قىلىــدۇ؟ ــ دەپ ســورىغانـدى، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسەللەمنىڭ ئـاچچىقى كەلگەنلىكىـدىن، ئىككى مەڭـزى ياكى يـۈزى قىـزىرىپ كەتتى. ئاندىن:

ــ تۆگە بىلەن سېنىـڭ نېمە ئىشىڭ؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 2436)

4888 - عَنْ أُبَيِّ بْنِ كَعْبٍ قَالَ وَجَدْتُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ صُرَّةً فِيهَا مِائَةُ دِينَارٍ قَالَ فَأَتَيْتُهُ بِهَا فَقَالَ لِي عَرِّفْهَا حَوْلًا فَعَرَّفْتُهَا حَوْلًا فَمَا أَجِدُ مَنْ يَعْرِفُهَا ثُمَّ أَتَيْتُهُ بِهَا فَقَالَ عَرِّفْهَا حَوْلًا آخَرَ فَعَرَّفْتُهَا ثُمَّ أَتَيْتُهُ بِهَا فَقَالَ عَرِّفْهَا حَوْلًا آخَرَ وَقَالَ أَحْصِ عِدَّتَهَا وَوِعَاءَهَا وَوِكَاءَهَا فَإِنْ جَاءَ طَالِبُهَا فَأَخْبَرَكَ بِعِدَّتِهَا وَوِعَائِهَا وَوِكَائِهَا فَادْفَعْهَا إِلَيْهِ وَإِلَّا فَاسْتَمْتِعْ بِهَا.

4888 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا يۈز تىللا بار بىر ھەميانني تېپىۋېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇ ماڭا:

ــ ئۇنى بىر يىلغىچە تونۇتقىن! ــ دېدى. مەن ئۇنى بىر يىلغىچە تونۇتقان بولساممۇ، ئىگىسىنى تاپالمىدىم. ئاندىن مەن ئۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەنىدىم، ئۇ:

ــ ئۇنى يەنە بىر يىلغىچە تونۇتقىن! ــ دېدى. مەن ئۇنى يەنە بىر يىلغىچە تونۇتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇ يەنە:

ــ يەنە بىر يىلغىچە تونۇتقىن! سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى، ھەميانني ۋە ئۇنىڭ بوغقۇچىنى تونۇتقىن، ئەگەر ئىگىسى كېلىپ، ساڭا ئۇنىڭ سانىنى، ھەميانىنىڭ قانداقلىقىنى ۋە بوغقۇچىنى ئېيتىپ بېرەلىسە، تىللالارنى ئۇنىڭغا بەرگەن، ئەگەر يەنىلا ئىگىسى چىقمىسا، ئۆزەڭ ئىشلەتكىن، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1374)

4889 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ سُئِلَ عَنْ الثَّمَرِ الْمُعَلَّقِ فَقَالَ مَنْ أَصَابَ بِفِيهِ مِنْ ذِي حَاجَةٍ غَيْرَ مُتَّخِذٍ خُبْنَةً فَلَا شَيْءَ عَلَيْهِ وَمَنْ خَرَجَ بِشَيْءٍ مِنْهُ فَعَلَيْهِ غَرَامَةُ مِثْلَيْهِ وَالْعُقُوبَةُ وَمَنْ سَرَقَ مِنْهُ شَيْئًا بَعْدَ أَنْ يُؤْوِيَهُ الْجَرِينُ فَبَلَغَ ثَمَنَ الْمِجَنِّ فَعَلَيْهِ الْقَطْعُ وَذَكَرَ فِي ضَالَّةِ الْإِبِلِ

[1] ئەلبانى (1107): سەھىھ ـ دېگەن.

وَالْغَنَمِ كَمَا ذَكَرَهُ غَيْرُهُ قَالَ وَسُئِلَ عَنْ اللقَطَةِ فَقَالَ مَا كَانَ مِنْهَا فِي طَرِيقِ الْمِيتَاءِ أَوْ الْقَرْيَةِ الْجَامِعَةِ فَعَرِفْهَا سَنَةً فَإِنْ جَاءَ طَالِبُهَا فَادْفَعْهَا إِلَيْهِ وَإِنْ لَمْ يَأْتِ فَهِيَ لَكَ وَمَا كَـانَ فِـي الْخَرَابِ يَعْنِي فَفِيهَا وَفِي الركَازِ الْخُمُسُ.

4889 ـ ئەمــر ئىبنــى شــۇئەيب دادىســىدىن بوۋىســىنىڭ مۇنــداق دېگەنلىكىنــى رىــۋايەت قىلىــدۇ: بىــرى پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسەللەمدىن شاختىكى مېۋىنى ئالسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــــ ئــاچ قالغــان بىــرى ئــۇنى ئېــتەكلەپ ئالماســتىن، قورســىقىغا چۈشــلۈق ئالســا، ھېــچ بــاك يــوق. كىمكــى ئۇنىڭدىن ئېلىــپ چىقىــپ كەتسە، ئىككى ھەسسە تۆلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ جازاسىدۇر. كىمكى ئۇنىڭدىن بىــرەر نەرســىنى قۇرۇتــۇش ئۈچــۈن يىيىــتىــپ بولغانــدىن كېــيىن ئوغرىلىســا ۋە ئوغرىلىغــان مېۋىنىــڭ قىممىتــى بىــر قالقاننىــڭ قىممىتىگە يەتسە، ئۇنىــڭ قــولى كېســىلىدۇ، ــ دېدى. ئاندىن يۈتــۈپ كەتكەن تۆگە ۋە قوينى تېپىۋالسا قانداق قىلىش كېرەكلىكى تىلغا ئېلىندى. ئاندىن بىرى تېپىۋالغــان نەرســە ـ كېرەكنــى قانداق قىلىــش ھەققىدە سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــــ كىشــىلەر كېلىــپ ـ كېتىــپ تۇرىدىغان يولدىن ۋە مەھەللە ئىچىدىكى يولدىن تېپىۋالغان نەرسىنى بىــر يىلغىچە تونۇتقىن، ئەگەر ئىگىسى چىقسا، قايتۇرۇپ بەرگىن. ناۋادا ئىگىسى چىقمىسا، ئۇ نەرسە سېنىڭ بولىدۇ. ئەمما خارابىلىكتىن ۋە ئۆتمۈشتە كۆمۈپ قويۇلغان يەردىن ياكى كاندىن تېپىۋېلىنغان نەرسىلەرنىڭ بەشتىن بىرى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ، قالغىنى تېپىۋالغان شەخسنىڭ بولىدۇ، ــ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1710)

[1] ئەلبانى (1504): ھەسەن.ـ دېگەن.

4890 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ أَخْبَرَهُ أن عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ دَخَلَ عَلَى فَاطِمَةَ وَحَسَنٌ وَحُسَيْنٌ يَبْكِيَانِ فَقَالَ مَا يُبْكِيهِمَا قَالَتْ الْجُوعُ فَخَرَجَ عَلِي فَوَجَدَ دِينَارًا بِالسوقِ فَجَاءَ إِلَى فَاطِمَةَ فَأَخْبَرَهَا فَقَالَتْ اذْهَبْ إِلَى فُلَانٍ الْيَهُودِي فَخُذْ لَنا دَقِيقًا فَجَاءَ الْيَهُودِي فَاشْتَرَى بِهِ فَقَالَ الْيَهُودِي أَنتَ خَتَنُ هَذَا الذِي يَزْعُمُ أَنهُ رَسُولُ اللهِ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَخُذْ دِينَارَكَ وَلَكَ الدقِيقُ فَخَرَجَ عَلِي حَتى جَاءَ بِهِ فَاطِمَةَ فَأَخْبَرَهَا فَقَالَتْ اذْهَبْ إِلَى فُلَانٍ الْجَزارِ فَخُذْ لَنا بِدِرْهَمٍ لَحْمًا فَذَهَبَ فَرَهَنَ الدينَارَ بِدِرْهَمِ لَحْمٍ فَجَاءَ بِهِ فَعَجَنَتْ وَنَصَبَتْ وَخَبَزَتْ وَأَرْسَلَتْ إِلَى أَبِيهَا فَجَاءَهُمْ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ أَذْكُرُ لَكَ فَإِنْ رَأَيْتَهُ لَنا حَلَالًا أَكَلْنَاهُ وَأَكَلْتَ مَعَنَا مِنْ شَأْنِهِ كَذَا وَكَذَا فَقَالَ كُلُوا بِاسْمِ اللهِ فَأَكَلُوا فَبَيْنَمَا هُمْ مَكَانَهُمْ إِذَا غُلَامٌ يَنْشُدُ اللهَ وَالْإِسْلَامَ الدينَارَ فَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدُعِيَ لَهُ فَسَأَلَهُ فَقَالَ سَقَطَ مِني فِي السوقِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عَلِي اذْهَبْ إِلَى الْجَزارِ فَقُلْ لَهُ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَكَ أَرْسِلْ إِلَي بِالدينَارِ وَدِرْهَمُكَ عَلَي فَأَرْسَلَ بِهِ فَدَفَعَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَيْهِ.

4890 ـ سەھل ئىبنى سەئد مۇنداق دەيدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرسە، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ تۇرغانىكەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بۇ ئىككىسى نېمىشقا يىغلايدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئاچلىقتىن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىرتقا چىققانىدى، يولدا بىر تىللا تېپىۋالدى. ئۇيگە قايتىپ كىرىپ، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ پالانى يەھۇدىينىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۇن سېتىۋالغىن! ــ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ يەھۇدىينىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۇن سېتىۋالغانىدى، يەھۇدىي:

— سەن ھېلىقى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ جاكارلىغان كىشىنىڭ كۈيئوغلىمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ھەئە، - دېگەنىدى، يەھۇدىي:

- ئۇنداقتا تىللارىڭنى ئالغىن، ئۇنغا پۇل ئالمايمەن، - دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئېلىپ يەھۇدىينىڭ يېنىدىن چىقىپ، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— ئۇنداق بولسا، سەن پالانى قاسساپنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىر تەڭگىلىك گۆش سېتىۋالغىن! - دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاسساپ دۇكىنىغا بېرىپ، بىر تىللا پۇلنى بىر تەڭگىنىڭ ئورنىغا گۆرۈگە قويۇپ، بىر تەڭگىلىك گۆش ئېلىپ كەلدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خېمىر يۇغۇردى، قازان ئاستى، نان ياقتى ۋە ئاتىسىنى چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلگەندە، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ساڭا بۇ تاماقنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئېيتىپ بېرەي، ئەگەر سەن ئۇنى بىزگە ھالال كۆرسەڭ، بىز ئۇنى يەيلى، سەنمۇ بىز بىلەن بىللە يېگىن. ئەسلىدە بۇ تاماق مۇنداق - مۇنداق يول بىلەن كەلدى، — دېدى. ئەھۋالنى تەپسىلى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- تاماقنى ”بىسمىللاھ“ دەپ يەڭلار! - دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تاماقنى يېدى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار تېخى ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇشىغا، بىر بالا ئاللاھنىڭ نامىنى ۋە ئىسلامنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىنى تىلغا ئېلىپ، بىر تىللا پۇلنى ئىزدىگىلى تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغانىدى، ئۇ بالا:

- بىر تىللا پۇلۇم يولدا چۈشۈپ قاپتۇ. - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئەلى! سەن قاسساپنىڭ يېنىغا بېرىپ، گۆشنىڭ پۇلىنى اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۆتەيدىغانلىقىنى ۋە ھېلىقى تىللانى قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئېيتقىن! ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، قاسساپ گۆرۈگە ئالغان ھېلىقى بىر تىللانى ئەۋەتىپ بەردى ۋە ئۇنىڭ بىر تەڭگە پۇلىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆتىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1716)

4891 - عَنْ عِيَاضِ بْنِ حِمَارٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ وَجَدَ لُقَطَةً فَلْيُشْهِدْ ذَا عَدْلٍ أَوْ ذَوِي عَدْلٍ وَلَا يَكْتُمْ وَلَا يُغَيبْ فَإِنْ وَجَدَ صَاحِبَهَا فَلْيَرُدهَا عَلَيْهِ وَإِلا فَهُوَ مَالُ اللهِ عَز وَجَل يُؤْتِيهِ مَنْ يَشَاءُ.

4891 ـ ئىياز ئىبنى ھىمار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىرەر نەرسە تېپىۋالسا، ئۇنىڭغا ئادىل كىشىلەرنى گۇۋاھ قىلسۇن، ئۇنى يوشۇرمىسۇن ۋە يۇتتۇرىۋەتمىسۇن. ئەگەر ئىگىسى چىقسا، قايتۇرۇپ بەرسۇن، ئىگىسى چىقمىسا، ئۇ، الله تائالانىڭ مېلى بولۇپ، ئۇنى كىمگە خالىسا شۇنىڭغا بېرىدۇ»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1709)

4892 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ ضَالةُ الْإِبِلِ الْمَكْتُومَةُ غَرَامَتُهَا وَمِثْلُهَا مَعَهَا.

4892 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يۈتۈپ كەتكەن تۆگىنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى يوشۇرغان كىشى ئۇنىڭغا بىر ھەسسە قوشۇپ تۆلەيدۇ»[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 1718)

[①] ئەلبانى (1510): ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1503): سەھىھ ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (1511): سەھىھ ـ دېگەن.

4893 - عَنْ الْمُنْذِرِ بْنِ جَرِيرٍ قَالَ كُنتُ مَعَ جَرِيرٍ بِالْبَوَازِيجِ فَجَاءَ الرَاعِي بِالْبَقَرِ وَفِيهَا بَقَرَةٌ لَيْسَتْ مِنْهَا فَقَالَ لَهُ جَرِيرٌ مَا هَذِهِ قَالَ لَحِقَتْ بِالْبَقَرِ لَا نَدْرِي لِمَنْ هِيَ فَقَالَ جَرِيرٌ أَخْرِجُوهَا فَقَدْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا يَأْوِي الضالةَ إِلا ضَالٌ.

4893 ـ مۇنزىر ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: مەن بەۋازىج دېگەن يەردە جەرىر بىلەن بىللە ئىدىم. بىر پادىچى بىرمۇنچە كالىنى ھەيدەپ ئېلىپ كەلدى. بىر كالا باشقا كالىلاردىن چەتنەپ يۈرەتتى. جەرىر پادىچىدىن:

ــ بۇ كالا نېمىشقا چەتنەيدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پادىچى:

ــ بۇ كالا يولدا قېتىلىپ قالغانىدى، كىمنىڭ كالىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، ـ دېدى. جەرىر:

ــ ئۇنى كالىلاردىن ئايرىۋېتىڭلار، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يوقىتىپ قويۇلغان نەرسىنى پەقەت ئازغۇن كىشىلا ئېلىۋالىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1720)

4894 - عَنْ مُطَرفِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ الشخيرِ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضَالةُ الْمُسْلِمِ حَرَقُ النارِ.

4894 ـ مۇتەررىف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى شىخخىر ئاتىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلماننىڭ يوقىتىپ قويغان مېلىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش دوزاختا كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 2502)

---

[1] ئەلبانى (1513): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2029): سەھىھ ـ دېگەن.

4895 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ أن ثَابِتَ بْنَ الضحاكِ الْأَنصَارِي أَخْبَرَهُ أَنهُ وَجَدَ بَعِيرًا بِالْحَرةِ فَعَقَلَهُ ثُم ذَكَرَهُ لِعُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَأَمَرَهُ عُمَرُ أَنْ يُعَرفَهُ ثَلَاثَ مَراتٍ فَقَالَ لَهُ ثَابِتٌ إِنهُ قَدْ شَغَلَنِي عَنْ ضَيْعَتِي فَقَالَ لَهُ عُمَرُ أَرْسِلْهُ حَيْثُ وَجَدْتَهُ.

4895 ـ سۇلايمان ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: سابىت ئىبنى زەھهاك ئەنسارىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ سايدا بىر تۆگە تېپىۋېلىپ، ئۇنى باغلاپ قويۇپ، ئاندىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېيتقانىكەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى تۆگىنى ئۈچ قېتىم تونۇتۇشقا بۇيرۇپتۇ. سابىت ئۇنىڭغا:

ـ مەن ئۇنىڭغا قارايمان دەپ، ئىشلىرىمدىن قالىمەن، ـ دەپتىكەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ ئۇنداقتا، ئۇنى قەيەردىن تېپىۋالغان بولساڭ، شۇ يەرگە قويۇۋەتكىن! ـ دەپتۇ.

(مالىك: 1486)

4896 - عن مَالِك أَنهُ سَمِعَ ابْنَ شِهَابٍ يَقُولُ كَانَتْ ضَوَال الْإِبِلِ فِي زَمَانِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ إِبِلًا مُؤَبلَةً تَنَاتَجُ لَا يَمَسهَا أَحَدٌ حَتى إِذَا كَانَ زَمَانُ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ أَمَرَ بِتَعْرِيفِهَا ثُم تُبَاعُ فَإِذَا جَاءَ صَاحِبُهَا أُعْطِيَ ثَمَنَهَا.

4896 ـ ئىمام مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئىبنى شىهابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە يۈتۈپ كەتكەن تۆگىلەر ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلەتتى، ئۆزى تۇغۇپ كۆپىيەتتى، ھېچكىم تۇتۇۋالمايتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ، ئۇنداق تۆگىلەرنى تونۇتۇشقا، ئاندىن سېتىشقا، ناۋادا ئىگىسى چىقىپ قالسا، پۇلىنى بېرىشكە يارلىق چۈشۈرگەن.

(مالىك: 1488)

4897 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ رَخصَ لَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْعَصَا وَالسوْطِ وَالْحَبْلِ وَأَشْبَاهِهِ يَلْتَقِطُهُ الرجُلُ يَنْتَفِعُ بِهِ.

4897 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاسا، قامچا، ئارغامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تېپىۋالغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پايدىلىنىشىغا ئىجازەت بەرگەن①.

(ئەبۇ داۋۇد: 1717)

4898 - عَنْ الشعْبِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ وَجَدَ دَابةً قَدْ عَجَزَ عَنْهَا أَهْلُهَا أَنْ يَعْلِفُوهَا فَسَيبُوهَا فَأَخَذَهَا فَأَحْيَاهَا فَهِيَ لَهُ.

4898 ـ ئامىر شەئبىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىگىسى بېقىپ بولالماي قويىۋەتكەن ھايۋاننى تېپىۋېلىپ تۇتىۋالسا ۋە بېقىۋالسا، ئۇ ئۇنىڭ بولىدۇ»②.

(ئەبۇ داۋۇد: 3524)

4899 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عُثْمَانَ التيْمِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ لُقَطَةِ الْحَاج قَالَ أَحْمَدُ قَالَ ابْنُ وَهْبٍ يَعْنِي فِي لُقَطَةِ الْحَاج يَتْرُكُهَا حَتى يَجِدَهَا صَاحِبُهَا.

4899 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئوسمان تەيمى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجىلارنىڭ نەرسىلىرىنى تېپىۋېلىشتىن توسقان③.

(ئەبۇ داۋۇد: 1719)

4900 - وَاشْتَرَى ابْنُ مَسْعُودٍ جَارِيَةً وَالْتَمَسَ صَاحِبَهَا سَنَةً فَلَمْ يَجِدْهُ وَفُقِدَ فَأَخَذَ يُعْطِي الدرْهَمَ وَالدرْهَمَيْنِ وَقَالَ اللهُم عَنْ فُلَانٍ فَإِنْ أَتَى فُلَانٌ فَلِي وَعَلَي وَقَالَ هَكَذَا فَافْعَلُوا بِاللقَطَةِ.

---

① ئەلبانى (377): زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (3009): ھەسەن، ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (1512): سەھىھ ـ دېگەن.

4900 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر دېدەك سېتىۋالغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىگىسىنى بىر يىلغىچە ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى، ئۇ ئادەم يوتۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى الله! بۇ سەدىقە پالانىنىڭ نامىدا بولسۇن، ناۋادا ئىگىسى كېلىپ قالسا، سەدىقىنىڭ ساۋابى ماڭا بولسۇن، مەن ئۇ ئادەمگە دېدەكنىڭ پۇلىنى تۆلەيمەن، ـ دەپ بىر تەڭگىدىن، ئىككى تەڭگىدىن سەدىقە قىلىشقا باشلىدى ۋە:

ـ سىلەرمۇ تېپىۋالغان نەرسىنى مۇشۇنداق قىلىڭلار! ـ دېدى. (ئىمام بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4901 - عَنْ أَبِي عَمْرٍو الشَّيْبَانِي، قَالَ: أَتَيْتُ ابْنَ مَسْعُودٍ بِأُبَاقٍ مِنْ عَبِيدِ الْيَمَنِ، فَقَالَ: "الْأَجْرُ وَالْغَنِيمَةُ"، قَالَ: قُلْتُ: أَما الْأَجْرُ فَقَدْ عَرَفْنَاهُ فَمَا الْغَنِيمَةُ؟ قَالَ: "أَرْبَعِينَ دِرْهَمًا مِنْ كُل إِنْسَانٍ".

4901 ـ ئەبۇ ئەمر شەيبانى مۇنداق دەيدۇ: مەن يەمەننىڭ قېچىپ كەتكەن قۇللىرىنى تۇتۇپ، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنىدىم، ئۇ:

ـ سەن ئەجىر ۋە غەنىمەتكە ئېرىشتىڭ، ـ دېدى. مەن:

ـ ئەجىرنىغۇ بىلىمىز، ئەمما غەنىمەت دېگىنىڭ نېمىسى؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ ھەر بىر قۇل ئۇچۇن 40 تەڭگىدىن غەنىمەتكە ئېرىشتىڭ، ــ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 9066)

[1] ھەيسەمى (6858): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ رەبىياھ ئىسىملىك تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ رۋايىلىرىدۇر، ـ دېگەن.

# قازىلىق بۆلۈمى

## ئەيىبلەشكە ۋە ماختاشقا تېگىشلىك قازىلىق، قازىلىق قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى، شۇنداقلا ھۆكۈم قىلىش شەكىللىرى

4902 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ وَلِيَ الْقَضَاءَ أَوْ جُعِلَ قَاضِيًا بَيْنَ الناسِ فَقَدْ ذُبِحَ بِغَيْرِ سِكينٍ.

4902 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى خەلق ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ۋەزىپىسىگە ياكى قازىلىققا تەيىنلەنسە، پىچاقتىن باشقا نەرسە بىلەن بوغۇزلانغان بولىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 1325)

4903 - عَنْ ابْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْقُضَاةُ ثَلَاثَةٌ وَاحِدٌ فِي الْجَنةِ وَاثْنَانِ فِي النارِ فَأَما الذِي فِي الْجَنةِ فَرَجُلٌ عَرَفَ الْحَق فَقَضَى بِهِ وَرَجُلٌ عَرَفَ الْحَق فَجَارَ فِي الْحُكْمِ فَهُوَ فِي النارِ وَرَجُلٌ قَضَى لِلناسِ عَلَى جَهْلٍ فَهُوَ فِي النارِ.

4903 ـ ئىبنى بۇرەيدە ئاتىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قازىلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، بىر تۈرى جەننەتكە، قالغان ئىككى تۈرى دوزاختا كىرىدۇ. جەننەتكە كىرىدىغىنى ھەقنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى تونۇپ

---

[①] ئەلبانى (1067): سەھىھ ـ دېگەن.

يېتىدۇ ۋە ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. ئىككىنچى تۈردىكى كىشى ھەقنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ، ئەمما ناھەق ھۆكۈم قىلىپ دوزاخقا كىرىدۇ. ئۈچىنچى تۈردىكى كىشى ئىنسانلار ئارىسىدا بىلمەي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا كىرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3573)

4904 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَوْهَبٍ أَن عُثْمَانَ قَالَ لِابْنِ عُمَرَ اذْهَبْ فَاقْضِ بَيْنَ النَّاسِ قَالَ أَوَ تُعَافِينِي يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ قَالَ فَمَا تَكْرَهُ مِنْ ذَلِكَ وَقَدْ كَانَ أَبُوكَ يَقْضِي قَالَ إِنِّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ كَانَ قَاضِيًا فَقَضَى بِالْعَدْلِ فَبِالْحَرِيِّ أَنْ يَنْقَلِبَ مِنْهُ كَفَافًا فَمَا أَرْجُو بَعْدَ ذَلِكَ.

4904 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەۋھەب مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ــ سەن خەلققە قازىلىق قىلغىن! ـ دېگەندى، ئۇ:

ــ ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ماڭا مەرھەمەت قىلىپ شۇ ئىشقا مېنى مەسئۇل قىلمىساڭ، ـ دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ نېمىشقا قازىلىق قىلىشنى يامان كۆرىسەن، ئاتاڭمۇ قازىلىق قىلاتتىغۇ؟ ـ دېگەندى، ئۇ:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى قازىلىق قىلىپ، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلسا، پايدىمۇ ئالماي، زىيانمۇ تارتماي قايتىشقا ھەقلىق بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قانداقمۇ قازىلىق قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن؟! ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 1322)

---

[1] ئەلبانى (3051): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (221): زەئىپ ـ دېگەن.

4905 - وفي رواية رزين أن عثمان قال لابنَ عمرَ: «فَإن أباكَ كان يَقضي، فقال: إن أبي لو أشكل عليه شيء سألَ رسولَ الله -صلى الله عليه وسلم- ، ولو أشكلَ علـى رسولِ الله -صلى الله عليه وسلم- شيء سأل جبريل عليه السلام، وإني لا أجِـدُ مَـنْ أسألُهُ، و سمعتُ رسولَ الله -صلى الله عليه وسلم- يقول: مَن عَاذَ باللهِ، فقد عاذَ بعظيم، وسمعتُه يقول: مَن عَاذَ باللهِ فأعيذُوه، وإني أعوذ بالله أن تَجْعَلني قَاضِيا، فأعفاه، وقال: لا تُخْبِرْ أحدا».

4905 ـ رەزىننىڭ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭدا كېلىشىچە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ــ ئاتاڭمۇ قازىلىق قىلاتتىغۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـــ ئاتام بىرەر مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلالمىسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورايتتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىرەر مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلالمىسا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن سورايتتى. ناۋادا مەن بىرەر مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلالمىسام، ئۇنى سورايدىغان ھېچكىم تاپالمايمەن، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى اللهقا سېغىنىپ قازىلىق قىلىشتىن پاناھ تىلىسە، ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ ئىشتىن پاناھ تىلىگەن بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ئۇنىڭ يەنە: «كىمكى اللهقا سېغىنىپ قازىلىق قىلىشتىن پاناھ تىلىسە، ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن ھەقىقەتەن اللهقا سېغىنىپ قازىلىقتا مېنى تەيىنلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئەپۇ قىلدى ۋە:

ــ بۇ ھەدىسنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمىگىن! ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4906 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَـأَلَ الْقَضَاءَ وُكِلَ إِلَى نَفْسِهِ وَمَنْ أُجْبِرَ عَلَيْهِ يُنْزِلُ اللهُ عَلَيْهِ مَلَكًا يُسَدِّدُهُ.

4906 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قازىلىق ۋەزىپىسىگە ئۆزىنىڭ ئىستىكى بىلەن تەيىنلەنسە، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىلىدۇ. كىمكى قازىلىق ۋەزىپىسىگە مەجبۇرى تەيىنلەنسە، الله ئۇنىڭغا ئۇنى توغرىغا يېتەكلەيدىغان بىر پەرىشتىنى ھەمراھ قىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1323)

4907 - عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ طَلَبَ قَضَاءَ الْمُسْلِمِينَ حَتى يَنَالَهُ ثُم غَلَبَ عَدْلُهُ جَوْرَهُ فَلَهُ الْجَنةُ وَمَنْ غَلَبَ جَوْرُهُ عَدْلَهُ.

4907 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆزىنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن مۇسۇلمانلارغا قازىلىق قىلىش ۋەزىپىسىگە ئېرىشسە، ئاندىن ئادالىتى زۇلمىدىن غالىب كەلسە، جەننەتكە كىرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ زۇلمى ئادالىتى ئۈستىدىن غالىب كەلسە، دوزاخقا كىرىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3573)

4908 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ اخْتَصَمَ إلَيْهِ مُسْلِمٌ وَيَهُودِي فَرَأى عُمَرُ أن الْحَق لِلْيَهُودِي فَقَضَى لَهُ فَقَالَ لَهُ الْيَهُودِي وَاللهِ لَقَدْ قَضَيْتَ بِالْحَق فَضَرَبَهُ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ بِالدرةِ ثُم قَالَ وَمَا يُدْرِيكَ فَقَالَ لَهُ الْيَهُودِي إنا نَجِدُ أنهُ لَيْسَ قَاضٍ يَقْضِي بِالْحَق إلا كَانَ عَنْ يَمِينِهِ مَلَكٌ وَعَنْ شِمَالِهِ مَلَكٌ يُسَددَانِهِ وَيُوَفقَانِهِ لِلْحَق مَا دَامَ مَعَ الْحَق فَإذَا تَرَكَ الْحَق عَرَجَا وَتَرَكَاهُ.

4908 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر مۇسۇلمان بىلەن بىر يەھۇدىي ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ

[1] ئەلبانى (222): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (763): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئەنھۇنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ كەلگەننىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەق يەھۇدىينىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەھۇدىي:

ـ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلدىڭ، ـ دەپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى دەررە بىلەن بىرنى ئۇرۇپ:

ــ سەن مېنىڭ ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلغانلىقىمنى نەدىن بىلىسەن؟ ـ دەپتىكەن، ئۇ:

ــ بىز كىتابلىرىمىزدا ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلغان ھەرقانداق قازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر پەرىشتە، سول تەرىپىدە بىر پەرىشتە بولىدىغانلىقىنى، قازى ھەق ئۈستىدىلا بولسا، ئۇ ئىككى پەرىشتە ئۇنى توغرىغا يېتەكلەيدىغانلىقىنى ۋە مۇۋەپپىقىيەت قازاندۇرىدىغانلىقىنى، ناۋادا قازى ھەقنى تەرك ئەتسە، ئۇ پەرىشتىلەرنىڭمۇ ئۇنى تەرك ئېتىدىغانلىقىنى ئوقۇغان، ـ دەپتۇ.

(مالىك: 1425)

4909 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي أَوْفَى قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ مَعَ الْقَاضِي مَا لَمْ يَجُرْ فَإِذَا جَارَ تَخَلى عَنْهُ وَلَزِمَهُ الشيْطَانُ.

4909 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قازى ناھەقچىلىك قىلمايدىكەن، ﷲ ئۇنىڭ بىلەن بىللىدۇر. ناۋادا ئۇ ناھەقچىلىك قىلسا، ﷲ ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا شەيتان ھەمراھ بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1330)

4910 - عَنْ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا حَكَمَ الْحَاكِمُ فَاجْتَهَدَ ثُم أَصَابَ فَلَهُ أَجْرَانِ وَإِذَا حَكَمَ فَاجْتَهَدَ ثُم أَخْطَأَ فَلَهُ أَجْرٌ.

[1] ئەلبانى (1069): ھەسەن، ـ دېگەن.

4910 ـ ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ھۆكۈم قىلغۇچى تىرىشىپ، ئىجتىھاد قىلىپ توغرا ھۆكۈم قىلسا، ئىككى ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. ناۋادا تىرىشىپ ئىجتىھاد قىلغان بولسىمۇ، خاتا ھۆكۈم قىلىپ قالسا، بىر ئەجىرگە ئېرىشىدۇ».

(بۇخارى: 7352)

4911 - عَنْ يَحْيَى بنِ سَعِيدٍ أن أبَا الدرْدَاءِ كَتبَ إلى سَلْمَانَ الْفَارِسِي أنْ هَلُم إلى الْأَرْضِ الْمُقَدسَةِ فَكَتبَ إلَيْهِ سَلْمَانُ إن الْأَرْضَ لَا تُقَدسُ أحَدًا وَإنمَا يُقَدسُ الْإنسَانَ عَمَلُهُ وَقَدْ بَلَغَنِي أنكَ جُعِلْتَ طَبِيبًا تُدَاوِي فَإنْ كُنتَ تُبْرِئُ فَنِعِما لَكَ وَإنْ كُنتَ مُتَطَبِّبًا فَاحْذَرْ أنْ تَقْتُلَ إنْسَانًا فَتَدْخُلَ النارَ فَكَانَ أبُو الدرْدَاءِ إذَا قَضَى بَيْنَ اثْنَيْنِ ثُم أدْبَرَا عَنْهُ نَظَرَ إلَيْهِمَا وَقَالَ ارْجِعَا إلَي أعِيدَا عَلَي قِصَتَكُمَا مُتَطَبِّبٌ وَاللهِ.

4911 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ''بۇ ئۇلۇغ زېمىنغا سىلەرمۇ كېلىڭلار'' دەپ خەت يازغانىدى، سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: ''زېمىن ھېچكىمنى ئۇلۇغ قىلالمايدۇ، ئىنساننى ئۇلۇغ قىلىدىغىنى ئۇنىڭ ئەمەلىدۇر. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، سەن ئادەملەرنى داۋالايدىغان تېۋىپ (يەنى قازى) بولۇپسەن، ئەگەر سەن كىشىلەرنى كېسەلدىن ساقايتالىساڭ، سەن ئۈچۈن ئەجەب ياخشىدۇر. ناۋادا سەن ساختا تېۋىپ بولساڭ، ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن دوزاخقا كىرىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىگىن'' دەپ جاۋاب خەت يازدى. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى ئادەم ئارىسىدا ھۆكۈم قىلسا، ئۇلار قايتىپ ماڭغاندا، ئۇلارغا ئىنچىكىلەپ قارايتتى ۋە:

ــ ئالدىمغا قايتىپ كېلىڭلار ۋە ۋەقەلىكنى ماڭا قايتا سۆزلەپ بېرىڭلار! ــ دەيتتى. ئاندىن (مەسىلىگە قايتا ئىنچىكىلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە): اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن ساختا تېۋىپ ئىكەنمەن، ـ دەپ كېتەتتى.

(مالىك: 1500)

4912 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الراشِي وَالْمُرْتَشِيَ فِي الْحُكْمِ.

4912 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆكۈم مەسىلىسىدە پارا بەرگۈچىگىمۇ، پارا ئالغۇچىغىمۇ لەنەت قىلغان[1].

(تىرمىزى: 1336)

4913 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ قَالَ بَعَثَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْيَمَنِ فَلَما سِرْتُ أَرْسَلَ فِي أَثَرِي فَرُدِدْتُ فَقَالَ أَتَدْرِي لِمَ بَعَثْتُ إِلَيْكَ لَا تُصِيبَن شَيْئًا بِغَيْرِ إِذْنِي فَإِنهُ غُلُولٌ وَمَنْ يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَل يَوْمَ الْقِيَامَةِ لِهَذَا دَعَوْتُكَ فَامْضِ لِعَمَلِكَ.

4913 - مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يەمەنگە (قازى قىلىپ) ئەۋەتكەندى. مەن يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارقامدىن بىرىنى ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، قايتىپ كەلدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— مېنىڭ نېمىشقا ئادەم ئەۋەتىپ سېنى چاقىرتىپ كەلگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ ھېچبىر نەرسىنى مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ئالمىغىن، چۈنكى ئۇ خىيانەتتۇر، ﴿كىمكى خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ﴾. مەن سېنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن چاقىرتقانىدىم، ئەمدى يولغا چىقساڭ بولىدۇ، - دېدى[2].

(تىرمىزى: 1335)

4914 - عَنْ عَلِي عَلَيْهِ السلَام قَالَ بَعَثَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْيَمَنِ قَاضِيًا فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ تُرْسِلُنِي وَأَنَا حَدِيثُ السن وَلَا عِلْمَ لِي بِالْقَضَاءِ فَقَالَ إِن

[1] ئەلبانى (1073): سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (226): سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

اللَه سَيَهْدِي قَلْبَكَ وَيُثَبِّتُ لِسَانَكَ فَإِذَا جَلَسَ بَيْنَ يَدَيْكَ الْخَصْمَانِ فَلَا تَقْضِيَن حَتى تَسْمَعَ مِنْ الْآخَرِ كَمَا سَمِعْتَ مِنْ الْأَولِ فَإِنَهُ أَحْرَى أَنْ يَتَبَينَ لَكَ الْقَضَاءُ قَالَ فَمَا زِلْتُ قَاضِيًا أَوْ مَا شَكَكْتُ فِي قَضَاءٍ بَعْدُ.

4914 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يەمەنگە قازىلىققا تەيىنلەپ ئەۋەتكەندى، مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن تېخى ياش تۇرسام، قازىلىق قىلىشتا ئىلمىي تەجرىبەم بولمىسا، مېنى قازىلىققا ئەۋەتەمسەن؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـ الله دىلىڭنى ھىدايەت قىلىدۇ، تىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. ئەگەر ئالدىڭغا ئىككى دەۋاگەر كەلسە، بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا ھۆكۈم قىلىۋەتمەستىن، يەنە بىرىنىڭمۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئاندىن مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلغىن. مۇشۇنداق قىلساڭ، توغرا ھۆكۈمنىڭ ساڭا ئايان بولۇشىغا پايدىسى بار، ـ دېدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر مەسىلىگە ھۆكۈم قىلىشتا ئىككىلىنىپ باقمىدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3582)

4915 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزبَيْرِ قَالَ قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن الْخَصْمَيْنِ يَقْعُدَانِ بَيْنَ يَدَيْ الْحَكَمِ.

4915 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋاگەرلەرنى ھاكىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ھۆكۈم قىلاتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3588)

4916 - عن عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ أَبِي بَكْرَةَ قَالَ كَتَبَ أَبو بَكْرَةَ إِلَى ابْنِهِ وَكَانَ بِسِجِسْتَانَ بِأَنْ لَا تَقْضِيَ بَيْنَ اثْنَيْنِ وَأَنتَ غَضْبَانُ فَإِني سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا يَقْضِيَن حَكَمٌ بَيْنَ اثْنَيْنِ وَهُوَ غَضْبَانُ.

[1] ئەلبانى (3057): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (769): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

4916 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھاكىم ئاچچىغلاپ قالغان ۋاقىتتا ئىككى ئادەم ئارىسىدا ھۆكۈم قىلمىسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(بۇخارى: 7158)

4917 - وفي رواية: لَا يَقْضِيَن أَحَدٌ فِي قَضَاءٍ بِقَضَاءَيْنِ وَلَا يَقْضِي أَحَدٌ بَيْنَ خَصْمَيْنِ وَهُوَ غَضْبَانُ.

4917 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھېچكىم بىر دەۋاغا ئىككى خىل ھۆكۈم قىلمىسۇن، ھېچكىم ئاچچىغى كېلىپ قالغان ۋاقىتتا ئىككى دەۋاگەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلمىسۇن»[①].

(نەسائى: 5421)

4918 - عن أم سلمة زوج النبي صلى الله عليه وسلم قالت قال رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا ابتلى أحدكم في القضاء بين المسلمين فلا يقضين وهو غضبان وليسو بينهم بالنظر والمجلس والاشارة ولا يرفع صوته على أحد الخصمين فوق الآخر.

4918 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قازىلىق قىلىش سىنىقىغا دۇچ كەلسە، ئاچچىغى كېلىپ قالغان ۋاقىتتا ھۆكۈم قىلمىسۇن، دەۋاگەرلەرنىڭ مەسىلىلىرىگە قاراپ چىقىش، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇش ۋە ئۇلارغا ئىشارەت قىلىش ئىشلىرىدا ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلسۇن. ئىككى دەۋاگەرنىڭ بىرىگە

---

[①] ئەلبانى (5011): سەھىھ ـ دېگەن.

سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، يەنە بىرىگە قوپال تېگىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن»[1].

(«ئەلكەبىر»؛ مەۋسىلى)

4919 - عن عمران بن حصين قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من دعى إБ حاكم من حكام اڸسلمين فلم يأته فهو ظاƁ - أو قال لا حق له.

4919 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىملىرىدىن (يەنى ھۆكۈم قىلغۇچىلاردىن) بىرىنىڭ ئالدىغا چاقىرىلغاندا كەلمىسە، ئۇ زالىمدۇر (ياكى ئۇنىڭ ھەققى يوق)»[2].

(بەززار: 1362)

4920 - عَنْ عَوْفِ بْنِ مَالِكٍ أَنَهُ حَدثَهُمْ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَضَى بَيْنَ رَجُلَيْنِ فَقَالَ الْمَقْضِي عَلَيْهِ لَما أَدْبَرَ حَسْبِيَ اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ إِن اللهَ يَلُومُ عَلَى الْعَجْزِ وَلَكِنْ عَلَيْكَ بِالْكَيْسِ فَإِذَا غَلَبَكَ أَمْرٌ فَقُلْ حَسْبِيَ اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ.

4920 ــ ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويغانىدى، زىيىنىغا ھۆكۈم قىلىنغان كىشى قايتىپ كېتىۋېتىپ:

ــ ماڭا الله كۇپايە قىلسۇن، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامى! ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] ھەيسەمى (6998): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبباد ئىبنى كەسىر سەقەفى ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7019): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە رۇھ ئىبنى ئەتا ئىبنى ئەبۇ مەيمۇنە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ئەمما ئىبنى ئەدىي ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

ــ الله ئىشلارغا سەل قارايدىغان بىخەرەزگە مالامەت قىلىدۇ، ئەمما ساڭا زېرەكلىكنى بېرىپتۇ. ناۋادا بىرەر ئىشقا دۇچار بولساڭ: "ماڭا الله كۇپايە قىلسۇن، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي؟!" دېگىن، ـ دېدى[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 3627)

4921 - عَنْ أَبِي جَمْرَةَ قَالَ كُنْتُ أُتَرْجِمُ بَيْنَ ابْنِ عَبَّاسٍ وَبَيْنَ النَّاسِ.

4921 ـ ئەبۇ جەمرە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تەرجىمانلىق قىلىپ بېرەتتىم.
(بۇخارى: 87)

4922 - مَنْ حَكَمَ فِي الْمَسْجِدِ حَتَّى إِذَا أَتَى عَلَى حَدٍّ أَمَرَ أَنْ يُخْرَجَ مِنْ الْمَسْجِدِ فَيُقَامَ وَقَالَ عُمَرُ أَخْرِجَاهُ مِنْ الْمَسْجِدِ وَيُذْكَرُ عَنْ عَلِيٍّ نَحْوُهُ.

4922 ـ كىمكى مەسجىدتە ھۆكۈم قىلسا، جازا ئىجرا قىلىدىغان يەرگە كەلگەندە، جىنايەتچىلەرنى مەسجىدنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇيتتى ۋە جازا سىرتتا ئىجرا قىلىناتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ جازا ئىجرا قىلىنىدىغان بىرىنى ئىشارەت قىلىپ:
ــ ئىككىڭلار ئۇنى مەسجىدنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىڭلار! ــ دېگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.
(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4923 - عَنْ أُنَاسٍ مِنْ أَهْلِ حِمْصَ مِنْ أَصْحَابِ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَمَّا أَرَادَ أَنْ يَبْعَثَ مُعَاذًا إِلَى الْيَمَنِ قَالَ كَيْفَ تَقْضِي إِذَا عَرَضَ لَكَ قَضَاءٌ قَالَ أَقْضِي بِكِتَابِ اللَّهِ قَالَ فَإِنْ لَمْ تَجِدْ فِي كِتَابِ اللَّهِ قَالَ فَبِسُنَّةِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ فَإِنْ لَمْ تَجِدْ فِي سُنَّةِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَلَا فِي كِتَابِ اللَّهِ

[1] ئەلبانى (782): زەئىپ، ـ دېگەن.

قَالَ أَجْتَهِدُ رَأْيِي وَلَا آلُو فَضَرَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَدْرَهُ وَقَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي وَفقَ رَسُولَ رَسُولِ اللهِ لِمَا يُرْضِي رَسُولَ اللهِ.

4923 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھىمسلىك ھەمراھلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە قازى قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولغاندا:

ـ ئالدىڭغا بىرەر ھۆكۈم كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا نېمە بىلەن ھۆكۈم قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىن ئۇ ھۆكۈمنى تاپالمىساڭچۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىنمۇ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىنمۇ ئۇ ھۆكۈمنى تاپالمىساڭچۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ ئۆزەم تىرىشىپ ئىجتىھاد قىلىپ، ئۆز قارىشىم بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، (ئىجتىھاد قىلىشتا) چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەيمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ـ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەلچىسىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى رازى بولىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3592)

4924 - وفي رواية: «أن مُعَاذا سَألَ رسولَ الله -صلى الله عليه وسلم- فقال: يا رسول الله بِمَ أقضي؟ قال: بكتابِ الله قال: فإن لم أجد؟ قال: بِسُنةِ رسولِ الله، قال: فإن

---

[1] ئەلبانى (770): زەئىپ، ـ دېگەن.

B أجدا قال: اسَتَدِق الدنيا، وَتَعَظمْ في عَيْنِكَ ما عند الله، واجتهد رَأْيك، فسيسددك الله للحق».

4924 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرەر مەسىلىگە دۇچ كېلىپ قالسا، نېمە بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ اللەنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم بىلەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ اللەنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىن تاپالمىسامچۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بىلەن، ـ دېدى. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىنمۇ تاپالمىسامچۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ:

ـ كۆز ئالدىڭغا دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى، اللەنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى كەلتۈرۈپ، ئۆز پىكرىڭ بىلەن ئىجتىھاد قىلغىن، الله سېنى ھەققە يېتەكلەيدۇ، ـ دېدى.

4925 - عَنْ شُرَيْحٍ أنهُ كَتبَ إلى عُمَرَ يَسْألُهُ فَكَتبَ إلَيْهِ أنْ اقْضِ بِمَا فِي كِتَابِ اللهِ فَإنْ لَمْ يَكُنْ فِي كِتَابِ اللهِ فَبِسُنةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإنْ لَمْ يَكُنْ فِي كِتَابِ اللهِ وَلَا فِي سُنةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاقْضِ بِمَا قَضَى بِهِ الصالِحُونَ فَإنْ لَمْ يَكُنْ فِي كِتَابِ اللهِ وَلَا فِي سُنةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَمْ يَقْضِ بِهِ الصالِحُونَ فَإنْ شِئْتَ فَتَقَدمْ وَإنْ شِئْتَ فَتَأخرْ وَلَا أرَى التأخرَ إلا خَيْرًا لَكَ وَالسلَامُ عَلَيْكُمْ.

4925 ـ شۇرەيھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خەت يېزىپ، بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسەم، نېمە بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىم ھەققىدە سورىغانىدىم، ئۇ ماڭا جاۋاب خەت يېزىپ:

"اللهنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم بىلەن ھۆكۈم قىلغىن. ناۋادا ئۇنىڭدىن تاپالمىساڭ، اللهنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم قىلغىن. اللهنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىنمۇ، پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىنمۇ تاپالمىساڭ، سالىھلار (ياخشى كىشىلەر)نىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلغىن. ئۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمى اللهنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىمۇ، پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىمۇ بولمىسا، سالىھلارمۇ ھۆكۈم قىلمىغان بولسا، خالىساڭ ئۆزەڭ ئىجتىھاد قىلىپ ھۆكۈم قىلغىن، خالىساڭ ھۆكۈم قىلمىغىن. مەن سېنىڭ ئۇنداق مەسىلىگە ھۆكۈم قىلمىغىنىڭنى سەن ئۈچۈن ياخشى دەپ قارايمەن، سىلەرگە اللهنىڭ سالامى بولسۇن" دېدى[①].

(نەسائى: 5399)

4926 - عَنْ أُم سَلَمَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَمِعَ جَلَبَةَ خَصْمٍ بِبَابِ حُجْرَتِهِ فَخَرَجَ إِلَيْهِمْ فَقَالَ إِنمَا أَنا بَشَرٌ وَإِنهُ يَأْتِينِي الْخَصْمُ فَلَعَل بَعْضَهُمْ أَنْ يَكُونَ أَبْلَغَ مِنْ بَعْضٍ فَأَحْسِبُ أَنهُ صَادِقٌ فَأَقْضِي لَهُ فَمَنْ قَضَيْتُ لَهُ بِحَق مُسْلِمٍ فَإِنمَا هِيَ قِطْعَةٌ مِنْ النارِ فَلْيَحْمِلْهَا أَوْ يَذَرْهَا.

4926 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا دەۋاگەرلەرنىڭ غەلۋە قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقتى ۋە:

— مەن بىر ئىنسانمەن، مېنىڭ ئالدىمغا دەۋاگەرلەر دەۋالىشىپ كېلىدۇ، بەزىلەر بەزىلەردىن گەپكە ئۇستا بولۇشى مۇمكىن، مەن ئۇنى راست ئېيتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىپ بېرىشىم مۇمكىن. كىمگە بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى ھۆكۈم قىلىپ بەرسەم، ئۇ دوزاختىن بىر پارچە ئوتتۇر. شۇڭا ئۇ ئۇنى ئالسۇن ياكى ۋاز كەچسۇن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1713)

① ئەلبانى (4989): سەنەدى سەھىھ ۋە مەۋقۇف، ـ دېگەن.

4927 - عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ أَتى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلَانِ يَخْتَصِمَانِ فِي مَوَارِيثَ لَهُمَا لَمْ تَكُنْ لَهُمَا بَينَةٌ إِلا دَعْوَاهُمَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ مِثْلَهُ فَبَكَى الرجُلَانِ وَقَالَ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا حَقي لَكَ فَقَالَ لَهُمَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَما إِذْ فَعَلْتُمَا مَا فَعَلْتُمَا فَاقْتَسِمَا وَتَوَخيَا الْحَق ثُم اسْتَهِمَا ثُم تَحَالا.

4927 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئىككى ئادەم مىراسى ھەققىدە دەۋالىشىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىسپاتى يوق ئىدى، پەقەت ھەر بىرى مىراسنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكى ھەدىسكە ئوخشاش سۆزلەپ بەرگەندى، ھەر ئىككىلىسى يىغلاپ كەتتى ۋە ھەر بىرى:

ــ مېنىڭ ھەققىم سېنىڭ بولسۇن، ــ دېگىلى تۇردى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

ـ ئۇنداق بولسا، ئادىللىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىككىگە بۆلۈڭلار، ئاندىن چەك تاشلاپ، چەك بويىچە ئېلىڭلار ۋە بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ھالاللىشىڭلار! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3583)

[1] ئەلبانى (766): زەئىپ، ـ دېگەن.

## دەۋا، دەلىل ـ ئىسپات، گۇۋاھلىق، تۇتۇپ تۇرۇش ياكى سولاپ قويۇش ۋە باشقا مەسىلىلەر

4928 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ فِي خُطْبَتِهِ الْبَيِّنَةُ عَلَى الْمُدَّعِي وَالْيَمِينُ عَلَى الْمُدَّعَى عَلَيْهِ.

4928 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم خۇتبىسىدە: «دەۋاگەر دەلىل كەلتۈرۈشى، ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغۇچى قەسەم قىلىشى كېرەك» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 1341)

4929 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَوْ يُعْطَى النَّاسُ بِدَعْوَاهُمْ لَادَّعَى نَاسٌ دِمَاءَ رِجَالٍ وَأَمْوَالَهُمْ وَلَكِنَّ الْيَمِينَ عَلَى الْمُدَّعَى عَلَيْهِ.

4929 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ناۋادا ئىنسانلارغا دەۋالىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىپ بېرىلسە، ئادەملەرنىڭ قېنىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى دەۋا قىلىشتىن تەپ تارتمايدۇ، لېكىن ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغۇچى قەسەم قىلىشى كېرەك».

(مۇسلىم: 1711)

4930 - عَنْ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ أَنَّ امْرَأَتَيْنِ كَانَتَا تَخْرِزَانِ فِي بَيْتٍ أَوْ فِي الْحُجْرَةِ فَخَرَجَتْ إِحْدَاهُمَا وَقَدْ أُنْفِذَ بِإِشْفًى فِي كَفِّهَا فَادَّعَتْ عَلَى الْأُخْرَى فَرُفِعَ إِلَى ابْنِ عَبَّاسٍ فَقَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَوْ يُعْطَى النَّاسُ بِدَعْوَاهُمْ لَذَهَبَ دِمَاءُ

[1] ئەلبانى (1078): سەھىھ ـ دېگەن.

قَوْمٍ وَأَمْوَالُهُمْ ذَكَرُوهَا بِاللهِ وَاقْرَءُوا عَلَيْهَا إِنَ الذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ اللهِ فَذَكَرُوهَا فَاعْتَرَفَتْ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْيَمِينُ عَلَى الْمُدعَى عَلَيْهِ.

4930 ـ ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكە مۇنداق دەيدۇ: ئىككى ئايال بىر ئۆيدە ياكى بىر ھۇجرىدا موزدوزلۇق قىلاتتى. ئالقىنىغا بىگىز كىرىپ كەتكەن بىرى ھۇجرىدىن چىقىپ، يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلدى. بۇ دەۋا ئىبنى ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغاندى، ئۇ:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ناۋادا ئىنسانلارغا دەۋالىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىپ بېرىلسە، ئادەملەرنىڭ قېنىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى دەۋا قىلىشتىن تەپ تارتمايدۇ» دېگەن، ئۇ ئايالغا اللهنى ئەسلىتىڭلار ۋە الله تائالانىڭ: ﴿اللهقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (اللهنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾ دېگەن سۆزىنى ئوقۇپ بېرىڭلار! ـ دېدى. نەتىجىدە، ئۇلار ئۇ ئايالغا اللهنى ئەسلەتكەندى، ئايال گۇناھىنى ئېتىراپ قىلدى. ئاندىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغۇچى قەسەم قىلىشى كېرەك» دېگەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4552)

4931 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَضَى بِيَمِينٍ وَشَاهِدٍ.

4931 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەمگە ۋە گۇۋاھچىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلغان.

(مۇسلىم: 1712)

4932 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْيَمِينِ مَعَ الشاهِدِ الْوَاحِدِ.

4932 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەمگە ۋە بىر گۇۋاھچىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلغان[①].

(تىرمىزى: 1343)

4933 - عن عَمارِ بْن شُعَيْثِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزبَيْبِ الْعَنْبَرِي حَدثَنِي أَبِي قَالَ سَمِعْتُ جَدي الزبَيْبَ يَقُولُ بَعَثَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ جَيْشًا إِلَى بَنِي الْعَنْبَرِ فَأَخَذُوهُمْ بِرُكْبَةَ مِنْ نَاحِيَةِ الطائِفِ فَاسْتَاقُوهُمْ إِلَى نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَكِبْتُ فَسَبَقْتُهُمْ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ السلَامُ عَلَيْكَ يَا نَبِي اللهِ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ أَتَانَا جُنْدُكَ فَأَخَذُونَا وَقَدْ كُنا أَسْلَمْنَا وَخَضْرَمْنَا آذَانَ النعَمِ فَلَما قَدِمَ بَلْعَنْبَرِ قَالَ لِي نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ لَكُمْ بَينَةٌ عَلَى أَنكُمْ أَسْلَمْتُمْ قَبْلَ أَنْ تُؤْخَذُوا فِي هَذِهِ الْأَيامِ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ مَنْ بَينَتُكَ قُلْتُ سَمُرَةُ رَجُلٌ مِنْ بَنِي الْعَنْبَرِ وَرَجُلٌ آخَرُ سَماهُ لَهُ فَشَهِدَ الرجُلُ وَأَبَى سَمُرَةُ أَنْ يَشْهَدَ فَقَالَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أَبَى أَنْ يَشْهَدَ لَكَ فَتَحْلِفُ مَعَ شَاهِدِكَ الْآخَرِ قُلْتُ نَعَمْ فَاسْتَحْلَفَنِي فَحَلَفْتُ بِاللهِ لَقَدْ أَسْلَمْنَا يَوْمَ كَذَا وَكَذَا وَخَضْرَمْنَا آذَانَ النعَمِ فَقَالَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اذْهَبُوا فَقَاسِمُوهُمْ أَنْصَافَ الْأَمْوَالِ وَلَا تَمَسوا ذَرَارِيهُمْ لَوْلَا أَن اللهَ لَا يُحِب ضَلَالَةَ الْعَمَلِ مَا رَزَيْنَاكُمْ عِقَالًا قَالَ الزبَيْبُ فَدَعَتْنِي أُمي فَقَالَتْ هَذَا الرجُلُ أَخَذَ زِرْبِيتِي فَانْصَرَفْتُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعْنِي فَأَخْبَرْتُهُ فَقَالَ لِي احْبِسْهُ فَأَخَذْتُ بِتَلْبِيبِهِ وَقُمْتُ مَعَهُ مَكَانَنَا ثُم نَظَرَ إِلَيْنَا نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَائِمَيْنِ فَقَالَ مَا تُرِيدُ بِأَسِيرِكَ فَأَرْسَلْتُهُ مِنْ يَدِي فَقَامَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لِلرجُلِ رُد عَلَى هَذَا زِرْبِيةَ أُمهِ التِي أَخَذْتَ مِنْهَا فَقَالَ يَا نَبِي اللهِ إِنهَا خَرَجَتْ مِنْ يَدِي قَالَ فَاخْتَلَعَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَيْفَ الرجُلِ فَأَعْطَانِيهِ وَقَالَ لِلرجُلِ اذْهَبْ فَزِدْهُ آصُعًا مِنْ طَعَامٍ قَالَ فَزَادَنِي آصُعًا مِنْ شَعِيرٍ.

[①] ئەلبانى (1080): سەھىھ ـ دېگەن.

4933 ـ ئەممار ئىبنى شۇئەيس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيب ئەنبەرى مۇنداق دەيدۇ: دادامنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ بوۋىسى زۇبەيبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىكەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى ئەنبەر قەبىلىسىگە قوشۇن ئەۋەتتى. قوشۇن ئۇلارنى تائىف تەرەپتىكى رۇكبە جىلغىسىدا قورشاۋغا ئېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇلاغقا مىنىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئۇلاردىن بۇرۇنراق كەلدىم ۋە:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! سىنىڭ قوشۇنۇڭ كېلىپ، بىزنى ئەسىرگە ئالدى، بىراق بىز ئاللىبۇرۇن مۇسۇلمان بولۇپ بولغانىدۇق ۋە (ئىسلامغا كىرگەنلىكىمىزنىڭ پەرقلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن) مال ـ چارۋىلىرىمىزنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى كېسىپ قويغانىدۇق، ــ دېدىم. بەنى ئەنبەر قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ــ سىلەرنىڭ ئەسىرگە ئېلىنىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولۇپ بولغانلىقىڭلارغا ئىسپاتىڭلار بارمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ھەئە، بار، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ بۇنى كىم ئىسپاتلايدۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ بەنى ئەنبەر قەبىلىسىدىن سەمۇرە ۋە يەنە بىر ئادەم ئىسپاتلايدۇ، ــ دەپ، يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدىم. يەنە بىر ئادەم گۇۋاھلىق بەردى، بىراق سەمۇرە گۇۋاھلىق بەرگىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەمۇرە گۇۋاھلىق بەرگىلى ئۇنىمىدى، شۇڭا سەن يەنە بىر گۇۋاھچىڭ بىلەن بىرگە قەسەم قىلىشىڭ لازىم، ـ دېدى. مەن:

ــ بولىدۇ، ــ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ قەسەم قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى، مەن اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، پالانى ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزنى ۋە چارۋا ــ ماللىرىمىزنىڭ

قۇلاقلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى بۇنىڭ بەلگىسى قىلىپ كەسكەنلىكىمىزنى ئېيتتىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسكەرلەرگە:

ــ سىلەر بىرىپ ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىغا تەگمەڭلار، ــ دېدى. ئاندىن بەنى ئەنبەر قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرىگە ــ الله تائالا ئەمەلىنىڭ (ئەسكەرلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ) زايا بولۇپ كېتىشىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولمىسا ئىدى، بىر ئوغلاق چاغلىق مېلىڭلارنى كەملىتىۋەتمەيتتۇق، ــ دېدى. شۇ ئارىدا ئانام مېنى چاقىرىپ:

ـ ماۋۇ ئادەم مېنىڭ بىساتىمنى ئېلىۋالدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقاندىم، ئۇ ماڭا:

ــ ئۇ ئادەمنى تۇتۇپ تۇرغىن، ــ دېدى. مەن ئۇنىڭ ياقىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ، جايىمىزدىن مىدىرلىماي ئۆرە تۇردۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى كۆردى ۋە ماڭا:

ـ بۇ ئادەمنى نېمىشقا ئۇنداق قاتتىق تۇتۇۋالدىڭ؟ ـ دېگەنىدى، مەن ئۇنى قويۇپ بەردىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئادەمگە:

ــ ئۇنىڭ ئانىسىدىن ئېلىۋالغان بىساتنى قايتۇرۇپ بەرگىن! ــ دېگەنىدى، ئۇ ئادەم:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ بىسات قولۇمدىن ئاللىبۇرۇن چىقىپ بولدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ماڭا بەردى ۋە ئۇ ئادەمگە:

ـ سەن بىرىپ، قىلىچىنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭغا يەنە بىر قانچە سا ئاشلىق بەرگىن، ــ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ماڭا قىلىچىنىڭ ئۈستىدىن بىر قانچە سا ئارپا بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3612)

[1] ئەلبانى (775): زەئىپ، ـ دېگەن.

4934 - عن عَبْد اللهِ بن عُبَيْدِ اللهِ بْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ أن بَنِي صُهَيْبٍ مَوْلَى ابْنِ جُدْعَانَ ادعَوْا بَيْتَيْنِ وَحُجْرَةً أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْطَى ذَلِكَ صُهَيْبًا فَقَالَ مَـرْوَانُ مَنْ يَشْهَدُ لَكُمَا عَلَى ذَلِكَ قَالُوا ابْنُ عُمَرَ فَدَعَاهُ فَشَهِدَ لَأَعْطَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ صُهَيْبًا بَيْتَيْنِ وَحُجْرَةً فَقَضَى مَرْوَانُ بِشَهَادَتِهِ لَهُمْ.

4934 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكە مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى جۇدئاننىڭ ئازادگەردىسى سۇھەيبنىڭ جەمەتىدىكىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۇھەيبكە ئىككى ئۆي ۋە بىر ھۇجرا بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلغانىدى، مەرۋان:

ـ ئۇنىڭ ئۇچۇن سىلەرگە كىم گۇۋاھلىق بېرىدۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ـ دېگەنىدى، مەرۋان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى چاقىرتىپ كەلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۇھەيبكە ئىككى ئۆي ۋە بىر ھۇجرا بەرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەنىدى، مەرۋان ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى بويىچە ئۇ ئىككى ئۆي ۋە بىر ھۇجرىنى ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىپ بەردى.

(بۇخارى: 2624)

4935 - عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي أن رَجُلَيْنِ ادعَيَا بَعِيرًا عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَبَعَثَ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا شَاهِدَيْنِ فَقَسَمَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ بَيْنَهُمَـا نِصْفَيْنِ.

4935 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىككى ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىر تۆگىنى تالىشىپ دەۋالىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىككىدىن گۇۋاھچى كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ تۆگىنى ئىككىسىگە تەڭ بۆلۈپ بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3613)

[1] ئەلبانى (778): زەئىپ، ـ دېگەن.

4936 - عَنْ أَبِي مُوسَى أَن رَجُلَيْنِ اخْتَصَمَا إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِـي دَابةٍ لَيْسَ لِوَاحِدٍ مِنْهُمَا بَينَةٌ فَقَضَى بِهَا بَيْنَهُمَا نِصْفَيْنِ.

4936 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىككى ئادەم بىر ئۇلاغنى تالىشىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ باردى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئۇلاغنى ئىككىسىگە تەڭ ھۆكۈم قىلىپ بەردى[1].

(نەسائى: 5424)

4937 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَرَضَ عَلَى قَوْمٍ الْيَمِينَ فَأَسْرَعُوا فَأَمَرَ أَنْ يُسْهَمَ بَيْنَهُمْ فِي الْيَمِينِ أَيهُمْ يَحْلِفُ.

4937 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قەۋمگە قەسەم قىلىشنى تەكلىپ قىلغاندى، ئۇلار دەرھال قەسەم قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەمنى بىرىدىن باشلاش ئۈچۈن چەك تاشلاشقا بۇيرۇدى.

(بۇخارى: 2674)

4938 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا كَرِهَ الِاثْنَانِ الْيَمِينَ أَوْ اسْتَحَباهَا فَلْيَسْتَهِمَا عَلَيْهَا.

4938 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ناۋادا ھەر ئىككىلىسى قەسەم قىلىشنى ياقتۇرمىسا ياكى قەسەم قىلىشقا ئالدىراپ كەتسە، قايسىسىنىڭ دەسلەپ قەسەم قىلىشى ئۈچۈن ئىككىسى ئۆزئارا چەك تاشلىسۇن!»[2]

(ئەبۇ داۋۇد: 3617)

---

[1] ئەلبانى (410): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3079): سەھىھ ـ دېگەن.

4939 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَد شَهَادَةَ الْخَائِنِ وَالْخَائِنَةِ وَذِي الْغِمْرِ عَلَى أَخِيهِ.

4939 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خىيانەتخور ئەر ۋە خىيانەتخور ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقىنى، شۇنداقلا، مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئاداۋەت ساقلىغۇچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى رەت قىلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3600)

4940 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَجُوزُ شَهَادَةُ خَائِنٍ وَلَا خَائِنَةٍ وَلَا مَجْلُودٍ حَدا وَلَا مَجْلُودَةٍ وَلَا ذِي غِمْرٍ لِأَخِيهِ وَلَا مُجَربِ شَهَادَةٍ وَلَا الْقَانِعِ أَهْلَ الْبَيْتِ لَهُمْ وَلَا ظَنِينٍ فِي وَلَاءٍ وَلَا قَرَابَةٍ قَالَ الْفَزَارِي الْقَانِعُ التابِعُ.

4940 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خىيانەتخور ئەر ۋە خىيانەتخور ئاياللارنىڭ، دەررە ئۇرۇلغان ئەر ۋە دەررە ئۇرۇلغان ئاياللارنىڭ، مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئاداۋەت ساقلىغۇچىنىڭ، بىر قېتىم يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئىسپاتلانغان كىشىنىڭ، باشقا بىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ياكى تۇغقاندارچىلىقىنى دەۋا قىلىش بىلەن قارىلانغان كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى جايىز بولمايدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2298)

4941 - عن مَالِك أنهُ بَلَغَهُ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ لَا تَجُوزُ شَهَادَةُ خَصْمٍ وَلَا ظَنِينٍ.

4941 ـ ئىمام مالىكنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: دەۋاگەرنىڭ ۋە تۆھمەتكە ئۇچرىغۇچىنىڭ گۇۋاھلىقى

[1] ئەلبانى (3067): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (398): زەئىپ، ـ دېگەن.

دۇرۇس بولمايدۇ، ـ دېگەن.

(مالىك: 1427)

4942 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَجُوزُ شَهَادَةُ بَدَوِي عَلَى صَاحِبِ قَرْيَةٍ.

4942 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «جاڭگالدا ياشايدىغان كىشىنىڭ يېزا ۋە شەھەرلەردە ياشايدىغان كىشى ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بېرىشى دۇرۇس بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3602)

4943 - عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ الزبَيْرِ كَانَ يَقْضِي بِشَهَادَةِ الصبْيَانِ فِيمَا بَيْنَهُمْ مِنْ الْجِرَاحِ.

4943 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما كىچىك بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى يارىلىنىش ئىشلىرىغا يەنە شۇ كىچىك بالىلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى.

(مالىك: 1433)

4944 - قَالَ أَنسٌ شَهَادَةُ الْعَبْدِ جَائِزَةٌ إِذَا كَانَ عَدْلًا.

4944 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر قۇل ئادىل كىشى بولسا، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىش دۇرۇستتۇر.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4945 - عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ أَبِي عَبْدِ الرحْمَنِ أَنهُ قَالَ قَدِمَ عَلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْعِرَاقِ فَقَالَ لَقَدْ جِئْتُكَ لِأَمْرٍ مَا لَهُ رَأْسٌ وَلَا ذَنبٌ فَقَالَ عُمَرُ مَا هُوَ قَالَ شَهَادَاتُ الزورِ ظَهَرَتْ بِأَرْضِنَا فَقَالَ عُمَرُ أَوَ قَدْ كَانَ ذَلِكَ قَالَ نَعَمْ فَقَالَ عُمَرُ وَاللهِ لَا يُؤْسَرُ رَجُلٌ

[①] ئەلبانى (3069): سەھىھ ـ دېگەن.

فِي الْإِسْلَامِ بِغَيْرِ الْعُدُولِ.

4945 ـ رەبىيئە ئىبنى ئەبۇ ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: ئىراقلىق بىر ئادەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ مەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا بېشىمۇ يوق، ئايىغىمۇ يوق بىر ئىش بىلەن كەلدىم، ـ دېگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇ قانداق ئىش؟ ـ دەپ سورىدى. ئىراقلىق ئادەم:

ـ بىزنىڭ زېمىنىمىزدا يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئىشى ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ راستىنلا شۇنداق بولۇپ كەتتىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم:

ـ ھەئە، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئىسلام دىنىدا ئادىل كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بولماي تۇرۇپ ھېچكىم سولاپ قويۇلمايدۇ، ـ دېدى.

(مالىك: 1427)

4946 - عَنْ أَيْمَنَ بْنِ خُرَيْمٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَامَ خَطِيبًا فَقَالَ يَا أَيهَا الناسُ عَدَلَتْ شَهَادَةُ الزورِ إِشْرَاكًا بِاللهِ ثُم قَرَأَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ﴿فَاجْتَنِبُوا الرجْسَ مِنْ الْأَوْثَانِ وَاجْتَنِبُوا قَوْلَ الزورِ﴾.

4946 ـ ئەيمەن ئىبنى خۇرەيم مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى خۇتبە ئوقۇپ: «ئى خالايىق! يالغان گۇۋاھلىق بېرىش اللهقا شېرىك كەلتۈرگەن بىلەن تەڭ گۇناھتۇر» دېدى، ئاندىن: ﴿سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[1].

(تىرمىزى: 2299)

4947 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُتْبَةَ قَالَ سَمِعْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ إِن أُنَاسًا كَانُوا يُؤْخَذُونَ بِالْوَحْيِ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِن الْوَحْيَ قَدْ

[1] ئەلبانى (399): زەئىپ، ـ دېگەن.

انْقَطَعَ وَإِنَّمَا نَأْخُذُكُمْ الْآنَ بِمَا ظَهَرَ لَنَا مِنْ أَعْمَالِكُمْ فَمَنْ أَظْهَرَ لَنَا خَيْرًا أَمِنَّاهُ وَقَرَّبْنَاهُ وَلَيْسَ إِلَيْنَا مِنْ سَرِيرَتِهِ شَيْءٌ اللَّهُ يُحَاسِبُهُ فِي سَرِيرَتِهِ وَمَنْ أَظْهَرَ لَنَا سُوءًا لَمْ نَأْمَنْهُ وَلَمْ نُصَدِّقْهُ وَإِنْ قَالَ إِنَّ سَرِيرَتَهُ حَسَنَةٌ.

4947 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى ۋەھيىگە بىنائەن بىر تەرەپ قىلىناتتى. مانا ئەمدى ۋەھيى چۈشمەيدۇ، شۇڭا بىز ھازىر سىلەرنى ئەمەللىرىڭلاردىن بىزگە ئاشكارا بولغىنىغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىمىز. كىمكى بىزگە ياخشى ئىشنى ئىزھار قىلسا، بىز ئۇنىڭغا ئەمىن بولىمىز ۋە ئۇنى ئۆزىمىزگە يېقىن تۇتىمىز، بىز ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرىدىن ھېچ نەرسىگە جاۋابكار ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن الله ئۆزى ھېساب ئالىدۇ. كىمكى بىزگە يامان ئىشنى ئىزھار قىلسا، گەرچە ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، بىز ئۇنىڭدىن ئەمىن بولالمايمىز ۋە ئىشەنمەيمىز.

(بۇخارى: 2641)

4948 - عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِيِّ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَلَا أُخْبِرُكُمْ بِخَيْرِ الشُّهَدَاءِ الَّذِي يَأْتِي بِشَهَادَتِهِ قَبْلَ أَنْ يُسْأَلَهَا.

4948 ــ زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن سىلەرگە گۇۋاھچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ شۇنداق بىر ئادەمكى، گۇۋاھلىق بېرىشى تەلەپ قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزلۈكىدىن كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ».

(مۇسلىم: 1719)

4949 - عَنْ عُمَارَةَ بْنِ خُزَيْمَةَ أَنَّ عَمَّهُ حَدَّثَهُ وَهُوَ مِنْ أَصْحَابِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ابْتَاعَ فَرَسًا مِنْ أَعْرَابِيٍّ فَاسْتَتْبَعَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ

عَلَيْهِ وَسَلمَ لِيَقْضِيَهُ ثَمَنَ فَرَسِهِ فَأَسْرَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَشْيَ وَأَبْطَأَ الْأَعْرَابِي فَطَفِقَ رِجَالٌ يَعْتَرِضُونَ الْأَعْرَابِي فَيُسَاوِمُونَهُ بِالْفَرَسِ وَلَا يَشْعُرُونَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ابْتَاعَهُ فَنَادَى الْأَعْرَابِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِنْ كُنْتَ مُبْتَاعًا هَذَا الْفَرَسِ وَإِلا بِعْتُهُ فَقَامَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ سَمِعَ نِدَاءَ الْأَعْرَابِي فَقَالَ أَوْ لَيْسَ قَدْ ابْتَعْتُهُ مِنْكَ فَقَالَ الْأَعْرَابِي لَا وَاللهِ مَا بِعْتُكَهُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَلَى قَدْ ابْتَعْتُهُ مِنْكَ فَطَفِقَ الْأَعْرَابِي يَقُولُ هَلُم شَهِيدًا فَقَالَ خُزَيْمَةُ بْنُ ثَابِتٍ أَنَا أَشْهَدُ أَنكَ قَدْ بَايَعْتَهُ فَأَقْبَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى خُزَيْمَةَ فَقَالَ بِمَ تَشْهَدُ فَقَالَ بِتَصْدِيقِكَ يَا رَسُولَ اللهِ فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَهَادَةَ خُزَيْمَةَ بِشَهَادَةِ رَجُلَيْنِ.

4949 ـ ئۇمارە ئىبنى خۇزەيمە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بولغان تاغامنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئەئرابىدىن بىر ئات سېتىۋالغانىدى. ئۇ ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، تېزراق مېڭىپ كېتىپ قالدى. ئەئرابى بولسا ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بىر بۆلۈك ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇ ئاتنى سېتىۋالغانلىقىنى بىلمەي، ئەئرابىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئاتنى سودىلاشقىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئەئرابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى توۋلاپ:

ـ ئاتنى سېتىۋالساڭ سېتىۋالغىن، بولمىسا ئۇنى سېتىۋېتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەئرابىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

ـ ئۇنى مەن سەندىن سېتىۋالمىدىممۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئەئرابى:

ـــ ياق، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن تېخى ئاتنى ساڭا ساتمىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ياق، مەن سەندىن ئاتنى سېتىۋالدىم، ـ دېگەنىدى، ئەئرابى:

ـ ئۇنداق بولسا، قېنى گۇۋاھچى كەلتۈرگىن، ـ دېدى. بۇنى كۆرگەن خۇزەيمە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مانا مەن سېنىڭ ئاتنى ساتقانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بۇرۇلۇپ:

ـ نېمىگە گۇۋاھلىق بېرىسەن؟ ـ دېگەنىدى، خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ سېنىڭ راست ئېيتقانلىقىڭغا، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى ئورنىدا قوبۇل قىلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3607)

4950 - وزاد رزين فقال الأعرابي: «أهذا رسول الله؟ فقال له أبو هريرة: كفى بك جهْلا أن لا تعرف نبيكَ، صدق الله: {الأَعرابُ أَشَد كُفْرا وَنِفَاقـا وأجْـدَرُ أَنْ لا يَعْلَمُوا حُدُودَ مَا أَنزلَ الله على رسولِهِ} فاعترف الأعرابي بالبيع».

4950 ـ رەزىن يۇقىرىدىكى ھەدىسكە مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: ئەئرابى (خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ):

ـ بۇ ئادەم اللهنىڭ پەيغەمبىرىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ـــ سەن نېمىدېگەن نادان ئادەمسەن، تېخىچە پەيغەمبىرىڭنى تونۇمامسەن؟! الله تائالا: ﴿ئەئرابىلارنىڭ كۇفرى ۋە مۇناپىقلىقى تېخىمۇ زىيادىدۇر، الله پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىككە ئۇلار ئەڭ لايىقتۇر﴾ دەپ، تولىمۇ راست ئېيتقانىكەن، ـ دېدى. نەتىجىدە، ئەئرابى ئاتنى ساتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

---

[1] ئەلبانى (3073): سەھىھ ـ دېگەن.

4951 - عن أبي موسى عن النبي صلى الله عليه وسلم قال من كتم شـهادة إذا دعي إليها كان كمن شهد بالزور.

4951 ـــ ئەبـــۇ مۇســـا ئەشـــئەرى رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن رىـــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرىلغاندا گۇۋاھلىقنى يوشۇرسا، يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن بىلەن ئوخشاش بولىدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»؛ «ئەلئەۋسەت»: 4335)

4952 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنَّهُ سَأَلَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْ أن رَجُلًا سَأَلَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا الذِي يَجُوزُ فِي الرضَاعِ مِنْ الشهُودِ فَقَالَ النبي صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلٌ أَوْ امْرَأَةٌ.

4952 ـــ ئىبنــى ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا مۇنــداق دەيــدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئېمىلداشلىقتا قانچە كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ بىر ئەر ياكى بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[②].

(ئەھمەد: 4892)

4953 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا يَجُـوزُ فِـي الرضَاعَةِ مِنْ الشهُودِ قَالَ رَجُلٌ وَامْرَأَةٌ.

4953 ـــ ئىبنــى ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا مۇنــداق دەيــدۇ: بىــرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

---

① ھەيسەمى (7038): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى سالىھ ئىسىملىك بىرى بار. ئابدۇلمەلىك ئىبنى شۇئەيب ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (7044): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇراھمان بەيلەمانى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

ـ ئىمىلداشلىقتا قانچە كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ بىر ئەر ۋە بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەھمەد: 4893؛ «ئەلكەبىر»)

4954 - عن حذيفة، أن النF صلى الله عليه وسلم «أجاز شهادة القابلة».

4954 ــ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇغۇت ئانىسىنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىشقا ئىجازەت بەرگەن[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 600)

4955 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ يَا مَعْشَرَ الْمُسْلِمِينَ كَيْفَ تَسْأَلُونَ أَهْلَ الْكِتَابِ وَكِتَابُكُمْ الذِي أُنزِلَ عَلَى نَبِيهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحْدَثُ الْأَخْبَارِ بِاللهِ تَقْرَءُونَهُ لَمْ يُشَبْ وَقَدْ حَدثَكُمْ اللهُ أَن أَهْلَ الْكِتَابِ بَدلُوا مَا كَتَبَ اللهُ وَغَيرُوا بِأَيْدِيهِمْ الْكِتَابَ فَقَالُوا هُوَ مِنْ عِنْدِ اللهِ لِيَشْتَرُوا بِهِ ثَمَنًا قَلِيلًا أَفَلَا يَنْهَاكُمْ مَا جَاءَكُمْ مِنْ الْعِلْمِ عَنْ مُسَاءَلَتِهِمْ وَلَا وَاللهِ مَا رَأَيْنَا مِنْهُمْ رَجُلًا قَط يَسْأَلُكُمْ عَنْ الذِي أُنزِلَ عَلَيْكُمْ.

4955 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلغان كىتابىڭلار اللهنىڭ دەرگاھىدىن تېخى يېڭى كەلگەن، كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋە سىلەر ئۇ كىتابنى ئوقۇپ تۇرۇۋاتقان تۇرۇپ، يەنە قانداقسىگە ئەھلى كىتابتىن مەسىلە سورايسىلەر؟ الله سىلەرگە ئەھلى كىتابنىڭ الله نازىل قىلغان كىتابنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئاندىن ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش (يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئىتى) ئۈچۈن: ”بۇ، اللهنىڭ دەرگاھىدىن

[1] ھەيسەمى (7044): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇراھمان بەيلەمانى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7045): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ماڭا نامەلۇم بىرى بار، ـ دېگەن.

چۈشكەن كىتابتۇر“ دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدىغۇ؟! سىلەرگە كەلگەن ئىلىم ئۇلاردىن مەسىلە سورىشىڭلارنى مەنئى قىلمىدىمۇ؟ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلاردىن بىرمۇ ئادەمنىڭ سىلەردىن سىلەرگە نازىل بولغان ئىلىم ھەققىدە سوراپ باققانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدۇق.

(بۇخارى: 2685)

4956 - عن ابْنُ أَبِي نَمْلَةَ الْأَنصَارِي عَنْ أَبِيهِ أَنهُ بَيْنَمَا هُوَ جَالِسٌ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعِنْدَهُ رَجُلٌ مِنْ الْيَهُودِ مُر بِجَنَازَةٍ فَقَالَ يَا مُحَمدُ هَلْ تَتَكَلمُ هَذِهِ الْجَنَازَةُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُ أَعْلَمُ فَقَالَ الْيَهُودِي إِنهَا تَتَكَلمُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ مَا حَدثَكُمْ أَهْلُ الْكِتَابِ فَلَا تُصَدقُوهُمْ وَلَا تُكَذبُوهُمْ وَقُولُوا آمَنا بِاللهِ وَرُسُلِهِ فَإِنْ كَـانَ بَاطِلًا لَمْ تُصَدقُوهُ وَإِنْ كَانَ حَقا لَمْ تُكَذبُوهُ.

4956 ـ ئىبنى ئەبۇ نەملە ئەنسارى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر يەھۇدىيمۇ بار ئىدى. شۇ ئارىدا بىر جىنازە ئۆتكۈزۈلگەندى، ھېلىقى يەھۇدىي:

ــ ئى مۇھەممەد! بۇ جىنازە گەپ قىلامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله ئوبدان بىلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەرگەندى، يەھۇدىي:

ـ ئۇ گەپ قىلىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ناۋادا ئەھلى كىتاب سىلەرگە (دىنىي ئىشلار ھەققىدە) سۆزلەپ بەرسە، ئۇلارغا ئىشىنىپمۇ كەتمەستىن، ئۇلارنى يالغانغىمۇ چىقارماستىن، بەلكى: ”بىز اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىمىز“ دەڭلار. شۇنداق دېسەڭلار، مۇبادا ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى خاتا بولسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن بولىسىلەر. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى ھەق بولۇپ قالسا، سىلەر ئۇنى يالغانغا چىقارغان بولمايسىلەر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3644)

[1] ئەلبانى (786): زەئىپ، ـ دېگەن.

4957 - عَنْ الشعْبِي أن رَجُلًا مِنْ الْمُسْلِمِينَ حَضَرَتْهُ الْوَفَاةُ بِدَقُوقَاءَ هَذِهِ وَلَمْ يَجِدْ أَحَدًا مِنْ الْمُسْلِمِينَ يُشْهِدُهُ عَلَى وَصِيتِهِ فَأَشْهَدَ رَجُلَيْنِ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ فَقَدِمَا الْكُوفَةَ فَأَتَيَا أَبَا مُوسَى الْأَشْعَرِي فَأَخْبَرَاهُ وَقَدِمَا بِتَرِكَتِهِ وَوَصِيتِهِ فَقَالَ الْأَشْعَرِي هَذَا أَمْرٌ لَمْ يَكُنْ بَعْدَ الذِي كَانَ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَحْلَفَهُمَا بَعْدَ الْعَصْرِ بِاللهِ مَا خَانَا وَلَا كَذَبَا وَلَا بَدلَا وَلَا كَتَمَا وَلَا غَيرَا وَإِنهَا لَوَصِيةُ الرجُلِ وَتَرِكَتُهُ فَأَمْضَى شَهَادَتَهُمَا.

4957 ـ شەئبى مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەم دەقۇقا (باغداد بىلەن ئەربىل ئارىلىقىغا جايلاشقان بىر يۇرتنىڭ ئىسمى) دېگەن جايدا سەكراتقا چۈشۈپتۇ. بىراق ئۇ ۋەسىيىتىگە گۇۋاھچى قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىمنى تاپالماپتۇ. شۇڭا ئۇ ئەھلى كىتابتىن ئىككى ئادەمنى گۇۋاھچى قىلىپتۇ. كېيىن ئۇلار كۇفە شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئۇنىڭ پۇل ـ مېلىنى ۋە ۋەسىيىتىنى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدىن كېيىن مۇنداق ئىش يۈز بېرىپ باقمىغانىدى، ــ دەپتۇ، ئاندىن ھېلىقى ئىككىسىنى بۇ ۋەسىيەت ۋە پۇل ـماللار جەزمەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمىغانلىقى، يالغان ئېيتمىغانلىقى، ئالماشتۇرۇۋالمىغانلىقى، يوشۇرمىغانلىقى ۋە ئۆزگەرتمىگەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئەسىردىن كېيىن اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلدۇرۇپتۇ. ئاندىن بۇ مەسىلىگە ئۇ ئىككىسىنىڭ گۇۋاھلىقى بويىچە ھۆكۈم قىلىپتۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3605)

[1] ئەلبانى (3071): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

4958 - عن حُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرحْمَنِ سَمِعَ مُعَاوِيَةَ يُحَدِّثُ رَهْطًا مِنْ قُرَيْشٍ بِالْمَدِينَةِ وَذَكَرَ كَعْبَ الْأَحْبَارِ فَقَالَ إِنْ كَانَ مِنْ أَصْدَقِ هَؤُلَاءِ الْمُحَدِّثِينَ الذِينَ يُحَدِّثُونَ عَنْ أَهْلِ الْكِتَابِ وَإِنْ كُنا مَعَ ذَلِكَ لَنَبْلُو عَلَيْهِ الْكَذِبَ.

4958 ـ ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇئاۋىيەنىڭ مەدىنىدە قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر قانچە كىشىگە گەپ قىلىپ بېرىپ، كەئب ئىبنى ئەھبارنى تىلغا ئالغانلىقىنى ۋە:

ـ گەرچە ئۇ ئەھلى كىتاب ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغانلارنىڭ ئەڭ راستچىلى بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئۇنىڭ يالغان ئېيتىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتۇق، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4959 - عَنْ بَهْزِ بْنِ حَكِيمٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَبَسَ رَجُلًا فِي تُهْمَةٍ.

4959 ــ بەھز ئىبنى ھەكىم دادىسىدىن بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆھمەت مەسىلىسىدە بىر ئادەمنى سولاپ قويغانىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3630)

4960 - وزاد الترمذي والنسائي: ثُم خَلى عَنْهُ.

4960 ـ ئىمام تىرمىزى ۋە نەسائى يۇقىرىدىكى ھەدىسكە: كېيىن ئۇنى قويۇپ بەرگەن، ـ دېگەن جۈملىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[2].

(تىرمىزى: 1417)

4961 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَضَى فِي السيْلِ الْمَهْزُورِ أَنْ يُمْسَكَ حَتى يَبْلُغَ الْكَعْبَيْنِ ثُم يُرْسِلُ الْأَعْلَى عَلَى

[1] ئەلبانى (3087): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1145): ھەسەن، ـ دېگەن.

الْأَسْفَلِ.

4961 ـ ئەمەر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەھزۇر جىلغىسىنىڭ سۈيىگە ھۆكۈم چىقىرىپ، يېرى باشتا بولغانلارنىڭ يېرىگە ئوشۇقتا كەلگىچە سۇ قويۇۋېلىپ، ئاندىن سۇنى يېرى ئاياقتا بولغانلارغا قويۇپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3639)

4962 - عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ كَانَتْ لَهُ نَاقَةٌ ضَارِيَةٌ فَدَخَلَتْ حَائِطًا فَأَفْسَدَتْ فِيهِ فَكُلِّمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيهَا فَقَضَى أَن حِفْظَ الْحَوَائِطِ بِالنهَارِ عَلَى أَهْلِهَا وَأَن حِفْظَ الْمَاشِيَةِ بِاللَّيْلِ عَلَى أَهْلِهَا وَأَن عَلَى أَهْلِ الْمَاشِيَةِ مَا أَصَابَتْ مَاشِيَتُهُمْ بِاللَّيْلِ.

4962 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىدىغان بىر تۆگەم بار ئىدى. بىر كۈنى، تۆگەم بىرىنىڭ بېغىغا كىرىپ، باغقا زىيان سېلىپ قويۇپتۇ. بۇ مەسىلە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتىلغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باغنى كۈندۈزى ساقلاش باغ ئىگىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئۇلاغنى كېچىسى ساقلاش ئۇلاغنىڭ ئىگىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىگە، ناۋادا ئۇلاغلار كېچىسى بىرىنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان سالسا، ئۇلاغ ئىگىلىرىنىڭ تۆلەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3570)

4963 - عَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ زَرَعَ فِي أَرْضِ قَوْمٍ بِغَيْرِ إِذْنِهِمْ فَلَيْسَ لَهُ مِنْ الزرْعِ شَيْءٌ وَلَهُ نَفَقَتُهُ.

[①] ئەلبانى (3094): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3048): سەھىھ ـ دېگەن.

4963 ـــ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى باشقىلارنىڭ يېرىنى ئۇلارنىڭ ئىزنىنى ئالماي تۇرۇپ تېرىسا، ئۇنىڭغا يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ، سالغان مەبلىغى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1366)

4964 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ اخْتَصَمَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلَانِ فِي حَرِيٍّ نَخْلَةٍ فِي حَدِيثِ أَحَدِهِمَا فَأَمَرَ بِهَا فَذُرِعَتْ فَوُجِدَتْ سَبْعَةَ أَذْرُعٍ.

4964 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىككى ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ باردى. ئۇ ئىككىسىدىن بىرىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، مەسىلە خورمىلىق باغ ئارىسىدىكى پاسىل يەر ھەققىدە ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەرنى ئۆلچەشكە بۇيرۇغانىدى، ئۆلچىگەندىن كېيىن، يەتتە گەز ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3640)

4965 - وَفِي حَدِيثِ الْآخَرِ فَوُجِدَتْ خَمْسَةَ أَذْرُعٍ فَقَضَى بِذَلِكَ.

4965 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: بەش گەز چىققانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يەرنىڭ قوشنا ھەققىنىڭ بەش گەز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى، ـ دېيىلگەن[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 3640)

4966 - وَفِي أخرى: فَأَمَرَ بِجَرِيدَةٍ مِنْ جَرِيدِهَا فَذُرِعَتْ.

[1] ئەلبانى (1102): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (3095): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (3095): سەھىھ ـ دېگەن.

4966 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەرنى خورما شېخىدا ئۆلچەشكە بۇيرۇغانىدى، ـ دېيىلگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3640)

4967 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مُغَفلٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ حَفَرَ بِئْـرًا فَلَهُ أَرْبَعُونَ ذِرَاعًا عَطَنًا لِمَاشِيَتِهِ.

4967 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى تاشلاندۇق يەردە قۇدۇق كولىسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىن 40 گەز يەر مال ـ چارۋىلىرى ئۇچۇن قوتان قىلىپ بېرىلىدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 2486)

4968 - عن أŷ هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من أعان علـى خصومة لا يعلم أحق أم باطل فهو في سخط الله حƓ يƞع ومن مشى مع قوم يرى أنـه شاهد وليس بشاهد فهو كشاهد زور.

4968 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھەق ياكى ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ بىر دەۋاغا ياردەم قىلسا، بۇ دەۋادىن ياردىمىنى تارتمىغىچە ﷲنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. كىمكى گۇۋاھچى ئەمەس تۇرۇپ گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن بىر قەۋم بىلەن بىللە ماڭسا، ئۇ يالغان گۇۋاھچى ھېسابلىنىدۇ»[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ئەلبانى (3095): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2016): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (7065): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە رەجا سەقەتى ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى مۇئىن ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ھىببان ھەدىسى ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

4969 - عن أَوْسَ بن شُرَحْبِيلَ أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ : مَنْ مَشَى مَعَ ظَالِمٍ لِيُعِينَهُ وَهُوَ يَعْلَمُ أَنهُ ظَالِمٌ، فَقَدْ خَرَجَ مِنَ الإِسْلامِ.

4969 ـ ئەۋس ئىبنى شۇرەھبىلدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىرىنىڭ زالىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن بىللە ماڭسا، ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 619)

[1] ھەيسەمى (7064): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەيياش ئىبنى مۇئنىس ئىسىملىك بىرى بار. مەن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى تاپالمىدىم، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## ۋەقفە قىلىش، سۈلھى تۈزۈش ۋە ئامانەت قويۇش

4970 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنْ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ أَصَابَ أَرْضًا بِخَيْبَرَ فَأَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْتَأْمِرُهُ فِيهَا فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني أَصَبْتُ أَرْضًا بِخَيْبَرَ لَمْ أُصِبْ مَالًا قَط أَنفَسَ عِنْدِي مِنْهُ فَمَا تَأْمُرُ بِهِ قَالَ إِنْ شِئْتَ حَبَسْتَ أَصْلَهَا وَتَصَدقْتَ بِهَا قَالَ فَتَصَدقَ بِهَا عُمَرُ أَنهُ لَا يُبَاعُ وَلَا يُوهَبُ وَلَا يُورَثُ وَتَصَدقَ بِهَا فِي الْفُقَرَاءِ وَفِي الْقُرْبَى وَفِي الرقَابِ وَفِي سَبِيلِ اللهِ وَابْنِ السبِيلِ.

4970 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەيبەردە بىر زېمىنغا ئىگە بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇ يەر ھەققىدە مەسلىھەت سوراپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن خەيبەردە بىر زېمىنغا ئىگە بولدۇم، مەن ھېچقاچان ئۇنىڭدەك ئېسىل مالغا ئىگە بولۇپ باقمىغان، مېنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ خالىساڭ ئۇ يەرنىڭ تېگىنى ساقلاپ قېلىپ، كۆكىنى سەدىقە قىلغىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ يەرنى سەدىقە قىلىپ:

ــ بۇ يەر سېتىلمايدۇ، سوۋغات قىلىپ بېرىلمەيدۇ ۋە مىراس قالدۇرۇلمايدۇ، ـ دېدى. ئۇ بۇ يەرنى كەمبەغەللەرگە، تۇغقانلىرىغا، قۇل ئازاد قىلىشقا، الله يولىدا ئىشلىتىشكە ۋە يولدا قالغان مۇساپىرلارغا ئاتاپ سەدىقە قىلدى.

(بۇخارى: 2737)

4971 - وفي رواية: وَالضَّيفِ لَا جُنَاحَ عَلَى مَنْ وَلِيَهَا أَنْ يَأْكُلَ مِنْهَا بِالْمَعْرُوفِ وَيُطْعِمَ غَيْرَ مُتَمَولٍ قَالَ فَحَدثْتُ بِهِ ابْنَ سِيرِينَ فَقَالَ غَيْرَ مُتَأَثلٍ مَالًا.

4971 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: مېھمانلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەرنى باشقۇرغۇچى ئۆزىگە مۈلۈك قىلىۋالماستىن ئىش ھەققىگە چۇشلۇق يېسە، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 2737)

4972 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ عَنْ صَدَقَةِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ نَسَخَهَا لِي عَبْدُ الْحَمِيدِ بْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ هَذَا مَا كَتَبَ عَبْدُ اللهِ عُمَرُ فِي ثَمْغٍ فَقَص مِنْ خَبَرِهِ نَحْوَ حَدِيثِ نَافِعٍ قَالَ غَيْرَ مُتَأَثلٍ مَالًا فَمَا عَفَا عَنْهُ مِنْ ثَمَرِهِ فَهُوَ لِلسائِلِ وَالْمَحْرُومِ قَالَ وَسَاقَ الْقِصةَ قَالَ وَإِنْ شَاءَ وَلِي ثَمْغٍ اشْتَرَى مِنْ ثَمَرِهِ رَقِيقًا لِعَمَلِهِ وَكَتَبَ مُعَيْقِيبٌ وَشَهِدَ عَبْدُ اللهِ بْنُ الْأَرْقَمِ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ هَذَا مَا أَوْصَى بِهِ عَبْدُ اللهِ عُمَرُ أَمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ إِنْ حَدَثَ بِهِ حَدَثٌ أَن ثَمْغًا وَصِرْمَةَ بْنَ الْأَكْوَعِ وَالْعَبْدَ الذِي فِيهِ وَالْمِائَةَ سَهْمٍ التِي بِخَيْبَرَ وَرَقِيقَهُ الذِي فِيهِ وَالْمِائَةَ التِي أَطْعَمَهُ مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْوَادِي تَلِيهِ حَفْصَةُ مَا عَاشَتْ ثُم يَلِيهِ ذُو الرأْيِ مِنْ أَهْلِهَا أَنْ لَا يُبَاعَ وَلَا يُشْتَرَى يُنْفِقُهُ حَيْثُ رَأَى مِنْ السائِلِ وَالْمَحْرُومِ وَذَوِي الْقُرْبَى وَلَا حَرَجَ عَلَى مَنْ وَلِيَهُ إِنْ أَكَلَ أَوْ آكَلَ أَوْ اشْتَرَى رَقِيقًا مِنْهُ.

4972 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەدىقىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇلھەمىد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ماڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەدىقىسى ھەققىدىكى ۋەسىيىتىنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: ”ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، بۇ، اللەنىڭ بەندىسى ئۆمەرنىڭ سەمغ دېگەن يەر ھەققىدىكى ۋەسىيىتىدۇر...“ دەپ يېزىلغان. بۇ ۋەسىيەتنامىنىڭ داۋامى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسىگە ئوخشاش يېزىلغان.

ئۇنىڭدا يەنە: ”بۇ جاينىڭ مەھسۇلاتىنىڭ (ئۇنى باشقۇرغۇچىدىن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىدىن) ئېشىپ قالغىنى (بۇ ۋەسىيەتنامىدە كۆرسىتىلگەن كىشىلەردىن باشقا) سائىللارغا ۋە تىلەمچىلەرگە، ئەمما موھتاج كىشىلەرگە بېرىلىدۇ“ دەپ يېزىلغان.

ئۇ ۋەسىيەتنامىنىڭ داۋامىدا يەنە: ”ئەگەر سەمغ دېگەن بۇ يەرنى باشقۇرغۇچى خالىسا، يەردىن چىققان مەھسۇلاتقا ئۇ يەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن قۇل سېتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر“ دەپ يېزىلغان. بۇ ۋەسىيەتنامىنى مۇئەيقىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېزىپ بەرگەن ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گۇۋاھچى بولغان.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتىكى يەنە بىر ۋەسىيەتنامىسى مۇنداق يېزىلغان: ”ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ﷲنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، بۇ، ﷲنىڭ بەندىسى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەرنىڭ ۋەسىيەتنامىسى بولۇپ، ناۋادا ئۆمەر ئۆلۈپ كەتسە، سەمغ دېگەن يەر، ئىبنى ئەكۋەنىڭ خورمىزارلىقى ۋە تۆگىلىرى، سەمغ دېگەن يەردە ئىشلەيدىغان قۇللار، خەيبەردىكى يۈز ئۆلۈش يەر ۋە ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغان قۇللار، مەھەللىلەر ۋادىسىدىن چىقىدىغان، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا (ھەر يىلى) يېيىش ئۈچۈن ئايرىپ بەرگەن يۈز ۋەسەق ئاشلىق قاتارلىقلارنى ھەفسە ۋاپات بولغانغا قەدەر باشقۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن توغرا پىكىرلىك بىرى باشقۇرىدۇ. بۇ مۈلۈكلەر سېتىلمايدۇ، ئۇنىڭ پۇلىغا نەرسە سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇنى باشقۇرغۇچى ئۇنىڭدىن چىققان كىرىمنى ئۆزى مۇۋاپىق كۆرگەن سائىللارغا، تىلەمچىلەرگە، ئەمما موھتاج كىشىلەرگە ۋە تۇغقانلارغا خىراجەت قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنى باشقۇرغۇچى ئۇنىڭدىن يېسە ياكى (دوستلىرىغا ۋە مېھمانلىرىغا) يېدۈرسە ۋەياكى (ئۇنىڭغا ئىشلىتىش ئۈچۈن) چىققان مەھسۇلاتقا قۇل سېتىۋالسا، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ“[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2878)

[1] ئەلبانى (2503): سەھىھ ـ دېگەن.

4973 - عَنْ سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ أَنَّهُ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِن أُم سَعْدٍ مَاتَتْ فَأَي الصدَقَةِ أَفْضَلُ قَالَ الْمَاءُ قَالَ فَحَفَرَ بِئْرًا وَقَالَ هَذِهِ لِأُم سَعْدٍ.

4973 ـ سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئانام ۋاپات بولۇپ كەتتى. قايسى تۈردىكى سەدىقە ئەڭ ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن بىر قۇدۇق كولاپ، ئانام ئۇممۇ سەئدنىڭ نامىغا ئاتىۋەتتىم[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1681)

4974 - عن زَيْدٌ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ سَمِعَ عُمَرَ بْنَ الْخَطاب رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ أَمَا وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْلَا أَنْ أَتْرُكَ آخِرَ الناسِ بَبَّانًا لَيْسَ لَهُمْ شَيْءٌ مَا فُتِحَتْ عَلَي قَرْيَةٌ إِلا قَسَمْتُهَا كَمَا قَسَمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْبَرَ وَلَكِنِي أَتْرُكُهَا خِزَانَةً لَهُمْ يَقْتَسِمُونَهَا.

4974 ـ زەيد ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، كېيىنكى مۇسۇلمانلارنى ھېچنېمىسى يوق، ھەممىسى تەڭ نامرات ھالەتتە قالدۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىمەيدىغان بولسام، مەن پەتھى قىلغان يۇرتلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي خۇددى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەرنى تەقسىم قىلغان پەدىدە تەقسىم قىلىۋەتكەن بولاتتىم. لېكىن مەن ئۇنى خەزىنە ھېساۋىدا ئۇلارغا قالدۇرۇپ قويىمەن، كېيىن ئۇلار ئۇنى ئۆزئارا تەقسىم قىلىشىۋالىدۇ.

(بۇخارى: 4235)

[①] ئەلبانى (1474): ھەسەن، ـ دېگەن.

4975 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ مُعْتَمِرًا فَحَالَ كُفارُ قُرَيْشٍ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْبَيْتِ فَنحَرَ هَدْيَهُ وَحَلَقَ رَأْسَهُ بِالْحُدَيْبِيَةِ وَقَاضَاهُمْ عَلَى أَنْ يَعْتَمِرَ الْعَامَ الْمُقْبِلَ وَلَا يَحْمِلَ سِلَاحًا عَلَيْهِمْ إلا سُيُوفًا وَلَا يُقِيمَ بِهَا إلا مَا أَحَبُّوا فَاعْتَمَرَ مِنْ الْعَامِ الْمُقْبِلِ فَدَخَلَهَا كَمَا كَانَ صَالَحَهُمْ فَلَما أَنْ أَقَامَ بِهَا ثَلَاثًا أَمَرُوهُ أَنْ يَخْرُجَ فَخَرَجَ.

4975 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان يىلى) ئۆمرە قىلغىلى نىيەت قىلىپ يولغا چىقتى. بىراق قۇرەيش كاپىرلىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ھەرەمگە كىرگىلى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىقىنى ھۇدەيبىيەدە بوغۇزلاپ، چېچىنى چۈشۈرۈپ ئېھرامدىن چىقتى. مۇشرىكلار بىلەن كېلەر يىلى قىلىچتىن باشقا قورال ئالماي كېلىپ، ئۆمرە قىلىشقا ۋە مەككىدە ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) خالىغان مۇددەتكىچە تۇرۇشقا كېلىشىم تۈزدى. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلەر يىلى كېلىپ، مەككىگە ئۇلار بىلەن كېلىشكەن بويىچە كىردى. مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن چىقىپ كەتتى.

(بۇخارى: 4252)

4976 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا وَإِنْ امْرَأَةٌ خَافَتْ مِنْ بَعْلِهَا نُشُوزًا أَوْ إِعْرَاضًا قَالَتْ هِيَ الْمَرْأَةُ تَكُونُ عِنْدَ الرجُلِ لَا يَسْتَكْثِرُ مِنْهَا فَيُرِيدُ طَلَاقَهَا وَيَتَزَوجُ غَيْرَهَا تَقُولُ لَهُ أَمْسِكْنِي وَلَا تُطَلقْنِي ثُم تَزَوجْ غَيْرِي فَأَنْتَ فِي حِلٍّ مِنْ النفَقَةِ عَلَي وَالْقِسْمَةِ لِي فَذَلِكَ قَوْلُهُ تَعَالَى فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَا أَنْ يَصالَحَا بَيْنَهُمَا صُلْحًا وَالصلْحُ خَيْرٌ.

4976 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ﴿ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ، بىر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى

ئايال بولۇپ، ئەر ئۇنى كۆپ خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنى تالاق قىلىۋېتىپ، باشقا خوتۇن ئالماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمىغان ئايال ئېرىگە:

— مېنى نىكاھىڭدا ساقلىغىن، قويۇۋەتمىگىن، ئۈستۈمگە باشقا خوتۇن ئالغىن، ماڭا بېرىدىغان تۇرمۇش خىراجىتىنى بەرمىسەڭمۇ ۋە ماڭا كۈن تەقسىم قىلمىساڭمۇ مەيلى، ـ دەيدۇ. مانا بۇ، الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ مەزمۇنىدۇر: ﴿ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس، كېلىشىش (ئۇزۇلۇشۇپ كېتىشتىن) ياخشى﴾.

(بۇخارى: 5206)

4977 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزُّبَيْرِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنَّهُ حَدَّثَهُ أَنَّ رَجُلًا مِنْ الْأَنْصَارِ خَاصَمَ الزُّبَيْرَ عِنْدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي شِرَاجِ الْحَرَّةِ الَّتِي يَسْقُونَ بِهَا النَّخْلَ فَقَالَ الْأَنْصَارِيُّ سَرِّحْ الْمَاءَ يَمُرُّ فَأَبَى عَلَيْهِ فَاخْتَصَمَا عِنْدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِلزُّبَيْرِ أَسْقِ يَا زُبَيْرُ ثُمَّ أَرْسِلْ الْمَاءَ إِلَى جَارِكَ فَغَضِبَ الْأَنْصَارِيُّ فَقَالَ أَنْ كَانَ ابْنَ عَمَّتِكَ فَتَلَوَّنَ وَجْهُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ قَالَ اسْقِ يَا زُبَيْرُ ثُمَّ احْبِسْ الْمَاءَ حَتَّى يَرْجِعَ إِلَى الْجَدْرِ فَقَالَ الزُّبَيْرُ وَاللهِ إِنِّي لَأَحْسِبُ هَذِهِ الْآيَةَ نَزَلَتْ فِي ذَلِكَ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ.

4977 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن خورمىزارلىقلىرىنى سۇغۇرىدىغان ساي سۈيى ھەققىدە جېدەللىشىپ قالدى. ئەنسارى:

— سۇنى قويۇپ بەرگىن! ــ دېگەنىدى، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ ئى زۇبەير! سەن خورمىزارلىقىڭنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئاندىن سۇنى قوشناڭغا قويۇپ بەرگىن! ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەنسارى ئاچچىغلاپ:

ـ ئۇ ھاممىچاڭنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلامدۇ؟ ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزى ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە:

ـ ئى زۇبەير! سەن خورمىزارلىقىڭنى سۇغارغىن، سۇنى قىردىن تاشاي دېگۈچە قويۇپ بەرمىگىن! ـ دېدى.

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايەتنى شۇ ھەقتە نازىل بولدىمىكىن دەپ ئويلايمەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾.

(بۇخارى: 2360)

4978 - وفي رواية: قال عُرْوَةُ بْنُ الزُّبَيْرِ: وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَبلَ ذَلِكَ أَشَارَ عَلَى الزُّبَيْرِ بِرَأْيٍ سَعَةٍ لَهُ وَلِلْأَنصَارِي فَلَما أَحْفَظَ الْأَنصَارِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَوْعَى لِلزُّبَيْرِ حَقَّهُ فِي صَرِيحِ الْحُكْمِ.

4978 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىلگىرى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەنسارىغا پايدىلىق پىكىرنى كۆرسەتتى. بىراق ئەنسارى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەندى، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوچۇق ھۆكۈمدىكى ھەققىنى تولۇق ئېلىپ بەردى.

(بۇخارى: 2708)

4979 - عن ابن سيرين أن الحسن بن على قال لو نظرتم ما بين جابرس إلى جابلق ما وجدتم رجلا جده نبي غيري وأخي وإني أرى أن تجتمعوا على معاوية وإن أدرى لعله فتنة لكم ومتاع إلى حين قال معمر جابرس وجابلق المشرق والمغرب.

4979 ـ ئىبنى سىيرىن مۇنداق دەيدۇ: ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ مەشرىقتىن مەغرىبكىچە ئىزدىسەڭلار، مەندىن ۋە قېرىندىشىم (ھۈسەين)دىن باشقا بوۋىسى پەيغەمبەر بىرمۇ ئادەم تاپالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىشىڭلارنى توغرا دەپ قارايمەن، ـــ دېدى ۋە: ﴿بىلمەمسەنكى، ئۇ (يەنى سىلەرگە بېرىلىدىغان جازانىڭ كېچىكىشى) سىلەر ئۈچۈن سىناق ۋە ۋاقىتلىق پايدىلىنىش بولۇشى مۇمكىن﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 2780)

4980 - عن كَثِيرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ عَوْفٍ الْمُزَنِيِّ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الصلحُ جَائِزٌ بَيْنَ الْمُسْلِمِينَ إلا صُلْحًا حرمَ حَلَالًا أَوْ أَحَل حَرَامًا وَالْمُسْلِمُونَ عَلَى شُرُوطِهِمْ إلا شَرْطًا حرمَ حَلَالًا أَوْ أَحَل حَرَامًا.

4980 ـ كەسىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئەۋف مۇزەنى دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمانلارنىڭ ھارامنى ھالال قىلىدىغان، ھالالنى ھارام قىلىدىغان سۈلھىدىن باشقا ھەممە سۈلھىلىرى جايىزدۇر. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھارامنى ھالال قىلىدىغان، ھالالنى ھارام قىلىدىغان شەرتتىن باشقا پۈتۈن شەرتلىرى ئىناۋەتلىكتۇر»[2].

(تىرمىزى: 1352)

4981 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن أَهْلَ قُبَاءٍ اقْتَتَلُوا حَتى تَرَامَوْا بِالْحِجَارَةِ فَأُخْبِرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِذَلِكَ فَقَالَ اذْهَبُوا بِنَا نُصْلِحُ بَيْنَهُمْ.

---

[1] ھەيسەمى (7073): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1089): سەھىھ ـ دېگەن.

4981 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قۇبا ئاھالىسى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى، ھەتتا ئۇلار بىر ـ بىرلىرىگە تاش ئاتتى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈلگەندى، ئۇ:

ـ يۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويايلى! ـ دېدى.

(بۇخارى: 2693)

4982 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَد الْأَمَانَةَ إِلَى مَنْ ائْتَمَنَكَ وَلَا تَخُنْ مَنْ خَانَكَ.

4982 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ساڭا ئىشىنىپ ئامانەت قويغان كىشىنىڭ ئامانىتىنى بەرگىن، ساڭا خىيانەت قىلغان كىشىگە سەن خىيانەت قىلما»[1].

(تىرمىزى: 1264)

4983 - عَنْ أَبِي مُوسَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْخَازِنَ الْمُسْلِمَ الْأَمِينَ الذِي يُنْفِذُ وَرُبمَا قَالَ يُعْطِي مَا أُمِرَ بِهِ فَيُعْطِيهِ كَامِلًا مُوَفرًا طَيبَةً بِهِ نَفْسُهُ فَيَدْفَعُهُ إِلَى الذِي أُمِرَ لَهُ بِهِ أَحَدُ الْمُتَصَدقَيْنِ.

4983 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بېرىشكە بۇيرۇلغان نەرسىنى بېرىشكە بۇيرۇلغان كىشىگە چىن كۆڭلىدىن خۇشاللىق بىلەن تولۇق بېرىدىغان ئىشەنچلىك مۇسۇلمان خەزىنىدار ئىككى سەدىقە قىلغۇچىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ».

(مۇسلىم: 1023)

[1] ئەلبانى (1015): سەھىھ ـ دېگەن.

4984 - عَنْ زَيْدِ بْنِ وَهْبٍ حَدثَنا حُذَيْفَةُ قَالَ حَدثَنا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَدِيثَيْنِ رَأَيتُ أحَدَهُمَا وَأنا أَنتَظِرُ الآخَرَ حَدثَنا أن الأَمَانَةَ نَزَلَتْ فِي جَذْرِ قُلُوبِ الرجَالِ ثُم عَلِمُوا مِنْ الْقُرْآن ثُم عَلِمُوا مِنْ السنةِ وَحَدثَنا عَنْ رَفْعِهَا قَالَ يَنَامُ الرجُلُ النوْمَةَ فَتُقْبَضُ الأَمَانَةُ مِنْ قَلْبِهِ فَيَظَل أَثَرُهَا مِثْلَ أَثَرِ الْوَكْتِ ثُم يَنَامُ النوْمَةَ فَتُقْبَضُ فَيَبْقَى أَثَرُهَا مِثْلَ الْمَجْلِ كَجَمْرٍ دَحْرَجْتَهُ عَلَى رِجْلِكَ فَنَفِطَ فَتَرَاهُ مُنْتَبِرًا وَلَيْسَ فِيهِ شَيْءٌ فَيُصْبِحُ الناسُ يَتَبَايَعُونَ فَلَا يَكَادُ أَحَدٌ يُؤَدي الأَمَانَةَ فَيُقَالُ إن فِي بَنِي فُلَانٍ رَجُلًا أَمِينًا وَيُقَالُ لِلرجُلِ مَا أَعْقَلَهُ وَمَا أظْرَفَهُ وَمَا أجْلَدَهُ وَمَا فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ حَبةِ خَرْدَلٍ مِنْ إيمَانٍ وَلَقَدْ أَتَى عَلَي زَمَانٌ وَمَا أُبَالِي أيكُمْ بَايَعْتُ لَئِنْ كَانَ مُسْلِمًا رَدهُ عَلَي الإِسْلَامُ وَإنْ كَانَ نَصْرَانِيا رَدهُ عَلَي سَاعِيهِ فَأَما الْيَوْمَ فَمَا كُنتُ أُبَايِعُ إلا فُلَانًا وَفُلَانًا.

4984 ـ زەيد ئىبنى ۋەھبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئىككى ھەدىس سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ بىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆردۇم، يەنە بىرىنى كۈتۈۋاتىمەن. ئۇ بىزگە ئىككى ھەدىسنىڭ بىرىدە ئامانەت ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ:

ــ ئامانەت ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، ئۇلار قۇرئاننى ۋە سۈننەتنى ئۆگەندى، ـ دېگەنىدى. يەنە بىرىدە ئامانەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ:

ـ بىر ئادەم شۇنداق بىر ئۇخلايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ قەلبىدىن ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، قەلبىدە ئامانەتنىڭ مەڭچىلىك ئىزى قالىدۇ. ئۇ يەنە بىر ئۇخلايدۇ ـ دە، ئامانەت يەنە كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، پۇتۇڭغا چوغ چۈشۈپ كەتسە كۆيۈكتىن قاپىرىپ قالغان، بىراق ئىچىدە ھېچنىمە يوق قاپارغىغا ئوخشاش ئىزى قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلار سودا ـ سېتىق قىلىشىدۇ، لېكىن ئارانلا قىلسا، ئامانەتنى بەرمەسلىككە تىرىشىدۇ. نەتىجىدە ''پالانى جەمەتتە ئىشەنچلىك بىر ئادەم بار'' دېيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. قەلبىدە قىچىنىڭ دانىسىچىلىكمۇ ئىمانى يوق ئادەمنى ماختاپ ''بۇ ئادەم ئەجەپ ئەقىللىق، ئەجەپ زېرەك، ئەجەپ تالانتلىق ـ ھە!'' دېيىشىپ كېتىدۇ، ـ دېگەنىدى.

مەن بېشىمدىن شۇنداق بىر زامانلارنى ئۆتكۈزگەنىدىمكى، قايسىڭلار بىلەن ئېلىم - سېتىم قىلسام، قىلىچە ئەنسىرەپ كەتمەيتتىم. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولسا، ئىسلام ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلەتتى. ناۋادا ئۇ خرىستىئان بولسا، ئۇنىڭغا مەسئۇل كىشى ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلەتتى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە مەن پەقەت پالانى ۋە پالانى كىشىلەر بىلەنلا سودا - سېتىق قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

(بۇخارى: 6497)

4985 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ مَا خَطَبَنَا نَبِيُّ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَّا قَالَ لَا إِيمَانَ لِمَنْ لَا أَمَانَةَ لَهُ وَلَا دِينَ لِمَنْ لَا عَهْدَ لَهُ.

4985 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە ئوقۇسىلا: «ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىغان كىشىنىڭ ئىمانى يوق، ئەھدىدە تۇرمايدىغان كىشىنىڭ دىنى يوق» دەيتتى[1].

(ئەھمەد: 12722؛ مەۋسىلى؛ بەززار؛ «ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (341): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، بەززار، تەبەرانى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ ھىلال ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى مۇئىن ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، نەسائى ۋە بىر قىسىم ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، - دېگەن.

# قۇل ئازاد قىلىش بۆلۈمى

## قۇل ئازاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە قۇلغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى

4986 - عن أبي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلم أيمَا رَجُلٍ أَعْتَقَ امْرَأً مُسْلِمًا اسْتَنقَذَ اللهُ بِكُل عُضْوٍ مِنْهُ عُضْوًا مِنْهُ مِنْ النارِ قَالَ سَعِيدُ بْنُ مَرْجَانَةَ فَانْطَلَقْتُ بِهِ إِلَى عَلِي بْنِ حُسَيْنٍ فَعَمَدَ عَلِي بْنُ حُسَيْنٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا إِلَى عَبْدٍ لَهُ قَدْ أَعْطَاهُ بِهِ عَبْدُ اللهِ بْنُ جَعْفَرٍ عَشَرَةَ آلَافِ دِرْهَمٍ أَوْ أَلْفَ دِينَارٍ فَأَعْتَقَهُ.

4986 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر ئادەم بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلىۋەتسە، الله ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى قۇلنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە دوزاختىن قۇتقۇزىدۇ».

سەئىد ئىبنى مەرجانە مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ ھەدىسنى ئېلىپ، ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا بارغانىدىم، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەردىن 10 مىڭ تەڭگىگە ياكى مىڭ تىللاغا سېتىۋالغان قۇلىنى ئازاد قىلىۋەتتى.

(بۇخارى: 2517؛ مۇسلىم: 1509)

4987 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ وَغَيْرِهِ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أيمَا امْرِئٍ مُسْلِمٍ أَعْتَقَ امْرَأً مُسْلِمًا كَانَ فَكَاكَهُ مِنْ النارِ يُجْزِي كُل عُضْوٍ مِنْهُ عُضْوًا مِنْهُ وَأيمَا امْرِئٍ مُسْلِمٍ أَعْتَقَ امْرَأَتَيْنِ مُسْلِمَتَيْنِ كَانَتَا فَكَاكَهُ مِنْ النارِ

يُجْزِي كُل عُضْوٍ مِنْهُمَا عُضْوًا مِنْهُ وَأَيمَا امْرَأَةٍ مُسْلِمَةٍ أَعْتَقَتْ امْرَأَةً مُسْلِمَةً كَانَتْ فَكَاكَهَا مِنْ النارِ يُجْزِي كُل عُضْوٍ مِنْهَا عُضْوًا مِنْهَا.

4987 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسى قۇلنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە دوزاختىن ئازاد قىلىنىدۇ. قانداق بىر مۇسۇلمان ئىككى مۇسۇلمان ئايالنى ئازاد قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە دوزاختىن ئازاد قىلىنىدۇ. قانداق بىر مۇسۇلمان ئايال يەنە بىر مۇسۇلمان قۇل ئايالنى ئازاد قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۇ قۇل ئايالنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە دوزاختىن ئازاد قىلىنىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 1547)

4988 - عَنْ شُرَحْبِيلَ بْنِ السمْطِ أَنهُ قَالَ لِعَمْرِو بْنِ عَبَسَةَ حَدثْنَا حَدِيثًا سَمِعْتَهُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَعْتَقَ رَقَبَةً مُؤْمِنَةً كَانَتْ فِدَاءَهُ مِنْ النارِ.

4988 ـ شۇرەھبىل ئىبنى سەمت مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەمر ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ بىزگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان ھەدىسلىرىڭدىن بىرەرنى سۆزلەپ بەرگىنە! ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى بىر مۇئمىن قۇلنى ئازاد قىلىۋەتسە، دوزاختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن فىدىيە بەرگەن بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3966)

[①] ئەلبانى (1252): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3356): سەھىھ ـ دېگەن.

4989 - عَنْ الْغَرِيفِ بْنِ الدَيْلَمِي قَالَ أَتَيْنَا وَاثِلَةَ بْنَ الْأَسْقَعِ فَقُلْنَا لَهُ حَدِّثْنَا حَدِيثًا لَيْسَ فِيهِ زِيَادَةٌ وَلَا نُقْصَانٌ فَغَضِبَ وَقَالَ إِن أَحَدَكُمْ لَيَقْرَأُ وَمُصْحَفُهُ مُعَلَقٌ فِي بَيْتِهِ فَيَزِيدُ وَيَنْقُصُ قُلْنَا إِنمَا أَرَدْنَا حَدِيثًا سَمِعْتَهُ مِنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَتَيْنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي صَاحِبٍ لَنا أَوْجَبَ يَعْنِي النارَ بِالْقَتْلِ فَقَالَ أَعْتِقُوا عَنْهُ يُعْتِقْ اللهُ بِكُل عُضْوٍ مِنْهُ عُضْوًا مِنْهُ مِنْ النارِ.

4989 ـ غەرىف ئىبنى دەيلەمى مۇنداق دەيدۇ: بىز ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— بىزگە زىيادىمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس بىر ھەدىس سۆزلەپ بەرسەڭ، ـ دېسەك، ئۇ ئاچچىغلاپ قالدى ۋە:

ـ بىرىڭلارنىڭ قۇرئانى ئۆيىدە ئېسىقلىق تۇرۇپ، قۇرئان ئوقۇسا (ئېزىپ كېتىپ) كەم ـ زىيادە قىلىپ ئوقۇيدۇ، ـ دېدى. بىز:

ـ ياق، بىز ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، بىز پەقەت سېنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلىغان ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىشىڭنى مەقسەت قىلغانىدۇق، ـ دېسەك، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئادەم ئۆلتۈرۈپ دوزاخقا كىرىش ۋاجىپ بولۇپ قالغان بىر ھەمراھىمىزنىڭ مەسىلىسىنى سوراپ بارغانىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ نامىدا قۇل ئازاد قىلىڭلار، اللّٰه قۇلنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە ھەمراھىڭلارنىڭ بىر ئەزاسىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3964)

4990 - عَنْ رَافِعِ بْنِ مَكِيثٍ وَكَانَ مِمنْ شَهِدَ الْحُدَيْبِيَةَ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ حُسْنُ الْمَلَكَةِ يُمْنٌ وَسُوءُ الْخُلُقِ شُؤْمٌ.

4990 ـ رافىئ ئىبنى مەكىس (ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە قاتناشقانلاردىن ئىدى)

[1] ئەلبانى (852): زەئىپ، ـ دېگەن.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قول ئاستىدىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىش بەخت، يامانلىق قىلىش شۇملۇقتۇر»①.

(ئەبۇ داۋۇد: 5162)

4991 - عَنْ أَبِي بَكْرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَدْخُلُ الْجَنةَ سَيئُ الْمَلَكَةِ.

4991 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قول ئاستىدىكىلەرگە يامانلىق قىلغۇچى جەننەتكە كىرمەيدۇ»②.

(تىرمىزى: 1946)

4992 - عَنْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ كَانَ آخِرُ كَلَامِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الصلَاةَ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ.

4992 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى: «نامازنى تەرك ئەتمەڭلار، قول ئاستىڭلاردىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» دېيىشتىن ئىبارەت ئىدى③.

(ئىبنى ماجە: 2698)

4993 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ كَمْ أَعْفُو عَنْ الْخَادِمِ فَصَمَتَ عَنْهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ كَمْ أَعْفُو عَنْ الْخَادِمِ فَقَالَ كُل يَوْمٍ سَبْعِينَ مَرةً.

① ئەلبانى (1108): زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (330): زەئىپ، ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (2184): سەھىھ ـ دېگەن.

4993 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! خىزمەتچىنى قانچە قېتىم ئەپۇ قىلىمەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لام ـ جىم دېمىدى. ئۇ يەنە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! خىزمەتچىنى قانچە قېتىم ئەپۇ قىلىمەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بىر كۈندە 70 قېتىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(تىرمىزى: 1949)

4994 - عَنْ الْمَعْرُورِ هُوَ ابْنُ سُوَيْدٍ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ رَأَيتُ عَلَيْهِ بُرْدًا وَعَلى غُلَامِهِ بُرْدًا فَقُلْتُ لَوْ أَخَذْتَ هَذَا فَلَبِسْتُهُ كَانَتْ حُلةً وَأَعْطَيْتَهُ ثَوْبًا آخَرَ فَقَالَ كَانَ بَيْنِي وَبَينَ رَجُلٍ كَلَامٌ وَكَانَتْ أُمهُ أَعْجَمِيةً فَنِلْتُ مِنْهَا فَذَكَرَنِي إِلى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لِـي أَسَابَبتَ فُلَانًا قُلْتُ نَعَمْ قَالَ أَفَنِلْتَ مِنْ أُمهِ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ إِنكَ امْرُؤٌ فِيكَ جَاهِلِيةٌ قُلْتُ عَلى حِينِ سَاعَتِي هَذِهِ مِنْ كِبَرِ السن قَالَ نَعَمْ هُمْ إِخْوَانُكُمْ جَعَلَهُمْ اللهُ تَحْتَ أَيـدِيكُمْ فَمَـنْ جَعَلَ اللهُ أَخَاهُ تَحْتَ يَدِهِ فَلْيُطْعِمْهُ مِما يَأْكُلُ وَلْيُلْبِسْهُ مِما يَلْبَسُ وَلَا يُكَلفُهُ مِنْ الْعَمَلِ مَـا يَغْلِبُهُ فَإِنْ كَلفَهُ مَا يَغْلِبُهُ فَلْيُعِنْهُ عَلَيْهِ.

4994 ـ مەئىرۇر ئىبنى سۇۋەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈستىدە بىر يەكتەك، خىزمەتچىسىنىڭ ئۈستىدە بىر يەكتەك كۆرۈپ:

ـ كاشكى خىزمەتچىڭگە باشقا كىيىم بېرىپ، ئۇنىڭ يەكتىكىنى ئېلىپ ئۆزەڭ كىيگەن بولساڭ، سېنىڭكىسى بىر يۈرۈش كىيىم بولار ئىكەن، ـ دېسەم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ئۆز ۋاقتىدا مەن ئانىسى ئەجەم (ئەرەب بولمىغان) بىر ئادەم بىلەن تىللىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئانىسىنى چېشلەپ تارتقانىدىم. شۇنىڭ

[①] ئەلبانى (1590): سەھىھ ـ دېگەن.

بىلەن، ئۇ مېنىڭ ئۈستۈمدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شىكايەت قىلىپتۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ـ پالانىنى تىللىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ھەئە، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ــ سېنىڭدە تېخىچە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ يامان تەسىرى بار ئىكەن، ـ دېدى. مەن:

ـ ياشىنىپ قالغان مۇشۇ يېشىمغا كەلگىچىلىكمۇ؟ ــ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ ھەئە، ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار، الله ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى. الله بىراۋنى قول ئاستىڭلاردا قىلسا، ئۇنىڭغا ئۆزەڭلار يېگەندىن يېگۈزۈپ، ئۆزەڭلار كىيگەندىن كىيگۈزۈڭلار. ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇماڭلار، مۇبادا ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇساڭلار، ئۆزەڭلار ياردەملىشىڭلار! ـ دېدى.

(بۇخارى: 6050)

4995 - وفي رواية: فَإِنْ كلفهُ مَا يَغْلِبُهُ فَلْيبِعْهُ.

4995 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇغاندىن كۆرە سېتىۋېتىڭلار!» دېگەن.

(مۇسلىم: 1661)

4996 - عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ لَاءَمَكُمْ مِنْ مَمْلُوكِيكُمْ فَأَطْعِمُوهُ مِما تَأْكُلُونَ وَاَكْسُوهُ مِما تَلْبَسُونَ وَمَنْ لَمْ يُلَائِمْكُمْ مِنْهُمْ فَبِيعُوهُ وَلَا تُعَذبُوا خَلْقَ اللهِ.

4996 ــ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇللىرىڭلار سىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتسە (يەنى سىلەرگە ھەمىنەپەس بولسا)، ئۇلارغا ئۆزەڭلار يېگەندىن يېگۈزۈڭلار، ئۆزەڭلار كىيگەندىن كىيگۈزۈڭلار. سىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلمىگەن قۇللىرىڭلارنى سېتىۋېتىڭلار، اﷲنىڭ بەندىلىرىنى ئازابلىماڭلار!»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 5161)

4997 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا صَنَعَ لِأَحَدِكُمْ خَادِمُهُ طَعَامَهُ ثُم جَاءَهُ بِهِ وَقَدْ وَلِيَ حَرهُ وَدُخَانَهُ فَلْيُقْعِدْهُ مَعَهُ فَلْيَأْكُلْ فَإِنْ كَانَ الطعَامُ مَشْفُوهًا قَلِيلًا فَلْيَضَعْ فِي يَدِهِ مِنْهُ أُكْلَةً أَوْ أُكْلَتَيْنِ.

4997 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلارنىڭ خىزمەتچىسى تەرلەپ ـ پىششىپ، ئىس يەپ يۈرۈپ تاماقىڭلارنى ئېتىپ، ئالدىڭلارغا ئېلىپ كەلسە، ئۇنى ئۆزەڭلار بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزۇپ، تاماقنى بىللە يەڭلار. ناۋادا تاماق بەك ئاز بولسا، ئۇنىڭ قولىغا بىر ـ ئىككى لوقما تۇتقۇزۇپ قويۇڭلار!»

(مۇسلىم: 1663)

4998 - عن مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ كَانَ يَذْهَبُ إِلَى الْعَوَالِي كُل يَوْمِ سَبْتٍ فَإِذَا وَجَدَ عَبْدًا فِي عَمَلٍ لَا يُطِيقُهُ وَضَعَ عَنْهُ مِنْهُ.

4998 ـ ئىمام مالىكنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر شەنبە كۈنى قۇبا ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنى كۆزىتىپ چىقىدىكەن. ناۋادا كۈچى يەتمەيدىغان بىر ئىشنى قىلىۋاتقان قۇلنى ئۇچراتسا، ئۇ ئىشنى قىلماسلىققا بۇيرۇيدىكەن.

(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان)

[①] ئەلبانى (4300): سەھىھ ـ دېگەن.

4999 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا ضَرَبَ أَحَدُكُمْ خَادِمَهُ فَذَكَرَ اللهَ فَارْفَعُوا أَيْدِيَكُمْ.

4999 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار خىزمەتچىسىنى ئۇرغاندا، خىزمەتچى ئۇنىڭغا اﷲنى ئەسلەتسە، قولىنى تارتسۇن!»[1]

(تىرمىزى: 1950)

5000 - عَنْ زَاذَانَ أَبِي عُمَرَ قَالَ أَتَيْتُ ابْنَ عُمَرَ وَقَدْ أَعْتَقَ مَمْلُوكًا قَالَ فَأَخَذَ مِنْ الْأَرْضِ عُودًا أَوْ شَيْئًا فَقَالَ مَا فِيهِ مِنْ الْأَجْرِ مَا يَسْوَى هَذَا إِلا أَني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ لَطَمَ مَمْلُوكَهُ أَوْ ضَرَبَهُ فَكَفارَتُهُ أَنْ يُعْتِقَهُ.

5000 ـ زازان ئەبۇ ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا كەلگەنىدىم. ئۇ بىر قۇلنى ئازاد قىلىۋەتكەندىن كېيىن، يەردىن بىر تال تاياق ياكى شۇنىڭدەك بىر نەرسىنى ئېلىپ:

ــ بۇ قۇلنى ئازاد قىلغانلىقىم ئۈچۈن سەۋەبسىز ئازاد قىلىنغان قۇلنىڭ ساۋابى بېرىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇرغانلىقىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن ئازاد قىلىندى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى قۇلىنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق سالسا ياكى ئۇنى تاياق بىلەن ئۇرسا، ئۇنىڭ كەففارىتى ئۇ قۇلنى ئازاد قىلىشتۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1657)

5001 - وفي رواية: مَنْ ضَرَبَ غُلَامًا لَهُ حَدا لَمْ يَأْتِهِ أَوْ لَطَمَهُ فَإِن كَفارَتَهُ أَنْ يُعْتِقَهُ.

[1] ئەلبانى (331): زەئىپ، ـ دېگەن.

5001 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى قۇلىنى قىلمىغان ئىش ئۈچۈن جازالاپ ئۇرسا ياكى كاچىتىغا بىر شاپىلاق سالسا، بۇنىڭ كەففارىتى ئۇنى ئازاد قىلىشتۇر» دېگەن.

(مۇسلىم: 1657)

5002 - عَنْ سُوَيْدٍ ابن مقرن كُنا بَنِي مُقَرِنٍ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْسَ لَنا إلا خَادِمٌ وَاحِدَةٌ فَلَطَمَهَا أَحَدُنَا فَبَلَغَ ذَلِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَعْتِقُوهَا قَالُوا لَيْسَ لَهُمْ خَادِمٌ غَيْرُهَا قَالَ فَلْيَسْتَخْدِمُوهَا فَإِذَا اسْتَغْنَوْا عَنْهَا فَلْيُخَلوا سَبِيلَهَا.

5002 ـ سۇۋەيد ئىبنى مۇقەررىن مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىز مۇقەررىن جەمەتىنىڭ بىرلا خىزمەتچىسى بار ئىدى. ئىچىمىزدىن بىرى ئۇنى بىر كاچات ئۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكەندى، ئۇ:

ــ ئۇنى ئازاد قىلىۋېتىڭلار! ـ دېدى. بىز:

ــ ئۇنىڭدىن باشقا خىزمەتچىمىز يوق ئىدى، ـ دېگەندۇق، ئۇ:

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇنى ھازىرچە خىزمەتچى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ تۇرۇپ، باشقا خىزمەتچى تاپقان ۋاقتىڭلاردا ئۇنى قويۇۋېتىڭلار! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1658)

5003 - قَالَ أَبو مَسْعُودٍ الْبَدْرِي كُنْتُ أَضْرِبُ غُلَامًا لِي بِالسوْطِ فَسَمِعْتُ صَوْتًا مِنْ خَلْفِي اعْلَمْ أَبَا مَسْعُودٍ فَلَمْ أَفْهَمْ الصوْتَ مِنْ الْغَضَبِ قَالَ فَلَما دَنَا مِني إِذَا هُوَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِذَا هُوَ يَقُولُ اعْلَمْ أَبَا مَسْعُودٍ اعْلَمْ أَبَا مَسْعُودٍ قَالَ فَأَلْقَيْتُ السوْطَ مِنْ يَدِي فَقَالَ اعْلَمْ أَبَا مَسْعُودٍ أَن اللهَ أَقْدَرُ عَلَيْكَ مِنْكَ عَلَى هَذَا الْغُلَامِ قَالَ فَقُلْتُ لَا أَضْرِبُ مَمْلُوكًا بَعْدَهُ أَبَدًا.

5003 ـ ئەبۇ مەسئۇد بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن مالىيمنى قامچا بىلەن ئۇرۇۋاتاتتىم، ئارقا تەرىپىمدىن:

ــ ئەبۇ مەسئۇد، بىلىپ قوي! ــ دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. ئۇ غەزەپتىن چىققان ئاۋاز بولغاچقا، مەن ئۇنى تونىيالماپتىمەن. ئۇ

يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ:

ــ ئەبۇ مەسئۇد، بىلىپ قوي! ئەبۇ مەسئۇد، بىلىپ قوي! ــ دەۋاتاتتى. مەن قامچىنى يەرگە تاشلىدىم. ئۇ:

ــ ئەبۇ مەسئۇد، بىلىپ قويغىنكى، اللهنىڭ كۈچى ساڭا سېنىڭ كۈچۈڭ بۇ مالايغا يەتكەندىن بەكرەك يېتىدۇ، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن:

ــ بۇنىڭدىن كېيىن قۇلنى ھەرگىز ئۇرمايمەن، ـ دېدىم.

(مۇسلىم: 1659)

5004 - وفي رواية: فَسَقَطَ مِنْ يَدِي السَّوْطُ مِنْ هَيْبَتِهِ.

5004 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەبۇ مەسئۇد بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەيمەنگەنلىكىمدىن قامچا قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى، ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 1659)

5005 - وفي أخرى: فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ هُوَ حُرٌ لِوَجْهِ اللهِ تَعَالَى قَالَ أَمَا إِنَّكَ لَوْ لَمْ تَفْعَلْ لَلَفَحَتْكَ النارُ أَوْ لَمَسَّتْكَ النارُ.

5005 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قۇل الله تائالانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئازاد بولۇپ كەتسۇن! ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەگەر سەن ئۇنداق قىلمىساڭ ئىدىڭ، ئەلۋەتتە، دوزاخ ئوتى سېنى ئورىۋالغان بولاتتى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5159)

[1] ئەلبانى (4298): سەھىھ ـ دېگەن.

5006- عن أبي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ أُبو الْقَاسِمِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَذَفَ مَمْلُوكَهُ بِالزِنَا يُقَامُ عَلَيْهِ الْحَد يَوْمَ الْقِيَامَةِ إلا أَنْ يَكُونَ كَمَا قَالَ.

5006 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قۇلىنى زىنا بىلەن قارىلىسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەد جازاسى بېرىلىدۇ. ئەگەر قۇلى ئۇنىڭ دېگىنىدەك زىنا قىلغان بولسا، خوجايىن جازاغا تارتىلمايدۇ».

(مۇسلىم: 1660)

5007 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَقُولَن أَحَدُكُمْ عَبْدِي وَأَمَتِي وَلَا يَقُولَن الْمَمْلُوكُ رَبي وَرَبتِي وَلْيَقُلْ الْمَالِكُ فَتَايَ وَفَتَاتِي وَلْيَقُلْ الْمَمْلُوكُ سَيدِي وَسَيدَتِي فَإِنكُمْ الْمَمْلُوكُونَ وَالرب اللهُ عَز وَجَل.

5007 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھېچكىم قۇلى ۋە دېدىكىنى: ''قۇلۇم ۋە دېدىكىم'' دېمىسۇن! قۇلمۇ ھەرگىز خوجايىنىنى ''پەرۋەردىگارىم'' دېمىسۇن! خوجايىن قۇلى ۋە دېدىكىنى: ''يىگىتىم ۋە قىزىم'' دېسۇن! قۇلمۇ ئەر ـ ئايال خوجايىنىنى: ''خوجايىنىم'' دېسۇن! ھەممىڭلار قۇلسىلەر، پەرۋەردىگار پەقەت الله تائالادۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4975)

5008 - عن أبي بُرْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثَةٌ لَهُمْ أَجْرَانِ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ آمَنَ بِنَبِيهِ وَآمَنَ بِمُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالْعَبْدُ الْمَمْلُوكُ إِذَا أَدى حَق اللهِ وَحَق مَوَالِيهِ وَرَجُلٌ كَانَتْ عِنْدَهُ أَمَةٌ فَأَدبَهَا فَأَحْسَنَ تَأْدِيبَهَا وَعَلمَهَا فَأَحْسَنَ تَعْلِيمَهَا ثُم أَعْتَقَهَا فَتَزَوجَهَا فَلَهُ أَجْرَانِ.

[1] ئەلبانى (4161): سەھىھ ـ دېگەن.

5008 ـ ئەبۇ بۇردە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرگەن ئەھلى كىتاب؛ يەنە بىرى، اللهنىڭ ھەققىنى ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلغان قۇل؛ ئۈچىنچىسى، قولىدىكى دېدەكنى چىرايلىق رەۋىشتە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلىگەن، ئاندىن ئۇنىڭغا چىرايلىق رەۋىشتە ئىلىم ئۆگەتكەن، ئاندىن ئۇنى ئازاد قىلغان، ئاندىن ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالغان كىشى».

(بۇخارى: 97)

5009 - قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلْعَبْدِ الْمَمْلُوكِ الْمُصْلِحِ أَجْرَانِ وَالذِي نَفْسُ أَبِي هُرَيْرَةَ بِيَدِهِ لَوْلَا الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللهِ وَالْحَج وَبِر أُمي لَأَحْبَبْتُ أَنْ أَمُوتَ وَأَنَا مَمْلُوكٌ.

5009 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىسلاھاتچى (يەنى ھەممىشە ياخشى ئىش قىلغۇچى) قۇلغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله يولىدا جىھاد قىلىش، ھەج قىلىش ۋە ئانامغا ياخشىلىق قىلىش مەسئۇلىيەتلىرىم بولمىسا ئىدى، قۇل ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

(مۇسلىم: 1665)

5010 - عَنْ جَرِيرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيمَا عَبْدٍ أَبَقَ فَقَدْ بَرِئَتْ مِنْهُ الذمةُ.

5010 ـ جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر قۇل قېچىپ كەتسە، ئۇنىڭغا قارىتىلغان مەسئۇلىيەت ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدۇ».

(مۇسلىم: 69)

5011 - وفي رواية: إذَا أَبَقَ الْعَبْدُ لَمْ تُقْبَلْ لَهُ صَلَاةٌ وَإِنْ مَاتَ مَاتَ كَافِرًا وَأَبَقَ غُلَامٌ لِجَرِيرٍ فَأَخَذَهُ فَضَرَبَ عُنُقَهُ.

5011 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ناۋادا قۇل قېچىپ كەتسە، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۆلۈپ كەتسە، كاپىر ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ». جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر قۇلى قېچىپ كەتكەندى، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ كاللىسىنى ئالدى[①].

(نەسائى: 4050)

5012 - عن معاذ بن جبل قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: إذا ابتاع أحدكم جاريةَ فليكن أول ما يطعمُها الحلْوَى فإنها أطيبُ لِنفْسِها.

5012 ــ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار بىر دېدەك سېتىۋالسا، ئۇنىڭغا ئەڭ دەسلەپ تاتلىق نەرسە يېگۈزسۇن، چۈنكى تاتلىق نەرسە ئۇنى خۇشال قىلىدۇ»[②].

(«ئەلئەۋسەت»)

5013 - عن عَبْدِ اللهِ بن عَباسٍ قالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: اشْتَرُوا الرقِيقَ، وَشَارِكُوهُمْ فِي أَرْزَاقِهِمْ، يَعْنِي كَسْبَهُمْ، وَإِياكُمْ وَالزنْجَ، فَإِنهُ قَصِيرَةٌ أَعْمَارُهُمْ، قَلِيلَةٌ أَرْزَاقُهُمْ.

---

[①] ئەلبانى (269): شاز ھەدىس، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (7211): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەن دەرىجىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرىگە توغرا كېلىدۇ، ـ دېگەن.

5013 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇل سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ تاپاۋىتىگە شېرىك بولۇڭلار. نېگىر قۇل سېتىۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆمرى قىسقا، تاپاۋىتى ئاز بولىدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»: 10680؛ «ئەلئەۋسەت»)

5014 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: ذُكِرَ السودَانُ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَقَالَ: دَعُونِي مِنَ السودَانِ، فَإِنمَا الْأَسْوَدُ بِبَطْنِهِ، وَفَرْجِهِ.

5014 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا قارا تەنلىكلەر تىلغا ئېلىنغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قارا تەنلىكلەرنى قويۇڭلار! قارا تەنلىك پەقەت قورسىقى ۋە شەھۋىتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، ـ دېدى[②].

(«ئەلكەبىر»: 11463)

5015 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قِيلَ: يَا رَسُولَ اللهِ مَا يَمْنَعُ حَبَشَ بَنِي الْمُغِيرَةِ أَنْ يَأْتُوكَ إِلا أَنهُمْ يَخْشَوْنَ أَنْ تَرُدهُمْ، قَالَ: لا خَيْرَ فِي الْحَبَشِ، إِذَا جَاعُوا سَرَقُوا، وَإِنْ شَبِعُوا زَنَوْا، وَإِن فِيهِمْ لَخَلتَيْنِ حَسَنَتَيْنِ: إِطْعَامُ الطعَامِ، وبأسٌ عِنْدَ الْبَأْسِ.

5015 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىرى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مۇغىيرەنىڭ پۇشتىدىن بولغان ھەبەشىستانلىقلار سېنىڭ قايتۇرۇۋېتىشىڭدىن ئەنسىرەپ قېشىڭغا كەلمەيدىكەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

① ھەيسەمى (7204): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ماڭا نامەلۇم بىرى بار، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (7205): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى زەكەرىيا غەلابى ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار. ئەمما ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئىشەنچلىك كىشى ھەدىس رىۋايەت قىلسا، ھەدىسىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ـ دېگەن.

ــ ھەبەشىستانلىقلاردا ھېچ ياخشىلىق يوق، چۈنكى ئۇلار ئاچ قالسا ئوغرىلىق قىلىدۇ، قورسىقى تويسا زىنا قىلىدۇ. ئۇلاردا پەقەت ئىككى ياخشى خىسلەت بار. بىرى، ئۇلار ئاچلارنى تويدۇرىدۇ. ئىككىنچىسى، ئېغىرچىلىقلارغا چىداشلىق بېرىدۇ، ـ دېدى.

(رەزىن؛ «ئەلكەبىر»؛ بەززار)

5016 - عَنِ ٱبنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: اتخِذُوا السودَانَ فَإِن ثَلاثَةً مِنْهُمْ مِنْ ساداتِ أَهْلِ الْجَنةِ لُقْمَانُ الْحَكِيمُ وَالنجَاشِي وَبِلالٌ الْمُؤَذنُ.

5016 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەبەشىستانلىقلارنى دوست تۇتۇڭلار، چۈنكى ئۇلاردىن ئۈچى جەننەت ئەھلىنىڭ سەردارلىرىدۇر. ئۇلار: لوقمان ھەكىم، نەجاشى ۋە مۇئەززىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلاردۇر»[1].

(«ئەلكەبىر»: 11482)

5017 - عَنْ عُقْبَةَ بن عَامِرٍ أَنهُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "الْخَبَثُ سَبْعُونَ جُزْءًا: لِلْبَرْبَرِ تِسْعَةٌ وَسِتونَ جُزْءًا، وَلِلْجِنِ وَالْإِنسِ جُزْءٌ وَاحِدٌ".

5017 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەسكەشلىك 70 تۈر بولۇپ، 69 تۈرى بەربەرلەرگە، بىر تۈرى جىنلار بىلەن قالغان ئىنسانلارغا تەقسىم قىلىنغان»[2].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلكەبىر»: 299/17)

[1] ھەيسەمى (7219): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبىيەن ئىبنى سۇفيان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7203): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇلھەكىم ئىسىملىك كىملىكى ماڭا نامەلۇم بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

5018 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ عَمْرٍو أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَخْرَجَ صَدَقَةً فَلَمْ يَجِدْ إِلا بَرْبَرِيا فَلْيَرُدهَا.

5018 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى زاكىتىنى ئايرىپ، ئۇنى بېرىشكە بەربەرىدىن باشقا ھەقلىق كىشى تاپالمىسا، بەرمىسۇن!»

(ئەھمەد: 7024)

5019 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ جَلَسَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلٌ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ أَيْنَ أَنتَ قَالَ بَرْبَرِي فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُمْ عَني قَالَ بِمِرْفَقِهِ هَكَذَا فَلَما قَامَ عَنْهُ أَقْبَلَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِن الْإِيمَانَ لَا يُجَاوِزُ حَنَاجِرَهُمْ.

5019 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

ـ سەن قەيەردىن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـــ مەن بەربەرى، ـــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى جەينىكى بىلەن نوقۇپ:

ـ يېنىمدىن قوپۇپ كەتكىن! ـ دېدى. ئۇ قوپۇپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بۇرۇلۇپ:

ـ ئىمان ئۇلارنىڭ كېكىرتىكىنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيدۇ، ـ دېدى.

(ئەھمەد: 8585)

5020 - عَنْ مَوْلًى لِرَفِيعِ بن ثَابِتٍ، أن رَجُلا، مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اشْتَرَى جَارِيَةً بَرْبَرِيةً بِمِائَتَيْ دِينَارٍ، فَبَعَثَ بِهَا إِلَى أَبِي مُحَمدٍ الْبَدْرِي مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَ بَدْرِيا، فَوَهَبَ لَهُ الْجَارِيَةَ الْبَرْبَرِيةَ، فَلَما جَاءَتْهُ قَالَ:هَذِهِ مِنَ الْمَجُوسِ الِتي نَهَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْهُمْ وَالذِينَ أَشْرَكُوا.

5020 ـ رەفىئ ئىبنى سابىتنىڭ ئازادگەردىسى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بىر بەربەرى دېدەكنى 200 تىللاغا سېتىۋېلىپ، ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ مۇھەممەد بەدرىگە (ئۇ بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابىلەردىن ئىدى) سوۋغات قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. دېدەك ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ:

ـــ بىز، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىلىشىشنى چەكلىگەن مەجۇسىيلاردىن، اللهقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئىكەن، ـــ دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»)

---

[①] ھەيسەمى (7200): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىر راۋىي بىلەن ئىبنى لۇھەيئە بار. ـ دېگەن.

## شېرىك قۇلنى ۋە زىنادىن تۇغۇلغان قۇلنى ئازاد قىلىش، قۇلاق - بۇرنى ياكى باشقا بىر ئەزاسى كېسىۋېتىلگەن قۇل، ئۆلۈش ئالدىدا قۇل ئازاد قىلىش ۋە باشقا مەسىلىلەر

5021 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَعْتَقَ شَقِيصًا مِنْ مَمْلُوكِهِ فَعَلَيْهِ خَلَاصُهُ فِي مَالِهِ فَإِنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ مَالٌ قُومَ الْمَمْلُوكُ قِيمَةَ عَدْلٍ ثُم اسْتُسْعِيَ غَيْرَ مَشْقُوقٍ عَلَيْهِ.

5021 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىرى بىلەن شېرىك قۇلنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىكىنى ئازاد قىلىۋەتسە، شېرىكىنىڭ ھەسسىسىنىمۇ ئۆز پۇلىغا سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلىشى كېرەك. ئەگەر پۇلى بولمىسا، قۇلنىڭ قىممىتى ئادىللىق بىلەن باھالىنىدۇ، ئاندىن قۇل ئازاد بولمىغان قىسمى ئۈچۈن پۇل تېپىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ».

(بۇخارى: 2492)

5022 - عَنِ الْمَقْبُرِى أَنهُ قَالَ سُئِلَ أُبو هُرَيْرَةَ عَنِ الرجُلِ تَكُونُ عَلَيْهِ رَقَبَةٌ هَلْ يُعْتِقُ فِيهَا ابْنَ زِنًا فَقَالَ أُبو هُرَيْرَةَ نَعَمْ ذَلِكَ يُجْزِئُ عَنْهُ.

5022 ـ مەقبۇرى مۇنداق دەيدۇ: بىرى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ گەدىنىگە قۇل ئازاد قىلىش چۈشۈپ قالغان كىشى زىنادىن تۇغۇلغان قۇلنى ئازاد قىلسا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بولىدۇ، ئۇنى ئازاد قىلىسىمۇ گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان)

5023 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَدُ الزنَا شَرُّ الثلَاثَةِ و قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ لَأَنْ أُمَتعَ بِسَوْطٍ فِي سَبِيلِ اللهِ عَز وَجَل أَحَب إِلَي مِنْ أَنْ أُعْتِقَ وَلَدَ زِنْيَةٍ.

5023 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «زىنادىن تۇغۇلغان ئادەم ئۈچىنىڭ (يەنى ئۆزى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ) ئەڭ يامىنىدۇر» دېگەن. مەن زىنادىن تۇغۇلغان بىر قۇلنى ئازاد قىلغاندىن كۆرە، الله تائالا يولىدا بىر قامچا چاغلىق نەرسىنى سەرپ قىلىشنى ئەلا بىلىمەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3963)

5024 - عَنْ نَافِعٍ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنهُ أَعْتَقَ وَلَدَ زِنًا وَأُمهُ.

5024 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما زىنادىن تۇغۇلغان قۇلنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئازاد قىلغان.

(مالىك: 1518)

5026 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ مُسْتَصْرِخٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ جَارِيَةٌ لَهُ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ وَيْحَكَ مَا لَكَ قَالَ شَرا أَبْصَرَ لِسَيدِهِ جَارِيَةً لَهُ فَغَارَ فَجَب مَذَاكِيرَهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَي بِالرجُلِ فَطُلِبَ فَلَمْ يُقْدَرْ عَلَيْهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اذْهَبْ فَأَنتَ حُر فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ عَلَى مَنْ نُصْرَتِي قَالَ عَلَى كُل مُؤْمِنٍ أَوْ قَالَ كُل مُسْلِمٍ.

5026 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم:

---

[1] ئەلبانى (3354): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دەپ پەرياد قىلغىنىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھالىڭغا ۋاي! ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دېدى. ئۇ:

ـ بەك يامان بولدى، مەن خوجايىنىمنىڭ بىر دېدەكگە قاراپ سالغانىدىم، خوجايىنىمنىڭ كۆندەشلىكى تۇتۇپ زەكىرىمنى كېسىۋەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىدىكىلەرگە:

ـ ئۇ ئادەمنى تېپىپ كېلىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار ئۇنى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇلغا:

ـ سەن كەتكىن! ئازاد بولدۇڭ، ـ دېدى. قۇل:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن كىمگە ياردەم قىلىمەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەرقانداق مۇئمىنغا (يەنە بىر رىۋايەتتە: ھەرقانداق مۇسۇلمانغا)، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4519)

5027 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ أَتَتْهُ وَلِيدَةٌ قَدْ ضَرَبَهَا سَيدُهَا بِنَارٍ أَوْ أَصَابَهَا بِهَا فَأَعْتَقَهَا.

5027 ـ ئىمام مالىكنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، خوجايىنى ئوت بىلەن ئۆرغان ياكى كۆيدۈرگەن بىر دېدەك ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلگەندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ دېدەكنى ئازاد قىلىۋەتتى.

(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (3789): ھەسەن، ـ دېگەن.

5028 - عَنْ سمرة بن جندب - رضي الله عنه -: أن رسولَ الله - صلى الله عليه وسلم - قال: «مَن مَثل بعبده: عَتَق عليه، وإن كان لغيره: كان عليه ما نقص من ثمنه».

5028 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قۇلىنىڭ قۇلاق ـ بۇرنىنى ياكى بىرەر ئەزاسىنى كېسىۋەتسە، قۇل ئازاد بولۇپ كېتىدۇ. مۇبادا قۇل باشقا بىرىنىڭ بولسا، ئۇنىڭ قىممىتىدىن چۈشۈپ كەتكەن قىسمىنى تۆلەيدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5029 - عَنْ أبي هريرة - رضي الله عنه -: أن رسـولَ الله -صـلى الله عليـه وسلم- قال: «مَن مثل بعبده: عتق عليه، فإن كان عبدَ غيره: كان عليه أرشُ جنايته، وإن قتله حرٌّ: فعليه قيمتُه لسيده».

5029 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قۇلىنىڭ قۇلاق ـ بۇرنىنى ياكى بىرەر ئەزاسىنى كېسىۋەتسە، قۇل ئازاد بولۇپ كېتىدۇ. مۇبادا قۇل باشقا بىرىنىڭ بولسا، جىنايىتىگە چۈشلۇق قىسمىنى تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇنى ئازاد كىشى ئۆلتۈرۈپ قويسا، قىممىتىنى خوجايىنىغا تۆلەپ بېرىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5030- عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَثَلُ الذِي يَعْتِقُ عِنْدَ الْمَوْتِ كَمَثَلِ الذِي يُهْدِي إِذَا شَبِعَ.

5030 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆلۈش ئالدىدا قۇل ئازاد قىلغان كىشى (تاماقنى باشقىلارغا) قورسىقى تويۇپ قالغاندا بەرگەن كىشىگە ئوخشايدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3968)

[1] ئەلبانى (853): زەئىپ، ـ دېگەن.

5031- عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أَن رَجُلًا أَعْتَقَ سِتةَ مَمْلُوكِينَ لَهُ عِنْدَ مَوْتِهِ لَمْ يَكُنْ لَهُ مَالٌ غَيْرَهُمْ فَدَعَا بِهِمْ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَزأَهُمْ أَثْلَاثًا ثُم أَقْرَعَ بَيْنَهُمْ فَأَعْتَقَ اثْنَيْنِ وَأَرَق أَرْبَعَةً وَقَالَ لَهُ قَوْلًا شَدِيدًا.

5031 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم ئۆلۈش ئالدىدا ئالتە نەپەر قۇلىنى ئازاد قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ قۇللىرىدىن باشقا مال ـ مۈلكى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇللارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۈچتىن ـ ئۈچتىن ئىككىگە بۆلۈپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلىدى. چەك چىققان ئىككى قۇلنى ئازاد قىلىۋېتىپ، قالغان تۆتىنىڭ قۇللۇقىنى ساقلاپ قالدى ۋە قۇللارنىڭ ئىگىسى ھەققىدە قاتتىق گەپ قىلىۋەتتى.

(مۇسلىم: 1668)

5032 - يَعْنِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ شَهِدْتُهُ قَبْلَ أَنْ يُدْفَنَ لَمْ يُدْفَنْ فِي مَقَابِرِ الْمُسْلِمِينَ.

5032 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر مەن ئۇنىڭ دەپنە قىلىنىشىدىن ئىلگىرى ھازىر بولغان بولسام، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمايتتى»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3958)

5033 - عَنْ سَمُرَةَ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ مَلَكَ ذَا رَحِمٍ مَحْرَمٍ فَهُوَ حُر.

5033 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمنىڭ قولىغا يېقىن تۇغقىنى قۇل ھالەتتە چۈشۈپ قالسا، ئازاد بولۇپ كېتىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1365)

[1] ئەلبانى (3349): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1101): سەھىھ ـ دېگەن.

5034 - عَنْ سَفِينَةَ قَالَ كُنتُ مَمْلُوكًا لِأُم سَلَمَةَ فَقَالَتْ أُعْتِقُكَ وَأَشْتَرِطُ عَلَيْكَ أَنْ تَخْدُمَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا عِشْتَ فَقُلْتُ وَإِنْ لَمْ تَشْتَرِطِي عَلَي مَا فَارَقْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا عِشْتُ فَأَعْتَقَتْنِي وَاشْتَرَطَتْ عَلَي.

5034 ـ سەفىينە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قۇلى ئىدىم. ئۇ ماڭا:

— مەن سېنى ئازاد قىلىۋېتىمەن، لېكىن ھاياتىڭ بويىچە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشىڭنى شەرت قىلىمەن، ـ دېگەنىدى، مەن:

— ماڭا بۇنى شەرت قىلمىساڭمۇ، مەن ھاياتلا بولسام، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئايرىلمايمەن، — دېدىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇ مېنى ئاشۇ شەرت بىلەن ئازاد قىلىۋەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3932)

5035 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَنهُ قَالَ تُوُفيَ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ أَبِي بَكْرٍ فِي نَوْمٍ نَامَهُ فَأَعْتَقَتْ عَنْهُ عَائِشَةُ زَوْجُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رِقَابًا كَثِيرَةً.

5035 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئۇخلاۋېتىپ ۋاپات بولۇپ كەتكەنىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ نامىدا بىرمۇنچە قۇلنى ئازاد قىلىۋەتتى.

(مالىك: 1517)

5036 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَعْتَقَ عَبْدًا وَلَهُ مَالٌ فَمَالُ الْعَبْدِ لَهُ إِلا أَنْ يَشْتَرِطَهُ السيدُ.

5036 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (3328): ھەسەن، ـ دېگەن.

«كىمكى پۇل ـ مېلى بار قۇلىنى ئازاد قىلسا، بۇ پۇل ـ مال قۇلغا قالىدۇ. پەقەت خوجايىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قېلىشىنى شەرت قىلغان بولسا، خوجايىنغا قالىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3962)

5037 - عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ أَبِي عَبْدِ الرحْمَنِ أن الزبَيْرَ بْنَ الْعَوامِ اشْتَرَى عَبْدًا فَأَعْتَقَهُ وَلِذَلِكَ الْعَبْدِ بَنُونَ مِنْ امْرَأَةٍ حُرةٍ فَلَما أَعْتَقَهُ الزبَيْرُ قَالَ هُمْ مَوَالِي وَقَالَ مَوَالِي أُمهِمْ بَلْ هُمْ مَوَالِينَا فَاخْتَصَمُوا إِلَى عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ فَقَضَى عُثْمَانُ لِلزبَيْرِ بِوَلَائِهِمْ.

5037 ـ رەبىيئە ئىبنى ئەبۇ ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قۇلنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ھۆر ئايالدىن تۇغۇلغان باللىرى بار ئىدى. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئازاد قىلغاندا، ئۇلارنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىنىڭ ئۆز قولىدا قېلىشىنى شەرت قىلدى. بىراق ئۇ قول:

ـ ئۇلارنىڭ مىراسى ئانىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا، بەلكى بىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىمىزدا بولىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دەۋالىشىپ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بارغانىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىنىڭ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى.

(مالىك: 1523)

5038 - عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُئِلَ عَنْ الرقَابِ أَيهَا أَفْضَلُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَغْلَاهَا ثَمَنًا وَأَنْفَسُهَا عِنْدَ أَهْلِهَا.

5038 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قانداق قۇلنى ئازاد قىلىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى

[①] ئەلبانى (3353): سەھىھ ـ دېگەن.

ھەققىدە سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پۇلى ئەڭ قىممەت، ئىگىسىگە ئەڭ ئېسىل ھېسابلىنىدىغان قۇل» دەپ جاۋاب بەردى.

(مالىك: 1518)

5039 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ لَمَّا أَقْبَلَ يُرِيدُ الْإِسْلَامَ وَمَعَهُ غُلَامُهُ ضَلَّ كُلُّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا مِنْ صَاحِبِهِ فَأَقْبَلَ بَعْدَ ذَلِكَ وَأَبُو هُرَيْرَةَ جَالِسٌ مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَا أَبَا هُرَيْرَةَ هَذَا غُلَامُكَ قَدْ أَتَاكَ فَقَالَ أَمَا إِنِّي أُشْهِدُكَ أَنَّهُ حُرٌّ قَالَ فَهُوَ حِينَ يَقُولُ يَا لَيْلَةً مِنْ طُولِهَا وَعَنَائِهَا عَلَى أَنَّهَا مِنْ دَارَةِ الْكُفْرِ نَجَّتِ.

5039 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر قۇلۇم بىلەن بىللە ئىسلامغا كىرىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، يولدا ئېزىپ كەتتۇق ۋە بىر ـ بىرىمىزنى يۈتتۈرۈپ قويدۇق. كېيىن مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئولتۇرسام، قۇلۇم كەلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! قارىغىنا، قۇلۇڭ سېنى دەپ كەپتۇ، ـ دېدى. مەن:

ــ سېنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ئۇ ئازادتۇر، ـ دېدىم.

(بۇخارى: 2530)

## خوجايىنىدىن بالا تۇغقان دېدەك، خوجايىنى ئۆلگەندىن كېيىن ئازاد بولىدىغانلىقى ۋەسىيەت قىلىنغان قۇل ۋە خوجايىنىغا پۇل تېپىپ بېرىپ ئازاد بولۇشقا پۈتۈشكەن قۇل قاتارلىقلار

5040 - عَنْ سَلَامَةَ بِنْتِ مَعْقِلٍ امْرَأَةٍ مِنْ خَارِجَةِ قَيْسِ عَيْلَانَ قَالَتْ قَدِمَ بِي عَمِّي فِي الْجَاهِلِيَّةِ فَبَاعَنِي مِنْ الْحُبَابِ بْنِ عَمْرٍو أَخِي أَبِي الْيَسَرِ بْنِ عَمْرٍو فَوَلَدْتُ لَهُ عَبْدَ الرَّحْمَنِ بْنَ الْحُبَابِ ثُمَّ هَلَكَ فَقَالَتْ امْرَأَتُهُ الْآنَ وَاللَّهِ تُبَاعِينَ فِي دَيْنِهِ فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللَّهِ إِنِّي امْرَأَةٌ مِنْ خَارِجَةِ قَيْسِ عَيْلَانَ قَدِمَ بِي عَمِّي الْمَدِينَةَ فِي الْجَاهِلِيَّةِ فَبَاعَنِي مِنْ الْحُبَابِ بْنِ عَمْرٍو أَخِي أَبِي الْيَسَرِ بْنِ عَمْرٍو فَوَلَدْتُ لَهُ عَبْدَ الرَّحْمَنِ بْنَ الْحُبَابِ فَقَالَتْ امْرَأَتُهُ الْآنَ وَاللَّهِ تُبَاعِينَ فِي دَيْنِهِ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ وَلِيُّ الْحُبَابِ قِيلَ أَخُوهُ أَبُو الْيَسَرِ بْنُ عَمْرٍو فَبَعَثَ إِلَيْهِ فَقَالَ أَعْتِقُوهَا فَإِذَا سَمِعْتُمْ بِرَقِيقٍ قَدِمَ عَلَيَّ فَأْتُونِي أُعَوِّضْكُمْ مِنْهَا قَالَتْ فَأَعْتَقُونِي وَقَدِمَ عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَقِيقٌ فَعَوَّضَهُمْ مِنِّي غُلَامًا.

5040 ـ خارىجە قەيس ئەيلان قەبىلىسىدىن سالامە بىنتى مەئقىل رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە تاغام مېنى مەدىنىگە ئەكېلىپ، ئەبۇ يۇسر ئىبنى ئەمرنىڭ قېرىندىشى ھۇباب ئىبنى ئەمرگە سېتىۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئابدۇرراھمان ئىبنى ھۇبابنى تۇغۇپ بەردىم. كېيىن ھۇباب ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئايالى:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھازىر سېنى ھۇبابنىڭ قەرزىنى ئۆتەش ئۈچۈن ساتىمىز، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن خارىجە قەيس ئەيلان قەبىلىسىدىن بولىمەن، جاھىلىيەت دەۋرىدە تاغام مېنى مەدىنىگە ئەكېلىپ، ئەبۇ يۇسر ئىبنى ئەمرنىڭ قېرىندىشى ھۇباب ئىبنى ئەمرگە سېتىۋەتكەندى. مەن ئۇنىڭغا ئابدۇرراھمان ئىبنى ھۇبابنى تۇغۇپ بەردىم. ئۇنىڭ ئايالى: ”اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھازىر سېنى ھۇبابنىڭ قەرزىنى ئۆتەش ئۈچۈن ساتىمىز“ دەۋاتىدۇ، ــ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ھۇبابنىڭ ئىگىسى كىم؟ ــ دېگەنىدى، ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەبۇ يۇسر ئىبنى ئەمر ئىكەنلىكى ئېيتىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئۇ ئايالنى ئازاد قىلىۋېتىڭلار، دۆلەت خەزىنىسىگە قۇل كەلگەنلىكىنى ئاڭلىساڭلار، قېشىمغا كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئۇ ئايالنىڭ ئورنىغا بىر قۇل بېرەي، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مېنى ئازاد قىلىۋەتتى. كېيىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قۇل كەلگەنىدى، ئۇلارغا شۇ قۇللاردىن بىرنى بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3953)

5041 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ أَيمَا وَلِيدَةٍ وَلَدَتْ مِنْ سَيدِهَا فَإِنهُ لَا يَبِيعُهَا وَلَا يَهَبُهَا وَلَا يُورِثُهَا وَهُوَ يَسْتَمْتِعُ بِهَا فَإِذَا مَاتَ فَهِيَ حُرةٌ.

5041 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: قانداق بىر دېدەك خوجايىنىدىن بالا تۇغسا، خوجايىنى ئۇنى ساتالمايدۇ، بىرىگە سوۋغات قىلىپ بېرەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا مىراس قالدۇرالمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۇنىڭدىن (جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش ۋە خىزمىتىگە سېلىش ئىشلىرىدا) مەنپەئەتلىنىدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن دېدەك ئازاد بولۇپ كېتىدۇ.

(مالىك: 1509)

[1] ئەلبانى (851): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

5042 – عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ يَقُولُ كُنا نَبِيعُ سَرَارِيَنا وَأُمَهَاتِ أَوْلَادِنَـا وَالنبِـي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِينَا حَي لَا نَرَى بِذَلِكَ بَأْسًا.

5042 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىمىزدا ھايات ۋاقتىدا بىز چۆرىلىرىمىزنى ۋە بىزدىن بالا تۇغقان ئانا دېدەكلەرنى ساتاتتۇق. بۇنى ھېچ گۇناھ ئەمەس دەپ قارايتتۇق[1].

(ئىبنى ماجە: 2517)

5403 ـ عَنْ جَابِرٍ قال دَبرَ رَجُلٌ مِنَ الْأَنصَارِ غُلَامًا لَهُ لَمْ يَكُنْ لَهُ مَالٌ غَيْرُهُ فَبَاعَهُ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ جَابِرٌ فَاشْتَرَاهُ ابْنُ النحامِ عَبْدًا قِبْطِيا مَاتَ عَامَ أَولَ فِى إِمَارَةِ ابْنِ الزبَيْرِ.

5043 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن قۇلىنىڭ ئازاد بولىدىغانلىقىنى ۋەسىيەت قىلدى. ئۇنىڭ مۇشۇ قۇلىدىن باشقا پۇل ـ مېلى يوق ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ساتتى. ئۇنى ئىبنى نەھھام سېتىۋالدى. ئۇ قىبتى مىللىتىدىن كېلىپ چىققان قۇل بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى يىلى ۋاپات بولۇپ كەتتى.

(مۇسلىم: 997)

5404 ـ وفي رواية: فَاشْتَرَاهُ نُعَيْمُ بْنُ عَبْدِ اللهِ الْعَدَوِى بِثَمَانِمِائَةِ دِرْهَمٍ فَجَاءَ بِهَا رَسُولَ اللهِ - صلى الله عليه وسلم- فَدَفَعَهَا إِلَيْهِ ثُم قَالَ «ابْدَأْ بِنَفْسِكَ فَتَصَدقْ عَلَيْهَا فَإِنْ فَضَلَ شَىْءٌ فَلأَهْلِكَ فَإِنْ فَضَلَ عَنْ أَهْلِكَ شَىْءٌ فَلِذِى قَرَابَتِكَ فَإِنْ فَضَلَ عَنْ ذِى قَرَابَتِـكَ شَىْءٌ فَهَكَذَا وَهَكَذَا». يَقُولُ فَبَيْنَ يَدَيك وعن يمينك وعن شمالك.

5044 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قۇلنى 800 تەڭگىگە سېتىپ، پۇلنى ئۇنىڭغا

[1] ئەلبانى (2040): سەھىھ ـ دېگەن.

بەردى ۋە:

— ئەڭ ئاۋۋال ئۆزەڭگە سەدىقە قىلغىن، ئۆزەڭدىن ئېشىپ قالغىنىنى بالا - چاقىلىرىڭغا، ئۇلاردىن ئېشىپ قالغىنىنى تۇغقانلىرىڭغا، ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ قالغىنىنى ئەتراپىڭدىكى موھتاجلارغا سەدىقە قىلىپ بەرگىن! - دېدى.

(مۇسلىم: 997)

5045 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْمُكَاتَبُ عَبْدٌ مَا بَقِيَ عَلَيْهِ مِنْ مُكَاتَبَتِهِ دِرْهَمٌ.

5045 - ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:

«خوجايىنىغا مەلۇم مىقداردا پۇل تېپىپ بېرىپ ئازاد بولۇشقا پۈتۈشكەن قۇلنىڭ ئۈستىدە بىر تەڭگە چاغلىق پۇل قالسىمۇ، قۇللۇق ھالىتىدە قالىدۇ».

(ئەبۇ داۋۇد: 3926)

5046 - عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا كَانَ عِنْدَ مُكَاتَبِ إِحْدَاكُن مَا يُؤَدي فَلْتَحْتَجِبْ مِنْهُ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ صَحِيحٌ وَمَعْنَى هَذَا الْحَدِيثِ عِنْدَ أَهْلِ الْعِلْمِ عَلَى التوَرعِ وَقَالُوا لَا يُعْتَقُ الْمُكَاتَبُ وَإِنْ كَانَ عِنْدَهُ مَا يُؤَدي حَتى يُؤَديَ.

5046 - ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىغا مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلارنىڭ پۇل تېپىپ بېرىپ ئازاد بولۇش ئۈچۈن پۈتۈشكەن قۇلى ئۈستىدە ئۆتەشكە تېگىشلىك پۇل قالسىمۇ، ئۇ ئايال ئۆزىنى ئۇ قۇلدىن ھىجابقا ئالسۇن».

(تىرمىزى: 1261)

5047 - عن عمر بن أنس: سَأَلَ سِيرِينَ أَنَسًا الْمُكَاتَبَةَ وَكَانَ كَثِيرَ الْمَالِ فَـأَبى، فانطلق سيرين إلى عمر فدعاه عمر وقال له: كَاتِبْهُ . فَأَبى فَضَرَبَهُ بِالدرة وتلا (فَكَاتِبُوهُمْ إِنْ عَلِمْتُمْ فِيهِمْ خَيْرًا) فَكَاتَبَهُ. قلت الذي في البخاري في المكاتب تعليقا: قَالَ رَوْحٌ عَـنِ ابْنِ جُرَيْجٍ قُلْتُ لِعَطَاءٍ أَوَاجِبٌ عَلَى إِذَا عَلِمْتُ لَهُ مَالاً أَنْ أُكَاتِبَهُ؟ قَالَ مَا أُرَاهُ إِلا وَاجِبًـا. وَقَالَهُ عَمْرُو بْنُ دِينَارٍ قُلْتُ لِعَطَاءٍ أَتَأْثُرُهُ عَنْ أَحَدٍ قَالَ لاَ، ثم أَخْبَرَنِى أَن مُوسَى بْنَ أَنَـسٍ أَخْبَرَهُ أَن سِيرِينَ أَنَسًا الْمُكَاتَبَةَ وَكَانَ كَثِيرَ الْمَالِ... فذكره.

5047 ـ ئۆمەر ئىبنى ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: سىيرىننىڭ خېلى كۆپ پۇل ـ مېلى بار ئىدى. ئۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پۇل تېپىپ بېرىپ ئۆزىنى ئازاد قىلىشقا پۈتۈشۈشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، سىيرىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرتىپ كېلىپ:

ـ ئۇنىڭ بىلەن توختام تۈزگىن! ـ دېدى. بىراق ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە ئۇنىمىغانىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا دەررە ئۇردى ۋە: ﴿قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ـ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىيرىن بىلەن توختام تۈزدى.

ئىبنى جەرىج مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەتادىن:

ـ ئەگەر قۇلۇمنىڭ پۇل ـ مېلى بارلىقىنى بىلسەم، ئۇنىڭ بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن پۈتۈشۈشۈم ۋاجىپمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ مەن شۇنداق قىلىشنى پەقەت ۋاجىپ دەپ قارايمەن، ـ دېدى.

ئەمر ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەتادىن:

ـ سەن بۇنىڭ ۋاجىپلىقىنى بىرەر كىشىدىن رىۋايەت قىلغانمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ ياق، مۇسا ئىبنى ئەنەسنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، سىيرىن ئازاد بولۇش ئۈچۈن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توختام تۈزۈشنى تەلەپ قىلغانىكەن. ئۇ پۇل ـ مېلى خېلى كۆپ قۇل ئىدى، ـ دېدى ۋە بۇ رىۋايەتنى ئاخىرىغىچىلىك بايان قىلدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5048 - عَنْ عُرْوَةَ أن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَخْبَرَتْهُ أن بَرِيرَةَ جَاءَتْ تَسْتَعِينُهَا فِي كِتَابَتِهَا وَلَمْ تَكُنْ قَضَتْ مِنْ كِتَابَتِهَا شَيْئًا قَالَتْ لَهَا عَائِشَةُ ارْجِعِي إِلَى أَهْلِكِ فَإِنْ أَحَبوا أَنْ أَقْضِيَ عَنْكِ كِتَابَتَكِ وَيَكُونَ وَلَاؤُكِ لِي فَعَلْتُ فَذَكَرَتْ ذَلِكَ بَرِيرَةُ لِأَهْلِهَا فَأَبَوْا وَقَالُوا إِنْ شَاءَتْ أَنْ تَحْتَسِبَ عَلَيْكِ فَلْتَفْعَلْ وَيَكُونَ وَلَاؤُكِ لَنَا فَذَكَرَتْ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ابْتَاعِي فَأَعْتِقِي فَإِنمَا الْوَلَاءُ لِمَنْ أَعْتَقَ قَالَ ثُم قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا بَالُ أُنَاسٍ يَشْتَرِطُونَ شُرُوطًا لَيْسَتْ فِي كِتَابِ اللهِ مَنْ اشْتَرَrَ̂ شَرْطًا لَيْسَ فِي كِتَابِ اللهِ فَلَيْسَ لَهُ وَإِنْ شَرَrَ̂ مِائَةَ مَرةٍ شَرْrُ̂ اللهِ أَحَق وَأَوْثَقُ.

5048 ـ ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، بەرىرە ئازاد بولۇش ئۈچۈن خوجايىنى بىلەن پۈتۈشكەن، بىراق پۈتۈشكەن پۇلدىن ھېچ نەرسىنى ئۆتىمىگەن بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ياردەم ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەنىكەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا:

ـ خوجايىنىڭنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلاردىن سوراپ باققىن، ئەگەر ئۇلار خالىسا، سەن پۈتۈشكەن پۇلنى مەن بېرەي. لېكىن سېنىڭ مىراسىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى مېنىڭ بولىدۇ، ـ دەپتۇ. بەرىرە خوجايىنلىرىغا ئەھۋالنى ئېيتقانىكەن، ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنىماپتۇ ۋە:

ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خالىسا، سېنى (اللهتىن) ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئازاد قىلسۇن، سېنىڭ مىراسىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش

ھەققى بىــزگە بولــدۇ، ــ دەپتــۇ. ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپتىكەن، پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

ــ ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتكىن، ئازادگەردىنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى ئازاد قىلغان كىشى ئۈچۈن بولىدۇ، ــ دەپتــۇ. ئانــدىن جامــائەتكە چىقىــپ: «بەزى كىشــىلەرنىڭ نــېمە قىلغىنىكىنتاڭ، ئۇلار اللەنىڭ كىتابىدا يوق شەرتلەرنى قوشۇپ تۈزۈۋالىدىكەن. كىمكى اللەنىڭ كىتابىدا يوق شەرتنى قوشۇۋالىدىكەن، گەرچە ئۇ يۈز قېتىم شەرت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەمەل قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ۋە ئەڭ پۇختا شەرت اللەنىڭ شەرتىدۇر» دەپتۇ.

(بۇخارى: 2168)

5049 - وفي رواية: كَاتَبْتُ أَهْلِى عَلَى تِسْعِ أَوَاقٍ فِى كُلِّ عَامٍ وَقِيةٌ.

5049 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە بەرىرە مۇنداق دېگەن: مەن خوجايىنىم بىلەن ھەر يىلى بىردىن (توققۇز يىلدا) جەمئى توققۇز ئۇقىيە كۈمۈش بېرىپ ئازاد بولۇشقا پۈتۈشكەنىدىم.

(بۇخارى: 2168)

5050 - وفي أخرى: إِنَّ بَرِيرَةَ دَخَلَتْ عَلَيْهَا تَسْتَعِينُهَا فِي كِتَابَتِهَا وَعَلَيْهَا خَمْسَةُ أَوَاقٍ، نُجِمَتْ عَلَيْهَا فِي خَمْسِ سِنِينَ.

5050 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بەرىرە ئازاد بولۇش ئۈچۈن خوجايىنى بىلەن پۈتۈشكەن پۇلغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ياردەم ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە بەش يىلغا بۆلۈپ تۆلەيدىغان بەش ئۇقىيە كۈمۈش بار ئىدى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان).

5051 - وفي أخرى: فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللهِ - صلى الله عليه وسلم - «اشْتَرِيهَا فَأَعْتِقِيهَا، فَإِنَّمَا الْوَلاَءُ لِمَنْ أَعْتَقَ».

5051 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن:

«ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتكىن. ئازادگەردىنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى ئازاد قىلغان كىشى ئۈچۈن بولىدۇ».

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

## ۋەسىيەت بۆلۈمى

5052 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا حَق امْرِئٍ مُسْلِمٍ لَهُ شَيْءٌ يُوصِي فِيهِ يَبِيتُ لَيْلَتَيْنِ.

5052 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەسىيەت قالدۇرغىدەك بىر نەرسىسى بولسا، ئۇنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرماستىن ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىش ھەققى يوق».

(بۇخارى: 2738)

5053 - وفي رواية: ثَلاَثَ لَيَالٍ إلا وَوَصِيتُهُ عِنْدَهُ مَكْتُوبَةٌ. قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ مَا مَرتْ عَلَى لَيْلَةٌ مُنْذُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- قَالَ ذَلِكَ إلا وَعِنْدِى وَصِيتِى.

5053 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىش ھەققى يوق، لېكىن ۋەسىيىتىنى يېزىپ يېنىدا ساقلىسا بولىدۇ» دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ بىر كۈننىمۇ ۋەسىيىتىمنى يېنىمدا ساقلىماي ئۆتكۈزمىدىم.

(مۇسلىم: 1627)

5054 - عن أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الرجُلَ لَيَعْمَلُ وَالْمَرْأَةُ بِطَاعَةِ اللهِ سِتينَ سَنَةً ثُم يَحْضُرُهُمَا الْمَوْتُ فَيُضَارانِ فِي الْوَصِيةِ فَتَجِبُ لَهُمَا النارُ قَالَ وَقَرَأَ عَلَي أَبو هُرَيْرَةَ مِنْ هَا هُنَا) مِنْ بَعْدِ وَصِيةٍ يُوصَى بِهَا أَوْ دَيْنٍ غَيْرَ مُضَار( حتـى بلغ )ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ(.

5054 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئەر بىلەن بىر ئايال 60 يىل اللهقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ ياشايدۇ. ئاندىن ئۇلارغا ئۆلۈم ھازىر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ۋەسىيەت سەۋەبى بىلەن (ۋارىسلىرىغا) زىيان سالىدۇ. نەتىجىدە، ھەر ئىككىلىسى دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ) ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇ الله تەرىپىدىن قىلىنغان تەۋسىيىدۇر، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). ئەنە شۇلار (يەنى الله بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ئەھكاملار) اللهنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، الله ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر﴾[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2867)

[①] ئەلبانى (614): زەئىپ، ـ دېگەن.

5055 - عن أنس بن مالك قَالَ: كُنا عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَجَاءَ رَجُلٌ، فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، مَاتَ فُلانٌ، قَالَ: "أَلَيسَ كَانَ مَعَنَا آنِفًا؟" قَالُوا: بَلَى، قَالَ: "سُبْحَانَ اللهِ، كَأَنهَا إِخْذَةٌ عَلَى غَضَبٍ، الْمَحْرُومُ مَنْ حُرِمَ وَصِيَتَه".

5055 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق. بىر ئادەم كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! پالانى ئۆلۈپ كەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ باياتىن بىز بىلەن بىللە ئەمەسمىدى؟ ـ دېگەندى، ساھابىلەر:

ـ شۇنداق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سۇبھانەللاھ! ئۇ غەزەپكە ئۇچرايدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ. زىيان تارتقانلار ئۇنىڭ ۋەسىيىتىدىن مەھرۇم قالغانلار بوپتۇ، ـ دېدى[1].

(مەۋسىلى: 4122)

5056 - عن أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَي الصدَقَةِ أَعْظَمُ أَجْرًا قَالَ أَنْ تَصَدقَ وَأَنتَ صَحِيحٌ شَحِيحٌ تَخْشَى الْفَقْرَ وَتَأْمُلُ الْغِنَى وَلَا تُمْهِلُ حَتى إِذَا بَلَغَتْ الْحُلْقُومَ قُلْتَ لِفُلَانٍ كَذَا وَلِفُلَانٍ كَذَا وَقَدْ كَانَ لِفُلَانٍ.

5056 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى خىلدىكى سەدىقىنىڭ ئەجرى ئەڭ چوڭ بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سېنىڭ ساغلام، پۇل ـ مالغا ئامراق، كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تۇرغان، باي بولۇشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان

[1] ھەيسەمى (7080): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

چېغىڭدا قىلغان سەدىقەڭنىڭ ئەجرى ئەڭ چوڭ بولىدۇ. شۇڭا سەن سەدىقىنى جان ھەلقۇمغا يەتكەندە: ”بۇ پالانىغا قالسۇن، ئاۋۇ پۇستانىغا قالسۇن“ دەيدىغان چاغقىچە كېچىكتۈرمىگىن. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا پالانى ۋە پۇستانىلارنىڭ ھاجىتى ئاللىبۇرۇن راۋا بولۇپ بولغان بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 1419)

5057 - وفي رواية: وَأَنتَ صَحِيحٌ حَرِيصٌ تَأْمُلُ الْغِنَى وَتَخْشَى الْفَقْرَ.

5057 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سېنىڭ ساغلام، پۇل ـ مالغا ھېرىس، باي بولۇشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان، كەمبەغەل بولۇپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرغان چېغىڭدا قىلغان سەدىقەڭنىڭ ئەجرى ئەڭ چوڭ بولىدۇ».

(بۇخارى: 2748)

5058 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَأَنْ يَتَصَدَّقَ الْمَرْءُ فِي حَيَاتِهِ بِدِرْهَمٍ خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَنْ يَتَصَدَّقَ بِمِائَةِ دِرْهَمٍ عِنْدَ مَوْتِهِ.

5058 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەمنىڭ ھايات ۋاقتىدا بىر تەڭگە چاغلىق پۇلنى سەدىقە قىلغىنى سەكراتقا چۈشكەندە يۈز تەڭگە پۇلنى سەدىقە قىلغىنىدىن ياخشىدۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2866)

5059 - عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ عَادَنِي النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي حَجَّةِ الْوَدَاعِ مِنْ وَجَعٍ أَشْفَيْتُ مِنْهُ عَلَى الْمَوْتِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ بَلَغَ بِي مِنَ الْوَجَعِ مَا

[1] ئەلبانى (613): زەئىپ، ـ دېگەن.

تَرَى وَأَنَا ذُو مَالٍ وَلَا يَرِثُنِي إِلَّا ابْنَةٌ لِي وَاحِدَةٌ أَفَأَتَصَدَّقُ بِثُلُثَيْ مَالِي قَالَ لَا قُلْتُ أَفَأَتَصَدَّقُ بِشَطْرِهِ قَالَ لَا قُلْتُ فَالثُّلُثِ قَالَ وَالثُّلُثُ كَثِيرٌ إِنَّكَ أَنْ تَذَرَ وَرَثَتَكَ أَغْنِيَاءَ خَيْرٌ مِنْ أَنْ تَذَرَهُمْ عَالَةً يَتَكَفَّفُونَ النَّاسَ وَلَسْتَ تُنْفِقُ نَفَقَةً تَبْتَغِي بِهَا وَجْهَ اللَّهِ إِلَّا أُجِرْتَ بِهَا حَتَّى اللُّقْمَةَ تَجْعَلُهَا فِي فِي امْرَأَتِكَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللَّهِ أَأُخَلَّفُ بَعْدَ أَصْحَابِي قَالَ إِنَّكَ لَنْ تُخَلَّفَ فَتَعْمَلَ عَمَلًا تَبْتَغِي بِهِ وَجْهَ اللَّهِ إِلَّا ازْدَدْتَ بِهِ دَرَجَةً وَرِفْعَةً وَلَعَلَّكَ تُخَلَّفُ حَتَّى يَنْتَفِعَ بِكَ أَقْوَامٌ وَيُضَرَّ بِكَ آخَرُونَ اللَّهُمَّ أَمْضِ لِأَصْحَابِي هِجْرَتَهُمْ وَلَا تَرُدَّهُمْ عَلَى أَعْقَابِهِمْ لَكِنْ الْبَائِسُ سَعْدُ بْنُ خَوْلَةَ رَثَى لَهُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ تُوُفِّيَ بِمَكَّةَ.

5059 ـ ئامىر ئىبنى سەئد ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ۋىدالىشىش ھەجىدە قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدىم. شۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يوقلاپ كەلدى. مەن:

ــ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! سەن كېسەللىمنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن بولسام كۆپماللىق ئادەم، مېنىڭ بىر قىزىمدىن باشقا مىراسخورۇم يوق، شۇڭا ماللىرىمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى سەدىقە قىلايمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ياق، ـ دېدى. مەن:

ــ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا ماللىرىمنىڭ يېرىمىنى سەدىقە قىلايمۇ؟ ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ـ ياق، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداق بولسا، ماللىرىمنىڭ ئۈچتىن بىرى بولسۇنمۇ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۈچتىن بىرى بولسۇن، ئۈچتىن بىرىمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ۋارىسلىرىڭنى باي ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭ، ئۇلارنى كىشىلەرگە موھتاج قىلىپ كەمبەغەل ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشىدۇر. اللەنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ سەرپ قىلغان ھەرقانداق

خىراجىتىڭگە، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان نەرسىگىمۇ چوقۇم ئەجىر ئالىسەن، ـ دېدى. مەن:

ـــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن كېسەل سەۋەبى بىلەن بۇرادەرلىرىمدىن ئايرىلىپ كەينىدە قالارمەنمۇ؟ ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن ھەرگىز كەينىدە قالمايسەن (يەنى ساھابىلەردىن ئايرىلىپ مەككىدە قالمايسەن)، كەينىدە قالغان تەقدىردىمۇ، اللهنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قانداق بىر ئەمەلنى قىلىدىكەنسەن، شۇ ئەمەلىڭ بىلەن دەرىجەڭنى ۋە مەرتىۋەڭنى ئاشۇرىۋېرىسەن. ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇشى، تېخى نۇرغۇن كىشىلەر سەندىن پايدىلىنىشى، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر سەندىن زىيان تارتىشى مۇمكىن، ـ دېدى. ئارقىدىنلا: «ئى الله! ساھابىلىرىمنىڭ ھىجرىتىنى داۋاملاشتۇرغىن، ئۇلارنى كەينىگە (يەنى ھىجرەت قىلىپ چىققان يۇرتىغا) قايتۇرىۋەتمىگىن!» دەپ دۇئا قىلدى ۋە: «بىچارە سەئد ئىبنى خەۋلە» دېگىنىچە، ئۇنىڭ مەككىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىچ ئاغرىتقانلىقىنى بىلدۈردى.

(بۇخارى: 4409)

5060 - وفي رواية: أن سَعْدًا قال: قَدْ خَشِيتُ أَنْ أَمُوتَ بِالْأَرْضِ الَّتِى هَاجَرْتُ مِنْهَا كَمَا مَاتَ سَعْدُ ابْنُ خَوْلَةَ. فَقَالَ النبى -صلى الله عليه وسلم- «اللَّهُم اشْفِ سَعْدًا اللَّهُم اشْفِ سَعْدًا» ثَلاَثَ مِرَارٍ.

5060 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن سەئد ئىبنى خەۋلەگە ئوخشاش ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەن يۇرتتا ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايمەن دەپ قورقۇپ قالغانىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا دۇئا قىلىپ، ئۈچ قېتىم:

ـ ئى الله! سەئدكە شىپالىق بەرگىن، ئى الله! سەئدكە شىپالىق بەرگىن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1628)

5061 - عَنْ سَعْدِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ عَادَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأنَا مَرِيضٌ فَقَالَ أَوْصَيْتَ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ بِكَمْ قُلْتُ بِمَالِي كُلِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ قَالَ فَمَا تَرَكْتَ لِوَلَدِكَ قُلْتُ هُمْ أَغْنِيَاءُ بِخَيْرٍ قَالَ أَوْصِ بِالْعُشْرِ فَمَا زِلْتُ أُنَاقِصُهُ حَتى قَالَ أَوْصِ بِالثلُثِ وَالثلُثُ كَثِيرٌ قَالَ أَبو عَبْدِ الرحْمَنِ وَنَحْنُ نَسْتَحِب أَنْ يَنْقُصَ مِنْ الثلُثِ لِقَوْلِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالثلُثُ كَثِيرٌ.

5061 ـ سەئد ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يوقلاپ كېلىپ:

ــ ۋەسىيەت قالدۇردۇڭمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ــ ھەئە، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قانچىلىك؟ ـ دېدى. مەن:

ــ مېلىمنىڭ ھەممىسىنى الله يولىغا ئاتىۋەتتىم، ــ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بالىلىرىڭغا نېمە قويۇپ قويدۇڭ؟ ـ دېدى. مەن:

ــ ئۇلار باي، ھال ـ كۆنى ياخشى، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مېلىڭنىڭ ئوندىن بىرىنى ۋەسىيەت قالدۇرغىن، ــ دېدى. مەن بۇنى ئاز كۆرۈپ، (تېخىمۇ جىق ۋەسىيەت قالدۇرۇشۇمغا ئىجازەت بېرىشى ئۈچۈن) قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلىۋەرگەنىدىم، ئاخىرىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مېلىڭنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلغىن، ئۈچتىن بىرىمۇ جىقلىق قىلىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 975)

5062 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ لَوْ غَض الناسُ إِلى الربْعِ لِأَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الثلُثُ وَالثلُثُ كَثِيرٌ أَوْ كَبِيرٌ.

[1] ئەلبانى (780): سەھىھ ـ دېگەن.

5062 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلار كاشكى مىلىنى ۋەسىيەت قالدۇرۇشنى تۆتتىن بىرىگە چۈشۈرسىكەن، چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېلىڭنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلغىن، ئۈچتىن بىرىمۇ جىقلىق قىلىدۇ» دېگەن.

(بۇخارى: 2743)

5063 - عَنْ أَبِي مَيْسَرَةَ الْهَمْدَانِي عَمْرِو بْنِ شُرَحْبِيلَ، قَالَ: قَالَ لِي عَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْعُودٍ: "إِنكُمْ مِنْ أَحْرَى حَي بِالْكُوفَةِ، أَنْ يَمُوتَ أَحَدُكُمْ، وَلا يَدَعَ عَصَبَةً، وَلا رَحِمًا، فَمَا يَمْنَعُهُ إِذَا كَانَ كَذَلِكَ أَنْ يَضَعَ مَالَهُ فِي الْفُقَرَاءِ أَوِ الْمَسَاكِينِ".

5063 ـ ئەبۇ مەيسەرە ئەمىر ئىبنى شۇرەھبىل ھەمەدانى مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ماڭا:

ــ كۇفە شەھىرىدە يا مىراسخورلىرى يوق، يا تۇغقانلىرى يوق ئۆلۈپ كېتىدىغان كىشىلەر ئەڭ جىق چىقىدىغان مەھەللە سىلەرنىڭ مەھەللەڭلاردۇر، ئۇنداق كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى كەمبەغەللەرگە ۋە مىسكىنلەرگە قويۇپ كېتىشكە نېمە توسالغۇ بولىدۇ؟ ـ دېگەن[①].

(«ئەلكەبىر»: 9723)

5064 - عَنْ عَبْدِ اللهِ أَنَّ رَجُلا أَوْصَى لِرَجُلٍ بِسَهْمٍ مِنْ مَالِهِ فَجَعَلَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ السدُسَ.

5064 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم مېلىنىڭ بىر قىسمىنى يەنە بىر ئادەمگە ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مالنىڭ ئالتىدىن بىرىنى بۇيرۇپ بەردى[②].

(بەززار: 1380)

[①] ھەيسەمى (7090): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (7098): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئەزرەمى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

5065 - عن أَبِي أُمَامَةَ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إن اللهَ قَدْ أَعْطَى كُل ذِي حَق حَقهُ فَلَا وَصِيةَ لِوَارِثٍ.

5065 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله بارلىق ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى تولۇق بەردى، شۇڭا مىراسخورغا ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئىناۋەتسىزدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2870)

5066 - عن طَلْحَةُ قَالَ سَأَلْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ أَبِي أَوْفَى آوْصَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَا فَقُلْتُ كَيفَ كُتِبَ عَلَى الناسِ الْوَصِيةُ أُمِرُوا بِهَا وَلَمْ يُوصِ قَالَ أَوْصَى بِكِتَابِ اللهِ.

5066 ـ تەلھە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەسىيەت قالدۇرغانمۇ؟ ــ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. مەن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەسىيەت قالدۇرمىغان تۇرسا، ئۇنداقتا كىشىلەر ۋەسىيەت قالدۇرۇشقا نېمىگە ئاساسەن بۇيرۇلدى؟ ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ــ اللهنىڭ كىتابى بىلەن بۇيرۇلدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5022)

5067 - قَالَ الْهُزَيْلُ بْنُ شُرَحْبِيلَ أَبو بَكْرٍ كَانَ يَتَأَمرُ عَلَى وَصِى رَسُولِ اللهِ - صلى الله عليه وسلم - وَد أَبو بَكْرٍ أَنهُ وَجَدَ مِنْ رَسُولِ اللهِ - صلى الله عليه وسلم - عَهْدًا فَخَزَمَ أَنفَهُ بِخِزَامٍ.

[1] ئەلبانى (2494): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

5067 ـ ھۇزەيـل ئىـبنـى شـۇرەھبـىل مۇنـداق دەيـدۇ: بەزىـلەر: ‘‘ئەبـۇ بەكــرى رەزىيەللاھــۇ ئەنھـۇ پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ۋەســىيەت قىلغــان كىشــىنىڭ ئۇســتىدىن خەلىــپە بولۇۋالــدى’’ دەپ قارايـدۇ. ئەممـا ئەبـۇ بەكـرى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ پەيغەمــبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەلىپىلىككە بىرىنى ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىشنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرگەن بولاتتى[1].

(ئىبنى ماجە: 2696)

5068 - عَنْ الْأَسْوَدِ قَالَ ذَكَرُوا عِنْدَ عَائِشَةَ أَن عَلِيا رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا كَانَ وَصِـيا فَقَالَتْ مَتَى أَوْصَى إِلَيْهِ وَقَدْ كُنْتُ مُسْنِدَتَهُ إِلَى صَدْرِي أَوْ قَالَتْ حَجْرِي فَدَعَا بِالطسْـتِ فَلَقَدْ انْخَنَثَ فِي حَجْرِي فَمَا شَعَرْتُ أَنَهُ قَدْ مَاتَ فَمَتَى أَوْصَى إِلَيْهِ.

5068 ـ ئەسۋەد مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھـۇ ئەنھانىـڭ يېنىــدا ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ پەيغەمــبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم تەرىپىــدىن خەلىــپىلىككە ۋەســىيەت قىلىنغــانلىقى ئېيتىلغانــدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ قانداق چاغدا ئۇنىڭغا ۋەسـىيەت قىپتـۇ، ئـۇ جـان ئـۈزگەن ۋاقتىــدا مېنىـڭ قۇچىقىمدا ئىـدى. ئـۇ بىـر داس كەلتۈرۈشـنى ئېيتقانـدى، شـۇ ئاريــدا ئۇنىــڭ بېشــى چۈشــۈپ كەتتــى، مەنمــۇ ئۇنىــڭ جــان ئــۈزۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەپتىمەن، ئەھۋال بۇ تۇرسا، خەلىپىلىكنـى كىمگە ۋەسىيەت قىپتۇ؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 2741)

5069 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ يَقُولُونَ إِن رَسُولَ اللَّهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْصَى إِلَى عَلِي رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ لَقَدْ دَعَا بِالطسْتِ لِيَبُولَ فِيهَا فَانْخَنَثَتْ نَفْسُهُ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَا أَشْعُرُ فَإِلَى مَنْ أَوْصَى.

[1] ئەلبانى (2182): سەھىھ ـ دېگەن.

5069 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بەزىلەر: ”پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەلىپىلىكنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ۋەسىيەت قىلغانىكەن“ دېيىشىپتۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىيىش ئۈچۈن داس ئەكىلىشنى ئېيتقانىدى، شۇ ئارىدا ئۇنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ جان ئۈزۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەپتىمەن، ئەھۋال بۇ تۇرسا، خەلىپىلىكنى كىمگە ۋەسىيەت قىپتۇ؟ ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3624)

5070 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزُّبَيْرِ قَالَ لَما وَقَفَ الزُّبَيْرُ يَوْمَ الْجَمَلِ دَعَانِي فَقُمْتُ إِلَى جَنْبِهِ فَقَالَ يَا بُنَي إِنهُ لَا يُقْتَلُ الْيَوْمَ إِلا ظَالِمٌ أَوْ مَظْلُومٌ وَإِني لَا أُرَانِي إِلا سَأُقْتَلُ الْيَوْمَ مَظْلُومًا وَإِن مِنْ أَكْبَرِ هَمي لَدَيْنِي أَفَتُرَى يُبْقِي دَيْنُنَا مِنْ مَالِنَا شَيْئًا فَقَالَ يَا بُنَي بِعْ مَالَنَا فَاقْضِ دَيْنِي وَأَوْصَى بِالثلُثِ وَثُلُثِهِ لِبَنِيهِ يَعْنِي بَنِي عَبْدِ اللهِ بْنِ الزُّبَيْرِ يَقُولُ ثُلُثُ الثلُثِ فَإِنْ فَضَلَ مِنْ مَالِنَا فَضْلٌ بَعْدَ قَضَاءِ الديْنِ شَيْءٌ فَثُلُثُهُ لِوَلَدِكَ قَالَ هِشَامٌ وَكَانَ بَعْضُ وَلَدِ عَبْدِ اللهِ قَدْ وَازَى بَعْضَ بَنِي الزُّبَيْرِ خُبَيْبٌ وَعَبادٌ وَلَهُ يَوْمَئِذٍ تِسْعَةُ بَنِينَ وَتِسْعُ بَنَاتٍ قَالَ عَبْدُ اللهِ فَجَعَلَ يُوصِينِي بِدَيْنِهِ وَيَقُولُ يَا بُنَي إِنْ عَجَزْتَ عَنْهُ فِي شَيْءٍ فَاسْتَعِنْ عَلَيْهِ مَوْلَايَ قَالَ فَوَاللهِ مَا دَرَيْتُ مَا أَرَادَ حَتى قُلْتُ يَا أَبَةِ مَنْ مَوْلَاكَ قَالَ اللهُ قَالَ فَوَاللهِ مَا وَقَعْتُ فِي كُرْبَةٍ مِنْ دَيْنِهِ إِلا قُلْتُ يَا مَوْلَى الزُّبَيْرِ اقْضِ عَنْهُ دَيْنَهُ فَيَقْضِيهِ فَقُتِلَ الزُّبَيْرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَلَمْ يَدَعْ دِينَارًا وَلَا دِرْهَمًا إِلا أَرَضِينَ مِنْهَا الْغَابَةُ وَإِحْدَى عَشْرَةَ دَارًا بِالْمَدِينَةِ وَدَارَيْنِ بِالْبَصْرَةِ وَدَارًا بِالْكُوفَةِ وَدَارًا بِمِصْرَ قَالَ وَإِنمَا كَانَ دَيْنُهُ الذِي عَلَيْهِ أَن الرجُلَ كَانَ يَأْتِيهِ بِالْمَالِ فَيَسْتَوْدِعُهُ إِياهُ فَيَقُولُ الزُّبَيْرُ لَا وَلَكِنهُ سَلَفٌ فَإِني أَخْشَى عَلَيْهِ الضيْعَةَ وَمَا وَلِيَ إِمَارَةً قَط وَلَا جِبَايَةَ خَرَاجٍ وَلَا شَيْئًا إِلا أَنْ يَكُونَ فِي غَزْوَةٍ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْ مَعَ أَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَعُثْمَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمْ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ الزُّبَيْرِ فَحَسَبْتُ مَا عَلَيْهِ مِنْ الديْنِ فَوَجَدْتُهُ أَلْفَيْ أَلْفٍ وَمِائَتَيْ أَلْفٍ قَالَ فَلَقِيَ حَكِيمُ بْنُ حِزَامٍ عَبْدَ اللهِ بْنَ الزُّبَيْرِ فَقَالَ يَا ابْنَ أَخِي كَمْ عَلَى

[1] ئەلبانى (3387): سەھىھ ـ دېگەن.

أَخِي مِنْ الدَّيْنِ فَكَتَمَهُ فَقَالَ مِائَةُ أَلْفٍ فَقَالَ حَكِيمٌ وَاللَّهِ مَا أُرَى أَمْوَالَكُمْ تَسَعُ لِهَذِهِ فَقَالَ لَهُ عَبْدُ اللَّهِ أَفَرَأَيْتَكَ إِنْ كَانَتْ أَلْفَيْ أَلْفٍ وَمِائَتَيْ أَلْفٍ قَالَ مَا أُرَاكُمْ تُطِيقُونَ هَذَا فَإِنْ عَجَزْتُمْ عَنْ شَيْءٍ مِنْهُ فَاسْتَعِينُوا بِي قَالَ وَكَانَ الزُّبَيْرُ اشْتَرَى الْغَابَةَ بِسَبْعِينَ وَمِائَةِ أَلْفٍ فَبَاعَهَا عَبْدُ اللَّهِ بِأَلْفِ أَلْفٍ وَسِتِّ مِائَةِ أَلْفٍ ثُمَّ قَامَ فَقَالَ مَنْ كَانَ لَهُ عَلَى الزُّبَيْرِ حَقٌّ فَلْيُوَافِنَا بِالْغَابَةِ فَأَتَاهُ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ جَعْفَرٍ وَكَانَ لَهُ عَلَى الزُّبَيْرِ أَرْبَعُ مِائَةِ أَلْفٍ فَقَالَ لِعَبْدِ اللَّهِ إِنْ شِئْتُمْ تَرَكْتُهَا لَكُمْ قَالَ عَبْدُ اللَّهِ لَا قَالَ فَإِنْ شِئْتُمْ جَعَلْتُمُوهَا فِيمَا تُؤَخِّرُونَ إِنْ أَخَّرْتُمْ فَقَالَ عَبْدُ اللَّهِ لَا قَالَ قَالَ فَاقْطَعُوا لِي قِطْعَةً فَقَالَ عَبْدُ اللَّهِ لَكَ مِنْ هَاهُنَا إِلَى هَاهُنَا قَالَ فَبَاعَ مِنْهَا فَقَضَى دَيْنَهُ فَأَوْفَاهُ وَبَقِيَ مِنْهَا أَرْبَعَةُ أَسْهُمٍ وَنِصْفٌ فَقَدِمَ عَلَى مُعَاوِيَةَ وَعِنْدَهُ عَمْرُو بْنُ عُثْمَانَ وَالْمُنْذِرُ بْنُ الزُّبَيْرِ وَابْنُ زَمْعَةَ فَقَالَ لَهُ مُعَاوِيَةُ كَمْ قُوِّمَتْ الْغَابَةُ قَالَ كُلُّ سَهْمٍ مِائَةَ أَلْفٍ قَالَ كَمْ بَقِيَ قَالَ أَرْبَعَةُ أَسْهُمٍ وَنِصْفٌ قَالَ الْمُنْذِرُ بْنُ الزُّبَيْرِ قَدْ أَخَذْتُ سَهْمًا بِمِائَةِ أَلْفٍ قَالَ عَمْرُو بْنُ عُثْمَانَ قَدْ أَخَذْتُ سَهْمًا بِمِائَةِ أَلْفٍ وَقَالَ ابْنُ زَمْعَةَ قَدْ أَخَذْتُ سَهْمًا بِمِائَةِ أَلْفٍ فَقَالَ مُعَاوِيَةُ كَمْ بَقِيَ فَقَالَ سَهْمٌ وَنِصْفٌ قَالَ قَدْ أَخَذْتُهُ بِخَمْسِينَ وَمِائَةِ أَلْفٍ قَالَ وَبَاعَ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ جَعْفَرٍ نَصِيبَهُ مِنْ مُعَاوِيَةَ بِسِتِّ مِائَةِ أَلْفٍ فَلَمَّا فَرَغَ ابْنُ الزُّبَيْرِ مِنْ قَضَاءِ دَيْنِهِ قَالَ بَنُو الزُّبَيْرِ اقْسِمْ بَيْنَنَا مِيرَاثَنَا قَالَ لَا وَاللَّهِ لَا أَقْسِمُ بَيْنَكُمْ حَتَّى أُنَادِيَ بِالْمَوْسِمِ أَرْبَعَ سِنِينَ أَلَا مَنْ كَانَ لَهُ عَلَى الزُّبَيْرِ دَيْنٌ فَلْيَأْتِنَا فَلْنَقْضِهِ قَالَ فَجَعَلَ كُلَّ سَنَةٍ يُنَادِي بِالْمَوْسِمِ فَلَمَّا مَضَى أَرْبَعُ سِنِينَ قَسَمَ بَيْنَهُمْ قَالَ فَكَانَ لِلزُّبَيْرِ أَرْبَعُ نِسْوَةٍ وَرَفَعَ الثُّلُثَ فَأَصَابَ كُلَّ امْرَأَةٍ أَلْفُ أَلْفٍ وَمِائَتَا أَلْفٍ فَجَمِيعُ مَالِهِ خَمْسُونَ أَلْفَ أَلْفٍ وَمِائَتَا أَلْفٍ.

5070 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: دادام زۇبەير تۆگە ئۇرۇشى بولغان كۈنى سەپكە تۇرغاندا مېنى چاقىردى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردۇم. ئۇ:

ـ ئى ئوغلۇم! بۈگۈن يا زالىم ياكى مەزلۇم ئۆلتۈرۈلىدۇ، مەن بۈگۈن ناھەق ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، مېنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىم قەرزىمدۇر، مەندىن قالغان مال ـ مۈلۈك قەرزگە يېتىشىپ ئاشامدىكىن، بۇنى ھېسابلاپ چىققىن. ئى ئوغلۇم! مال ـ مۈلكىمىزنى سېتىپ قەرزىمنى ئۆتىگىن! ـ دېدى. ئۇ قەرزدىن ئاشقان مىلىنىڭ

ئۇچتىن بىرىنى ۋەسىيەت قالدۇردى. ۋەسىيەت قالدۇرغان ئاشۇ ئۇچتىن بىر قىسىم مېلىنىڭ يەنە ئۇچتىن بىرىنى مېنىڭ (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ) ئوغۇللىرىمغا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ ئەگەر قەرزىمىزنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، مال ـ مۈلكىمىزدىن بىر نەرسە ئاشسا، ئاشقان مالنىڭ ئۇچتىن بىرى ۋەسىيەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ۋەسىيەت قالدۇرۇلغان ئاشۇ ئۇچتىن بىر قىسىم مالنىڭ يەنە ئۇچتىن بىرىنى سېنىڭ باللىرىڭغا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىمەن.

ھىشام (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ خۇبەيب، ئەبباد قاتارلىق بەزى بالىلىرى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەزى ئوغۇللىرى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. شۇ ۋاقىتتا زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ توققۇز ئوغلى ۋە توققۇز قىزى بار ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: دادام زۇبەير قەرزىنى ئۆتەشنى ۋەسىيەت قىلىپ:

ـ ئى ئوغلۇم! قەرزىمنى ئۆتەشتە بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەڭ، خوجايىنىمىزدىن ياردەم سورىغىن! ــ دېدى. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ ”خوجايىنىمىز“ دېگەن سۆزىدىن نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلەلمەي:

ـ ئى دادا! خوجايىنىمىز كىم؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ خوجايىنىمىز ﷲتۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەرزىنى ئۆتەشتە بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەملا:

ـ ئى زۇبەيرنىڭ خوجايىنى! ئۇنىڭ قەرزىنى ئۆتىگىن! ــ دەپ دۇئا قىلاتتىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قەرزى ئاسانلا ئۆتىلىپ كېتەتتى.

بەختكە قارشى، شۇ كۈنىدىكى ئۇرۇشتا زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن نە بىر تىللا، نە بىر تەڭگە نەق پۇل قالمىغانىدى. ئۇنىڭدىن پەقەت بىر قانچە جايدا يەر ـ زېمىن قالغان

بولۇپ، شۇ يەر ـ زېمىندىن بىرى "غابە" دېگەن جاي ئىدى. يەنە مەدىنىدە 11 قورۇ، بەسرەدە ئىككى قورۇ، كۇفەدە بىر قورۇ، مىسىردا بىر قورۇ جاي قالغانىدى.

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەرز بولۇپ قېلىش سەۋەبى مۇنداق ئىدى: بىرەيلەن بىر مۇنچە مالنى ئەكېلىپ ئۇنىڭغا ئامانەت قويۇپ ئامانەت قوياتتى. لېكىن زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئامانەت ھېسابىدا ئالماي، ئالدىن بېرىپ تۇرغان پۇل ـ مال ھېسابىدا ئالاتتى.

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بايلىقلىرى نە بىرەر جايغا باشلىق، نە خىراج يىغىشقا مەسئۇل، نە بىرەر ئىشقا يېتەكچى بولغانلىقىدىن كەلگەن ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن غازاتلارغا چىقىپ، غەنىمەت تەقسىماتلىرىدىن ئېرىشكەن نېسىۋىسىدىن كەلگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن دادامنىڭ قەرزىنى ھېسابلىسام، جەمئىي ئىككى مىليون 200 مىڭ چىقتى. كېيىن ھەكىم ئىبنى ھىزام ماڭا ئۇچراپ:

ــ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىمنىڭ قانچىلىك قەرزى بار ئىكەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەن ھەقىقىي سانىنى يوشۇرۇپ:

ــ 100 مىڭ ئىكەن، ـ دەپ قويدۇم. بىراق ئۇ:

ــ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار بۇنىڭغا يېتىدىغاندەك تۇرمايدۇ، ـ دېدى. مەن:

ــ ئەگەر ئىككى مىليون 200 مىڭ بولسا، بۇنىڭغا نېمىدەيسەن؟ ــ دېسەم، ئۇ:

ــ بۇنىڭغا سىلەر بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر، ئەگەر قەرز قايتۇرۇشقا ئاجىز كەلسەڭلار، مەندىن ياردەم سوراڭلار، ــ دېدى. دادام زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى "غابە" دېگەن جاينى 170 مىڭغا سېتىۋالغان ئىكەن. مەن ئۇنى بىر مىليون 600 مىڭغا ساتتىم، ئاندىن:

ــ كىمنىڭ دادامدا ئىلىشى بولسا، بىز بىلەن غابە دېگەن زىمىندا كۆرۈشسۇن! ــ دەپ ئېلان قىلدىم. يېنىمغا ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر كەلدى. ئۇنىڭ زۇبەيردە 400 مىڭ ئىلىشى بار ئىكەن. ئۇ ياخشىلىق قىلىش نىيىتىدە:

ــ ئەگەر خالىساڭلار، ئۇ مېلىمنى سىلەرگە قالدۇراي، ـ دېدى. مەن:

ــ ياق، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ ئۇنداق بولسا، كېچىكتۈرۈشنى خالىساڭلار، مېنىڭ ئىلىشىمنى ئەڭ ئاخىرىدا بېرىڭلار! ـ دېدى. مەن:

ــ ياق، ـ دېدىم. ئۇ:

ئۇنداقتا، ماڭا زېمىندىن بىر پارچە بۆلۈپ بېرىڭلار، ـ دېدى. مەن:

ــ بۇ يەردىن بۇ يەرگىچە سېنىڭ بولسۇن، ــ دەپ، ئۇنىڭ پۇلىغا چۇشلۇق يەرنى بۆلۈپ بەردىم. شۇنداق قىلىپ، مەن دادامنىڭ يەر ـ زېمىن ۋە قورۇ ـ جايلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ، ئۇنىڭ قەرزىنى تولۇق ئادا قىلدىم. ئۇنىڭ "غابە" دېگەن زېمىنىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىدىن يەنە تۆت يېرىم ھەسسە زېمىن ئېشىپ قالدى. كېيىن مەن مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئەمر ئىبنى ئوسمان، مۇنزىر ئىبنى زۇبەير ۋە ئىبنى زەمئە قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەن. مۇئاۋىيە:

ــ غابەدىكى زېمىنغا قانچىلىك باھا قويۇلدى؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ــ ھەر بىر ھەسسىگە 100 مىڭ، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ ئۇنىڭدىن قانچىلىك قالدى؟ ـ دېدى. مەن:

ــ تۆت يېرىم ھەسسە، ـ دېدىم. مۇنزىر ئىبنى زۇبەير:

ــ بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي، ــ دېدى. ئەمر ئىبنى ئوسمان:

ــ بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي، ـ دېدى. ئىبنى زەمئە:

ــ بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي، ـ دېدى. مۇئاۋىيە:

ــ ئەمدى قانچىلىك قالدى؟ ـ دېدى. مەن:

ــ بىر يېرىم ھەسسە، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ ئۇنداقتا، ئۇنى 150 مىڭغا مەن ئالاي، ـ دېدى. كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئۆز نېسىۋىسىنى مۇئاۋىيەگە 600 مىڭغا ساتتى. نىھايەت، مەن دادامنىڭ قەرزلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندا، دادامنىڭ باشقا بالىلىرى:

— ئەمدى بىزگە مىراسىمىزنى تەقسىم قىلىپ بەرگىن! — دېيىشتى. مەن:

— اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە: "زۇبەيردە قەرزى بارلار بىزگە كەلسۇن، بىز ئۇنى قايتۇرىمىز" دەپ، ئۇدا تۆت يىل جاكارلىمىغىچە مىراسنى ئاراڭلاردا تەقسىم قىلمايمەن، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە شۇنداق جاكارلىدىم. تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قەرزدىن ئېشىپ قالغان ئومۇمىي مالنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ۋەسىيەت بويىچە ئايرىۋېتىپ، قالغان قىسمىنى قېرىنداشلىرىمغا ۋە دادامنىڭ ئاياللىرىغا بۆلۈپ بەردىم. دادامنىڭ تۆت ئايالى بولۇپ، ھەر بىر ئايالىغا بىر مىليون 200 مىڭدىن مىراس تەگدى. دادامنىڭ ئومۇمىي مېلى 50 مىليون 200 مىڭ بولۇپ چىقتى. (بۇخارى: 3129)

5071 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أَن الْعَاصَ بْنَ وَائِلٍ أَوْصَى أَنْ يُعِتقَ عَنْهُ مِائَةُ رَقَبَةٍ فَأَعْتَقَ ابْنُهُ هِشَامٌ خَمْسِينَ رَقَبَةً فَأَرَادَ ابْنُهُ عَمْرٌو أَنْ يُعِتقَ عَنْهُ الْخَمْسِينَ الْبَاقِيَةَ فَقَالَ حَتى أَسْأَلَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِن أَبِي أَوْصَى بِعِتْقِ مِائَةِ رَقَبَةٍ وَإِن هِشَامًا أَعْتَقَ عَنْهُ خَمْسِينَ وَبَقِيَتْ عَلَيْهِ خَمْسُونَ رَقَبَةً أَفَأُعِتقُ عَنْهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنهُ لَوْ كَانَ مُسْلِمًا فَأَعْتَقْتُمْ عَنْهُ أَوْ تَصَدقْتُمْ عَنْهُ أَوْ حَجَجْتُمْ عَنْهُ بَلَغَهُ ذَلِكَ.

5071 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاس ئىبنى ۋائىل ئۆلگەن چاغدا، ئۆزىنىڭ نامىدىن يۈز قۇل ئازاد قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئوغلى ھىشام 50 قۇلنى ئازاد قىلدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئەمر 50 قۇلنى ئازاد قىلماقچى بولۇپ، ئالدى بىلەن بۇ مەسىلىنى پەيغەمبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ باقماقچى بولدى ۋە ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! دادام ئاس يۈز قۇل ئازاد قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى، ھىشام ئۇنىڭ نامىدا 50 قۇل ئازاد قىلدى، ئۇنىڭ نامىدا ئازاد قىلىنىدىغان يەنە 50 قۇل قالدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭ نامىدا قۇل ئازاد قىلسام بولامدۇ؟ ـــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كاشكى ئاس مۇسۇلمان بولغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ نامىدا قۇل ئازاد قىلساڭلار ياكى سەدىقە بەرسەڭلار ۋەياكى ھەج قىلساڭلار، بۇنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا يەتكەن بولاتتى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2883)

5072 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أَنَّ رَجُلًا أَتَى النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ إِنِّي فَقِيرٌ لَيْسَ لِي شَيْءٌ وَلِي يَتِيمٌ قَالَ كُلْ مِنْ مَالِ يَتِيمِكَ غَيْرَ مُسْرِفٍ وَلَا مُبَادِرٍ وَلَا مُتَأَثِّلٍ.

5072 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ مەن ھېچنەرسىسى يوق كەمبەغەل ئادەممەن، بىراق قولۇمدا بىر يېتىم بالا بار، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ يېتىمنىڭ مېلىنى ئىسراپ قىلىۋەتمەستىن، بۇزۇپ چېچىۋەتمەستىن ۋە ئۆزەڭ ئىگەللىۋالماستىن يېسەڭ بولىدۇ، ـ دېدى[2].

(نەسائى: 3668)

[1] ئەلبانى (2507): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3429): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

5073 - عَنْ أَبِى ذَر قَالَ قَالَ لِى رَسُولُ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- «يَا أَبَا ذَر إِنى أَرَاكَ ضَعِيفًا وَإِنى أُحِب لَكَ مَا أُحِب لِنَفْسِى فَلاَ تَأَمَّرَن عَلَى اثْنَيْنِ وَلاَ تَوَلَّيَن مَالَ يَتِيمٍ».

5073 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ــ ئى ئەبۇ زەر! سېنىڭ ئاجىز ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بايقىدىم، مەن ئۆزەمگە ياخشى كۆرگەننى ساڭىمۇ ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا سەن ئىككى ئادەمگە بولسىمۇ باشلىق بولمىغىن ۋە يېتىمنىڭ مېلىغا ئىگىدارچىلىق قىلمىغىن! ـ دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2868)

5074 - قَالَ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ حَفِظْتُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يُتْمَ بَعْدَ احْتِلَامٍ وَلَا صُمَاتَ يَوْمٍ إِلَى الليْلِ.

5074 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېغىزىدىن: «ئۆسمۈر بالا ئېھتىلام بولغاندىن كېيىن يېتىم ھېسابلانمايدۇ، (دىنىمىزدا ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ) ئەتىگەندىن كەچكىچە گەپ قىلماي تۇرۇشى شەرئى قىلىنمىدى» دېگەنلىكىنى ياد ئېلىۋالغانىدىم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2873)

5075 - عَنْ صِلَةَ بْنِ زُفَرَ، قَالَ: جَاءَ إِلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ رَجُلٌ مِنْ هَمْدَانَ عَلَى فَرَسٍ أَبْلَقَ، فَقَالَ: إِن عَمي أَوْصَى إِلَي بِتَرِكَتِهِ، وَإِن هَذَا مِنْ تَرِكَتِهِ، أَفَأَشْتَرِيهِ؟ قَالَ: "لا، وَلا تَسْتَقْرِضْ مِنْ مَالِهِمْ شَيْئًا".

---

[1] ئەلبانى (2492): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2497): سەھىھ ـ دېگەن.

5075 ـ سىلە ئىبنى زۇفەر مۇنداق دەيدۇ: تاغىل ئاتقا مىنىۋالغان بىر ئادەم ھەمىدان قەبىلىسىدىن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ تاغام مال ـ مۈلكىنى ماڭا ۋەسىيەت قىلغانىدى، بۇ ئات شۇ مالدىن، مەن بۇنى سېتىۋالسام بولامدۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ياق، ئۇنىڭ مېلىدىن ھېچ نەرسىنى قەرز ئالمىغىن، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(«ئەلكەبىر»: 9724)

5076 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن الرجُلَ لَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ الْخَيْرِ سَبْعِينَ سَنَةً فَإِذَا أَوْصَى حَافَ فِي وَصِيتِهِ فَيُخْتَمُ لَهُ بِشَر عَمَلِهِ فَيَدْخُلُ النارَ وَإِن الرجُلَ لَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ الشر سَبْعِينَ سَنَةً فَيَعْدِلُ فِي وَصِيتِهِ فَيُخْتَمُ لَهُ بِخَيْـرِ عَمَلِـهِ فَيَدْخُلُ الْجَنةَ قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ وَاقْرَءُوا إِنْ شِئْتُمْ اتِلْكَ حُدُودُ اللهِا إِلَى قَوْلِـهِ اعَـذَابٌ مُهِينٌا .

5076 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم 70 يىل ياخشى كىشىلەر قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلىدۇ، ئەمما ۋەسىيەت قالدۇرغاندا ناھەقچىلىك قىلىدۇ ـ دە، ئۆمرى يامان ئەمەل بىلەن ئاخىرلاشقان بولىدۇ ۋە نەتىجىدە دوزاخقا كىرىدۇ. بىر ئادەم 70 يىل يامان كىشىلەر قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلىدۇ، ئەمما ۋەسىيەت قالدۇرغاندا ئادىللىق قىلىدۇ ـ دە، ئۆمرى ياخشى ئەمەل بىلەن ئاخىرلاشقان بولىدۇ ۋە نەتىجىدە جەننەتكە كىرىدۇ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن:

[1] ھەيسەمى (7107): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ـــ خالىساڭلار مۇنۇ ئايەتلەرنى ئوقۇڭلار: ﴿ئەنە شۇلار (يەنى اللّٰه بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ئەھكاملار) اللّٰهنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى اللّٰهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، اللّٰه ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ، ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر. كىمكى اللّٰهقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، اللّٰهنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، اللّٰه ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

(ئىبنى ماجە: 2704)

[1] ئەلبانى (591): زەئىپ، ـ دېگەن.

## مىراس بۆلۈمى

5077 - عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَرِثُ الْمُسْلِمُ الْكَافِرَ وَلَا الْكَافِرُ الْمُسْلِمَ.

5077 ــ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمان كاپىرغا مىراسخور بولالمايدۇ، كاپىرمۇ مۇسۇلمانغا مىراسخور بولالمايدۇ».

(بۇخارى: 6764)

5078 - عَنْ جَابِرٍ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَتَوَارَثُ أَهْلُ مِلَّتَيْنِ.

5078 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىككى دىن ئەھلى بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولالمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2108)

5079 - عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَيْنَ تَنْزِلُ غَدًا فِي حَجتِهِ قَالَ وَهَلْ تَرَكَ لَنَا عَقِيلٌ مَنْزِلًا.

5079 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەتە نەگە چۈشىسەن؟ ــ دەپ سورىدىم. ئۇ ھەج پائالىيىتىدە ئىدى. ئۇ:

ـ ئەقىل بىزگە چۈشكىدەك ئۆي قويغانمىدۇ؟! ـ دېدى.

[1] ئەلبانى (1712): سەھىھ ـ دېگەن.

5080 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ أَن مُحَمدَ بْنَ الْأَشْعَثِ أَخْبَرَهُ أَن عَمةً لَهُ يَهُودِيةً أَوْ نَصْرَانِيةً تُوُفيَتْ وَأَن مُحَمدَ بْنَ الْأَشْعَثِ ذَكَرَ ذَلِكَ لِعُمَرَ بْنِ الْخَطابِ وَقَالَ لَهُ مَنْ يَرِثُهَـا فَقَالَ لَهُ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ يَرِثُهَا أَهْلُ دِينِهَا ثُم أَتى عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ فَسَأَلَهُ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ لَهُ عُثْمَانُ أَتُرَانِي نَسِيتُ مَا قَالَ لَكَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ يَرِثُهَا أَهْلُ دِينِهَا.

5080 ـ سۇلايمان ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئىبنى ئەشئەسنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ بىر يەھۇدىي ياكى خرىستىئان هاماچىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن، مۇھەممەد ئىبنى ئەشئەس بۇ ئەھۋالنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېيتىپ:

— هاماچامغا كىم مىراسخور بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ـ هاماچاڭغا ئۇنىڭ دىنىدىكى تۇغقانلىرى مىراسخورلۇق قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئىبنى ئەشئەس ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭدىن سورىغانىكەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

— سېنىڭچە، مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ”ئۇنىڭغا ئۇنىڭ دىنىدىكى تۇغقانلىرى مىراسخورلۇق قىلىدۇ“ دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ قالغاندىمەنمۇ؟! ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(مالىك: 1106)

5081 - عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزبَيْرِ أَن رَجُلًا مِنْ الْأَنصَارِ يُقَالُ لَهُ أُحَيْحَةُ بْنُ الْجُلَاحِ كَانَ لَهُ عَم صَغِيرٌ هُوَ أَصْغَرُ مِنْ أُحَيْحَةَ وَكَانَ عِنْدَ أَخْوَالِهِ فَأَخَذَهُ أُحَيْحَةُ فَقَتَلَهُ فَقَالَ أَخْوَالُهُ كُنا أَهْلَ ثُمهِ وَرُمهِ حَتى إِذَا اسْتَوَى عَلَى عُممِهِ غَلَبَنَا حَق امْرِئٍ فِي عَمهِ قَالَ عُرْوَةُ فَلِذَلِكَ لَـا يَرِثُ قَاتِلٌ مَنْ قَتَلَ.

5081 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئۇھەيھە ئىبنى جۇلاھ ئىسىملىك بىر ئەنسارىنىڭ (ياشتا) ئۆزىدىن كىچىك بىر تاغىسى

بولۇپ، ئانا تەرەپ تاغىلىرىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. بىر كۈنى، ئۇھەيھە ئۇ تاغىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆلگۈچىنىڭ ئانا تەرەپ تاغىلىرى (ئۆزلىرىگە دىيەتتىن مىراس تەگمىگەنلىكى ئۈچۈن):

— بىز ئۇنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپ تەربىيىلەپ چوڭ قىلغانىدۇق، مانا ئەمدى باشقا بىرىلىرىنىڭ ھەققى تاغىلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشتا بىزنىڭ ھەققىمىزدىن ئۈستۈن كەلدى، - دېيىشتى. ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: مۇشۇنداق ئەھۋالدا قاتىل ئۆزى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن مىراس ئالالمايدۇ.

(مالىك: 1621)

5082 - عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ أَبِي عَبْدِ الرَّحْمَنِ عَنْ غَيْرِ وَاحِدٍ مِنْ عُلَمَائِهِمْ أَنَّهُ لَمْ يَتَوَارَثْ مَنْ قُتِلَ يَوْمَ الْجَمَلِ وَيَوْمَ صِفِّينَ وَيَوْمَ الْحَرَّةِ ثُمَّ كَانَ يَوْمَ قُدَيْدٍ فَلَمْ يُوَرَّثْ أَحَدٌ مِنْ صَاحِبِهِ شَيْئًا إِلَّا مَنْ عُلِمَ أَنَّهُ قُتِلَ قَبْلَ صَاحِبِهِ.

5082 - رەبىيئە ئىبنى ئەبۇ ئابدۇراھمان ۋە باشقا ئۆلىمالاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تۆگە ئۇرۇشىدا، سىففىن ئۇرۇشىدا ۋە ھەررە ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر بىر - بىرىگە مىراسخور بولالمايدۇ. قۇدەيد ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەردىنمۇ ھېچكىم ئۆزىنىڭ رەقىبىدىن مىراس ئالالمايدۇ. پەقەت رەقىبىدىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم بولغان كىشىلا مىراس ئالالايدۇ.

(مالىك: 1109)

5083 - عَنْ مَالِك عَنْ الثِّقَةِ عِنْدَهُ أَنَّهُ سَمِعَ سَعِيدَ بْنَ الْمُسَيَّبِ يَقُولُ أَبَى عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ أَنْ يُوَرِّثَ أَحَدًا مِنْ الْأَعَاجِمِ إِلَّا أَحَدًا وُلِدَ فِي الْعَرَبِ.

5083 - سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئەرەبنىڭ (ئەرەبلەر ئىچىدە تۇغۇلمىغان) بىر ئەجەمگە (''بۇ مېنىڭ تۇغقىنىم ئىدى'' دەپ) مىراس قالدۇرۇشىنى رەت قىلغان.

(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان)

5084 - عَنْ أَبِي الْأَسْوَدِ الديلي أن مُعَاذًا أُتِيَ بِمِيرَاثِ يَهُودِي وَارِثُهُ مُسْلِمٌ قَـالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْإِسْلَامُ يَزِيدُ وَلَا يَنْقُصُ.

5084 ـ ئەبۇ ئەسۋەد دىيلى مۇنداق دەيدۇ: مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بىر يەھۇدىينىڭ مىراسى كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ مىراسخورى مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ بۇ مىراسنى (مۇسۇلمان مىراسخورغا) بۇيرۇپ بېرىپ:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئىسلام كېمەيمەيدۇ، ئەمما كېمەيمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2912)

5085 - عَنْ سَالِمٍ عَنْ أَبِيهِ أن غَيْلَانَ بْنَ سَلَمَةَ الثقَفِي أَسْلَمَ وَتَحْتَهُ عَشْرُ نِسْوَةٍ فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اخْتَرْ مِنْهُن أَرْبَعًا فَلَما كَانَ فِي عَهْدِ عُمَرَ طَلقَ نِسَاءَهُ وَقَسَمَ مَالَهُ بَيْنَ بَنِيهِ فَبَلَغَ ذَلِكَ عُمَرَ فَقَالَ إِني لَأَظُن الشيْطَانَ فِيمَا يَسْتَرِقُ مِنْ السمْعِ سَمِعَ بِمَوْتِكَ فَقَذَفَهُ فِي نَفْسِكَ وَلَعَلكَ أَنْ لَا تَمْكُثَ إِلا قَلِيلًا وَايْمُ اللهِ لَتُرَاجِعَن نِسَاءَكَ وَلَتَرْجِعَن فِي مَالِكَ أَوْ لَأُوَرثُهُن مِنْكَ وَلَآمُرَن بِقَبْرِكَ فَيُرْجَمُ كَمَا رُجِمَ قَبْرُ أَبِي رِغَالٍ.

5085 ـ سالىم دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: غەيلان ئىبنى سەلەمە سەقەفىي مۇسۇلمان بولغان ۋاقتىدا ئون ئايالى بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ــ ئاياللىرىڭدىن تۆتىنى تاللىۋالغىن، ــ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك زامانىغا كەلگەندە، غەيلان ئاياللىرىنى تالاق قىلىپ، مال ـ مۈلكىنى ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇ ئەھۋال ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكەندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مېنىڭچە، شەيتان سېنىڭ ئۆلۈم ۋاقتىڭنى ئوغرىلىۋېلىپ، ئۇنى كۆڭلۈڭگە تاشلىغان بولۇشى، شۇڭا سەن ئانچە ئۇزۇن ياشىمايدىغانلىقىڭنى بىلىپ قالغان بولۇشىڭ مۇمكىن. اللهنىڭ نامى

[①] ئەلبانى (624): زەئىپ، ـ دېگەن.

بىلەن قەسەمكى، يا سەن ئاياللىرىڭ بىلەن يېنىشىۋالىسەن ۋە ماللىرىڭنى قايتۇرىۋالىسەن ياكى مەن ئايالىرىڭغا مىراس بولۇپ بېرىمەن ۋە قەبرەڭنى خۇددى ئەبۇ رىغالنىڭ قەبرىسى چالما ـ كېسەك قىلىنغاندەك چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇق چىقىرىمەن، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 4617؛ بەززار؛ مەۋسىلى)

5086 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ أما الذِي قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ كُنتُ مُتخِذًا مِنْ هَذِهِ الْأمةِ خَلِيلًا لَاتخَذْتُه وَلَكِنْ خُلةُ الْإِسْلَامِ أَفْضَلُ أَوْ قَالَ خَيْرٌ فَإِنهُ أَنْزَلَهُ أَبا أَوْ قَالَ قَضَاهُ أَبا. وَقَالَ أَبو بَكْرٍ وَابْنُ عَباسٍ وَابْنُ الزبَيْرِ الْجَد أَبٌ. ولَمْ يُذْكَرْ أَن أَحَدًا خَالَفَ أَبا بَكْرٍ فِى زَمَانِهِ وَأَصْحَابُ النبِى - صلى الله عليه وسلم - مُتَوَافِرُونَ. وَقَالَ ابْنُ عَباسٍ يَرِثُنِى ابْنُ ابْنِى دُونَ إِخْوَتِى، وَلاَ أَرِثُ أَنا ابْنَ ابْنِى. وَيُذْكَرُ عَنْ عُمَرَ وَعَلِى وَابْنِ مَسْعُودٍ وَزَيْدٍ أَقَاوِيلُ مُخْتَلِفَةٌ.

5086 ـ ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن بۇ ئۇممەتتىن خەلىل (خاس دوست) تۇتقان بولسام، ئەبۇ بەكرىنى تۇتقان بولاتتىم. لېكىن ئىسلامىي دوستلۇق ئەۋزەلدۇر (ياكى ياخشىدۇر)» دېگەنىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىراستا چوڭ دادىنى دادىنىڭ ئورنىدا قوياتتى (ياكى چوڭ دادىغا دادىنىڭ ئورنىدا ھۆكۈم قىلاتتى).

(بۇخارى: 6738)

ئەبۇ بەكرى، ئىبنى ئاbbas ۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار: ”چوڭ دادا دادىنىڭ ئورنىدىدۇر“ دېگەن. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا ساھابىلەر يېتىپ ئاشقىچە بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا چىققانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ”ماڭا ئوغلۇمنىڭ

---

[1] ھەيسەمى (7132): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ئوغلى (يەنى نەۋرەم) مىراسخور بولالايدۇ، قېرىنداشلىرىم مىراسخور بولالمايدۇ. ئەمما مەن ئوغلۇمنىڭ ئوغلىغا مىراسخور بولالمايمەن“ دېگەن. ئۆمەر، ئەلى، ئىبنى مەسئۇد ۋە زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ بۇ ھەقتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان قاراشلىرى بار.

5087 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِن ابْنِي مَاتَ فَمَا لِي فِي مِيرَاثِهِ قَالَ لَكَ السدُسُ فَلَما وَلى دَعَاهُ فَقَالَ لَكَ سُدُسٌ آخَرُ فَلَما وَلى دَعَاهُ قَالَ إِن السدُسَ الْآخَرَ طُعْمَةٌ.

5087 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـــ ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتتى، ماڭا ئۇنىڭ مىراسىدىن قانچىلىك تېگىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ساڭا ئۇنىڭ مىراسىنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئادەم قايتىپ ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنى چاقىرىپ:

ـــ ساڭا ئالتىنىڭ يەنە بىرى تېگىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئادەم قايتىپ ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنى يەنە چاقىرىپ:

ـ كېيىن ئالغان ئالتىنىڭ بىرى ساڭا بېرىلگەن رىزىقتۇر (يەنى قانۇنى مىراسىڭ ئەمەس)، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2099)

5088 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَنهُ بَلَغَهُ أَن مُعَاوِيَةَ بْنَ أَبِي سُفْيَانَ كَتَبَ إِلَى زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ يَسْأَلُهُ عَنْ الْجَد فَكَتَبَ إِلَيْهِ زَيْدُ بْنُ ثَابِتٍ إِنكَ كَتَبْتَ إِلَي تَسْأَلُنِي عَنْ الْجَد وَاللهُ أَعْلَمُ وَذَلِكَ مِما لَمْ يَكُنْ يَقْضِي فِيهِ إِلا الْأُمَرَاءُ يَعْنِي الْخُلَفَاءَ وَقَدْ حَضَرْتُ الْخَلِيفَتَيْنِ قَبْلَكَ يُعْطِيَانِهِ النصْفَ مَعَ الْأَبِ الْوَاحِدِ وَالثلُثَ مَعَ الْاثْنَيْنِ فَإِنْ كَثُرَتْ الْإِخْوَةُ لَمْ يُنَقصُوهُ مِنْ الثلُثِ.

5088 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشىچە،

[1] ئەلبانى (369): زەئىپ، ـ دېگەن.

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا خەت يېزىپ، دادىنىڭ مىراسى ھەققىدە سورىغانىدى، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۇنىڭغا: "سەن ماڭا چوڭ دادىنىڭ مىراسىنى سوراپ خەت يېزىپسەن، بۇنىڭ ھۆكمىنى الله ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، بۇ مەسىلىگە پەقەت خەلىپىلەر ھۆكۈم قىلغانىدى. مەن سەندىن ئىلگىرىكى ئىككى خەلىپىنىڭ بىر قېرىندىشى بار مېيىتنىڭ چوڭ دادىسىغا مىراسنىڭ يېرىمىنى، ئىككى قېرىندىشى بار مېيىتنىڭ چوڭ دادىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بەرگەنلىكىگە ھازىر بولغانىدىم. ئەگەر مىراسخور قېرىنداشلار ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇلار چوڭ دادىغا بېرىلىدىغان مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى كېمەيتىۋېتەلمەيدۇ" دەپ جاۋاب خەت يازدى.

(مالىك: 1095)

5089 - عن عمر أنه سأل النبي صلى الله عليه وسلم: كيف قسم الجد؟ قال: «سؤالك عن ذلك يا عمر؟ إني أظنك تموت قبل أن تعلم ذلك» فمات قبل أن يعلم ذلك.

5089 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن:

— چوڭ دادىنىڭ مىراستىكى تەقسىماتى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

— ئى ئۆمەر! قانداقسىگە بۇ سوئالنى سوراپ قالدىڭ؟ سېنى بۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى بىلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتەمدىكىن دەپ ئويلايمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. راست دېگەندەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بۇ مەسىلىنى بىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى①.

(«ئەلئەۋسەت»)

① ھەيسەمى (7159): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

5090 - عَنِ الشعْبِى: أنهُ أُتِىَ بِهِ الْحَجاجُ مُوثَقًا فَلَما انْتَهَى إِلَى بَابِ الْقَصْرِ قَـالَ لَقِيَنِى يَزِيدُ بْنُ أَبِى مُسْلِمٍ فَقَالَ: إِنا لِلهِ يَا شَعْبِى لِمَا بَيْنَ دَفتَيْكَ مِنَ الْعِلْمِ وَلَـيْسَ بِيَـوْمِ شَفَاعَةٍ بُؤْ لِلأَمِيرِ بِالشرْكِ وَالنفَاقِ عَلَى نَفْسِكَ فَبِالْحَرِى أَنْ تَنْجُوَ ثُم لَقِيَنِى مُحَمـدُ بْـنُ الْحَجاجِ فَقَالَ لِى مِثْلَ مَقَالَةِ يَزِيدَ فَلَما دَخَلْتُ عَلَى الْحَجاجِ قَالَ: وَأَنْتَ يَا شَعْبِى مِمـنْ خَرَجَ عَلَيْنَا وَكَثرَ فَقُلْتُ: أَصْلَحَ اللهُ الأَمِيرَ أَحْزَنَ بِنَا الْمَنْزِلُ وَأَجْدَبَ الْجَنَـابُ وَضَـاقَ الْمَسْلَكُ وَاكْتَحَلْنَا السهَرَ وَاسْتَحْلَسْنَا الْخَوْفَ وَوَقَعْنَا فِى خَرْبَةٍ لَمْ نَكُنْ فِيهَا بَرَرَةً أَتْقِيَـاءَ وَلاَ فَجَرَةً أَقْوِيَاءَ قَالَ: صَدَقْتَ وَاللهِ مَا بَروا بِخُرُوجِهِمْ عَلَيْنَا وَلاَ قَوُوا عَلَيْنَا حَيْثُ فَجَرُوا أَطْلِقَا عَنْهُ ثُم احْتَاجَ إِلَى فِى فَرِيضَةٍ فَأَتَيْتُهُ فَقَالَ: مَا تَقُولُ فِى أُم وَأُخْتٍ وَجَد فَقُلْتُ: قَـدِ اخْتَلَفَ فِيهَا خَمْسَةٌ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- عَبْدُ اللهِ بْنُ عَبـاسٍ وَزَيْدٌ وَعُثْمَانُ وَعَلِى وَعَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْعُودٍ. قَالَ: مَا قَالَ فِيهَا ابْنُ عَباسٍ إِنْ كَانَ لَمِقَنبـا وَفِى رِوَايَةِ الرقى إِنْ كَانَ لَمُنَقبًا. قُلْتُ: جَعَلَ الْجَد أَبًا وَلَمْ يُعْطِ الأُخْتَ شَيْئًا وَأَعْطَى الأُم الثلُثَ. قَالَ: فَمَا قَالَ فِيهَا زَيْدٌ قُلْتُ: جَعَلَهَا مِنْ تِسْعَةٍ أَعْطَى الأُم ثَلاَثَةً وَأَعْطَى الْجَد أَرْبَعَةً وَأَعْطَى الأُخْتَ سَهْمَيْنِ قَالَ: فَمَا قَالَ فِيهَا أَمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ يَعْنِى عُثْمَانَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ قُلْتُ: جَعَلَهَا أَثْلاَثًا. قَالَ: فَمَا قَالَ فِيهَا ابْنُ مَسْعُودٍ. قُلْتُ: جَعَلَهَا مِنْ سِتةٍ أَعْطَى الأُخْتَ ثَلاَثَـةً وَالْجَد سَهْمَيْنِ وَالأُم سَهْمًا. قَالَ: فَمَا قَالَ فِيهَا أَبُو تُرَابٍ يَعْنِى عَلِيا رَضِىَ اللهُ عَنْهُ قُلْتُ: جَعَلَهَا مِنْ سِتةِ أَسْهُمٍ فَأَعْطَى الأُخْتَ ثَلاَثَةً وَأَعْطَى الأُم سَهْمَيْنِ وَأَعْطَى الْجَد سَهْمًا. قال: فما قال فيها زيد بن ثابت؟ قال: قلت: جعلها من سبعة أعطى الأم ثلاثة وأعطى الجـد اثنين وأعطى الأخت اثنين. قال: الأمر القاضي فيها على ما أمضاها أمير المؤمنين.

5090 ـ شـەئبى مۇنـداق دەيـدۇ: ھەججاجنـىـڭ ئـادەملـىرى مېنـى باغلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى. بىز ئوردىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، يەزىد ئىبنى ئەبۇ مۇسلىم ئۇچراپ:

ــ بىز اللهنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، ئى شەئبى! قورسىقىڭدىكى ئىلىم زايە بولۇپ كېتىدىغان بولدى. بۈگۈن ساڭا شاپائەت قىلىنمايدۇ، شۇڭا سەن ئەمىرگە گۇناھىڭنى ئېتىراپ قىلغىن، شۇنداق قىلساڭ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن، ــ دېدى. ئاندىن مۇھەممەد

ئىبنى ھەججاج ئۇچراپ، ئۇمۇ ماڭا يەزىدنىڭ سۆزىگە ئوخشاش سۆزنى قىلدى. مەن ھەججاجنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىلگەندە، ئۇ ماڭا:

ــ ئى شەئبى! سەن بىزگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە كۆپ ھەرىكەت قىلغانلاردىن ئىكەنسەنغۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ الله ئەمىرىمىزنى ئىسلاھ قىلسۇن، ئۆيلىرىمىز قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولدى، يۇرتلىرىمىزنى قۇرغاقچىلىق باستى، يوللار تارلاشتى، كېچىلىرى كىرىپىك قاقمايدىغان بولدۇق، بىزنى ھەر تەرەپتىن ۋەھىمە ئورىۋالدى، بىز شۇنداق بىر رەسۋاچىلىققا مۇپتىلا بولۇپتۇقكى، يا ئىتائەتمەن تەقۋادارلاردىن بولالماپتۇق، يا كۈچلۈك ئىتائەتسىزلاردىن بولالماپتۇق، ـ دېدىم. ھەججاج:

ــ راست ئېيتتىڭ، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار بىزگە قارشى چىقىپ ياخشى قىلمىدى، قارشى چىققاندىكىن يا ئۈستىمىزدىن تۈزۈك غەلىبە قىلالمىدى. بۇنى قويۇۋېتىڭلار! ــ دېدى. كېيىن ھەججاجنىڭ مىراس مەسىلىسىدە ماڭا ئېھتىياجى چۈشۈپ قېلىپ، مېنى چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ:

ــ ئانا، ھەمشىرە ۋە چوڭ دادىنىڭ مىراسى ھەققىدە قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ بۇ مەسىلىگە ئىبنى مەسئۇد، ئەلى، ئوسمان، زەيد ۋە ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن ئىبارەت بەش مەشھۇر ساھابە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان پەتىۋالارنى بەرگەنىدى، ـ دېسەم، ھەججاج:

ــ ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قانداق پەتىۋا بەرگەنىدى؟ چۈنكى ئۇ كاتتا ئالىم ئىدى، ـ دېدى. مەن:

ــ ئۇ، چوڭ دادىنى دادىنىڭ ئورنىدا قويۇپ مىراس بېرەتتى، ھەمشىرىگە ھېچ نەرسە بەرمەيتتى، ئەمما ئانىغا ئۈچتىن بىرىنى بېرەتتى، ـ دېدىم. ھەججاج:

ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قانداق پەتىۋا بەرگەنىدى؟ ــ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئۇ، ئومۇمىي مىراسنى ئالتىگە بۆلۈپ، ئۈچ ھەسسىنى ھەمشىرىگە، ئىككى ھەسسىنى چوڭ دادىغا، بىر ھەسسىنى ئانىغا بېرەتتى، ـ دېدىم. ھەججاج:

ـــ ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قانداق پەتىۋا بەرگەنىدى؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئۇ، ئومۇمىي مىراسنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۈچىلىسىگە بىر ئۈلۈشتىن بېرەتتى، ـ دېدىم. ھەججاج:

ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قانداق پەتىۋا بەرگەنىدى؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئۇ، ئومۇمىي مىراسنى ئالتىگە بۆلۈپ، ھەمشىرىگە ئۈچ ھەسسىنى، ئانىغا ئىككى ھەسسىنى، چوڭ دادىغا بىر ھەسسىنى بېرەتتى، ـ دېدىم. ھەججاج:

ـ زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قانداق پەتىۋا بەرگەنىدى؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئۇ، ئومۇمىي مىراسنى يەتتىگە بۆلۈپ، ئانىغا ئۈچ ھەسسىنى، چوڭ دادىغا ئىككى ھەسسىنى، ھەمشىرىگە ئىككى ھەسسىنى بېرەتتى، ـ دېدىم. ھەججاج:

ـــ ئۇنداقتا، مەن قازىنى ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيمەن، ـ دېدى[1].

(بەززار: 1388)

5091 - عَنْ سَعِيدٍ أن عُمَرَ كَانَ كَتبَ مِيرَاثَ الْجَد حَتى إِذَا طُعِنَ دَعَا بِهِ فَمَحَاهُ ثُم قَالَ سَتَرَوْنَ رَأْيكُمْ فِيهِ.

5091 ـ سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭ دادىنىڭ مىراسى ھەققىدە ھۆكۈمنامە يازغانىدى، شۇ ئارىدا سۇيىقەستكە ئۇچرىدى. ئۇ جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن ھېلىقى ھۆكۈمنامىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى ئۆچۈرىۋەتكەندىن كېيىن:

[1] ھەيسەمى (7167): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ سىلەر بۇ مەسىلىگە ئۆز ئىجتىھادىڭلار بويىچە ھۆكۈم قىلىڭلار! ـ دېدى.

(دارىمى: 2899)

5092 - عَنْ ٱبن سِيرِينَ قَالَ قُلْتُ لِعَبِيدَةَ حَدثْنِي عَنْ الْجَد فَقَالَ إني لَأحْفَظُ فِـي الْجَد ثَمَانِينَ قَضِيةً مُخْتَلِفَةً.

5092 ـ ئىبنى سىيرىن مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبىيدەگە:

ــ ماڭا چوڭ دادىنىڭ مىراسى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن، ــ دېگەنىدىم، ئۇ:

ــ مەن چوڭ دادىنىڭ مىراسى ھەققىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان 80 ھۆكۈمنى ياد بىلىمەن، ـ دېدى.

(دارىمى: 2900)

5093 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ مُرَادٍ سَمِعَ عَلِيا يَقُولُ: مَـنْ سَـرهُ أَنْ يَتقَحمَ جَرَاثِيمَ جَهَنمَ فَلْيَقْضِ بَيْنَ الْجَد وَاqخْوَةِ.

5093 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇراد قەبىلىسىدىن بىر ئادەمدىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دوزاخنىڭ قەرىدە ئازابلىنىشتىن خۇرسەن بولىدىغان كىشى مېيىتنىڭ چوڭ دادىسى بىلەن قېرىنداشلىرىنىڭ ئارىسىدا مىراس تەقسىم قىلسۇن!

(دارىمى: 2902)

5094 - عَنْ إِبْرَاهِيمَ قَالَ: كَانَ عَلِى يُشَرِكُ الْجَد إِلَى سِتةٍ مَعَ اqخْوَةِ، يُعْطِى كُل صَاحِبِ فَرِيضَةٍ فَرِيضَتَهُ، وَلاَ يُوَرثُ أخاً ɟُم مَعَ جَد وَلاَ أُخْتاً ɟُم، وَلاَ يَزِيدُ الْجَـد مَـعَ الْوَلَدِ عَلَى السدُسِ إِلا أَنْ يَكُونَ غَيْرُهُ، وَلاَ يُقَاسِمُ بِأَĎ ɟَبٍ مَعَ أَĎ ɟَبٍ وَأُم، وَإِذَا كَانَتْ أُخْتٌ ɟَبٍ وَأُم وَأَĎ ɟَبٍ أَعْطَى اɟُخْتَ النصْفَ وَالنصْفَ اØخَرَ بَيْنَ الْجَد وَاɟĎ نِصْفَيْنِ، وَإِذَا كَانُوا إِخْوَةً وَأَخَوَاتٍ شَركَهُمْ مَعَ الْجَد إِلَى السدُسِ.

5094 ـ ئىبراھىم مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭ دادا بىلەن ئالتە قېرىنداشنى بىرگە شېرىك قىلىپ، ھەر بىر مىراس ئىگىسىگە ئۇنىڭ تېگىشلىك مىراسىنى بېرەتتى. ئانا بىر قېرىنداشقا (چوڭ) دادا بىلەن بىرگە مىراس بەرمەيتتى، ئانا بىر ھەمشىرىگىمۇ مىراس بەرمەيتتى. (چوڭ) دادىغا بالا (مېيىتنىڭ بالىسى) بىلەن بىرگە بېرىدىغان مىراسنى ئالتىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق قىلمايتتى، پەقەت ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مىراس ئالىدىغان باشقا بىرى بولۇپ قالسا، شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلاتتى. دادا بىر قېرىنداش بىلەن دادىمۇ بىر، ئانىمۇ بىر قېرىنداشقا تەڭ مىراس تەقسىم قىلمايتتى. ئەگەر دادىمۇ بىر، ئانىمۇ بىر ھەمشىرە بىلەن دادا بىر قېرىنداش بولۇپ قالسا، مىراسنىڭ يېرىمىنى ھەمشىرىگە، قالغان يېرىمىنى بوۋا بىلەن ئاشۇ دادا بىر قېرىنداشقا تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. ئەگەر بىر قانچە قېرىنداش ۋە بىر قانچە ھەمشىرە بولسا، ئۇلارنى بوۋا بىلەن بىرگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىگە شېرىك قىلاتتى.

(دارىمى: 2923)

5095 - عَنْ الشعْبِي ِفِي سِتِةِ إِخْوَةٍ وَجَد قَالَ أَعْطِ الْجَد السدُسَ.

5095 ـ ئەبۇ نۇئەيم ھەسەندىن ئىسمائىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەئبى ئالتە قېرىنداش بىلەن بوۋىغا بېرىلىدىغان مىراس ھەققىدە توختىلىپ: ”چوڭ دادىغا ئالتىدىن بىرىنى بەرگىن!“ دېگەن.

(دارىمى: 2918)

5096 - في رواية ابن عباس عن علي: أنه أعطاه السبع.

5096 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭ دادىغا مىراسنىڭ يەتتىدىن بىرىنى بەرگەن.

5097 - عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أَنَّهُ كَانَ يُقَاسِمُ بِالْجَد مَعَ الْإِخْوَةِ إِلَى الثلُثِ ثُـم لَـا يَنقِصُهُ.

5097 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (چوڭ) دادىغا قېرىنداشلار بىلەن بىرگە مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. كېيىن ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيتتى.

(دارىمى: 2929)

5098 - عَنْ قَتَادَةَ أَن زَيْدَ بْنَ ثَابِتٍ قَالَ فِي أُخْتٍ وَأُم وَزَوْجٍ وَجَد قَالَ جَعَلَهَا مِنْ سَبْعٍ وَعِشْرِينَ لِلْأُم سِتةٌ وَلِلزوْجِ تِسْعَةٌ وَلِلْجَد ثَمَانِيَةٌ وَلِلْأُخْتِ أَرْبَعَةٌ.

5098 ـ قەتادە مۇنداق دەيدۇ: زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېيىتنىڭ ھەمشىرىسى، ئانىسى، ئېرى ۋە (چوڭ) دادىسىنىڭ مىراسىنى 27 ئۈلۈشكە بۆلۈپ، ئانىغا ئالتە ئۈلۈش، ئەرگە توققۇز ئۈلۈش، چوڭ دادىغا سەككىز ئۈلۈش ۋە ھەمشىرىگە تۆت ئۈلۈشنى بەرگەن.

(دارىمى: 2931)

5099 - عن إِبْرَاهِيمَ قَالَ أَطْعَمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثَ جَداتٍ سُدُسًا قَالَ قُلْتُ لِإِبْرَاهِيمَ مَنْ هُنه قَالَ جَدتَاكَ مِنْ قِبَلِ أَبِيكَ وَجَدتُكَ مِنْ قِبَلِ أُمكَ.

5099 ـ ئىبراھىم مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ چوڭ ئانىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى بەرگەن. مەن (راۋىي) ئىبراھىمدىن:

ــ ئۈچ چوڭ ئانىلار كىملەر؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ داداڭ تەرەپتىن ئىككى چوڭ ئاناڭ (يەنى داداڭنىڭ ئانىسى ۋە ئانىسىنىڭ ئانىسى)، ئاناڭ تەرەپتىن بىر چوڭ ئاناڭ (يەنى ئاناڭنىڭ ئانىسى)، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(دارىمى: 2935)

5100 - عَنْ الشعْبِي قَالَ لَا تَرِثُ أُم أَبِ الْأُم ابْنَهَا الذِي تُدْلِي بِهِ لَا يَرِثُ فَكَيْفَ تَرِثُ هِيَ.

5100 ـ شەئبى مۇنداق دەيدۇ: ئانىنىڭ دادىسىنىڭ ئانىسى (يەنى ئانىنىڭ دادىسى تەرەپتىن چوڭ ئانىسى) مىراس ئالالمايدۇ. ئۇ چوڭ ئانىنىڭ مېيىت بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان ئوغلى (يەنى مېيىتنىڭ ئانا تەرەپ چوڭ دادىسى مېيىتتىن) مىراس ئالالمىغان يەردە، ئۇ چوڭ ئانا قانداق مىراس ئالالىسۇن؟!

(دارىمى: 2937)

5101 - عَنْ عَلِي وَزَيْدٍ قَالَا إِذَا كَانَتْ الْجَداتُ سَوَاءً وَرِثَ ثَلَاثُ جَداتٍ جَـدَتَا أَبِيهِ أُم أُمِهِ وَأُم أَبِيهِ وَجَدةُ أُمِهِ فَإِنْ كَانَتْ إِحَدَاهُن أَقْرَبَ فَالسهْمُ لِذَوِي الْقُرْبَى.

5101 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر چوڭ ئانىلار (تۇغقانلىق دەرىجىسى جەھەتتە) تەڭ بولسا، دادىنىڭ ئىككى چوڭ ئانىسى (يەنى دادىنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسى ۋە دادىنىڭ دادىسىنىڭ ئانىسى) ۋە ئانىنىڭ چوڭ ئانىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ چوڭ ئانا مىراس ئالىدۇ. ئەگەر چوڭ ئانىلارنىڭ بىرىنىڭ تۇغقانلىق دەرىجىسى مېيىتقا باشقىلاردىن يېقىن بولسا، چوڭ ئانىنىڭ ئۈلۈشىنى شۇ ئالىدۇ.

(دارىمى: 2940)

5102 - عَنْ ٱبنِ مَسْعُودٍ قَالَ إِن الْجَداتِ لَيْسَ لَهُن مِيرَاثٌ إِنمَا هِيَ طُعْمَةٌ أُطْعِمْنَهَا وَالْجَداتُ أَقْرَبُهُن وَأَبْعَدُهُن سَوَاءٌ.

5102 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: چوڭ ئانىلارغا قانۇنىي مىراس بېرىلمەيدۇ، ئۇلارغا پەقەت ئىنئام ھېسابىدا مىراس بېرىلىدۇ. چوڭ ئانىلارنىڭ تۇغقانلىق دەرىجىسى مەيلى يېقىن ياكى يىراق بولسۇن، ئوخشاشتۇر.

(دارىمى: 2943)

5103 - عَنْ عَبْدِ اللهِ فِي ٱبْنَةٍ وَٱبْنَةِ ٱبنٍ قَالَ النصْفُ وَالسدُسُ وَمَا بَقِيَ فَرد عَلَـى الْبِنتِ.

5103 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىزنىڭ ۋە ئوغۇلنىڭ قىزنىڭ مىراسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قىزغا مىراسنىڭ يېرىمى، ئوغۇلنىڭ قىزغا ئالتىدىن بىرى بېرىلىدۇ، قالغان قىسمى قىزغا قايتۇرۇلىدۇ.

(دارىمى: 2946)

5104 - عَنْ الشعْبِي أن ٱبْنَ مَسْعُودٍ كَانَ لا يَرُد عَلَى أخٍ لام مَعَ أم وَلا عَلَى جَدةٍ إذَا كَانَ مَعَهَا غَيْرُهَا مَنْ لَهُ فَرِيضَةٌ وَلا عَلَى ٱبنَةِ ٱبنٍ مَعَ ٱبْنَةِ الصلْبِ وَلا عَلَى امْرَأةٍ وَزَوْجٍ وَكَانَ عَلِي يَرُد عَلَى كُل ذِي سَهْمٍ إلا الْمَرْأةَ وَالزوْجَ.

5104 ـ شەئبى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قانۇنىي مىراسخورلاردىن ئېشىپ قالغان مىراسنى ئانا بار يەردە بىر ئانىدىن بولغان قېرىنداشقا، قانۇنىي مىراس تېگىدىغان كىشى بار يەردە چوڭ ئانىغا، پۇشتىدىن بولغان قىز بار يەردە ئوغۇلنىڭ قىزىغا، ئايالىغا ياكى ئېرىگە بەرمەيتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېشىپ قالغان مىراسنى ئايالى ياكى ئېرىدىن باشقا ھەممە مىراس ئىگىسىگە بېرەتتى.

(دارىمى: 2949)

5105 - عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أنهُ أُتِيَ فِي ٱبْنَةٍ أوْ أُخْتٍ فَأعْطَاهَا النصْفَ وَجَعَلَ مَا بَقِيَ فِي بَيْتِ الْمَالِ.

5105 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا قىز ياكى ھەمشىرىنىڭ مىراس مەسىلىسى كەلتۈرۈلگەنىدى، ئۇ ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمىنى بېرىپ، قالغىنىنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكۈزىۋەتتى.

(دارىمى: 2950)

5106 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُبَيْدِ بْنِ عُمَيْرٍ قَالَ كَتَبْتُ إلَى أخٍ لِي مِنْ بَنِي زُرَيْقٍ أسْألُهُ لِمَنْ قَضَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي ٱبْنِ الْمُلاعَنَةِ فَكَتَبَ إلَي أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ

وَسَلمَ قَضَى بِهِ لِأُمهِ هِيَ بِمَنْزِلَةِ أُمهِ وَأَبِيهِ و قَالَ سُفْيَانُ الْمَالُ كُلُّهُ لِلْأُم هِيَ بِمَنْزِلَـةِ أَبِيـهِ وَأُمهِ.

5106 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير مۇنداق دەيدۇ: مەن بەنى زۇرەيق جەمەتىدىن بىر قېرىندىشىمغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن ئېرى بىلەن لەنەت ئېيتىشقان ئايالنىڭ ئوغلىنىڭ مىراسىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىمگە بۇيرۇپ بەرگەنلىكىنى سورىغانىدىم، ئۇ ماڭا جاۋاب خەت يېزىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭ مىراسىنى ئانىسىغا بۇيرۇپ بەرگەنلىكىنى، چۈنكى ئانىنىڭ ھەم ئانا ھەم دادىنىڭ ئورنىدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ پۈتۈن مېلى ئانىسىغا قالىدۇ. چۈنكى ئانىسى ئۇنىڭ ھەم ئانىسى ھەم دادىسى ئورنىدا بولىدۇ.

(دارىمى: 2960)

5107 - عَنْ الْحَسَنِ فِي ابْنِ الْمُلَاعَنَةِ تَرَكَ أُمهُ وَعَصَبَةَ أُمهِ قَالَ الثلُثُ لِأُمهِ وَمَا بَقِيَ فَلِعَصَبَةِ أُمهِ.

5107 ـ ھەسەن ئېرى بىلەن لەنەت ئېيتىشقان ئايالنىڭ ئوغلىنىڭ مىراسى ھەققىدە توختىلىپ:

ـــ ئانىسىغا ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ، قالغىنى ئانىسىنىڭ ئەر تۇغقانلىرىغا بېرىلىدۇ، ـ دېگەن.

(دارىمى: 2961)

5108 - عن أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ أنه الْتَمَسَ مَنْ يَرِثُ ابْنَ الدحْدَاحَةِ فَلَمْ يَجِدْ وَارِثًا فَدَفَعَ مَالَ ابْنِ الدحْدَاحَةِ إِلَى أَخْوَالِ ابْنِ الدحْدَاحَةِ.

5108 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى دەھداھەنىڭ ئوغلىنىڭ مىراسىنى ئالىدىغان مىراسخورىنى سۈرۈشتە قىلدى، ئۇنىڭ بىرمۇ مىراسخورى بولمىغاچقا، بارلىق مىراسىنى ئانا تەرەپ تاغىلىرىغا بېرىۋەتتى.

(دارىمى: 2976)

5109 - عَنْ زِيَادٍ قَالَ أُتِيَ عُمَرُ فِي عَم ِلأُم وَخَالَةٍ فَأَعْطَى الْعَم ِللأُم الثلُثَيْنِ وَأَعْطَى الْخَالَةَ الثلُثَ.

5109 ـ زىياد مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا (ئانا تەرەپ) هاماچىنىڭ ۋە ئانىنىڭ (دادا تەرەپ) تاغىسىنىڭ مىراسى كەلتۈرۈلگەندى، ئۇ ئانىنىڭ تاغىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى، ھاماچىغا ئۈچتىن بىرىنى بەردى.

(دارىمى: 2978)

5110 - عن عَبْدِ اللهِ قَالَ الْخَالَةُ بِمَنْزِلَةِ الأُم وَالْعَمةُ بِمَنْزِلَةِ الأَبِ وَبِنْتُ الأَخِ بِمَنْزِلَةِ الأَخِ وَكُل رَحِمٍ بِمَنْزِلَةِ رَحِمِهِ التِي يُدْلِي بِهَا إِذَا لَمْ يَكُنْ وَارِثٌ ذُو قَرَابَةٍ.

5110 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئانا تەرەپ ھاماچا ئانىنىڭ ئورنىدا، دادا تەرەپ ھاماچا دادىنىڭ ئورنىدا، قېرىنداشنىڭ قىزى قېرىنداشنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. ئەگەر يېقىن تۇغقانلاردىن مىراسخور بولمىسا، ھەربىر تۇغقان ئۆزى بىلەن بىۋاستە تۇتىشىدىغان تۇغقاننىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

(دارىمى: 2981)

5111 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ فِي الْجَدةِ مَعَ ابْنِهَا إِنهَا أَولُ جَدةٍ أَطْعَمَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُدُسًا مَعَ ابْنِهَا وَابْنُهَا حَي.

5111 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭ ئانىغا ئۇنىڭ ئوغلى تۇرسىمۇ بېرىلىدىغان مىراس ھەققىدە توختىلىپ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چوڭ ئانىغا ئۇنىڭ ئوغلى (يەنى مېيىتنىڭ دادىسى) ھايات تۇرسىمۇ مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى بەرگەن. ئۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇنجى مىراس بەرگەن چوڭ ئانىدۇر، ـ دېدى.

(تىرمىزى: 2102)

5112 - عَنْ قَبِيصَةَ بْنِ ذُؤَيْبٍ قَالَ جَاءَتْ الْجَدَّةُ إِلَى أَبِي بَكْرٍ تَسْأَلُهُ مِيرَاثَهَا قَالَ فَقَالَ لَهَا مَا لَكِ فِي كِتَابِ اللهِ شَيْءٌ وَمَا لَكِ فِي سُنَّةِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ شَيْءٌ فَارْجِعِي حَتَّى أَسْأَلَ النَّاسَ فَسَأَلَ النَّاسَ فَقَالَ الْمُغِيرَةُ بْنُ شُعْبَةَ حَضَرْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَعْطَاهَا السُّدُسَ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ هَلْ مَعَكَ غَيْرُكَ فَقَامَ مُحَمَّدُ بْنُ مَسْلَمَةَ الْأَنْصَارِيُّ فَقَالَ مِثْلَ مَا قَالَ الْمُغِيرَةُ بْنُ شُعْبَةَ فَأَنْفَذَهُ لَهَا أَبُو بَكْرٍ قَالَ ثُمَّ جَاءَتْ الْجَدَّةُ الْأُخْرَى إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ تَسْأَلُهُ مِيرَاثَهَا فَقَالَ مَا لَكِ فِي كِتَابِ اللهِ شَيْءٌ وَلَكِنْ هُوَ ذَاكَ السُّدُسُ فَإِنْ اجْتَمَعْتُمَا فِيهِ فَهُوَ بَيْنَكُمَا وَأَيَّتُكُمَا خَلَتْ بِهِ فَهُوَ لَهَا.

5112 ـ قەبىسە ئىبنى زۇئەيب مۇنداق دەيدۇ: بىر چوڭ ئانا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ مىراسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغاندى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ـ الله تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىمۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىدىمۇ ساڭا مىراس بەلگىلەنمىگەن. شۇڭا سەن ھازىرچە قايتىپ تۇرغىن، بۇ مەسىلىنى باشقىلاردىن سوراپ باقاي، ــ دېدى. راست دېگەندەك، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقىلاردىن سورىغاندى، مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چوڭ ئانىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى بەرگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بۇنى سەندىن باشقا بىرى كۆرگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىنىڭ ئەينىسىنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭ ئانىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى بەردى. كېيىن يەنە بىر چوڭ ئانا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ مىراسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغاندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــــ ساڭا اللہ تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە مىراس بەلگىلەنمىگەن، لېكىن ساڭا سۈننەتتە بەلگىلەنگەن ئاشۇ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىلى چوڭ ئانا (يەنى ئانىنىڭ ئانىسى ۋە دادىنىڭ ئانىسى) ھايات بولساڭلار، ئاشۇ ئالتىدىن بىرنى تەڭ ئالىسىلەر، ئەگەر بىرىڭلار ھايات بولسا، ئالتىدىن بىرنىڭ ھەممىسىنى شۇ ئالىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2101)

5113 - عَنْ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمدٍ أَنهُ قَالَ أَتَتْ الْجَدتَانِ إِلَى أَبِي بَكْرٍ الصديقِ وَ ـ أَرَادَ أَنْ يَجْعَلَ السدُسَ لِلتِي مِنْ قِبَلِ الْأُم فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ مِنْ الْأَنْصَارِ أَمَا إِنكَ تَتْرُكُ التِي لَوْ مَاتَتْ وَهُوَ حَي كَانَ إِياهَا يَرِثُ فَجَعَلَ أَبُو بَكْرٍ السدُسَ بَيْنَهُمَا.

5113 ـ قاسىم ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: ئىككى چوڭ ئانا مىراسى ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلگەنىدى، ئۇ، ئانا تەرەپ چوڭ ئانىغا مىراسىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى بەرمەكچى بولدى. بۇنى كۆرگەن بىر ئەنسارى:

ــ سەن دادا تەرەپ چوڭ ئانىنى قويۇپ قويامسەن؟ ناۋادا مېيىت ھايات بولۇپ، دادا تەرەپ چوڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا شۇ ھايات كىشى (يەنى نەۋرىسى) مىراسخورلۇق قىلغان بولاتتى، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېيىتنىڭ مىراسىدىن ئالتىدىن بىرنى ئىككى چوڭ ئانىغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

(مالىك: 1099)

5114 - عَنْ ابْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَعَلَ لِلْجَدةِ السدُسَ إِذَا لَمْ يَكُنْ دُونَهَا أُم.

[1] ئەلبانى (371): زەئىپ، ـ دېگەن.

5114 ـ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانىسى يوقلارنىڭ چوڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرىنى بېرەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2895)

5115 - عَنْ الْأَسْوَدِ بْنِ يَزِيدَ أن مُعَاذَ بْنَ جَبَلٍ وَرثَ أُخْتًا وَابْنَةً فَجَعَلَ لِكُل وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا النصْفَ وَهُوَ بِالْيَمَنِ وَنَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَئِذٍ حَي.

5115 ـ ئەسۋەد ئىبنى يەزىد مۇنداق دەيدۇ: مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىكى چاغدا ھەمشىرە ۋە قىزنىڭ (يەنى مېيىتنىڭ ھەمشىرىسى ۋە قىزنىڭ) ھەر بىرىگە مىراسنىڭ يېرىمىنى بەرگەندى. ئۇ چاغدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تېخى ھايات ئىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2893)

5116 - قَالَ عَبْدُ اللهِ كَانَ عُمَرُ إِذَا سَلَكَ بِنَا طَرِيقًا وَجَدْنَاهُ سَهْلًا وَإِنهُ قَالَ فِي زَوْجٍ وَأَبَوَيْنِ لِلزوْجِ النصْفُ وَلِلْأُم ثُلُثُ مَا بَقِيَ.

5116 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنى بىر يولغا باشلىسا، ئۇنىڭ ئاسان يول ئىكەنلىكىنى بايقايتتۇق. ئۇ، مېيىتنىڭ ئېرى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مىراسى ھەققىدە توختىلىپ:

ـ ئەرگە يېرىمى، ئانىغا قالغان مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ، ـ دېدى.

(دارىمى: 2865)

5117 - عن يَزِيد الرشْك قَالَ سَأَلْتُ سَعِيدَ بْنَ الْمُسَيبِ عَنْ رَجُلٍ تَرَكَ امْرَأَتَهُ وَأَبَوَيْهِ فَقَالَ قَسمَهَا زَيْدُ بْنُ ثَابِتٍ مِنْ أَرْبَعَةٍ.

[1] ئەلبانى (618): زەئىپ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2516): سەھىھ ـ دېگەن.

5117 ـ يەزىد رىشك مۇنداق دەيدۇ: مەن سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن مېيىتنىڭ ئايالى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مىراسى ھەققىدە سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالىغا مىراسنىڭ تۆتتىن بىرىنى بەرگەن، ـ دېدى.

(دارىمى: 2866)

5118 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ أَنهُمَا قَالَا فِي زَوْجٍ وَأَبَوَيْنِ لِلزوْجِ النصْفُ وَلِلْأُم ثُلُثُ جَمِيعِ الْمَالِ وَمَا بَقِيَ فَلِلْأَبِ.

5118 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مېيىتنىڭ ئېرىنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مىراسى ھەققىدە توختىلىپ:

ـ ئەرگە مىراسنىڭ يېرىمى، ئانىغا ئۈچتىن بىرى، قالغىنى دادىغا تېگىدۇ، ـ دېگەن.

(دارىمى: 2876)

5119 - عَنْ عِكْرِمَةَ قَالَ أَرْسَلَ ٱبْنُ عَباسٍ إِلَى زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أَتجِدُ فِي كِتَابِ اللهِ لِلْأُم ثُلُثُ مَا بَقِيَ فَقَالَ زَيْدٌ إِنمَا أَنتَ رَجُلٌ تَقُولُ بِرَأْيِكَ وَأَنا رَجُلٌ أَقُولُ بِرَأْيِي.

5119 ـ ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن:

ـــ اللهنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە ئانىغا مىراسنىڭ قالغان يېرىمىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىش بەلگىلەنگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ بۇ مەسىلىدە سەنمۇ ئۆزەڭنىڭ ئىجتىھادى بىلەن پەتىۋا بېرىسەن، مەنمۇ ئۆز ئىجتىھادىم بىلەن پەتىۋا بېرىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(دارىمى: 2875)

5120 - عَنْ إِبْرَاهِيمَ فِي زَوْجٍ وَأُم وَإِخْوَةٍ لِأَبٍ وَأُم وَإِخْوَةٍ لِأُم قَالَ كَانَ عُمَرُ

وَعَبْدُ اللهِ وَزَيْدٌ يُشَرِّكُونَ وَقَالَ عُمَرُ لَمْ يَزِدْهُمْ الْأَبُ إِلا قُرْبًا.

5120 ـ ئىبراھىم ئەرنىڭ، ئانىنىڭ، دادىسۇ، ئانىسۇ بىر قېرىنداشلارنىڭ ۋە ئانا بىر قېرىنداشلارنىڭ مىراسى ھەققىدە توختىلىپ:

ــ ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئۇلارنى مىراستا شېرىك قىلىپ قوياتتى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: دادا (دادىسۇ، ئانىسۇ بىر قېرىنداشلارنى باشقىلارغا قارىغاندا) مېيىتقا (مىراستا) تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ، ـ دەيتتى.

(دارىمى: 2882)

**5121 - عَنْ أَبِي مِجْلَزٍ أَن عُثْمَانَ كَانَ يُشَرِّكُ وَعَلِي كَانَ لَا يُشَرِّكُ.**

5121 ـ ئەبۇ مىجلەز مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرنى، ئانىنى، دادىسۇ بىر، ئانىسۇ بىر قېرىنداشلارنى ۋە ئانا بىر قېرىنداشلارنى مىراسقا شېرىك قىلاتتى، ئەمما ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى شېرىك قىلمايتتى.

(دارىمى: 2884)

**5122 - عن حَكِيمِ بْنِ جَابِرٍ أَن ابْنَ مَسْعُودٍ قَالَ فِى أَخَوَاتٍ لِأَبٍ وَأُمٍّ وَإِخْوَةٍ وَأَخَوَاتٍ لِأَبٍ أَنَّهُ كَانَ يُعْطِى الْأَخَوَاتِ مِنَ الْأَبِ وَالْأُمِّ الثلُثَيْنِ، وَمَا بَقِىَ فَلِلذُّكُورِ دُونَ الْإِنَاثِ. فَقَالَ حَكِيمٌ قَالَ زَيْدُ بْنُ ثَابِتٍ : هَذَا مِنْ عَمَلِ الْجَاهِلِيةِ أَنْ يَرِثَ الرجَالُ دُونَ النسَاءِ، إِن إِخْوَتَهُن قَدْ رُدوا عَلَيْهِن.**

5122 ـ ھەكىم ئىبنى جابىر مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسۇ بىر، ئانىسۇ بىر ھەمشىرىلەر ۋە دادا بىر ھەمشىرىلەر ھەم قېرىنداشلار ھەققىدە توختىلىپ:

ــ دادىسۇ بىر، ئانىسۇ بىر ھەمشىرىلەر مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ، قالغىنىنى ئەرلەر ئالىدۇ، ئاياللار ئالالمايدۇ، ـ دېدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بۇ، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىشىدۇر، ئۇ چاغلاردا ئەرلەر مىراس ئېلىپ، ئاياللار ئالالمايتتى، دادا بىر ھەمشىرىلەرنىڭ قېرىنداشلىرى ھەمشىرىلىرىگە ئاشقان مىراسنى بېرىشى كېرەك، ـ دېدى.
(دارىمى: 2092)

5123 - عَنْ مَسْرُوقٍ أَنَّهُ كَانَ يُشَرِّكُ فَقَالَ لَهُ عَلْقَمَةُ هَلْ أَحَدٌ مِنْهُمْ أَثْبَتُ مِنْ عَبْدِ اللهِ فَقَالَ لَا وَلَكِنِي رَأَيْتُ زَيْدَ بْنَ ثَابِتٍ وَأَهْلَ الْمَدِينَةِ يُشَرِّكُونَ فِي ابْنَتَيْنِ وَبِنْتِ ابْنٍ وَابْنِ ابْنٍ وَأُخْتَيْنِ.

5123 ـ مەسرۇق مىراستا (بىر قىسىم مىراسخورلارنى) شېرىك قىلىپ قوياتتى. ئەلقەمە ئۇنىڭغا:

ــ بۇ مەسىلىنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ ياخشىراق بىلىدىغان بىرى بارمۇ؟ ـ دېگەندى، مەسرۇق:

ــ ياق، لېكىن مەن زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋە مەدىنە ئۆلىمالىرىنىڭ ئىككى قىزغا ئوغۇلنىڭ بىر قىزىنى، ئوغۇلنىڭ ئوغلىغا ئىككى ھەمشىرىنى شېرىك قىلىپ قويغانلىقىنى كۆرگەندىم، ـ دېدى.

(دارىمى: 2895)

5124 - عَنْ شُرَيْحٍ فِي امْرَأَةٍ تَرَكَتْ زَوْجَهَا وَأُمَّهَا وَأُخْتَهَا لِأَبِيهَا وَأُمِّهَا وَأُخْتَهَا لِأَبِيهَا وَإِخْوَتَهَا لِأُمِّهَا جَعَلَهَا مِنْ سِتَّةٍ ثُمَّ رَفَعَهَا فَبَلَغَتْ عَشْرَةً لِلزَّوْجِ النِّصْفُ ثَلَاثَةُ أَسْهُمٍ وَلِلْأُخْتِ مِنْ الْأَبِ وَالْأُمِّ النِّصْفُ ثَلَاثَةُ أَسْهُمٍ وَلِلْأُمِّ السُّدُسُ سَهْمٌ وَلِلْإِخْوَةِ مِنْ الْأُمِّ الثُّلُثُ سَهْمَانِ وَلِلْأُخْتِ مِنْ الْأَبِ سَهْمٌ تَكْمِلَةُ الثُّلُثَيْنِ.

5124 ـ شۇرەيھ قازى بىر ئايال مېيىتنىڭ ئېرى، ئانىسى، دادىمۇ بىر، ئانىمۇ بىر ھەمشىرىسى، دادا بىر ھەمشىرىسى ۋە ئانا بىر قېرىنداشلىرىنىڭ مىراسىنى ئون ھەسسىگە بۆلۈپ، ئۈچ ھەسسىنى ئەرگە، ئۈچ ھەسسىنى دادىمۇ بىر، ئانىمۇ بىر ھەمشىرىگە، بىر ھەسسىنى ئانىغا، ئىككى ھەسسىنى ئانا بىر قېرىنداشلارغا، قالغان بىر ھەسسىنى دادا بىر ھەمشىرىگە بەردى.

(دارىمى: 2896)

5125 - عن هُزَيْل بْن شُرَحْبِيلَ قَالَ سُئِلَ أَبو مُوسَى عَنْ بِنْتٍ وَابْنَةِ ابْنٍ وَأُخْـتٍ فَقَالَ لِلْبِنْتِ النصْفُ وَلِلْأُخْتِ النصْفُ وَأْتِ ابْنَ مَسْعُودٍ فَسَيُتَابِعُنِي فَسُئِلَ ابْنُ مَسْعُودٍ وَأُخْبِرَ بِقَوْلِ أَبِي مُوسَى فَقَالَ لَقَدْ ضَلَلْتُ إِذًا وَمَا أَنا مِنْ الْمُهْتَدِينَ أَقْضِي فِيهَا بِمَا قَضَى النبِـي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلْابْنَةِ النصْفُ وَلِابْنَةِ ابْنٍ السدُسُ تَكْمِلَةَ الثلُثَيْنِ وَمَا بَقِـيَ فَلِلْأُخْـتِ فَأَتَيْنَا أَبَا مُوسَى فَأَخْبَرْنَاهُ بِقَوْلِ ابْنِ مَسْعُودٍ فَقَالَ لَا تَسْأَلُونِي مَا دَامَ هَذَا الْحَبْرُ فِيكُمْ.

5125 ـ ھۇزەيل ئىبنى شۇرەھبىل مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىزنىڭ، ئوغۇلنىڭ قىزنىڭ ۋە ھەمشىرىنىڭ مىراسى ھەققىدە سورىغاندى، ئۇ:

ــ قىزغا يېرىمى، ھەمشىرىگە يېرىمى تېگىدۇ. سەن بېرىپ، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سوراپ باققىن، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش پەتىۋا بېرىدۇ، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىنى ئېيتىپ بەرگەندى، ئۇ:

ــ مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش پەتىۋا بەرسەم، ئېزىپ كەتكەن بولىمەن، ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولالمايمەن، شۇڭا بۇ مەسىلىگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم قىلىمەن. قىزغا يېرىمى، ئوغۇلنىڭ قىزىغا ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ، قالغىنى ھەمشىرىگە تېگىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن ھېلىقى ئادەم ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىنى يەتكۈزگەندى، ئۇ:

ــ مادامىكى ئىچىڭلاردا بۇ ئالىم تۇرۇپتۇ، سىلەر مەندىن مەسىلە سورىماڭلار، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6736)

5126 - عَنْ عَلِي أَنهُ قَالَ إِنكُمْ تَقْرَءُونَ هَذِهِ الْآيَةَ مِنْ بَعْدِ وَصِيةٍ تُوصُونَ بِهَـا أَوْ دَيْنٍ وَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَضَى بِالديْنِ قَبْلَ الْوَصِيةِ وَإِن أَعْيَانَ بَنِي الْـأُم يَتَوَارَثُونَ دُونَ بَنِي الْعَلاتِ الرجُلُ يَرِثُ أَخَاهُ لِأَبِيهِ وَأُمهِ دُونَ أَخِيهِ لِأَبِيهِ.

5126 ــ ئەلــى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دەيــدۇ: ســىلەر: ﴿(بــۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇيسىلەر، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەسىيەتنى ئورۇنداشتىن بۇرۇن قەرزنى تۆلەشكە، دادىمۇ بىر، ئانىمۇ بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر مىراس ئالىدىغانلىقىغا، ئەمما دادا بىر، ئانا باشقا قېرىنداشلارنىڭ مىراس ئالالمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغانىدى. شۇڭا ئەر دادىمۇ بىر، ئانىمۇ بىر قېرىندىشىدىن مىراس ئالىدۇ، لېكىن دادا بىر، ئانا باشقا قېرىندىشىدىن مىراس ئالالمايدۇ[1].

(تىرمىزى: 2094)

5127 - عَنْ إِبْرَاهِيمَ أَن عَلِيا وَزَيْدًا قَالَا الْمَمْلُوكُونَ وَأَهْلُ الْكِتَابِ لَا يَحْجُبُونَ وَلَا يَرِثُونَ وَقَالَ عَبْدُ اللهِ يَحْجُبُونَ وَلَا يَرِثُونَ.

5127 ـ ئىبراھىم مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ قۇللار ۋە ئەھلى كىتابلار مىراستىن باشقىلارنى چەكلىيەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئۆزلىرى مىراس ئالالمايدۇ، ـ دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇلار باشقىلارنى مىراستىن چەكلەيدۇ، ئەمما ئۆزلىرى مىراس ئالالمايدۇ، ـ دېگەن.

(دارىمى: 2898)

5128 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا اسْتَهَل الْمَوْلُـودُ وُرثَ.

5128 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (1703): ھەسەن، ـ دېگەن.

«يېڭى تۇغۇلغان بالا تىرىكلا بولسا، مىراس بېرىلىدۇ»[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 2920)

5129 - عَنْ وَاثِلَةَ بْنِ الْأَسْقَعِ عَنْ النبِيِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْمَرْأَةُ تَحْرِزُ ثَلَاثَةَ مَوَارِيثَ عَتِيقَهَا وَلَقِيطَهَا وَوَلَدَهَا الذِي لَاعَنَتْ عَنْهُ.

5129 ــ ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خوتۇن كىشى ئۈچ ئادەمنىڭ، يەنى ئازادگەردىسىنىڭ، تېپىۋالغان بالىسىنىڭ ۋە لەنەت ئېيتىشقان بالىسىنىڭ مىراسىنى ئالالايدۇ»[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 2906)

5130 - عَنْ الشعْبِي أن عَلِيا وَابْنَ مَسْعُودٍ قَالَا فِي الْمَجُوسِ إذَا أَسْلَمُوا يرِثُونَ مِنْ الْقَرَابَتَيْنِ جَمِيعًا.

5130 ـ شەئبى مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ مەجۇسىيلار (ئاتەشپەرەسلەر) ئىسلام دىنىغا كىرسە، ھەر ئىككىلى تەرەپ تۇغقانلىرىدىن بىراقلا مىراس ئالالايدۇ. ـ دېگەن.
(دارىمى: 3089)

5131 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ يَحْيَى بْنِ حَبانَ قَالَ كَانَتْ عِنْدَ جَدي حَبانَ امْرَأَتَانِ هَاشِمِيةٌ وَأَنْصَارِيةٌ فَطَلَقَ الْأَنْصَارِيةَ وَهِيَ تُرْضِعُ فَمَرتْ بِهَا سَنَةٌ ثُم هَلَكَ عَنْهَا وَلَمْ تَحِضْ فَقَالَتْ أَنا أَرِثُهُ لَمْ أَحِضْ فَاخْتَصَمَتَا إِلَى عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ فَقَضَى لَهَا بِالْمِيرَاثِ فَلَامَتْ الْهَاشِمِيةُ عُثْمَانَ فَقَالَ هَذَا عَمَلُ ابْنِ عَمكِ هُوَ أَشَارَ عَلَيْنَا بِهَذَا يَعْنِي عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ.

5131 ــ مۇھەممەد ئىبنى يەھيا ئىبنى ھەببان مۇنداق دەيدۇ: (چوڭ) دادام ھەببانىنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ، بىرى ھاشىم جەمەتىدىن، يەنە بىرى ئەنسارىلاردىن ئىدى. بىر كۈنى، دادام ئەنسارى ئايالىنى

[1] ئەلبانى (2534): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (623): زەئىپ. ـ دېگەن.

ئەمچەكتە بالىسى بار ھالەتتە تالاق قىلىنغۇچى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئايال بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئاندىن ئىرى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، بىراق ئۇ ئايال تېخى ھەيز كۆرمىگەنىكەن. شۇڭا ئۇ ئايال:

ـ مەنمۇ ئېرىمدىن مىراس ئالىمەن، مەن تېخى ھەيز كۆرمىدىم، ـ دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىككى ئايال ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ بېرىپتىكەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايالغا مىراس بۇيرۇپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھاشىم جەمەتىلىك ئايال ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مالامەت قىلغىلى تۇرۇپتىكەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بۇ، تاغاڭنىڭ ئوغلىنىڭ ھۆكمى، ئۇ بىزگە مۇشۇنداق قىلىش يولىنى كۆرسەتكەن، ـ دەپ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىما قىلغان.

(مالىك: 1210)

5132 - عن رَبِيعَةَ بْنَ أَبِي عَبْدِ الرحْمَنِ قال: بَلَغَنِي أن امْرَأَةَ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ سَأَلَتْهُ أنْ يُطَلقَهَا فَقَالَ إِذَا حِضْتِ ثُم طَهُرْتِ فَآذِنِينِي فَلَمْ تَحِضْ حَتى مَرِضَ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ فَلَما طَهُرَتْ آذَنَتْهُ فَطَلقَهَا الْبَتةَ أَوْ تَطْلِيقَةً لَمْ يَكُنْ بَقِيَ لَهُ عَلَيْهَا مِنْ الطلَاقِ غَيْرُهَا وَعَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ يَوْمَئِذٍ مَرِيضٌ فَوَرثَهَا عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ مِنْهُ بَعْدَ انْقِضَاءِ عِدتِهَا.

5132 ـ رەبىيئە ئىبنى ئەبۇ ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ئايالى ئۇنىڭدىن تالاقنى سوراپتۇ. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇنداقتا، سەن ئالدى بىلەن ھەيز كۆر، ھەيزدىن پاكلانغاندىن كېيىن مېنى خەۋەردار قىلغىن! ـ دەپتۇ. بىراق ئۇ ئايال ھەيز كۆرۈپ بولغىچە، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇ ئايال ھەيز كۆرۈپ، ھەيزدىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى تالاق قىلىۋېتىپتۇ. لېكىن بۇ ئۇ خوتۇن ھەققىدىكى ئاخىرقى تالاق ھەققى ئىكەن (يەنى بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن يېنىشالمايدىكەن). ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى تالاق قىلغان چاغدا كېسەل ئىكەنىدۇق. شۇڭا ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايالغا ئىددىتى تۈگەپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن مىراس ئېلىپ بېرىپتۇ.

(مالىك: 1209)

5133 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ سَأَلَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْكَلَالَةِ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَكْفِيكَ مِنْ ذَلِكَ الْآيَةُ الَتِي أُنزِلَتْ فِي الصيْفِ آخِرَ سُورَةِ النسَاءِ.

5133 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يا ئاتا ـ ئانىسى يوق، يا باللىرى يوق مېيىتنىڭ مىراسى ھەققىدە سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «بۇ ھەقتە ساڭا سۈرە نىسانىڭ ئاخىرىدىكى ئايەت يېتەرلىكتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

(مالىك: 1101)

5134 - عَنْ الْبَرَاءِ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ يَسْتَفْتُونَكَ قُلْ اللهُ يُفْتِيكُمْ فِي الْكَلَالَةِ فَقَال لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تُجْزِئُكَ آيَةُ الصيْفِ.

5134 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! يا ئاتا ـ ئانىسى يوق، يا باللىرى يوق مېيىتنىڭ مىراسى قانداق بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ــ بۇ ھەقتە ساڭا سۈرە نىسانىڭ ئاخىرىدىكى ئايەت كۇپايە قىلىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 3042)

5136 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ بْنِ سَهْلِ بْنِ حُنَيْفٍ قَالَ كَتَبَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ إِلَى أَبِي عُبَيْدَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ مَوْلَى مَنْ لَا مَوْلَى لَهُ وَالْخَالُ وَارِثُ مَنْ لَا وَارِثَ لَهُ.

5136 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«باشقا مىراسخورى يوق ئادەمگە ئانا تەرەپ تاغىسى مىراسخورلۇق قىلىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2103)

5137 - عَنْ مُحَمَّدِ بْنِ أَبِي بَكْرِ بْنِ حَزْمٍ أَنَّهُ سَمِعَ أَبَاهُ كَثِيرًا يَقُولُ كَانَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ يَقُولُ عَجَبًا لِلْعَمَّةِ تُورَثُ وَلَا تَرِثُ.

5137 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: دادا تەرەپ ھامما ئاچىنىڭ (جىيەنىگە) مىراس قالدۇرىدىغانلىقىغا، لېكىن ئۆزى (جىيەنىدىن) مىراس ئالالمايدىغانلىقىغا ھەيرانمەن.

(مالىك: 1103)

5138 - عَنْ سَعِيدٍ قَالَ كَانَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ يَقُولُ الدِّيَةُ لِلْعَاقِلَةِ وَلَا تَرِثُ الْمَرْأَةُ مِنْ دِيَةِ زَوْجِهَا شَيْئًا حَتَّى قَالَ لَهُ الضَّحَّاكُ بْنُ سُفْيَانَ كَتَبَ إِلَيَّ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ أُوَرِّثَ امْرَأَةَ أَشْيَمَ الضِّبَابِيِّ مِنْ دِيَةِ زَوْجِهَا فَرَجَعَ عُمَرُ.

5138 ـ سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

[1] ئەلبانى (2436): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1708): سەھىھ ـ دېگەن.

— تـۆلـتـىـلـگەن دـىـيەت تۇغقـانلار ئـىچـىـدىكى دـىـيەت تۆلـەشـكە تېگىشلىك كىشىلەرگىلا بېرىلىدۇ، خوتۇنى ئېرى ئۆچۈن تۆلتىلگەن دىيەتتىن ھېچ نەرسىنى مىراس ئالالمايدۇ، ـ دەيتتى. تاكى زەھھاك ئىبنى سۇفيان ئۇنىڭغا:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا خەت يېزىپ، ئەشيەم زىبابىنىڭ ئايالىغا ئېرىنىڭ دىيىتىدىن مىراس بېرىشىمنى تاپىلىغان، ـ دېگەنگە قەدەر، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاشۇ قاراشتا ئىدى. ئۇ زەھھاكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇرۇنقى قارىشىدىن دەرھال يانغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2927)

5139 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ بُرَيْدَةَ أَن امْرَأَةً أَتَتْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ كُنتُ تَصَدقْتُ عَلى أُمي بِوَلِيدَةٍ وَإِنهَا مَاتَتْ وَتَرَكَتْ تِلْكَ الْوَلِيدَةَ قَالَ قَدْ وَجَبَ أَجْرُكِ وَرَجَعَتْ إِلَيْكِ فِي الْمِيرَاثِ.

5139 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئايال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ مەن ئانامغا بىر دېدىكىمنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكەنىدىم. مانا ئەمدى ئانام ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ دېدەك قېلىپ قالدى، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەدىقە قىلىش بىلەن ئاللىبۇرۇن ئەجىرگە ئېرىشىپسەن، ئەمدى ئۇ دېدەك ساڭا مىراس سۈپىتىدە قايتىپتۇ، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1656)

[1] ئەلبانى (2540): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1458): سەھىھ ـ دېگەن.

5140 - قَالَ زَيْدٌ وَلَدُ الْأَبْنَاءِ بِمَنْزِلَةِ الْوَلَدِ إِذَا لَمْ يَكُنْ دُونَهُمْ وَلَدٌ ذَكَرُهُمْ كَذَكَرِهِمْ وَأُنْثَاهُمْ كَأُنْثَاهُمْ يَرِثُونَ كَمَا يَرِثُونَ وَيَحْجُبُونَ كَمَا يَحْجُبُونَ وَلَا يَرِثُ وَلَدُ الِابْنِ مَعَ الِابْنِ.

5140 ـ زەيد مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر مېيىتنىڭ بالىلىرى بولمىسا، ئوغۇللىرىنىڭ بالىلىرى ئۆز بالىلىرىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئوغۇللار ئوغۇللارغا ئوخشاش، قىزلار قىزلارغا ئوخشاش مىراس ئالىدۇ. ئوغۇللارنىڭ بالىلىرى باشقىلارنى مىراستىن خۇددى ئۆز بالىلىرىنى چەكلىگەنگە ئوخشاش چەكلىيەلەيدۇ. ئوغۇل هايات بولسا، ئوغۇللىرىنىڭ بالىلىرى مىراس ئالالمايدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

5141 - عن علي: سئل عن ابْنَيْ عَم أَحَدُهُمَا أَخٌ لِلْأُم وَالْآخَرُ زَوْجٌ فقَالَ: لِلزوْجِ النصْفُ وَلِلْأَخِ مِنْ الْأُم السدُسُ وَمَا بَقِيَ بَيْنَهُمَا نِصْفَانِ.

5141 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ تاغىنىڭ ئىككى ئوغلى بار، ئۇلارنىڭ بىرى ئانا بىر قېرىندىشى، يەنە بىرى ئېرى، بۇلارنىڭ مىراسى قانداق بولىدۇ؟ ــ دەپ سورالغاندى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئېرىگە يېرىمى، ئانا بىر قېرىندىشىغا ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ، قالغان قىسمى يەنە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5142 - عَنْ زَيْنَبَ أَنهَا كَانَتْ تَفْلِي رَأْسَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعِنْدَهُ امْرَأَةُ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ وَنِسَاءٌ مِنْ الْمُهَاجِرَاتِ وَهُن يَشْتَكِينَ مَنَازِلَهُن أَنهَا تَضِيقُ عَلَيْهِن وَيُخْرَجْنَ مِنْهَا فَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تُوَرثَ دُورَ الْمُهَاجِرِينَ النسَاءُ فَمَاتَ عَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْعُودٍ فَوُرثَتْهُ امْرَأَتُهُ دَارًا بِالْمَدِينَةِ.

5142 ـ زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشىنى بېقىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ۋە باشقا مۇھاجىر ئاياللار بار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقى تارتىۋاتقانلىقىنى، (ئەرلىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن) ئۆيلىرىدىن ھەيدىلىدىغانلىقىنى شىكايەت قىلىپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇھاجىرلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاياللارغا مىراس قالدۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ مەدىنىدىكى بىر ئۆيى ئايالىغا مىراس قالدۇرۇلدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3080)

5143 - عَنْ فَاطِمَةَ الْكُبْرَى، قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ: "كُل بنِ أُم يَنْتَمُونَ إِلى عَصَبَةٍ إِلا وَلَدَ فَاطِمَةَ، فَأَنا وَلِيهُمْ وَأَنا عَصَبَتُهُمْ".

5143 ـ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق ئايالنىڭ بالىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەرنىڭ پۇشتىغا تەۋە بولىدۇ. پەقەت فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بالىلىرى ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ بالىلىرىغا مەن ئىگىدارچىلىق قىلىمەن ۋە ئۇلار مېنىڭ پۇشتىمدىندۇر».

(«ئەلكەبىر»)

5144 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ كُل قَسْمٍ قُسِمَ فِي الْجَاهِلِيةِ فَهُوَ عَلَى مَا قُسِمَ لَهُ وَكُل قَسْمٍ أَدْرَكَهُ الْإِسْلَامُ فَهُوَ عَلَى قَسْمِ الْإِسْلَامِ.

5144 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[①] ئەلبانى (2644): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

«جاھىلىيەت دەۋرىدە تەقسىم قىلىنىپ بولغان ھەرقانداق مىراس جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ تەقسىماتىغا ئائىتتۇر. ئىسلام دەۋرىدە تەقسىم قىلىنغان ھەرقانداق مىراس ئىسلام دىنىنىڭ تەقسىماتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2914)

[1] ئەلبانى (2528): سەھىھ ـ دېگەن.

## ئازادگەردىنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى، مىراسخورى يوق كىشى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىراسى ۋە ئۇنىڭدىن قالغان بەزى نەرسىلەر

5145 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ قَالَ يَرِثُ الْوَلَاءَ مَنْ يَرِثُ الْمَالَ.

5145 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مال ــ مۈلۈككە مىراسخورلۇق قىلغان كىشى ئازادگەردىنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىگىمۇ مىراسخورلۇق قىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2114)

5146 - وعنه رفعه: ميراث الولاء للأكبر من الذكور ولاترث النساء من الـولاء إلا من أعتقن أو أعتق من أعتقن.

5146 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئازادگەردىنىڭ مىراسىغا ئوغۇللارنىڭ ئەڭ چوڭى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. ئاياللار پەقەت ئۆزلىرى ئازاد قىلغان ئازادگەردىلەرنىڭ ياكى ئۆزلىرى ئازاد قىلغان ئازادگەردىلەر ئازاد قىلغان ئازادگەردىلەرنىڭ

[1] ئەلبانى (374): زەئىپ، ـ دېگەن.

مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5147 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ أَرَادَتْ عَائِشَةُ أَنْ تَشْتَرِيَ جَارِيَةً تُعْتِقُهَا فَأَبَى أَهْلُهَا إِلَّا أَنْ يَكُونَ لَهُمْ الْوَلَاءُ فَذَكَرَتْ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ فَقَالَ لَا يَمْنَعُكِ ذَلِكِ فَإِنَمَا الْوَلَاءُ لِمَنْ أَعْتَقَ.

5147 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر دېدەكنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلماقچى بولدى. بىراق دېدەكنىڭ ئىگىلىرى ئۇنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىنى شەرت قىلىپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ شەرت سېنى ئۇ دېدەكنى ئازاد قىلىشتىن توسۇپ قويمىسۇن، ئازادگەردىنىنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى ئۇنى ئازاد قىلغان كىشىنىڭ قولىدا بولىدۇ» دېدى.

(مۇسلىم: 1505)

5148 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي بَكْرِ بْنِ هِشَامٍ عَنْ أَبِيهِ أَنَهُ أَخْبَرَهُ أَن الْعَاصِيَ بْنَ هِشَامٍ هَلَكَ وَتَرَكَ بَنِينَ لَهُ ثَلَاثَةً اثْنَانِ لِأُم وَرَجُلٌ لِعَلِةٍ فَهَلَكَ أَحَدُ اللذَيْنِ لِأُم وَتَرَكَ مَالًا وَمَوَالِيَ فَوَرِثَهُ أَخُوهُ لِأَبِيهِ وَأُمِهِ مَالَهُ وَوَلَاءَهُ مَوَالِيهِ ثُم هَلَكَ الذِي وَرِثَ الْمَالَ وَوَلَاءَ الْمَوَالِي وَتَرَكَ ابْنَهُ وَأَخَاهُ لِأَبِيهِ فَقَالَ ابْنُهُ قَدْ أَحْرَزْتُ مَا كَانَ أَبِي أَحْرَزَ مِنْ الْمَالِ وَوَلَاءِ الْمَوَالِي وَقَالَ أَخُوهُ لَيْسَ كَذَلِكَ إِنمَا أَحْرَزْتَ الْمَالَ وَأَما وَلَاءُ الْمَوَالِي فَلَا أَرَأَيتَ لَوْ هَلَكَ أَخِي الْيَوْمَ أَلَسْتُ أَرِثُهُ أَنَا فَاخْتَصَمَا إِلَى عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ فَقَضَى لِأَخِيهِ بِوَلَاءِ الْمَوَالِي.

5148 ـ ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىس ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ: دادام ئەبۇ بەكرىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئاس ئىبنى ھىشام ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى قالدى. ئۇلاردىن ئىككىسىنىڭ دادىسىمۇ بىر، ئانىسىمۇ بىر، ئۈچىنچىسىنىڭ دادىسى بىر، ئانىسى باشقا ئىدى. كېيىن دادىسىمۇ بىر، ئانىسىمۇ بىر

ئوغۇللىرىدىن بىرى بىرمۇنچە ماللارنى ۋە ئازادگەردىلەرنى قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ماللىرىغا ۋە ئازادگەردىلىرىنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىگە قېرىندىشى مىراسخورلۇق قىلدى. كېيىن ئۇمۇ ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىر ئوغلى ۋە دادا بىر قېرىندىشى قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئوغلى:

ــ دادام ئىگىدارچىلىق قىلغان ماللارنىڭ ۋە ئازادگەردىلەرنىڭ مىراسىنىڭ ھەممىسىگە مەن ئىگە بولىمەن، ــ دېگەنىدى، دادا بىر قېرىنداش:

ــ ئۇنداق قىلالمايسەن، سەن پەقەت مالغا مىراسخورلۇق قىلسەن، ئازادگەردىلەرنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا مىراسخورلۇق قىلالمايسەن، ئېيتىپ باقە، ناۋادا قېرىندىشىم بۈگۈن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مەن ئۇنىڭدىن مىراس ئالالمامدىم؟ ــ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا دەۋالىشىپ بارغانىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئازادگەردىلەرنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىنى دادا بىر قېرىنداشقا بۇيرۇپ بەردى.

(مالىك: 1524)

**5149 - عَنْ زِيَادِ بْنِ أَبِي مَرْيَمَ أَن امْرَأَةً أَعْتَقَتْ عَبْدًا لَهَا ثُم تُوُفيَتْ وَتَرَكَتْ ابْنَهَا وَأَخَاهَا ثُم تُوُفيَ مَوْلَاهَا فَأَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ابْنُ الْمَرْأَةِ وَأَخُوهَا فِي مِيرَاثِهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِيرَاثُهُ لِابْنِ الْمَرْأَةِ فَقَالَ أَخُوهَا يَا رَسُولَ اللهِ لَوْ أَنهُ جَر جَرِيرَةً عَلَى مَنْ كَانَتْ قَالَ عَلَيْكَ.**

5149 ـ زىياد ئىبنى مەريەم مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال ئۆزىگە ئائىت بىر قۇلىنى ئازاد قىلىۋەتكەنىدى. كېيىن ئۇ ئايال ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى ۋە بىر قېرىندىشى بار ئىدى. شۇندىن كېيىن، ئۇ ئازادگەردىمۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئاندىن ھېلىقى ئايالنىڭ ئوغلى بىلەن قېرىندىشى ئازادگەردىنىڭ مىراسى ھەققىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنىڭ مىراسى ئايالنىڭ ئوغلىغا قالىدۇ، ــ دېدى. ئايالنىڭ قېرىندىشى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ناۋادا ئۇ ئازادگەردە (دىيەتكە مۇناسىۋەتلىك) بىرەر جىنايەت ئىشلىسە، كىمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سېنىڭ ئۈستۈڭگە بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(دارىمى: 3009)

5150 - عَنْ الْحَسَنِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ إِلى الْبَقِيعِ فَرَأى رَجُلًا يُبَاعُ فَأَتاهُ فَسَاوَمَ بِهِ ثُم تَرَكَهُ فَرَآهُ رَجُلٌ فَاشْتَرَاهُ فَأَعْتَقَهُ ثُم جَاءَ بِهِ إِلى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِني اشْتَرَيْتُ هَذَا فَأَعْتَقْتُهُ فَمَا تَرَى فِيهِ فَقَالَ هُوَ أَخُوكَ وَمَوْلَاكَ قَالَ مَا تَرَى فِي صُحْبَتِهِ فَقَالَ إِنْ شَكَرَكَ فَهُوَ خَيْرٌ لَهُ وَشَر لَكَ وَإِنْ كَفَرَكَ فَهُوَ خَيْرٌ لَكَ وَشَر لَهُ قَالَ مَا تَرَى فِي مَالِهِ قَالَ إِنْ مَاتَ وَلَمْ يَتْرُكْ عَصَبَةً فَأَنتَ وَارِثُهُ.

5150 ـ ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەقىئ بازىرىغا چىققانىدى، بىر قۇلنىڭ سېتىشقا چىقىرىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن باھا تالاشتى. كېيىن ئۇنى ئېلىشتىن يالتايغانىدى، ئۇ قۇلنى باشقا بىر ئادەم سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇ ئازادگەردىنى ئېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

ـ مەن بۇ كىشىنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتتىم، قانداق بوپتۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭ ۋە ئازادگەردەڭدۇر، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ــ ئۇنى ھەمىشە ئۆزەمگە ھەمراھ قىلىۋالسام، قانداق بولىدۇ؟ ــ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەگەر سەن شۇنداق قىلغان تەقدىردە ئۇ سەندىن مىننەتدار بولسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى، سەن ئۈچۈن يامانادۇر. ئەگەر ئۇ ساڭا تۇزكورلۇق قىلسا، بۇ سەن ئۈچۈن ياخشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن يامانادۇر، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ــ ئۇنىڭ پۇل ـ مېلى قانداق بولىدۇ؟ ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردە يېقىن ئەر تۇغقانلىرى بولمىسا، سەن ئۇنىڭ مىراسخورى بولىسەن، ـ دېدى.

(دارىمى: 3012)

5151 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أَن رِئَابَ بْنَ حُذَيْفَةَ تَزَوجَ امْرَأَةً فَوَلَدَتْ لَهُ ثَلَاثَةَ غِلْمَةٍ فَمَاتَتْ أُمهُمْ فَوَرِثُوهَا رِبَاعَهَا وَوَلَاءَ مَوَالِيهَا وَكَانَ عَمْرُو بْنُ الْعَاصِ عَصَبَةَ بَنِيهَا فَأَخْرَجَهُمْ إِلَى الشامِ فَمَاتُوا فَقَدِمَ عَمْرُو بْنُ الْعَاصِ وَمَاتَ مَوْلًى لَهَا وَتَرَكَ مَالًا لَهُ فَخَاصَمَهُ إِخْوَتُهَا إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَقَالَ عُمَرُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَحْرَزَ الْوَلَدُ أَوْ الْوَالِدُ فَهُوَ لِعَصَبَتِهِ مَنْ كَانَ قَالَ فَكَتَبَ لَهُ كِتَابًا فِيهِ شَهَادَةُ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ وَزَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ وَرَجُلٍ آخَرَ فَلَما اسْتُخْلِفَ عَبْدُ الْمَلِكِ اخْتَصَمُوا إِلَى هِشَامِ بْنِ إِسْمَعِيلَ أَوْ إِلَى إِسْمَعِيلَ بْنِ هِشَامٍ فَرَفَعَهُمْ إِلَى عَبْدِ الْمَلِكِ فَقَالَ هَذَا مِنْ الْقَضَاءِ الذِي مَا كُنْتُ أَرَاهُ قَالَ فَقَضَى لَنَا بِكِتَابِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَنَحْنُ فِيهِ إِلَى الساعَةِ.

5151 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رىئاب ئىبنى ھۇزەيفە بىر ئايال بىلەن توي قىلغانىدى، ئۇ ئايال ئۇنىڭغا ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. كېيىن ئۇ ئايال ئۆلۈپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئانىسىنىڭ ئۆيلىرىگە ۋە ئازادگەردىلىرىنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايالنىڭ دادا تەرەپتىن تۇتىشىدىغان يېقىن تۇغقىنى ئىدى. ئۇ ئۇلارنى (ئايالنىڭ باللىرىنى) شامغا ئېلىپ باردى. ئۇلار ۋە ئۇ ئايالنىڭ پۇل ــ مېلى بار بىر ئازادگەردىسى ئۆلۈپ كەتتى. ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ماللىرىغا مىراسخورلۇق قىلدى. بىراق ئۇ ئايالنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن مىراس تالىشىپ،

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بارغانىدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بالا ياكى دادا مىراس ئالغان ماللار ئۇنىڭ يېقىن ئەر تۇغقانلىرىغا قالىدۇ» دېگەن، ــ دېدى ۋە بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنى، زەيد ئىبنى سابىتنى ۋە يەنە بىر ئادەمنى گۇۋاھچى قىلىپ (ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا) ئەۋەتتى. ئابدۇلمەلىك خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندا، ھېلىقى قېرىنداشلار يەنە دەۋالىشىپ ھىشام ئىبنى ئىسمائىلنىڭ (ياكى ئىسمائىل ئىبنى ھىشامنىڭ) يېنىغا بارغانىدى، ئۇ ئۇلارنى ئابدۇلمەلىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇلمەلىك:

ــ بۇ مەن بىلىدىغان ھۆكۈم ئىكەن، بۇ ھۆكۈمنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خېتى ئارقىلىق بىزگە بىلدۈرگەنىدى، بىز ئۇنىڭ ھۆكمىگە قىيامەتكىچىلىك ئەمەل قىلىمىز، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2917)

5152 - عَنْ الْمِقْدَامِ الْكِنْدِيِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنا أَوْلَـى بِكُل مُؤْمِنٍ مِنْ نَفْسِهِ فَمَنْ تَرَكَ دَيْنًا أَوْ ضَيْعَةً فَإِلَي وَمَنْ تَرَكَ مَالًا فَلِوَرَثَتِهِ وَأَنا مَوْلَى مَنْ لَا مَوْلَى لَهُ أَرِثُ مَالَهُ وَأَفُكُ عَانَهُ وَالْخَالُ مَوْلَى مَنْ لَا مَوْلَى لَهُ يَرِثُ مَالَهُ وَيَفُكُ عَانَهُ.

5152 ـ مىقدام كىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق بىر مۇئمىنگە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا مەن ئۇنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەكرەك ھەقلىقمەن، كىمكى قەرز ياكى بالا ـ چاقا قالدۇرۇپ كەتسە، مەن قەرزىنى تۆلەيمەن، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن. كىمكى بايلىق قالدۇرۇپ كەتسە، مىراسخورلىرىغا قالىدۇ. ئىگىسى يوق كىشىگە مەن ئىگىدارچىلىق قىلىمەن، ئۇنىڭ مېلىغا مىراسخورلۇق قىلىمەن، ئەسىرلىرىنى قۇتقۇزىمەن. ئىگىسى يوق

[①] ئەلبانى (2531): ھەسەن، ـ دېگەن.

كىشىگە ئانا تەرەپ تاغىسىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ مېلىنى مىراس ئالىدۇ، ئەسىرلىرىنى قۇتقۇزىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2900)

5153 - عَنْ الْمِقْدَامِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ تَرَكَ كَلًا فَإِلَي وَرُبمَا قَالَ إِلَى اللهِ وَإِلَى رَسُولِهِ وَمَنْ تَرَكَ مَالًا فَلِوَرَثَتِهِ وَأَنَا وَارِثُ مَنْ لَا وَارِثَ لَهُ أَعْقِلُ لَهُ وَأَرِثُهُ.

5153 ـ مىقدام كىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئېغىر يۈك تاشلاپ (يەنى قەرز ياكى بالا ـ چاقا قالدۇرۇپ) كەتسە، ئۇ مېنىڭ ئۈستىمگىدۇر (يەنە بىر رىۋايەتتە: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۈستىگىدۇر» دېگەن). كىمكى پۇل ـ مال قالدۇرۇپ كەتسە، مىراسخورلىرى ئالىدۇ. مەن مىراسخورى يوق كىشىنىڭ مىراسخورىمەن، ئۇنىڭ دىيىتىنى تۆلەيمەن ۋە ئۇنىڭدىن مىراس ئالىمەن»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2899)

5154 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ أَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلٌ فَقَالَ إِن عِنْدِي مِيرَاثَ رَجُلٍ مِنْ الْأَزْدِ وَلَسْتُ أَجِدُ أَزْدِيا أَدْفَعُهُ إِلَيْهِ قَالَ اذْهَبْ فَالْتَمِسْ أَزْدِيا حَوْلًا قَالَ فَأَتَاهُ بَعْدَ الْحَوْلِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ لَمْ أَجِدْ أَزْدِيا أَدْفَعُهُ إِلَيْهِ قَالَ فَانْطَلِقْ فَانْظُرْ أَولَ خُزَاعِي تَلْقَاهُ فَادْفَعْهُ إِلَيْهِ فَلَما وَلى قَالَ عَلَي الرجُلَ فَلَما جَاءَهُ قَالَ انْظُرْ كُبْرَ خُزَاعَةَ فَادْفَعْهُ إِلَيْهِ.

5154 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

[1] ئەلبانى (2520): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2519): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

ــ مەندە ئەزد قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنىڭ مىراسى بار ئىدى، ئۇنى بىرەي دېسەم، ئەزد قەبىلىسىلىك بىرەر كىشى تاپالمىدىم، ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەلللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەن بېرىپ، بىر يىلغىچە ئەزدلىك بىرەر ئادەم تاپقىن، ــ دېدى. ئۇ ئادەم بىر يىلدىن كېيىن پەيغەمبەر سەلللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا يەنە كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ھېلىقى مىراسنى بەرگۈدەك ئەزدلىك بىرەر ئادەم تاپالمىدىم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەلللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، ئۇنى خۇزائى قەبىلىسىدىن ساقا تۇنجى بولۇپ ئۇچرىغان بىرىگە بەرگىن! ــ دېدى. ئۇ قايتىپ ماڭغانىدى، پەيغەمبەر سەلللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنى ئالدىمغا چاقىرىپ كېلىڭلار! ــ دېدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەلللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ سەن ئۇبدان قاراپ، ئۇ مىراسنى خۇزائى قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ياشتا ئەڭ چوڭىغا بەرگىن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2903)

5155 - عَنْ ابنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ مَاتَ رَجُلٌ مِنْ خُزَاعَةَ فَأُتِيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمِيرَاثِهِ فَقَالَ الْتَمِسُوا لَهُ وَارِثًا أَوْ ذَا رَحِمٍ فَلَمْ يَجِدُوا لَهُ وَارِثًا وَلَا ذَا رَحِمٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْطُوهُ الْكُبْرَ مِنْ خُزَاعَةَ وَقَالَ يَحْيَى قَدْ سَمِعْتُهُ مَرةً يَقُولُ فِي هَذَا الْحَدِيثِ انْظُرُوا أَكْبَرَ رَجُلٍ مِنْ خُزَاعَةَ.

5155 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ مىراسى پەيغەمبەر سەلللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر سەلللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە:

[1] ئەلبانى (620): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئۇنىڭ بىرەر ۋارىسى ياكى تۇغقىنى بارمۇ، سۈرۈشتە قىلىپ بېقىڭلار! ــ دېدى. ئۇلار سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نە بىرەر ۋارىسىنى، نە بىرەر تۇغقىنىنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنىڭ مىراسىنى خۇزائە قەبىلىسىدىن ياشتا ئەڭ چوڭ كىشىگە بېرىڭلار! ـ دېدى.

يەھيا (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ ھەدىستە يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «خۇزائە قەبىلىسىدىن ياشتا ئەڭ چوڭ ئادەمنى ئىزدەپ تېپىڭلار!» دېگەن سۆزىنىڭ رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2904)

5156 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا أَن مَوْلًى لِلنبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَاتَ وَتَرَكَ شَيْئًا وَلَمْ يَدَعْ وَلَدًا وَلَا حَمِيمًا فَقَالَ النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْطُوا مِيرَاثَهُ رَجُلًا مِنْ أَهْلِ قَرْيَتِهِ.

5156 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ئازادگەردىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن بىر قىسىم پۇل ـ مال قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ نە بىرەر بالىسى، نە بىرەر دوستى يوق ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنىڭ مىراسىنى ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىن بىرەر ئادەمگە بېرىۋېتىڭلار!» دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2902)

5157 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَجُلًا مَاتَ وَلَمْ يَدَعْ وَارِثًا إِلا غُلَامًا لَهُ كَانَ أَعْتَقَهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ لَهُ أَحَدٌ قَالُوا لَا إِلا غُلَامًا لَهُ كَانَ أَعْتَقَهُ فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِيرَاثَهُ لَهُ.

[1] ئەلبانى (621): زەئىپ. ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2522): سەھىھ. ـ دېگەن.

5157 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا مۇنـداق دەيـدۇ: ھـېچ مـىراسخورى يوق بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پەقەت ئازاد قىلىنغۇچى بىر قۇلى بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـــ ئۇنىـــڭ بىـــرەر مـىراســخورى بـــارمىكەن؟ ـــ دەپ ســوراپتىكەن، ساھابىلەر:
ـ ياق، ئۇنىڭ پەقەت ئازاد قىلىنغۇچى بىـر قـۇلى بـار ئىكەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ ئۇنداقتا، ئۇنىڭ مىراسىنى شۇ ئازادگەردىگە بېرىڭلار! ـ دېدى[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 2905)

5158 - عَنْ تَمِيمٍ الدارِي أَنَّهُ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ وَقَالَ يَزِيدُ إِن تَمِيمًا قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ مَا السنةُ فِي الرجُلِ يُسْلِمُ عَلَى يَدَيْ الرجُلِ مِنْ الْمُسْلِمِينَ قَالَ هُوَ أَوْلَى الناسِ بِمَحْيَاهُ وَمَمَاتِهِ.

5158 ـ تەمىـــم دارى رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن مۇنـــداق رىـــۋايەت قىلىنىدۇ: مەن:
ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەمنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولغـان كىشـىنىڭ نـېمە قىلىشـى سـۈننەتتۇر؟ ـــ دەپ ســورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە سەۋەبچى بولغان كىشى ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ماماتىــدىن ئەۋزەلــدۇر (يەنـى ئىســلامغا كىــرگەن كىشــى ئىســلامغا كىرىشــىگە ســەۋەبچى بولغــان كىشــىنى ھەر جەھەتــتە ئۆزىــدىن ئەلا بىلىشــى، ياخشــىلىق قىلىشــى، يېقىنــدىن يادەمــدە بولۇشــى، دۇئــا قىلىشى... كېرەك)، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 2918)

---

[1] ئەلبانى (622): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2532): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

5159 - عَنْ عُقْبَةَ بن عَامِرٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَنْ أَسْلَمَ عَلَى يَدَيْهِ رَجُلٌ وَجَبَتْ لَهُ الْجَنةُ".

5159 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمنىڭ قولىدا بىر ئادەم مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشى ۋاجىپ بولىدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»)

5160 - عن عمر بن الخطاب - رضي الله عنه - قال: «اللقيطُ حُرٌّ، وميراثُه لبيت المال، وكذا السائبة حر، وميراثه لبيت المال».

5160 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: تېپىۋالغان بالا ھۆردۇر، ئۇنىڭ مىراسى دۆلەت خەزىنىسىگە قالىدۇ. شۇنداقلا، ئازادلىقى تامامەن قولىغا بېرىلگەن قۇلمۇ ھۆردۇر، ئۇنىڭ مىراسىمۇ دۆلەت خەزىنىسىگە قالىدۇ.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5161 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقْتَسِمُ وَرَثَتِي دِينَارًا مَا تَرَكْتُ بَعْدَ نَفَقَةِ نِسَائِي وَمُؤْنَةِ عَامِلِي فَهُوَ صَدَقَةٌ.

5161 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ ۋارىسلىرىم مەندىن قالغان پۇل ــ ماللارنى تەقسىم قىلىشالمايدۇ، ئۇ پۇل ـ ماللاردىن ئاياللىرىم ۋە ئورۇنباسارىمنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىدىن ئېشىپ قالغىنى سەدىقىدۇر»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2974)

---

[①] ھەيسەمى (336): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى مۇئاۋىيە نىسابۇرى ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەھيا ئىبنى مۇئىن ئۇنىڭ كاززاب ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2576): سەھىھ ـ دېگەن.

5162 - عن عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن فَاطِمَةَ عَلَيْهَا السلَام ابْنَةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَأَلَتْ أَبَا بَكْرٍ الصديقَ بَعْدَ وَفَاةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ أَنْ يَقْسِمَ لَهَا مِيرَاثَهَا مِما تَرَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِما أَفَاءَ اللهُ عَلَيْـهِ فَقَالَ لَهَا أَبُو بَكْرٍ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا نُورَثُ مَـا تَرَكْنَـا صَـدَقَةٌ فَغَضِبَتْ فَاطِمَةُ بِنْتُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَهَجَرَتْ أَبَا بَكْرٍ فَلَمْ تَزَلْ مُهَاجِرَتَهُ حَتى تُوُفيَتْ وَعَاشَتْ بَعْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سِتةَ أَشْهُرٍ قَالَـتْ وَكَانَـتْ فَاطِمَةُ تَسْأَلُ أَبَا بَكْرٍ نَصِيبَهَا مِما تَرَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ خَيْبَرَ وَفَـدَكٍ وَصَدَقَتَهُ بِالْمَدِينَةِ فَأَبَى أَبُو بَكْرٍ عَلَيْهَا ذَلِكَ وَقَالَ لَسْتُ تَارِكًا شَيْئًا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعْمَلُ بِهِ إِلا عَمِلْتُ بِهِ فَإِني أَخْشَى إِنْ تَرَكْتُ شَيْئًا مِنْ أَمْرِهِ أَنْ أَزِيغَ فَأَمـا صَدَقَتُهُ بِالْمَدِينَةِ فَدَفَعَهَا عُمَرُ إِلَى عَلِي وَعَباسٍ وَأَما خَيْبَرُ وَفَدَكٌ فَأَمْسَكَهَا عُمَرُ وَقَالَ هُمَـا صَدَقَةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَتَا لِحُقُوقِهِ التِي تَعْرُوهُ وَنَوَائِبِهِ وَأَمْرُهُمَا إِلَى مَنْ وَلِيَ الْأَمْرَ قَالَ فَهُمَا عَلَى ذَلِكَ إِلَى الْيَوْمِ.

5162 ـ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قالغان، الله پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ماللاردىن ئۆزىگە تېگىشلىك مىراسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىز مىراس قالدۇرمايمىز، بىزدىن قالغان پۇل ـ ماللار سەدىقىدۇر» دېگەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاتتىق ئاچچىغلاپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاداۋەت تۇتتى. ئۇ ئۇنىڭغا شۇ ئاداۋەت تۇتقىنىچە ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن ئالتە ئاي ياشىغانىدى.

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەيبەردىكى ۋە فەدەكتىكى مال ـ مۈلۈكلىرىدىن، مەدىنىدىكى سەدىقىسىدىن ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىنى تەلەپ قىلغانىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇ تەلىۋىنى رەت قىلدى ۋە:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغان ئىشىدىن بىرەرسىنى تاشلاپ قويۇش مېنىڭ ھەققىم ئەمەس، مەن ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئىجرا قىلىمەن، ئەگەر مەن ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن بىرەرسىنى تاشلاپ قويسام، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشىمدىن قورقىمەن، ـ دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدىنىدىكى سەدىقىسىگە كەلسەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەردى. ئەمما خەيبەر ۋە فەدەكتىكى مال ـ مۈلكىگە كەلسەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى قولىدا چىڭ تۇتتى ۋە:

ــ بۇ ئىككى بايلىق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەدىقىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدىغان ھەق ــ ھوقۇقلارغا ۋە ئېھتىياجلىق يەرلەرگە ئىشلىتىلەتتى، كېيىن ئۇنى ئىشلىتىش خەلىپىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى ۋە بۈگۈنگىچە شۇنداق بولۇپ كەلمەكتە، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3093)

5163 - وفي رواية: فَقَالَ أُبو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا نُورَثُ مَا تَرَكْنا صَدَقَةٌ وَإنمَا يَأْكُلُ آلُ مُحَمدٍ فِي هَذَا الْمَالِ يَعْنِي مَالَ اللهِ لَيسَ لَهُمْ أنْ يَزِيدُوا عَلَى الْمَأْكَلِ.

5163 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىز مىراس قالدۇرمايمىز، بىزدىن قالغان پۇل ـ ماللار سەدىقىدۇر، مۇھەممەدنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتىدىكىلەر بۇ مالدىن (يەنى اللهنىڭ مېلىدىن) يەيدۇ،

ئۆلارنىڭ قورساقىقا چۈشلۈقتىن ئارتۇق ئېلىۋېلىش ھەققى يوق» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2968)

5164 - عَنْ أَبِي الطفَيْلِ قَالَ جَاءَتْ فَاطِمَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا إِلَى أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ تطْلُبُ مِيرَاثَهَا مِنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَقَالَ أَبو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن اللهَ عَز وَجَل إِذَا أَطْعَمَ نَبِيا طُعْمَةً فَهِيَ لِلذِي يَقُومُ مِنْ بَعْدِهِ.

5164 ـ ئەبۇ تۇفەيل مۇنداق دەيدۇ: فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قالغان مىراسىنى تەلەپ قىلغاندى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «اللە تائالا بىرەر پەيغەمبەرگە رىزىق بەرسە، بۇ رىزىق شۇ پەيغەمبەرنىڭ ئورۇنباسارىغا قالىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2973)

5165 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن أَزْوَاجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ تُوُفيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرَدْنَ أَنْ يَبْعَثْنَ عُثْمَانَ إِلَى أَبِي بَكْرٍ يَسْأَلْنَهُ مِيرَاثَهُن فَقَالَتْ عَائِشَةُ أَلَيْسَ قَدْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا نُورَثُ مَا تَرَكْنَا صَدَقَةٌ.

5165 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاياللىرى مىراس تەلەپ قىلىپ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتمەكچى بولغاندى، مەن:

[1] ئەلبانى (2572): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2575): ھەسەن، ـ دېگەن.

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىز مىراس قالدۇرمايمىز، بىزدىن قالغان پۇل ـ ماللار سەدىقىدۇر» دېمىگەنمۇ؟ ـ دېدىم.

(بۇخارى: 6730)

5166 - وفي رواية: قُلْتُ أَلَا تَتقِينَ اللهَ أَلَمْ تَسْمَعْنَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا نُورَثُ مَا تَرَكْنَا فَهُوَ صَدَقَةٌ وَإِنمَا هَذَا الْمَالُ لِآلِ مُحَمدٍ لِنَائِبَتِهِمْ وَلِضَيْفِهِمْ فَإِذَا مُت فَهُوَ إِلَى وَلِي الْأَمْرِ مِنْ بَعْدِي.

5166 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن ئۇ ئاياللارغا:

ـــ سىلەر اللهتىن قورقمامسىلەر؟ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىز مىراس قالدۇرمايمىز، بىزدىن قالغان پۇل ـ ماللار سەدىقىدۇر، بۇ مال مۇھەممەدنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ تاسادىپىي ئېھتىياجلىرى ۋە مېھمانلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، مەن ئۆلۈپ كەتسەم، مەندىن كېيىنكى خەلىپىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ ـ دېدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2976)

5167 - عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ قَالَ مَا تَرَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دِينَارًا وَلَا دِرْهَمًا وَلَا عَبْدًا وَلَا أَمَةً إِلا بَغْلَتَهُ الْبَيْضَاءَ التِي كَانَ يَرْكَبُهَا وَسِلَاحَهُ وَأَرْضًا جَعَلَهَا لِابْنِ السبِيلِ صَدَقَةً.

5167 ـــ ئەمىر ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نە تىللا، نە كۈمۈش، نە قۇل، نە دېدەك قالدۇرمىغان. ئۇ پەقەت ئۆزى مىنىدىغان ئاق قېچىرىنى، قورالىنى ۋە الله يولىغا ئاتاپ سەدىقە قىلىۋەتكەن زېمىنىنى قالدۇرغانىدى.

(بۇخارى: 4461)

[1] ئەلبانى (2578): سەھىھ ـ دېگەن.

5168 - عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ رُفَيْعٍ قَالَ دَخَلْتُ أَنَا وَشَدَّادُ بْنُ مَعْقِلٍ عَلَى ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا فَقَالَ لَهُ شَدَّادُ بْنُ مَعْقِلٍ أَتَرَكَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ شَيْءٍ قَالَ مَا تَرَكَ إِلَّا مَا بَيْنَ الدَّفَّتَيْنِ قَالَ وَدَخَلْنَا عَلَى مُحَمَّدِ بْنِ الْحَنَفِيَّةِ فَسَأَلْنَاهُ فَقَالَ مَا تَرَكَ إِلَّا مَا بَيْنَ الدَّفَّتَيْنِ.

5168 ـ ئابدۇلئەزىز ئىبنى رۇفەيئ مۇنداق دەيدۇ: مەن شەدداد ئىبنى مەئقىل بىلەن بىللە ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا كىرگەنىدىم. شەدداد ئىبنى مەئقىل ئۇنىڭدىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر نەرسە قالدۇرغانمۇ؟

ـ دەپ سورىغانىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئاندىن باشقا ھېچ نەرسە قالدۇرمىغان، ـ دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن، بىز مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىييەنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ بۇ سوئالنى سورىغانىدۇق، ئۇمۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئاندىن باشقا ھېچ نەرسە قالدۇرمىغان، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 5019)

5169 - عَنْ ابْنِ سِيرِينَ قَالَ صَنَعْتُ سَيْفِي عَلَى سَيْفِ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدَبٍ وَزَعَمَ سَمُرَةُ أَنَّهُ صَنَعَ سَيْفَهُ عَلَى سَيْفِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَكَانَ حَنَفِيًّا.

5169 ـ ئىبنى سىيرىن مۇنداق دەيدۇ: مەن قىلىچىمنى سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلىچىغا ئوخشىتىپ ياساتتىم. سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇمۇ قىلىچىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلىچىغا ئوخشىتىپ ياساتقانىكەن. ئۇ، ھەنەفى قىلىچى (يەنى ھەنەفى قەبىلىسىگە مەنسۇپ قىلىچلاردىن) ئىدى[1].

(تىرمىزى: 1683)

[1] ئەلبانى (283): زەئىپ، ـ دېگەن.

5170 - عَنْ جَابِرٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ مَكةَ وَلِوَاؤُهُ أَبْيَضُ.

5170 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىگە كىرگەن چاغدىكى تۇغى ئاق ئىدى[①].

(تىرمىزى: 1679)

5171 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَتْ رَايَةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَوْدَاءَ وَلِوَاؤُهُ أَبْيَضَ.

5171 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بايرىقى قارا، تۇغى ئاق ئىدى[②].

(تىرمىزى: 1681)

5172 - عَنْ سِمَاكٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ قَوْمِهِ عَنْ آخَرَ مِنْهُمْ قَالَ رَأَيْتُ رَايَةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَفْرَاءَ.

5172 ـ سىماك ئۆزىنىڭ قەۋمىگە تەۋە بىر ئادەمدىن يەنە شۇلارغا تەۋە يەنە بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بايرىقىنىڭ سېرىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 2593)

5173 - عن يُونُسُ بْنُ عُبَيْدٍ مَوْلَى مُحَمدِ بْنِ الْقَاسِمِ قَالَ بَعَثَنِي مُحَمدُ بْنُ الْقَاسِمِ إِلَى الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ أَسْأَلُهُ عَنْ رَايَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ كَانَتْ سَوْدَاءَ مُرَبعَةً مِنْ نَمِرَةٍ.

---

[①] ئەلبانى (1372): ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1374): ھەسەن، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (557): زەئىپ، ـ دېگەن.

5173 ـ مۇھەممەد ئىبنى قاسىمنىڭ ئازادگەردىسى يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئىبنى قاسىم مېنى بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بايرىقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سورىغىلى ئەۋەتكەنىدى. بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنىڭ بايرىقىنىڭ رەڭگى قارا، شەكلى تۆت چاسا بولۇپ، تۇن تىكىلىدىغان ئاق ـ قارا سىزىقلىق رەختتىن قىلىنغانىدى، ــ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 1680)

5174 - عَنْ عَاصِمٍ الْأَحْوَلِ قَالَ رَأَيْتُ قَدَحَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِنْدَ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ وَكَانَ قَدْ انْصَدَعَ فَسَلْسَلَهُ بِفِضةٍ قَالَ وَهُوَ قَدَحٌ جَيدٌ عَرِيضٌ مِنْ نُضَارٍ قَالَ قَالَ أَنسٌ لَقَدْ سَقَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي هَذَا الْقَدَحِ أَكْثَرَ مِنْ كَذَا وَكَذَا قَالَ وَقَالَ ابْنُ سِيرِينَ إِنهُ كَانَ فِيهِ حَلْقَةٌ مِنْ حَدِيدٍ فَأَرَادَ أَنسٌ أَنْ يَجْعَلَ مَكَانَهَا حَلْقَةً مِنْ ذَهَبٍ أَوْ فِضةٍ فَقَالَ لَهُ أَبُو طَلْحَةَ لَا تُغَيرَن شَيْئًا صَنَعَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَرَكَهُ.

5174 ـ ئاسىم ئەھۋەل مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئايىقىنى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا كۆرگەنىدىم. ئۇ ئاياق يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۈمۈش بىلەن قادىۋالغانىكەن. ئۇ ئاياق ساپ ياغاچتىن كەڭ قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن بۇ ئاياقتا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نۇرغۇن قېتىم سۇ بەرگەنىدىم، ــ دېدى. ئىبنى سىيرىن مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئاياقنىڭ تۆمۈر ھالقىسى بار ئىدى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئورنىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا بېكىتمەكچى بولۇۋىدى، ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

[1] ئەلبانى (1373): سەھىھ ـ دېگەن.

ــــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياساتقان نەرسىسىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتمىگىن، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا چېقىلمىدى.

(بۇخارى: 5638)

5175 - عن أبي بردة اj سلمي - رضي الله عنه - قال: قال Б عبدُ الله بن سلام: «ألا أسْقِيكَ في قدح شَرِبَ فيه النF - صلى الله عليه وسلم- Ý قال: فاتبعْتُهُ إБ بيتِـه، وسقاO في قدح، وأطعمt فيه سَويقا، فقال: صَل في هذا اtسجد، فقد صلى فيه رسـولُ الله -صلى الله عليه وسلم-».

5175 ـ ئەبۇ بۇردە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ماڭا:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ ئىچكەن ئاياقتا ساڭا سۇ بېرەيمۇ؟ ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيىگە باردىم. ئۇ ماڭا بىر ئاياقتا سۇ بەردى، كېيىن ئۇنىڭدا تالقان بەردى، ئاندىن

ــــ بۇ مەسجىدتە ناماز ئوقۇغىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇغانىدى، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5176 - عن سَهْلِ بن سعد قَالَ كَانَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حَائِطِنَا فَرَسٌ يُقَالُ لَهُ اللحَيْفُ قَالَ أَبو عَبْد اللهِ وَقَالَ بَعْضُهُمُ اللخَيْفُ.

5176 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ بېغىمىزدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ "لۇھەيف" ئىسىملىك بىر ئېتى بار ئىدى. ئەبۇ ئابدۇللاھنىڭ ئېيتىشىچە، بەزىلەر:

ــ ئۇ ئاتنىڭ ئىسمى "لۇخەيف" ئىدى، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 2855)

# جازا ئىجرا قىلىش بۆلۈمى

## جازانى ئىجرا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇنى ئىناۋەتسىز قىلىش، گۇناھىنى تىلىۋېلىش، ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىش قاتارلىقلار

5177 - عن أبي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَدٌ يُعْمَلُ بِهِ فِي الْأَرْضِ خَيْرٌ لِأَهْلِ الْأَرْضِ مِنْ أَنْ يُمْطَرُوا ثَلَاثِينَ صَبَاحًا.

5177 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يەر يۈزىدە جازا ئىجرا قىلىش زېمىن ئەھلى ئۈچۈن ئۇلارغا 30 كۈن تاش ياغقاندىن ياخشىدۇر»[1].

(نەسائى: 4905)

5178 - وفي رواية: أَرْبَعِينَ لَيْلَةً.

5178 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «40 كۈن» دېگەن[2].

(نەسائى: 4905)

5179 - عن النُعْمَانَ بْنَ بَشِيرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَثَلُ الْقَائِمِ عَلَى حُدُودِ اللهِ وَالْوَاقِعِ فِيهَا كَمَثَلِ قَوْمٍ اسْتَهَمُوا عَلَى سَفِينَةٍ فَأَصَابَ بَعْضُهُمْ أَعْلَاهَا وَبَعْضُهُمْ أَسْفَلَهَا فَكَانَ الذِينَ فِي أَسْفَلِهَا إِذَا اسْتَقَوْا مِنْ الْمَاءِ مَروا عَلَى مَنْ فَوْقَهُمْ

[1] ئەلبانى (4554): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4555): ھەسەن، ـ دېگەن.

فَقَالُوا لَوْ أنا خَرَقْنا فِي نَصِيبِنَا خَرْقًا وَلَمْ نُؤْذِ مَنْ فَوْقَنا فَإِنْ يَتْرُكُوهُمْ وَمَا أَرَادُوا هَلَكُوا جَمِيعًا وَإِنْ أَخَذُوا عَلَى أَيْدِيهِمْ نَجَوْا وَنَجَوْا جَمِيعًا.

5179 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى (يەنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسقۇچى) بىلەن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ مىسالى شۇنداق بىر ئادەملەرنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇكى، ئۇلار كېمىگە چىقىش ئۈچۈن چەك تاشلايدۇ، نەتىجىدە بەزىلەرگە كېمىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان چەك چىقسا، يەنە بەزىلەرگە تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان چەك چىقىدۇ. تۆۋەن تەرەپتە ئولتۇرغانلار ئۇسسىغاندا ئۈستى تەرەپتە ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ ۋە:

ـ ئەگەر بىز پەستىن كېمىنى تېشىپ، سۇنى شۇ يەردىن ئالغان بولساق ئىدۇق، ئۈستى تەرىپىمىزدە ئولتۇرغانلارغا ئەزىيەت بەرمىگەن بولاتتۇق، ـ دەيدۇ. ناۋادا ئۈستى تەرەپتە ئولتۇرغانلار ئۇلارنى قىلماقچى بولغان ئىشىدىن توسمىسا، ھەممىسى بىراقلا سۇغا غەرق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۈستى تەرەپتە ئولتۇرغانلار تۆۋەن تەرەپتە ئولتۇرغانلارنىڭ قوللىرىنى تۇتىۋالسا، ئۇلارمۇ، بۇلارمۇ سۇغا غەرق بولۇشتىن بىرگە قۇتۇلۇپ قالىدۇ».

(بۇخارى: 2493)

5180 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ أن رَجُلًا اعْتَرَفَ عَلَى نَفْسِهِ بِالزنا عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَعَا لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِسَوْطٍ فَأُتِيَ بِسَوْطٍ مَكْسُورٍ فَقَالَ فَوْقَ هَذَا فَأُتِيَ بِسَوْطٍ جَدِيدٍ لَمْ تُقْطَعْ ثَمَرَتُهُ فَقَالَ دُونَ هَذَا فَأُتِيَ بِسَوْطٍ قَدْ رُكِبَ بِهِ وَلَانَ فَأَمَرَ بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجُلِدَ ثُم قَالَ أَيهَا الناسُ قَدْ آنَ لَكُمْ أَنْ تَنْتَهُوا عَنْ حُدُودِ اللهِ مَنْ أَصَابَ مِنْ هَذِهِ الْقَاذُورَاتِ شَيْئًا فَلْيَسْتَتِرْ بِسِتْرِ اللهِ فَإِنهُ مَنْ يُبْدِي لَنا صَفْحَتَهُ نُقِمْ عَلَيْهِ كِتَابَ اللهِ.

5180 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىر ئادەم زىنا قىلغانلىقىنى ئۆزلىكىدىن ئىقرار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۇرۇش ئۈچۈن قامچا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغانىدى، ئۇپراپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن بىر قامچا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇنىڭدىن ياخشىراق قامچا كەلتۈرۈلسۇن! ــ دېگەنىدى، ئۆرۈمىلىرى ھېچ ئۈزۈلمىگەن يېپيېڭى بىر قامچا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇنىڭدىن سەل ياخشىراق قامچا كەلتۈرۈلسۇن! ــ دېگەنىدى، ئۇلاغقا ئىشلىتىلىپ، خېلى يۇمشاپ قالغان بىر قامچا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ قامچا بىلەن ھېلىقى ئادەمنى ئۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغانىدى، ئۇ ئادەمگە دەررە ئۇرۇلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى خالايىق! الله چەكلىگەن ئىشلاردىن يانىدىغان ۋاقتىڭلار يېتىپ كەلدى، كىمكى بۇ مەينەت ئىشلاردىن بىرىنى قىلىپ سالسا، اللهنىڭ يوشۇرۇشى بىلەن يوشۇرسۇن. كىمكى بىزگە گۇناھىنى ئاشكارىلىسا، بىز ئۇنىڭغا اللهنىڭ كىتابى بويىچە جازا ئىجرا قىلىمىز، ــ دېدى.

(مالىك: 1562)

5181 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ادْرَءُوا الْحُدُودَ عَنْ الْمُسْلِمِينَ مَا اسْتَطَعْتُمْ فَإِنْ كَانَ لَهُ مَخْرَجٌ فَخَلوا سَبِيلَهُ فَإِن الْإِمَامَ أَنْ يُخْطِئَ فِي الْعَفْوِ خَيْرٌ مِنْ أَنْ يُخْطِئَ فِي الْعُقُوبَةِ.

5181 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمانلارغا ئامالىنىڭ بارىچە جازا ئىجرا قىلماڭلار، ئەگەر جازانى ئىجرا قىلماسلىققا يول تېپىلسا، گۇناھكارنى قويۇۋېتىڭلار.

خەلىپىنىڭ گۇناھكارنى ئەپۇ قىلىشتا خاتالاشقىنى ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلىشتا خاتالاشقىنىدىن ياخشىدۇر»[1].

(تىرمىزى: 1424)

5182 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَقِيلُوا ذَوِي الْهَيْئَاتِ عَثَرَاتِهِمْ إِلا الْحُدُودَ.

5182 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاراڭلاردىكى ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ جازا كېلىدىغان خاتالىقلىرىدىن باشقا خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4375)

5183 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ تَعَافَوْا الْحُدُودَ فِيمَا بَيْنَكُمْ فَمَا بَلَغَنِي مِنْ حَد فَقَدْ وَجَبَ.

5183 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاراڭلاردىكى جازا ئىجرا قىلىنىدىغان جىنايەتلەرنى ئۆزئارا ئەپۇ قىلىڭلار. ئەمما مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن جازانى ئىجرا قىلىش ۋاجىپ بولۇپ قالىدۇ»[3].

(نەسائى: 4886)

5184 - عَنْ يَزِيدَ بْنِ نُعَيْمٍ عَنْ أَبِيهِ أَن مَاعِزًا أَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَقَر عِنْدَهُ أَرْبَعَ مَراتٍ فَأَمَرَ بِرَجْمِهِ وَقَالَ لِهَزالٍ لَوْ سَتَرْتَهُ بِثَوْبِكَ كَانَ خَيْرًا لَكَ حَدثَنَا مُحَمدُ بْنُ عُبَيْدٍ حَدثَنَا حَمادُ بْنُ زَيْدٍ حَدثَنَا يَحْيَى عَنْ ابْنِ الْمُنْكَدِرِ أَنْ هَزالًا أَمَرَ مَاعِزًا أَنْ يَأْتِيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيُخْبِرَهُ.

5184 ـ يەزىد ئىبنى نۇئەيم دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

[1] ئەلبانى (237): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3679): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (4539): ھەسەن، ـ دېگەن.

رىۋايەت قىلىدۇ: مائىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى تۆت قېتىم ئىقرار قىلغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چالما - كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە ھەززالغا:

ـ ئۇنى كىيىمىڭ بىلەن چۈمكىۋالساڭ، بۇ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر، ـ دېدى. ئەسلىدە ھەززال مائىزنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، زىنا قىلغانلىقىنى ئېيتىشقا بۇيرۇغانىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4377)

5185 - عَنْ يَحْيَى بْنِ رَاشِدٍ قَالَ جَلَسْنَا لِعَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ فَخَرَجَ إِلَيْنَا فَجَلَسَ فَقَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ حَالَتْ شَفَاعَتُهُ دُونَ حَدٍّ مِنْ حُدُودِ اللهِ فَقَدْ ضَادَّ اللهَ وَمَنْ خَاصَمَ فِي بَاطِلٍ وَهُوَ يَعْلَمُهُ لَمْ يَزَلْ فِي سَخَطِ اللهِ حَتى يَنْزِعَ عَنْهُ وَمَنْ قَالَ فِي مُؤْمِنٍ مَا لَيْسَ فِيهِ أَسْكَنَهُ اللهُ رَدْغَةَ الْخَبَالِ حَتى يَخْرُجَ مِما قَالَ.

5185 ـ يەھيا ئىبنى راشىد مۇنداق دەيدۇ: بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ساقلاپ ئولتۇراتتۇق. ئۇ يېنىمىزغا چىقىپ ئولتۇردى ۋە مۇنداق دېدى:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمنىڭ شاپائىتى الله بېكىتكەن جازالاردىن ئۇنىڭغا كەلگەن بىرەر جازانى ئىجرا قىلىشنى توسۇپ قالىدىكەن، اللهنىڭ ئەمرىگە قارشى چىققان بولىدۇ. كىمكى بىر ناھەق ئىشتا ئۇنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ جېدەللىشىدىكەن، ئۇنىڭدىن قولىنى تارتمىغىچە اللهنىڭ غەزىپى ئىچىدە بولىدۇ. كىمكى بىر مۇئمىننى ئۇنىڭدا يوق نەرسە بىلەن قارىلايدىكەن، ئۇنى قارىلاشتىن تەلتۆكۈس قۇتۇلمىغىچە (يەنى تەۋبە قىلمىغۇچە ياكى شۇ مۇئمىن بىلەن ھالاللاشمىغىچە) الله ئۇنى

[①] ئەلبانى (940 ۋە 941): زەئىپ، ـ دېگەن.

جەھەننەمنىڭ قان ـ يىرىڭلاردىن پەيدا بولغان پاتقاقلىرىغا پاتتۇرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3597)

5186 - عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ أَبِي عَبْدِ الرَّحْمَنِ أَنَّ الزُّبَيْرَ بْنَ الْعَوَّامِ لَقِيَ رَجُلًا قَدْ أَخَذَ سَارِقًا وَهُوَ يُرِيدُ أَنْ يَذْهَبَ بِهِ إِلَى السُّلْطَانِ فَشَفَعَ لَهُ الزُّبَيْرُ لِيُرْسِلَهُ فَقَالَ لَا حَتَّى أَبْلُغَ بِهِ السُّلْطَانَ فَقَالَ الزُّبَيْرُ إِذَا بَلَغْتَ بِهِ السُّلْطَانَ فَلَعَنَ اللَّهُ الشَّافِعَ وَالْمُشَفِّعَ.

5186 ـ رەبىيئە ئىبنى ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئوغرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭغان بىر ئادەمگە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن ئوغرىنى قويۇۋېتىشنى تىلىۋالغانىدى، ئۇ ئادەم:

ـ ياق، مەن بۇنى خەلىپىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارمىسام بولمايدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ ئەگەر ئۇنى خەلىپىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارساڭ، الله ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگۈچى بىلەن تىلىۋالغۇچى ئىككىسىگە لەنەت قىلىدۇ، ـ دېدى.

(مالىك: 1580)

5187 - عَنْ صَفْوَانَ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ صَفْوَانَ أَنَّ صَفْوَانَ بْنَ أُمَيَّةَ قِيلَ لَهُ إِنَّهُ مَنْ لَمْ يُهَاجِرْ هَلَكَ فَقَدِمَ صَفْوَانُ بْنُ أُمَيَّةَ الْمَدِينَةَ فَنَامَ فِي الْمَسْجِدِ وَتَوَسَّدَ رِدَاءَهُ فَجَاءَ سَارِقٌ فَأَخَذَ رِدَاءَهُ فَأَخَذَ صَفْوَانُ السَّارِقَ فَجَاءَ بِهِ إِلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَمَرَ بِهِ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ تُقْطَعَ يَدُهُ فَقَالَ لَهُ صَفْوَانُ إِنِّي لَمْ أُرِدْ هَذَا يَا رَسُولَ اللَّهِ هُوَ عَلَيْهِ صَدَقَةٌ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَهَلَّا قَبْلَ أَنْ تَأْتِيَنِي بِهِ.

5187 ـ سەفۋان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى سەفۋان مۇنداق دەيدۇ: سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ ھىجرەت قىلمىغان كىشى زىيانكار بولىدۇ، ـ دېيىلگەنىدى، ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئۇ مەدىنىگە كەلگەندىن

[1] ئەلبانى (3066): سەھىھ ـ دېگەن.

كېيىن، مەسجىدكە كىرىپ، تونىنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلىدى. شۇ ئەسنادا بىر ئوغرى كېلىپ، ئۇنىڭ تونىنى ئالغانىدى، سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇغانىدى، سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇنداق بولۇشىنى كۆتمىگەنىدىم، ئۇ تون ئۇنىڭغا سەدىقە بولۇپ كەتسۇن، ـ دېدى. بىراق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇن شۇنداق قىلساڭ بولماسمىدى؟ ـ دېدى.

(مالىك: 1579)

5188 - عن أبي بُرْدَةَ الْأَنصَارِي قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَجْلِدُوا فَوْقَ عَشْرَةِ أَسْوَاطٍ إلا فِي حَد مِنْ حُدُودِ اللهِ.

5188 ـ ئەبۇ بۇردە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «اﷲ بەلگىلىگەن جازالاردىن بىرەرسى بولمىسىلا، بىرىنى جازالىغاندا ئون دەررىدىن ئارتۇق ئۇرماڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(بۇخارى: 6850)

5189 - عن عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ جَابِرٍ عَمنْ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا عُقُوبَةَ فَوْقَ عَشْرِ ضَرَبَاتٍ إلا فِي حَد مِنْ حُدُودِ اللهِ.

5189 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى جابىر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىرىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اﷲ بەلگىلىگەن جازالاردىن بىرەرسى بولمىسىلا، بىرىنى جازالىغاندا ئون دەررىدىن ئارتۇق ئۇرۇشقا بولمايدۇ».

(بۇخارى: 6849)

5190 - عَنْ عَلِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَصَابَ حَـدا فَعُجِـلَ عُقُوبَتُهُ فِي الدنْيَا فَاللهُ أَعْدَلُ مِنْ أَنْ يُثَنيَ عَلَى عَبْدِهِ الْعُقُوبَةَ فِي الْآخِرَةِ وَمَنْ أَصَابَ حَـدا فَسَتَرَهُ اللهُ عَلَيْهِ وَعَفَا عَنْهُ فَاللهُ أَكْرَمُ مِنْ أَنْ يَعُودَ إِلَى شَيْءٍ قَدْ عَفَا عَنْهُ.

5190 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جازا كېلىدىغان بىرەر جىنايەتنى قىلىپ سېلىپ، ئۇنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا تارتىدىكەن، الله بەندىسىنى ئاخىرەتتە ئىككىنچى قېتىم جازالاشتىن ئادىلدۇر. كىمكى جازا كېلىدىغان بىرەر جىنايەتنى قىلغاندىن كېيىن، الله ئۇنىڭ گۇناھىنى ياپسا ۋە ئۇنى ئەپۇ قىلسا، الله ئەپۇ قىلىۋەتكەن نەرسىگە قايتا ھۆكۈم قىلىشتىن ئۇلۇغدۇر»[1].

(تىرمىزى: 2626)

[1] ئەلبانى (491): زەئىپ، ـ دېگەن.

## ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ گۇناھى، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى يوللۇق قىلىدىغان ئامىللار ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش

5191 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ لَنْ يَزَالَ الْمُؤْمِنُ فِي فُسْحَةٍ مِنْ دِينِهِ مَا لَمْ يُصِبْ دَمًا حَرَامًا.

5191 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىن ئادەم ھارام قان تۆكمىگەنلا بولسا، دىنىي ئىشلىرىدا ھەمىشە كەڭچىلىك ئىچىدە بولىدۇ».

(بۇخارى: 6862)

5192- عن أبي الدرْدَاءِ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يَقُولُ كُلُّ ذَنبٍ عَسَى اللهُ أَنْ يَغْفِرَهُ إِلا مَنْ مَاتَ مُشْرِكًا أَوْ مُؤْمِنٌ قَتلَ مُؤْمِنًا مُتَعَمدًا.

5192 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «الله ھەرقانداق گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدۇ، پەقەت مۇشرىك ھالەتتە ئۆلگەن كىشىنى ياكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇئمىننىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4270)

5193 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ أَنهُ سَمِعَهُ يُحَدثُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ مَنْ قَتلَ مُؤْمِنًا فَاعْتَبطَ بِقَتْلِهِ لَمْ يَقْبَلْ اللهُ مِنْهُ صَرْفًا وَلَا عَدْلًا.

[1] ئەلبانى (3588): سەھىھ ـ دېگەن.

5193 ــ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى بىر مۇئمىننى ناھەق ئۆلتۈرىۋەتسە، الله ئۇنىڭ نە پەرز ئەمەلىنى، نە نەپلە ئەمەلىنى قوبۇل قىلمايدۇ»[①].
(ئەبۇ داۋۇد: 4270)

5194 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَتْلُ الْمُؤْمِنِ أَعْظَمُ عِنْدَ اللهِ مِنْ زَوَالِ الدنْيَا.

5194 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:
«بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرۈش اللەنىڭ دەرگاھىدا پۈتۈن دۇنيانى يوق قىلىۋەتكەندىنمۇ چوڭ گۇناھتۇر»[②].
(نەسائى: 3990)

5195 - عن أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي وأبِي هُرَيْرَةَ يَذْكُرَان عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَوْ أن أَهْلَ السمَاءِ وَأَهْلَ الْأَرْضِ اشْتَرَكُوا فِي دَمِ مُؤْمِنٍ لَأَكَبهُمْ اللهُ فِي النارِ.

5195 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«بىر مۇئمىننىڭ قېنىنى تۆكۈشكە پۈتۈن ئاسمان ئەھلى بىلەن زېمىن ئەھلى شېرىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دوزاخقا دۈم چۈشۈرگەن بولاتتى»[③].
(تىرمىزى: 1398)

5196 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْإِيمَانُ قَيدَ الْفَتْكَ لَا يَفْتِكُ مُؤْمِنٌ.

---
[①] ئەلبانى (3589): سەھىھ ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (3725): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.
[③] ئەلبانى (1128): سەھىھ ـ دېگەن.

5196 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىمان ئالداپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خاتىمە بەرگەن بولۇپ، مۇئمىن ئالداپ ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2769)

5197 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيسَ مِنْ نَفْسٍ تُقْتَلُ ظُلْمًا إلا كَانَ عَلَى ابْنِ آدَمَ الأَولِ كِفْلٌ مِنْهَا وَرُبمَا قَالَ سُفْيَانُ مِنْ دَمِهَا لِأَنهُ أَولُ مَنْ سَن الْقَتْلَ أَولًا.

5197 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر ئادەم ناھەق ئۆلتۈرۈلسە، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئادەم ئۆلتۈرگەن ئوغلىغا بىر كىشىلىك گۇناھ يۈكلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنى تۇنجى بولۇپ باشلاپ بەرگەن كىشىدۇر».

(بۇخارى: 7321)

5198 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَجِيءُ الرجُلُ آخِذًا بِيَدِ الرجُلِ فَيَقُولُ يَا رَب هَذَا قَتَلَنِي فَيَقُولُ اللهُ لَهُ لِمَ قَتَلْتَهُ فَيَقُولُ قَتَلْتُهُ لِتَكُونَ الْعِزةُ لَكَ فَيَقُولُ فَإِنهَا لِي وَيَجِيءُ الرجُلُ آخِذًا بِيَدِ الرجُلِ فَيَقُولُ إِن هَذَا قَتَلَنِي فَيَقُولُ اللهُ لَهُ لِمَ قَتَلْتَهُ فَيَقُولُ لِتَكُونَ الْعِزةُ لِفُلَانٍ فَيَقُولُ إِنهَا لَيسَتْ لِفُلَانٍ فَيَبُوءُ بِإِثْمِهِ.

5198 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

ـــ (قىيامەت كۈنى) بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە كېلىپ:

ـ ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ ئادەم مېنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇنىڭدىن:

[1] ئەلبانى (2407): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ؟ ـ دەپ سورىسا، ئۇ:

ـــ ئى الله! يۈتۈن ئىززەتنىڭ ساڭا مەنسۇپ بولۇشى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتتىم، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن الله:

ـــ يۈتۈن ئىززەت ھەقىقەتەن ماڭا مەنسۇپتۇر، ـــ دەيدۇ. ئۇنىدىن كېيىن، يەنە بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە كېلىپ:

ـــ ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ ئادەم مېنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ـــ دەيدۇ. الله ئۇنىڭدىن:

ـ بۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ؟ ـ دەپ سورىسا، ئۇ:

ـ يۈتۈن ئىززەتنىڭ پالانىغا مەنسۇپ بولۇشى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتتىم، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن الله:

ـ ئىززەت ھەرگىزمۇ پالانىغا مەنسۇپ ئەمەس، ـــ دەيدۇ. نەتىجىدە، قاتىل قاتىللىق گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىدۇ[1].

(نەسائى: 3997)

5199 - عَنْ الْمِقْدَادَ بْنَ عَمْرٍو الْكِنْدِي أَنَّهُ قَالَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرَأَيْتَ إِنْ لَقِيتُ رَجُلًا مِنْ الْكُفارِ فَاقْتَتَلْنَا فَضَرَبَ إِحْدَى يَدَي بِالسَّيْفِ فَقَطَعَهَا ثُم لَاذَ مِني بِشَجَرَةٍ فَقَالَ أَسْلَمْتُ لِلهِ أَأَقْتُلُهُ يَا رَسُولَ اللهِ بَعْدَ أَنْ قَالَهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَقْتُلْهُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِنهُ قَطَعَ إِحْدَى يَدَي ثُم قَالَ ذَلِكَ بَعْدَ مَا قَطَعَهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَقْتُلْهُ فَإِنْ قَتَلْتَهُ فَإِنهُ بِمَنْزِلَتِكَ قَبْلَ أَنْ تَقْتُلَهُ وَإِنكَ بِمَنْزِلَتِهِ قَبْلَ أَنْ يَقُولَ كَلِمَتَهُ التِي قَالَ.

5199 ـ مىقداد ئىبنى ئەمىر كىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئېيتىپ باققىنچۇ؟ ناۋادا مەن كاپىرلاردىن بىرەر ئادەمگە ئۇچراپ قېلىپ، ئىككىمىز ئۇرۇشۇپ قالساق، ئۇ بىر قولۇمنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۈزۈۋېتىپ، ئاندىن بىر توپ دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋېلىپ: "اللهقا تەسلىم بولدۇم" دېسە، ئۇ بۇ سۆزنى قىلغاندىن

---

[1] ئەلبانى (3732): سەھىھ ـ دېگەن.

كېيىنمۇ مەن ئۇنى ئۆلتۈرەمدىمەن؟ ــ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنى ئۆلتۈرمەيسەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ بىر قولۇمنى چېپىۋەتكەندىن كېيىن، شۇنداق دېسىچۇ؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنى ئۆلتۈرمەيسەن. ئەگەر سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، ئۇ سېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇنقى ئورنىڭغا چۈشىدۇ. سەن ئۇنىڭ ئۇ سۆزنى قىلىشتىن بۇرۇنقى ئورنىغا چۈشۈپ قالىسەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4019)

5200 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: لا يَقِفَن أَحَدُكُمْ مَوْقِفًا يُقْتَلُ فِيهِ رَجُلٌ ظُلْمًا، فَإِن اللعْنَةَ تَنْزِلُ عَلَى مَنْ حَضَرَ حِينَ لَمْ يَدْفَعُوا عَنْهُ، وَلا يَقِفَن أَحَدٌ مِنْكُمْ مَوْقِفًا يُضْرَبُ فِيهِ أَحَدٌ ظُلْمًا، فَإِن اللعْنَةَ تَنْزِلُ عَلَى مَنْ حَضَرَهُ حِينَ لَمْ يَدْفَعُوا عَنْهُ.

5200 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن ھېچكىم بىر ئادەم ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىغان يەردە تۇرمىسۇن! چۈنكى ئۇ يەرگە ھازىر بولغانلار ئۇنى مۇداپىئە قىلمىغان تەقدىردە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە لەنەت چۈشىدۇ. سىلەردىن ھېچكىم بىر ئادەم ناھەق ئۇرۇلىدىغان يەردە تۇرمىسۇن! چۈنكى ئۇ يەرگە ھازىر بولغانلار ئۇنى مۇداپىئە قىلمىغان تەقدىردە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە لەنەت چۈشىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 11675)

[1] ھەيسەمى (10710): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەسەد ئىبنى ئەتا ئىسمىلىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ۋە بىر قىسىم ئۆلىمالار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىمام ئەھمەد ۋە يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

5201 - عَنْ فُرَاتِ بْنِ حَيانَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ بِقَتْلِهِ وَكَانَ عَيْنًا لِأَبِي سُفْيَانَ وَكَانَ حَلِيفًا لِرَجُلٍ مِنْ الْأَنصَارِ فَمَر بِحَلَقَةٍ مِنْ الْأَنصَارِ فَقَالَ إني مُسْلِمٌ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ يَا رَسُولَ اللهِ إنهُ يَقُولُ إنى مُسْلِمٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن مِنْكُمْ رِجَالًا نَكِلُهُمْ إلَى إيمَانِهِمْ مِنْهُمْ فُرَاتُ بْنُ حَيانَ.

5201 ـ فۇرات ئىبنى ھەييان ئەبۇ سۇفياننىڭ ئىشپىيونلىقىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چىقاردى. فۇرات ئىبنى ھەييان ئەنسارىلاردىن بىر ئادەمنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ ھالقىسىمان شەكىلدە ئولتۇرغان ئەنسارىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ مەن مۇسۇلمان بولدۇم، ـ دېگەنىدى، ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! فۇرات ئىبنى ھەييان ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەردىن بىر مۇنچە كىشىلەر باركى، بىز ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئىمانىغا تاپشۇرىمىز، فۇرات ئىبنى ھەييان شۇلاردىن بىرىدۇر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2652)

5202 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَحِل دَمُ امْرِئٍ مُسْلِمٍ يَشْهَدُ أَنْ لَا إلَهَ إلا اللهُ وَأَني رَسُولُ اللهِ إلا بِإِحْدَى ثَلَاثٍ الثيبُ الزانِي وَالنفْسُ بِالنفْسِ وَالتارِكُ لِدِينِهِ الْمُفَارِقُ لِلْجَمَاعَةِ.

5202 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مېنىڭ اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال ئەمەس، پەقەت توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ۋە دىنىنى

[1] ئەلبانى (2310): سەھىھ ـ دېگەن.

تاشلاپ، مۇسۇلمان جامائىتىدىن ئايرىلغان كىشىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال».

(مۇسلىم: 1676)

5203 - عَنْ مَرْثَدِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْقَاتِلِ وَالْآمِرِ قَالَ قُسمَتْ النارُ سَبْعِينَ جُزْءًا فَلِلْآمِرِ تِسْعٌ وَسِتونَ وَلِلْقَاتِلِ جُزْءٌ وَحَسْبُهُ.

5203 ـ مەرسەد ئىبنى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئادەم ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغۇچىنىڭ گۇناھى ھەققىدە سورالغانىدى: «دوزاخ ئوتى 70 ھەسسىگە تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغۇچىغا 69 ھەسسىسى، قاتىلغا پەقەت بىر ھەسسىسى تەقسىم بولىدۇ» دېدى.

(ئەھمەد: 22557)

5204 - عن أŷ الدرداء عن النF صلى الله صلى الله عليه وسلم قال يؤتى بالقاتل واȘقتول يوم القيامة فيقول أي رب سل هذا فيم قتلƗ فيقول أي رب أمرb هذا فيؤخـذ بأيديهما Pيعا فيقذفان في النار.

5204 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى ئادەم ئۆلتۈرگۈچى بىلەن ئۆلتۈرۈلگۈچى كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئۆلتۈرۈلگۈچى:

ـ ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ ئادەمدىن سوراپ باققىن، ئۇ مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرۈپتۇ؟ ـ دەيدۇ. قاتىل:

ـــ ئــى پەرۋەردىگــارىم! بــۇ ئــادەم مېنــى (ئــۆزىنى) ئۆلتــۈرۈشــكە بۇيرۇغانــدى، ــ دەيــدۇ. شــۇنىــڭ بىــلەن، ھەر ئىككىلىسى قوللىرىــدىن تۇتۇلۇپ، دوزاخقا بىرگە تاشلىنىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»)

5205 - عَنْ قَابُوسَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ح و أَخْبَرَنِي عَلِيُّ بْنُ مُحَمدِ بْنِ عَلِيٍّ قَالَ حَدثَنَا خَلَفُ بْنُ تَمِيمٍ قَالَ حَدثَنَا أَبُو الْأَحْوَصِ قَالَ حَدثَنَا سِمَاكُ بْنُ حَرْبٍ عَنْ قَابُوسَ بْنِ مُخَارِقٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ وَسَمِعْتُ سُفْيَانَ الثوْرِي يُحَدثُ بِهَذَا الْحَدِيثِ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ الرجُلُ يَأْتِينِي فَيُرِيدُ مَالِي قَالَ ذَكرْهُ بِاللهِ قَالَ فَإِنْ لَمْ يَذكرْ قَالَ فَاسْتَعِنْ عَلَيْهِ مَنْ حَوْلَكَ مِنْ الْمُسْلِمِينَ قَالَ فَإِنْ لَمْ يَكُنْ حَوْلِي أَحَدٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ قَالَ فَاسْتَعِنْ عَلَيْهِ بِالسلْطَانِ قَالَ فَإِنْ نَأَى السلْطَانُ عَني قَالَ قَاتِلْ دُونَ مَالِكَ حَتى تَكُونَ مِنْ شُهَدَاءِ الْآخِرَةِ أَوْ تَمْنَعَ مَالَكَ.

5205 ـ قابۇس ئىبنى مۇخارىق دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ بىراۋ پۇل ـ مېلىمنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ كەلسە (مەن قانداق قىلىمەن)؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنىڭغا اللهنى ئەسلەتكىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ـ ئەگەر ئۇ اللهتىن قورقمىسىچۇ؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەتراپىڭدىكى مۇسۇلمانلاردىن ياردەم ئالغىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ـــ ئەتراپىمدا بىرمۇ مۇسۇلمان بولماي قالسىچۇ؟ ـــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ پادىشاھتىن ياردەم تىلىگىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

[1] ھەيسەمى (12322): بۇ ھەدىسنى تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ پادىشاھ مەندىن قاچىسىچۇ؟ ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەلالالاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ پۇل ـ مېلىڭنى قوغداپ ئاخىرەتنىڭ شېھىدلىرىدىن بولغانغا ياكى پۇل ـ مېلىڭنى قوغداپ قالغانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىن! ــ دېدى[1].

(نەسائى: 4081)

5206 - عَنْ جُنْدُبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَد الساحِرِ ضَرْبَةٌ بِالسيْفِ.

5206 ــ جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەلالالاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سېھىرگەرنىڭ جازاسى قىلىچ بىلەن كاللىسىنى ئېلىشتۇر»[2].

(تىرمىزى: 1460)

5207 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ تَرَدى مِنْ جَبَلٍ فَقَتَلَ نَفْسَهُ فَهُوَ فِي نَارِ جَهَنمَ يَتَرَدى فِيهِ خَالِدًا مُخَلدًا فِيهَا أَبَدًا وَمَنْ تَحَسى سُما فَقَتَلَ نَفْسَهُ فَسُمهُ فِي يَدِهِ يَتَحَساهُ فِي نَارِ جَهَنمَ خَالِدًا مُخَلدًا فِيهَا أَبَدًا وَمَنْ قَتَلَ نَفْسَهُ بِحَدِيدَةٍ فَحَدِيدَتُهُ فِي يَدِهِ يَجَأُ بِهَا فِي بَطْنِهِ فِي نَارِ جَهَنمَ خَالِدًا مُخَلدًا فِيهَا أَبَدًا.

5207 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەلالالاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ ئۆزىنى تاشلاپ ئازابلىنىدۇ. كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدىكەن، بىر قولىدا زەھەر تۇتقان ھالەتتە جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈدىن مەڭگۈگە زەھەر ئىچىپ ئازابلىنىدۇ. كىمكى ئۆزىنى

[1] ئەلبانى (3803): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (244): زەئىپ ـ دېگەن.

تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، جەھەننەم ئوتىدا شۇ تۆمۈر ئەسۋابنى قورسىقىغا تىقىپ مەڭگۈگە ئازابلىنىدۇ».

(بۇخارى: 5778)

5208 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الـذِي يَخْنُقُ نَفْسَهُ يَخْنُقُهَا فِي النارِ وَالذِي يَطْعُنهَا يَطْعُنهَا فِي النارِ.

5208 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، دوزاختا ئۆزىنى بوغۇپ ئازابلىنىدۇ. كىمكى ئۆزىگە بىرەر ئەسۋابنى تىقىپ ئۆلۈۋالىدىكەن، دوزاختا ئۆزىگە شۇ ئەسۋابنى تىقىپ ئازابلىنىدۇ».

(بۇخارى: 1365)

5209 - عَنْ الْحَسَنِ حَدثَنَا جُنْدَبٌ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فِي هَذَا الْمَسْجِدِ فَمَا نَسِينَا وَمَا نَخَافُ أَنْ يَكْذِبَ جُنْدَبٌ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَانَ بِرَجُلٍ جِرَاحٌ فَقَتَـلَ نَفْسَهُ فَقَالَ اللهُ بَدَرَنِي عَبْدِي بِنَفْسِهِ حَرمْتُ عَلَيْهِ الْجَنةَ.

5209 ـ ھەسەن (بەسرى) مۇنداق دەيدۇ: جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇ مەسجىدتە (يەنى بەسرە مەسجىدىدە) بىزگە بىر ھەدىس سۆزلەپ بەرگەنىدى، بىز ئۇنى تېخى ئۇنتۇپ قالمىدۇق. جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىدىن يالغان گەپ قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ياردار بىر ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىكەن، الله تائالا: ”بۇ بەندەم مېنىڭ ئالدىمغا كېلىشكە ئالدىراپ كېتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ، مەن ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلدىم“ دېدى.

(بۇخارى: 1364)

5210 - وفي رواية: إِن رَجُلًا مِمنْ كَانَ قَبْلَكُمْ خَرَجَتْ بِهِ قَرْحَةٌ فَلَما آذَتْهُ انْتَزَعَ سَهْمًا مِنْ كِنَانَتِهِ فَنَكَأَهَا فَلَمْ يَرْقَأْ الدمُ حَتى مَاتَ قَالَ رَبكُمْ قَدْ حَرمْتُ عَلَيْهِ الْجَنةَ ثُم مَد

يَدَهُ إِلَى الْمَسْجِدِ فَقَالَ إِي وَاللهِ لَقَدْ حَدثَنِي بِهَذَا الْحَدِيثِ جُنْدَبٌ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي هَذَا الْمَسْجِدِ.

5210 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە (ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ): سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن بىر ئادەمگە كۆيدۈرگە چىقىپ قالغانىكەن، ئۇ بۇ كۆيدۈرگە ئازابىغا چىدىيالماي ئوقدانىدىن بىر تال ئوقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كۆيدۈرگىنى تېشىۋېتىپتۇ. نەتىجىدە، ئۇ تېخى قان چىقماستىنلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەرۋەردىگارىڭلار: ”مەن ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلدىم“ دەپتۇ.

ھەسەن بەسرى سۆزىنى داۋام قىلغان ھالدا قولى بىلەن مۇشۇ مەسجىدنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

ـــ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ماڭا بۇ ھەدىسنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇ مەسجىدتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىدىن سۆزلەپ بەرگەن.

(مۇسلىم: 113)

5211 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ الساعِدِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْتقَى هُوَ وَالْمُشْرِكُونَ فَاقْتَتلُوا فَلَما مَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى عَسْكَرِهِ وَمَالَ الْآخَرُونَ إِلَى عَسْكَرِهِمْ وَفِي أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلٌ لَا يَدَعُ لَهُمْ شَاذةً وَلَا فَاذةً إِلا اتبَعَهَا يَضْرِبُهَا بِسَيْفِهِ فَقَالَ مَا أَجْزَأَ مِنا الْيَوْمَ أَحَدٌ كَمَا أَجْزَأَ فُلَانٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَا إِنهُ مِنْ أَهْلِ النارِ.

5211 ـ سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (جەڭ مەيدانىدا) مۇشرىكلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتى ۋە بىر كۈنلۈك ئۇرۇشتىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ، مۇشرىكلارمۇ ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى شۇنداق شىددەتلىك ئۇرۇش قىلدىكى، دۈشمەن سېپىدىن يىراقتا

تۇرغـان يـاكى ئايرىلـىپ قالغـانلارنىمۇ قـوغلاپ يـۈرۈپ كالللىسـىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ساھابىلەردىن بىرى:

ــ بۈگۈن ھېچقايسىمىز پالانى كىشىدەك جاسارەت بىلەن ئۇرۇش قىلالمىدۇق، ـ دېگەنىدى، بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بىلىپ قويۇڭلاركى، ئۇ كىشى دوزاخقا كىرىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2898)

5212 - وفي رواية: فَقَالُوا أَيُّنَا مِنْ أَهْلِ الْجَنَّةِ إِنْ كَانَ هَذَا مِنْ أَهْلِ النَّارِ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ لَأَتَّبِعَنَّهُ فَإِذَا أَسْرَعَ وَأَبْطَأَ كُنْتُ مَعَهُ حَتَّى جُرِحَ فَاسْتَعْجَلَ الْمَوْتَ فَوَضَعَ نِصَابَ سَيْفِهِ بِالْأَرْضِ وَذُبَابَهُ بَيْنَ ثَدْيَيْهِ ثُمَّ تَحَامَلَ عَلَيْهِ فَقَتَلَ نَفْسَهُ فَجَاءَ الرَّجُلُ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ أَشْهَدُ أَنَّكَ رَسُولُ اللَّهِ فَقَالَ وَمَا ذَاكَ فَأَخْبَرَهُ فَقَالَ إِنَّ الرَّجُلَ لَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ الْجَنَّةِ فِيمَا يَبْدُو لِلنَّاسِ وَإِنَّهُ لَمِنْ أَهْلِ النَّارِ وَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ النَّارِ فِيمَا يَبْدُو لِلنَّاسِ وَهُوَ مِنْ أَهْلِ الْجَنَّةِ.

5212 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ساھابىلەر ئۆز ئارىلىرىدا:

ــ ئەگەر بۇ ئادەم دوزاخقا كىرىدىغان بولسا، بىزلەردىن كىممۇ جەننەتكە كىرەر؟! ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئارىدىن بىرەيلەن:

ــ مەن بۇنىڭ كەينىدە يۈرۈپ (نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى) كۆزىتىپ باقاي، ـ دېدى. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى ئاڭلىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

ــ مەن ئۇنىڭ كەينىدىن (خۇددى سايىدەك) ئەگىشىپ يۈردۈم. ئۇ يۈگۈرسە، مەنمۇ يۈگۈردۈم. ئاستا ماڭسا، ئاستا ماڭدىم. (كۆپ ئۆتمەي) ئۇ يارىلاندى ۋە ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي، قىلىچىنىڭ دەستىسىنى يەرگە قويۇپ، ئۇچىنى كۆكسىگە تاقىدى ۋە قىلىچقا ئارتىلدى ـ دە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇنى كۆزىتىپ يۈرگەن ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مەن سېنىڭ ھەقىقەتەن ﷲنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە (قايتىدىن) گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ (ساڭا) نېمە (ئىش) بولدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئادەم بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بەزىلەر كۆرۈنۈشتە خۇددى جەننەتكە كىرىدىغاندەك ئەمەللەرنى قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ. يەنە بەزىلەر كۆرۈنۈشتە خۇددى دوزاخقا كىرىدىغاندەك ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، لېكىن ئۇلار جەننەتكە كىرىدىغانلار قاتارىدىندۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4207)

5213 - وفي رواية: وَإِنَمَا الْأَعْمَالُ بِالْخَوَاتِيمِ.

5213 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەمەللەر (نىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى) خاتىمىسىگە (يەنى ئاخىرىغا) باغلىقتۇر».

(بۇخارى: 6607)

5214 - عَنْ جَابِرٍ أن الطفَيْلَ بْنَ عَمْرٍو الدوْسِي أتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ هَلْ لَكَ فِي حِصْنٍ حَصِينٍ وَمَنْعَةٍ قَالَ حِصْنٌ كَانَ لِدَوْسٍ فِي الْجَاهِلِيةِ فَأَبى ذَلِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلذِي ذَخَرَ اللهُ لِلْأنصَارِ فَلَما هَاجَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْمَدِينَةِ هَاجَرَ إِلَيْهِ الطفَيْلُ بْنُ عَمْرٍو وَهَاجَرَ مَعَهُ رَجُلٌ مِنْ قَوْمِهِ فَاجْتَوَوْا الْمَدِينَةَ فَمَرِضَ فَجَزِعَ فَأَخَذَ مَشَاقِصَ لَهُ فَقَطَعَ بِهَا بَرَاجِمَهُ فَشَخَبَتْ يَدَاهُ حَتى مَاتَ فَرَآهُ الطفَيْلُ بْنُ عَمْرٍو فِي مَنَامِهِ فَرَآهُ وَهَيْئَتُهُ حَسَنَةٌ وَرَآهُ مُغَطيًا يَدَيْهِ فَقَالَ لَهُ مَا صَنَعَ بِكَ رَبكَ فَقَالَ غَفَرَ لِي بِهِجْرَتِي إِلَى نَبِيهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا لِي أَرَاكَ مُغَطيًا يَدَيْكَ قَالَ قِيلَ لِي لَنْ نُصْلِحَ مِنْكَ مَا أَفْسَدْتَ فَقَصهَا الطفَيْلُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم وَلِيَدَيْهِ فَاغْفِرْ.

5214 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تۇفەيل ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدايدىغان نۆكەرلەر بولغان مۇستەھكەم قەلئەگە كېتىشنى خالامسەن؟ ـ دەپ سورىدى (تۇفەيل ــ دەۋس قەبىلىسىدىن بولۇپ، بۇ قەبىلىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان بىر قەلئەسى بار ئىدى. تۇفەيل پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى شۇ يەرگە ئېلىپ كېتىپ، ئۇنى ئۆزلىرى قوغدىماقچى بولغانىدى). ئەمما الله تائالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى (قوغداش ۋەزىپىسىنى) ئەنسارىلارغا تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇفەيلنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، تۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ قەبىلىسىدىن بىر كىشى بىلەن بىرگە (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلدى. لېكىن مەدىنىنىڭ ھاۋاسى ئۇلارغا ياقمىدى. تۇفەيلنىڭ ھەمراھى ئاغرىپ قېلىپ كۆپ ئازاب چەكتى ۋە بىر كۈنى يانىڭ ئوقىنى چىقىرىپ، بارماقلىرىنىڭ بوغۇملىرىنى كېسىۋەتتى. ئىككى قولىدىن توختىماي قان ئېقىپ، ئاخىرى ئۆلۈپ كەتتى. كېيىن، تۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى چۈشىدە كۆردى. قارىغۇدەك بولسا، رەڭگى ـ رويى جايىدا، ئەمما قولى يۆگەكلىك تۇرغۇدەك. تۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن:

ـ پەرۋەردىگارىڭ قانداق قىلدى (يەنى كەچۈردىمۇ)؟ ـ دەپ سورىسا، ئۇ:

ــ رەببىم مېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ھىجرەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈۋەتتى، ـ دېگۈدەك. تۇفەيل:

ـ قولۇڭ يۆگەكلىك تۇرىدىغۇ؟ ـ دەپ سورىسا، ئۇ:

ــ ماڭا: ''ۋۇجۇدۇڭدىن ئۆزەڭ ئۆزگەرتىۋالغان يەرلەرنى بىز ئوڭشىمايمىز'' دېيىلدى، ـ دېگۈدەك.

تۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ چۈشنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى الله! ئۇنىڭ ئىككى قولىنىمۇ كەچۈرۈۋەتكىن! — دەپ دۇئا قىلدى.

(مۇسلىم: 116)

5215 - عن جَابِرُ بْنُ سَمُرَةَ قَالَ مَرِضَ رَجُلٌ فَصِيحَ عَلَيْهِ فَجَاءَ جَارُهُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ إِنَهُ قَدْ مَاتَ قَالَ وَمَا يُدْرِيكَ قَالَ أَنَا رَأَيْتُهُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِنَهُ لَمْ يَمُتْ قَالَ فَرَجَعَ فَصِيحَ عَلَيْهِ فَجَاءَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ فَقَالَ إِنَهُ قَدْ مَاتَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنَهُ لَمْ يَمُتْ فَرَجَعَ فَصِيحَ عَلَيْهِ فَقَالَتْ امْرَأَتُهُ انْطَلِقْ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبِرْهُ فَقَالَ الرجُلُ اللهُم الْعَنْهُ قَالَ ثُم انْطَلَقَ الرجُلُ فَرَآهُ قَدْ نَحَرَ نَفْسَهُ بِمِشْقَصٍ مَعَهُ فَانْطَلَقَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرَهُ أَنَهُ قَدْ مَاتَ فَقَالَ وَمَا يُدْرِيكَ قَالَ رَأَيْتُهُ يَنْحَرُ نَفْسَهُ بِمَشَاقِصَ مَعَهُ قَالَ أَنْتَ رَأَيْتَهُ قَالَ نَعَمْ قَالَ إِذًا لَا أُصَلِي عَلَيْهِ.

5215 - جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئاغرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىن پەرياد ئاۋازىنى ئاڭلىغان قوشنىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— پالانى ئۆلۈپ قالدى، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

- (ئۆلگەنلىكىنى) سەن نەدىن بىلدىڭ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

— مەن كۆردۈم، - دېدى. لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ياق، ئۇ تېخى ئۆلمىدى، - دېدى. ئۇ ئادەم قايتىپ كەتتى، لېكىن يەنە ئۇ ئۆيدىن چىقىۋاتقان پەرياد ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— (ئۇ) ئۆلۈپ قالدى، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ــ ياق، ئۇ تېخى ئۆلمىدى، ـ دېدى. ئۇ ئادەم يەنە قايتىپ كەتتى. قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن يەنە پەرياد ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىغانىدى، ئايالى:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر بەرگىن! ــ دېدى. ئۇ ئادەم:

ـــ ئى الله! ئۇنىڭغا لەنەت قىلغىن! ـــ دېدى ۋە (ئۆلگەن) قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ بىر تال يا ئوقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرھال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، قوشنىسىنىڭ (راستىنلا) ئۆلگەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ــ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

ــ مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى يا ئوقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆردۈم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بوغۇزلىۋالغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

ــ ھەئە، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداق بولسا، مەن ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەيمەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3185)

[1] ئەلبانى (2727): سەھىھ ـ دېگەن.

## قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە خاتالىشىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئىجرا قىلىنىدىغان قىساس، دادا بىلەن بالا، جامائەت بىلەن شەخس، ھۆر بىلەن قۇل ۋە مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدىكى قىساس مەسىلىلىرى

5216 - عَنْ أَبِي شُرَيْحٍ الْخُزَاعِي أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أُصِيبَ بِقَتْلٍ أَوْ خَبْلٍ فَإِنهُ يَخْتَارُ إِحْدَى ثَلَاثٍ إِما أَنْ يَقْتَص وَإِما أَنْ يَعْفُوَ وَإِما أَنْ يَأْخُذَ الديَةَ فَإِنْ أَرَادَ الرابِعَةَ فَخُذُوا عَلَى يَدَيْهِ وَمَنْ اعْتَدَى بَعْدَ ذَلِكَ فَلَهُ عَذَابٌ أَلِيمٌ.

5216 ـ ئەبۇ شۇرەيھ خۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى ئۆلتۈرۈلسە ياكى پۇت ـ قولى كېسىۋېتىلسە، (ئۇ ياكى ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا) قىساس ئېلىش، جىنايەتچىنى كەچۈرۈۋېتىش ياكى دىيەت (تۆلەم) ئېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشتىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ (بۇ ئۈچ ئىشتىن باشقا) تۆتىنچى بىر ئىشنى قىلىشىغا يول قويماڭلار. بۇ ئۈچىدىن بىرىنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، (بۇلاردا بەلگىلەنگەن ھەق ـ ھوقۇقتىن) ھالقىماقچى بولغان كىشى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4496)

5217 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ فِي بَنِي إِسْرَائِيلَ الْقِصَاصُ وَلَمْ تَكُنْ فِيهِمْ الديَةُ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل كُتِبَ عَلَيْكُمْ الْقِصَاصُ فِي الْقَتْلَى الْحُر بِالْحُر وَالْعَبْدُ بِالْعَبْدِ وَالْأُنْثَى بِالْأُنْثَى إِلَى قَوْلِهِ فَمَنْ عُفِيَ لَهُ مِنْ أَخِيهِ شَيْءٌ فَاتبَاعٌ بِالْمَعْرُوفِ وَأَدَاءٌ إِلَيْهِ بِإِحْسَانٍ فَالْعَفْوُ أَنْ يَقْبَلَ الديَةَ فِي الْعَمْدِ وَاتبَاعٌ بِمَعْرُوفٍ يَقُولُ يَتبِعُ هَذَا بِالْمَعْرُوفِ وَأَدَاءٌ إِلَيْهِ بِإِحْسَانٍ

[1] ئەلبانى (969): زەئىپ، ـ دېگەن.

وَيُؤَدِّي هَذَا بِإِحْسَانٍ ذَٰلِكَ تَخْفِيفٌ مِنْ رَبِّكُمْ وَرَحْمَةٌ مِمَّا كُتِبَ عَلَى مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ إِنَّمَا هُوَ الْقِصَاصُ لَيْسَ الدِّيَةَ.

5217 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بەنى ئىسرائىلدا قىساسلا بار بولۇپ، دىيەت ئېلىش يوق ئىدى. الله تائالا بۇ ئۈممەتكە رەھمەت قىلىپ ۋە يۈكىنى يېنىكلىتىپ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر . ئايەتتىكى: ﴿قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا﴾ دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى، قەستەن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە دېگەنلىك بولىدۇ. ﴿چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم﴾ دېگەن ئىبارىدىن، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەتنى چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم؛ ﴿ياخشىلىقچە بېرىشى لازىم﴾ دېگەن ئىبارىدىن بولسا، جىنايەتچىمۇ دىيەتنى كېچىكتۈرمەستىن ۋە كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق بېرىشى لازىم دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر﴾ دېگەن ئىبارە، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە پەرز قىلىنغىنى پەقەتلا قىساس ئېلىش ئىدى، دىيەت ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىيەت ئېلىشقىمۇ بولىدۇ دېگەن بۇ ھۆكۈم پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن

(سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىش ۋە رەھمەتتۇر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ[1].

(نەسائى: 4781)

5218 - عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قُتِلَ فِي عِمِيا فِي رَمْيٍ يَكُونُ بَيْنَهُمْ بِحِجَارَةٍ أَوْ بِالسِيَاطِ أَوْ ضَرْبٍ بِعَصًا فَهُوَ خَطأٌ وَعَقْلُهُ عَقْلُ الْخَطَإِ وَمَنْ قُتِلَ عَمْدًا فَهُوَ قَوَدٌ قَالَ ابْنُ عُبَيْدٍ قَوَدُ يَدٍ ثُم اتفَقَا وَمَنْ حَالَ دُونَهُ فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللهِ وَغَضَبُهُ لَا يُقْبَلُ مِنْهُ صَرْفٌ وَلَا عَدْلٌ.

5218 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى ئۆزئارا تاش ئېتىشىش، قامچا ياكى ھاسا بىلەن بىر ـ بىرىنى ئۇرۇشۇش قاتارلىق كىمنىڭ ئۆلتۈرگىنى ئېنىق بىلىنمەيدىغان سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈپ قالسا، بۇنىڭغا مەقسەتسىز ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى دەپ بېكىتىلىدۇ. بۇنىڭ دىيىتىمۇ مەقسەتسىز ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ دىيىتى بىلەن باراۋەر بولىدۇ. قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ، (قاتىلنى قوغداپ) قىساسنى ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغان كىشىگە اللهنىڭ لەنىتى ۋە غەزىپى ياغىدۇ. ئۇنداق كىشىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىن پەرز ياكى نەفلە بولسۇن، ھېچقايسىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4539)

5219 - عن عَلْقَمَةَ بْنَ وَائِلٍ أَن أَبَاهُ حَدثَهُ قَالَ إِني لَقَاعِدٌ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ جَاءَ رَجُلٌ يَقُودُ آخَرَ بِنِسْعَةٍ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ هَذَا قَتَلَ أَخِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَقَتَلْتَهُ فَقَالَ إِنهُ لَوْ لَمْ يَعْتَرِفْ أَقَمْتُ عَلَيْهِ الْبَينَةَ قَالَ نَعَمْ قَتَلْتُهُ قَالَ كَيْفَ قَتَلْتَهُ قَالَ كُنْتُ أَنَا وَهُوَ نَخْتَبِطُ مِنْ شَجَرَةٍ فَسَبنِي فَأَغْضَبَنِي فَضَرَبْتُهُ بِالْفَأْسِ عَلَى قَرْنِهِ فَقَتَلْتُهُ فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ لَكَ مِنْ شَيْءٍ تُؤَديهِ عَنْ نَفْسِكَ قَالَ مَا

[1] ئەلبانى (4449): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3803): سەھىھ ـ دېگەن.

لِي مَالٌ إلا كِسَائِي وَفَأْسِي قَالَ فَتَرَى قَوْمَكَ يَشْتَرُونَكَ قَالَ أَنا أَهْوَنُ عَلَى قَوْمِي مِنْ ذَاكَ فَرَمَى إِلَيْهِ بِنِسْعَتِهِ وَقَالَ دُونَكَ صَاحِبَكَ فَانْطَلَقَ بِهِ الرجُلُ فَلَما وَلى قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ قَتَلَهُ فَهُوَ مِثْلُهُ فَرَجَعَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِنهُ بَلَغَنِي أَنكَ قُلْتَ إِنْ قَتَلَهُ فَهُوَ مِثْلُهُ وَأَخَذْتُهُ بِأَمْرِكَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَما تُرِيدُ أَنْ يَبُوءَ بِإِثْمِكَ وَإِثْمِ صَاحِبِكَ قَالَ يَا نَبِي اللهِ لَعَلهُ قَالَ بَلَى قَالَ فَإِن ذَاكَ كَذَاكَ قَالَ فَرَمَى بِنِسْعَتِهِ وَخَلى سَبِيلَهُ.

5219 ـ ئەلقەمە ئىبنى ۋائىل دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئولتۇراتتىم، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ بوينىنى تاسما بىلەن باغلاپ سۆرىگەن پېتى يېتىپ كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ، مېنىڭ قېرىندىشىمنى ئۆلتۈرىۋەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتىلدىن:

ــ راست ئۆلتۈرىۋەتتىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، ئۇنى سۆرەپ كەلگەن ئادەم:

ــ ئەگەر ئۇ ئىقرار قىلمىسا، ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتىم بار، ـ دېدى. قاتىل جاۋاب بېرىپ:

ــ ھەئە، ئۆلتۈردۈم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قانداق ئۆلتۈردۈڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ ئۇ ئىككىمىز دەرەخنىڭ غازىڭىنى قېقىۋاتاتتۇق، ئۇ مېنى تىللىدى، شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭ بېشىغا پالتا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردۈم.

ــ دىيەت بېرىپ، ئۆزەڭنى قۇتۇلدۇرغىدەك مال ـ مۈلكىڭ بارمۇ؟

ــ مېنىڭ ئۇستۈمدىكى كىيىمىم ۋە بىر تال پالتامدىن باشقا ھېچنېمەم يوق.

ــ سەنچە، قەبىلەڭ دىيىتىڭنى تۆلەپ، سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالارمۇ؟

ــ مەن قەبىلەمنىڭ نەزىرىدە ئۇنچىلىك قىلىشقا ئەرزىگىدەك ئادەم ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاسمىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قېرىندىشىغا تاشلاپ بېرىپ:

ـ ئال، بۇنى قانداق قىلساڭ قىل! ـ دېدى. ئۇ ئادەم قاتىلنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەگەر بۇ ئادەم قاتىلنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭ بىلەن ھېچ پەرقى قالمايدۇ. ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئادەم قايتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىزنىڭ: «ئەگەر بۇ ئادەم قاتىلنى (ئېلىپ چىقىپ) ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭ بىلەن ھېچ پەرقى قالمايدۇ» دېگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىدىم. مەن بۇنى سىزنىڭ بۇيرۇقۇڭغا بىنائەن ئېلىپ ماڭغان تۇرسام؟! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن بۇنىڭ سېنىڭ ۋە قېرىندىشىڭنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى خالىمامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

ـ ئەلۋەتتە خالايمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مانا بۇ، شۇنداق بولىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم قولىدىكى تاسمىنى تاشلاپ، قاتىلنى قويۇپ بەردى.

(مۇسلىم: 1680)

**5220 – وفي رواية: قَالَ كَيْفَ قَتَلْتَهُ قَالَ ضَرَبْتُ رَأْسَهُ بِالْفَأْسِ وَلَمْ أُرِدْ قَتْلَهُ.**

5220 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنى قانداق ئۆلتۈردۈڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئادەم:

ـ مەن ئۇنىڭ بېشىغا پالتا بىلەن ئۇردۇم، لېكىن ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلمىغانىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4501)

**5221 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قُتِلَ رَجُلٌ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرُفِعَ الْقَاتِلُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَفَعَهُ إِلَى وَلِي الْمَقْتُولِ فَقَالَ الْقَاتِلُ يَا رَسُولَ**

[1] ئەلبانى (3777): سەھىھ ـ دېگەن.

اللهِ لَا وَاللهِ مَا أَرَدْتُ قَتْلَهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِوَلِي الْمَقْتُولِ أَمَا إِنهُ إِنْ كَانَ صَادِقًا ثُم قَتَلْتَهُ دَخَلْتَ النارَ فَخَلى سَبِيلَهُ قَالَ وَكَانَ مَكْتُوفًا بِنِسْعَةٍ فَخَرَجَ يَجُر نِسْعَتَهُ فَسُميَ ذَا النسْعَةِ.

5221 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بىرىنىڭ قاتىلى ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتىلنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەردى. قاتىل:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىم يوق ئىدى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىگە:

ــ ئۇنىڭ دېگىنى راست بولۇپ قالسا، ئۇنى (قىساس ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، سەن دوزاخقا كىرىسەن، ـ دېدى. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاتىلنى قويۇۋەتتى. قاتىلنىڭ قوللىرى ئارقىسىدىن ئارغامچا بىلەن باغلاقلىق ئىدى، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئارغامچىنى سۆرىگەن پېتى چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ "ئارغامچىلىق (كىشى)" دەپ نام ئالدى.

(نەسائى: 4722)

5222 - عَنْ سُرَاقَةَ بْنِ مَالِكِ بْنِ جُعْشَمٍ قَالَ حَضَرْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُقِيدُ الْأَبَ مِنْ ابْنِهِ وَلَا يُقِيدُ الِابْنَ مِنْ أَبِيهِ.

5222 ـ سۇراقە ئىبنى مالىك ئىبنى جۇئشەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەن ۋاقىتلىرىمدا، ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرگەن بالىغا (دادىسى ئۈچۈن) قىساس جازاسى بەرگەنلىكىنى، ئەمما بالىسىنى ئۆلتۈرگەن دادىغا جازا بەرمىگەنلىكىنى كۆردۈم.

(تىرمىزى: 1399)

5223 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن غُلَامًا قُتِلَ غِيلَةً فَقَالَ عُمَرُ لَوْ اشْتَرَكَ فِيهَا أَهْلُ صَنْعَاءَ لَقَتَلْتُهُمْ.

5223 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: (سەنئادا) بىر قۇل (باشقىلار تەرىپىدىن) ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ:

ـــ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە سەنئا ئاھالىسى قاتناشقان بولسىمۇ، ھەممىسىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان بولاتتىم، ـ دېدى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان).

5224 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَتَلَ نَفَرًا خَمْسَةً أَوْ سَبْعَةً بِرَجُلٍ وَاحِدٍ قَتَلُوهُ قَتْلَ غِيلَةٍ وَقَالَ عُمَرُ لَوْ تَمَالأَ عَلَيْهِ أَهْلُ صَنْعَاءَ لَقَتَلْتُهُمْ جَمِيعًا.

5224 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: بەش ياكى يەتتە ئادەم بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەندىن كېيىن:

ــ ئەگەر پۈتۈن سەنئا ئاھالىسى بۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان بولسا، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان بولاتتىم، ـ دېدى.

(مالىك: 1623)

5225 - عَنْ سَمُرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَتَلَ عَبْدَهُ قَتَلْنَاهُ وَمَنْ جَدَعَ عَبْدَهُ جَدَعْنَاهُ.

5225 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قۇلىنى ئۆلتۈرىدىكەن، (قىساس ئۈچۈن) بىز ئۇنى ئۆلتۈرىمىز. كىمكى قۇلىنىڭ ئەزالىرىنى كېسىدىكەن، بىزمۇ ئۇنىڭ ئەزالىرىنى كېسىپ، قىساس ئېلىپ بېرىمىز»[1].

(تىرمىزى: 1414)

[1] ئەلبانى (236): زەئىپ، ـ دېگەن.

5226 - وفي رواية: مَنْ خَصَى عَبْدَهُ خَصَيْنَاهُ.

5226 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىمكى قۇلىنى ئاختا قىلسا، بىز ئۇنى ئاختا قىلىمىز» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 1414)

5227 - ثُم إِن الْحَسَنَ نَسِيَ هَذَا الْحَدِيثَ فَكَانَ يَقُولُ لَا يُقْتَلُ حُر بِعَبْدٍ.

5227 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: (راۋىيلاردىن) ھەسەن بەسرى بۇ ھەدىسنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا: ”(قۇلنى ئۆلتۈرگەن) ھۆر ئادەمنى قۇل ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ“ دەيتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4515)

5228 - عَنْ أَبِي جُحَيْفَةَ قَالَ قُلْتُ لِعَلِي يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ هَلْ عِنْدَكُمْ سَوْدَاءُ فِي بَيْضَاءَ لَيْسَ فِي كِتَابِ اللهِ قَالَ لَا وَالذِي فَلَقَ الْحَبةَ وَبَرَأَ النسَمَةَ مَا عَلِمْتُهُ إِلا فَهْمًا يُعْطِيهِ اللهُ رَجُلًا فِي الْقُرْآنِ وَمَا فِي الصحِيفَةِ قُلْتُ وَمَا فِي الصحِيفَةِ قَالَ الْعَقْلُ وَفِكَاكُ الْأَسِيرِ وَأَنْ لَا يُقْتَلَ مُؤْمِنٌ بِكَافِرٍ.

5228 ـ ئەبۇ جۇھەيفە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سىلەردە (يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەمەتىدە) قەغەزگە يېزىپ قالدۇرۇلغان، لېكىن قۇرئاندا زىكرى قىلىنمىغان بىرەر ھۆكۈم بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ (يەر ئاستىدىكى) داننى يارغان (يەنى ئۇنىڭدىن ئۆسۈملۈكنى ئۇندۇرگەن) ۋە ئىنسانغا جان ئاتا قىلغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزدە الله (نىڭ بىزگە) قۇرئان (دا زىكرى قىلىنغانلارنى چۈشىنىش) ئۈچۈن بەخش ئەتكەن ئەقىل بىلەن بۇ ۋاراقچىلاردىن باشقا بىر نەرسە يوق، ـ دېدى. مەن:

---

[1] ئەلبانى (975): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3787): سەھىھ ئەمما مەقتۇئ (يەنى تابىئىننىڭ سۆزى)، ـ دېگەن.

ــ بۇ ۋاراقچىلاردىكى نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ بۇنىڭدا دىيەتكە ئالاقىدار ھۆكۈملەر، ئەسىرلەرنى ئازاد قىلىش ۋە مۇئمىن ئادەمنىڭ كاپىر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەسلىكى[1] قاتارلىق ھۆكۈملەر بار، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 1412)

5229 - عَنْ قَيْسِ بْنِ عُبَادٍ قَالَ انْطَلَقْتُ أَنَا وَالْأَشْتَرُ إِلَى عَلِيٍّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ فَقُلْنَا هَلْ عَهِدَ إِلَيْكَ نَبِيُّ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ شَيْئًا لَمْ يَعْهَدْهُ إِلَى النَّاسِ عَامَّةً قَالَ لَا إِلَّا مَا كَانَ فِي كِتَابِي هَذَا فَأَخْرَجَ كِتَابًا مِنْ قِرَابِ سَيْفِهِ فَإِذَا فِيهِ الْمُؤْمِنُونَ تَكَافَأُ دِمَاؤُهُمْ وَهُمْ يَدٌ عَلَى مَنْ سِوَاهُمْ وَيَسْعَى بِذِمَّتِهِمْ أَدْنَاهُمْ أَلَا لَا يُقْتَلُ مُؤْمِنٌ بِكَافِرٍ وَلَا ذُو عَهْدٍ بِعَهْدِهِ مَنْ أَحْدَثَ حَدَثًا فَعَلَى نَفْسِهِ أَوْ آوَى مُحْدِثًا فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللَّهِ وَالْمَلَائِكَةِ وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ.

5229 ـ قەيس ئىبنى ئۇباد مۇنداق دەيدۇ: ئەشتەر ئىككىمىز ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا ئاۋام خەلققە تەۋسىيە قىلمىغان بىرەر ئىشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغانمىدى؟ ـ دەپ سورىدۇق. ئۇ:

ــ ياق، بۇ ۋاراقچىدا يېزىلغان نەرسىلەردىن باشقا بىر نەرسىنى تەۋسىيە قىلغان ئەمەس، ـ دېدى ۋە قىلىچىنىڭ غىلىپىدىن بىر ۋاراقچىنى چىقاردى. ئۇ ۋاراقچىدا مۇنۇلار يېزىلغانىكەن:

«بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ قېنى (مەيلى ئۇ باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن) باراۋەردۇر، مۇئمىنلەر دۈشمەنلىرىگە قارشى بىر قولدەك ئۇيۇشقاندۇر. مۇئمىنلەر ئىچىدە (مەرتىۋە جەھەتتە) ئەڭ تۆۋەن بولغان كىشىنىڭمۇ (دۈشمەن تەرەپتىن بىرەرسىگە بەرگەن پاناھلىقى) كۈچكە ئىگىدۇر. دىققەت قىلىڭلاركى، مۇئمىننى كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، (كاپىرغا) بېرىلگەن ئامانلىق مۇددىتى

---

[1] يەنى بىر مۇئمىن كاپىردىن بىر (ياكى بىر نەچچە)نى ئۆلتۈرگەن بولسا، كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن، ئۇ مۇئمىننى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ.

[2] ئەلبانى (1140): سەھىھ ـ دېگەن.

تۇگىمەستىن بۇرۇن چىقىلىشقا بولمايدۇ. كىم جىنايەت ئۆتكۈزسە، جازاغا ئۆزى تارتىلىدۇ. جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىنى (يوشۇرۇپ) ئۆيىدە ساقلىغان كىشىگە اﷲنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى ياغسۇن!»①.

(نەسائى: 4734)

5230 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمُسْلِمُونَ تَتَكَافَأُ دِمَاؤُهُمْ يَسْعَى بِذِمتِهِمْ أَدْنَاهُمْ وَيُجِيرُ عَلَيْهِمْ أَقْصَاهُمْ وَهُمْ يَدٌ عَلَى مَنْ سِوَاهُمْ يَرُد مُشِدهُمْ عَلَى مُضْعِفِهِمْ وَمُتَسَرِيهِمْ عَلَى قَاعِدِهِمْ لَا يُقْتَلُ مُؤْمِنٌ بِكَافِرٍ وَلَا ذُو عَهْدٍ فِي عَهْدِهِ.

5230 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىنلەرنىڭ قانلىرى باراۋەر. مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (مەرتىۋە جەھەتتە) ئەڭ تۆۋەن بولغان كىشىنىڭمۇ (دۈشمەن تەرەپتىن بىرەرسىگە بەرگەن ئامانلىقى) كۈچكە ئىگە بولۇپ، يىراقتىكى بىر مۇئمىننىڭمۇ پاناھلىق بېرىش ھوقۇقى باردۇر. مۇئمىنلەر دۈشمىنىگە قارشى بىر قولدەك ئۇيۇشقان بولىدۇ. (ئۇرۇشقا چىققاندا) ئالغان ئولجىنى كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرى بىلەن تەڭ بۆلۈشىدۇ، ھۇجۇمغا ئۆتكەنلەر ئارقا سەپتىكىلەر بىلەن ئولجىنى تەڭ بۆلۈشىدۇ. مۇئمىننى كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، (كاپىرغا) بېرىلگەن ئامانلىق مۇددىتى تۈگىمەستىن بۇرۇن، كاپىرغا چېقىلىشقا بولمايدۇ»②.

(ئەبۇ داۋۇد: 2751)

① ئەلبانى (4412): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (2390): سەھىھ ـ دېگەن.

## ساراڭ ۋە مەست ھالەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئېغىر نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، داۋالاش جەريانىدا قىلىنغان جىنايەتلەر، زەھەرلەش، زىنا قىلغان كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىكى جىنايەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە جازا بېرىلمەيدىغان ئىشلار

5231 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَن مَرْوَانَ بْنَ الْحَكَمِ كَتَبَ إِلَى مُعَاوِيَةَ بْنِ أَبِي سُفْيَانَ أَنهُ أُتِيَ بِمَجْنُونٍ قَتَلَ رَجُلًا فَكَتَبَ إِلَيْهِ مُعَاوِيَةُ أَنْ اعْقِلْهُ وَلَا تُقِدْ مِنْهُ فَإِنهُ لَيْسَ عَلَى مَجْنُونٍ قَوَدٌ.

5231 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: مەرۋان ئىبنى ھەكەم مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر ساراڭنىڭ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى توغرۇلۇق مەكتۇپ يازغاندى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ــ ئۇ ساراڭدىن دىيەت ئال، قىساس ئالما. چۈنكى ساراڭدىن قىساس ئېلىنمايدۇ، ـ دەپ جاۋاب خەت يازدى.

(مالىك: 1604)

5232 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أَن مَرْوَانَ بْنَ الْحَكَمِ كَتَبَ إِلَى مُعَاوِيَةَ بْنِ أَبِي سُفْيَانَ يَذْكُرُ أَنهُ أُتِيَ بِسَكْرَانَ قَدْ قَتَلَ رَجُلًا فَكَتَبَ إِلَيْهِ مُعَاوِيَةُ أَنْ اقْتُلْهُ بِهِ.

5232 ـ ئىمام مالىكقا يېتىشىچە، مەرۋان ئىبنى ھەكەم (مەدىنىدىن) مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر مەستنىڭ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى توغرىسىدا مەكتۇپ يازغاندى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ــ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ قىساسى ئۈچۈن مەستنى ئۆلتۈر! ــ دەپ خەت يازدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

5233 - عَنْ أنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن يَهُودِيا قتلَ جَارِيَةً عَلى أوْضَاحٍ لَهَا فَقَتَلَهَـا بِحَجَرٍ فَجِيءَ بِهَا إلى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبِهَا رَمَقٌ فَقَالَ أقَتَلَكِ فُلَانٌ فَأشَارَتْ بِرَأسِهَا أنْ لَا ثُم قَالَ الثانِيَةَ فَأشَارَتْ بِرَأسِهَا أنْ لَا ثُم سَألَهَا الثالِثَةَ فَأشَارَتْ بِرَأسِهَا أنْ نَعَمْ فَقَتَلَهُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِحَجَرَيْنِ.

5233 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر يەھۇدى بىر قىزنىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇ زىننەتلىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنى تاش بىلەن ئۇردى. قىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، تېخى جېنى چىقمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزدىن:

ــ سېنى پالانچى ئۆلتۈردىمۇ؟ ـ دەپ ئىككى قېتىم سورىدى. قىز ئىككىلى قېتىمدا:

ــ ياق، ـ دەپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۈچىنچى قېتىم سورىغاندا، بېشى بىلەن:

ــ ھەئە، ـ دەپ ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەھۇدىينى ئىككى تاش بىلەن (بېشىنى يانجىپ) ئۆلتۈردى.

(بۇخارى: 6879)

5234 - عَنْ أنسٍ أن رَجُلًا مِنْ الْيَهُودِ قتلَ جَارِيَةً مِنْ الْأنصَارِ عَلى حُلِي لَهَا ثُـم ألْقَاهَا فِي الْقَلِيبِ وَرَضَخَ رَأسَهَا بِالْحِجَارَةِ فَأخِذَ فَأتِيَ بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأمَرَ بِهِ أنْ يُرْجَمَ حَتى يَمُوتَ فَرُجِمَ حَتى مَاتَ.

5234 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر يەھۇدىي ئەنسارىلاردىن بىر قىزنىڭ زىبۇ زىننەتلىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن (ئۇنى تاش) بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، قۇدۇققا تاشلىۋەتتى. كېيىن،

ئۇ تۇتۇلۇپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تاكى ئۆلگۈچە چالما ـ كېسەك قىلىندى.

(مۇسلىم: 1672)

5235 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ تَطَبَبَ وَلَا يُعْلَمُ مِنْهُ طِب فَهُوَ ضَامِنٌ.

5235 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمكى تېۋىپلىقتىن خەۋەرسىز تۇرۇپ، تېۋىپلىق قىلسا، (كېسەلگە سالغان) زىياننى تۆلەيدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4586)

5236 - عن عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ عُمَرَ بْنِ عَبْدِ الْعَزِيزِ حَدثَنِي بَعْضُ الْوَفْدِ الذِينَ قَدِمُوا عَلَى أَبِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيمَا طَبِيبٍ تَطَبَبَ عَلَى قَوْمٍ لَا يُعْرَفُ لَهُ تَطَبُبٌ قَبْلَ ذَلِكَ فَأَعْنَتَ فَهُوَ ضَامِنٌ.

5236 ـ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: دادامنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن بىر قىسىم ئەلچىلەر ئۆمىكى ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەندى:

«(بۇرۇن) تېۋىپلىق قىلىپ باقمىغان بىر كىشى باشقىلارنى داۋالايمەن دەپ تېۋىپلىق قىلسا ۋە كېسەلگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزسە، (كېلىپ چىققان زىياننى) تۆلەيدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4587)

[1] ئەلبانى (3834): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3835): ھەسەن، ـ دېگەن.

5237 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن امْرَأَةً مِنْ الْيَهُودِ أَهْدَتْ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَاةً مَسْمُومَةً قَالَ فَمَا عَرَضَ لَهَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5237 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: بىر يەھۇدىي ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قوي گۆشىنى زەھەرلەپ سوۋغا قىلغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئەھۋالنى بىلگەن بولسىمۇ) ئۇ ئايالنى جازالىمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4509)

5238 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَن رَجُلًا مِنْ أَهْلِ الشامِ يُقَالُ لَهُ ابْنُ خَيْبَرِي وَجَدَ مَعَ امْرَأَتِهِ رَجُلًا فَقَتَلَهُ أَوْ قَتَلَهُمَا مَعًا فَأَشْكَلَ عَلَى مُعَاوِيَةَ بْنِ أَبِي سُفْيَانَ الْقَضَاءُ فِيهِ فَكَتَبَ إِلَى أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي يَسْأَلُ لَهُ عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ عَنْ ذَلِكَ فَسَأَلَ أَبُو مُوسَى عَنْ ذَلِكَ عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ فَقَالَ لَهُ عَلِي إِن هَذَا الشيْءَ مَا هُوَ بِأَرْضِي عَزَمْتُ عَلَيْكَ لَتُخْبِرَني فَقَالَ لَهُ أَبُو مُوسَى كَتَبَ إِلَي مُعَاوِيَةُ بْنُ أَبِي سُفْيَانَ أَنْ أَسْأَلَكَ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ عَلِي أَنَا أَبُو حَسَنٍ إِنْ لَمْ يَأْتِ بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاءَ فَلْيُعْطَ بِرُمتِهِ.

5238 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: شام ئەھلىدىن ئىبنى خەيبەرى ئىسىملىك بىر كىشى ئايالىنى باشقا بىرى بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ئۇ كىشىنى (ياكى ھەر ئىككىلىسىنى) ئۆلتۈرۈۋەتكەندى. مۇئاۋىيە بۇ مەسىلىگە ھۆكۈم چىقىرالماي، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەكتۇپ يوللاپ، بۇ ئىشنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سوراپ بېقىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئەلىدىن سورىغاندى، ئۇ:

ـ بۇ، مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدىكى يەردە يۈز بەرگەن ئىش ئەمەس. بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك، ـ دېدى. ئەبۇ مۇسا ئۇنىڭغا:

[1] ئەلبانى (972): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ مۇئاۋىيە ماڭا مەكتۇب يوللاپ، بۇ مەسىلىنى سەندىن سوراپ كۆرۈشۈمنى تەلەپ قىلغانىدى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ھەسەنىنىڭ دادىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئېيتىمەنكى، ئەگەر (ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن كىشى) تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرەلمىسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىگىلىرىگە (قىساس ئۈچۈن) تاپشۇرۇپ بېرىمەن، ـ دېدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

5239 - عَنْ ثَعْلَبَةَ بْنِ زَهْدَمٍ الْيَرْبُوعِيِّ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْطُبُ فِي أُنَاسٍ مِنْ الْأَنْصَارِ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ هَؤُلَاءِ بَنُو ثَعْلَبَةَ بْنِ يَرْبُوعٍ قَتَلُوا فُلَانًا فِي الْجَاهِلِيةِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهَتَفَ بِصَوْتِهِ أَلَا لَا تَجْنِي نَفْسٌ عَلَى الْأُخْرَى.

5239 ـ سەئلەبە ئىبنى زەھدەم يەربۇئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر توپ ئەنسارى جامائەتكە خىتاب قىلىۋاتاتتى، ئۇلار:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەئلەبە جەمەتىدىكىلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىۋەتكەنىدى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاۋازىنى كۆتىرىپ تۇرۇپ:

ــ دىققەت قىلىڭلاركى، ھېچبىر ئىنسان باشقىلار ئۆتكۈزگەن جىنايەتنىڭ جاۋابكارلىقىغا تارتىلمايدۇ، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 4733)

5240 - عَنْ أَبِي رِمْثَةَ قَالَ أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعَ أَبِي فَقَالَ مَنْ هَذَا مَعَكَ قَالَ ابْنِي أَشْهَدُ بِهِ قَالَ أَمَا إِنكَ لَا تَجْنِي عَلَيْهِ وَلَا يَجْنِي عَلَيْكَ.

5240 ـ ئەبۇ رەمسەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن دادام بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بارغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دادامدىن):

[1] ئەلبانى (4493): سەھىھ ـ دېگەن.

- بۇ كىم؟ - دەپ سورىدى. دادام:

— اللەنىڭ نامى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بۇ مېنىڭ بالام بولىدۇ، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئېسىڭدە بولسۇنكى، سەن بۇنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن. بۇمۇ سېنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىڭدىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ، - دېدى[1].

(نەسائى: 4832)

5241 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْعَجْمَاءُ جُرْحُهَا جُبَارٌ وَالْبِئْرُ جُبَارٌ وَالْمَعْدِنُ جُبَارٌ وَفِي الركَازِ الْخُمُسُ.

5241 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(ئىگىسىنىڭ قولىدىن قېچىپ كەتكەن) ھايۋاناتلارنىڭ كەلتۈرگەن زىيان - زەخمەتلىرى تۆلەنمەيدۇ. قۇدۇق ياكى كان سەۋەبىدىن (ئادەم ياكى نەرسە - كېرەك ئۆچۈن) مەيدانغا كەلگەن زىيان - زەخمەت تۆلەنمەيدۇ. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان بايلىقنىڭ بەشتىن بىرى (زاكات سۈپىتىدە) دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ»[2].

(نەسائى: 2495)

5242 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ الْبِئْرُ جَرْحُهَا جُبَارٌ وَالْمَعْدِنُ جَرْحُهُ جُبَارٌ وَالْعَجْمَاءُ جَرْحُهَا جُبَارٌ وَفِي الركَازِ الْخُمْسُ.

5242 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ ياكى كان بېسىۋېلىپ يارىلانغان ئادەمگە تۆلەم تۆلەنمەيدۇ، (ئىگىسىدىن قېچىپ كەتكەن) ھايۋاناتلارنىڭ كەلتۈرگەن زىيان - زەخمەتلىرى تۆلەنمەيدۇ. يەر ئاستىدىن

[1] ئەلبانى (4492): سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (2339): سەھىھ - دېگەن.

قىزىقىپلىنىغان بايلىقنىڭ بەشتىن بىرى (زاكات سۈپىتىدە) دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك».

(مۇسلىم: 1710)

5243 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الرجْلُ جُبَارٌ قَالَ أُبو دَاوُد الدابةُ تَضْرِبُ بِرِجْلِهَا وَهُوَ رَاكِبٌ.

5243 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«(ھايۋاننىڭ) پۇتىدىن كېلىپ چىققان زىيان ـ زەخمەت تۆلەنمەيدۇ» دېگەن.

ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دېگەن: بۇنىڭ مەنىسى، بىر ئادەمنىڭ (مىنىۋالغان) ئۇلىغى ئارقىسىدا تۇرغان بىرىنى پۇتى بىلەن تېپكەن (ۋە زەخمىلەندۈرگەن) بولسا، بۇنىڭغا تۆلەم كەلمەيدۇ دېگەنلىك بولىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4592)

5244 - وفي رواية: النارُ جُبَارٌ.

5244 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئوت (كېتىش)تىن كېلىپ چىققان زىيانمۇ تۆلەتىلمەيدۇ» دېيىلگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4592)

[1] ئەلبانى (997): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3840): سەھىھ ـ دېگەن.

## ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن باشقا جىنايەتلەرنىڭ قىساسى، ئەپۇ قىلىش، قەسامە[1] ۋە (قىساس ئالغاندا) قاتىلغا مەرھەمەت قىلىش

5245 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أن رَجُلًا عَض يَدَ رَجُلٍ فَنَزَعَ يَدَهُ مِنْ فَمِهِ فَوَقَعَتْ ثَنِيتَاهُ فَاخْتَصَمُوا إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَعَض أَحَدُكُمْ أَخَاهُ كَمَا يَعَض الْفَحْلُ لَا دِيَةَ لَكَ.

5245 ـ ئىمران ئىبنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىنى چىشلىۋالدى، ئۇ ئادەم قولىنى (چىشلىۋالغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن) تارتقانىدى، ئۇدۇل چىشىدىن ئىككىسى چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دەۋالىشىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سەنمۇ قېرىندىشىڭنىڭ قولىنى خۇددى ئەركەك تۆگىدەك چىشلىمەكچىمۇ؟ چىشىڭغا دىيەت تۆلەنمەيدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6892)

5246 - وفي رواية: فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا تَأْمُرُنِي تَأْمُرُنِي أَنْ آمُرَهُ أَنْ يَدَعَ يَدَهُ فِي فِيكَ تَقْضَمُهَا كَمَا يَقْضَمُ الْفَحْلُ ادْفَعْ يَدَكَ حَتى يَعَضهَا ثُم انْتَزِعْهَ.

5246 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى چىشلەنگەن ئادەمگە:

[1] يەنى گۇمانلىق تەرەپنىڭ قەبىلىسىدىن ئەللىك كىشىنى: ”بىز ئۆلتۈرمىدۇق“ دەپ قەسەم قىلدۇرۇش.

ــ مەندىن نېمە تەلەپ قىلماقچىسەن؟ خالىساڭ، ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلاي، قولىنى ئاغزىڭغا سالسۇن، سەنمۇ ئەركەك تۆگىدەك چىشلىۋالغىن، ـ دېدى ۋە چىشى چۇشۇپ كەتكەن ئادەمگە:

ــ قېنى چىشلەتكىن! ئاندىن سەنمۇ قولۇڭنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن تارتىۋال! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1673)

5247 - عَنْ أنسٍ أن الرَبيعَ عَمَتَهُ كَسَرَتْ ثَنِيةَ جَارِيَةٍ فَطَلَبُوا إِلَيْهَا الْعَفْوَ وَأبَوْا فَعَرَضُوا الْأرْe فَأبَوْا فَأتَوْا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأبَوْا إلا الْقِصَاصَ فَأمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْقِصَاصِ فَقَالَ أنسُ بْنُ النضْرِ يَا رَسُولَ اللهِ أتُكْسَرُ ثَنِيةُ الرَبيعِ لَا وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق لَا تُكْسَرُ ثَنِيتُهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا أنسُ كِتَابُ اللهِ الْقِصَاصُ فَرَضِيَ الْقَوْمُ فَعَفَوْا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن مِنْ عِبَادِ اللهِ مَنْ لَوْ أقْسَمَ عَلَى اللهِ لَأبَرهُ.

5247 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھاممام رۇبەييىئ بىر قىزنىڭ ئۇدۇل چىشىنى تۆكۈۋەتتى. بىز قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن ھاممامنى كەچۈرۈۋېتىشنى ئۆتۈندۇق، لېكىن ئۇلار ئۇنىمىدى. چىشنىڭ دىيىتىنى تۆلىمەكچى بولساقمۇ، ئۇلار يەنە قوبۇل قىلماي، قىساس ئېلىش نىيىتىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ كەلدۇق، ئۇلار قىساستىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىساس ئېلىشقا بۇيرىدى. ئەنەس ئىبنى نەزر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! رۇبەييىئنىڭ چىشى تۆكۈلەمدۇ؟! سېنى ھەق دىننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، رۇبەييىئنىڭ چىشىنى تۆكۈشكە بولمايدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەي ئەنەس! سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن، اللهنىڭ كىتابىنىڭ ھۆكمى قىساس ئېلىش تۇرسا؟! ـ دېدى، بۇنى ئاڭلىغان، دەۋاگەرلەر قىساس ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ، دىيەت ئالماقچى بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شەك ـ شۈبھىسىز، اللەنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار اللەنىڭ نامىدا قەسەم قىلسا، (الله) ئۇلارنى قەسىمىدىن ياندۇرمايدۇ. ـ دېدى.

(بۇخارى: 4500)

5248 - عَنْ أَنسٍ أَن أُخْتَ الرَبيعِ أُم حَارِثَةَ جَرَحَتْ إِنْسَانًا فَاخْتَصَمُوا إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْقِصَاصَ الْقِصَاصَ فَقَالَتْ أُم الربيعِ يَا رَسُولَ اللهِ أَيُقْتَص مِنْ فُلَانَةَ وَاللهِ لَا يُقْتَص مِنْهَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُبْحَانَ اللهِ يَا أُم الربيعِ الْقِصَاصُ كِتَابُ اللهِ قَالَتْ لَا وَاللهِ لَا يُقْتَص مِنْهَا أَبَدًا قَالَ فَمَا زَالَتْ حَتى قَبِلُوا الديَةَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن مِنْ عِبَادِ اللهِ مَنْ لَوْ أَقْسَمَ عَلَى اللهِ لَأَبَرهُ.

5248 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رۇبەييئىنىڭ ھەمشىرىسى ئۇممۇ ھارىسە بىرىنى يارىلاندۇرۇپ قويۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ باردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇنىڭغا قىساس (ئېلىش) كېرەك، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان رۇبەييئىنىڭ ئانىسى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! قىساس ئېلىنامدۇ؟ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنمايدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سۇبھانەللاھ! ئەي رۇبەييئىنىڭ ئانىسى! اللەنىڭ كىتابىدا بۇنىڭ ھۆكمى قىساس (ئېلىش دەپ) تۇرسا؟! ـ دېدى. لېكىن ئۇ ئايال:

ــ ياق، اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنمايدۇ، ـ دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى، قارشى تەرەپ دىيەت ئېلىشقا رازى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ شەك ـ شۈبھىسىز، ﷲنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار ﷲنىڭ نامىدا قەسەم قىلسا، (ﷲ) ئۇلارنى قەسىمىدىن ياندۇرمايدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1675)

5249 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أَن غُلَامًا لِأُنَاسٍ فُقَرَاءَ قَطَعَ أُذُنَ غُلَامٍ لِأُنَاسٍ أَغْنِيَاءَ فَأَتى أَهْلُهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ إِنا أُنَاسٌ فُقَرَاءُ فَلَمْ يَجْعَلْ عَلَيْهِ شَيْئًا.

5249 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كەمبەغەل بىر ئائىلىنىڭ قۇلى باي بىر ئائىلىنىڭ قۇلىنىڭ قۇلىقىنى كېسىۋەتكەندى، كەمبەغەل ئائىلە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ بىز كەمبەغەل ئىنسانمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قۇلغا ھېچقانداق جازا قويمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4590)

5250 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَجُلًا وَقَعَ فِي أَبٍ كَانَ لَهُ فِي الْجَاهِلِيةِ فَلَطَمَهُ الْعَباسُ فَجَاءَ قَوْمُهُ فَقَالُوا لَيَلْطِمَنهُ كَمَا لَطَمَهُ فَلَبِسُوا السلَاحَ فَبَلَغَ ذَلِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَصَعِدَ الْمِنْبَرَ فَقَالَ أَيهَا الناسُ أَي أَهْلِ الْأَرْضِ تَعْلَمُونَ أَكْرَمُ عَلَى اللهِ عَز وَجَل فَقَالُوا أَنتَ فَقَالَ إِن الْعَباسَ مِني وَأَنَا مِنْهُ لَا تَسُبوا مَوْتَانَا فَتُؤْذُوا أَحْيَاءَنَا فَجَاءَ الْقَوْمُ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ نَعُوذُ بِاللهِ مِنْ غَضَبِكَ اسْتَغْفِرْ لَنَا.

5250 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى جاھىلىيەتتە ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزدىن بىرىگە تىل تەگكۈزگەنىدى (دادام) ئابباس ئۇنىڭ ئېڭىكىگە بىر تەستەك سالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەمنىڭ قەبىلىسىدىكىلەر:

[1] ئەلبانى (3837): سەھىھ ـ دېگەن.

– ئابباس بۇنى قانداق ئۇرغان بولسا، بۇمۇ ئابباسنى شۇنداق ئۇرۇشى كېرەك، - دېيىشىپ، قورال كۆتۈرۈپ كېلىشتى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە چىقىپ:

– ئى خالايىق! سىلەرچە، اللهنىڭ ئالدىدا زېمىن ئەھلىدىن كىم ئەڭ ھۆرمەتلىك؟ - دەپ سورىدى. كىشىلەر:

– سەن ئەڭ ھۆرمەتلىكسەن، - دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئابباس مەندىن، مەن ئابباستىن. ئۆتمۈشتىكىلىرىمىزگە تىل تەگكۈزۈپ، تىرىكلىرىمىزگە ئەزىيەت بەرمەڭلار! - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇرماقچى بولغان كىشىلەر:

– ئى رەسۇلۇللاھ! بىز اللهقا سېغىنىپ سېنىڭ غەزەبلىنىشىڭدىن پاناھ تىلەيمىز. الله تائالادىن بىزگە مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭ، - دېيىشتى[1].

(نەسائى: 4775)

5251 - عن عبدالله بن جبير ال۟زاعى قال طعن رسول الله صلى الله عليه وسلم رجلا في بطنه إما بقضيب وإما بسواك فقال أوجعتt فأقدb فأعطاه العود الذى كان معه فقال استقد فقبل بطنه Ż قال بل أعفو لعلك أن تشفع Б ŏا يوم القيامة.

5251 - ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير خۇزائىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىدىكى تاياقچە (ياكى مىسۋاك) بىلەن بىر كىشىنىڭ قورسىقىغا تۈرتكەنىدى، ئۇ كىشى:

– ماڭا ئەزىيەت بەردىڭ، قىساس تەلەپ قىلىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىدىكى تاياقچىنى ئۇنىڭغا بېرىپ:

– مانا، قىساس ئېلىۋال، - دېدى. ئۇ كىشى بېرىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قورسىقىغا سۆيۈپ تۇرۇپ:

[1] ئەلبانى(328): زەئىپ، - دېگەن.

ــ سېنى كەچۈرۈۋەتتىم، بەلكى بۇنىڭ بەدىلىگە قىيامەت كۈنى ماڭا شاپائەت قىلىپ قېلىشىڭ مۇمكىن، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 3805)

5252 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ مَا رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رُفِعَ إِلَيْهِ شَيْءٌ فِيهِ قِصَاصٌ إِلا أَمَرَ فِيهِ بِالْعَفْوِ.

5252 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىغا كەلگەن قىساس توغرۇلۇق ھەرقانداق دەۋادا (ئالدى بىلەن) دەۋاگەر تەرەپنى كەچۈرۈم قىلىشقا بۇيرىماي قالمايتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4498)

5253 - عن أبي السفَرِ قَالَ دَق رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ سِن رَجُلٍ مِنْ الْأَنصَارِ فَاسْتَعْدَى عَلَيْهِ مُعَاوِيَةَ فَقَالَ لِمُعَاوِيَةَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ إِن هَذَا دَق سِنِي قَالَ مُعَاوِيَةُ إِنا سَنُرْضِيكَ وَأَلَح الْآخَرُ عَلَى مُعَاوِيَةَ فَأَبْرَمَهُ فَلَمْ يُرْضِهِ فَقَالَ لَهُ مُعَاوِيَةُ شَأْنَكَ بِصَاحِبِكَ وَأَبو الدرْدَاءِ جَالِسٌ عِنْدَهُ فَقَالَ أَبو الدرْدَاءِ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَمِعَتْهُ أُذُنَايَ وَوَعَاهُ قَلْبِي يَقُولُ مَا مِنْ رَجُلٍ يُصَابُ بِشَيْءٍ فِي جَسَدِهِ فَيَتَصَدقُ بِهِ إِلا رَفَعَهُ اللهُ بِهِ دَرَجَةً وَحَط عَنْهُ بِهِ خَطِيئَةً قَالَ الْأَنصَارِي أَأَنتَ سَمِعْتَهُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَمِعَتْهُ أُذُنَايَ وَوَعَاهُ قَلْبِي قَالَ فَإِني أَذَرُهَا لَهُ قَالَ مُعَاوِيَةُ لَا جَرَمَ لَا أُخَيِّبُكَ فَأَمَرَ لَهُ بِمَالٍ.

5253 ـ ئەبۇ سەفەردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرەيش قەبىلىسىلىك بىر كىشى ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنىڭ چىشىنى تۆكۈۋەتكەندى، ئۇ كىشى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىساسىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ:

ــ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ ئادەم مېنىڭ چىشىمنى تۆكۈۋەتتى، ـ دېدى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

---

[1] ھەيسەمى (10732): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3774): سەھىھ ـ دېگەن.

— بىز سېنى رازى قىلايلى، - دېدى. لېكىن قۇرەيشلىك كىشى تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئالالمىدى، ئەنسارىنىمۇ رازى قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن:

- (قىساسىڭنى ئېلىش ئۈچۈن) بۇنىڭغا خالىغىنىڭنى قىل! - دېدى. شۇ يەردە ئولتۇرغان ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەپكە ئارىلىشىپ مۇنداق دېدى:

- مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىنى مۇشۇ قۇلاقلىرىم بىلەن ئاڭلاپ، يۈرىكىمدە مەھكەم ساقلىغانىدىم، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «جىسمى (باشقىلار تەرىپىدىن) زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغان ھەرقانداق ئادەم ئۆزىگە زىيان يەتكۈزگۈچىنى كەچۈرۈۋەتسە، الله بۇ سەۋەبتىن (ئاخىرەتتە) ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈپ، گۇناھلىرىدىن بىرنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ». ئەنسارى:

— سەن بۇ سۆزنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن راست ئاڭلىغانمىدىڭ؟ - دەپ سورىدى. ئەبۇ دەردا:

— ھەئە، مەن ئۇنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ، يۈرىكىمدە چىڭ ساقلىغانىدىم، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەنسارى:

- ئۇنداقتا، مەن بۇ قىساسنى ئەشۇ ساۋاب ئۈچۈن تەرك ئېتىمەن، - دېدى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ: ھېچۋەقەسى يوق، مەنمۇ سېنى قۇرۇق قول قايتۇرمايمەن، - دېدى ۋە ئۇنىڭغا پۇل بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى[1].

(تىرمىزى: 1393)

5254 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ عَلَى الْمُقْتَتِلِينَ أَنْ يَنْحَجِزُوا الْأَولَ فَالْأَولَ وَإِنْ كَانَتْ امْرَأَةً.

5254 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىچىدىن بىرەرسى قاتىلنى ئەپۇ قىلسا، قالغانلارنىڭ قىساس تەلەپ قىلىش ھەققى قالمايدۇ (پەقەت دىيەتلا تەلەپ قىلىدۇ). ئەگەر ئەپۇ

[1] ئەلبانى (233): زەئىپ، - دېگەن.

قىلغۇچى ئايال كىشى بولسىمۇ، قاتىلنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنى بولسا بولىۋېرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4538)

5255 - عن أم سلمة أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: مَنْ كَانَ فِيهِ وَاحِدَةٌ مِنْ ثَلاثٍ زَوجَهُ اللهُ مِنَ الْحُورِ الْعِينِ مَنْ كَانَتْ عِنْدَهُ، يَعْنِي أَمَانَةٌ خَفِيةٌ شَهِيةٌ، فَأَداهَا مِنْ مَخَافَةِ اللهِ، أَوْ رَجُلٌ عَفَا عَنْ قَاتِلِهِ، أَوْ رَجُلٌ قَرَأَ "قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ" دُبُرَ كُل صَلاةٍ.

5255 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمدە تۆۋەندىكى ئۈچ خىسلەتتىن بىرى تېپىلسا، الله ئۇنى (جەننەتتە) شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرگە ئۆيلەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: ئۆزىدىكى مەخپىي (ھېچكىم بىلمەيدىغان) ۋە (ئىنسان نەپسىنى) جەلپ قىلارلىق بىر ئامانەتنى پەقەت اللهتىن قورققانلىقى ئۈچۈنلا ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش؛ يەنە بىرى: قاتىلنى كەچۈرۈم قىلىش. يەنە بىرى: ھەر نامازدىن كېيىن، سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇش»[2].

(«ئەلكەبىر»: 295)

5256 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ إن أولَ قَسَامَةٍ كَانَتْ فِي الْجَاهِلِيةِ لَفِينَا بَنِي هَاشِمٍ كَانَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي هَاشِمٍ اسْتَأْجَرَهُ رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ مِنْ فَخِذٍ أُخْرَى فَانْطَلَقَ مَعَهُ فِي إِبِلِهِ فَمَر رَجُلٌ بِهِ مِنْ بَنِي هَاشِمٍ قَدْ انْقَطَعَتْ عُرْوَةُ جُوَالِقِهِ فَقَالَ أَغِثْنِي بِعِقَالٍ أَشُد بِهِ عُرْوَةَ جُوَالِقِي لَا تَنْفِرُ الْإِبِلُ فَأَعْطَاهُ عِقَالًا فَشَد بِهِ عُرْوَةَ جُوَالِقِهِ فَلَما نَزَلُوا عُقِلَتْ الْإِبِلُ إِلا بَعِيرًا وَاحِدًا فَقَالَ الذِي اسْتَأْجَرَهُ مَا شَأْنُ هَذَا الْبَعِيرِ لَمْ يُعْقَلْ مِنْ بَيْنِ الْإِبِلِ قَالَ لَيْسَ لَهُ عِقَالٌ قَالَ فَأَيْنَ عِقَالُهُ قَالَ فَحَذَفَهُ بِعَصًا كَانَ فِيهَا أَجَلُهُ فَمَر بِهِ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْيَمَنِ فَقَالَ أَتَشْهَدُ الْمَوْسِمَ قَالَ مَا أَشْهَدُ وَرُبمَا شَهِدْتُهُ قَالَ هَلْ أَنْتَ مُبْلِغٌ عَني رِسَالَةً مَرةً

[1] ئەلبانى (981): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (10796): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كىملىكى نامەلۇم كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

مِنْ الدهْرِ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَكَتَبَ إِذَا أَنتَ شَهِدْتَ الْمَوْسِمَ فَنَادِ يَا آلَ قُرَيْشٍ فَإِذَا أَجَابُوكَ فَنَادِ يَا آلَ بَنِي هَاشِمٍ فَإِنْ أَجَابُوكَ فَسَلْ عَنْ أَبِي طَالِبٍ فَأَخْبِرْهُ أَن فُلَانًا قَتَلَنِي فِي عِقَالٍ وَمَاتَ الْمُسْتَأْجَرُ فَلَما قَدِمَ الذِي اسْتَأْجَرَهُ أَتَاهُ أَبو طَالِبٍ فَقَالَ مَا فَعَلَ صَاحِبُنَا قَالَ مَرِضَ فَأَحْسَنْتُ الْقِيَامَ عَلَيْهِ فَوَلِيتُ دَفْنَهُ قَالَ قَدْ كَانَ أَهْلَ ذَاكَ مِنْكَ فَمَكُثَ حِينًا ثُم إِن الرجُلَ الذِي أَوْصَى إِلَيْهِ أَنْ يُبْلِغَ عَنْهُ وَافَى الْمَوْسِمَ فَقَالَ يَا آلَ قُرَيْشٍ قَالُوا هَذِهِ قُرَيْشٌ قَالَ يَا آلَ بَنِي هَاشِمٍ قَالُوا هَذِهِ بَنُو هَاشِمٍ قَالَ أَيْنَ أَبُو طَالِبٍ قَالُوا هَذَا أَبُو طَالِبٍ قَالَ أَمَرَنِي فُلَانٌ أَنْ أُبْلِغَكَ رِسَالَةً أَن فُلَانًا قَتَلَهُ فِي عِقَالٍ فَأَتَاهُ أَبُو طَالِبٍ فَقَالَ لَهُ اخْتَرْ مِنا إِحْدَى ثَلَاثٍ إِنْ شِئْتَ أَنْ تُؤَدِيَ مِائَةً مِنْ الْإِبِلِ فَإِنكَ قَتَلْتَ صَاحِبَنَا وَإِنْ شِئْتَ حَلَفَ خَمْسُونَ مِنْ قَوْمِكَ إِنكَ لَمْ تَقْتُلْهُ فَإِنْ أَبَيْتَ قَتَلْنَاكَ بِهِ فَأَتَى قَوْمَهُ فَقَالُوا نَحْلِفُ فَأَتَتْهُ امْرَأَةٌ مِنْ بَنِي هَاشِمٍ كَانَتْ تَحْتَ رَجُلٍ مِنْهُمْ قَدْ وَلَدَتْ لَهُ فَقَالَتْ يَا أَبَا طَالِبٍ أُحِب أَنْ تُجِيزَ ابْنِي هَذَا بِرَجُلٍ مِنْ الْخَمْسِينَ وَلَا تُصْبِرْ يَمِينَهُ حَيْثُ تُصْبَرُ الْأَيْمَانُ فَفَعَلَ فَأَتَاهُ رَجُلٌ مِنْهُمْ فَقَالَ يَا أَبَا طَالِبٍ أَرَدْتَ خَمْسِينَ رَجُلًا أَنْ يَحْلِفُوا مَكَانَ مِائَةٍ مِنْ الْإِبِلِ يُصِيبُ كُل رَجُلٍ بَعِيرَانِ هَذَانِ بَعِيرَانِ فَاقْبَلْهُمَا عَني وَلَا تُصْبِرْ يَمِينِي حَيْثُ تُصْبَرُ الْأَيْمَانُ فَقَبِلَهُمَا وَجَاءَ ثَمَانِيَةٌ وَأَرْبَعُونَ فَحَلَفُوا قَالَ ابْنُ عَباسٍ فَوَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مَا حَالَ الْحَوْلُ وَمِنْ الثمَانِيَةِ وَأَرْبَعِينَ عَيْنٌ تَطْرِفُ.

5256 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە يۈز بەرگەن تۇنجى قەسامە ۋەقەسى بىزنىڭ ئايمىقىمىز (بەنى ھاشىم)دا مەيدانغا كەلدى. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ باشقا ئايمىقىدىن بولغان بىر كىشى بەنى ھاشىم ئايمىقىدىن بىر كىشىنى (پادىچىلىققا) ياللاپ، تۆگىسىنى باقتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ تۆگە بېقىۋاتقان يەردىن بەنى ھاشىم قەبىلىسىلىك يەنە بىر كىشى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ـ تاغىرىمنىڭ بوغۇچى ئۈزۈلۈپ كەتتى، بىر پارچە ئارغامچا بەرگەن بولساڭ. تۆگەڭ چۈلۈۋۈرسىز قېچىپ كەتمەيدىغۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا بىر تال ئارغامچا بەردى. ئۇ كىشى تاغىرىنىڭ ئاغزىنى بوغدى.

(ئوتلاقتىن قايتىپ) قونالغۇغا كەلگەندە، تۆگىلەرنىڭ ئىگىسى بىر تۆگىنىڭ باغلانمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ بۇ تۆگە نېمە ئۈچۈن باغلانمىدى؟ ـ دەپ سورىدى. پادىچى:
ــ ئۇنىڭ چۇلۇۋۇرى يوق، ـ دېدى. خوجايىنى:
ـــ ئۇنىــڭ چۇلــۋۇرى نەگە كەتتــى؟ ــ دەپ ۋاقىــراپ، كــالتەك بىــلەن ئۆلگۈدەك ئۇردى. جان تالىشىپ ياتقان پادىچىنىڭ يېنىدىن يەمەنلىك بىر ئادەم ئۆتۈپ قالدى. پادىچى يەمەنلىككە:
ــ سەن بۇ يىل ھەجگە بارامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:
ــ بارمايمەن، ئەمما بېرىپ قېلىشىممۇ مۇمكىن، ـ دېدى.
ــ ئەگەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھەجگە بېرىپ قالساڭ، ئۇ يەردىكىلەرگە مېنىڭ خېتىمنى يەتكۈزۈپ قويامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. يەمەنلىك:
ـــ بولىــدۇ، يەتكــۈزۈپ قــويىمەن، ـ دېــدى. شــۇنىڭ بىــلەن، پــادىچى ئۇنىڭغا:
ــ ھەجگە بارغانىدا: ئەي قــۇرەيش ئاھالىسى! ــ دەپ تــوۋلىغىن، ئــۇلار ساڭا جاۋاب قايتۇرسا، سەن: ھەي بەنى ھاشىم! ــ دەپ تــوۋلىغىن، ئۇلارمــۇ جــاۋاب قايتۇرســا، ئــۇلاردىن ئەبــۇ تــالىبنى ســورىغىن ۋە ئەبۇتالىبقــا پالانىنىــــڭ مېنــــى بىــــر تــــال ئارغامچــا ئۈچــۈن ئۆلتۈرىــۋەتكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويغىن! ـ دەپ خەت يېزىپ بەردى ۋە ئارقىدىنلا جان ئۈزدى.
ئۇنى ياللىغان خوجايىن مەككىگە كەلگەندە، ئەبۇ تالىب ئۇنىڭدىن:
ــ بىزنىڭ ئادىمىمىز قېنى؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ كىشى:
ــ ئۇ ئادەم ئاغرىپ قالغانىدى، ئەتراپىدا پايپېتەك بولدۇم، لېكىن ئۆلۈپ كەتتى، شۇڭا دەپنە قىلىۋېتىپ كەلدىم، ـ دېدى. ئەبۇ تالىب:
ـــ شۈبھىسىزكى، ئــۇ سېنىــڭ پــايپېتەك بولۇشــۇڭغا لايىــق ئــادەم ئىدى، ـ دېدى. ئارىدىن بىــر مەزگىــل ئۆتكەنــدىن كېيىــن، پــادىچى خەۋەر يوللىغان يەمەنلىك ئادەم ھەجگە كېلىپ:
ــ ھەي قۇرەيش ئاھالىسى! ـ دەپ ۋارقىرىدى، ئەتراپتىكىلەر:
ــ مانا، قۇرەيشلىكلەر بۇ يەردە، ـ دېدى. ئۇ ئادەم يەنە:
ــ ئەي بەنى ھاشىم ئاھالىسى! ـ دېدى، ئەتراپتىكىلەر:
ــ مانا، بەنى ھاشىم بۇ يەردە، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:
ــ ئەبۇ تالىب نەدە؟ ـ دەپ سورىدى. ئەتراپتىكىلەر:

ــ مانا بۇ ئادەم ئەبۇ تالىب بولىدۇ، ــ دېدى. يەمەنلىك:

ــ پالانى ئادەم ئۆزىنى پۇستانى ئادەمنىڭ بىر تال ئارغامچا ئۈچۈن ئۆلتۈرىۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى بىر پارچە خەتنى ساڭا يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىغانىدى، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ تالىب ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ بىزنىڭ ئادىمىمىزنى ئۆلتۈرىۋەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن، مۇنۇ ئۈچ ئىشتىن بىرىنى تاللىغىن. بىرىنچىسى، يۈز تۆگە دىيەت تۆلەش؛ ئىككىنچىسى، ئۇنى سېنىڭ ئۆلتۈرمىگەنلىكىڭگە قەبىلەڭدىن ئەللىك ئادەمگە قەسەم ئىچكۈزۈش؛ ئۈچىنچىسى، (بۇلارغا ئۇنىمىساڭ) ئۆلۈم (يەنى ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن سېنى ئۆلتۈرىمىز)، ــ دېدى.

ئۇ ئادەم ئەھۋالنى قەبىلىسىگە ئېيتقانىدى، ئۇلار:

ــ بىز قەسەم ئىچەيلى، ــ دېيىشتى. بۇ قەبىلىدىن بىرسىگە ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر بالا تۇغقان بەنى ھاشىم ئايىمقىلىق بىر ئايال ئەبۇ تالىبنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئەي ئەبۇ تالىب! بۇ بالىنى قەسەم قىلىدىغان ئەللىك كىشىنىڭ قاتارىدىن قىلىشىڭنى، لېكىن ئۇنى كەئبىنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىشقا زورلىماسلىقىڭنى سورايمەن، ــ دېدى. ئەبۇ تالىب ئۇنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ:

ــ ئەي ئەبۇ تالىب! بۇ ئادەم (قاتىل) يۈز تۆگە دىيەت تۆلەشنىڭ ئورنىغا، قەۋمىمىزدىن ئەللىك ئادەمگە قەسەم قىلدۇرۇشنى تاللىدى. يۈز تۆگىنى ئەللىك ئادەمگە چاچساق، ئىككىدىن توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ ئىككى تۆگىنى ئېلىپ، كەئبىنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلدۇرىدىغان چاغدا، مېنى (قەسەمگە) زورلىمىساڭ، ــ دېدى. ئەبۇ تالىب ئۇنىڭ ئىككى تۆگىسىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن قىرىق سەككىز ئادەم كېلىپ قەسەم قىلدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: نەپسىم ئىلكىدە بولغان الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، (ئۇلار قەسەم قىلىپ)

ئارىدىن بىر يىل ئۆتمەي تۇرۇپ، شۇ قىرىق سەككىز ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى.

(بۇخارى: 3845)

5257 - عَنْ أَبِي سَلَمَةَ وَسُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ عَنْ أُنَاسٍ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن الْقَسَامَةَ كَانَتْ فِي الْجَاهِلِيَةِ فَأَقَرهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى مَا كَانَتْ عَلَيْهِ فِي الْجَاهِلِيَةِ وَقَضَى بِهَا بَيْنَ أُنَاسٍ مِنْ الْأَنصَارِ فِي قَتِيلٍ ادعَوْهُ عَلَى يَهُودِ خَيْبَرَ.

5257 ـ ئەبۇ سەلەمە ۋە سۇلايمان ئىبنى يەسار قاتارلىق راۋىيلار بىر توپ ساھابىلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قەسامە جاھىلىيەت دەۋرىدە بار بىر ئىش ئىدى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىنمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ پېتى قويغان ۋە ئەنسارلار خەيبەرلىك يەھۇدىيلار ئۈستىدىن:

— بۇلار ئەنسارلاردىن بىر كىشىنى ئۆلتۈرىۋەتتى، ـ دەپ دەۋا قىلغاندا، ئەنە شۇ قەسامە بىلەن ھۆكۈم قىلغان[1].

(نەسائى: 4708)

5258 - عَنْ سَهْلِ بْنِ أَبِي حَثْمَةَ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ سَهْلٍ وَمُحَيصَةَ بْنَ مَسْعُودِ بْنِ زَيْدٍ أَنهُمَا أَتَيَا خَيْبَرَ وَهُوَ يَوْمَئِذٍ صُلْحٌ فَتَفَرقَا لِحَوَائِجِهِمَا فَأَتَى مُحَيصَةُ عَلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ سَهْلٍ وَهُوَ يَتَشَحطُ فِي دَمِهِ قَتِيلًا فَدَفَنَهُ ثُم قَدِمَ الْمَدِينَةَ فَانْطَلَقَ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ سَهْلٍ وَحُوَيصَةُ وَمُحَيصَةُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَهَبَ عَبْدُ الرحْمَنِ يَتَكَلمُ وَهُوَ أَحْدَثُ الْقَوْمِ سِنا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَبرْ الْكُبْرَ فَسَكَتَ فَتَكَلمَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتَحْلِفُونَ بِخَمْسِينَ يَمِينًا مِنْكُمْ فَتَسْتَحِقونَ دَمَ صَاحِبِكُمْ أَوْ قَاتِلِكُمْ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ نَحْلِفُ وَلَمْ نَشْهَدْ وَلَمْ نَرَ قَالَ فَتُبْرِئُكُمْ يَهُودُ بِخَمْسِينَ

[1] ئەلبانى (4390): سەھىھ ـ دېگەن.

يَمِينًا قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ نَأْخُذُ أَيْمَانَ قَوْمٍ كُفَّارٍ فَعَقَلَهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ عِنْدِهِ.

5258 ـ سەھل ئىبنى ئەبۇ ھەسمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى سەھل بىلەن مۇھەييىسە ئىبنى مەسئۇد ئىبنى زەيد خەيبەرگە بېرىپ، ھەر ئىككىسى ئۆز ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلدى. ئۇ چاغدا، مۇسۇلمانلار بىلەن خەيبەر ئاھالىسى بولغان يەھۇدىيلار ئارىسىدا كېلىشىم بار ئىدى. مۇھەييىسە ئىشىنى پۈتتۈرۈپ، ئابدۇللاھ ئىبنى سەھلنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن ھالدا (ئۆلۈك) ياتقىنىنى كۆردى. مۇھەييىسە ئۇنى دەپنە قىلىۋېتىپ، مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئاندىن ئابدۇراھمان ئىبنى سەھل بىلەن ھۇۋەييىسەنى ئېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىردى. ئۇلاردىن يېشى ئەڭ كىچىك بولغان ئابدۇراھمان ئىبنى سەھل سۆز قىلغىلى تەمشەلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ چوڭلارغا يول قويغىن! ـ دېدى. ئۇ شۈك بولدى، باشقىلار (بولغان ۋەقەنى) بىرمۇ بىر ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سىلەردىن ئەللىك كىشى (قاتىل پالانى دەپ) قەسەم ئىچسۇن، شۇنىڭ بىلەن، تۇغقىنىڭلارنىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولالايسىلەر، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ بىز قانداق قەسەم قىلالايمىز؟ بىز نەق مەيداندا بولمىساق ياكى قاتىلنى كۆرمىسەك؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇنداقتا، يەھۇدىيلاردىن ئەللىك كىشى قەسەم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى تۆھمەتنى يۇيىۋەتسۇنمۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز كاپىرلارنىڭ قىلغان قەسىمىگە قانداقمۇ ئىشىنەلەيمىز؟! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئۆلگۈچىنىڭ دىيىتىنى ئۆز يېنىدىن بەردى[1].

(نەسائى: 4714)

5259 - عن سَهْلَ بْنَ أَبِي حَثْمَةَ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ سَهْلٍ وَمُحَيصَةَ خَرَجَا إِلَى خَيْبَرَ مِنْ جَهْدٍ أَصَابَهُمَا فَأَتِيَ مُحَيصَةُ فَأَخْبَرَ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ سَهْلٍ قَدْ قُتِلَ وَطُرِحَ فِي فَقِيرٍ أَوْ عَيْنٍ فَأَتى يَهُودَ فَقَالَ أَنْتُمْ وَاللهِ قَتَلْتُمُوهُ فَقَالُوا وَاللهِ مَا قَتَلْنَاهُ ثُم أَقْبَلَ حَتى قَدِمَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ ثُم أَقْبَلَ هُوَ وَحُوَيصَةُ وَهُوَ أَخُوهُ أَكْبَرُ مِنْهُ وَعَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ سَهْلٍ فَذَهَبَ مُحَيصَةُ لِيَتَكَلمَ وَهُوَ الذِي كَانَ بِخَيْبَرَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَبرْ كَبرْ وَتَكَلمَ حُوَيصَةُ ثُم تَكَلمَ مُحَيصَةُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِما أَنْ يَدُوا صَاحِبَكُمْ وَإِما أَنْ يُؤْذِنُوا بِحَرْبٍ فَكَتَبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي ذَلِكَ فَكَتَبُوا إِنا وَاللهِ مَا قَتَلْنَاهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِحُوَيصَةَ وَمُحَيصَةَ وَعَبْدِ الرحْمَنِ تَحْلِفُونَ وَتَسْتَحِقونَ دَمَ صَاحِبِكُمْ قَالُوا لَا قَالَ فَتَحْلِفُ لَكُمْ يَهُودُ قَالُوا لَيْسُوا مُسْلِمِينَ فَوَدَاهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ عِنْدِهِ فَبَعَثَ إِلَيْهِمْ بِمِائَةِ نَاقَةٍ حَتى أُدْخِلَتْ عَلَيْهِمْ الدارَ قَالَ سَهْلٌ لَقَدْ رَكَضَتْنِي مِنْهَا نَاقَةٌ حَمْرَاءُ.

5259 ـ سەھل ئىبنى ئەبۇ ھەسمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى سەھل بىلەن مۇھەييىسە (تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتىپ قېلىپ، ئاز ـ تولا بىر نەرسە تېپىپ كېلىش ئۈچۈن) خەيبەرگە چىققانىدى، كۆپ ئۆتمەي، مۇھەييىسەگە ئابدۇللاھ ئىبنى سەھلنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، جەسىتىنىڭ بىر قۇدۇققا تاشلىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرى كەلدى. مۇھەييىسە يەھۇدىيلارنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـ اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنى سىلەر ئۆلتۈرۈۋەتتىڭلار، ـ دېدى. ئۇلارمۇ:

ـــ اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنى بىز ئۆلتۈرمىدۇق، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ (ئابدۇللاھنى دەپنە قىلىۋېتىپ، مەدىنىگە قايتىپ) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەھۋالنى خەۋەر

[1] ئەلبانى (4396): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلىش ئۈچۈن قېرىندىشى ھۇۋەيىيسە بىلەن ئابدۇراھمان ئىبنى سەھلنى ئېلىپ كەلدى ۋە خەيبەرگە ئۆزى بارغان بولغاچقا سۆز قىلغىلى تەمشەلگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- چوڭلار سۆزلىسۇن! - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھۇۋەيىيسە سۆزلىدى، ئاندىن مۇھەيىيسە سۆزلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— يا ئۇلار قېرىندىشىڭلارنىڭ دىيىتىنى بېرىشى كېرەك ياكى ئۇلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشىمىز كېرەك، - دېدى - دە، دەرھال بۇ توغرۇلۇق يەھۇدىيلارغا مەكتۇپ يازدى. خەيبەر يەھۇدىيلىرى:

— اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنى بىز ئۆلتۈرمىدۇق، - دەپ جاۋاب مەكتۇبى يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇۋەيىيسە، مۇھەيىيسە ۋە ئابدۇراھمانغا:

— سىلەر قېرىندىشىڭلارنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىگە قەسەم قىلىش ئارقىلىق قېرىندىشىڭلارنىڭ قان قىساسىنى ئۇلاردىن تەلەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالايسىلەر، - دېدى. ئۇلار:

- ياق، قەسەم قىلالمايمىز، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇنداقتا، سىلەرگە يەھۇدىيلار قەسەم قىلىپ بەرسۇن، - دېدى. ئۇلار:

— يەھۇدىيلار مۇسۇلمان ئەمەس تۇرسا؟! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆلگۈچىنىڭ دىيىتىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز يېنىدىن بېرىپ، ئۇلارغا يۈز تۆگە ئەۋەتىپ بەردى. دىيەتنى ئېلىپ بارغان ئادەم تۆگىلەرنى ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا سولاپ بېرىپ كەلدى. سەھل:

- شۇ چاغدا، ئاشۇ تۆگىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر تۇياق قىزىل تۆگە مېنى تېپىۋەتكەنىدى، - دېگەن[1].

(نەسائى: 4710)

[1] ئەلبانى (4392): سەھىھ - دېگەن.

5260 - وفي رواية: فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يَقْسِمُ خَمْسُونَ مِنْكُمْ عَلَى رَجُلٍ مِنْهُمْ فَيُدْفَعُ بِرُمتِهِ.

5260 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«سىلەردىن ئەللىك كىشى يەھۇدىيلاردىن بىر كىشىنى: ”قاتىل مانا مۇشۇ“ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، قەسەم قىلالىسا، (قىرىندىشىڭلارنىڭ قىساسى ئۈچۈن) ئۇ كىشى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

(مۇسلىم: 1669)

5261 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ بُجَيْدٍ قَالَ إِن سَهْلًا وَاللهِ أَوْهَمَ الْحَدِيثَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَتَبَ إِلَى يَهُودَ أَنهُ قَدْ وُجِدَ بَيْنَ أَظْهُرِكُمْ قَتِيلٌ فَدُوهُ فَكَتَبُوا يَحْلِفُونَ بِاللهِ خَمْسِينَ يَمِينًا مَا قَتَلْنَاهُ وَلَا عَلِمْنَا قَاتِلًا قَالَ فَوَدَاهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ عِنْدِهِ بِمِائَةِ نَاقَةٍ.

5261 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى بۇجەيد مۇنداق دەيدۇ: سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنىڭ جەريانىنى رىۋايەت قىلىشتا خاتالاشقان، بۇ ھەدىس ئەسلىدە مۇنداق: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىيلارغا:

ــ سىلەرنىڭ مەھەللەڭلەردە ئۆلتۈرۈلگەن بىر كىشىنىڭ جەسىتى تېپىلىپتۇ، سىلەر بۇنىڭ دىيىتىنى بېرىشىڭلار كېرەك! ــ دەپ مەكتۇپ يوللىغاندى، يەھۇدىيلاردىن ئەللىك كىشى:

ــ ئۇنى بىز ئۆلتۈرمىدۇق، كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنىمۇ بىلمەيمىز، ـ دەپ جاۋاب يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىنىڭ دىيىتى ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن يۈز تۆگە بەردى.[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 4525)

[1] ئەلبانى (977): مۇنكەر (ھەدىس)، ـ دېگەن.

5262 - عَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ قَالَ أَصْبَحَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنْصَارِ مَقْتُولًا بِخَيْبَرَ فَانْطَلَقَ أَوْلِيَاؤُهُ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَذَكَرُوا ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ لَكُمْ شَاهِدَانِ يَشْهَدَانِ عَلَى قَتْلِ صَاحِبِكُمْ قَالُوا يَا رَسُولَ اللَّهِ لَمْ يَكُنْ ثَمَّ أَحَدٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ وَإِنَّمَا هُمْ يَهُودُ وَقَدْ يَجْتَرِئُونَ عَلَى أَعْظَمَ مِنْ هَذَا قَالَ فَاخْتَارُوا مِنْهُمْ خَمْسِينَ فَاسْتَحْلِفُوهُمْ فَأَبَوْا فَوَدَاهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ عِنْدِهِ.

5262 ـ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى ئەتىگىنى، خەيبەردە ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنىڭ جەسىتى تېپىلدى. ئۇ كىشىنىڭ يېقىنلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى يەتكۈزگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قېرىندىشىڭلارنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىگە گۇۋاھچى بولىدىغان ئىككى گۇۋاھچىڭلار بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ يەر يەھۇدىي مەھەللىسى، (ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىتتىمۇ) مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىم يوق ئىكەن. يەھۇدىي دېگەن (يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىنمۇ) چوڭراق گۇناھنى قىلىشتىن تارتىنمايدىغان خەلق تۇرسا؟! ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق بولسا، سىلەر ئۇلاردىن ئەللىك كىشىنى تاللاپ قەسەم قىلدۇرۇڭلار! ــ دېدى. لېكىن ئۇلار يەھۇدىيلارنى قەسەم قىلدۇرۇشقا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ دىيىتىنى ئۆز يېنىدىن بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4524)

5263 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أَنَّ ابْنَ مُحَيِّصَةَ الْأَصْغَرَ أَصْبَحَ قَتِيلًا عَلَى أَبْوَابِ خَيْبَرَ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَقِمْ شَاهِدَيْنِ عَلَى مَنْ قَتَلَهُ أَدْفَعْهُ إِلَيْكُمْ بِرُمَّتِهِ قَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ وَمِنْ أَيْنَ أُصِيبُ شَاهِدَيْنِ وَإِنَّمَا أَصْبَحَ قَتِيلًا عَلَى أَبْوَابِهِمْ قَالَ فَتَحْلِفُ خَمْسِينَ قَسَامَةً

[1] ئەلبانى (3793): سەھىھ ـ دېگەن.

قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ وَكَيْفَ أَحْلِفُ عَلَى مَا لَا أَعْلَمُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلم فَتَسْتَحْلِفُ مِنْهُمْ خَمْسِينَ قَسَامَةً فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ نَسْتَحْلِفُهُمْ وَهُمْ الْيَهُودُ فَقَسَمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دِيَتَهُ عَلَيْهِمْ وَأَعَانَهُمْ بِنِصْفِهَا.

5263 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ئەتىگىنى، مۇھەييىسەنىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ جەسىتى خەيبەرنىڭ دەرۋازىسى ئەتراپىدا تېپىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قېرىندىشىغا:

ــ سەن ئوغلۇڭنىڭ قاتىلىنىڭ كىملىكىنى ئىككى گۇۋاھچى بىلەن ئىسپاتلىغىن، مەن ساڭا قاتىلنى باغلاپ بېرەي، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ـ مەن ئىككى گۇۋاھچىنى نەدىن تاپىمەن، بار ـ يوق بىلىدىغىنىم ئوغلۇمنىڭ شۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئەتراپىدا ئۆلتۈرۈلگەن ھالەتتە تېپىلغانلىقى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، ئوغلۇڭنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئەللىك قېتىم قەسەم ئىچكىن! ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بىلمىگەن بىر ئىشقا قانداق قەسەم قىلالايمەن؟! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، ئەللىك قەسەمنى يەھۇدىيلاردىن تەلەپ قىلايلى، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار يەھۇدىي تۇرسا، قانداقمۇ قەسەم قىلدۇرىمىز؟! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۆلگۈچىنىڭ دىيىتىنى قەبىلىسىدىكى كىشىلەرگە چېچىۋەتتى ۋە يېرىمىنى ئۆز يېنىدىن بەردى[1].

(نەسائى: 4720)

[1] ئەلبانى (319): شاز، ـ دېگەن.

5264 - عن أبي قِلَابَةَ أن عُمَرَ بْنَ عَبْدِ الْعَزِيزِ أَبْرَزَ سَرِيرَهُ يَوْمًا لِلناسِ ثُم أَذِنَ لَهُمْ فَدَخَلُوا فَقَالَ مَا تَقُولُونَ فِي الْقَسَامَةِ قَالَ نَقُولُ الْقَسَامَةُ الْقَوَدُ بِهَا حَق وَقَدْ أَقَادَتْ بِهَا الْخُلَفَاءُ قَالَ لِي مَا تَقُولُ يَا أَبَا قِلَابَةَ وَنَصَبَنِي لِلناسِ فَقُلْتُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ عِنْدَكَ رُءُوسُ الْأَجْنَادِ وَأَشْرَافُ الْعَرَبِ أَرَأَيْتَ لَوْ أَن خَمْسِينَ مِنْهُمْ شَهِدُوا عَلَى رَجُلٍ مُحْصَنٍ بِدِمَشْقَ أَنهُ قَدْ زَنَى لَمْ يَرَوْهُ أَكُنْتَ تَرْجُمُهُ قَالَ لَا قُلْتُ أَرَأَيْتَ لَوْ أَن خَمْسِينَ مِنْهُمْ شَهِدُوا عَلَى رَجُلٍ بِحِمْصَ أَنهُ سَرَقَ أَكُنْتَ تَقْطَعُهُ وَلَمْ يَرَوْهُ قَالَ لَا قُلْتُ فَوَاللهِ مَا قَتَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحَدًا قَط إِلا فِي إِحْدَى ثَلَاثِ خِصَالٍ رَجُلٌ قَتَلَ بِجَرِيرَةِ نَفْسِهِ فَقُتِلَ أَوْ رَجُلٌ زَنَى بَعْدَ إِحْصَانٍ أَوْ رَجُلٌ حَارَبَ اللهَ وَرَسُولَهُ وَارْتَد عَنْ الْإِسْلَامِ فَقَالَ الْقَوْمُ أَوَلَيْسَ قَدْ حَدثَ أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَطَعَ فِي السرَقِ وَسَمَرَ الْأَعْيُنَ ثُم نَبَذَهُمْ فِي الشمْسِ فَقُلْتُ أَنَا أُحَدثُكُمْ حَدِيثَ أَنَسٍ حَدثَنِي أَنَسٌ أَن نَفَرًا مِنْ عُكْلٍ ثَمَانِيَةً قَدِمُوا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَبَايَعُوهُ عَلَى الْإِسْلَامِ فَاسْتَوْخَمُوا الْأَرْضَ فَسَقِمَتْ أَجْسَامُهُمْ فَشَكَوْا ذَلِكَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَفَلَا تَخْرُجُونَ مَعَ رَاعِينَا فِي إِبِلِهِ فَتُصِيبُونَ مِنْ أَلْبَانِهَا وَأَبْوَالِهَا قَالُوا بَلَى فَخَرَجُوا فَشَرِبُوا مِنْ أَلْبَانِهَا وَأَبْوَالِهَا فَصَحوا فَقَتَلُوا رَاعِيَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَطْرَدُوا النعَمَ فَبَلَغَ ذَلِكَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَرْسَلَ فِي آثَارِهِمْ فَأُدْرِكُوا فَجِيءَ بِهِمْ فَأَمَرَ بِهِمْ فَقُطِعَتْ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُمْ وَسَمَرَ أَعْيُنَهُمْ ثُم نَبَذَهُمْ فِي الشمْسِ حَتى مَاتُوا قُلْتُ وَأَي شَيْءٍ أَشَد مِما صَنَعَ هَؤُلَاءِ ارْتَدوا عَنْ الْإِسْلَامِ وَقَتَلُوا وَسَرَقُوا فَقَالَ عَنْبَسَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَاللهِ إِنْ سَمِعْتُ كَالْيَوْمِ قَط فَقُلْتُ أَتَرُد عَلَي حَدِيثِي يَا عَنْبَسَةُ قَالَ لَا وَلَكِنْ جِئْتَ بِالْحَدِيثِ عَلَى وَجْهِهِ وَاللهِ لَا يَزَالُ هَذَا الْجُنْدُ بِخَيْرٍ مَا عَاشَ هَذَا الشيْخُ بَيْنَ أَظْهُرِهِمْ قُلْتُ وَقَدْ كَانَ فِي هَذَا سُنةٌ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ عَلَيْهِ نَفَرٌ مِنْ الْأَنْصَارِ فَتَحَدثُوا عِنْدَهُ فَخَرَجَ رَجُلٌ مِنْهُمْ بَيْنَ أَيْدِيهِمْ فَقُتِلَ فَخَرَجُوا بَعْدَهُ فَإِذَا هُمْ بِصَاحِبِهِمْ يَتَشَحطُ فِي الدمِ فَرَجَعُوا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ صَاحِبُنَا كَانَ تَحَدثَ مَعَنَا فَخَرَجَ بَيْنَ أَيْدِينَا فَإِذَا نَحْنُ بِهِ يَتَشَحطُ فِي الدمِ فَخَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ بِمَنْ تَظُنونَ أَوْ مَنْ تَرَوْنَ قَتَلَهُ قَالُوا نَرَى أَن الْيَهُودَ قَتَلَتْهُ فَأَرْسَلَ إِلَى الْيَهُودِ فَدَعَاهُمْ فَقَالَ آنْتُمْ قَتَلْتُمْ هَذَا قَالُوا لَا قَالَ أَتَرْضَوْنَ نَفَلَ خَمْسِينَ مِنْ الْيَهُودِ مَا قَتَلُوهُ فَقَالُوا مَا يُبَالُونَ أَنْ يَقْتُلُونَا أَجْمَعِينَ ثُم يَنْتَفِلُونَ قَالَ أَفَتَسْتَحِقونَ الديَةَ بِأَيْمَانِ خَمْسِينَ مِنْكُمْ قَالُوا مَا كُنا لِنَحْلِفَ فَوَدَاهُ مِنْ عِنْدِهِ قُلْتُ وَقَدْ كَانَتْ هُذَيْلٌ خَلَعُوا خَلِيعًا لَهُمْ

فِي الْجَاهِلِيةِ فَطَرَقَ أَهْلَ بَيتٍ مِنْ الْيَمَنِ بِالْبَطْحَاءِ فَانْتَبَهَ لَهُ رَجُلٌ مِنْهُمْ فَحَذَفَهُ بِالسيْفِ فَقَتَلَهُ فَجَاءَتْ هُذَيلٌ فَأَخَذُوا الْيَمَانِي فَرَفَعُوهُ إِلَى عُمَرَ بِالْمَوْسِمِ وَقَالُوا قَتَلَ صَاحِبَنَا فَقَالَ إِنهُمْ قَدْ خَلَعُوهُ فَقَالَ يُقْسِمُ خَمْسُونَ مِنْ هُذَيلٍ مَا خَلَعُوهُ قَالَ فَأَقْسَمَ مِنْهُمْ تِسْعَةٌ وَأَرْبَعُونَ رَجُلًا وَقَدِمَ رَجُلٌ مِنْهُمْ مِنْ الشامِ فَسَأَلُوهُ أَنْ يُقْسِمَ فَافْتَدَى يَمِينَهُ مِنْهُمْ بِأَلْفِ دِرْهَمٍ فَأَدْخَلُوا مَكَانَهُ رَجُلًا آخَرَ فَدَفَعَهُ إِلَى أَخِي الْمَقْتُولِ فَقُرِنَتْ يَدُهُ بِيَدِهِ قَالُوا فَانْطَلَقَا وَالْخَمْسُونَ الذِينَ أَقْسَمُوا حَتى إِذَا كَانُوا بِنَخْلَةَ أَخَذَتْهُمْ السمَاءُ فَدَخَلُوا فِي غَارٍ فِي الْجَبَلِ فَانْهَجَمَ الْغَارُ عَلَى الْخَمْسِينَ الذِينَ أَقْسَمُوا فَمَاتُوا جَمِيعًا وَأَفْلَتَ الْقَرِينَانِ وَاتبَعَهُمَا حَجَرٌ فَكَسَرَ رِجْلَ أَخِي الْمَقْتُولِ فَعَاe حَوْلًا ثُم مَاتَ قُلْتُ وَقَدْ كَانَ عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ مَرْوَانَ أَقَادَ رَجُلًا بِالْقَسَامَةِ ثُم نَدِمَ بَعْدَ مَا صَنَعَ فَأَمَرَ بِالْخَمْسِينَ الذِينَ أَقْسَمُوا فَمُحُوا مِنْ الديوَانِ وَسَيرَهُمْ إِلَى الشامِ.

5264 ـ ئەبۇ قىلابە مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىر كۈنى تەختىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئۇلار كىرگەندىن كېيىن:

ـ سىلەر قەسامەگە قانداق قارايسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـــ بىز قەسامە بىلەن قىساس ئېلىش توغرا دەپ قارايمىز، خەلىپىلەرمۇ قەسامەگە ئاساسلىنىپ قىساس ئالغان، ـ دېدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ماڭا:

ـ ئەي ئەبۇ قىلابە! سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ ـ دېدى ۋە مېنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ قويدى. مەن:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ھۇزۇرۇڭدا قوماندانلار ۋە ئەرەبلەرنىڭ كاتتىلىرى تۇرۇپتۇ. قېنى ئېيتىپ باققىنە، مۇشۇلاردىن ئەللىك كىشى دەمەشىقتىكى ئۆيلەنگەن بىر كىشىنى كۆرمەي تۇرۇپ زىنا قىلدى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىغا ئاساسەن ئۇ كىشىنى چالما ـ كېسەك قىلامسەن؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ـ ياق، ـ دېدى. مەن يەنە:

ـــ قېنى ئېيتىپ باققىنە! ئۇلاردىن ئەللىك كىشى ھىمس شەھىرىدىكى بىر كىشىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلدى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، سەن ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇمسەن، ـ دېدىم،

ئۇ:

ــ ياق، ـ دېدى. مەن:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچبىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىرى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى؛ يەنە بىرى، ئۆيلىنىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى؛ يەنە بىرى، الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىغا قارشى چىقىپ، ئىسلام دىنىدىن يانغان (مۇرتەد) كىشى، ـ دېدىم. سورۇندىكىلەر:

ــ ئۇنداقتا، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ، ئاندىن (تاكى ئۆلگىچە) ئاپتاپقا تاشلاپ قويغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسىچۇ؟! ــ دەپ سوراشتى. مەن:

ــ ئۇ ھەدىسنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي، ئەنەس ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەنىدى: ئۇكىل قەبىلىسىلىك سەككىز نەپەر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىمان ئېيتتى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدى. ئۇلارغا مەدىنىنىڭ ھاۋاسى ياقمىغاچقا ئاغرىپ قېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شىكايەت قىلغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا بىزنىڭ پادىچىمىز بىلەن بىرگە بېرىپ، تۆگىنىڭ سۈتى ۋە سۈيدۈكىدىن ئىچىڭلار (شىپا تاپىسىلەر)» دېدى، ئۇلار: بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، ـ دېيىشتى ۋە پادىچى بىلەن بىرگە كەتتى. دەرۋەقە، تۆگىلەرنىڭ سۈتى ۋە سۈيدۈكىدىن ئىچىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ساقايدى، لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پادىچىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، تۆگىلەرنى ھەيدەپ (قېچىپ) كەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ كەلدى ۋە بۇيرۇق بېرىپ، پۇت ـ قوللىرىنى كەستۈرۈپ، كۆزلىرىنى ئويدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆلگەنگە

قەدەر ئاپتاپقا تاشلاپ قويدى. مەن:

— مانا بۆلارنىڭ بۇ قىلمىشىدىنمۇ چوڭ گۇناھ بارمۇ؟! ئۇلار ئىسلامدىن ياندى، ئادەم ئۆلتۈردى، ئوغرىلىق قىلدى، - دېدىم. ئەنبەسە ئىبنى سەئىد:

- اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ۋەقەنى بۈگۈنكىدەك ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، - دېدى. مەن:

— ئەي ئەنبەسە! بۇ ھەدىسنى ئىنكار قىلماقچىمۇ سەن؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

— ياق، ھەدىسنى تولۇق ۋە توغرا سۆزلىدىڭ، - دېدى. ئاندىن ئەتراپىدىكىلەرگە:

- اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ شەيخ ھاياتلا بولىدىكەن، بۇ قوشۇن ئازمايدۇ، - دېدى. مەن يەنە مۇنداق دېدىم:

— شۇنداق قىلىپ، قەسامە مەسىلىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى بولۇپ قالدى. ئەنسارىلاردىن بىر توپ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئارىدىن بىرەيلەن ئالدىدىراق چىقىپ كەتتى. قالغانلىرى ئارقىسىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقىنىنى كۆردى - دە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىپ كىرىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ھەمراھىمىز بىزنىڭ ئالدىمىزدا چىقىپ كەتكەنىدى، كەينىدىن چىقىپ قارىساق، قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە چىقىپ:

— كىمدىن گۇمان قىلىسىلەر (ياكى ئۇنى كىم ئۆلتۈردى دەپ قارايسىلەر)؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:

— يەھۇدىيلار ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ قارايمىز، - دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىيلارغا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كېلىپ:

- بۇنى سىلەر ئۆلتۈردۈڭلارمۇ؟ - دەپ سورىدى، ئۇلار:

ــ ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلارغا قاراپ:

ــ سىلەر 50 نەپەر يەھۇدىينىڭ: ”بىز ئۆلتۈرمىدۇق“ دەپ ئىچكەن قەسىمىگە رازى بولامسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ يەھۇدىيلار ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن كېيىن ”بىز ئۆلتۈرمىدۇق“ دەپ قەسەم قىلىپ بېرىشتىنمۇ ئەيمەنمەيدىغان خەلق تۇرسا؟! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، سىلەردىن ئەللىك كىشى (ئۇنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىگە) قەسەم قىلىپ، ئۇلاردىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولامسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ــ ياق، بىز (كۆرمىگەن ئىشقا) قەسەم ئىچەلمەيمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ دىيىتىنى ئۆز يېنىدىن بەردى.

مەن يەنە مۇنداق دېدىم:

ــ ھۇزەيل قەبىلىسى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆز قەبىلىسىدىن ئەسكى بىر ئادەمنى چەتكە قېقىپ، ئارىغا ئالمىغانىدى. ئۇ (ئەسكى) ئادەم بىر كېچىسى، بەتھادا تۇرىدىغان يەمەنلىك بىرىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىردى. لېكىن ئۆي ئىگىسى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىۋەتتى. ھۇزەيل قەبىلىسى ئۇ يەمەنلىكنى تۇتۇۋالدى ۋە ھەج مەۋسۇمىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ:

ــ بۇ ئادەم بىزنىڭ قېرىندىشىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ـ دېدى. يەمەنلىك كىشى:

ــ بۇلار ئۇ ئادەمنى ”بۇزۇق، ئەسكى ئادەم، قەبىلىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق“ دەپ ئېلان قىلغانىدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنداقتا، ھۇزەيل قەبىلىسىدىن ئەللىك كىشى ئۇلارنىڭ ئۇنداق ئېلان قىلمىغانلىقىغا قەسەم قىلسۇن! ـ دېدى. ئۇلاردىن قىرىق توققۇز كىشى قەسەم قىلدى. كېيىن، شامدىن ھۇزەيل قەبىلىسىلىك

بىر كىشى كەلدى. ئۇلار ئۇ كىشىدىنمۇ قەسەم قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئۇ كىشى قەسەم قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قەسەمنىڭ بەدىلىگە مىڭ تەڭگە بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى سەپلىدى. ئەللىك ئادەم قەسەم قىلغاندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەنلىك كىشىنى ئۆلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلار يەمەنلىكنىڭ قولىنى ئۆلگۈچىنىڭ قېرىندىشىنىڭ قولىغا ئارقىچىلاپ چاتقاندىن كېيىن، يولغا چىقتى ۋە نەخلە دېگەن يەرگە كەلگەندە، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. غار گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، قولى بىر ـ بىرىگە چېتىلغان ئىككى كىشىدىن باشقا (قەسەم قىلغان ئەللىك كىشىنىڭ) ھەممىسى ئۆلدى. كۆپ ئۆتمەي، يەنە بىر تال تاش دومىلاپ كېلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ قېرىندىشىنىڭ پۇتىنى سۇندۇرىۋەتتى ۋە ئۇمۇ بىر يىل ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتتى.

مەن يەنە مۇنداق دېدىم:

— ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان قەسامەگە ئاساسلىنىپ بىر كىشىدىن قىساس ئالغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ، قەسەم ئىچكەن ئەللىك كىشىنىڭ ئىسمىنى دىۋاندىن ئۆچۈرىۋەتكەن ۋە ئۇلارنى شامغا پالىۋەتكەنىدى.

(بۇخارى: 6899)

5265 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَتَلَ بِالْقَسَامَةِ رَجُلًا مِنْ بَنِي نَصْرِ بْنِ مَالِكٍ بِبَحْرَةِ الرغَاءِ عَلَى شَطِّ لِيَةِ الْبَحْرَةِ قَالَ الْقَاتِلُ وَالْمَقْتُولُ مِنْهُمْ.

5265 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسامە ئارقىلىق نەسر ئىبنى مالىك قەبىلىسىدىن بىر كىشىنى لەيىيەتۇلبەھرەگە جايلاشقان بەھرەتۇررەغا دېگەن يەردە ئۆلتۈرگۈزگەن بولۇپ، قاتىلمۇ، ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ بىر قەبىلىدىن ئىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4522)

[1] ئەلبانى (976): زەئىپ، ـ دېگەن.

5266 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وُجِدَ قَتِيلٌ بَيْنَ قَرْيَتَيْنِ أَوْ مَيتٌ فَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذُرِعَ مَا بَيْنَ الْقَرْيَتَيْنِ إِلَى أَيهِمَا كَانَ أَقْرَبَ فَوُجِدَ أَقْرَبَ إِلَى أَحَدِهِمَا بِشِبْرٍ قَالَ فَكَأَني أَنْظُرُ إِلَى شِبْرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَعَلَهُ عَلَى الذِي كَانَ أَقْرَبَ.

5266 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىككى يېزىنىڭ ئارىسىدىكى بىر يەردە بىر ئادەمنىڭ جەسىتى تېپىلغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەسەتنىڭ ئىككى يېزىدىن قايسىسىغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، (يېزىلار بىلەن جەسەتنىڭ ئارىسىنى) ئۆلچەشكە بۇيرۇق قىلدى. نەتىجىدە، جەسەت تېپىلغان جاي ئىككى يېزىنىڭ بىرىگە بىر غېرىچ يېقىن چىقتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ دىيىتىنى شۇ يېزا ئاھالىسىنىڭ بېرىشىگە بۇيرىدى[1].

(ئەھمەد: 11435)

5267 - عَنْ شَدادِ بْنِ أَوْسٍ قَالَ ثِنْتَانِ حَفِظْتُهُمَا عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن اللهَ كَتَبَ الْإِحْسَانَ عَلَى كُل شَيْءٍ فَإِذَا قَتَلْتُمْ فَأَحْسِنُوا الْقِتْلَةَ.

5267 ـ شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىككى نەرسىنى يادلىۋالدىم. ئۇنىڭ بىرى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزى:

«الله ھەر ئىشنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بىلەن قىلىشقا بۇيرىغان. شۇڭا (قىساس ئۈچۈن) ئادەم ئۆلتۈرسەڭلار، ئۇنى قىيىنىماي، جېنى ئاسان چىقىدىغان ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈڭلار!»

(مۇسلىم:1955)

---

[1] ھەيسەمى (10734): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەتىيە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

5268 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعَف الناسِ قِتْلَةً أَهْلُ الْإِيمَانِ.

5268 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(قىساس ئۈچۈن) ئادەم ئۆلتۈرۈشتە رەھىمدىل، مەرھەمەتلىك بولغانلار ئەھلى ئىمانلاردىن ھېسابلىنىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2666)

[1] ئەلبانى (570): زەئىپ، ـ دېگەن.

## ئۆلتۈرۈلگەن كىشى، ئىنسان ئورگانلىرى، يارىلانغان ئەزالار ۋە تۆرەلمە قاتارلىقلارنىڭ دىيىتى

5269 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَضَى أَنَّ مَنْ قُتِلَ خَطَأً فَدِيَتُهُ مِائَةٌ مِنَ الْإِبِلِ ثَلَاثُونَ بِنْتَ مَخَاضٍ وَثَلَاثُونَ بِنْتَ لَبُونٍ وَثَلَاثُونَ حِقَّةً وَعَشَرَةُ بَنِي لَبُونٍ ذَكَرٍ.

5269 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ دىيىتى يۈز تۆگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇزى ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە، ئوتتۇزى ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگە، يەنە ئوتتۇزى تۆت ياشلىق چىشى تۆگە ۋە ئونى ئۈچ ياشلىق ئەركەك تۆگە بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4541)

5270 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ قَتَلَ مُؤْمِنًا مُتَعَمِّدًا دُفِعَ إِلَى أَوْلِيَاءِ الْمَقْتُولِ فَإِنْ شَاءُوا قَتَلُوا وَإِنْ شَاءُوا أَخَذُوا الدِّيَةَ وَهِيَ ثَلَاثُونَ حِقَّةً وَثَلَاثُونَ جَذَعَةً وَأَرْبَعُونَ خَلِفَةً وَمَا صَالَحُوا عَلَيْهِ فَهُوَ لَهُمْ وَذَلِكَ لِتَشْدِيدِ الْعَقْلِ.

5270 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

[1] ئەلبانى (3805): ھەسەن، ـ دېگەن.

«كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇلار خالىسا، ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ، خالىسا دىيەت ئالىدۇ. بۇنىڭ دىيىتى يۈز تۆگە بولۇپ، ئوتتۇزى تۆت ياشلىق چىشى تۆگە، يەنە ئوتتۇزى بەش ياشلىق چىشى تۆگە، قىرىقى بوغاز تۆگە بولىدۇ. ئەمما ئۆز ئارىلىرىدا كېلىشىپ، بۇنى ئۆزگەرتىۋالسا بولىدۇ. بۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى». پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇنداق بېكىتىشىدىكى سەۋەب، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىگە دىيەتنى ئېغىر قويۇش ئۈچۈن ئىدى[1].

(تىرمىزى: 1387)

5271 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي دِيَةِ الْخَطَإِ عِشْرُونَ حِقةً وَعِشْرُونَ جَذَعَةً وَعِشْرُونَ بِنْتَ مَخَاضٍ وَعِشْرُونَ بِنْتَ لَبُونٍ وَعِشْرُونَ بَنِي مَخَاضٍ ذُكُرٍ.

5271 - ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ دىيىتى يۈز تۆگە بولۇپ، ئۇنىڭ يىگىرمىسى تۆت ياشقا كىرگەن چىشى تۆگە، يىگىرمىسى بەش ياشقا كىرگەن چىشى تۆگە، يىگىرمىسى ئىككى ياشقا كىرگەن چىشى تۆگە، يىگىرمىسى ئۈچ ياشقا كىرگەن چىشى تۆگە ۋە يىگىرمىسى ئىككى ياشقا كىرگەن ئەركەك تۆگە بولىدۇ» دېگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4545)

5272 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنهُ قَالَ فِي شِبْهِ الْعَمْدِ أَثْلَاثٌ ثَلَاثٌ وَثَلَاثُونَ حِقةً وَثَلَاثٌ وَثَلَاثُونَ جَذَعَةً وَأَرْبَعٌ وَثَلَاثُونَ ثَنِيةً إِلَى بَازِلِ عَامِهَا وَكُلهَا خَلِفَةٌ.

[1] ئەلبانى (1121): ھەسەن، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (984): زەئىپ، - دېگەن.

5272 ـ ئەلــى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دېــگەن: قەســتەنلىككە ئوخشاپ كېتىــدىغان يوللار[1] بىــلەن ئۆلتــۈرۈلگەن كىشــىنىڭ دىيىتــى مۇنداق ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: ئۇنىڭ ئوتتۇز ئۈچى تۆت ياشقا كىــرگەن چىشى تۆگە، ئوتتۇز ئۈچى بەش ياشقا كىــرگەن چىشــى تــۆگە، ئوتتــۇز تــۆتى ئالتە ياش بىــلەن توققــۇز يــاش ئارىســىدىكى چىشــى تــۆگە بولىــدۇ. ئۇلارنىــڭ ھەممىسى بوغاز بولۇشى كېرەك[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4551)

5273 - قَالَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فِي الْخَطَإِ أَرْبَاعًا خَمْسٌ وَعِشْرُونَ حِقةً وَخَمْسٌ وَعِشْرُونَ جَذَعَةً وَخَمْسٌ وَعِشْرُونَ بَنَاتِ لُبونٍ وَخَمْسٌ وَعِشْرُونَ بَنَاتِ مَخَاضٍ.

5273 ـ ئەلــى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ يەنە مۇنــداق دېــگەن: ســەۋەنلىك بىــلەن ئۆلتــۈرۈلگەن كىشــىنىڭ دىيىتــى مۇنــداق تــۆتكە بۆلۈنىــدۇ: يىگىرمە بەشى تۆت ياشقا كىــرگەن چىشــى تــۆگە، يىگىــرمە بەشــى بەش ياشقا كىرگەن چىشى تۆگە، يىگىرمە بەشى ئــۈچ ياشــقا كىــرگەن چىشــى تۆگە، يەنە يىگىرمە بەشى ئىككى ياشقا كىرگەن چىشى تۆگە بولىدۇ[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4553)

5274 - عَنْ مُجَاهِدٍ قَالَ قَضَى عُمَرُ فِي شِبْهِ الْعَمْدِ ثَلَاثِينَ حِقةً وَثَلَاثِينَ جَذَعَـةً وَأَرْبَعِينَ خَلِفَةً مَا بَيْنَ ثَنِيةٍ إِلَى بَازِلِ عَامِهَا.

5274 ـ مۇجاھىــدتىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ قەســتەنلىككە ئوخشــاپ كېتىــدىغان يــوللار بىــلەن ئۆلتــۈرۈلگەن كىشــىنىڭ دىيىتى ھەققىــدە: ئۇنىــڭ دىيىتىنىــڭ ئوتتــۇزى تــۆت ياشــقا كىــرگەن چىشى تۆگە، ئوتتۇزى بەش ياشقا كىرگەن چىشى تۆگە، قىرىقى

[1] قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىش ــ ھاسا ياكى قامچىغا ئوخشاش ئادەتتە ئادەم ئۆلمەيدىغان نەرسە ـ كېرەك بىلەن ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ.

[2] ئەلبانى (988): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (990): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئالتە ياش بىلەن توققۇز ياش ئارىسىدىكى چىشى تۆگە بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بوغاز بولۇشى كېرەك، ـ دەپ ھۆكۈم چىقارغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4550)

5275 - عَنْ أَبِي عِيَاضٍ عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ وَزَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ فِي الْمُغَلظَةِ أَرْبَعُونَ جَذَعَةً خَلِفَةً وَثَلَاثُونَ حِقةً وَثَلَاثُونَ بَنَاتِ لُبونٍ وَفِي الْخَطَإِ ثَلَاثُونَ حِقةً وَثَلَاثُونَ بَنَاتِ لُبونٍ وَعِشْرُونَ بَنُو لُبونٍ ذُكُورٌ وَعِشْرُونَ بَنَاتِ مَخَاضٍ.

5275 ـ ئەبۇ ئىيازدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار: قەستەنلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان يوللار بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئۈچۈن، بەش ياشقا كىرگەن بوغاز تۆگىدىن قىرىق، تۆت ياشقا كىرگەن چىشى تۆگىدىن ئوتتۇز، ئۈچ ياشقا كىرگەن چىشى تۆگىدىن ئوتتۇز (جەمئىي يۈز) تۆياق بېرىلىدۇ؛ سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ دىيىتى ئۈچۈن تۆت ياشقا كىرگەن چىشى تۆگىدىن ئوتتۇز، ئۈچ ياشقا كىرگەن چىشى تۆگىدىن ئوتتۇز، ئۈچ ياشقا كىرگەن ئەركەك تۆگىدىن يىگىرمە، ئىككى ياشقا كىرگەن چىشى تۆگىدىن يىگىرمە (جەمئىي يۈز) تۆياق بېرىلىدۇ، ـ دېگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4554)

5276 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ أَوْسٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ خَطَبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ فَتْحِ مَكةَ فَقَالَ أَلَا وَإِن قَتِيلَ الْخَطَإِ شِبْهِ الْعَمْدِ بِالسوْطِ وَالْعَصَا وَالْحَجَرِ مِائَةٌ مِنْ الْإِبِلِ فِيهَا أَرْبَعُونَ ثَنِيةً إِلَى بَازِلِ عَامِهَا كُلهُن خَلِفَةٌ.

5276 ـ ئۇقبە ئىبنى ئەۋس ساھابىلەردىن بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئەلبانى (987): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3808): سەھىھ ـ دېگەن.

«دىققەت قىلىڭلاركى، قامچا، ھاسا ۋە تاش قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇلۇپ (يېرىم قەستەنلىك سەۋەبىدىن) ئۆلۈپ قالغان كىشىنىڭ دىيىتى يۈز تۆگە بولۇپ، بۇنىڭ قىرىق تۇيىقى ئالتە ياش بىلەن توققۇز ياش ئارىسىدىكى بوغاز تۆگە بولىدۇ»[1].

(نەسائى: 4794)

5277 - وفي رواية مِائَةٌ مِنْ الْإِبِلِ أَرْبَعُونَ فِي بُطُونِهَا أَوْلَادُهَا.

5277 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىڭ دىيىتى يۈز تۇياق تۆگە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن قىرىق تۇيىقى بوغاز بولۇشى كېرەك»[2].

(نەسائى: 4794)

5278 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَقْلُ الْمَرْأَةِ مِثْلُ عَقْلِ الرجُلِ حَتى يَبْلُغَ الثلُثَ مِنْ دِيَتِهَا.

5278 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئايال كىشىنىڭ دىيىتى (دىيەتنىڭ) ئۈچتىن بىرىگە يەتكۈچە ئەر كىشىنىڭ دىيىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ»[3].

(نەسائى: 4805)

5279 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْمُكَاتَبِ يُودَى بِقَدْرِ مَا أدى مِنْ مُكَاتَبَتِهِ دِيَةَ الْحُرِ وَمَا بَقِيَ دِيَةَ الْعَبْدِ.

5279 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۆلتۈرۈلگەن)

---

[1] ئەلبانى (4461): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4460): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (335): زەئىپ ـ دېگەن.

مۇكاتەبنىڭ[1] دىيىتى ھەققىدە: «مۇكاتەب (كېلىشكەن پۇلنى) خوجايىنىغا قانچىلىك تۆلەپ بولغان بولسا، شۇنچىلىك مىقداردا ھۆرنىڭ دىيىتى، تېخى تۆلەپ بولالمىغان قىسمىغا بولسا، قۇلنىڭ دىيىتى تۆلىنىشى كېرەك» دەپ ھۆكۈم قىلغان[2].

(نەسائى: 4810)

5280 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا أَصَابَ الْمُكَاتَبُ حَدا أَوْ وَرِثَ مِيرَاثًا يَرِثُ عَلَى قَدْرِ مَا عَتَقَ مِنْهُ.

5280 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇكاتەب جازاغا تارتىلىدىغان بىرەر ئىشنى قىلسا ياكى مىراس ئالماقچى بولسا، خوجايىنىغا تۆلىگەن بەدىلىگە تەڭ مىقداردا ھۆر كىشىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ ياكى مىراستا شۇنچىلىك مىقداردا ۋارىسلىق قىلىدۇ»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4582)

5281 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ دِيَةُ الْمُعَاهِدِ نِصْفُ دِيَةِ الْحُر.

5281 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مۇئاھىدنىڭ[4] دىيىتى ھۆر (مۇسۇلمان) كىشىنىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمىدۇر»[5].

(ئەبۇ داۋۇد: 4583)

[1] خوجايىنىغا مەلۇم مىقداردا مەبلەغ تېپىپ بېرىپ ئازاد بولۇشقا كېلىشكەن قۇل.

[2] ئەلبانى (4473): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (3830): سەھىھ ـ دېگەن.

[4] ئىسلام دۆلىتى تېررىتورىيىسىدە خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن، ئىسلام ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن غەيرى مۇسۇلمانلار بولۇپ، بۇلار ''زىممىلار'' دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[5] ئەلبانى (3831): ھەسەن، ـ دېگەن.

5282 - عَنْ ٱبْنِ عَبَّاسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَدَى الْعَامِرِيَّيْنِ بِدِيَةِ الْمُسْلِمِينَ وَكَانَ لَهُمَا عَهْدٌ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5282 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئامىر قەبىلىسىلىك ئىككى كىشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭكىگە ئوخشاش مىقداردا دىيەت تۆلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئامانلىق (يەنى ئىسلام دۆلىتىدە ياشاش ئىجازىتى) بەرگەن ئىدى[1].

(تىرمىزى: 1404)

5283 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَقْلُ أَهْلِ الذمةِ نِصْفُ عَقْلِ الْمُسْلِمِينَ وَهُمْ الْيَهُودُ وَالنصَارَى.

5283 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«(ئۆلتۈرۈلگەن) زىممىغا (ئۆلتۈرۈلگەن) مۇسۇلمان كىشىگە تۆلىنىدىغان دىيەتنىڭ يېرىمى تۆلىنىدۇ. ئۇلار (يەنى زىممىلار) يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردۇر»[2].

(نەسائى: 4806)

5284 - عن عَمْرُو بْنُ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْعَيْنِ الْقَائِمَةِ السادةِ لِمَكَانِهَا بِثُلُثِ الدِيَةِ.

5284 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (235): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (4469): ھەسەن، ـ دېگەن.

«چانىقىدىن چىقىپ كەتمىگەن ھالدا كور بولۇپ قالغان كۆزنىڭ دىيىتى نورمال دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4567)

5285 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ أَن زَيْدَ بْنَ ثَابِتٍ كَانَ يَقُولُ فِي الْعَيْنِ الْقَائِمَةِ إِذَا طُفِئَتْ مِائَةُ دِينَارٍ.

5285 ـ سۇلەيمان ئىبنى يەساردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: چانىقىدىن چىقىپ كەتمىگەن ھالدا كور بولۇپ قالغان كۆزنىڭ دىيىتى يۈز تىللا، ـ دەيتتى.

(مالىك: 1611)

5286 - عَنْ عِصْمَةَ، قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ فُقِئَتْ عَيْنُهُ، فَقَالَ لَهُ: "مَنْ ضَرَبَكَ؟" قَالَ: أَعْوَرُ بَنِي فُلَانٍ، فَبَعَثَ، فَجَاءَ، فَقَالَ: "أَنْتَ فَقَأْتَ عَيْنَ هَذَا؟" قَالَ: نَعَمْ، فَقَضَى عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالدِيَةِ، وَقَالَ: "لَا تَفْقَأْ عَيْنُهُ تَدَعُهُ غَيْرَ بَصِيرٍ".

5286 ـ ئىسمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كۆزى قۇيۇلۇپ كەتكەن بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ــ سېنى كىم ئۇردى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ پالانىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان يەكچەشمە بىرسى ئۇردى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرىپ كەلگەندىن كېيىن:

ــ بۇنىڭ كۆزىنى سەن قۇيۇۋەتتىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ــ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى دىيەت تۆلەشكە بۇيرىدى ۋە قىساسكارغا:

[1] ئەلبانى (3821): ھەسەن، ـ دېگەن.

ـــ (قىساس ئالىمەن دەپ) ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋېتىپ، پۈتۈنلەي قارىغۇ قىلىپ قويمىغىن! ـ دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 182)

5287 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فِي الْأَسْنَانِ خَمْسٌ خَمْسٌ.

5287 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەر بىر چىشنىڭ دىيىتى بەش تۆگە» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4563)

5288 - عن سَعِيدَ بْنَ الْمُسَيبِ قَالَ قَضَى عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فِي الْأَضْرَاسِ بِبَعِيرٍ بَعِيرٍ وَقَضَى مُعَاوِيَةُ بْنُ أَبِي سُفْيَانَ فِي الْأَضْرَاسِ بِخَمْسَةِ أَبْعِرَةٍ خَمْسَةِ أَبْعِرَةٍ قَالَ سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيبِ فَالدِيَةُ تَنْقُصُ فِي قَضَاءِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ وَتَزِيدُ فِي قَضَاءِ مُعَاوِيَةَ فَلَوْ كُنْتُ أَنَا لَجَعَلْتُ فِي الْأَضْرَاسِ بَعِيرَيْنِ بَعِيرَيْنِ فَتِلْكَ الدِيَةُ سَوَاءٌ وَكُل مُجْتَهِدٍ مَأْجُورٌ.

5288 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”ھەر بىر ئېزىق چىشنىڭ دىيىتى بىر تۆگە“ دەپ ھۆكۈم چىقاردى. ئەمما مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”ھەر بىر ئېزىق چىشنىڭ دىيىتى بەش تۆگە“ دەپ ھۆكۈم چىقاردى. بۇنداق بولغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە كۆرە، بارلىق چىشلارنىڭ دىيىتى بىر ئادەمنىڭ دىيىتى بولغان يۈز تۆگىگە يەتمەيدۇ. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۆكمىگە كۆرە، بارلىق چىشلارنىڭ دىيىتى يۈز تۆگىدىن ئېشىپ كېتىدۇ[③]. مەن

[①] ھەيسەمى (10761): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە فەزل ئىبنى مۇختار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3817): ھەسەن، ـ دېگەن.

[③] يەنى ئىنساننىڭ ئېزىق چىشى 20، نورمال چىشى 12 بولۇپ، بىر نورمال چىشنىڭ دىيىتى بەش تۆگە بولغاندا، جەمئى 60 تۆگە؛ ئېزىق چىشنىڭ دىيىتى بىر تۆگە بولغاندا، بارلىق چىشنىڭ دىيىتى 80 تۆگە

بولغان بولسام، ھەر بىر ئېزىق چىشنىڭ دىيىتى ئىككى تۆگە دەپ ھۆكۈم قىلاتتىم. شۇنىڭ بىلەن، بارلىق چىشلارنىڭ دىيىتى بىر ئادەمنىڭ دىيىتى بىلەن ئوخشاش بولغان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ، ھەر مۇجتەھىدنىڭ ئىجتىھادىغا قارىتا ساۋاب بېرىلىدۇ.

(مالىك: 1614)

5289 - ولرزين: و لو كنت أنا جعلتها ثلاثة أبعرة وثلثا فتلك الدية سواء.

5289 ـ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: مەن بولغان بولسام، ھەر بىر چىشنىڭ دىيىتىنى ئۈچ تۆگە ۋە بىر تۆگىنىڭ ئۈچتىن بىرى قىلغان بولاتتىم، شۇنىڭ بىلەن بارلىق چىشلارنىڭ دىيىتى بىر ئادەمنىڭ دىيىتىگە تەڭ بولغان بولاتتى، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5290 - عَنْ أَبِي مُوسَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْأَصَابِعُ سَوَاءٌ عَشْـرٌ عَشْرٌ مِنْ الْإِبِلِ.

5290 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بارماقنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ، ھەر بارماقنىڭ دىيىتى ئون تۆگىدۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4556)

5291 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي دِيَةِ الْأَصَابِعِ الْيَدَيْنِ وَالرجْلَيْنِ سَوَاءٌ عَشْرٌ مِنْ الْإِبِلِ لِكُل أُصْبُعٍ.

5291 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

بولىدۇ. ئەگەر ئېزىق چىشنىڭ دىيىتىمۇ بەش تۆگە بولۇپ قالسا، بارلىق چىشنىڭ دىيىتى 160 تۆگە بولۇپ كېتىپ، بىر ئادەمنىڭ دىيىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

[1] ئەلبانى (3810): سەھىھ ـ دېگەن.

«پۈت ۋە قولنىڭ ھەر بىر بارمىقىنىڭ دىيىتى ئون تۆگە»[1].
(تىرمىزى: 1391)

5292 - عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ مُحَمدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ حَزْمٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَتبَ إِلَى أَهْلِ الْيَمَنِ كِتَابًا فِيهِ الْفَرَائِضُ وَالسنَنُ وَالديَاتُ وَبَعَثَ بِهِ مَعَ عَمْرِو بْنِ حَزْمٍ فَقُرِئَتْ عَلَى أَهْلِ الْيَمَنِ هَذِهِ نُسْخَتُهَا مِنْ مُحَمدٍ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى شُرَحْبِيلَ بْنِ عَبْدِ كُلَالٍ وَنُعَيْمِ بْنِ عَبْدِ كُلَالٍ وَالْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ كُلَالٍ قَيْلِ ذِي رُعَيْنٍ وَمَعَافِرَ وَهَمْدَانَ أَما بَعْدُ وَكَانَ فِي كِتَابِهِ أَن مَنْ اعْتَبَطَ مُؤْمِنًا قَتْلًا عَنْ بَينَةٍ فَإِنهُ قَوَدٌ إِلا أَنْ يَرْضَى أَوْلِيَاءُ الْمَقْتُولِ وَأَن فِي النفْسِ الديَةَ مِائَةً مِنْ الْإِبِلِ وَفِي الْأَنْفِ إِذَا أُوعِبَ جَدْعُهُ الديَةُ وَفِي اللسَانِ الديَةُ وَفِي الشفَتَيْنِ الديَةُ وَفِي الْبَيْضَتَيْنِ الديَةُ وَفِي الذكَرِ الديَةُ وَفِي الصلْبِ الديَةُ وَفِي الْعَيْنَيْنِ الديَةُ وَفِي الرجْلِ الْوَاحِدَةِ نِصْفُ الديَةِ وَفِي الْمَأْمُومَةِ ثُلُثُ الديَةِ وَفِي الْجَائِفَةِ ثُلُثُ الديَةِ وَفِي الْمُنَقلَةِ خَمْسَ عَشْرَةَ مِنْ الْإِبِلِ وَفِي كُل أُصْبُعٍ مِنْ أَصَابِعِ الْيَدِ وَالرجْلِ عَشْرٌ مِنْ الْإِبِلِ وَفِي السن خَمْسٌ مِنْ الْإِبِلِ وَفِي الْمُوضِحَةِ خَمْسٌ مِنْ الْإِبِلِ وَأَن الرجُلَ يُقْتَلُ بِالْمَرْأَةِ وَعَلَى أَهْلِ الذهَبِ أَلْفُ دِينَارٍ.

5292 ـ ئەبۇ بەكرى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەمر ئىبنى ھەزم دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەمەن خەلقىگە پەرز، سۈننەت ۋە دىيەتلەرنى بايان قىلىغان بىر مەكتۇپ يېزىپ، مەندىن ئەۋەتتى. ئۇ مەكتۇپ يەمەن خەلقىگە ئوقۇپ بېرىلگەن ئىدى. مانا بۇ، ئەشۇ مەكتۇبنىڭ بىر نۇسخىسى بولۇپ، مۇنداق باشلانغان: «پەيغەمبەر مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)دىن زىرۇئەين، مەئافىر ۋە ھەمەدان قەبىلىلىرىنىڭ پادشاھى شۇرەھبىل ئىبنى ئەبدى كۇلال، نەئىم ئىبنى ئەبدى كۇلال ۋە ھارىس ئىبنى ئەبدى كۇلال دىققىتىگە! مەقسەتكە كەلسەك...». مەكتۇبتا يەنە مۇنۇ مەسىلىلەرمۇ بايان قىلىنغان: «بىر مۆئمىننى ناھەق ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ قاتىللىقى

[1] ئەلبانى (1123): سەھىھ ـ دېگەن.

ئىسپاتلانسا، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ. بىراق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئورۇق - تۇغقانلىرى كەچۈرۈم قىلىۋەتسە، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ دىيىتى يۈز تۆگە؛ پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلانغان بۇرۇننىڭ دىيىتىمۇ يۈز تۆگە؛ تىل، ئىككى لەۋ، ئىككى تاشاق، زەكەر، بەل ۋە ئىككى كۆز قاتارلىق ئورگانلارنىڭ دىيىتىمۇ يۈز تۆگە؛ بىر پۇتنىڭ دىيىتى ئەللىك تۆگە؛ مېڭىگە يەتكۇدەك دەرىجىدە يارىلاندۇرۇلغان كىشىنىڭ دىيىتى نورمال دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرى (يەنى يۈز تۆگىنىڭ ئۈچتىن بىرى)؛ قورساقنىڭ ئىچىگە ئۆتكۇدەك دەرىجىدە پىچاق تىقىلغان كىشىنىڭ دىيىتىمۇ نورمال دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرى؛ بەدەننىڭ سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرغان جىنايەتنىڭ دىيىتى ئون بەش تۆگە؛ قول ۋە پۇتنىڭ ھەر بىر بارمىقىغا ئون تۆگە؛ چىشقا بەش تۆگە؛ سۆڭەكنى سۇندۇرمىغان، ئەمما ئەتلىرىنى سويۇپ، سۆڭەكنى چىقىرىپ قويغان جىنايەتنىڭ دىيىتى بەش تۆگە؛ ئەر كىشى ئايال كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، قىساس ئۈچۈن ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. تۆگىسى يوق، ئەمما پۇلى بارلار بىر كىشىنىڭ دىيىتى ئۈچۈن مىڭ دىنار (تىللا) بېرىشى كېرەك»[1].

(نەسائى: 4853)

5293 - وفي رواية: وَفِي الْعَيْنِ الْوَاحِدَةِ نِصْفُ الدِّيَةِ وَفِي الْيَدِ الْوَاحِدَةِ نِصْفُ الدِّيَةِ.

5293 - يەنە بىر رىۋايەتتە: «بىر كۆزنىڭ ۋە بىر قولنىڭ دىيىتى نورمال دىيەتنىڭ يېرىمى (يەنى 50 تۆگە)دۇر» دېيىلگەن[2].

(نەسائى: 4854)

5294 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُقَوِّمُ دِيَةَ الْخَطَإِ عَلَى أَهْلِ الْقُرَى أَرْبَعَ مِائَةِ دِينَارٍ أَوْ عَدْلَهَا مِنْ الْوَرِقِ وَيُقَوِّمُهَا

[1] ئەلبانى (339): زەئىپ. - دېگەن.

[2] ئەلبانى (340): زەئىپ. - دېگەن.

عَلَى أَثْمَانِ الْإِبِلِ فَإِذَا غَلَتْ رَفَعَ فِي قِيمَتِهَا وَإِذَا هَاجَتْ رُخْصًا نَقَصَ مِنْ قِيمَتِهَا وَبَلَغَتْ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا بَيْنَ أَرْبَعِ مِائَةِ دِينَارٍ إِلَى ثَمَانِ مِائَةِ دِينَارٍ وَعَدْلُهَا مِنْ الْوَرِقِ ثَمَانِيَةُ آلَافِ دِرْهَمٍ وَقَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى أَهْلِ الْبَقَرِ مِائَتَيْ بَقَرَةٍ وَمَنْ كَانَ دِيَةُ عَقْلِهِ فِي الشاءِ فَأَلْفَيْ شَاةٍ قَالَ وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن الْعَقْلَ مِيرَاثٌ بَيْنَ وَرَثَةِ الْقَتِيلِ عَلَى قَرَابَتِهِمْ فَمَا فَضَلَ فَلِلْعَصَبَةِ قَالَ وَقَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْأَنفِ إِذَا جُدِعَ الدِيَةَ كَامِلَةً وَإِذَا جُدِعَتْ ثَنْدُوَتُهُ فَنِصْفُ الْعَقْلِ خَمْسُونَ مِنْ الْإِبِلِ أَوْ عَدْلُهَا مِنْ الذهَبِ أَوْ الْوَرِقِ أَوْ مِائَةُ بَقَرَةٍ أَوْ أَلْفُ شَاةٍ وَفِي الْيَدِ إِذَا قُطِعَتْ نِصْفُ الْعَقْلِ وَفِي الرجْلِ نِصْفُ الْعَقْلِ وَفِي الْمَأْمُومَةِ ثُلُثُ الْعَقْلِ ثَلَاثٌ وَثَلَاثُونَ مِنْ الْإِبِلِ وَثُلُثٌ أَوْ قِيمَتُهَا مِنْ الذهَبِ أَوْ الْوَرِقِ أَوْ الْبَقَرِ أَوْ الشاءِ وَالْجَائِفَةُ مِثْلُ ذَلِكَ وَفِي الْأَصَابِعِ فِي كُل أُصْبُعٍ عَشْرٌ مِنْ الْإِبِلِ وَفِي الْأَسْنَانِ فِي كُل سِن خَمْسٌ مِنْ الْإِبِلِ وَقَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن عَقْلَ الْمَرْأَةِ بَيْنَ عَصَبَتِهَا مَنْ كَانُوا لَا يَرِثُونَ مِنْهَا شَيْئًا إِلا مَا فَضَلَ عَنْ وَرَثَتِهَا وَإِنْ قُتِلَتْ فَعَقْلُهَا بَيْنَ وَرَثَتِهَا وَهُمْ يَقْتُلُونَ قَاتِلَهُمْ وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْسَ لِلْقَاتِلِ شَيْءٌ وَإِنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ وَارِثٌ فَوَارِثُهُ أَقْرَبُ الناسِ إِلَيْهِ وَلَا يَرِثُ الْقَاتِلُ شَيْئًا.

5294 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ دىيىتىنى تۆلىگۈچى يېزىدا ئولتۇراقلاشقان بولسا، تۆت يۈز دىنار (تىللا) ياكى تۆت يۈز دىنار قىممىتىدە كۈمۈش بېرىدۇ» دەپ بۇيرۇيتتى ۋە بۇنى تۆگىنىڭ قىممىتىگە قاراپ ئۆلچەيتتى. تۆگىنىڭ قىممىتى ئۆرلەپ كەتسە، دىنار ۋە كۈمۈشنىڭ سانىنى ئاشۇراتتى، ئەگەر تۆگىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتسە، دىنار ۋە كۈمۈشنىڭ سانىنى شۇنىڭغا كۆرە ئازايتاتتى. تۆگىنىڭ قىممىتىگە كۆرە ھېسابلانغان دىيەت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە (ئالتۇن تىللا ھېسابى بويىچە) تۆت يۈز دىنار بىلەن سەككىز يۈز دىنار ئارىسىدا؛ كۈمۈش ھېسابى بويىچە سەككىز مىڭ تەڭگە بولغانىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ دىيىتى ئۈچۈن كالىسى بارلار ئىككى يۈز تۇياق كالا، قويى بارلار ئىككى مىڭ تۇياق قوي بېرىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئۇندىن باشقا:

«بۇ دىيەت ئۆلگۈچىنىڭ مىراسى بولۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارىسىدا تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا كۆرە تەقسىم قىلىنىدۇ. تەقسىماتتىن ئېشىپ قالغىنى ئۆلگۈچىنىڭ ئەر تۇغقانلىرىغا بېرىلىدۇ. بۇرنى كېسىلگەن كىشىگە نورمال بىر دىيەت (تولۇق) بېرىلىدۇ. بۇرنىنىڭ ئۇچى كېسىلگەن كىشىگە نورمال دىيەتنىڭ يېرىمى (يەنى 50 تۆگە ياكى شۇنىڭ قىممىتىدە ئالتۇن ۋەيا كۈمۈش) بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا 100 تۇياق كالا ياكى 1000 تۇياق قوي بەرسىمۇ بولىدۇ. بىر قول كېسىپ تاشلانسا، ئۇنىڭ دىيىتى 50 تۇياق تۆگە؛ بىر پۇت كېسىپ تاشلانسا، ئۇنىڭ دىيىتى 50 تۇياق تۆگە، مېڭىسى زەخىملەنگۈدەك دەرىجىدە يارىلانغان كىشىنىڭ دىيىتى نورمال دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرى (يەنى 33 تۇياق تۆگە بىلەن بىر تۆگىنىڭ ئۈچتىن بىرى) ياكى مۇشۇ تۆگىلەرنىڭ قىممىتىدە ئالتۇن، كۈمۈش ياكى قوي، كالا بەرسىمۇ بولىدۇ. قورساقنىڭ ئىچىگە ئۆتكىدەك دەرىجىدە پىچاق تىقىلغان كىشىنىڭ دىيىتىمۇ مۇشۇنداق. ھەر بىر بارماقنىڭ دىيىتى ئون تۆگە؛ ھەر بىر چىشنىڭ دىيىتى بەش تۆگە بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان.

ئۇندىن باشقا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق بەلگىلىگەن:

«ئايال كىشى بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، دىيەت تۆلەشكە توغرا كەلسە، دىيەتنى ئۇنىڭ ئەر تۇغقانلىرى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ تۇغقانلىرى، ئۇ ئايال ئۆلۈپ قالغاندا، مىراس قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەقسىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان پۇل - مال تېگىدىغان، ئاشمىسا ھېچنېمە تەگمەيدىغان تۇغقانلىرىدۇر. ئەگەر ئايال كىشى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ دىيىتىنى مىراسخورلىرى ئۆزئارا تەقسىم قىلىشىدۇ. دىيەت ئالماي، خۇن ھەققى تەلەپ قىلىنسىمۇ، قاتىلنى

ئۆلتۈرۈش ھەققى شۇلاردا بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«قاتىل ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ تۇغقىنى بولسا، ئۇنىڭغا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ مىراسىدىن ھېچنېمە بېرىلمەيدۇ. ھەتتا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ شۇ قاتىلدىن باشقا ھېچقانداق قانۇنىي مىراسخورى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ مىراسى قاتىلغا بېرىلمەيدۇ، بەلكى قاتىلدىن باشقا يېقىنراق تۇغقانلىرىغا تارقىتىپ بېرىلىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4564)

5295 - وفي رواية، بنحوه وفيه: وَقَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن الْعَقْلَ مِيرَاثٌ بَيْنَ وَرَثَةِ الْقَتِيلِ عَلَى قَرَائِضِهِمْ فَمَا فَضَلَ فَلِلْعَصَبَةِ وَقَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَعْقِلَ عَلَى الْمَرْأَةِ عَصَبَتُهَا مَنْ كَانُوا وَلَا يَرِثُونَ مِنْهُ شَيْئًا إلا مَا فَضَلَ عَنْ وَرَثَتِهَا وَإِنْ قُتِلَتْ فَعَقْلُهَا بَيْنَ وَرَثَتِهَا وَهُمْ يَقْتُلُونَ قَاتِلَهَا.

5295 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش بىر ھەدىس بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«بۇ دىيەت ئۆلگۈچىنىڭ مىراسى بولۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارىسىدا تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا كۆرە قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. تەقسىماتتىن ئېشىپ قالغىنى ئۆلگۈچىنىڭ ئەر تۇغقانلىرىغا بېرىلىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

«ئايال كىشى بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، دىيەت تۆلەشكە توغرا كەلسە، دىيەتنى ئۇنىڭ ئەر تۇغقانلىرى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ تۇغقانلىرى، ئۇ ئايالنىڭ مىراسى قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەقسىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاشقان پۇل ـ مالغا ۋارىسلىق قىلىدىغان؛ ئەگەر ئاشمىسا، مىراستىن ھېچنېمە تەگمەيدىغان

[1] ئەلبانى (3818): ھەسەن، ـ دىگەن.

تۇغقانلىرىدۇر. ئەگەر ئايال كىشى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ دىيىتىنى مىراسخورلىرى ئۆزئارا تەقسىم قىلىشىدۇ. دىيەت ئالماي خۇن ھەققى تەلەپ قىلىنىسىمۇ، قاتىلنى ئۆلتۈرۈش ھەققى شۇلاردا بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان[①].

(نەسائى: 4801)

5296 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَضَى فِي الْعَيْنِ الْعَوْرَاءِ السادةِ لِمَكَانِهَا إِذَا طُمِسَتْ بِثُلُثِ دِيَتِهَا وَفِي الْيَدِ الشلاءِ إِذَا قُطِعَتْ بِثُلُثِ دِيَتِهَا وَفِي السن السوْدَاءِ إِذَا نُزِعَتْ بِثُلُثِ دِيَتِهَا.

5296 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«چانىقىدىن چىقىپ كەتمىگەن، ئەمما ئەسلىدە كۆرمەيدىغان كۆز قويۇلۇپ كەتسە، ئۇنىڭ دىيىتى ئۈچۈن ساق كۆزنىڭ دىيىتىنىڭ ئۈچتىن بىرى؛ پالەچ قول كېسىپ تاشلانسا، ئۇنىڭ دىيىتى ئۈچۈن ساق قولنىڭ دىيىتىنىڭ ئۈچتىن بىرى؛ سېسىپ كەتكەن چىش تۆكۈۋېتىلسە، ئۇنىڭ دىيىتى ئۈچۈن ساغلام چىشنىڭ دىيىتىنىڭ ئۈچتىن بىرى بېرىلىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان[②].

(نەسائى: 4840)

5297 - عن أبي هُرَيْرَةَ قَالَ اقْتَتَلَتْ امْرَأَتَانِ مِنْ هُذَيْلٍ فَرَمَتْ إِحْدَاهُمَا الْأُخْرَى بِحَجَرٍ فَقَتَلَتْهَا وَمَا فِي بَطْنِهَا فَاخْتَصَمُوا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن دِيَةَ جَنِينِهَا غُرةٌ عَبْدٌ أَوْ وَلِيدَةٌ وَقَضَى بِدِيَةِ الْمَرْأَةِ عَلَى عَاقِلَتِهَا.

5297 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھۇزەيل قەبىلىسىدىن ئىككى ئايال ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىرى يەنە بىرىگە

---

① ئەلبانى (4468): ھەسەن، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (4500): ھەسەن، ـ دېگەن.

تاش ئېتىپ، ئۇنى ۋە قورسىقىدىكى هامىلىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى دەۋا قىلىشىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«هامىلىنىڭ دىيىتى ئۈچۈن بىر قۇل ياكى بىر دېدەك[1] بېرىلىشى، ئايالنىڭ دىيىتىنى ئۆلتۈرگۈچى ئايالنىڭ ئەر تۇغقانلىرى تۆلەپ بېرىشى كېرەك» دەپ هۆكۈم قىلدى.

(مۇسلىم: 1681)

5298 - وزاد في رواية: وَوَرِثَهَا وَلَدَهَا وَمَنْ مَعَهُمْ فَقَالَ حَمَلُ ْبْنُ النابِغَةِ الْهُـذَلِي يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ أَغْرَمُ مَنْ لَا شَرِبَ وَلَا أَكَلَ وَلَا نطَقَ وَلَا اسْتَهَل فَمِثْلُ ذَلِكَ يُطَل فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إنمَا هَذَا مِنْ إِخْوَانِ الْكُهانِ مِنْ أَجْلِ سَجْعِهِ الذِي سَجَعَ.

5298 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بۇ دىيەتنى ئۆلتۈرۈلگەن ئايالنىڭ بالىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا مىراس قىلىپ بۆلۈپ بەرگەنىدى. هۇزەيل قەبىلىسىلىك هەمەل ئىبنى نابىغە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! يېمىگەن، ئىچمىگەن، سۆزلەپمۇ باقمىغان، هەتتا ئاۋازمۇ چىقارمىغان بىر تۆرەلمىگە قانداقسىگە تۆلەم تۆلەيمەن؟ بۇنداق تۆرەلمىگە ئادەتتە تۆلەم تۆلەنمەيدۇ. ـ دېدى. ئۇنىڭ قاپىيىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ ئادەم كاھىنلارنىڭ قېرىندىشى ئىكەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1681)

5299 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنهُ قَالَ قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي جَـنِينِ امْرَأَةٍ مِنْ بَنِي لَحْيَانَ سَقَطَ مَيِّتًا بِغُرةٍ عَبْدٍ أَوْ أَمَةٍ ثُم إن الْمَرْأَةَ التِي قَضَى عَلَيْهَـا بِـالْغُرةِ

---

[1] بۇ قۇل ياكى دېدەكنىڭ قىممىتى نورمال بىر دىيەتنىڭ ئوندىن بىرىگە، يەنى ئون تۆگىگە تەڭ بولۇشى كېرەك. بۇ، هەدىسنىڭ تېكىستىدىكى: ”غُرَّةٌ عَبْدٌ أَوْ وَلِيدَةٌ“ دېگەن ئىباردىن ئېلىنغان مەنىدۇر.

تُوُفِّيَتْ فَقَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِأَن مِيرَاثَهَا لِبَنِيهَا وَزَوْجِهَا وَأَن الْعَقْلَ عَلَى عَصَبَتِهَا.

5299 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لىھيان قەبىلىسىلىك بىر ئايالنىڭ (باشقا بىر ئايال بىلەن ئۇرۇشۇش نەتىجىسىدە) قورسىقىدىن چۈشۈپ كەتكەن تۆرەلمىسى ئۈچۈن:

«قارشى تەرەپ بىر قۇل ياكى بىر دېدەك تۆلەپ بېرىشى كېرەك» دەپ ھۆكۈم قىلدى. كېيىن، تۆلەم تۆلەشكە بۇيرۇلغان (قاتىل) ئايال ئۆلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ ئايالنىڭ مىراسىنى بالىلىرى ۋە ئېرى ئالىدۇ، ئۇنىڭ تۆلىشىگە تېگىشلىك بولغان دىيەتنى ئەر تۇغقانلىرى تۆلەيدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلدى.

(بۇخارى: 6740)

5300 - عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ بنحوه، فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دِيَةَ الْمَقْتُولَةِ عَلَى عَصَبَةِ الْقَاتِلَةِ وَغُرةً لِمَا فِي بَطْنِهَا .

5300 ـ مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەزمۇن نەقىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۆلتۈرۈلگەن ئايالنىڭ دىيىتىنى ئۆلتۈرگۈچى ئايالنىڭ ئەر تۇغقانلىرى تۆلەيدۇ. قورسىقىدىن چۈشۈپ كەتكەن تۆرەلمە ئۈچۈن بىر قۇل ياكى بىر دېدەك بېرىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

(مۇسلىم: 1682)

5301 - وفي رواية: فَقَضَى فِيهِ بِغُرةٍ وَجَعَلَهُ عَلَى عَاقِلَةِ الْمَرْأَةِ.

5301 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «قورسىقىدىن چۈشۈپ كەتكەن تۆرەلمە ئۈچۈن بىر قۇل ياكى بىر دېدەك تۆلەيدۇ، ئۇنى ئايالنىڭ ئەر تۇغقانلىرى بېرىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4568)

5302 - وفي رواية: فَقَضَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي جَنِينِهَا بِغُرةٍ وَأَنْ تُقْتَلَ بِهَا.

5302 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قورسىقىدىن چۈشۈپ كەتكەن تۆرەلمە ئۈچۈن بىر قۇل ياكى بىر دېدەك تۆلەشكە ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئايالنىڭ قىساسى ئۈچۈن قاتىل ئايالنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلغان» دەپ ھۆكۈم قىلغان[2].

(نەسائى: 4739)

5303 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْجَنِينِ بِغُرةٍ عَبْدٍ أَوْ أَمَةٍ أَوْ فَرَسٍ أَوْ بَغْلٍ.

5303 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «(ئۇرۇش نەتىجىسىدە) قورسىقىدىن چۈشۈپ كەتكەن تۆرەلمە ئۈچۈن (ئۇرغۇچى) بىر قۇل ياكى بىر دېدەك ياكى بىر ئات ۋەياكى بىر قېچىر تۆلەيدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4579)

5304 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَن امْرَأَتَيْنِ مِنْ هُذَيْلٍ قَتَلَتْ إِحْدَاهُمَا الْأُخْرَى وَلِكُل وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا زَوْجٌ وَوَلَدٌ فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دِيَةَ الْمَقْتُولَةِ عَلَى عَاقِلَةِ الْقَاتِلَةِ وَبَرأَ زَوْجَهَا وَوَلَدَهَا قَالَ فَقَالَ عَاقِلَةُ الْمَقْتُولَةِ مِيرَاثُهَا لَنَا قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا مِيرَاثُهَا

[1] ئەلبانى (3822): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4414): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (995): شاز (يەنى زەئىپ) ھەدىس، ـ دېگەن.

لِزَوْجِهَا وَوَلَدِهَا.

5304 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۇزەيل قەبىلىسىلىك ئىككى ئايال ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئېرى ۋە بالىلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۆلتۈرۈلگەن ئايالنىڭ دىيىتىنى ئۆلتۈرگەن ئايالنىڭ ئەر تۇغقانلىرى تۆلەيدۇ، ئېرى ۋە بالىلىرى دىيەت تۆلەيدىغانلار قاتارىغا كىرمەيدۇ، ـ دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئۆلتۈرۈلگەن ئايالنىڭ ئەر تۇغقانلىرى:

ـ ئۇنىڭ مىراسىنى بىز ئالىمىز، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ياق، ئۇنىڭ مىراسىنى ئېرى ۋە بالىلىرى ئالىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4575)

5305 - عَنْ عَطَاءِ بْنِ أَبِي رَبَاحٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَضَى فِي الدِّيَةِ عَلَى أَهْلِ الْإِبِلِ مِائَةً مِنْ الْإِبِلِ وَعَلَى أَهْلِ الْبَقَرِ مِائَتَيْ بَقَرَةٍ وَعَلَى أَهْلِ الشاءِ أَلْفَيْ شَاةٍ وَعَلَى أَهْلِ الْحُلَلِ مِائَتَيْ حُلةٍ وَعَلَى أَهْلِ الْقَمْحِ شَيْئًا لَمْ يَحْفَظْهُ مُحَمدُ بْنُ إِسْحَقَ.

5305 ـ ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر تەبىقىگە دىيەتنىڭ مىقدارىنى بېكىتىپ: «تۆگە باقىدىغانلار 100 تۇياق تۆگە، كالا باقىدىغانلار 200 تۇياق كالا، قوي باقىدىغانلار 2000 تۇياق قوي، كىيىم ـ كېچەك ساتىدىغانلار ئالىي سۈپەتلىك تونىدىن 200 قۇر تۆلەيدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقارغان. بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا بۇغداي تېرىيدىغانلارنىڭمۇ مەلۇم مىقداردا بۇغداي تۆلەيدىغانلىقى توغرۇلۇق بىر نەرسە دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان، ئەمما مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق (رىۋايەت قىلغۇچى) قانچىلىك مىقداردا دېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4543)

[1] ئەلبانى (3826): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (982): زەئىپ، ـ دېگەن.

5306 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ كَانَتْ قِيمَةُ الدِيَةِ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَمَانَ مِائَةِ دِينَارٍ أَوْ ثَمَانِيَةَ آلَافِ دِرْهَمٍ وَدِيَةُ أَهْلِ الْكِتَابِ يَوْمَئِذٍ النصْفُ مِنْ دِيَةِ الْمُسْلِمِينَ قَالَ فَكَانَ ذَلِكَ كَذَلِكَ حَتى اسْتُخْلِفَ عُمَرُ رَحِمَهُ اللهُ فَقَامَ خَطِيبًا فَقَالَ أَلَا إِن الْإِبِلَ قَدْ غَلَتْ قَالَ فَفَرَضَهَا عُمَرُ عَلَى أَهْلِ الذهَبِ أَلْفَ دِينَارٍ وَعَلَى أَهْلِ الْوَرِقِ اثْنَيْ عَشَرَ أَلْفًا وَعَلَى أَهْلِ الْبَقَرِ مِائَتَيْ بَقَرَةٍ وَعَلَى أَهْلِ الشاءِ أَلْفَيْ شَاةٍ وَعَلَى أَهْلِ الْحُلَلِ مِائَتَيْ حُلةٍ قَالَ وَتَرَكَ دِيَةَ أَهْلِ الذمةِ لَمْ يَرْفَعْهَا فِيمَا رَفَعَ مِنْ الدِيَةِ.

5306 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە دىيەتنىڭ قىممىتى 800 تىللاغا ياكى 8000 تەڭگىگە تەڭ كېلەتتى. ئەھلى كىتابنىڭ دىيىتى شۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلەتتى. بۇ ئۆلچەم تاكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، جامائەتكە خىتاب قىلىپ:

— ئى خالايىق! تۆگىنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتتى، ـ دېدى ۋە دىيەتنىڭ قىممىتىنى ئۆرلىتىپ: "سودا ـ سېتىقتا ئالتۇن ئىشلىتىدىغانلار مىڭ تىللا، كۆمۈش ئىشلىتىدىغانلار 2000 تەڭگە، كالا باقىدىغانلار 200 تۇياق كالا، قوي باقىدىغانلار 2000 تۇياق قوي، كىيىم ـ كېچەك ساتىدىغانلار ئالىي سۈپەتلىك توندىن 200 قۇر بېرىدۇ" دەپ بېكىتتى. ئەمما زىممىلارنىڭ دىيىتىنى مۇسۇلمانلارنىڭكىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرمەي شۇ پېتى قويۇپ قويدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4542)

5307 - قَالَ مَالِك فَأَهْلُ الذهَبِ أَهْلُ الشامِ وَأَهْلُ مِصْرَ وَأَهْلُ الْوَرِقِ أَهْلُ الْعِرَاقِ.

5307 ـ مالىك مۇنداق دەيدۇ: شاملىقلار ۋە مىسىرلىقلار ئالتۇن بىلەن، ئىراقلىقلار كۆمۈش بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

---

[①] ئەلبانى (3806): ھەسەن، ـ دېگەن.

5308 - عن زِيَادَ بْنَ سَعْدِ بْنِ ضُمَيْرَةَ السلمي عَنْ أَبِيهِ وَجَدِهِ وَكَانَا شَهِدَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حُنَيْنًا أَنْ مُحَلمَ بْنَ جَثامَةَ اللَّيْثِي قَتلَ رَجُلًا مِنْ أَشْجَعَ فِي الْإِسْلَامِ وَذَلِكَ أَولُ غِيَرٍ قَضَى بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتكَلمَ عُيَيْنَةُ فِي قَتْلِ الْأَشْجَعِي لِأَنهُ مِنْ غَطَفَانَ وَتَكَلمَ الْأَقْرَعُ بْنُ حَابِسٍ دُونَ مُحَلمٍ لِأَنهُ مِنْ خِنْدِفَ فَارْتَفَعَتْ الْأَصْوَاتُ وَكَثُرَتْ الْخُصُومَةُ وَاللغَطُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عُيَيْنَةُ أَلَا تَقْبَلُ الْغِيَرَ فَقَالَ عُيَيْنَةُ لَا وَاللهِ حَتى أُدْخِلَ عَلَى نِسَائِهِ مِنْ الْحَرْبِ وَالْحُزْنِ مَا أَدْخَلَ عَلَى نِسَائِي قَالَ ثُم ارْتَفَعَتْ الْأَصْوَاتُ وَكَثُرَتْ الْخُصُومَةُ وَاللغَطُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عُيَيْنَةُ أَلَا تَقْبَلُ الْغِيَرَ فَقَالَ عُيَيْنَةُ مِثْلَ ذَلِكَ أَيْضًا إِلَى أَنْ قَامَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي لَيْثٍ يُقَالُ لَهُ مُكَيْتِلٌ عَلَيْهِ شِكةٌ وَفِي يَدِهِ دَرَقَةٌ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني لَمْ أَجِدْ لِمَا فَعَلَ هَذَا فِي غُرةِ الْإِسْلَامِ مَثَلًا إِلا غَنَمًا وَرَدَتْ فَرُمِيَ أَولُهَا فَنفَرَ آخِرُهَا اسْنُنْ الْيَوْمَ وَغَيرْ غَدًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَمْسُونَ فِي فَوْرِنَا هَذَا وَخَمْسُونَ إِذَا رَجَعْنَا إِلَى الْمَدِينَةِ وَذَلِكَ فِي بَعْضِ أَسْفَارِهِ وَمُحَلمٌ رَجُلٌ طَوِيلٌ آدَمُ وَهُوَ فِي طَرَفِ الناسِ فَلَمْ يَزَالُوا حَتى تَخَلصَ فَجَلَسَ بَيْنَ يَدَيْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَيْنَاهُ تَدْمَعَانِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني قَدْ فَعَلْتُ الذِي بَلَغَكَ وَإِني أَتُوبُ إِلَى اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى فَاسْتَغْفِرْ اللهَ عَز وَجَل لِي يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَقَتَلْتَهُ بِسِلَاحِكَ فِي غُرةِ الْإِسْلَامِ اللهُم لَا تَغْفِرْ لِمُحَلمٍ بِصَوْتٍ عَالٍ.

5308 ـ زىياد ئىبنى سەئد ئىبنى زۇمەيىر سۇلەمى دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن (دادىسى ۋە بوۋىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھۇنەيىن ئۇرۇشىغا قاتناشقانىدى) مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مۇھەللىم ئىبنى جەسسامە لەيسى دىگەن كىشى ئەشجە ئايمىقىدىن بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋەتتى. (پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى دىيەت بىرىشكە بۇيرىدى) بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىيەت ھەققىدە قىلغان تۇنجى ھۆكمى ئىدى. ئۇيەينە ئۆلگۈچى تەرەپدارى بولۇپ سۆز قىلدى، چۈنكى ئۆلگۈچى (ئۇيەينەنىڭ قەبىلىسى بولغان) غەتەفان قەبىلىسىنىڭ بىر ئايمىقىدىن ئىدى. ئەقرە ئىبنى ھابىس مۇھەللىمنى مۇداپىئە قىلىپ

سۆز قىلدى، چۈنكى مۇھەللىم ئۇنىڭ قەبىلىسى بولغان خىندىفتىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، قەبىلىلەر ئارىسىدا غەۋغا كۆتۈرۈلۈپ، جەڭگە ـ جېدەل يوغىنىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەي ئۇيەينە! دىيەتنى قوبۇل قىلمامسەن؟! ـ دېدى. ئۇيەينە:

ـــ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قاتىلنىڭ ئائىلىسى ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدەك پەرىشان بولمىغۇچە، دىيەتنى قوبۇل قىلمايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، يەنە غەۋغا چىقىپ، ۋارقىراش ـ جارقىراشلار ئەۋج ئالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ـ ئەي ئۇيەينە! دىيەتنى قوبۇل قىلمامسەن؟! ـ دەپ سورىدى. ئۇيەينە بۇرۇنقىدەكلا جاۋاب بەردى. شۇ ئارىدا، لەيس قەبىلىسىدىن ساۋۇت كىيىپ، قورال تۇتۇۋالغان مۆكەيتىل ئىسىملىك بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سۇ ئىچكىلى (سۇ بويىغا) كەلگەن بىر توپ قوينىڭ ئالدىدىكىلىرىگە تاش ئاتساڭ، كەينىدىكىلىرىمۇ ئۈركۈپ قېچىشىدۇ. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرى بولغان مۇشۇ كۈنلەردە، بۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىۋاتىمەن. خالىساڭ، بۈگۈنكى ھۆكمىڭنى بەرگىن، بەلكى ئەتە ئۆزگەرتىۋالارسەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھازىر 50 تۆياق تۆگە بېرىلسۇن، مەدىنىگە بارغاندا يەنە 50 تۆياق بېرىلىدۇ، ـ دېدى. بۇ ۋەقە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەپەرلىرىنىڭ بىرىدە يۈز بەرگەنىدى. مۇھەللىم ئېگىز بويلۇق، قارامتۇل كىشى بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇراتتى. كىشىلەر تاكى مۇھەللىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلغانغا قەدەر بىر ـ بىرلىرى بىلەن جەڭگە ـ جېدەل قىلىشتى. ئاخىرى، مۇھەللىم ئىككى كۆزىدىن ياش ئېقىۋاتقان ھالدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! (ساڭا يەتكۈزۈلگەن) بۇ ئىشنى مەن قىلغانىدىم، لېكىن بۇ قىلمىشىمدىن اللهقا تۆۋبە قىلدىم. اللهتىن مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرۈشىنى تىلىگەن بولساڭ! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەن ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرى بولغان بۇگۈنكىدەك بىر چاغدا، ئۇنى قورالىڭ بىلەن ئۆلتۈردۈڭمۇ؟! ـ دېدى. ئاندىن ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتىرىپ:

ــ ئى الله! مۇھەللىمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمىگىن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4503)

5309 - وَزَادَ أَبُو سَلَمَةَ فَقَامَ وَإِنَّهُ لَيَتَلَقَّى دُمُوعَهُ بِطَرَفِ رِدَائِهِ قَالَ ابْـنُ إِسْـحَقَ فَزَعَمَ قَوْمُهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَغْفَرَ لَهُ بَعْدَ ذَلِكَ.

5309 ـ ئەبۇ سەلەمەنىڭ رىۋايىتىدە مۇنۇلار قوشۇپ نەقىل قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۇھەللىم ياشلىرىنى كىيىمىنىڭ پېشىگە سۈرتكەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ قەۋمىدىكىلەر: "پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېيىن الله تائالادىن ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلغان" دېيىشىدۇ.

(ئەبۇ داۋۇد: 4503)

5310 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا أُعْفِيَ مَنْ قَتَلَ بَعْدَ أَخْذِهِ الدِّيَةَ.

5310 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«قاتىلدىن دىيەتنى ئېلىپ بولۇپ، كېيىندىن: "قىساس ئالىمەن" دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنى مەن ھەرگىز كەچۈرمەيمەن» دېگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4507)

---

[1] ئەلبانى (970): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (971): زەئىپ، ـ دېگەن.

5311 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ أَن رَجُلًا مِنْ بَنِي مُدْلِجٍ يُقَالُ لَهُ قَتَادَةُ حَذَفَ ابْنَهُ بِالسَّيْفِ فَأَصَابَ سَاقَهُ فَنُزِيَ فِي جُرْحِهِ فَمَاتَ فَقَدِمَ سُرَاقَةُ بْنُ جُعْشُمٍ عَلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ اعْدُدْ عَلَى مَاءِ قُدَيْدٍ عِشْرِينَ وَمِائَةَ بَعِيرٍ حَتى أَقْدَمَ عَلَيْكَ فَلَما قَدِمَ إِلَيْهِ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ أَخَذَ مِنْ تِلْكَ الْإِبِلِ ثَلَاثِينَ حِقةً وَثَلَاثِينَ جَذَعَةً وَأَرْبَعِينَ خَلِفَةً ثُم قَالَ أَيْنَ أَخُو الْمَقْتُولِ قَالَ هَأَنذَا قَالَ خُذْهَا فَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيْسَ لِقَاتِلٍ شَيْءٌ.

5311 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب مۇنداق دەيدۇ: بەنى مۇدلىج قەبىلىسىدىن قەتادە ئىسىملىك بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا قىلىچىنى ئاتقانىدى، قىلىچ ئۇنىڭ پۇتىغا تېگىپ يارىلاندۇردى ۋە بالىدىن قان توختىماي ئۆلۈپ قالدى. سۇراقە ئىبنى جۇئشەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ــ 120 تۆياق تۆگە يىغىپ، قۇدەيدتىكى سۇ بويىدا مېنى ساقلاپ تۇرغىن! ــ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېيىشكەن يەرگە بېرىپ، تۆگىلەردىن تۆت چىشلىقتىن 30 تۇياق؛ بەش چىشلىقتىن 30 تۇياق؛ بوغازدىن 40 تۇياق تاللىدى، ئاندىن:

ــ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قېرىندىشى قېنى؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ــ مانا مەن، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ــ مانا بۇ تۆگىلەرنى سەن ئال، چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «قاتىلغا (ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ مىراسىدىن) ھېچنېمە بېرىلمەيدۇ» دېگەنىدى، ـ دېدى.

(مالىك: 1620)

5312 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ أَن سَائِبَةً أَعْتَقَهُ بَعْضُ الْحُجاجِ فَقَتَلَ ابْنَ رَجُلٍ مِنْ بَنِي عَائِذٍ فَجَاءَ الْعَائِذِي أَبُو الْمَقْتُولِ إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ يَطْلُبُ دِيَةَ ابْنِهِ فَقَالَ عُمَرُ لَا دِيَةَ لَهُ فَقَالَ الْعَائِذِي أَرَأَيْتَ لَوْ قَتَلَهُ ابْنِي فَقَالَ عُمَرُ إِذًا تُخْرِجُونَ دِيَتَهُ فَقَالَ هُوَ إِذًا كَالْأَرْقَمِ إِنْ يُتْرَكْ يَلْقَمْ وَإِنْ يُقْتَلْ يَنْقَمْ.

5312 ـ سۇلايمان ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: ھاجىلاردىن بىرسى ئازاد قىلىۋەتكەن بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ ئادەم (ئازادگەردە) بەنى ئائىز

قەبىلىسىنىڭ بىر كىشىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ دادىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئوغلىنىڭ دىيىتىنى تۆلىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇنىڭ دىيىتىنى تۆلىتىپ بېرەلمەيمىز[1]. ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ـ ناۋادا مېنىڭ ئوغلۇم ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، قانداق بولاتتى؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇنىڭ دىيىتىنى تۆلەيتتىڭلار، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئادەم:

ـ ئۇنداقتا، بۇ ئادەم خۇددى يىلانغا ئوخشاش تاشلاپ قويسا ئادەم چاقىدىغان، ئۆلتۈرۈۋەتسە ئىنتىقامىنى ئالىدىغان بىر ئادەم ئىكەن، ـ دېدى. (مالىك: 1629).

5313 - عَنْ عِرَاكِ بْنِ مَالِكٍ وَسُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ أَنَّ رَجُلًا مِنْ بَنِي سَعْدِ بْنِ لَيْثٍ أَجْرَى فَرَسًا فَوَطِئَ عَلَى إِصْبَعِ رَجُلٍ مِنْ جُهَيْنَةَ فَنُزِيَ مِنْهَا فَمَاتَ فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ لِلَّذِي ادُّعِيَ عَلَيْهِمْ أَتَحْلِفُونَ بِاللَّهِ خَمْسِينَ يَمِينًا مَا مَاتَ مِنْهَا فَأَبَوْا وَتَحَرَّجُوا وَقَالَ لِلْآخَرِينَ أَتَحْلِفُونَ أَنْتُمْ فَأَبَوْا فَقَضَى عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ بِشَطْرِ الدِّيَةِ عَلَى السَّعْدِيِّينَ قَالَ مَالِك وَلَيْسَ الْعَمَلُ عَلَى هَذَا.

5313 ـ ئىراك ئىبنى مالىك ۋە سۇلەيمان ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەنى سەئد ئىبنى لەيس قەبىلىسىدىن بىر كىشى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، ئات جۇھەينە قەبىلىسىلىك بىر كىشىنىڭ بارمىقىنى دەسسىۋەتتى. يارىلانغان كىشى بارمىقىدىن قان توختىماي، ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئات چاپتۇرغان كىشىنىڭ قەبىلىسىگە:

ـ سىلەردىن 50 ئادەم: ''بۇ ئادەم ئات دەسسىۋەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆلمىدى'' دەپ قەسەم قىلالامسىلەر؟ ـ دېگەنىدى، ئۇلار قەسەم قىلىشقا ئۇنىمىدى. ئاندىن ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا:

[1] دىيەت قاتىلنىڭ ئەر جەمەتى تەرىپىدىن تۆلىنىدۇ. بۇ قۇلنىڭ جەمەتى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ دىيىتى تۆلەنمەيدۇ.

ــ ئۇنداقتا سىلەر: ‹‹ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە شۇ ئاتىنىڭ دەسسىۋېتىشى سەۋەب بولدى›› دەپ قەسەم قىلالامسىلەر؟ ـ دېگەنىدى، ئۇلارمۇ ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەنى سەئد قەبىلىسىنى ئۆلگۈچىنىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە بۇيرىدى. ئىمام مالىك: بىزنىڭ دەۋرىمىزدە مەدىنە خەلقى بۇ خىل ۋەقەدە بۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىكەنىدۇق، ـ دېگەن.

(مالىك: 1605)

5314 - عَنْ جَرِيرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَرِيةً إِلَى خَثْعَمٍ فَاعْتَصَمَ نَاسٌ مِنْهُمْ بِالسجُودِ فَأَسْرَعَ فِيهِمْ الْقَتْلَ قَالَ فَبَلَغَ ذَلِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَمَرَ لَهُمْ بِنِصْفِ الْعَقْلِ وَقَالَ أَنَا بَرِيءٌ مِنْ كُل مُسْلِمٍ يُقِيمُ بَيْنَ أَظْهُرِ الْمُشْرِكِينَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ لِمَ قَالَ لَا تَرَاءَى نَارَاهُمَا.

5314 ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەسئەم قەبىلىسىگە بىر قوشۇن ئەۋەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قانچە كىشى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دەرھال سەجدىگە باش ئۇردى. ئەمما بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان قوشۇن ئۇلارنى (ئۇقۇشماي) ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە بۇيرۇپ:

ــ مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغان ھەرقانداق مۇسۇلماندىن ئادا ـ جۇدامەن، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ (تۇرىدىغان ئورنى شۇنداق يىراق بولۇشى كېرەككى) ئۆيلىرىدىن چىققان ئوتنى بىر ـ بىرى كۆرمەسلىكى كېرەك، ـ دېدى[1]. (يەنى مۇسۇلمانلار كاپىرلار بىلەن

[1] ئەلبانى (2304): سەھىھ ـ دېگەن.

ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشماي، مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان جايدا ئولتۇراقلىشىشى كېرەك).

(ئەبۇ داۋۇد: 2645)

5315 - عَنْ عَائِشَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعَثَ أَبا جَهْمِ بْنَ حُذَيْفَةَ مُصَدقًا فَلَاجَهُ رَجُلٌ فِي صَدَقَتِهِ فَضَرَبَهُ أَبو جَهْمٍ فَشَجهُ فَأَتَوْا النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا الْقَوَدَ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَكُمْ كَذَا وَكَذَا فَلَمْ يَرْضَوْا فَقَالَ لَكُمْ كَذَا وَكَذَا فَلَمْ يَرْضَوْا فَقَالَ لَكُمْ كَذَا وَكَذَا فَرَضُوا فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني خَاطِبٌ الْعَشِيةَ عَلَى الناسِ وَمُخْبِرُهُمْ بِرِضَاكُمْ فَقَالُوا نَعَمْ فَخَطَبَ رَسُولُ اللهِ فَقَالَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن هَؤُلَاءِ اللَّيْثِيينَ أَتَوْنِي يُرِيدُونَ الْقَوَدَ فَعَرَضْتُ عَلَيْهِمْ كَذَا وَكَذَا فَرَضُوا أَرَضِيتُمْ قَالُوا لَا فَهَم الْمُهَاجِرُونَ بِهِمْ فَأَمَرَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَكُفوا عَنْهُمْ فَكَفوا ثُم دَعَاهُمْ فَزَادَهُمْ فَقَالَ أَرَضِيتُمْ فَقَالُوا نَعَمْ قَالَ إِني خَاطِبٌ عَلَى الناسِ وَمُخْبِرُهُمْ بِرِضَاكُمْ قَالُوا نَعَمْ فَخَطَبَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَرَضِيتُمْ قَالُوا نَعَمْ.

5315 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ جەھم ئىبنى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى زاكات يىغقىلى ئەۋەتكەنىدى. بىر كىشى بېرىدىغان زاكىتى ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن تارتىشىپ قالدى ـ دە، ئەبۇ جەھم ئۇ كىشىنى ئۇرۇپ، بېشىنى يېرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشىنىڭ قەبىلىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، قىساس ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

ـ سىلەرگە مۇنچىلىك مىقداردا دىيەت تۆلەپ بېرەيلى، ـ دېگەنىدى، ئۇلار ئۇنىمىدى.

ـ ئۇنىڭغا يەنە مۇنچىلىك قوشۇپ بېرەيلى، ـ دېگەنىدى، ئۇلار يەنە ئۇنىمىدى.

ـ ئەمىسە، يەنە مۇنچىلىك قوشۇپ بېرەيلى، ـ دېگەنىدى. ئاخىرى، ئۇلار قىساس ئالماي، دىيەت ئېلىشقا ماقۇل بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

ــ ئۇنداقتا، مەن كەچتە جامائەتكە سىلەرنىڭ دىيەت ئېلىشقا ماقۇل بولغانلىقىڭلارنى ئېلان قىلىمەن، ـ دېدى، ئۇلار قوشۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (شۇ كۈنى) كەچتە جامائەتكە خىتاب قىلىپ:

ــ لەيس قەبىلىسىلىك بۇ كىشىلەر قىساس تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئىكەن، مەن ئۇلارغا مۇنچىلىك مىقداردا دىيەت تۆلەپ بېرىش تەكلىپىنى بەردىم. ئۇلار قىساس ئالماي، دىيەت ئېلىشقا ماقۇل بولدى، ماقۇل بولدۇڭلار، شۇنداقمۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ــ ياق، بىز ماقۇل بولمىدۇق، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇھاجىرلار ئۇلارنىڭ تاناۋىنى تارتىشقا تەمشەلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا چېقىلماسلىقا بۇيرۇق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مۇھاجىرلار توختاپ قالدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋاگەرلەرنى چاقىرىپ، دىيەتنىڭ مىقدارىنى يەنە ئاشۇردى ۋە:

ــ ئەمدى ماقۇل بولدۇڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ ماقۇل بولدۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، جامائەتكە سىلەرنىڭ دىيەت ئېلىشقا ماقۇل بولغانلىقىڭلارنى ئېلان قىلىمەن، ـ دېگەنىدى، ئۇلار قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆز قىلىپ:

ــ ماقۇل بولدۇڭلار، شۇنداقمۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۇلار:

ــ ھەئە، ماقۇل بولدۇق، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4534)

5316 - عَنْ هِلَالِ بْنِ سِرَاجِ بْنِ مُجاعَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ مُجاعَةَ أَنَهُ أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يطْلُبُ دِيَةَ أَخِيهِ قَتَلَتْهُ بَنو سَدُوسٍ مِنْ بَنِي ذُهْلٍ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ كُنْتُ جَاعِلًا لِمُشْرِكٍ دِيَةً جَعَلْتُ لِأَخِيكَ وَلَكِنْ سَأُعْطِيكَ مِنْهُ عُقْبى فَكَتَبَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمِائَةٍ مِنْ الْإِبِلِ مِنْ أَولِ خُمُسٍ يَخْرُجُ مِنْ مُشْرِكِي بَنِي ذُهْلٍ فَأَخَذَ طَائِفَةً مِنْهَا وَأَسْلَمَتْ بَنو ذُهْلٍ فَطَلَبَهَا بَعْدُ مُجاعَةُ إِلى أَبِي بَكْرٍ وَأَتَاهُ بِكِتَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَتَبَ لَهُ أَبو بَكْرٍ بِاثْنَيْ

[1] ئەلبانى (3801): سەھىھ ـ دېگەن.

عَشَرَ أَلْفَ صَاعٍ مِنْ صَدَقَةِ الْيَمَامَةِ أَرْبَعَةِ آلَافٍ بُرا وَأَرْبَعَةِ آلَافٍ شَعِيرًا وَأَرْبَعَةِ آلَافٍ تَمْرًا وَكَانَ فِي كِتَابِ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِمُجاعَةَ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ هَذَا كِتَابٌ مِنْ مُحَمدٍ النبِي لِمُجاعَةَ بْنِ مَرَارَةَ مِنْ بَنِي سُلْمَى إني أَعْطَيْتُهُ مِائَةً مِنْ الْإِبِلِ مِنْ أولِ خُمُسٍ يَخْرُجُ مِنْ مُشْرِكِي بَنِي ذُهْلٍ عُقْبَةً مِنْ أَخِيهِ.

5316 ـ ھىلال ئىبنى سىراج ئىبنى مۇججائە دادىسى ئارقىلىق بوۋىسى (مۇججائە)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مېنىڭ قېرىندىشىمنى بەنى زۇھل قەبىلىسىدىن بولغان سەدۇس ئەۋلادلىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى، قېرىندىشىمنىڭ دىيىتىنى تەلەپ قىلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن مۇشرىك پېتى ئۆلگەن كىشىگە دىيەت بېرىشكە بۇيرۇيدىغان بولسام ئىدىم، سېنىڭ قېرىندىشىڭغا بۇيرىغان بولاتتىم. لېكىن مەن سېنىڭ قېرىندىشىڭنىڭ دىيىتىنىڭ ئورنىغا كېيىنچە بىر نەرسە بېرەي» دېدى ۋە ماڭا:

«بۇ كىشىگە بەنى زۇھل قەبىلىسىنىڭ مۇشرىكلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئولجىنىڭ بەشتىن بىرىدىن 100 تۆياق تۆگە بېرىلسۇن» دەپ خەت يېزىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، مەن شۇ 100 تۆياق تۆگىنىڭ بىر قىسمىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. كۆپ ئۆتمەي، بەنى زۇھل قەبىلىسىمۇ مۇسۇلمان بولۇپ كەتتى. مەن قالغان تۆگىلەرنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەلەپ قىلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خېتىنى كۆرسەتتىم. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: "يەمامەنىڭ زاكىتىدىن تۆت مىڭ سا[1] بۇغداي، تۆت مىڭ سا ئارپا ۋە تۆت مىڭ سا خورما بولۇپ، جەمئىي ئون ئىككى مىڭ سا ئاشلىق بېرىلسۇن" دەپ خەت يېزىپ بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ماڭا يېزىپ بەرگەن خېتىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

[1] سائ ـ ئەينى زاماندىكى ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ بىر سا تەخمىنەن 2.170 كىلوگرامغا تەڭ.

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. بۇ، پەيغەمبەر مۇھەممەدنىڭ بەنى سۇلما قەبىلىسىلىك مۇجائە ئىبنى مۇررەگە يېزىپ بەرگەن خېتىدۇر. مەن بۇ كىشىگە قىرىندىشىنىڭ دىيىتى ئۈچۈن بەنى زۇھەل قەبىلىسىنىڭ مۇشرىكلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئولجىنىڭ بەشتىن بىرىدىن يۈز تۆگە بەردىم»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2990)

5317 - عن جَابِرٍ قَالَ كَتَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى كُل بَطْنٍ عُقُولَهُ وَلَا يَحِل لِمَوْلًى أَنْ يَتَوَلى مُسْلِمًا بِغَيْرِ إِذْنِهِ.

5317 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئايماقنىڭ تۆلىشىگە تېگىشلىك دىيەتنى يازدى. (يازغانلىرىنىڭ ئىچىدە) «ئازادگەردىنىڭ ئۆزىنى ئازاد قىلغان كىشىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا بىر مۇسۇلماننى ئۆزىنىڭ خوجايىنى قىلىۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس» (دېگەن جۈملىمۇ بار ئىدى)[2].

(نەسائى: 4829)

5318 - عن ابن شهاب قال: مضت السنةُ أن العاقلة لا تحمل من دية العمد شيئا إلا أن تشاءَ، وكذلك لا تحمل من جنى العبد شيئا، وإنما ذلك على الذي يصيبه من ماله؛ فإنه سِلْعَةٌ من السلَعِ، لقولِ رسول الله - صلى الله عليه وسلم - : «لا تحمل العاقلة عمدا، ولا صُلْحا، ولا اعترافا، ولا أرْشَ جناية، ولا قيمةَ عبدٍ، إلا أن تشاء».

5318 ـ ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: (ئىسلام جەمئىيىتىدە) سۈننەت بولۇپ كەلگەن ئىشلارنىڭ قاتارىدا مۇنۇ ئىشمۇ بار ئىدى: (قاتىلنىڭ) ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش سەۋەبىدىن ۋاجىب بولغان دىيەتنى خالىسا تۆلەپ بېرىدۇ، خالىمىسا، ئۇنىڭ ئۇ

[1] ئەلبانى (643): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4490): سەھىھ ـ دېگەن.

دىيەتنى تۆلەش مەجبۇرىيىتى يوق. شۇنداقلا، بىرىنىڭ قولى سادىر قىلغان جىنايەت ئۈچۈن، خوجايىنىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ دىيەت تۆلەش مەجبۇرىيىتى يوق. بۇنى قۇلنىڭ ئىگىسى ئۆز يېنىدىن تۆلىشى كېرەك. چۈنكى قۇل — خوجايىنىنىڭ ئىلكىدىكى ماللارنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش سەۋەبىدىن ۋاجىب بولغان؛ كېلىشىم تۈزۈش ياكى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق يۈكلەنگەن؛ بەدەننىڭ ھەر قانداق بىر ئەزاسىنى زەخىملەندۈرۈش سەۋەبىدىن تۆلەشكە تېگىشلىك بولغان ياكى قۇل سادىر قىلغان جىنايەت ئۈچۈن تۆلىنىدىغان دىيەتنى تۆلەش مەجبۇرىيىتى يوق».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5319 - عن أنس بن مالك قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «درهـم أعطيه في عقل أحب إلي من مائة في غيره».

5319 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دىيەت تۆلەش ئۈچۈن بەرگەن بىر تەڭگە، ماڭا نىسبەتەن باشقا ئىش ئۈچۈن بەرگەن يۈز تەڭگىدىن ياخشىراق»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

5320 - عن عَمْرُو بْنُ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللــهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي رَجُلٍ طَعَنَ رَجُلًا بِقَرْنٍ فِي رِجْلِهِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَقِدْنِي فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَعْجَلْ حَتى يَبْرَأَ جُرْحُكَ قَالَ فَأَبى الرجُلُ إلا أَنْ يَسْتَقِيدَ فَأَقَادَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْهُ قَالَ فَعَرِجَ الْمُسْتَقِيدُ وَبَرَأَ الْمُسْتَقَادُ مِنْهُ فَأَتى الْمُسْتَقِيدُ

---

[1] ھەيسەمى (10744): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇسسەمەد ئىبنى ئابدۇلئەئلا ئىسىملىك كىملىكى نامەلۇم بىرى بار، - دېگەن.

إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ يَا رَسُولَ اللهِ عَرِجْتُ وَبَرَأَ صَاحِبِي فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَمْ آمُرْكَ أَلا تَسْتَقِيدَ حَتى يَبْرَأَ جُرْحُكَ فَعَصَيْتَنِي فَأَبْعَدَكَ اللهُ وَبَطَلَ جُرْحُكَ ثُم أَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ الرجُلِ الذِي عَرِجَ مَنْ كَانَ بِهِ جُرْحٌ أَنْ لَا يَسْتَقِيدَ حَتى تَبْرَأَ جِرَاحَتُهُ فَإِذَا بَرِئَتْ جِرَاحَتُهُ اسْتَقَادَ.

5320 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ پۇتىغا مۈڭگۈز سانجىغاندى، ئۇ ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قىساسىمنى ئېلىپ بەرگىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـــ ئالدىرىما، ئاۋۋال يارائ ساقايسۇن، ـ دېدى. بىراق ئۇ ئادەم ئۇنىمىدى، شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەردى. كۆپ ئۆتمەي، قىساس ئېلىنغان كىشى ساقىيىپ، قىساسكار ئاقساپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. قىساسكار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئاقساپ قالدىم، ئەمما مېنى يارىلاندۇرغان ئادەمنىڭ پۇتى (قىساس ئېلىنغاندىن كېيىن) ساقىيىپ كەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـــ مەن ساڭا يارائ ساقايمىغۇچە قىساس ئالماي تۇرۇشنى ئېيتمىغانمىدىم؟! بىراق سەن سۆزۈمنى تىڭشىمىدىڭ، شۇڭا الله سېنى (ئۆز رەھمىتىدىن) يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. جاراھىتىڭنىڭ قىساسىمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى، ساڭا قايتا قىساس ئېلىپ بېرەلمەيمىز، ـ دېدى. شۇندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئالدىغا قىساس تەلەپ قىلىپ كەلگەن ھەرقانداق يارىدارنى يارىسى ساقىيىپ بولمىغۇچە قىساس تەلەپ قىلماسلىققا،

قىساس ئالماقچى بولسا، ئۆزىنىڭ يارىسى ساقايغاندىن كېيىن، ئاندىن قىساس ئېلىشنى تەلەپ قىلىشقا بۇيرىدى[1].

(ئەھمەد: 6994)

5321 - عن حنˈ بن اţعتمر، أƐم احتفروا بئرا باليمن، فسـقط فيهـا اǂسـد فأصبحوا ينظرون إليه فوقع رجل في البئر فتعلق برجل فتعلق اⱯخر بآخر حـƓ كـانوا أربعة، فسقطوا في البئر Ƥيعا، فجرحهم اǂسد، فتناوله رجل برƮه فقتله، فقـال النـاس للأول: أنت قتلت أصحابنا، وعليك ديتهم، فأŷ أصحابه، فكادوا يقتتلون، فقدم علـي على تلك اƩال فسألوه، فقال: سأقضي بينكم بقضاء فمن رضي منكم جاز عليه رضـاه ومن سخط فلا حق له حƓ يأتوا رسول الله صلى الله عليه وسلم، فيقضي بينكم، قالوا: نعم، قال: اƤعوا ƞن حضر البئر من الناس ربع دية، وثلث دية، ونصف دية، ودية تامة، «للأول ربع دية من أجل أنه هلك فوقه ثلاثة، وللثاƆ ثلث ديةǃ ǂنه هلك فوقه اثنـان، وللثالث نصف ديةǃ ǂنه هلك فوقه واحد، واƗخر الدية التامة، فإن رضيتم فهذا بيـنكم قضاء، وإن Ɓ ترضوا، فلا حق لكم حƓ تأتوا رسول الله صلى الله عليه وسلم فيقضـي بينكم، فأتوا رسول الله صلى الله عليه وسلم العام اţقبل، فقصوا عليه، فقال: «أنا أقضي بينكم إن شاء الله - وهو جالس في مقام إبراهيم صلى الله عليه وسلم - فقـام رجـل، فقال: إن عليا قضى بيننا، فقال: «كيف قضى بينكم علي Ý» فقصوا عليه، فقال: «هو ما قضى بينكم».

5321 ـ ھەنەش ئىبنى مۇئتەمىردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەمەندە كىشىلەر بىر قۇدۇق كولىغان بولۇپ، ئۇ قۇدۇققا بىر شىر چۈشۈپ كەتكەندى. كىشىلەر قۇدۇقنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ، شىرغا قاراپ تۇرغان پەيتتە، بىر ئادەم قۇدۇققا تېيىلىپ كېتىپ، يېنىدا تۇرغان بىرسىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋالدى. ئۇ ئادەم يەنە بىرسىنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى، ئۇمۇ يەنە بىرسىنىڭكىگە ئېسىلىپ، تۆت كىشى بىراقلا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى ـ دە، شىر ئۇلارنى تالاپ تىتما ـ تىتما

[1] ھەيسەمى (10764): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

قىلىشۋەتتى. ئاخىرى، يۈقىرىدا تۇرغان بىر كىشى شىرنى نەيزە بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. كىشىلەر تۇنجى بولۇپ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن كىشىنىڭ يېقىنلىرىغا:

ـ بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز ئۇنىڭ يۈزىدىن ئۆلدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ دىيىتىنى سىلەر تۆلەيسىلەر، ـ دېدى. لېكىن ئۇنىڭ يېقىنلىرى بۇ سۆزگە قارشى چىقتى. ئىككى ئارىدا غەۋغا كۆتۈرۈلۈپ، بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكىلى تاس قالدى. شۇ ئارىدا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئەلىدىن بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىپ قوياي، مېنىڭ بۇ ھۆكمىمگە رازى بولغانلار (دىيەتتىن) ھەققىنى شۇ بويىچە ئالىدۇ، رازى بولمىغانلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەرز قىلسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاراڭلاردا قايتا ھۆكۈم قىلىپ قويىدۇ، ـ دېدى. كۆپچىلىك بۇنىڭغا قوشۇلغاندىن كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

ـ قۇدۇقنى كولىغان كىشىلەردىن بىر (پۈتۈن) دىيەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى، يەنە بىر دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، يەنە بىر دىيەتنىڭ يېرىمىنى ۋە بىر دىيەتنى (پۈتۈن) ئېلىپ يىغىڭلار. ئاندىن قۇدۇققا بىرىنچى بولۇپ چۈشۈپ كەتكەن كىشىگە بىر دىيەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى بېرىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۈچ كىشى ھالاك بولدى. ئىككىنچى كىشىگە بىر دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىككى كىشى ھالاك بولدى. ئۈچىنچى كىشىگە بىر دىيەتنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر كىشى ھالاك بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا چۈشۈپ كەتكەن كىشىگە بىر دىيەتنى پۈتۈن بېرىڭلار. بۇنىڭغا رازى بولساڭلار، ئاراڭلاردا ئىجرا قىلىنىدۇ. رازى بولمىساڭلار، تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتا ھۆكۈم چىقارمىغۇچە، ھېچكىمنىڭ بىر نەرسە تەلەپ قىلىش ھەققى بولمايدۇ، ـ دېدى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى، ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولغان ۋەقەنى ئېيتىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرەمدا بولۇپ، ماقامى ئىبراھىمدا ئولتۇراتتى. ئۇلارغا:

— الله خالىسا، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھۆكۈم قىلىمەن، - دېدى. ئارىدىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

- ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم قىلغانىدى، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇ قانداق ھۆكۈم قىلغانىدى؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۆكمىنى دەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئەلىنىڭ ھۆكمى توغرا، - دېدى[①].

(بەززار: 1532)

[①] ھەيسەمى (10726): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئاخىرىدا: "ئەلىدىن پەقەت مۇشۇ سەنەد بىلەنلا رىۋايەت قىلىنغان" دېيىلگەن، - دېگەن.

## دىنىدىن يېنىشنىڭ ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تىللاشنىڭ جازاسى

5322 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ غَيرَ دِينَهُ فَاضْرِبُوا عُنُقَهُ وَمَعْنَى قَوْلِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيمَا نُرَى وَاللهُ أَعْلَمُ مَنْ غَيرَ دِينَهُ فَاضْرِبُوا عُنُقَهُ أَنهُ مَنْ خَرَجَ مِنْ الْإِسْلَامِ إِلَى غَيْرِهِ مِثْلُ الزنَادِقَةِ وَأَشْبَاهِهِمْ فَإِن أُولَئِكَ إِذَا ظُهِرَ عَلَيْهِمْ قُتِلُوا وَلَمْ يُسْتَتَابُوا لِأَنهُ لَا تُعْرَفُ تَوْبَتُهُمْ وَأَنهُمْ كَانُوا يُسِرونَ الْكُفْرَ وَيُعْلِنُونَ الْإِسْلَامَ فَلَا أَرَى أَنْ يُسْتَتَابَ هَؤُلَاءِ وَلَا يُقْبَلُ مِنْهُمْ قَوْلُهُمْ وَأَما مَنْ خَرَجَ مِنْ الْإِسْلَامِ إِلَى غَيْرِهِ وَأَظْهَرَ ذَلِكَ فَإِنهُ يُسْتَتَابُ فَإِنْ تَابَ وَإِلا قُتِلَ وَذَلِكَ لَوْ أَن قَوْمًا كَانُوا عَلَى ذَلِكَ رَأَيْتُ أَنْ يُدْعَوْا إِلَى الْإِسْلَامِ وَيُسْتَتَابُوا فَإِنْ تَابُوا قُبِلَ ذَلِكَ مِنْهُمْ وَإِنْ لَمْ يَتُوبُوا قُتِلُوا وَلَمْ يَعْنِ بِذَلِكَ فِيمَا نُرَى وَاللهُ أَعْلَمُ مَنْ خَرَجَ مِنْ الْيَهُودِيةِ إِلَى النصْرَانِيةِ وَلَا مِنْ النصْرَانِيةِ إِلَى الْيَهُودِيةِ وَلَا مَنْ يُغَيرُ دِينَهُ مِنْ أَهْلِ الْأَدْيَانِ كُلهَا إِلا الْإِسْلَامَ فَمَنْ خَرَجَ مِنْ الْإِسْلَامِ إِلَى غَيْرِهِ وَأَظْهَرَ ذَلِكَ فَذَلِكَ الذِي عُنِيَ بِهِ وَاللهُ أَعْلَمُ.

5322 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى دىنىنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇنىڭ بوينىنى چېپىڭلار» دېگەن.

ئىمام مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ قارىشىمىزچە (ھەقىقەتنى الله بىلىدۇ)، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسى: «ئىسلام دىنىنى تاشلاپ، باشقا دىنغا چىقىپ كەتكەن زىندىق[1]، مۇناپىقلارغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى چېپىڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق كىشىلەرنىڭ

[1] زىندىق ـ ئەسلىدە دىنغا ئىشەنمەيدىغان، لېكىن يالغاندىن دىنغا ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان گۇرۇھ.

تەۋبە قىلىشنى كۈتمەيلا ئۆلتۈرۈش كېرەك. چۈنكى بۇلارنىڭ راست ياكى يالغاندىن تەۋبە قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇلار قەلبىدە كۇپرىنى ساقلاپ، ئېغىزىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، (مېنىڭ قارىشىمچە) ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن: "تەۋبە قىل!" دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. "تەۋبە قىلدىم" دېسىمۇ، سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما ئىسلام دىنىنى تاشلاپ، باشقا بىر دىنغا كىرگەن ۋە ئۇ دىنغا كىرگەنلىكىنى باشقىلارغا ئېلان قىلغان كىشىنى ئاۋۋال تەۋبە قىلىشقا چاقىرىش، تەۋبە قىلغىلى ئۇنىمىغاندا، ئاندىن ئۆلتۈرۈش كېرەك. يەنى ئۇلارنى ئاۋۋال ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە تەۋبە قىلىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. ئەگەر تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلغىلى ۋە ئىسلام دىنىغا قايتقىلى ئۇنىمىسا، ئاندىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزىدىن: «يەھۇدىي دىنىدىكىلەر خرىستىئان بولسا ياكى خرىستىئان دىنىدىكىلەر يەھۇدىي بولسا ۋەياكى ھەرقانداق بىر دىن ئىگىسى دىنىنى ئۆزگەرتسە، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى چېپىڭلار» دېگەننى مەقسەت قىلغان ئەمەس. بۇ يەردىكى دىندىن پەقەت ئىسلام دىنى مەقسەت قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىسنىڭ مەنىسى: «ئىسلام دىنىدىن چىقىپ، باشقا بىر دىنغا كىرگەن ۋە ئۆزىنىڭ شۇ قىلمىشىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلان قىلغان كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى چېپىڭلار» دېگەن بولىدۇ. بۇ مېنىڭ چۈشەنچەم، الله تائالا توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

(مالىك: 1444)

5323 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ مُحَمدِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَبْدٍ الْقَارِيِ عَنْ أَبِيهِ أنهُ قَالَ قَدِمَ عَلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَجُلٌ مِنْ قِبَلِ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِيِ فَسَأَلَهُ عَنْ الناسِ فَأَخْبَرَهُ ثُم قَالَ لَهُ عُمَرُ هَلْ كَانَ فِيكُمْ مِنْ مُغَرِبَةِ خَبَرٍ فَقَالَ نَعَمْ رَجُلٌ كَفَرَ بَعْدَ إِسْلَامِهِ قَالَ فَمَا فَعَلْتُمْ بِهِ قَالَ قَربْنَاهُ فَضَرَبْنَا عُنُقَهُ فَقَالَ عُمَرُ أَفَلَا حَبَسْتُمُوهُ ثَلَاثًا وَأَطْعَمْتُمُوهُ كُلَ يَوْمٍ رَغِيفًا وَاسْتَتَبْتُمُوهُ لَعَلهُ يَتُوبُ وَيُرَاجِعُ أَمْرَ اللهِ ثُم قَالَ عُمَرُ اللهُم إِني لَمْ أَحْضُرْ وَلَمْ آمُرْ وَلَمْ أَرْضَ إِذْ بَلَغَنِي.

5323 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلقارى دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن ئۇلار تەرەپتىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ باشقىچىرەك ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى:

ــ ھەئە، بولدى. بىر كىشى ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىدىن يېنىپ كاپىر بولدى، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇنى قانداق قىلدىڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ بىز ئۇنى ئېلىپ كېلىپ كاللىسىنى ئالدۇق، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ سىلەر ئۇنى ئۈچ كۈن سولاپ قويۇپ، كۈنىگە بىر نان بېرىپ، تەۋبە قىلىشقا ئۈندىسەڭلار بولماسمىدى؟ تەۋبە قىلىپ، اللهنىڭ دىنىغا قايتىپ قالسا، ئەجەپ ئەمەستىغۇ؟ ـ دېدى. ئاندىن:

ـ ئى الله! مەن بۇ ئىشقا قاتناشمىدىم، بۇيرۇقمۇ قىلمىدىم، ماڭا خەۋىرى يەتكەندىمۇ بۇ ئىشنى قوللىمىدىم، ـ دېدى.

(مالىك: 1445)

5324 - عَنْ عِكْرِمَةَ قَالَ أُتِيَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ بِزَنَادِقَةٍ فَأَحْرَقَهُمْ فَبَلَغَ ذَلِكَ ابْنَ عَباسٍ فَقَالَ لَوْ كُنتُ أَنا لَمْ أُحْرِقْهُمْ لِنَهْيِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تُعَذِّبوا بِعَذَابِ اللهِ وَلَقَتَلْتُهُمْ لِقَوْلِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ بَدلَ دِينَهُ فَاقْتُلُوهُ.

5324 ـ ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا دىندىن قايتقان زىندىقلار كەلتۈرۈلگەنىدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ مەن بولغان بولسام، ئۇلارنى كۆيدۈرمەيتتىم، چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەر اللهنىڭ ئازابى بىلەن (يەنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئازابلاش ئۇسۇلى بىلەن) باشقىلارنى ئازابلىماڭلار» دەپ، بۇنداق قىلىشتىن چەكلىگەن. شۇڭا مەن ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى دىنىنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن ھەدىسىگە ئاساسەن ئۆلتۈرەتتىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6922)

5325 - عَنْ حَارِثَةَ بْنِ مُضَرِبٍ أَنَّهُ أَتَى عَبْدَ اللهِ فَقَالَ مَا بَيْنِي وَبَيْنَ أَحَدٍ مِنَ الْعَرَبِ حِنَةٌ وَإِنِي مَرَرْتُ بِمَسْجِدٍ لِبَنِي حَنِيفَةَ فَإِذَا هُمْ يُؤْمِنُونَ بِمُسَيْلِمَةَ فَأَرْسَلَ إِلَيْهِمْ عَبْدَ اللهِ فَجِيءَ بِهِمْ فَاسْتَتَابَهُمْ غَيْرَ ابْنِ النواحَةِ قَالَ لَهُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَوْلَا أَنكَ رَسُولٌ لَضَرَبْتُ عُنُقَكَ فَأَنتَ الْيَوْمَ لَسْتَ بِرَسُولٍ فَأَمَرَ قَرَظَةَ بْنَ كَعْبٍ فَضَرَبَ عُنُقَهُ فِي السوقِ ثُم قَالَ مَنْ أَرَادَ أَنْ يَنظُرَ إِلَى ابْنِ النواحَةِ قَتِيلًا بِالسوقِ.

5325 ـ ھارىسە ئىبنى مۇزەررىبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ مېنىڭ ئەرەبلەردىن ھېچبىرى بىلەن دۈشمەنلىكىم يوق ئىدى. بەنى ھەنىفە قەبىلىسىنىڭ مەسچىتىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، قارىسام، ئۇلار مۇسەيلىمەنى "پەيغەمبەر" دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن، ـ دېدىم. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، تەۋبە قىلىپ ئىسلام دىنىغا قايتىشقا دەۋەت قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئېچىدىكى ئىبنى نەۋۋاھە دېگەن كىشىنى تەۋبىگە دەۋەت قىلماستىنلا:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (ساڭا): «سەن ئەلچى بولمىغان بولساڭ، كاللاڭنى ئالغان بولاتتىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. سەن بۈگۈن ئەلچى ئەمەس، ـ دېدى ۋە قەرەزە ئىبنى كەئبنى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرىدى. قەرەزە بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى، ئاندىن:

ــ ئىبنى نەۋۋاھەنىڭ جەسىتىنى كۆرۈشنى خالايدىغانلار بولسا، ئۇنىڭ جەسىتى بازاردا. ـ دەپ جاكارلىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2762)

5326 - عَنْ ابْنِ مُعَيْزٍ السَّعْدِي قَالَ خَرَجْتُ أُسْفِرُ فَرَسًا لِي مِنْ السَّحَرِ فَمَرَرْتُ عَلَى مَسْجِدٍ مِنْ مَسَاجِدِ بَنِي حَنِيفَةَ فَسَمِعْتُهُمْ يَشْهَدُونَ أَن مُسَيْلَمَةَ رَسُولُ اللهِ فَرَجَعْتُ إِلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ فَأَخْبَرْتُهُ فَبَعَثَ إِلَيْهِمْ الشُّرَطَ فَأَخَذُوهُمْ فَجِيءَ بِهِمْ إِلَيْهِ فَتَابَ الْقَوْمُ وَرَجَعُوا عَنْ قَوْلِهِمْ فَخَلَى سَبِيلَهُمْ وَقَدَمَ رَجُلًا مِنْهُمْ يُقَالُ لَهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ نُوَاحَةَ فَضَرَبَ عُنُقَهُ فَقَالُوا لَهُ تَرَكْتَ الْقَوْمَ وَقَتَلْتَ هَذَا فَقَالَ إِنِي كُنْتُ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسًا إِذْ دَخَلَ هَذَا وَرَجُلٌ وَافِدَيْنِ مِنْ عِنْدِ مُسَيْلَمَةَ فَقَالَ لَهُمَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتَشْهَدَانِ أَني رَسُولُ اللهِ فَقَالَا لَهُ تَشْهَدُ أَنتَ أَن مُسَيْلَمَةَ رَسُولُ اللهِ فَقَالَ آمَنْتُ بِاللهِ وَرُسُلِهِ لَوْ كُنْتُ قَاتِلًا وَفْدًا لَقَتَلْتُكُمَا فَلِذَلِكَ قَتَلْتُهُ وَأَمَرَ بِمَسْجِدِهِمْ فَهُدِمَ.

5326 ـ ئىبنى مۇئەيىز سەئدى مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ئەتىگىنى ئېتىمنى چاپتۇرۇپ مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن سىرتقا چىققىنىم ۋە بەنى ھەنىفە قەبىلىسىنىڭ مەسچىتلىرىدىن بىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ: ”مۇسەيلىمە ﷲنىڭ پەيغەمبىرىدۇر“ دەپ شاھادەت ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم ۋە دەرھال ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، كۆرگەنلىرىمنى مەلۇم قىلدىم. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئامانلىق خادىملىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ كەلدى، ئۇلار تەۋبە قىلىپ: ”مۇسەيلىمە ﷲنىڭ پەيغەمبىرى“ دېگەن سۆزلىرىدىن ياندى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى قويۇۋەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى نەۋۋاھە ئىسىملىك بىرىنى سۆرەپ چىقىپ، كاللىسىنى ئالدى. ئەتراپىدىكىلەر:

ـ باشقىلارنى قويۇپ بېرىپ، بۇنى ئۆلتۈرگىنىڭ نېمىسى؟ ـ دەپ سوراشتى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

[①] ئەلبانى (2400): سەھىھ ـ دېگەن.

— بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. تۇساتتىن بۇ ئادەم يەنە بىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا مۇسەيلىمەنىڭ ئەلچىسى بولۇپ كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىسىگە: «سىلەر مېنىڭ ﷲنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسىلەر؟» دېگەنىدى، بۇلار: "سەن مۇسەيلىمەنىڭ ﷲنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ﷲقا ۋە ﷲ ئەۋەتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرىمەن. ئەلچىگە ئۆلۈم بولغان بولسا، سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم» دېدى. مەن بۇنى ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلتۈردۈم، - دېدى ۋە بۇيرۇق بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەسچىتىنى ئۆرۈپ تاشلىۋەتتى.

(دارىمى: 2503)

5327 - عَنْ قَتَادَةَ أن أَنسًا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ حَدثَهُمْ أن نَاسًا مِنْ عُكْلٍ وَعُرَيْنَةَ قَدِمُوا الْمَدِينَةَ عَلَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَتَكَلمُوا بِالْإِسْلَامِ فَقَالُوا يَا نَبِي اللهِ إنا كُنا أَهْلَ ضَرْعٍ وَلَمْ نَكُنْ أَهْلَ رِيفٍ وَاسْتَوْخَمُوا الْمَدِينَةَ فَأَمَرَ لَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِذَوْدٍ وَرَاعٍ وَأَمَرَهُمْ أَنْ يَخْرُجُوا فِيهِ فَيَشْرَبُوا مِنْ أَلْبَانِهَا وَأَبْوَالِهَا فَانْطَلَقُوا حَتى إذَا كَانُوا نَاحِيَةَ الْحَرةِ كَفَرُوا بَعْدَ إِسْلَامِهِمْ وَقَتَلُوا رَاعِيَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَاسْتَاقُوا الذوْدَ فَبَلَغَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَبَعَثَ الطلَبَ فِي آثَارِهِمْ فَأَمَرَ بِهِمْ فَسَمَرُوا أَعْيُنَهُمْ وَقَطَعُوا أَيْدِيَهُمْ وَتُرِكُوا فِي نَاحِيَةِ الْحَرةِ حَتى مَاتُوا عَلَى حَالِهِمْ قَالَ قَتَادَةُ بَلَغَنَا أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ ذَلِكَ كَانَ يَحُث عَلَى الصدَقَةِ وَيَنْهَى عَنْ الْمُثْلَةِ.

5327 - قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: ئۇكل ۋە ئۇرەينە قەبىلىسىدىن بىر قانچە كىشى مەدىنىگە كېلىپ، ئىمان ئېيتتى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدى. (كۆپ ئۆتمەي) ئۇلار:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بىز (يۇرتىمىزدا) دېھقانچىلىق قىلماي، چارۋىچىلىق قىلاتتۇق، - دېيىشتى ۋە مەدىنىنىڭ ھاۋاسى بىلەن كېلىشەلمىگەنلىكلىرىنى ئېيتىپ شىكايەت قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قانچە تۆگە بىلەن بىر پادىچى ئاجرىتىپ، ئۇلارنى پادىچى

بىلەن بىرگە چىقىپ، بۇ تۆگىلەرنىڭ سۈتى ۋە سۈيدۈكىدىن ئىچىشكە بۇيرىدى. ئۇلار ھەررە دېگەن جايىنىڭ بىر تەرىپىگە كەلگەندە، ئىسلامدىن يېنىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پادىچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە تۆگىلەرنى ھەيدەپ ئېلىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كەلدى ۋە ساھابىلەرگە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قويۇپ، پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلاشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار ھەررە دېگەن جاينىڭ بىر تەرىپىگە ئېلىپ بېرىلىپ تاكى ئۆلگۈچە (شۇ پېتى) تاشلاپ قويۇلدى.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بىزگە يېتىشىچە، بۇ ۋەقەدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە قىلىشقا ئۈندەيتتى، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ پۇت ـ قوللىرى ۋە ئېغىز ـ بۇرۇنلىرى قاتارلىق ئورگانلىرىنى كېسىپ، جەسەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن چەكلەيتتى.

(بۇخارى: 4192)

5328 - ومن رواياته: قَالَ قَتَادَةُ فَحَدَثَنِي مُحَمَّدُ بْنُ سِيرِينَ أَن ذَلِكَ كَانَ قَبْلَ أَنْ تَنزِلَ الْحُدُودُ.

5328 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە قەتادە مۇنداق دېگەن: مۇھەممەد ئىبنى سىرىننىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ ۋەقە جىنايەتلەرنىڭ جازا ئۆلچىمى نازىل قىلىنىشتىن بۇرۇن بولغان ئىكەن.

(بۇخارى: 5686)

5329 - وفي رواية: فَقَطَعَ أَيْدِيَهُمْ وَأَرْجُلَهُمْ وَسَمَرَ أَعْيُنَهُمْ وَتَرَكَهُمْ بِالْحَرةِ يَعَضونَ الْحِجَارَةَ.

5329 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ۋە پۇتلىرىنى كەستى، كۆزلىرىنى قويۇۋەتتى ۋە ئۇلارنى ھەررە دېگەن يەرگە شۇ پېتى تاشلاپ قويدى، ئۇلار (ئۇسسۇزلۇقتىن) تاشنى يالىشىپ كەتتى.

(بۇخارى: 1501)

5330 - ومنها: قَالَ سَلامٌ فَبَلَغَنِي أَن الْحَجاجَ قَالَ لِأَنسٍ حَدثْنِي بِأَشَد عُقُوبَةٍ عَاقَبَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَحَدثَهُ بِهَذَا فَبَلَغَ الْحَسَنَ فَقَالَ وَدِدْتُ أَنهُ لَمْ يُحَدثْهُ بِهَذَا.

5330 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە سەللام مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشىچە، ھەججاج (ئىبنى يۇسۇف) ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ سەن ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىجرا قىلغان ئەڭ قاتتىق جازا توغرۇلۇق ھەدىس سۆزلەپ بەرگىن! ــ دېگەندى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا يۇقىرىقى ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى. بۇ قىسسە ھەسەن بەسرىگە يەتكەندى، ئۇ:

ــ كاشكى ئەنەس بۇ ۋەقەنى ھەججاجغا دەپ بەرمىگەن بولسىچۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5658)

5331 - عَنْ أَنسٍ قَالَ إِنمَا سَمَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْيُنَ أُولَئِكَ لِأَنهُمْ سَمَلُوا أَعْيُنَ الرعَاءِ.

5331 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قويۇۋېتىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارمۇ پادىچىنىڭ كۆزلىرىنى قويۇۋەتكەندى.

(مۇسلىم: 1671)

5332 - ومنها: قَالَ أَبو قِلَابَةَ فَهَؤُلَاءِ سَرَقُوا وَقَتَلُوا وَكَفَرُوا بَعْدَ إِيمَانِهِمْ وَحَارَبُوا اللهَ وَرَسُولَهُ.

5332 ـ ئەبۇ قەلابە مۇنداق دەيدۇ: بۇلار ئوغرىلىق قىلدى، ئادەم ئۆلتۈردى، ئىمان ئېيتىپ بولۇپ، كاپىرلىققا قايتتى. الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

(بۇخارى: 233)

5333 - ومنها: فَأَمَرَ بِمَسَامِيرَ فَأُحْمِيَتْ فَكَحَلَهُمْ وَقَطَعَ أَيْدِيَهُمْ وَأَرْجُلَهُمْ وَمَا حَسَمَهُمْ.

5333 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇيرۇق قىلىپ، بىر قانچە تال مىخنى قىزىتتى، شۇ مىخلار بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە سۈرمە تارتتى[1]، ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ، داغلىماي تاشلاپ قويدى.

(بۇخارى: 6804)

5334 - عَنْ أَبِي الزِّنَادِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لما قَطَعَ الذِينَ سَرَقُوا لِقَاحَهُ وَسَمَلَ أَعْيُنَهُمْ بِالنارِ عَاتَبَهُ اللهُ تَعَالَى فِي ذَلِكَ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى إِنمَا جَزَاءُ الذِينَ يُحَارِبُونَ اللهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الْأَرْضِ فَسَادًا أَنْ يُقَتلُوا أَوْ يُصَلبُوا الْآيَةَ.

5334 ـ ئەبۇ زىناد مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىغىن تۆگىسىنى ئوغرىلىغان ئوغرىلارنىڭ قوللىرىنى كېسىپ، كۆزلىرىنى ئوت بىلەن كور قىلغاندىن كېيىن، الله تائالا بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىگە كايىپ: ﴿الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4370)

[1] يەنى كۆزلىرىنى كور قىلىش ئۈچۈن، قىزىق مىخ خۇددى سۈرمە تارتقاندەك كۆز قاپاقلىرى ئۈستىدىن سۈرۈلدى.

[2] سۈرە مائىدە، 33 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (938): زەئىپ، ـ دېگەن.

5335 - عَنْ بَهْزِ بْنِ حَكِيمٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَقْبَلُ اللهُ مِنْ مُشْرِكٍ أَشْرَكَ بَعْدَ مَا أَسْلَمَ عَمَلًا حَتى يُفَارِقَ الْمُشْرِكِينَ إِلَى الْمُسْلِمِينَ.

5335 ـ بەھز ئىبنى ھەكىم دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«اللە تائالا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، مۇشرىكلىككە قايتقان ئادەمنىڭ ھېچبىر ئەمىلىنى تاكى ئۇ مۇشرىكلارنى تاشلاپ مۇسۇلمانلارغا قېتىلمىغۇچە قوبۇل قىلمايدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 2536)

5336 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن يَهُودِيةً كَانَتْ تَشْتُمُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَتَقَعُ فِيهِ فَخَنَقَهَا رَجُلٌ حَتى مَاتَتْ فَأَبطَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَمَهَا.

5335 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر يەھۇدىي ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تىللايتتى ۋە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلاتتى. بىر كۈنى، ئۇ خوتۇننى بىر كىشى بوغۇپ ئۆلتۈرىۋەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ خوتۇننىڭ خۇن ھەققىنى بىكار قىلىۋەتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4362)

5337 - عن ابْن عَباسٍ أَن أَعْمَى كَانَتْ لَهُ أُم وَلَدٍ تَشْتُمُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَتَقَعُ فِيهِ فَيَنْهَاهَا فَلَا تَنْتَهِي وَيَزْجُرُهَا فَلَا تَنْزَجِرُ قَالَ فَلما كَانَتْ ذَاتَ لَيْلَةٍ جَعَلَتْ تَقَعُ فِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَتَشْتُمُهُ فَأَخَذَ الْمِغْوَلَ فَوَضَعَهُ فِي بَطْنِهَا وَاتكَأَ عَلَيْهَا فَقَتَلَهَا فَوَقَعَ بَيْنَ رِجْلَيْهَا طِفْلٌ فَلَطخَتْ مَا هُنَاكَ بِالدمِ فَلما أَصْبَحَ ذُكِرَ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللهِ

[1] ئەلبانى (2055): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (937): زەئىپ، ـ دېگەن.

صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَمَعَ الناسَ فَقَالَ أَنْشُدُ اللهَ رَجُلًا فَعَلَ مَا فَعَلَ لِي عَلَيْهِ حَق إِلا قَامَ فَقَامَ الْأَعْمَى يَتَخَطى الناسَ وَهُوَ يَتَزَلْزَلُ حَتى قَعَدَ بَيْنَ يَدَيْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَنَا صَاحِبُهَا كَانَتْ تَشْتُمُكَ وَتَقَعُ فِيكَ فَأَنْهَاهَا فَلَا تَنْتَهِي وَأَزْجُرُهَا فَلَا تَنْزَجِرُ وَلِي مِنْهَا ابْنَانِ مِثْلُ اللؤْلُؤَتَيْنِ وَكَانَتْ بِي رَفِيقَةً فَلَما كَانَ الْبَارِحَةَ جَعَلَتْ تَشْتُمُكَ وَتَقَعُ فِيكَ فَأَخَذْتُ الْمِغْوَلَ فَوَضَعْتُهُ فِي بَطْنِهَا وَاتكَأْتُ عَلَيْهَا حَتى قَتَلْتُهَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا اشْهَدُوا أَن دَمَهَا هَدَرٌ.

5337 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كور ئادەمنىڭ بىر دىدىكى بار بولۇپ، ئۇ دىدەك پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تىللايتتى ۋە ناھايىتى بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلاتتى. خوجايىنى ئۇنى توسسىمۇ توختىمايتتى، كايىسىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشىمايتتى. بىر كېچىسى، ئۇ دىدەك يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلىپ، تىللاشقا باشلىغانىدى. خوجايىنى بىر خەنجەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا تىقتى، ئارقىسىدىن ئۆزىنى ئۇ دىدەكنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ خوتۇننىڭ قورسىقىدىكى بالا يەرگە چۈشتى. قان ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بۇلغىۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن ئەتىسى سەھەردە خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتنى توپلاپ:

ـ ﷲنىڭ نامى بىلەن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ ئىشنى قىلغان ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار بولغان بۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرسۇن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن كور ئادەم تىترىگەن پېتى ئورنىدىن تۇردى ۋە كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى مەن ئۆلتۈردۈم. ئۇ خوتۇن سىنى تىللايتتى ۋە سىنىڭ ھەققىڭدە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلاتتى. مەن ئۇنى توسسامۇ توختىمايتتى، كايىسامۇ سۆزۈمنى تىڭشىمايتتى. لېكىن ئۇ ماڭا بەكمۇ كۆيۈنەتتى، ئۇنىڭدىن گۆھەردەك ئىككى ئوغلۇممۇ بار. تۈنۈگۈن

ئاخشام، ئۇ سېنى يەنە تىللاپ، بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلغىلى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن، خەنجەرنى ئېلىپ، قورسىقىغا تىقتىم ۋە ئۆزەمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتتىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى خالايىق! گۇۋاھ بولۇپ قويۇڭلاركى، بۇ خوتۇننىڭ خۇنى بىكار قىلىندى، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4361)

5338 - عَنْ أَبِي بَرْزَةَ قَالَ كُنتُ عِنْدَ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَتَغَيَّظَ عَلَى رَجُلٍ فَاشْتَد عَلَيْهِ فَقُلْتُ تَأْذَنُ لِي يَا خَلِيفَةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَضْرِبُ عُنُقَهُ قَالَ فَأَذْهَبَتْ كَلِمَتِي غَضَبَهُ فَقَامَ فَدَخَلَ فَأَرْسَلَ إِلَي فَقَالَ مَا الذِي قُلْتَ آنِفًا قُلْتُ ائْذَنْ لِي أَضْرِبُ عُنُقَهُ قَالَ أَكُنتَ فَاعِلًا لَوْ أَمَرْتُكَ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ لَا وَاللهِ مَا كَانَتْ لِبَشَرٍ بَعْدَ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5338 ـ ئەبۇ بەرزە مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا تۇراتتىم. ئۇ، بىرىگە بەكمۇ ئاچچىغلاندى. شۇنىڭ بىلەن، مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! ماڭا رۇخسەت قىلساڭ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي، ـ دېدىم. بۇ سۆزۈم بىلەن ئاچچىغى بېسىلغاندەك بولدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. كېيىن، مېنى چاقىرتىپتۇ. يېنىغا كىرگىنىمدە:

ـ سەن بايا نېمە دېگەنىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ”رۇخسەت قىل، بېرىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي“ دېگەنىدىم، ـ دېدىم. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ رۇخسەت قىلغان بولسام، راست شۇنداق قىلامتىڭ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ھەئە، ـ دېسەم، ئۇ:

[①] ئەلبانى (3665): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ياق، ئۇنىداق قىلىشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بۇنداق ئىشقا بۇيرۇش (ياكى رۇخسەت بېرىش) ھەددى يوق، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4363)

[1] ئەلبانى (3666): سەھىھ ـ دېگەن.

## ھوْرنىڭ، قۇلنىڭ، مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ ۋە ساراڭنىڭ قىلغان زىناسىنىڭ جازاسى؛ شۈبھە بىلەن قىلىنغان زىنا بىلەن مەھرەم بىلەن قىلىنغان زىنانىڭ جازاسى

5339 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ قَالَ رَجَمَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرَجَمَ أُبو بَكْرٍ وَرَجَمْتُ وَلَوْلَا أَني أَكْرُه أَنْ أَزِيدَ فِي كِتَابِ اللِه لَكَتَبْتُهُ فِي الْمُصْحَفِ فَإِني قَدْ خَشِيتُ أَنْ تَجِيءَ أَقْوَامٌ فَلَا يَجِدُونَهُ فِي كِتَابِ اللِه فَيَكْفُرُونَ بِهِ.

5339 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (تويى قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغانلارنى) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەجىم قىلغان (يەنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرگەن)، ئەبۇ بەكرىمۇ رەجىم قىلغان، مەنمۇ رەجىم قىلدىم. ﷲنىڭ كىتاۋىغا (بىرەر نەرسىنى) قېتىپ قويۇشتىن قورقمىغان بولسام، رەجىم قىلىش مەسىلىسىنى يېزىپ قويغان بولاتتىم، چۈنكى مەن كېيىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قۇرئاندىن رەجىم ھەققىدىكى ھۆكۈمنى تاپالماي، رەجىمنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن[①].

(تىرمىزى: 1431)

5340 - عَنْ عَبْدِ اللِه بْنِ عَباسٍ أَنهُ قَالَ سَمِعْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ يَقُولُ الرجْمُ فِي كِتَابِ اللِه حَق عَلَى مَنْ زَنَى مِنْ الرجَالِ وَالنسَاءِ إِذَا أُحْصِنَ إِذَا قَامَتْ الْبَينَةُ أَوْ كَانَ الْحَبَلُ أَوْ الْاعْتِرَافُ.

5340 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

[①] ئەلبانى (1185): سەھىھ ـ دېگەن.

ئاڭلىغان ئىدىم: توي قىلغان ئەر ياكى توي قىلغان ئايال زىنا قىلسا، زىنا قىلغانلىقى گۇۋاھچى ياكى قورساق كۆتۈرۈش ۋەياكى ئۆزىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ئارقىلىق ئىسپاتلانسا، اللهنىڭ كىتاۋىدا ئۇلارنى رەجىم قىلىش ھەقتۇر[①].

(مالىك: 1558)

5341 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ ﴿وَاللاتِي يَأْتِينَ الْفَاحِشَةَ مِنْ نِسَائِكُمْ فَاسْتَشْهِدُوا عَلَيْهِن أَرْبَعَةً مِنْكُمْ فَإِنْ شَهِدُوا فَأَمْسِكُوهُن فِي الْبُيُوتِ حَتى يَتَوَفاهُن الْمَوْتُ أَوْ يَجْعَلَ اللهُ لَهُن سَبِيلًا﴾ وَذَكَرَ الرجُلَ بَعْدَ الْمَرْأَةِ ثُم جَمَعَهُمَا فَقَالَ ﴿وَاللذَانِ يَأْتِيَانِهَا مِنْكُمْ فَآذُوهُمَا فَإِنْ تَابَا وَأَصْلَحَا فَأَعْرِضُوا عَنْهُمَا﴾ فَنَسَخَ ذَلِكَ بِآيَةِ الْجَلْدِ فَقَالَ ﴿الزانِيَةُ وَالزانِي فَاجْلِدُوا كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا مِائَةَ جَلْدَةٍ﴾.

5341 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا: ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى (ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار؛ ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە (يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ، ئاياللارنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىسا) تاكى ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولغانغا ياكى الله ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇڭلار   دېگەن ئايەتتىن كېيىن، ئەر كىشىنىمۇ زىكرى قىلىپ:   ئاراڭلاردا ئىككى كىشى (يەنى ئەر بىلەن ئايال) پاھىشە قىلسا، ئۇلارنى ئەيىبلەڭلار، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلىپ تۈزەلسە،

---

[①] بۇ ھەدىس "سەھىھ بۇخارى" ۋە "سەھىھ مۇسلىم" قاتارلىق كىتابلاردىمۇ رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: "اللهنىڭ كىتاۋىدا رەجىم قىلىش ھەقتۇر" دېگەن سۆزىنى ئىككى خىل ئۇسۇلدا چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىرى، قۇرئاندا رەجىم قىلىش ھەققىدە ئايەت بار. بۇخارىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن، بۇ ئايەتنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ھۆكمى ئەمەلدىن قالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللهنىڭ كىتاۋىدا بار، ـ دېمەكچى. يەنە بىرى، پاھىشە قىلغان ئاياللار ھەققىدىكى ئايەتتە:   الله ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇڭلار   دېگەن ئايەت رەجىم مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ـ دېمەكچى. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ: «الله ئۇلارغا چىقىش يولى ئاتا قىلدى، توي قىلغانلارنى رەجىم قىلىش، توي قىلمىغانلارنى يۈز دەررە ئۇرۇش ۋە بىر يىل پالاش...» دېگەن بولۇپ، مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بۇ ھەدىسى ئارقىلىق بۇ ئايەتتىن رەجىم قىلىش ۋە يۈز دەررە ئۇرۇشنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى ئىزاھلاپ بەرگەن.

ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. كېيىن، بۇ ئايەتلەرنىڭ ھۆكمىنى: زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار [2] دېگەن ئايەت بىلەن ئەمەلدىن قالدۇردى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4413)

5342 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُذُوا عَني خُذُوا عَني قَدْ جَعَلَ اللهُ لَهُن سَبِيلًا الْبِكْرُ بِالْبِكْرِ جَلْدُ مِائَةٍ وَنَفْيُ سَنَةٍ وَالثيبُ بِالثيبِ جَلْدُ مِائَةٍ وَالرجْمُ.

5342 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەندىن ئۆگىنىۋېلىڭلار! مەندىن ئۆگىنىۋېلىڭلار! الله (پاھىشە قىلغان ئاياللارغا) چىقىش يولى ئاتا قىلدى. ئۆيلەنمىگەن ئەر بىلەن ياتلىق بولمىغان ئايال زىنا قىلسا، ئىككىلىسى يۈز دەررە ئۇرۇلۇپ، بىر يىل پالىنىدۇ. ئۆيلۈك ئەر بىلەن ياتلىق ئايال زىنا قىلسا، ھەر ئىككىلىسى يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ ۋە رەجم قىلىنىدۇ».

(مۇسلىم: 1690)

5343 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضَرَبَ وَغَربَ وَأَن أَبَا بَكْرٍ ضَرَبَ وَغَربَ وَأَن عُمَرَ ضَرَبَ وَغَربَ.

5343 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۆيلەنمىگەنلەرنىڭ ئىچىدىن زىنا قىلغانلارغا) دەررە ئۇرغان ۋە پالىغان، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللارھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ھەم شۇنداق قىلغان[4].

(تىرمىزى: 1438)

---

[1] سۈرە نىسا، 15 ـ ۋە 16 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە نۇر، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئەلبانى (3711): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

[4] ئەلبانى (1164): سەھىھ ـ دېگەن.

5344 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أَن رَجُلًا مِنْ أَسْلَمَ يُقَالُ لَهُ مَاعِزُ بْنُ مَالِكٍ أَتى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِني أَصَبْتُ فَاحِشَةً فَأَقِمْهُ عَلَي فَرَدَّهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِرَارًا قَالَ ثُم سَأَلَ قَوْمَهُ فَقَالُوا مَا نَعْلَمُ بِهِ بَأْسًا إِلا أَنهُ أَصَابَ شَيْئًا يَرَى أَنهُ لَا يُخْرِجُهُ مِنْهُ إِلا أَنْ يُقَامَ فِيهِ الْحَد قَالَ فَرَجَعَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَمَرَنَا أَنْ نَرْجُمَهُ قَالَ فَانْطَلَقْنَا بِهِ إِلَى بَقِيعِ الْغَرْقَدِ قَالَ فَمَا أَوْثَقْنَاهُ وَلَا حَفَرْنَا لَهُ قَالَ فَرَمَيْنَاهُ بِالْعَظْمِ وَالْمَدَرِ وَالْخَزَفِ قَالَ فَاشْتَد وَاشْتَدَدْنَا خَلْفَهُ حَتى أَتى عُرْضَ الْحَرةِ فَانْتَصَبَ لَنَا فَرَمَيْنَاهُ بِجَلَامِيدِ الْحَرةِ يَعْنِي الْحِجَارَةَ حَتى سَكَتَ قَالَ ثُم قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَطِيبًا مِنْ الْعَشِي فَقَالَ أَوَ كُلمَا انْطَلَقْنَا غُزَاةً فِي سَبِيلِ اللهِ تَخَلفَ رَجُلٌ فِي عِيَالِنَا لَهُ نَبِيبٌ كَنَبِيبِ التيْسِ عَلَي أَنْ لَا أُوتَى بِرَجُلٍ فَعَلَ ذَلِكَ إِلا نَكلْتُ بِهِ قَالَ فَمَا اسْتَغْفَرَ لَهُ وَلَا سَبهُ.

5344 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەسلەم قەبىلىسىدىن مائىز ئىبنى مالىك ئىسىملىك بىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ مەن زىنا قىلدىم، ماڭا زىنانىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلغىن! ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بىر قانچە قېتىم قايتۇرۇۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئۇ ئادەمنى سورۇشتۇردى. ئۇلار:

ــ ئۇ (ئەسلىدە) ناچار ئادەم ئەمەس ئىدى، بىراق ئۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتمىغۇچە، بۇ گۇناھتىن پاك بولالمايمەن دەپ قارايدىكەن، ـ دېدى. ئۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا يەنە كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئۇنى رەجىم (چالما ـ كېسەك) قىلىشقا بۇيرىدى. بىز ئۇنى بەقىئۇلغەرقەد دېگەن جايغا ئېلىپ چىقتۇق، ئۇنى باغلاپمۇ قويمىدۇق، ئورىمۇ كولىمىدۇق ۋە شۇ يېتى تۇرغۇزۇپلا، سۆڭەك، چالما ـ كېسەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاتقىلى باشلىدۇق. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي قاچتى، بىزمۇ كەينىدىن يۈگۈردۇق. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ھەررە دېگەن جاينىڭ بىر تەرىپىدە توختاپ، بىزگە تىك تۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇنى ھەررەنىڭ چوڭ ـ چوڭ تاشلىرى بىلەن تاكى نەپسى توختىغىچە ئۇردۇق. شۇ كۈنى

كەچتە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەرگە سۆز قىلىپ:

«بىز ھەر قېتىم الله يولىدا غازاتقا ئاتلىنىپ چىققىپ كەتسەكلا، ئارتىلغىلى چىشى (ئۆچكە) ئىزدەپ يۈرگەن تېكىدەك تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان بىرسى سەپتىن ئايرىلىپ قېلىپ، بىزنىڭ خوتۇن - بالىلىرىمىزنى تىمىسقىلاپ يۈرەمدۇ؟! بۇنىدىن كېيىن شۇنداق قىلىدىغان بىرەرسىنى يولۇقتۇرۇپ قالسام، ئۇنى باشقىلارغا ئىبرەت بولغۇدەك جازالاش ھەققىدە ئۆز - ئۆزەمگە ۋەدە بېرىمەن» دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مائىزغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ دۇئامۇ قىلمىدى، ئۇنى ھەم تىللىمىدى.

(مۇسلىم: 1694)

5345 - وفي رواية: قَالَ ذَهَبُوا يَسْتَغْفِرُونَ لَهُ فَنَهَاهُمْ قَالَ هُوَ رَجُلٌ أَصَابَ ذَنْبًا حَسِيبُهُ اللهُ.

5345 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: ساھابىلەر مائىزغا اللهتىن مەغپىرەت تىلىگىلى تۇرغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى توسۇپ: «ئۇ بىر گۇناھكار، الله ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىشقا) كۇپايە» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4431)

5346 - عَنْ بُرَيْدَةَ: فلما كان الربعة أنه حَفَرَ لَهُ حُفْرَةً ثُم أَمَرَ بِهِ فَرُجِمَ، قَالَ فَجَاءَتْ الْغَامِدِيةُ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إني قَدْ زَنَيْتُ فَطَهِّرْنِي وَإِنهُ رَدهَا فَلَما كَانَ الْغَدُ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ لِمَ تَرُدنِي لَعَلكَ أَنْ تَرُدنِي كَمَا رَدَدْتَ مَاعِزًا فَوَاللهِ إني لَحُبْلَى قَالَ إِما لَا فَاذْهَبِي حَتى تَلِدِي فَلَما وَلَدَتْ أَتَتْهُ بِالصبِي فِي خِرْقَةٍ قَالَتْ هَذَا قَدْ وَلَدْتُهُ قَالَ اذْهَبِي فَأَرْضِعِيهِ حَتى تَفْطِمِيهِ فَلَما فَطَمَتْهُ أَتَتْهُ بِالصبِي فِي يَدِهِ كِسْرَةُ خُبْزٍ فَقَالَتْ هَذَا يَا نَبِي اللهِ قَدْ فَطَمْتُهُ وَقَدْ أَكَلَ الطعَامَ فَدَفَعَ الصبِي إِلَى رَجُلٍ مِنْ الْمُسْلِمِينَ ثُم أَمَرَ بِهَا فَحُفِرَ لَهَا إِلَى

[1] ئەلبانى (954): زەئىپ، ـ دېگەن.

صَدْرِهَا وَأَمَرَ الناسَ فَرَجَمُوهَا فُيقْبِلُ خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ بِحَجَرٍ فَرَمَى رَأْسَهَا فَتَنضحَ الدمُ عَلَى وَجْهِ خَالِدٍ فَسَبهَا فَسَمِعَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَبهُ إِيَاهَا فَقَالَ مَهْلاً يَا خَالِدُ فَوَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَقَدْ تَابَتْ تَوْبَةً لَوْ تَابَهَا صَاحِبُ مَكْسٍ لَغُفِرَ لَهُ ثُم أَمَرَ بِهَا فَصَلى عَلَيْهَا وَدُفِنَتْ.

5346 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تۆتىنچى كۈنى يەنە كەلگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مائىز ئۈچۈن ئورا كولاپ، ئاندىن رەجىم قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، غامىد قەبىلىسىلىك بىر ئايال كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن زىنا قىلدىم، مېنى بۇ گۇناھتىن پاكلاپ قويساڭ! ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنىڭ گېپىنى تىڭشىماي قايتۇرۇۋەتتى. ئەتىسى، ئۇ ئايال يەنە كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى نېمە ئۈچۈن قايتۇرۇۋېتىسەن؟ قارىغاندا، مېنى خۇددى مائىزنى (ئۇنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئالماي) قايتۇرۇۋەتكەندەك قايتۇرۇۋېتىدىغاندەك قىلىسەن. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن (زىنادىن) هامىلدار، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قايتىپ كېتىشكە ئۇنىمىساڭ، بالاڭنى تۇغۇپ بولغۇچە بولسىمۇ كېتىپ تۇرغىن! ـ دېدى. ئۇ ئايال تۇغقاندىن كېيىن، بالىسىنى يۆگەپ ئېلىپ كەلدى ۋە:

ـ بالا مانا، مەن تۇغۇپ بولدۇم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بالىنى سۈتتىن ئايرىلغۇچە ئېمىتكىن! ـ دېدى. بالا سۈتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يەنە كەلدى. بالىنىڭ قولىدا بىر پارچە نان تۇراتتى.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بالىنى سۈتتىن ئايرىدىم، تاماق يېيەلىگۇدەك بولدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بالىسىنى مۇسۇلمانلاردىن بىرسىگە بېرىپ، ئۇ ئايالنىڭ كۆكسىگە كەلگۈدەك ئورا كولاشقا بۇيرىدى. ئورا كولانغاندىن كېيىن كىشىلەرنى ئۇ ئايالنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرىدى، كىشىلەر ئۇنى چالما-كېسەك

قىلدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تال تاش ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئاتقانىدى، بېشىدىن چىققان قان خالىدنىڭ يۈزىگە چاچراپ چىقتى. خالىد ئۇ ئايالنى ھاقارەتلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ:

ــ ئەي خالىد، توختا! نەپسىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايال شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، بۇنىڭ تۆۋبىسىنى كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان باجگىر قىلغان بولسىمۇ، گۇناھى مەغپىرەت قىلىناتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى، ئاندىن ئايالنىڭ جەسىدى دەپنە قىلىندى.

(مۇسلىم: 1695)

5347 - وفي رواية: فَكَانَ الناسُ فِيهِ فِرْقَتَيْنِ قَائِلٌ يَقُولُ لَقَدْ هَلَكَ لَقَدْ أَحَاطَتْ بِهِ خَطِيئَتُهُ وَقَائِلٌ يَقُولُ مَا تَوْبَةٌ أَفْضَلَ مِنْ تَوْبَةِ مَاعِزٍ أَنَّهُ جَاءَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَضَعَ يَدَهُ فِي يَدِهِ ثُم قَالَ اقْتُلْنِي بِالْحِجَارَةِ قَالَ فَلَبِثُوا بِذَلِكَ يَوْمَيْنِ أَوْ ثَلَاثَةً ثُم جَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُمْ جُلُوسٌ فَسَلمَ ثُم جَلَسَ فَقَالَ اسْتَغْفِرُوا لِمَاعِزِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ فَقَالُوا غَفَرَ اللهُ لِمَاعِزِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلم لَقَدْ تَابَ تَوْبَةً لَوْ قُسِمَتْ بَيْنَ أُمةٍ لَوَسِعَتْهُمْ قَالَ ثُم جَاءَتْهُ امْرَأَةٌ مِنْ غَامِدٍ مِنْ الْأَزْدِ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ طَهرْنِي، بنحوه وفيه: فَقَالَ لَهَا حَتى تَضَعِي مَا فِي بَطْنِكِ قَالَ فَكَفَلَهَا رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ حَتى وَضَعَتْ قَالَ فَأَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ قَدْ وَضَعَتْ الْغَامِدِيةُ فَقَالَ إِذًا لَا نَرْجُمُهَا وَنَدَعُ وَلَدَهَا صَغِيرًا لَيْسَ لَهُ مَنْ يُرْضِعُهُ فَقَامَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ فَقَالَ إِلَي رَضَاعُهُ يَا نَبِي اللهِ قَالَ فَرَجَمَهَا.

5347 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: جامائەت مائىز (نىڭ ئاقىۋىتى) ھەققىدە ئىككىگە بۆلۈندى. بىر قىسمى:

ــ مائىز ھالاك بولۇپ كەتتى، ئۇنى گۇناھلىرى بېسىپ كەتتى، ـ دېسە؛ يەنە بىر قىسمى:

— مائىزنىڭ تۆۋبىسىدىن ئەۋزەل تۆۋبە يوق، چۈنكى ئۇ قولىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىغا قويۇپ تۇرۇپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگىن!“ دېيەلىگەن تۇرسا؟! — دەيتتى. ئۇلار ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە مۇشۇنداق تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئۆتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار ئولتۇرغان يەرگە كېلىپ سالام قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن:

ـ مائىز ئىبنى مالىكقا اللهتىن مەغپىرەت تىلەڭلار! ـ دېدى. ئۇلار:

— الله مائىز ئىبنى مالىكنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغاي ـ ئامىن! ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مائىز شۇنداق بىر تۆۋبە قىلدىكى، ئۇنىڭ قىلغان تۆۋبىسى بىر ئۈممەتكە تەقسىم قىلىنسا، شۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشقا يېتەتتى، ـ دېدى. كېيىن، ئەزد قەبىلىسىنىڭ غامىد ئايمىقىدىن بىر ئايال كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى گۇناھىمدىن پاكلاپ قويغىن! — دېدى... (داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش) كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

— ئاۋۋال بالىنى تۇغقىن (ئاندىن چارە كۆرەرمىز)! — دېدى. ئەنسارلاردىن بىرسى ئۇ ئايالنىڭ تۇرمۇشىدىن تۇغۇتقىچە خەۋەر ئالدى. تۇغۇتتىن كېيىن، ئۇ كېلىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر يەتكۈزدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— شۇنداقتىمۇ، ئۇنى رەجىم قىلمايمىز، چۈنكى بالىسىنى ئېمىتىدىغان ئادەم يوق. ئۇنى رەجىم قىلىپ، كىچىك بالىنى ئىگە ـ چاقىسىز تاشلاپ قويساق بولمايدۇ، ـ دېدى. ئەنسارىلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ بالىسىنى مەن باقاي، ـ دېگەندىن كېيىن، ئايال رەجىم قىلىندى.

(مۇسلىم: 1695)

5348 - عن أبي هُرَيْرَةَ قَالَ جَاءَ الْأَسْلَمِي نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَشَهِدَ عَلَى نَفْسِهِ أَنهُ أَصَابَ امْرَأَةً حَرَامًا أَرْبَعَ مَراتٍ كُل ذَلِكَ يُعْرِضُ عَنْهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَقْبَلَ فِي الْخَامِسَةِ فَقَالَ أَنِكْتَهَا قَالَ نَعَمْ قَالَ حَتى غَابَ ذَلِكَ مِنْكَ فِي ذَلِكَ مِنْهَا قَالَ نَعَمْ قَالَ كَمَا يَغِيبُ الْمِرْوَدُ فِي الْمُكْحُلَةِ وَالرشَاءُ فِي الْبِئْرِ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَهَلْ تَدْرِي مَا الزنَا قَالَ نَعَمْ أَتَيْتُ مِنْهَا حَرَامًا مَا يَأْتِي الرجُلُ مِنْ امْرَأَتِهِ حَلَالًا قَالَ فَمَا تُرِيدُ بِهَذَا الْقَوْلِ قَالَ أُرِيدُ أَنْ تُطَهرَنِي فَأَمَرَ بِهِ فَرُجِمَ فَسَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلَيْنِ مِنْ أَصْحَابِهِ يَقُولُ أَحَدُهُمَا لِصَاحِبِهِ انْظُرْ إِلَى هَذَا الذِي سَتَرَ اللهُ عَلَيْهِ فَلَمْ تَدَعْهُ نَفْسُهُ حَتى رُجِمَ رَجْمَ الْكَلْبِ فَسَكَتَ عَنْهُمَا ثُم سَارَ سَاعَةً حَتى مَر بِجِيفَةِ حِمَارٍ شَائِلٍ بِرِجْلِهِ فَقَالَ أَيْنَ فُلَانٌ وَفُلَانٌ فَقَالَا نَحْنُ ذَانِ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ انْزِلَا فَكُلَا مِنْ جِيفَةِ هَذَا الْحِمَارِ فَقَالَا يَا نَبِي اللهِ مَنْ يَأْكُلُ مِنْ هَذَا قَالَ فَمَا نِلْتُمَا مِنْ عِرْضِ أَخِيكُمَا آنِفًا أَشَد مِنْ أَكْلٍ مِنْهُ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنهُ الْآنَ لَفِي أَنْهَارِ الْجَنةِ يَنْقَمِسُ فِيهَا.

5348 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەسلەم قەبىلىسىلىك (مائىز دېگەن) بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى تۆت قېتىم تەكرارلىدى. ھەر قېتىمدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئېلىپ قېچىپ، باشقا ياققا قارىۋالدى. بەشىنچى قېتىم تەكرارلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئالدىنى قىلىپ:

ــ سەن راستىنلا ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سېنىڭكى ئۇنىڭكىنىڭ ئىچىگە كىردىمۇ؟ ـ دېدى. ئۇ:

ــ ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ خۇددى پەلكۈچ سۈرمىدانغا كىرگەندەك، تانا قۇدۇققا چۈشكەندەكمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ ھەئە، شۇنداق بولدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن زىنانىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ بىلىمەن، ئەر كىشى ھالاللاپ ئالغان ئايالىنى قانداق قىلسا، مەنمۇ (ماڭا ھارام بولغان) ئۇ ئايالنى ئەينەن شۇنداق قىلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇلارنى سۆزلەشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ مېنى بۇ گۇناھتىن پاكلاپ قويغىن! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇيرۇق قىلدى، ئۇ ئادەم چالما ـ كېسەك قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىسىنىڭ يەنە بىرىگە:

ـ بۇنىڭغا قارا! اللە گۇناھىنى ياپسا، كۆڭلى بۇنىڭغا قانماي (ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ)، ئاخىرى ئىتتەك چالما ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلدى، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى، لېكىن ئۇلارغا گەپ قىلماي، يولنى داۋاملاشتۇردى. بىرمۇددەت ماڭغاندىن كېيىن، قورسىقى كۆپۈپ، پۇتى ئاسمانغا كۆتىرىلىپ قالغان بىر ئېشەكنىڭ ئۆلۈكىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى ـ دە:

ـ پالانى بىلەن پۇستانى قېنى؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئىككىسى:

ـ مانا بىز، ئى رەسۇلۇللاھ! ــ دەپ يۈگۈرۈپ كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـ ئىككىڭلار چۈشۈپ بۇ تاپنى يەڭلار! ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى كىممۇ يېسۇن؟! ــ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ باياتىن قېرىندىشىڭلارنىڭ يۈز ـ ئابرويىغا تىل تەگكۈزگىنىڭلار بۇ تاپتىن يېگىنىڭلاردىنمۇ بەتتەر گۇناھتۇر. مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ (چالما ـ كېسەك قىلىنغان ئادەم) ھازىر جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىدە ئۈزۈۋاتىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4428)

[1] ئەلبانى (952): زەئىپ، ـ دېگەن.

5349 - عن يَزِيدُ بْنُ نُعَيْمِ بْنِ هَزالٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كَانَ مَاعِزُ بْنُ مَالِكٍ يَتِيمًا فِي حِجْرِ أَبِي فَأَصَابَ جَارِيَةً مِنْ الْحَي فَقَالَ لَهُ أَبِي ائْتِ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبِرْهُ بِمَا صَنَعْتَ لَعَلهُ يَسْتَغْفِرُ لَكَ وَإِنمَا يُرِيدُ بِذَلِكَ رَجَاءَ أَنْ يَكُونَ لَهُ مَخْرَجًا فَأَتَاهُ فَخَرَجَ يَشْتَد فَلَقِيَهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ أُنَيْسٍ وَقَدْ عَجَزَ أَصْحَابُهُ فَنَزَعَ لَهُ بِوَظِيفِ بَعِيرٍ فَرَمَاهُ بِهِ فَقَتَلَهُ ثُم أَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ هَلا تَرَكْتُمُوهُ لَعَلهُ أَنْ يَتُوبَ فَيَتُوبَ اللهُ عَلَيْهِ.

5349 ـ يەزىد ئىبنى نۇئەيم ئىبنى ھەززال دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مائىز ئىبنى مالىك دادام (ھەززال)نىڭ ھىمايىسىدىكى بىر يېتىم بالا بولۇپ، ئۇ، مەھەللىدىكى بىر دېدەك قىزغا چېقىلىپ قويدى. دادام ئۇنىڭغا:

ــ بولغان ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزگىن، ئۇ ساڭا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلسا، ئەجەپ ئەمەس، ـ دېدى. دادام ئۇنىڭغا بىر چىقىش يولى تېپىلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە شۇنداق دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن زىنا قىلدىم، اللهنىڭ كىتابى بويىچە ماڭا جازا ئىجرا قىلغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇ سۆزىنى ئىككى ۋە ئۈچىنچى قېتىم ئەينەن تەكرارلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ھەر قېتىمدا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. تۆتىنچى قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن بۇ سۆزنى تۆت قېتىم ئېيتتىڭ، كىم بىلەن زىنا قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ پالانى ئايال بىلەن.

ــ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتتىڭمۇ؟

ــ ھەئە.

ــ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدۈڭمۇ؟

ــ ھەئە.

پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ئۇنىڭــدىن ئەھــۋالىنى تەپسىلىي سورىغاندىن كېيىن، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، جامائەت ئۇنى سايلىقتا ئېلىپ چىقىپ، چالما ـ كېسەك قىلىشقا باشلىدى. ئۇ تاشلارنىڭ زەربىسىدىن ئاغرىققا چىدىماي قاچتى. باشقىلار ئۇنى قوغلاپ يېتىشەلمىدى. ئاخىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ ئۇنىڭغا يېتىشـۋېلىپ، تۆگىنىـڭ ئاياق سـۆڭىكى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتـۈرۈۋەتتى. ئاندىن كېلىـپ بولغـان ۋەقەنى پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمگە ســۆزلەپ بەرگەنــدى، پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ كاشـكى قويـۇپ بەرگەن بولسـاڭلارچۇ! ئـۇ تـەۋبە قىلغـان بولسـا، بەلكىم الله تەۋبىسىنى قوبۇل قىلاتتى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4419)

5350 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِمَاعِزِ بْنِ مَالِكٍ أَحَق مَا بَلَغَنِي عَنْكَ قَالَ وَمَا بَلَغَكَ عَني قَالَ بَلَغَنِي أَنكَ وَقَعْتَ بِجَارِيَةِ آلِ فُلَانٍ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَشَهِدَ أَرْبَعَ شَهَادَاتٍ ثُم أَمَرَ بِهِ فَرُجِمَ.

5350 ـ ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنهۇمــادىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مائىز ئىبنى مالىكقا:

ـ سېنىڭ ھەققىڭدە بەزى گەپلەرنى ئاڭلىدىم، بۇ توغرىمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، مائىز:

ــ مېنىڭ ھەققىمدە قانداق گەپ ئاڭلىدىڭ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ پالانى ئائىلىنىڭ دېدىكىگە چېقىلغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. مائىز:

[1] ئەلبانى (3716): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ تـوغرا. ـ دېـدى ۋە ئۆزىـنىــڭ زىـنـا قـىلـغـانلـىقـىنى ئـىقـرار قـىلـدى. (پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسســالام ئــۇنى قــايتۇرۇۋەتتى، لـېكـىن ئـۇ چـىــڭ تۇرۇۋېلىپ) تۆتىنچى قېتىم ئىقرار قىلغانـدىن كېيىن، ئاندىن ئـۇنى رەجم قىلىشقا بۇيرىدى ۋە ئارىدىن ئۆزۈن ئۆتمەي رەجم قىلىندى.

(مۇسلىم: 1693)

5351 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ فَأَمَرَ بِهِ فَرُجِمَ بِالْمُصَلى فَلَما أَذْلَقَتْهُ الْحِجَـارَةُ فَر فَأُدْرِكَ فَرُجِمَ حَتى مَاتَ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْرًا وَلَمْ يُصَل عَلَيْهِ.

5351 ـ جـابىر ئىبنـى ئابـدۇللاھ رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى، پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئـۇنى رەجـم قىلىشقا بۇيرىدى، كىشىلەر بۇيرۇقنى نامازگاھتا ئىجرا قىلدى. ئۇ، تاشنىڭ زەربىسىدىن قاچتى. كىشىلەر كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئـۇنى تاكى ئۆلگىچە چالما ـ كېسەك قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئۇنىــڭ ھەققىــدە ياخشــى گەپ قىلــدى، ئەمــا نــامىزىنى چۈشۈرمىدى[1].

(تىرمىزى: 1429)

5352 - وفي رواية: قَالَ يَا ابْنَ أَخِي أَنا أَعْلَمُ الناسِ بِهَذَا الْحَدِيثِ كُنْـتُ فِـيمَنْ رَجَمَ الرجُلَ إنا لَما خَرَجْنَا بِهِ فَرَجَمْنَاهُ فَوَجَدَ مَس الْحِجَارَةِ صَرَخَ بِنَا يَا قَوْمُ رُدونِي إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِن قَوْمِي قَتَلُونِي وَغَرونِي مِنْ نَفْسِـي وَأَخْبَرُونِـي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَيْرُ قَاتِلِي فَلَمْ نَنْزِعْ عَنْهُ حَتى قَتَلْنَاهُ فَلَما رَجَعْنَـا إِلَـى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَخْبَرْنَاهُ قَالَ فَهَلا تَرَكْتُمُوهُ وَجِئْتُمُونِي بِـهِ لِيَسْـتَثْبِتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْهُ فَأَما لِتَرْكِ حَد فَلَا.

5352 ـ يەنە بىـر رىـۋايەتتە جـابىر ئىبنـى ئابـدۇللاھنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكـى نەقىــل قىلىنغــان: ئەي قېرىنداشـىم! مەن بـۇ ھەدىسـنى باشقىلاردىن ئوبدانراق بىلىـمەن. چـۈنكى مەن ئـۇنى چالمـا ـ كېسـەك

[1] ئەلبانى (1155): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرىمەن. بىز ئۇنى ئېلىپ چىقىپ، چالما ـ كېسەك قىلىشقا باشلىۋىدۇق، ئۇ تاشنىڭ زەربىسىگە پايلىماي، بىزگە:

ــ ئەي جامائەت! مېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتۇرۇڭلار، مېنى قەۋمىم ئۆلتۈردى، ئۇلار مېنى ئالداپتۇ. ئۇلار ماڭا: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنى ئۆلتۈرمەيدۇ“ دېگەنىدى، ـ دەپ توۋلىغىلى تۇردى. بىراق بىز ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە قەدەر توختىمىدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، بولغان ۋەقەنى دەپ بەرگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلگەن بولساڭلارچۇ! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق دېيىشى ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، بېرىلگەن جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى.

(ئەبۇ داۋۇد: 4420)

5353 - عَنْ جَابِرٍ أَن رَجُلًا زَنَى بِامْرَأَةٍ فَأَمَرَ بِهِ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجُلِـدَ الْحَد ثُم أُخْبِرَ أَنهُ مُحْصَنٌ فَأَمَرَ بِهِ فَرُجِمَ.

5353 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغان ئىكەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى دەررە ئۇرۇشقا بۇيرىدى. دەررە ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ توي قىلغان ئادەم ئىكەنلىكى بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىندى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4438)

5354 - عن خَالِدَ بْنَ اللجْلَاجِ أَن اللجْلَاجَ أَبَاهُ أَخْبَرَهُ أَنهُ كَانَ قَاعِدًا يَعْتَمِلُ فِـي السوقِ فَمَرتْ امْرَأَةٌ تَحْمِلُ صَبِيا فَثَارَ الناسُ مَعَهَا وَثُرْتُ فِيمَنْ ثَارَ فَانْتَهَيْتُ إِلَى النبِي صَلى

[①] ئەلبانى (956): زەئىپ، ـ دېگەن.

اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَقُولُ مَنْ أُبو هَذَا مَعَكِ فَسَكَتَتْ فَقَالَ شَاب حَذْوَهَا أَنا أُبوُهُ يَا رَسُولَ اللهِ فَأَقْبَلَ عَلَيْهَا فَقَالَ مَنْ أُبو هَذَا مَعَكِ قَالَ الْفَتى أَنا أُبوُهُ يَا رَسُولَ اللهِ فَنظَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى بَعْضِ مَنْ حَوْلَهُ يَسْأَلُهُمْ عَنْهُ فَقَالُوا مَا عَلِمْنا إِلا خَيْرًا فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحْصَنْتَ قَالَ نَعَمْ فَأَمَرَ بِهِ فَرُجِمَ قَالَ فَخَرَجْنَا بِهِ فَحَفَرْنَا لَهُ حَتى أَمْكَنا ثُم رَمَيْنَاهُ بِالْحِجَارَةِ حَتى هَدَأَ فَجَاءَ رَجُلٌ يَسْأَلُ عَنْ الْمَرْجُومِ فَانْطَلَقْنَا بِهِ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْنَا هَذَا جَاءَ يَسْأَلُ عَنْ الْخَبِيثِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَهُوَ أَطْيَبُ عِنْدَ اللهِ مِنْ رِيحِ الْمِسْكِ فَإِذَا هُوَ أُبوُهُ فَأَعَنَاهُ عَلَى غُسْلِهِ وَتَكْفِينِهِ وَدَفْنِهِ.

5354 ـ خالىد ئىبنى لەجلاج دادىسى لەجلاجنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بازاردا ئولتۇرۇپ ئىشلەۋاتاتتىم، بىر ئايال بىر بوۋاقنى كۆتۈرگەن پېتى بازاردىن ئۆتتى. خەلق ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى. مەنمۇ شۇلار بىلەن بىرگە ماڭدىم. مەن يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالدىن:

ــ بۇ بوۋاقنىڭ دادىسى كىم؟ ـ دەپ سورىغىلى تۇرغان ئىكەن. ئۇ ئايال جاۋاب بەرمىدى، ئايالنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان بىر يىگىت:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ دادىسى مەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالدىن يەنە:

ــ بۇ بوۋاقنىڭ دادىسى كىم؟ ـ دەپ سورىدى، ھېلىقى يىگىت يەنە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ دادىسى مەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدا تۇرغانلارغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىغانىدى، ئۇلار:

ــ بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، بۇ ياخشى ئادەم ئىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يىگىتتىن:

ــ سەن ئۆيلەنگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ ھەئە، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرىدى ۋە بۇيرۇقى ئىجرا قىلىندى.

راۋىي ئۇنىڭ چالما ـ كېسەك قىلىنىش جەريانىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇنى ئېلىپ چىقىپ، ئاۋۋال ئورا كولىدۇق. ئاندىن ئۇنى ئورىغا چۈشۈرۈپ، تاكى ئۆلگىچە تاش ئاتتۇق. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، بىر ئادەم ئۇنى سوراپ كەلدى، بىز ئۇ ئادەمنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردۇق:

ــ بۇ ئادەم ھېلىقى ئىجىسنى ئىزدەپ كەپتۇ، ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ (ئۇنى ئىجىس دېمەڭلار!) ئۇنىڭ خۇشھىدى اللهنىڭ دەرگاھىدا ئىپارنىڭ ھىدىدىنمۇ كۈچلۈكتۇر، ـ دېدى. ئەسلىدە ئۇ ئادەم شۇ يىگىتنىڭ دادىسى ئىكەن، بىز ئۇنىڭ بالىسىنى يۇيۇش، كېپەنلەش ۋە دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4435)

5355 ـ يۇقىرىقىنىڭ ئوخشىشى بايان قىلىنغان.

5356 - عن أبي هُرَيْرَةَ وَزَيْدَ بْنَ خَالِدٍ قَالَا كُنا عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَامَ رَجُلٌ فَقَالَ أَنْشُدُكَ اللهَ إِلا قَضَيْتَ بَيْنَنَا بِكِتَابِ اللهِ فَقَامَ خَصْمُهُ وَكَانَ أَفْقَهَ مِنْهُ فَقَالَ اقْضِ بَيْنَنَا بِكِتَابِ اللهِ وَأْذَنْ لِي قَالَ قُلْ قَالَ إِن ابْنِي كَانَ عَسِيفًا عَلَى هَذَا فَزَنَى بِامْرَأَتِهِ فَافْتَدَيْتُ مِنْهُ بِمِائَةِ شَاةٍ وَخَادِمٍ ثُم سَأَلْتُ رِجَالًا مِنْ أَهْلِ الْعِلْمِ فَأَخْبَرُونِي أَن عَلَى ابْنِي جَلْدَ مِائَةٍ وَتَغْرِيبَ عَامٍ وَعَلَى امْرَأَتِهِ الرجْمَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَأَقْضِيَن بَيْنَكُمَا بِكِتَابِ اللهِ جَل ذِكْرُهُ الْمِائَةُ شَاةٍ وَالْخَادِمُ رَد عَلَيْكَ وَعَلَى ابْنِكَ جَلْدُ مِائَةٍ وَتَغْرِيبُ عَامٍ وَاغْدُ يَا أُنَيسُ عَلَى امْرَأَةِ هَذَا فَإِنْ اعْتَرَفَتْ فَارْجُمْهَا فَغَدَا عَلَيْهَا فَاعْتَرَفَتْ فَرَجَمَهَا.

5356 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇراتتۇق. بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

---

[1] ئەلبانى (3728): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالايكى، بىزنىڭ ئارىمىزدا اللهنىڭ كىتاۋى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويغىن! ـ دېدى. ئۇنىڭدىن ئاڭلىقراق كەلگەن رەقىبى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ بىزنىڭ ئارىمىزدا اللهنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويغىن. ھۆكۈم قىلىشتىن ئاۋۋال رۇخسەت قىلساڭ، ئىككى ئېغىز سۆز قىلماقچىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن، ئۇ سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

ـ مېنىڭ ئوغلۇم بۇنىڭ يېنىدا ئىشلەيتتى، (ئوغلۇم) بۇنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەن بۇنىڭغا 100 تۇياق قوي بىلەن بىر خىزمەتچى بېرىپ، ئوغلۇمنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىم، كېيىن ئالىملاردىن سورىسام، ئۇلار:

ـــ ”ئوغلۇڭنى يۈز دەررە ئۇرۇپ، بىر يىل پالاش كېرەك. بۇنىڭ ئايالىنى بولسا، چالما ـ كېسەك قىلىش كېرەك“ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا اللهنىڭ كىتاۋى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، 100 تۇياق قوي بىلەن خىزمەتچى ساڭا قايتۇرۇلىشى كېرەك. سېنىڭ ئوغلۇڭنى يۈز دەررە ئۇرۇپ، بىر يىل پالاش كېرەك. ئەي ئۇنەيس! سەن بۇنىڭ ئايالىنىڭ يېنىغا بارغىن. ئۇ ئايال زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىل! ـ دېدى. ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىغانىدى، ئايال زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنەيس ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلدى.

(بۇخارى: 6828)

5357 - عن مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أن عُثْمانَ بْنَ عَفانَ أُتيَ بِامْرَأةٍ قَدْ وَلَدَتْ فِي سِتةِ أَشْهُرٍ فَأَمَرَ بِهَا أَنْ تُرْجَمَ فَقَالَ لَهُ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ لَيْسَ ذَلِكَ عَلَيْهَا إِن اللهَ تَبارَكَ وَتَعالَى يَقُولُ فِي كِتَابِهِ وَحَمْلُهُ وَفِصَالُهُ ثَلَاثُونَ شَهْرًا وَقَالَ وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَـادَهُن حَـوْلَيْنِ

كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِم الرضَاعَةَ   فَالْحَمْلُ يَكُونُ سِتةَ أَشْهُرٍ فَلَا رَجْمَ عَلَيْهَا فَبَعَثَ عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ فِي أَثَرِهَا فَوَجَدَهَا قَدْ رُجِمَتْ.

5357 ـ ئىمام مالىكقا يېتىشىچە، ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا قورساق كۆتۈرۈپ، ئالتە ئايدا تۇغقان بىر ئايال كەلتۈرۈلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى رەجىم قىلىشقا بۇيرىدى. ئەمما ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنى رەجىم قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى الله قۇرئاندا: ﴿ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر﴾[1] دەيدۇ، يەنە بىر ئايەتتە: ﴿ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم﴾[2] دەيدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن، قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ئالتە ئايمۇ بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئايالنى رەجىم قىلىشقا بولمايدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايالنىڭ كەينىدىن ئادەم ئەۋەتتى، لېكىن، ئەۋەتكەن ئادىمى بېرىپ بولغۇچە، ئۇ ئايال رەجىم قىلىنىپ بولغان ئىكەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

5358 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن رَجُلًا أَتَاهُ فَأَقَر عِنْدَهُ أَنهُ زَنَى بِامْرَأَةٍ سَماهَا لَهُ فَبَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْمَرْأَةِ فَسَأَلَهَا عَنْ ذَلِكَ فَأَنْكَرَتْ أَنْ تَكُونَ زَنَتْ فَجَلَدَهُ الْحَد وَتَرَكَهَا.

5358 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆزىنىڭ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە ئۇ ئايالنىڭ ئىسمىنىمۇ دەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ ئادەم بىلەن زىنا قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى

[1] سۈرە ئەھقاف، 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە، 233 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سورىغانىدى، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئادەمگە دەررە ئۇردى، لېكىن ئۇ ئايالغا چېقىلمىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4437)

5359 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ رَجُلًا مِنْ بَكْرِ بْنِ لَيْثٍ أَتَى النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَقَرَّ أَنَّهُ زَنَى بِامْرَأَةٍ أَرْبَعَ مَرَّاتٍ فَجَلَدَهُ مِائَةً وَكَانَ بِكْرًا ثُمَّ سَأَلَهُ الْبَيِّنَةَ عَلَى الْمَرْأَةِ فَقَالَتْ كَذَبَ وَاللَّهِ يَا رَسُولَ اللَّهِ فَجَلَدَهُ حَدَّ الْفِرْيَةِ ثَمَانِينَ.

5359 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەكر ئىبنى لەيس قەبىلىسىلىك بىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى تۆت قېتىم ئېتىراپ قىلدى. ئۇ تېخى ئۆيلەنمىگەن بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا 100 دەررە ئۇردى. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئايالنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا ئىسپات تەلەپ قىلغانىدى، ئۇ ئايال:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ (ئادەم) يالغان ئېيتىپتۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇنى يەنە 80 دەررە ئۇردى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4467)

5360 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا زَنَتْ الْأَمَةُ فَتَبَيَّنَ زِنَاهَا فَلْيَجْلِدْهَا وَلَا يُثَرِّبْ ثُمَّ إِنْ زَنَتْ فَلْيَجْلِدْهَا وَلَا يُثَرِّبْ ثُمَّ إِنْ زَنَتْ الثَّالِثَةَ فَلْيَبِعْهَا وَلَوْ بِحَبْلٍ مِنْ شَعَرٍ.

5360 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[①] ئەلبانى (3749): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (965): مۇنكەر ـ دېگەن.

«دېدەك زىنا قىلسا ۋە زىنا قىلغانلىقى پاكىت بىلەن ئىسپاتلانسا، خوجايىنى ئۇنىڭغا دەررە ئۇرسۇن، ئەمما كايىمىسۇن. ئەگەر يەنە زىنا قىلسا، يەنە دەررە ئۇرسۇن، كايىمىسۇن. ئۈچىنچى قېتىم يەنە زىنا قىلسا، ئۇنداق دېدەكنى بىر تال قىل ئارغامچىغا بولسىمۇ سېتىۋەتسۇن».

(بۇخارى: 6839)

5361 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا زَنَتْ أَمَةُ أَحَدِكُمْ فَلْيَحُدهَا وَلَا يُعَيرْهَا ثَلَاثَ مِرَارٍ فَإِنْ عَادَتْ فِي الرابِعَةِ فَلْيَجْلِدْهَا وَلْيَبِعْهَا بِضَفِيرٍ أَوْ بِحَبْلٍ مِنْ شَعْرٍ.

5361 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمنىڭ دېدىكى زىنا قىلسا، ئۇنىڭغا زىنانىڭ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن جازاسىنى ئىجرا قىلسۇن، ئەمما ئۇنى ئەيىبلىمىسۇن. قايتا - قايتا ئۈچ قېتىم زىنا قىلسا، ھەر قېتىمدا ئۇنى ئەيىبلىمەستىن، زىنانىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلسۇن. تۆتىنچى قېتىم يەنە زىنا قىلسا، ئۇنى دەررە ئۇرۇپ، بىر تال قىل ئارغامچىغا بولسىمۇ تېگىشىۋەتسۇن».[1]

( ئەبۇ داۋۇد: 4470)

5362 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنهُ سَمِعَهُ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا زَنَتْ أَمَةُ أَحَدِكُمْ فَتَبينَ زِنَاهَا فَلْيَجْلِدْهَا الْحَد وَلَا يُثَرب عَلَيْهَا ثُم إِنْ زَنَتْ فَلْيَجْلِدْهَا الْحَد وَلَا يُثَرِبْ عَلَيْهَا ثُم إِنْ زَنَتْ فَتَبينَ زِنَاهَا فَلْيَبِعْهَا وَلَوْ بِحَبْلٍ مِنْ شَعْرٍ.

5362 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (3752): سەھىھ ـ دېگەن.

«كىمنىڭ دېدىكى زىنا قىلسا ۋە ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقى پاكىت بىلەن ئىسپاتلانسا، خوجايىنى ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىپ، يۈز دەررە ئۇرسۇن، ئەمما كايىمىسۇن. ئەگەر يەنە زىنا قىلسا، يەنە دەررە ئۇرسۇن، كايىمىسۇن. ئۈچىنچى قېتىم يەنە زىنا قىلسا ۋە زىنا قىلغانلىقى پاكىت بىلەن ئىسپاتلانسا، ئۇنداق دېدەكنى بىر تال قىل ئارغامچىغا بولسىمۇ تېگىشىۋەتسۇن».

(ئەھمەد: 10033)

5363 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ فَجَرَتْ جَارِيَةٌ لِآلِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا عَلِي انْطَلِقْ فَأَقِمْ عَلَيْهَا الْحَد فَانْطَلَقْتُ فَإِذَا بِهَا دَمٌ يَسِيلُ لَمْ يَنْقَطِعْ فَأَتَيْتُهُ فَقَالَ يَا عَلِي أَفَرَغْتَ قُلْتُ أَتَيْتُهَا وَدَمُهَا يَسِيلُ فَقَالَ دَعْهَا حَتى يَنْقَطِعَ دَمُهَا ثُم أَقِمْ عَلَيْهَا الْحَد وَأَقِيمُوا الْحُدُودَ عَلَى مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ.

5363 - ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىگە تەۋە بىر دېدەك زىنا قىلغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەي ئەلى! سەن بېرىپ، ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىپ كەل! ـــ دېدى. مەن بارسام، ئۇ دېدەكنىڭ نىفاس قېنى تېخى توختىمىغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، قايتىپ كەلسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىجرا قىلىپ بولدۇڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئۇ تېخى نىفاستىن ساقايماپتۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇنداقتا، نىفاستىن ساقايغۇچە ساقلىغىن ۋە ساقايغاندىن كېيىن، جازانى ئىجرا قىلغىن! قۇللىرىڭلار جىنايەت ئۆتكۈزسە، ئۇلارنىڭ جازاسىنى سىلەر ئىجرا قىلىڭلار! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4473)

[1] ئەلبانى (3755): سەھىھ ـ دېگەن.

5364 - وفي رواية: قَالَ لَا تَضْرِبْهَا حَتى تَضَعَ.

5364 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇ ئايال تۇغۇپ بولغۇچە ئۇرمىغىن!» دېگەن.

(ئەبۇ داۋۇد: 4473)

5365 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَياشِ بْنِ أَبِي رَبِيعَةَ الْمَخْزُومِي قَالَ أَمَرَنِي عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فِي فِتْيَةٍ مِنْ قُرَيْشٍ فَجَلَدْنَا وَلَائِدَ مِنْ وَلَائِدِ الْإِمَارَةِ خَمْسِينَ خَمْسِينَ فِي الزنَا.

5365 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەييياش ئىبنى ئەبۇ رەبىئە مەخزۇمى مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى قۇرەيش قەبىلىسىلىك بىر توپ ياشلار بىلەن بىرگە خەلىپىلىككە ئائىت دېدەكلەردىن زىنا قىلغانلارغا (زىنانىڭ) جازاسىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرىدى، بىز ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە 50 تىن دەررە ئۇردۇق.

(مالىك: 1566)

5366 - أبو هريرة - رضي الله عنه - قال: «قَضى رسولُ الله - صلى الله عليه وسلم - : أن على العبد نِصفَ حَد الحُر، في الحد الذي يَتبعضُ، كحد البِكْرِ، والقَذفِ، وشربِ الخمر».

5366 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۆيلەنمىگەنلەرگە بېرىلىدىغان زىنانىڭ، تۆھمەتنىڭ ۋە ھاراق ئىچىشنىڭ جازاسى قاتارلىق بۆلگىلى بولىدىغان جازالاردا قۇلغا (ھۆرگە بېرىلىدىغان) جازانىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5367 - عن صَفِيةَ بِنْتَ أَبِي عُبَيْدٍ أن عَبْدًا مِنْ رَقِيقِ الْإِمَارَةِ وَقَعَ عَلَى وَلِيدَةٍ مِنْ الْخُمُسِ فَاسْتَكْرَهَهَا حَتى اقْتَضهَا فَجَلَدَهُ عُمَرُ الْحَد وَنَفَاهُ وَلَمْ يَجْلِدْ الْوَلِيدَةَ مِنْ أَجْلِ أَنهُ اسْتَكْرَهَهَا.

5367 ـ سەفىيە بىنتى ئەبۇ ئۇبەيد مۇنداق دەيدۇ: خەلىپىلىككە تەۋە قۇللاردىن بىرى (ئولجىدىن) دۆلەت خەزىنىسىگە ئايرىلغان

بەشتىن بىر قىسمى قاتارىدىكى كىچىك بىر دېدەكنى تۇتۇۋېلىپ، مەجبۇرىي باسقۇنچىلىق قىلىپ، قىزلىقىنى بۇزۇۋەتكەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىپ بولۇپ پالىۋەتتى. دېدەك مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى جازالىمىدى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

5368 - عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ وَائِلٍ الْكِنْدِيِّ عَنْ أَبِيهِ أَنَّ امْرَأَةً خَرَجَتْ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تُرِيدُ الصَّلَاةَ فَتَلَقَّاهَا رَجُلٌ فَتَجَلَّلَهَا فَقَضَى حَاجَتَهُ مِنْهَا فَصَاحَتْ فَانْطَلَقَ وَمَرَّ عَلَيْهَا رَجُلٌ فَقَالَتْ إِنَّ ذَاكَ الرَّجُلَ فَعَلَ بِي كَذَا وَكَذَا وَمَرَّتْ بِعِصَابَةٍ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ فَقَالَتْ إِنَّ ذَاكَ الرَّجُلَ فَعَلَ بِي كَذَا وَكَذَا فَانْطَلَقُوا فَأَخَذُوا الرَّجُلَ الَّذِي ظَنَّتْ أَنَّهُ وَقَعَ عَلَيْهَا وَأَتَوْهَا فَقَالَتْ نَعَمْ هُوَ هَذَا فَأَتَوْا بِهِ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَلَمَّا أَمَرَ بِهِ لِيُرْجَمَ قَامَ صَاحِبُهَا الَّذِي وَقَعَ عَلَيْهَا فَقَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ أَنَا صَاحِبُهَا فَقَالَ لَهَا اذْهَبِي فَقَدْ غَفَرَ اللَّهُ لَكِ وَقَالَ لِلرَّجُلِ قَوْلًا حَسَنًا وَقَالَ لِلرَّجُلِ الَّذِي وَقَعَ عَلَيْهَا ارْجُمُوهُ وَقَالَ لَقَدْ تَابَ تَوْبَةً لَوْ تَابَهَا أَهْلُ الْمَدِينَةِ لَقُبِلَ مِنْهُمْ.

5368 ـ ئەلقەمە ئىبنى ۋائىل كىندى دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە، بىر ئادەم مەسجىدكە (ناماز ئوقۇش ئۈچۈن) كېتىۋاتقان بىر ئايالنى تۇتۇۋېلىپ، باسقۇنچىلىق قىلدى. ئايال تۇۋلاشقا باشلىغانىدى، ئۇ ئادەم (ئىشىنى پۈتتۈرۈپ) قېچىپ كەتتى. ئايال ئالدىغا ئۇچرىغان بىر ئادەمگە:

ـ ئاۋۇ ئادەم ماڭا باسقۇنچىلىق قىلدى، ـ دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر توپ مۇھاجىر ئۇچرىغانىدى، ئۇلارغىمۇ:

ـ ئاۋۇ ئادەم ماڭا باسقۇنچىلىق قىلدى، ـ دېدى. ئۇلار يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇ ئايال گۇمانلانغان... 

ـ مۇشۇ شۇ، ـ دېگەندىن كېيىن، ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى رەجىم قىلىشقا ھۆكۈم قىلغاندا، (ئەسلىدە) ئۇ ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلغان كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىلغان (بۇ ئادەم ئەمەس) مەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالغا:

ـ سەن قايتىپ كەتكىن، الله سېنىڭ گۇناھىڭنى كەچۈرۈم قىلدى، ـ دېدى ۋە خاتا تۇتۇلغان ئادەمگىمۇ ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ، كۆڭلىنى ئالدى. ئاندىن باسقۇنچىلىق قىلغان ئادەمگە بۇرۇلۇپ:

ـ بۇنى چالما ـ كېسەك قىلىڭلار! ـ دەپ بۇيرىدى ۋە ئارقىدىنلا:

ـ بۇ ئادەم شۇنداق سەممىي تەۋبە قىلدىكى، بۇ تەۋبىنى پۈتۈن مەدىنە ئاھالىسى قىلغان بولسا، ھەممىسىدىن قوبۇل قىلىناتتى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1454)

5369 - عن عَبْدُ الْكَرِيمِ، قَالَ: نُبِئْتُ عَنْ عَلِي، وَابْنِ مَسْعُودٍ في البكر تستكره نفسها" إن للبكر مثل صداق إحدى نسائها، وللثيب مثل صداق مثلها".

5369 ـ ئابدۇلكەرىم مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ خەۋەر تېپىشىمچە، ئەلى ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغان قىز ھەققىدە مۇنداق دېگەن: باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغان (ئايال تېخى) قىز بولسا، ئۇنىڭغا ئادەتتە (توي قىلغاندا) شۇ ئائىلىنىڭ ئاياللىرىغا بېرىلىدىغان تويلۇقنىڭ ئۆزى؛ ئەگەر چوكان بولسا، چوكانغا بېرىلىدىغان تويلۇقنىڭ ئۆزى بېرىلىشى كېرەك[2].

(«ئەلكەبىر»: 9696)

5370 - عَنْ عَبْدِ الْكَرِيمِ، أن عَلِيا، وَابْنَ مَسْعُودٍ، قَالا فِي الْأَمَةِ تُسْتَكْرَهُ: "إِنْ كَانَتْ بِكْرًا فَعُشْرُ ثَمَنِهَا، وَإِنْ كَانَتْ ثَيِّبًا فَنِصْفُ عُشْرِ ثَمَنِهَا".

5370ـ ئابدۇلكەرىم يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئەلى ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغان دېدەك ھەققىدە مۇنداق

---

[1] ئەلبانى (1175): "رەھىم قىلىڭلار" دېگەن سۆزدىن باشقىسى ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (10627): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. سەنەدى ئۈزۈك بولۇپ، ئابدۇلكەرىمگىچە بولغان راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

دېگەن: ئەگەر (دېدەك تېخى) قىز بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قىممىتىنىڭ ئوندىن بىرىنى؛ چوكان بولسا، ئۆزىنىڭ قىممىتىنىڭ ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمىنى بېرىش كېرەك[1].

(«ئەلكەبىر»: 9697)

5371 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ أُتِيَ عُمَرُ بِمَجْنُونَةٍ قَدْ زَنَتْ فَاسْتَشَارَ فِيهَا أُنَاسًا فَأَمَرَ بِهَا عُمَرُ أَنْ تُرْجَمَ فَمُرَّ بِهَا عَلَى عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ رِضْوَانُ اللهِ عَلَيْهِ فَقَالَ مَا شَأْنُ هَذِهِ قَالُوا مَجْنُونَةُ بَنِي فُلَانٍ زَنَتْ فَأَمَرَ بِهَا عُمَرُ أَنْ تُرْجَمَ قَالَ فَقَالَ ارْجِعُوا بِهَا ثُمَّ أَتَاهُ فَقَالَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَمَا عَلِمْتَ أَنَّ الْقَلَمَ قَدْ رُفِعَ عَنْ ثَلَاثَةٍ عَنْ الْمَجْنُونِ حَتَّى يَبْرَأَ وَعَنْ النَّائِمِ حَتَّى يَسْتَيْقِظَ وَعَنْ الصَّبِيِّ حَتَّى يَعْقِلَ قَالَ بَلَى قَالَ فَمَا بَالُ هَذِهِ تُرْجَمُ قَالَ لَا شَيْءَ قَالَ فَأَرْسِلْهَا قَالَ فَأَرْسَلَهَا قَالَ فَجَعَلَ يُكَبِّرُ حَدَّثَنَا يُوسُفُ بْنُ مُوسَى حَدَّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ الْأَعْمَشِ نَحْوَهُ وَقَالَ أَيْضًا حَتَّى يَعْقِلَ وَقَالَ وَعَنْ الْمَجْنُونِ حَتَّى يُفِيقَ قَالَ فَجَعَلَ عُمَرُ يُكَبِّرُ.

5371 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا زىنا قىلغان بىر ساراڭ ئايال ئېلىپ كېلىندى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەتراپىدىكىلەردىن بۇ ئايال ھەققىدە مەسلىھەت ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى رەجىم قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇنى رەجىم قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچراپ:

ـ بۇ ئايالنىڭ جىنايىتى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. يېنىدىكىلەر:

ـ بۇ پالانىنىڭ ساراڭ قىزى، زىنا قىلغان ئىكەن، ھەزرىتى ئۆمەر رەجىم قىلىشقا بۇيرىدى، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇنى قايتۇرۇڭلار! ـ دېدى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەن "ساراڭنىڭ ساقايغىچە، ئۇخلاۋاتقان كىشىنىڭ ئويغانغىچە، كىچىك بالىنىڭ ئەقلىنى تاپقىچە

[1] ھەيسەمى (10628): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئالدىنقى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ئۈزۈكتۇر، ـ دېگەن.

ئارىلىقتا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ يېزىلمايدىغانلىقى“نى بىلمەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بىلىمەن، ـ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنداقتا، بۇ ئايال نېمىگە ئاساسەن رەجىم قىلىنىدۇ؟ ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ باشقا بىر ئاساسىمىز يوق، ـ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنداقتا، ئۇنى قويۇۋەت! ــ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى قويۇۋەتتى. ئاندىن: ”الله ئەكبەر“ دەپ تەكبىر ئېيتىقىلى باشلىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4399)

5372 - عَنْ عَلِي أن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رُفِعَ الْقَلَمُ عَنْ ثَلَاثَةٍ عَنْ النائِمِ حَتى يَسْتَيْقِظَ وَعَنْ الصبِي حَتى يَشِب وَعَنْ الْمَعْتُوهِ حَتى يَعْقِلَ.

5372 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇخلاۋاتقان كىشىنىڭ ئويغانغىچە، كىچىك بالىنىڭ بالاغەتكە يەتكۈچە، ساراڭنىڭ ساقايغىچە بولغان ئارىلىقتا قىلغان ـ ئەتكەنلىرى يېزىلمايدۇ»[②].

(تىرمىزى: 1423)

5373 - عن ابي أُمَامَةَ بْنُ سَهْلِ بْنِ حُنَيفٍ أَنهُ أَخْبَرَهُ بَعْضُ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْأَنصَارِ أَنهُ اشْتَكى رَجُلٌ مِنْهُمْ حَتى أُضْنِيَ فَعَادَ جِلْدَةً عَلى عَظْمٍ فَدَخَلَتْ عَلَيْهِ جَارِيَةٌ لِبَعْضِهِمْ فَهَش لَهَا فَوَقَعَ عَلَيْهَا فَلَما دَخَلَ عَلَيْهِ رِجَالُ قَوْمِهِ يَعُودُونَهُ أَخْبَرَهُمْ بِذَلِكَ وَقَالَ اسْتَفْتُوا لِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِني قَدْ وَقَعْتُ عَلَى جَارِيَةٍ دَخَلَتْ عَلَي فَذَكَرُوا ذَلِكَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالُوا مَا رَأَيْنَا بِأَحَدٍ مِنْ الناسِ مِنْ الضر مِثْلَ الذِي هُوَ بِهِ لَوْ حَمَلْنَاهُ إِلَيْكَ لَتَفَسخَتْ عِظَامُهُ مَا هُوَ إِلا جِلْدٌ عَلى

---

[①] ئەلبانى (3699): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1150): سەھىھ ـ دېگەن.

عَظْمٍ فَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَأْخُذُوا لَهُ مِائَةَ شِمْرَاخٍ فَيضْرِبُوهُ بِهَا ضَرْبَةً وَاحِدَةً.

5373 ــ ئەبۇ ئۇمامە ئىبنى سەھل ئىبنى ھۇنەيف بىر ساھابە ئەنسارىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىزدىن بىرەيلەن قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى، ئۇنىڭ يېنىغا بىرسىنىڭ دېدىكى كىرىپتۇ. دېدەكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەۋىسى قوزغۇلۇپتۇ ـ دە، ئۆزىنى تۇتالماي ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلىپتۇ. بىر توپ كىشى ئۇنى يوقلىغىلى كىرگەندە، ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتىپ:

ــ مەن يېنىمغا كىرگەن بىر دېدەك بىلەن زىنا قىلىپ سالدىم، ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پەتىۋا سوراپ بېقىڭلار! ــ دەپتۇ. ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

ــ بىز ئۇنىڭدەك ئاغرىپ ياققان بىرىنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. ئۇنى يېنىڭغا كۆتۈرۈپ كېلەيلى دېسەك، ئۇستىخانلىرىنىڭ چۇۋۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدۇق. چۈنكى ئۇ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى، ـ دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى چىۋىقتىن يۈزنى ئېلىپ، (ئۇنى) شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملا ئۇرۇشقا بۇيرىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4472)

5374 - وللنسائي نحوه في مقعد زنى: فَدَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِإِثْكَالٍ فَضَرَبَهُ وَرَحِمَهُ لِزَمَانَتِهِ وَخَففَ عَنْهُ.

5374 ــ نەسائىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايىتىدە يېرىم پالەچ بىر ئادەمنىڭ زىنا قىلغانلىقى زىكرى قىلىنغان ۋە:

---

[1] ئەلبانى (3754): سەھىھ ـ دېگەن.

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى خورمىنىڭ سېپى بىلەن ئۇرغان ۋە ئۇ ئادەم پالەچ بولغانلىقى ئۈچۈن، رەھىم قىلىپ جازانى يېنىكلەتكەن، ـ دەپ كەلگەن[1].

(نەسائى: 5412)

5375 - عَنْ حَبِيبِ بْنِ سَالِمٍ أَن رَجُلًا يُقَالُ لَهُ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ حُنَيْنٍ وَقَعَ عَلَى جَارِيَةِ امْرَأَتِهِ فَرُفِعَ إِلَى النعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ وَهُوَ أَمِيرٌ عَلَى الْكُوفَةِ فَقَالَ لَأَقْضِيَن فِيكَ بِقَضِيةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ كَانَتْ أَحَلتْهَا لَكَ جَلَدْتُكَ مِائَةً وَإِنْ لَمْ تَكُنْ أَحَلتْهَا لَكَ رَجَمْتُكَ بِالْحِجَارَةِ فَوَجَدُوهُ قَدْ أَحَلتْهَا لَهُ فَجَلَدَهُ مِائَةً.

5375 ـ ھەبىب ئىبنى سالىم مۇنداق دەيدۇ: نۇئمان ئىبنى بەشىرنىڭ ئالدىغا ئايالىنىڭ دېدىكى بىلەن بىرگە بولغان ئابدۇراھمان ئىبنى ھۇنەين ئىسىملىك بىرى ئېلىپ كېلىندى. نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ چاغدا كۇفە شەھىرىنىڭ ۋالىسى ئىدى. ئۇ زىناخورغا:

— مەن بۇ مەسىلىگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆكۈم قىلغان بويىچە ھۆكۈم قىلىمەن. ئايالىڭ ساڭا بۇ دېدەك بىلەن جىما قىلىشقا رۇخسەت قىلغان بولسا، سېنى يۈز دەررە ئۇرىمەن. رۇخسەت قىلمىغان بولسا، سېنى چالما ـ كېسەك قىلىمەن، ـ دېدى ۋە ئۇنى سورۇشتۇرۇۋىدى، ئايالىنىڭ رۇخسەت قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەمنى يۈز دەررە ئۇردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4458)

5376 - عَنْ النعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فِي رَجُلٍ وَقَعَ بِجَارِيَةِ امْرَأَتِهِ إِنْ كَانَتْ أَحَلتْهَا لَهُ فَأَجْلِدْهُ مِائَةً وَإِنْ لَمْ تَكُنْ أَحَلتْهَا لَهُ فَأَرْجُمْهُ.

[1] ئەلبانى (5002): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (961): زەئىپ، ـ دېگەن.

5376 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالىنىڭ دېدىكى بىلەن جىما قىلغان كىشى ھەققىدە:

«ئايالى ئېرىنىڭ ئۇ دېدەك بىلەن جىما قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان بولسا، ئەرنى يۈز دەررە ئۇرۇڭلار. ئەگەر ئايالى رۇخسەت قىلمىغان بولسا، ئېرىنى چالما ـ كېسەك قىلىڭلار!» دېگەن[1].

(نەسائى: 3362)

5377 - عَنْ سَلَمَةَ بْنِ الْمُحَبِّقِ قَالَ قَضَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي رَجُلٍ وَطِئَ جَارِيَةَ امْرَأَتِهِ إِنْ كَانَ اسْتَكْرَهَهَا فَهِيَ حُرةٌ وَعَلَيْهِ لِسَيدَتِهَا مِثْلُهَا وَإِنْ كَانَتْ طَاوَعَتْهُ فَهِيَ لَهُ وَعَلَيْهِ لِسَيدَتِهَا مِثْلُهَا.

5377 ـ سەلەمە ئىبنى مۇھەببەقتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالىنىڭ دېدىكى بىلەن جىما قىلغان كىشى توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ئېرى ئايالىنىڭ دېدىكىنى زورلاپ جىما قىلغان بولسا، دېدەك ئازاد بولۇپ كېتىدۇ. ئېرى ئايالىغا شۇنىڭغا ئوخشاش دېدەكتىن بىرنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئېرى زورلىماي، دېدەكنىڭ مەيلى بىلەن بولغان بولسا، دېدەك ئېرىنىڭ بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئايالىغا شۇنىڭغا ئوخشاش دېدەكتىن بىرنى تۆلەپ بېرىدۇ».[2]

(نەسائى: 3363)

5378 - وفي رواية: فَهِيَ وَمِثْلُهَا مِنْ مَالِهِ لِسَيدَتِهَا.

5378 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇ دېدەكنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر دېدەكنى ئۆز پۇلى بىلەن سېتىۋېلىپ، ئايالىغا بېرىدۇ» دېيىلگەن[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4460)

[1] ئەلبانى (217): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (218): زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (964): زەئىپ، ـ دېگەن.

5379 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ حَمْزَةَ بْنِ عَمْرٍو الْأَسْلَمِي عَنْ أَبِيهِ أن عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ بَعَثَـهُ مُصَدقًا فَوَقَعَ رَجُلٌ عَلَى جَارِيَةِ امْرَأَتِهِ فَأَخَذَ حَمْزَةُ مِنْ الرجُلِ كَفِيلًا حَتى قَدِمَ عَلَى عُمَرَ وَكَـانَ عُمَرُ قَدْ جَلَدَهُ مِائَةَ جَلْدَةٍ فَصَدقَهُمْ وَعَذَرَهُ بِالْجَهَالَةِ.

5379 ـ مۇھەممەد ئىبنى ھەمزە ئىبنى ئەمر ئەسلەمى دادىسى ھەمزەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتتى. زاكات يىغىشقا بارغان يەردە بىر ئىنساننىڭ ئايالىنىڭ دېدىكى بىلەن جىما قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق مەلۇمات ئېلىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا قايتتىم. ئەسلىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئۇ تېخى ئۆيلەنمىگەن ۋاقىتتا) يۈز دەررە ئۇرۇپ بۇ ئىشنى تۈگەتكەن ئىدى. ئۇ ئادەم (ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئېيتقانلارنىڭ سۆزىنى) تەستىقلىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى نادانلار قاتارىغا چىقاردى (ۋە چالما ـ كېسەك قىلمىدى).

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

5380 - عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ بَيْنَا أَنَا أَطُوفُ عَلَى إِبِلٍ لِي ضَلتْ إِذْ أَقْبَلَ رَكْبٌ أَوْ فَوَارِسُ مَعَهُمْ لِوَاءٌ فَجَعَلَ الْأَعْرَابُ يَطِيفُونَ بِي لِمَنْزِلَتِي مِنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ أَتَوْا قُبةً فَاسْتَخْرَجُوا مِنْهَا رَجُلًا فَضَرَبُوا عُنُقَهُ فَسَأَلْتُ عَنْهُ فَذَكَرُوا أَنهُ أَعْرَسَ بِامْرَأَةِ أَبِيهِ.

5380 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن يوقاپ كەتكەن تۆگىلىرىمنى ئىزدەپ ئايلىنىۋاتقاندا، قولىرىدا بايراق كۆتۈرۈۋالغان بىر قانچە كىشى (ياكى بىر قانچە ئاتلىق كىشى) يېتىپ كەلدى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىن بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئەئرابىيلار ئەتراپىمغا ئولىشىۋالدى. ئاتلىقلار بىر گۇمبەزگە بېرىپ، ئۇ يەردىن بىر كىشىنى سۆرەپ چىقىپ كاللىسىنى ئالدى. مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىغاندىم، كىشىلەر ئۇنىڭ دادىسىنىڭ خوتۇنىغا ئۆيلىنىۋالغان بىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4456)

[1] ئەلبانى (3743): سەھىھ ـ دېگەن.

5381 - عَنْ الْبَرَاءِ قَالَ مَر بِي خَالِي أَبو بُرْدَةَ بْنُ نِيَارٍ وَمَعَهُ لِوَاءٌ فَقُلْتُ أَيْنَ تُرِيدُ قَالَ بَعَثَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى رَجُلٍ تَزَوجَ امْرَأَةَ أَبِيهِ أَنْ آتِيَهُ بِرَأْسِهِ.

5381 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، ئانامنىڭ ئاكىسى ئەبۇ بۇردە ئىبنى نىيار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىدا بايراق كۆتۈرىۋالغان پېتى مەن تۇرغان يەردىن ئۆتۈپ قالدى، مەن ئۇنىڭدىن:

ــ نەگە ماڭدىڭ؟ ـ دەپ سورىغاندىم، ئۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى دادىسىنىڭ ئايالىغا ئۆيلىنىۋالغان بىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1362)

5382 - وفي رواية: عَمي بدل خالي، وفيها: فَأَمَرَنِي أَنْ أَضْرِبَ عُنُقَهُ وَآخُذَ مَالَهُ.

5382 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: "ئانامنىڭ ئاكىسى" دېگەن ئىبارىنىڭ ئورنىغا "تاغام" دېگەن ئىبارە قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ رىۋايەتتە يەنە: "كاللىسىنى چېپىپ، پۇل ـ مېلىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى" دېدى، ـ دەپ بايان قىلىنغان[2].

(نەسائى: 3332)

5383 - عبد الله بن عباس - رضي الله عنهما - «أن رسولَ الله - صـلى الله عليه وسلم - قال: مَنْ وَقَعَ على ذَاتِ مَحْرَمٍ - أو قال: مَنْ نَكَحَ ذَاتَ مَحْرَمٍ - فاقْتُلوهُ».

5383 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەھرىمى[3] بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن (ياكى مەھرىمىگە ئۆيلەنگەن)لەرنى ئۆلتۈرۈڭلار!»

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

---

[1] ئەلبانى (1098): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3124): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] مەھرىمى ــ ئاچىسى ياكى سىڭلىسىغا ئوخشاش ئۆيلىنىشكە بولمايدىغان يېقىن تۇغقىنى.

5384 - عن ابن عباس قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لايدخل الجنة من أتى ذات محرم.

5384 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەھرىمى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»: 11031)

5385 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ إِذَا ضَرَبَ أَحَدُكُمْ فَلْيَتقِ الْوَجْهَ.

قلت: وأخرجه في الجهاد للشيخين بلفظ: إِذَا قَاتَلَ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ فَلْيَجْتَنِبْ الْوَجْهَ.

5385 ـ ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىنى ئۇرماقچى بولساڭلار، يۈزىگە ئۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار!»[②]

بۇخارى ۋە مۇسلىمدىكى رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «بىرىڭلار قېرىندىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، يۈزىگە ئۇرمىسۇن».

(ئەبۇ داۋۇد: 4493)

5386 - عَنْ عَمْرِو بْنِ مَيْمُونٍ قَالَ رَأَيْتُ فِي الْجَاهِلِيةِ قِرْدَةً اجْتَمَعَ عَلَيْهَا قِرَدَةٌ قَدْ زَنَتْ فَرَجَمُوهَا فَرَجَمْتُهَا مَعَهُمْ.

5386 ـ ئەمىر ئىبنى مەيمۇن رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە، بىر توپ مايمۇننىڭ (بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ) زىنا قىلغان بىر چىشى مايمۇننى چالما ـ كېسەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم ۋە (ئۇلارغا قوشۇلۇپ) تاش ئېتىشىپ بەرگەنىدىم.

(بۇخارى: 3849)

[①] ھەيسەمى (10620): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، يەھيا ئىبنى ھەسسان كۇفىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3771): سەھىھ ـ دېگەن.

## ئەھلى كىتابقا ئىجرا قىلىنىدىغان جازا، بەچچىۋازلىقنىڭ، ھايۋانلارغا چېپىلىشنىڭ ۋە تۆھمەت قىلىشنىڭ جازاسى

5387 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن الْيَهُودَ جَاءُوا إِلى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرُوا لَهُ أَن رَجُلًا مِنْهُمْ وَامْرَأَةً زَنَيَا فَقَالَ لَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا تَجِدُونَ فِي التوْرَاةِ فِي شَأْنِ الرجْمِ فَقَالُوا نَفْضَحُهُمْ وَيُجْلَدُونَ.

5387 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، يەھۇدىيلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزلىرىدىن بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن:

ـــ سىلەر تەۋراتتا رەجىم ھەققىدە قانداق ھۆكۈملەرنى ئۇچرىتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـــ بىز زىنا قىلغانلارنى كىشىلەر ئالدىدا پاش قىلىپ، رەسۋا قىلىمىز ۋە دەررە ئۇرىمىز، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3635)

5388 - وفي رواية: قَالُوا نَسْخَمُ وُجُوهَهُمَا وَنُخْزِيهِمَا قَالَ فَأْتُوا بِالتوْرَاةِ فَاتْلُوهَا إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ.

5388 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، يەھۇدىيلار:

ـ يۈزلىرىگە قارا سۈركەپ رەسۋا قىلىمىز، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەگەر راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئەكىلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار! ـ دېدى.

(بۇخارى: 7543)

5389 - وفي رواية: قَالُوا نُسَوِّدُ وُجُوهَهُمَا وَنُحَمِّلُهُمَا وَنُخَالِفُ بَيْنَ وُجُوهِهِمَا وَيُطَافُ بِهِمَا قَالَ فَأْتُوا بِالتَّوْرَاةِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ فَجَاءُوا بِهَا فَقَرَءُوهَا حَتَّى إِذَا مَرُّوا بِآيَةِ الرَّجْمِ وَضَعَ الْفَتَى الَّذِي يَقْرَأُ يَدَهُ عَلَى آيَةِ الرَّجْمِ وَقَرَأَ مَا بَيْنَ يَدَيْهَا وَمَا وَرَاءَهَا فَقَالَ لَهُ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ سَلَامٍ وَهُوَ مَعَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُرْهُ فَلْيَرْفَعْ يَدَهُ فَرَفَعَهَا فَإِذَا تَحْتَهَا آيَةُ الرَّجْمِ فَأَمَرَ بِهِمَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَرُجِمَا قَالَ عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عُمَرَ كُنْتُ فِيمَنْ رَجَمَهُمَا فَلَقَدْ رَأَيْتُهُ يَقِيهَا مِنْ الْحِجَارَةِ بِنَفْسِهِ.

5389 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: يەھۇدىيلار:

ـ ئىككىسىنىڭ يۈزىگە قارا سۈرۈپ، ئېشەككە بىرىنى تەتۈر، يەنە بىرىنى ئوڭ قىلىپ مىندۈرۈپ، كوچىمۇ كوچا سازايى قىلىمىز، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەگەر راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئەكىلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار تەۋراتنى ئوقۇپ، زىنا قىلغانلارنى رەجىم قىلىش ھەققىدىكى ئايەتكە كەلگەندە، ئۇنى ئوقۇغان بالا قولىنى رەجىم ئايىتىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكىنى ئوقۇدى. نەق مەيداندا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقان ئابدۇللاھ ئىبنى سالام بۇنى كۆرۈپ:

ـ ئۇ بالىغا ئېيتقىن، قولىنى كۆتۈرسۇن! ـ دېدى. ئۇ بالا قولىنى كۆتۈرگەنىدى، قولىنىڭ ئاستىدىن رەجىم قىلىش ئايىتى چىقتى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زىنا قىلغان يەھۇدىي ئەر ـ ئايالنى رەجىم قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسى رەجىم قىلىندى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:

ــ ئۇلارنى رەجىم قىلىشقا قاتناشقانلار قاتارىدا مەنمۇ بار ئىدىم. ئەرنىڭ ئايالغا تاشنى تەگكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى تاشقا تۇتۇپ بېرىپ، ئايالنى قوغداۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.

(مۇسلىم: 1699)

5390 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ أَتَى نَفَرٌ مِنْ يَهُودٍ فَدَعَوْا رَسُولَ اللهِ صَلى الله عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْقُف فَأَتَاهُمْ فِي بَيْتِ الْمِدْرَاسِ فَقَالُوا يَا أَبَا الْقَاسِمِ إِن رَجُلًا مِنا زَنَى بِامْرَأَةٍ فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ فَوَضَعُوا لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وِسَادَةً فَجَلَسَ عَلَيْهَا ثُم قَالَ بِالتوْرَاةِ فَأُتِيَ بِهَا فَنَزَعَ الْوِسَادَةَ مِنْ تَحْتِهِ فَوَضَعَ التوْرَاةَ عَلَيْهَا ثُم قَالَ آمَنْتُ بِكِ وَبِمَنْ أَنْزَلَكِ ثُم قَالَ ائْتُونِي بِأَعْلَمِكُمْ، بنحوه.

5390 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىيلاردىن بىر قانچە كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قۇف ۋادىسىغا بېرىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ دەرسخانىسىغا باردى. ئۇلار:

ــ ئەي ئەبۇلقاسىم! بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىرسى بىر ئايال بىلەن زىنا قىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويغىن! ــ دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر ياستۇق قويۇپ بەرگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ياستۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ:

ــ تەۋراتنى ئېلىپ كېلىڭلار! ــ دېدى. تەۋرات كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاستىدىن ياستۇقنى تارتىپ ئېلىپ، تەۋراتنى شۇ ياستۇق ئۈستىدە قويۇپ:

ــ مەن ساڭا ۋە سېنى نازىل قىلغان اللهقا ئىمان ئېيتىمەن، ـ دېدى، ئاندىن ئۇلارغا:

ــ ئەڭ چوڭ ئالىمىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار! ــ دېدى... (داۋامى يۇقىرىقى ھەدىس بىلەن ئوخشاش)①.

(ئەبۇ داۋۇد: 4449)

5391 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ زَنَى رَجُلٌ مِنْ الْيَهُودِ وَامْرَأَةٌ فَقَالَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ اذْهَبُوا بِنَا إِلَى هَذَا النبِي فَإِنهُ نَبِي بُعِثَ بِالتخْفِيفِ فَإِنْ أَفْتَانَا بِفُتْيَا دُونَ الرجْمِ قَبِلْنَاهَا وَاحْتَجَجْنَا بِهَا عِنْدَ اللهِ قُلْنَا فُتْيَا نَبِي مِنْ أَنْبِيَائِكَ قَالَ فَأَتَوْا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ

① ئەلبانى (3739): ھەسەن، ـ دېگەن.

جَالِسٌ فِي الْمَسْجِدِ فِي أَصْحَابِهِ فَقَالُوا يَا أَبَا الْقَاسِمِ مَا تَرَى فِي رَجُلٍ وَامْرَأَةٍ زَنَيَا فَلَمْ يُكَلِّمْهُمْ كَلِمَةً حَتَّى أَتَى بَيْتَ مِدْرَاسِهِمْ فَقَامَ عَلَى الْبَابِ فَقَالَ أَنْشُدُكُمْ بِاللَّهِ الَّذِي أَنْزَلَ التَّوْرَاةَ عَلَى مُوسَى مَا تَجِدُونَ فِي التَّوْرَاةِ عَلَى مَنْ زَنَى إِذَا أَحْصَنَ قَالُوا يُحَمَّمُ وَيُجَبَّهُ وَيُجْلَدُ وَالتَّجْبِيهُ أَنْ يُحْمَلَ الزَّانِيَانِ عَلَى حِمَارٍ وَتُقَابَلُ أَقْفِيَتُهُمَا وَيُطَافُ بِهِمَا قَالَ وَسَكَتَ شَابٌّ مِنْهُمْ فَلَمَّا رَآهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سَكَتَ ألS بِهِ النِّشْدَةَ فَقَالَ اللَّهُمَّ إِذْ نَشَدْتَنَا فَإِنَّا نَجِدُ فِي التَّوْرَاةِ الرَّجْمَ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَمَا أَوَّلُ مَا ارْتَخَصْتُمْ أَمْرَ اللَّهِ قَالَ زَنَى ذُو قَرَابَةٍ مِنْ مَلِكٍ مِنْ مُلُوكِنَا فَأَخَّرَ عَنْهُ الرَّجْمَ ثُمَّ زَنَى رَجُلٌ فِي أُسْرَةٍ مِنْ النَّاسِ فَأَرَادَ رَجْمَهُ فَحَالَ قَوْمُهُ دُونَهُ وَقَالُوا لَا يُرْجَمُ صَاحِبُنَا حَتَّى تَجِيءَ بِصَاحِبِكَ فَتَرْجُمَهُ فَاصْطَلَحُوا عَلَى هَذِهِ الْعُقُوبَةِ بَيْنَهُمْ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَإِنِّي أَحْكُمُ بِمَا فِي التَّوْرَاةِ فَأَمَرَ بِهِمَا فَرُجِمَا قَالَ الزُّهْرِيُّ فَبَلَغَنَا أَنَّ هَذِهِ الْآيَةَ نَزَلَتْ فِيهِمْ إِنَّا أَنْزَلْنَا التَّوْرَاةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ يَحْكُمُ بِهَا النَّبِيُّونَ الَّذِينَ أَسْلَمُوا كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْهُمْ.

5391 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىيلاردىن بىر ئەر بىلەن بىر ئايال زىنا قىلغان ئىكەن، ئۇلار بىر ـ بىرىگە:

ــ يۈرۈڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا بارايلى! بۇ پەيغەمبەر يېنىك، قولاي قانۇنلارنى ئېلىپ كەلگەن بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇ بىزگە بۇ مەسىلىدە رەجىم قىلىشتىن باشقا بىر پەتىۋا بەرسە، شۇنىڭغا ئەمەل قىلايلى. ﷲنىڭ دەرگاھىدا شۇنى ھۆججەت قىلىپ: ”ئى ﷲ! بۇ، سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭدىن بىرىنىڭ پەتىۋاسى“ دەپ تۇرۇۋالىمىز، ـ دېيىشتى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەسجىدتە ئىدى. ئۇلار كېلىپ:

ــ ئى ئەبۇلقاسىم! سېنىڭچە زىنا قىلغان ئەر بىلەن زىنا قىلغان ئايالنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا بىر ئىغىز گەپ قىلماي چىقىپ، ئۇلارنىڭ دەرسخانىسىغا باردى. دەرسخانىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ:

ـــ مەن سىلەردىن مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلغان اللەنىڭ نامى بىلەن سورايكى، ئۆيلەنگەن كىشى زىنا قىلسا، تەۋراتتا ئۇنىڭغا نېمە جازا بېرىلىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ يۈزىگە قارا سۈرۈلىدۇ ۋە ئېشەككە بىرى ئۇلاق، يەنە بىرى تەتۈر مىندۇرۇلۇپ، كوچىمۇ كوچا سازايى قىلىنىدۇ ۋە دەررە ئۇرۇلىدۇ. ـ دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ياش بالا گەپ قىلماي تۇردى، ئۇنىڭ گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىقى سوئالنى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ تەكىتلىگەن ھالدا سورىدى، ئۇ بالا:

ـ سەن بىزدىن بۇنداق اللەنىڭ نامى بىلەن سورىغان ئىكەنسەن، راست گەپ قىلماي ئامال يوق. تەۋرات ھۆكمىگە ئاساسەن، ئۇ ئادەم رەجىم قىلىنىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، سىلەر اللەنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى قاچاندىن باشلاپ مۇشۇنداق پاخاللاشتۇرۇۋالدىڭلار؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇ:

ـ بىزنىڭ پادىشاھلىرىمىزدىن بىرىنىڭ بىر يېقىنى (بىر كۈنى) زىنا قىپتۇ، لېكىن پادىشاھ ئۇنى رەجىم قىلماپتۇ. كۆپ ئۆتمەي، ئادەتتىكى پۇقرالاردىن بىر ئەر زىنا قىپتۇ، پادىشا ئۇنى رەجىم قىلماقچى بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى رەجىم قىلغىلى قويماپتۇ، ئۇلار پادىشاھقا: "ئاۋۋال ئۆز تۇغقىنىڭنى رەجىم قىلمىساڭ، بىزنىڭكىنىمۇ رەجىم قىلدۇرمايمىز" دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆزئارا كېلىشىپ رەجىمنىڭ ئورنىغا بۇ جازانى بېكىتىپتۇ. ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن تەۋراتتىكى ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، ـ دېدى ۋە ئۇلارنى رەجىم قىلىشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسى رەجىم قىلىندى.

زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: بىزگە يېتىشىچە، تۆۋەندىكى بۇ ئايەت شۇلار ھەققىدە نازىل بولغان: ﴿بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل

قىلىدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (ﷲنىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ﴾[1]. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلغان پەيغەمبەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4450)

5392 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ جَاءَتْ الْيَهُودُ بِرَجُلٍ وَامْرَأَةٍ مِنْهُمْ زَنَيَا فَقَالَ ائْتُونِي بِأَعْلَمِ رَجُلَيْنِ مِنْكُمْ فَأَتَوْهُ بِابْنَيْ صُورِيَا فَنَشَدَهُمَا كَيْفَ تَجِدَانِ أَمْرَ هَذَيْنِ فِي التَّوْرَاةِ قَالَا نَجِدُ فِي التَّوْرَاةِ إِذَا شَهِدَ أَرْبَعَةٌ أَنَّهُمْ رَأَوْا ذَكَرَهُ فِي فَرْجِهَا مِثْلَ الْمِيلِ فِي الْمُكْحُلَةِ رُجِمَا قَالَ فَمَا يَمْنَعُكُمَا أَنْ تَرْجُمُوهُمَا قَالَا ذَهَبَ سُلْطَانُنَا فَكَرِهْنَا الْقَتْلَ فَدَعَا رَسُولُ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ بِالشُّهُودِ فَجَاءُوا بِأَرْبَعَةٍ فَشَهِدُوا أَنَّهُمْ رَأَوْا ذَكَرَهُ فِي فَرْجِهَا مِثْلَ الْمِيلِ فِي الْمُكْحُلَةِ فَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ بِرَجْمِهِمَا.

5392 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن زىنا قىلغان بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ چوڭ ئالىمنى ئېلىپ كېلىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار سورىيا دېگەن كىشىنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىدىن ﷲنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ:

ـ تەۋراتتا بۇ ئىككىسى ھەققىدە قانداق ھۆكۈم بار؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇلار:

ـــ ئەگەر تۆت گۇۋاھچى: ”ئەرنىڭ زەكىرىنى ئايالنىڭ جىنسى ئەزاسى ئىچىدە خۇددى سۈرمىدانىنىڭ ئىچىدىكى پەلكۈچنى كۆرگەندەك كۆردۇق“ دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، تەۋراتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن بۇ

[1] سۈرە مائىدە، 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەلبانى (959): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئىككىسى رەجىم قىلىنىدۇ. ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، بۇ ئىككىسىنى نېمىشقا رەجىم قىلمىدىڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ــ بىزنىڭ (سانىمىز ئازلاپ) كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىز ئاجىزلىشىپ كەتتى، شۇڭا ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمىدۇق. ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇۋاھچىلارنى چاقىرغانىدى، تۆت گۇۋاھچى كېلىپ، بۇ ئەرنىڭ زەكىرىنى ئۇ ئايالنىڭ جىنسى ئەزاسى ئىچىدە خۇددى سۈرمىداننىڭ ئىچىدىكى پەلكۈچنى كۆرگەندەك كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئىككىسىنى رەجىم قىلىشقا بۇيرىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4452)

5393 - عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ وَجَدْتُمُوهُ يَعْمَلُ عَمَلَ قَوْمِ لُوطٍ فَاقْتُلُوا الْفَاعِلَ وَالْمَفْعُولَ بِهِ.

5393 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قىلىقىنى قىلغانلارنى (يەنى بەچچىۋازلىق قىلغانلارنى) كۆرسەڭلار، قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچى ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار»[②].

(تىرمىزى: 1456)

5394 - عبد الله بن عباس - رضي الله عنهما - «أن عَليا أحْرَقَهما وأبا بكر هَدَمَ عليهما حائطا».

5394 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەچچىۋازلىق قىلغۇچى ۋە

[①] ئەلبانى (3740): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1177): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلىنغۇچى ھەر ئىككىلىسىنى ئۇتتىا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تامنى ئۆرۈپ ئۆلتۈرگەن.
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5395 - عبد الله بن عباس - رضي الله عنهما - وعن أبي هريرة: أن رسولَ الله - صلى الله عليه وسلم - قال: «مَلْعونٌ مَنْ عَمِلَ عَمَل قَومِ لُوطٍ».

5395 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قىلىقىنى قىلغانلار (يەنى بەچچىۋازلار) مەلئۇندۇر».
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5396 - عَنْ جَابِرٍ، قَالَ: سَمِعْتُ سَالِمَ بن عَبْدِ اللهِ، وَأَبَانَ بن حَسَنٍ يَذْكُرُونَ، أن عُثْمَانَ بن عَفانَ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ، أُتِيَ بِرَجُلٍ قَدْ فَجَرَ بِغُلامٍ مِنْ قُرَيْشٍ مَعْرُوفِ النسَبِ، فَقَالَ عُثْمَانُ: وَيْحَكُمْ أَيْنَ الشهُودُ أُحْصِنَ؟ قَالُوا: قَدْ تَزَوجَ بِامْرَأَةٍ وَلَمْ يَدْخُلْ بِهَا بَعْدُ، فَقَالَ عَلِي لِعُثْمَانَ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُمَا: لَوْ دَخَلَ بِهَا لَحَل عَلَيْهِ الرجْمُ، فَأَما إِذْ لَمْ يَدْخُلْ بِأَهْلِهِ فَاجْلِدْهُ الْحَد، فَقَالَ أُبو أَيوبَ: أَشْهَدُ إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الذِي ذَكَرَ أُبو الْحَسَنِ، فَأَمَرَ بِهِ عُثْمَانُ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ فَجَلَدَ مِائَةً.

5396 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن ئەبان ئىبنى ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا قۇرەيش قەبىلىسىدىن يۈز ـ ئابرۇيلۇق بىر ئائىلىنىڭ بالىسى بىلەن بەچچىۋازلىق قىلغان بىر كىشى ئېلىپ كېلىندى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ تۇفى! گۇۋاھچىلار قېنى؟ ئۆيلەنگەنمىكەن؟ ـ دېدى. ئەتراپتىكىلەر:

ـ بىر ئايالغا ئۆيلەنگەن، بىراق ئايالى بىلەن تېخى بىرگە بولۇپ باقمىغان، ـ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ ئايالى بىلەن بىرگە بولغان بولسا، رەجىم قىلىش ۋاجىب بولاتتى. ئايالى بىلەن بىرگە بولۇپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا دەررە ئۇرۇلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا دەررە ئۇر، ـ دېدى. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ گۇۋاھلىق بېرەلەيمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ ئەبۇ ھەسەن (يەنى ئەلى)دەك: «بۇنداق كىشىگە دەررە ئۇرۇش كېرەك» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا دەررە جازاسى بەردى. نەتىجىدە ئۇنىڭغا 100 دەررە ئۇرۇلدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 3897)

5397 - عن جَابِر قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَخْوَفَ مَا أَخَافُ عَلَى أُمتِي عَمَلُ قَوْمِ لُوطٍ.

5397 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ئۈممىتىمنىڭ قىلىپ سېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ئەڭ قورقۇنچلۇق گۇناھ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قىلىقىدۇر»[2].

(تىرمىزى: 1457)

5398 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَنْظُرُ اللهُ إِلَى رَجُلٍ أَتَى رَجُلًا أَوْ امْرَأَةً فِي الدبُرِ.

5398 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەر ياكى ئايال كىشىنىڭ ئارقىسىغا يېقىنچىلىق قىلغان كىشىگە الله تائالا قارىمايدۇ»[3].

(تىرمىزى: 1166)

---

[1] ھەيسەمى (10634): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى كىشىلەر زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1178): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (930): ھەسەن، ـ دېگەن.

5399 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ أَتَى بَهِيمَةً فَاقْتُلُوهُ وَاقْتُلُوهَا مَعَهُ قَالَ قُلْتُ لَهُ مَا شَأْنُ الْبَهِيمَةِ قَالَ مَا أُرَاهُ قَالَ ذَلِكَ إِلَّا أَنَّهُ كَرِهَ أَنْ يُؤْكَلَ لَحْمُهَا وَقَدْ عُمِلَ بِهَا ذَلِكَ الْعَمَلُ.

5399 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھايۋاننىڭ يېنىغا كەلگەن كىشىنى شۇ ھايۋان بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!». راۋى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ـ ھايۋاننىڭ نېمە گۇناھى بار؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ مەنچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ھايۋانغا يېقىنچىلىق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۆشىنىڭ يېيىلىشىنى ياقتۇرمىغانلىقتىن شۇنداق دېگەن بولسا كېرەك، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4464)

5400 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ لَيْسَ عَلَى الَّذِي يَأْتِي الْبَهِيمَةَ حَدٌّ.

5400 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ھايۋانغا چېقىلغان كىشىگە مۇئەييەن بىر جازا يوق، ـ دېگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4465)

5401 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ لَمَّا نَزَلَ عُذْرِي قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى الْمِنْبَرِ فَذَكَرَ ذَلِكَ وَتَلَا الْقُرْآنَ فَلَمَّا نَزَلَ أَمَرَ بِرَجُلَيْنِ وَامْرَأَةٍ فَضُرِبُوا حَدَّهُمْ.

5401 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مېنىڭ (ماڭا چاپلانغان تۆھمەتلەردىن) پاكلىقىم توغرىسىدا ئايەت نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە چىقىپ، جامائەتكە بۇ ھەقتە ئايەت نازىل بولغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئايەتنى ئوقۇدى. مۇنبەردىن چۈشۈپ ئىككى ئەر بىلەن بىر

[1] ئەلبانى (3747): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3748): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئايالنى تۆھمەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە) جازالاشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار سەكسەن دەررىدىن ئۇرۇلدى[①].

(تىرمىزى: 3181)

5402 - وفي رواية: حَسانَ بْنِ ثَابِتٍ وَمِسْطَحِ بْنِ أُثَاثَةَ قَالَ النفيْلِي وَيَقُولُونَ الْمَرْأَةُ حَمْنَةُ بِنْتُ جَحْشٍ.

5402 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: "ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قارا چاپلىدى" دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىپ، دەررە ئۇرۇلغان ئىككى كىشىنىڭ بىرى ھەسسان ئىبنى سابىت، يەنە بىرى مىستەھ ئىبنى ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، نۇفەيلىنىڭ ئېيتىشىچە، دەررە ئۇرۇلغان ئايالنىڭ ئىسمى ھەمنە بىنتى جەھشتۇر[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4478)

5403 - عَنْ أَبِي الزنَادِ أَنهُ قَالَ جَلَدَ عُمَرُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ عَبْدًا فِي فِرْيَةٍ ثَمَانِينَ قَالَ أَبو الزنَادِ فَسَأَلْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَامِرِ بْنِ رَبِيعَةَ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ أَدْرَكْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطـابِ وَعُثْمَانَ بْنَ عَفانَ وَالْخُلَفَاءَ هَلُم جَرا فَمَا رَأَيْتُ أَحَدًا جَلَدَ عَبْدًا فِي فِرْيَةٍ أَكْثَرَ مِنْ أَرْبَعِينَ.

5403 ـ ئەبۇ زىناد مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز "ئىپپەتلىك ئادەمگە قارا چاپلىغان" دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن بىر قۇلنى 80 دەررە ئۇردى. كېيىن، مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر ئىبنى رەبىئەدىن بۇ مەسىلە توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان قاتارلىق خەلىپىلەرنى كۆرگەن ئىدىم، ئەمما ئۇلار بۇنداق قارا چاپلاش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن ھېچبىر قۇلنى 40 دەررىدىن ئارتۇق ئۇرغان ئەمەس، ـ دېدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

---

[①] ئەلبانى (2542): ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3757): ھەسەن، ـ دېگەن.

5404 - عَنْ عَمْرَةَ بِنْتِ عَبْدِ الرحْمَنِ أَن رَجُلَيْنِ اسْتَبا فِي زَمَانِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَقَالَ أَحَدُهُمَا لِلْآخَرِ وَاللهِ مَا أَبِي بِزَانٍ وَلَا أُمي بِزَانِيَةٍ فَاسْتَشَارَ فِي ذَلِكَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فَقَالَ قَائِلٌ مَدَحَ أَبَاهُ وَأُمهُ وَقَالَ آخَرُونَ قَدْ كَانَ لِأَبِيهِ وَأُمهِ مَدْحٌ غَيْرُ هَذَا نَرَى أَنْ تَجْلِدَهُ الْحَد فَجَلَدَهُ عُمَرُ الْحَد ثَمَانِينَ.

5404 ـ ئەمرە بىنتى ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ئىككى كىشى تىللىشىپ قېلىپ، بىرى يەنە بىرىگە:

ــ اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ داداممۇ، ئاناممۇ زىناخور ئەمەس، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە كېڭەشتى. ئۇلاردىن بىرى:

ــ بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ماختاپتۇ، ـ دېدى. باشقىلار:

ــ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ماختىماقچى بولغان بولسا، ماختاش ئۈچۈن بۇندىن باشقا سۆزلەر كۆپىقۇ (بۇنىڭ مەقسىدى، بۇ سۆزنى دارىتمىلاپ ئېيتىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى زىناخور دەپ تىللىماقچى)، شۇڭا بۇ ئادەمگە قارا چاپلاش جازاسى بېرىش كېرەك، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئادەمنى 80 دەررە ئۇردى.

(مالىك: 1569)

5405 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا قَالَ الرجُلُ لِلرجُلِ يَا يَهُودِي فَاضْرِبُوهُ عِشْرِينَ وَإِذَا قَالَ يَا مُخَنثُ فَاضْرِبُوهُ عِشْرِينَ وَمَنْ وَقَعَ عَلَى ذَاتِ مَحْرَمٍ فَاقْتُلُوهُ.

5405 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم يەنە بىرىگە: ‹‹ھەي يەھۇدىي!›› دېسە، ئۇنى 20 دەررە ئۇرۇڭلار. ئەگەر: ‹‹ھەي ھەزىلەك!››دېسىمۇ، 20 دەررە ئۇرۇڭلار. مەھرىمى بىلەن زىنا قىلغان كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار»[1].

(تىرمىزى: 1463)

[1] ئەلبانى (246): زەئىپ، ـ دېگەن.

## ئوغرىلىقنىڭ جازاسى ۋە جازاسى يوق ئوغرىلىق

5406 - عن عَائِشَةُ أن يَدَ السارِقِ لَمْ تُقْطَعْ عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إلا فِي ثَمَنِ مِجَن حَجَفَةٍ أوْ تُرْسٍ.

5406 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا باھاسى بىر قالقاننىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئوغرىلىغانلارنىڭ قولى كېسىلمىگەن.

(بۇخارى: 6792)

5407 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُقْطَعُ يَدُ السارِقِ فِي ثَمَنِ الْمِجَن وَثَمَنُ الْمِجَن رُبْعُ دِينَارٍ.

5407 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«باھاسى قالقاننىڭ قىممىتىگە توغرا كەلگۈدەك بىر نەرسە ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، قالقاننىڭ باھاسى چارەك تىللادۇر»[1].

(نەسائى: 4931)

5408 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَطَعَ سَارِقًا فِي مِجَن قِيمَتُهُ ثَلَاثَةُ دَرَاهِمَ.

---

[1] ئەلبانى (4579): ھەسەن، ـ دېگەن.

5408 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ دەرھەملىك بىر قالقاننى ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ قولىنى كەسكەن.

(مۇسلىم: 1686)

5409 - عَنْ عَمْرَةَ بِنْتِ عَبْدِ الرحْمَنِ أن سَارِقًا سَرَقَ فِي زَمَانِ عُثْمَانَ أُتْرُجةً فَأَمَرَ بِهَا عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ أَنْ تُقَوَمَ فَقُومَتْ بِثَلَاثَةِ دَرَاهِمَ مِنْ صَرْفِ اثْنَيْ عَشَرَ دِرْهَمًا بِدِينَارٍ فَقَطَعَ عُثْمَانُ يَدَهُ.

5409 ـ ئەمرە بىنتى ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە بىر ئوغرى بىر تال تۇرۇنج[1] ئوغرىلىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ مېۋىنى باھالاشقا بۇيرىدى. باھاسى ئۈچ تەڭگە دەپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىدى. ئۇ چاغدا، بىر تىللا 12 تەڭگىگە تەڭ ئىدى.

(مالىك: 1578)

5410 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَعَنَ اللهُ السارِقَ يَسْرِقُ الْبَيْضَةَ فَتُقْطَعُ يَدُهُ وَيَسْرِقُ الْحَبْلَ فَتُقْطَعُ يَدُهُ قَالَ الْأَعْمَشُ كَانُوا يَرَوْنَ أَنهُ بَيْضُ الْحَدِيدِ وَالْحَبْلُ كَانُوا يَرَوْنَ أَنهُ مِنْهَا مَا يَسْوَى دَرَاهِمَ.

5410 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ئوغرىغا لەنەت قىلسۇنكى، ئۇ بىر تال تۇخۇم ياكى بىر تال ئارغامچا ئوغرىلاپ قولى كېسىلىدۇ». ئەئمەش مۇنداق دەيدۇ:

ـ شۇ دەۋرىدىكى ئالىملار: ”بۇ ھەدىستىكى تۇخۇم توخۇنىڭ تۇخۇمى ئەمەس، بەلكى چۆيۈندىن قۇيۇلغان توپ مەقسەت قىلىنغان، ئارغامچىدىنمۇ بىر قانچە تەڭگىگە تەڭ كېلىدىغان ئارغامچا مەقسەت قىلىنغان“ دەپ قارايتتى.

(بۇخارى: 6783)

[1] بىر خىل مېۋە.

5411 - عَنْ أَبِي أُمية الْمَخْزُومِي أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُتِيَ بِلِص قَدْ اعْتَرَفَ اعْتِرَافًا وَلَمْ يُوجَدْ مَعَهُ مَتَاعٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا إِخَالُكَ سَرَقْتَ قَالَ بَلَى فَأَعَادَ عَلَيْهِ مَرتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا فَأَمَرَ بِهِ فَقُطِعَ وَجِيءَ بِهِ فَقَالَ اسْتَغْفِرْ اللهَ وَتُبْ إِلَيْهِ فَقَالَ أَسْتَغْفِرُ اللهَ وَأَتُوبُ إِلَيْهِ فَقَالَ اللهُم تُبْ عَلَيْهِ ثَلَاثًا.

5411 ـ ئەبۇ ئۇمەييە مەخزۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا ئىقرار بولغان، ئەمما ئوغرىلىغان نەرسە يېنىدىن تېپىلمىغان بىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ سەن ھېچ ئوغرىلىق قىلغاندەك تۇرمايسەن، ـ دېگەندى، ئۇ:

ــ ياق، مەن ئوغرىلىق قىلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قايتىلىدى، ئۇمۇ ھەر قېتىمدا ئۆزىنىڭ راستىنلا ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىدى. قولى كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ تەۋبە قىلىپ، ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭغا الله تائالادىن مەغپىرەت تىلىگىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ــ ئى الله! مەن قىلغانلىرىم ئۈچۈن سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە تەۋبە قىلىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈچ قېتىم:

ــ ئى الله! ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغىن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4380)

[1] ئەلبانى (943): زەئىپ، ـ دېگەن.

5412 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن قُرَيْشًا أَهَمهُمْ شَأْنُ الْمَرْأَةِ الْمَخْزُومِيةِ الِتي سَرَقَتْ فَقَالُوا وَمَنْ يُكلمُ فِيهَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا وَمَنْ يَجْتَرِئُ عَلَيْهِ إلا أُسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ حِب رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَلمَهُ أُسَامَةُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتَشْفَعُ فِي حَد مِنْ حُدُودِ اللهِ ثُم قَامَ فَاخْتَطَبَ ثُم قَالَ إنمَا أَهْلَكَ الذِينَ قَبْلَكُمْ أَنهُمْ كَانُوا إذَا سَرَقَ فِيهِمْ الشرِيفُ تَرَكُوهُ وَإِذَا سَرَقَ فِيهِمْ الضعِيفُ أَقَامُوا عَلَيْهِ الْحَد وَايْمُ اللهِ لَوْ أن فَاطِمَةَ بِنْتَ مُحَمدٍ سَرَقَتْ لَقَطَعْتُ يَدَهَا.

5412 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ مەخزۇم ئايمىقىدىن بولغان بىر ئايالنىڭ ئوغرىلىق جىنايىتى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بېشىنى قاتۇردى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە:

ـ كىم بۇ ئايالنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېغىز ئاچىدۇ؟ ـ دېيىشتى ۋە بۇ ئىشقا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئۇسامە ئىبنى زەيدتىن باشقىسىنىڭ لايىق ئەمەسلىكىگە چىنپۈتتى. ئۇسامە ئىبنى زەيد ئۇلارنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېغىز ئاچقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن الله بېكىتكەن جازانىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقى ئۈچۈن شاپائەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟! ـ دەپ ئۇنىڭغا كايىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، جامائەتكە خىتاب قىلىپ:

ــ سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ھالاكىتىگىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار سەۋەب بولغانىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر ئېسىلزادە ئوغرىلىق قىلسا، ئۇ جازاغا تارتىلمايتتى. ئادەتتىكى بىرەر بىچارە ئوغرىلىق قىلسا، ئۇ دەرھال جازاغا تارتىلاتتى. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر قىزىم فاتىمە ئوغرىلىق قىلىپ قالسا، ئۇنىڭمۇ قولىنى كېسىمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3475)

5413 - عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن قُرَيْشًا أَهَمهُمْ شَأْنُ الْمَرْأَةِ التِي سَرَقَتْ فِي عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةِ الْفَتْحِ.

5413 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەككىنى فەتھى قىلىش غازىتىدا، قۇرەيش قەبىلىسىلىك بىر ئايالنىڭ ئوغرىلىق ۋەقەسى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بېشىنى قاتۇردى...

(مۇسلىم: 1688)

5414 – وفي رواية: كَلمَهُ أُسَامَةُ فِيهَا تَلونَ وَجْهُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَتُكَلمُنِي فِي حَد مِنْ حُدُودِ اللهِ قَالَ أُسَامَةُ اسْتَغْفِرْ لِي يَا رَسُولَ اللهِ ... وفيه: ثُم أَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِتِلْكَ الْمَرْأَةِ فَقُطِعَتْ يَدُهَا فَحَسُنَتْ تَوْبَتُهَا بَعْدَ ذَلِكَ وَتَزَوجَتْ قَالَتْ عَائِشَةُ فَكَانَتْ تَأْتِي بَعْدَ ذَلِكَ فَأَرْفَعُ حَاجَتَهَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5414 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇ ئايال توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە ئۇسامەگە كايىپ:

ــ سەن ماڭا الله بېكىتكەن بىر جازانىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقى ئۈچۈن سۆزلىگىلى كەلدىڭمۇ؟! ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلغىن! ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىدى. قولى كېسىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئايالنىڭ تەۋبىسى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، ئەخلاقى تۈزەلدى ۋە ياتلىق بولدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ شۇندىن كېيىن، ئۇ ئايال بىرەر ئىش بولسا ماڭا ئېيتاتتى، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزەتتىم، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 4304)

5415 - وفي رواية: اسْتَعَارَتْ امْرَأَةٌ تَعْنِي حُلِيا عَلَى أَلْسِنَةِ أُنَاسٍ يُعْرَفُونَ وَلَا تُعْرَفُ هِيَ فَبَاعَتْهُ فَأُخِذَتْ فَأُتِيَ بِهَا النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَمَرَ بِقَطْعِ يَدِهَا.

5415 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: كىملىكى نامەلۇم بىر ئايال (يۇرت ئىچىدە) تونۇلغان كىشىلەرنىڭ نامىدا باشقىلاردىن زىبۇ زىننەت ئۆتنە ئېلىپ سېتىۋەتتى ۋە كېيىن تۇتۇلۇپ قېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4396)

5416 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن امْرَأَةً مَخْزُومِيةً كَانَتْ تَسْتَعِيرُ الْمَتَاعَ فَتَجْحَدُهُ فَأَمَرَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِقَطْعِ يَدِهَا.

5416 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەخزۇم ئايمىقىدىن بولغان بىر ئايال باشقىلاردىن نەرسە ـ كېرەك ئۆتنە ئېلىپ بولۇپ تېنىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىدى[2].

(نەسائى: 4887)

5417 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أَن رَجُلًا مِنْ مُزَيْنَةَ أَتَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ تَرَى فِي حَرِيسَةِ الْجَبَلِ فَقَالَ هِيَ وَمِثْلُهَا وَالنكَالُ وَلَيْسَ فِي شَيْءٍ مِنْ الْمَاشِيَةِ قَطْعٌ إِلا فِيمَا آوَاهُ الْمُرَاحُ فَبَلَغَ ثَمَنَ الْمِجَن فَفِيهِ قَطْعُ الْيَدِ وَمَا لَمْ يَبْلُغْ ثَمَنَ الْمِجَن فَفِيهِ غَرَامَةُ مِثْلَيْهِ وَجَلَدَاتُ نَكَالٍ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ تَرَى فِي الثمَرِ الْمُعَلقِ قَالَ هُوَ وَمِثْلُهُ مَعَهُ وَالنكَالُ وَلَيْسَ فِي شَيْءٍ مِنْ الثمَرِ الْمُعَلقِ قَطْعٌ إِلا فِيمَا آوَاهُ الْجَرِينُ فَمَا أُخِذَ مِنْ الْجَرِينِ فَبَلَغَ ثَمَنَ الْمِجَن فَفِيهِ الْقَطْعُ وَمَا لَمْ يَبْلُغْ ثَمَنَ الْمِجَن فَفِيهِ غَرَامَةُ مِثْلَيْهِ وَجَلَدَاتُ نَكَالٍ.

[1] ئەلبانى (3696): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4540): سەھىھ ـ دېگەن.

5417 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مۇزەينە قەبىلىسىلىك بىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! تاغدىن (يەنى يايلاقتىن) ئوغرىلانغان مال توغرىسىدا قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئوغرىلىغان مالنى قوشلاپ تۆلەيدۇ ۋە جازالىنىدۇ. چۈنكى ئېغىلنىڭ سىرتىدىن ئوغرىلانغان مال ئۈچۈن قول كېسىلمەيدۇ. ئەگەر ئېغىلدىكى مالنى ئوغرىلىسا ۋە ئوغرىلانغان مالنىڭ قىممىتى بىر قالقاننىڭ قىممىتىگە يەتسە، ئۇنىڭ قولىنى كېسىش كېرەك. بىر قالقاننىڭ قىممىتىگە يەتمىسە، ئوغرىلانغان مال قوشلاپ تۆلىتىلىدۇ ۋە جازالاش ئۈچۈن بىر قانچە قامچا ئۇرۇلىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئادەم يەنە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! شېخىدىكى مېۋىنى ئوغرىلىسا، بۇنىڭغا قانداق ھۆكۈم بار؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئوغرىلانغان مېۋە قوشلاپ تۆلىتىلىدۇ ۋە جازالاش ئۈچۈن بىر قانچە قامچا ئۇرۇلىدۇ. چۈنكى شېخىدىكى مېۋىنى ئوغرىلىغان كىشىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما ئامباردىكى مېۋىنى ئوغرىلىغان بولسا ۋە ئوغرىلانغان مېۋىنىڭ قىممىتى بىر قالقاننىڭ قىممىتىگە يەتسە، قولى كېسىلىدۇ. بىر قالقاننىڭ قىممىتىگە يەتمىسە، ئوغرىلانغان مېۋە قوشلاپ تۆلىتىلىدۇ ۋە جازالاش ئۈچۈن بىر قانچە قامچا ئۇرۇلىدۇ، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 4959)

5418 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ يَحْيى بْنِ حَبانَ أَن عَبْدًا سَرَقَ وَدِيا مِنْ حَائِطِ رَجُلٍ فَغَرَسَهُ فِي حَائِطِ سَيدِهِ فَخَرَجَ صَاحِبُ الْوَدِي يَلْتَمِسُ وَدِيهُ فَوَجَدَهُ فَاسْتَعْدَى عَلَى الْعَبْدِ مَرْوَانَ بْنَ الْحَكَمِ فَسَجَنَ مَرْوَانُ الْعَبْدَ وَأَرَادَ قَطْعَ يَدِهِ فَانْطَلَقَ سَيدُ الْعَبْدِ إِلَى رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ

[1] ئەلبانى (4594): ھەسەن، ـ دېگەن.

فَسَأَلَهُ عَنْ ذَلِكَ فَأَخْبَرَهُ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا قَطْعَ فِي ثَمَرٍ وَلَا كَثَرٍ وَالْكَثَرُ الْجُمارُ فَقَالَ الرجُلُ فَإِن مَرْوانَ بْنَ الْحَكَمِ أَخَذَ غُلَامًا لِي وَهُوَ يُرِيدُ قَطْعَهُ وَأَنا أُحِب أَنْ تَمْشِيَ مَعِيَ إِلَيْهِ فَتُخْبِرَهُ بِالذِي سَمِعْتَ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَشَى مَعَهُ رَافِعٌ إِلى مَرْوَانَ بْنِ الْحَكَمِ فَقَالَ أَخَذْتَ غُلَامًا لِهَذَا فَقَالَ نَعَمْ فَقَالَ فَمَا أَنتَ صَانِعٌ بِهِ قَالَ أَرَدْتُ قَطْعَ يَدِهِ فَقَالَ لَهُ رَافِعٌ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا قَطْعَ فِي ثَمَرٍ وَلَا كَثَرٍ فَأَمَرَ مَرْوَانُ بِالْعَبْدِ فَأُرْسِلَ.

5418 ـ مۇھەممەد ئىبنى يەھيا ئىبنى ھەببان مۇنداق دەيدۇ: بىر قۇل بىرىنىڭ بېغىدىن بىر تال خورما نوتىسىنى ئوغرىلاپ ئاپىرىپ، ئۆز خوجايىنىنىڭ بېغىغا تىكتى، نوتىنىڭ ئىگىسى يوقاپ كەتكەن نوتىسىنى ئىزدەپ چىقىپ، ئۇنى تاپتى ۋە نوتىنى ئوغرىلىغان قۇلنىڭ ئۈستىدىن مەرۋان ئىبنى ھەكەمگە ئەرز قىلدى. مەرۋان قۇلنى تۇتۇپ كېلىپ سولاپ قويدى ۋە قولىنى كەسمەكچى بولدى. قۇلنىڭ خوجايىنى بۇنى كۆرۈپ، رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ۋە بۇ ئىشنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق سورىدى. رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مېۋە ياكى مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېيى قاتارلىقلارنى ئوغرىلاش بىلەن قول كېسىلمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان خوجايىن:

ــ مەرۋان ئىبنى ھەكەم مېنىڭ بىر قۇلۇمنى تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭ قولىنى كەسمەكچى بولۇۋاتىدۇ. سەن مەن بىلەن مەرۋاننىڭ يېنىغا بېرىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بۇ ھەدىسنى ئۇنىڭغا ئاڭلاتقان بولساڭ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەرۋان ئىبنى ھەكەمنىڭ يېنىغا باردى ۋە مەرۋاندىن:

ـ سەن بۇنىڭ بىر قۇلىنى تۇتۇۋالدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەرۋان:

ـ ھەئە، ـ دېدى. رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇنى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەرۋان:
ـ قولىنى كەسمەكچى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:
ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مېۋە ياكى مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېيى قاتارلىقلارنى ئوغرىلاش بىلەن قول كېسىلمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېگەنىدى، مەرۋان ئۇ قۇلنى قويۇۋېتىشكە بۇيرىدى[1].

(مالىك: 1583)

5419 - عَنْ جَابِرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيْسَ عَلَى خَائِنٍ وَلَا مُنْتَهِبٍ وَلَا مُخْتَلِسٍ قَطْعٌ.

5419 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«(ئامانەتكە خىيانەت قىلغان) خىيانەتچىنىڭ، (كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېلىپ قاچقان) بۇلاڭچىنىڭ ۋە (كۆزنى پەللەپ تۇرۇپ ئېلىپ قاچقان) ئوغرىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1448)

5420 - عَنْ عَبادِ بْنِ شُرَحْبِيلَ قَالَ أَصَابَتْنِي سَنَةٌ فَدَخَلْتُ حَائِطًا مِنْ حِيطَانِ الْمَدِينَةِ فَفَرَكْتُ سُنْبُلًا فَأَكَلْتُ وَحَمَلْتُ فِي ثَوْبِي فَجَاءَ صَاحِبُهُ فَضَرَبَنِي وَأَخَذَ ثَوْبِي فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ مَا عَلمْتَ إِذْ كَانَ جَاهِلًا وَلَا أَطْعَمْتَ إِذْ كَانَ جَائِعًا أَوْ قَالَ سَاغِبًا وَأَمَرَهُ فَرَد عَلَي ثَوْبِي وَأَعْطَانِي وَسْقًا أَوْ نِصْفَ وَسْقٍ مِنْ طَعَامٍ.

5420 ـ ئەبباد ئىبنى شۇرەھبىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر يىلى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچ كېلىپ، يېگۈدەك ھېچنەرسەم قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەدىنىدىكى باغلاردىن بىرىگە كىرىپ، بىر

[1] ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە مەرۋاننىڭ ئۇ قۇلنى بىر قانچە قامچا ئۇرۇپ، ئاندىن قويۇپ بەرگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

[2] ئەلبانى (1172): سەھىھ ـ دېگەن.

تـال باشـاقنى ئـۈزۈلاپ يېـدىم ۋە ئېتەكلىرىمنـى تولـدۇرۇپ كۆتـۈرۈپ ماڭغانـدىم، باغنىـڭ ئىگىسـى كېلىـپ مېنـى ئـۇردى ۋە كىيىمىمنـى تارتىۋالـدى. مەن شـىكايەت قىلىـپ، پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەمنىڭ ئالـدىغا كەلسـەم، پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالام بـاغ ئىگىسىگە:

ــ بۇ بىلمىگەن بولسا، ئۆگىتىپ قويساڭ، قورسىقى ئاچ بولسا، تويغۇزۇپ قويساڭ بولمامدۇ؟! ــ دېدى ۋە كىيىمنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى كىيىمىمنى قايتۇرۇپ بەردى ۋە ماڭا بىر (ياكى يېرىم) ۋەسەق[1] ئاشلىق بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2620)

5421 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَحْلُبن أَحَدٌ مَاشِيَةَ امْرِئٍ بِغَيْرِ إِذْنِهِ أَيُحِب أَحَدُكُمْ أَنْ تُؤْتَى مَشْرُبَتُهُ فَتُكْسَرَ خِزَانَتُهُ فَيُنْتَقَلَ طَعَامُهُ فَإِنمَا تَخْزُنُ لَهُمْ ضُرُوعُ مَوَاشِيهِمْ أَطْعِمَاتِهِمْ فَلَا يَحْلُبن أَحَدٌ مَاشِيَةَ أَحَدٍ إِلا بِإِذْنِهِ.

5421 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىرى باشقا بىرىنىڭ سېغىن مېلىنى (رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ) سېغىۋالمىسۇن. باشقىلارنىڭ ئامبىرىڭلارنى ئۆرۈپ، يېمەك ـ ئىچمىكىڭلارنى توشۇپ كېتىشىنى خالامسىلەر؟ مالنىڭ يېلىنى مال ئىگىسىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى ساقلايدىغان ئامباردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىم بولسا بولسۇن، باشقا بىرىنىڭ مېلىنى (رۇخسەتسىز) سېغىۋالمىسۇن».

(بۇخارى: 2435)

[1] ۋەسەق ــ ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر ۋەسەق ئاتمىش ساغا، بىر سا 2.170 كىلو گرامغا تەڭ.

[2] ئەلبانى (2281): سەھىھ ـ دېگەن.

5422 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدَبٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا أَتى أَحَدُكُمْ عَلَى مَاشِيَةٍ فَإِنْ كَانَ فِيهَا صَاحِبُهَا فَلْيَسْتَأْذِنْهُ فَإِنْ أَذِنَ لَهُ فَلْيَحْتَلِبْ وَلْيَشْرَبْ وَإِنْ لَمْ يَكُنْ فِيهَا أَحَدٌ فَلْيُصَوتْ ثَلَاثًا فَإِنْ أَجَابَهُ أَحَدٌ فَلْيَسْتَأْذِنْهُ فَإِنْ لَمْ يُجِبْهُ أَحَدٌ فَلْيَحْتَلِبْ وَلْيَشْرَبْ وَلَا يَحْمِلْ.

5422 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر پادىنى كۆرگەندە (ئۇنى سېغىپ ئىچمەكچى بولساڭلار)، پادىنىڭ ئىگىسى ئۇ يەردە بولسا، ئىگىسىدىن رۇخسەت سوراڭلار. ئىگىسى رۇخسەت قىلسا، سېغىپ ئىچىڭلار. پادىنىڭ ئەتراپىدا ھېچكىم بولمىسا، ئۈچ قېتىم توۋلاڭلار، بىرەرسى جاۋاب بېرىپ قالسا، ئۇنىڭدىن رۇخسەت سوراڭلار. ھېچكىم جاۋاب بەرمىسە، سېغىپ ئىچىۋېرىڭلار، ئەمما (سېغىپ) ئېلىپ كەتمەڭلار»[1].

(تىرمىزى: 1296)

5423 - عَنْ رَافِعِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ كُنْتُ أَرْمِي نَخْلَ الْأَنْصَارِ فَأَخَذُونِي فَذَهَبُوا بِي إِلَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَافِعُ لِمَ تَرْمِي نَخْلَهُمْ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ الْجُوعُ قَالَ لَا تَرْمِ وَكُلْ مَا وَقَعَ أَشْبَعَكَ اللهُ وَأَرْوَاكَ.

5423 ـ رافىئ ئىبنى ئەمىر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنسارىلارنىڭ خورمىسىغا تاش ئېتىپ (خورما چۈشۈرۈپ) يەيتتىم. بىر كۈنى، ئەنسارىلار مېنى تۇتىۋېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـ ئەي رافىئ! نېمىشقا ئۇلارنىڭ خورمىسىغا تاش ئاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاچلىقتىن شۇنداق قىلىۋاتىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (1042): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ تاش ئاتماي، (ئۆزلىكىدىن) يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىرىنى يېگىن. الله سېنى تويدۇرغاي ۋە (سۇغا) قاندۇرغاي، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 1288)

5424 - وفي رواية: اللهُم أَشْبِعْ بطْنَهُ.

5424 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئى الله! ئۇنىڭ قورسىقىنى تويدۇرغىن!» دەپ دۇئا قىلدى، ـ دېيىلگەن[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2622)

5425 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ دَخَلَ حَائِطًا فَلْيأْكُلْ وَلَا يَتخِذْ خُبْنَةً.

5425 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«باغقا كىرىپ، مېۋىدىن يېيىشكە بولىدۇ، ئەمما يانچۇققا سېلىپ چىقىپ كېتىشكە بولمايدۇ»[③].

(تىرمىزى: 1287)

5426 - عَنْ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرِو بْنِ الْحَضْرَمِي جَاءَ بِغُلَامٍ لَهُ إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَقَالَ لَهُ اقْطَعْ يَدَ غُلَامِي هَذَا فَإِنهُ سَرَقَ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ مَاذَا سَرَقَ فَقَالَ سَرَقَ مِرْآةً لِامْرَأَتِي ثَمَنُهَا سِتونَ دِرْهَمًا فَقَالَ عُمَرُ أَرْسِلْهُ فَلَيْسَ عَلَيْهِ قَطْعٌ خَادِمُكُمْ سَرَقَ مَتَاعَكُمْ.

5426 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ھەزرەمى بىر قۇلىنى ئېلىپ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

ــ بۇنىڭ قولىنى كەس! چۈنكى بۇ ئوغرىلىق قىلدى، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن:

ــ نېمە ئوغرىلىدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

[①] ئەلبانى (220): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (564): زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (1034): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئايالىمنىڭ 60 تەڭگىلىك بىر ئەينىكىنى ئوغرىلىۋالدى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنى قويىۋېتىڭلار! ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۆزەڭنىڭ خىزمەتچىسى ئۆزەڭنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىۋاپتۇ، ـ دېدى. (مالىك: 1584)

5427 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ جِيءَ بِسَارِقٍ إِلَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ اقْتُلُوهُ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ إِنمَا سَرَقَ فَقَالَ اقْطَعُوهُ قَالَ فَقُطِعَ ثُم جِيءَ بِهِ الثانِيَةَ فَقَالَ اقْتُلُوهُ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ إِنمَا سَرَقَ فَقَالَ اقْطَعُوهُ قَالَ فَقُطِعَ ثُم جِيءَ بِهِ الثالِثَةَ فَقَالَ اقْتُلُوهُ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ إِنمَا سَرَقَ فَقَالَ اقْطَعُوهُ ثُم أُتِيَ بِهِ الرابِعَةَ فَقَالَ اقْتُلُوهُ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ إِنمَا سَرَقَ قَالَ اقْطَعُوهُ فَأُتِيَ بِهِ الْخَامِسَةَ فَقَالَ اقْتُلُوهُ قَالَ جَابِرٌ فَانْطَلَقْنَا بِهِ فَقَتَلْنَاهُ ثُم اجْتَرَرْنَاهُ فَأَلْقَيْنَاهُ فِي بِئْرٍ وَرَمَيْنَا عَلَيْهِ الْحِجَارَةَ.

5427 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بىر ئوغرى ئېلىپ كېلىنگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۆلتۈرۈڭلار! ـ دېدى. ساھابىلەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ پەقەت ئوغرىلىق قىلىپتۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، (قولىنى) كېسىڭلار! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قولى كېسىلدى. ئۇ ئوغرى يەنە ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ــ ئۆلتۈرۈڭلار! ـ دېدى. ساھابىلەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ پەقەت ئوغرىلىق قىلىپتۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، (پۇتىنى) كېسىڭلار! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ پۇتى كېسىلدى. ئۈچىنچى قېتىم يەنە ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ــ ئۆلتۈرۈڭلار! ـ دېدى. ساھابىلەرمۇ يەنە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ پەقەت ئوغرىلىق قىلىپتۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، (قولىنى) كېسىڭلار! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ (يەنە بىر) قولى كېسىلدى. تۆتىنچى قېتىم يەنە كەلتۈرۈلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ـ ئۆلتۈرۈڭلار! ـ دېدى. ساھابىلەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ پەقەت ئوغرىلىق قىلغانىكەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، (پۇتىنى) كېسىڭلار! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ (يەنە بىر) پۇتى كېسىلدى. ئوغرى بەشىنچى قېتىم يەنە كەلتۈرۈلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ــ ئۆلتۈرۈڭلار! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇ ئوغرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈردۇق، ئاندىن ئۇنى سۆرەپ ئاپىرىپ بىر قۇدۇققا تاشلىدۇق ۋە ئۈستىگە تاش تاشلاپ كۆمۈۋەتتۇق[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4410)

5428 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ الْقَاسِمِ عَنْ أَبِيهِ أَن رَجُلًا مِنْ أَهْلِ الْيَمَنِ أَقْطَعَ الْيَدِ وَالرجْلِ قَدِمَ فَنَزَلَ عَلَى أَبِي بَكْرٍ الصديقِ فَشَكَا إِلَيْهِ أَن عَامِلَ الْيَمَنِ قَدْ ظَلَمَهُ فَكَانَ يُصَلِّ مِنْ اللَّيْلِ فَيَقُولُ أَبُو بَكْرٍ وَأَبِيكَ مَا لَيْلُكَ بِلَيْلِ سَارِقٍ ثُم إِنهُمْ فَقَدُوا عِقْدًا لِأَسْمَاءَ بِنْتِ عُمَيْسٍ امْرَأَةِ أَبِي بَكْرٍ الصديقِ فَجَعَلَ الرجُلُ يَطُوفُ مَعَهُمْ وَيَقُولُ اللهُم عَلَيْكَ بِمَنْ بَيتَ أَهْلَ هَذَا الْبَيْتِ الصالِحِ فَوَجَدُوا الْحُلِيَ عِنْدَ صَائِغٍ زَعَمَ أَن الْأَقْطَعَ جَاءَهُ بِهِ فَاعْتَرَفَ بِهِ الْأَقْطَعُ أَوْ شُهِدَ عَلَيْهِ بِهِ فَأَمَرَ بِهِ أَبُو بَكْرٍ الصديقُ فَقُطِعَتْ يَدُهُ الْيُسْرَى وَقَالَ أَبُو بَكْرٍ وَاللهِ لَدُعَاؤُهُ عَلَى نَفْسِهِ أَشَد عِنْدِي عَلَيْهِ مِنْ سَرِقَتِهِ.

5428 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىم دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر پۇتى ۋە بىر قولى كېسىلگەن يەمەنلىك بىرى مەدىنىگە كېلىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە چۈشتى ۋە ئەبۇ بەكرى

[①] ئەلبانى (3710): ھەسەن، ـ دېگەن.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەمەن ۋالىيسىنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، شىكايەت قىلدى. ئۇنىڭ كېچىسى قوپۇپ ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرگەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— سېنىڭ كېچەڭ ھېچبىر ئوغرىنىڭ كېچىسىگە ئوخشىمايدىكەنغۇ؟ - دېدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، (ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى) ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بىر تال زەنجىرى يوقاپ كەتتى. يەمەنلىك ئادەممۇ ئۇلارغا يوقاپ كەتكەن زەنجىرنى ئىزدىشىپ بەردى. ئۇ ئىزدەۋېتىپ، پات - پات:

— ئى الله! بۇ ياخشى ئائىلىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئوغرىنىڭ جازاسىنى بەرگەيسەن! - دەپ قوياتتى. ئۇلار زەنجىرنى ئىزدەپ بېرىپ، بىر زەرگەرنىڭ يېنىدىن تاپتى. زەرگەر بۇ زەنجىرنى يەمەنلىك چولاقنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. چولاق قىلمىشىنى ئىقرار قىلدى (ياكى باشقىلار ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى). شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ سول قولى كېسىلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ ئۆزىگە بەددۇئا قىلىشىنى ئوغرىلىق قىلىشىدىنمۇ بەكرەك ھار ئالدىم، - دېدى.

(مالىك: 1581)

5429 - عَنْ يَحْيَى بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ حَاطِبٍ أَن رَقِيقًا لِحَاطِبٍ سَرَقُوا نَاقَةً لِرَجُلٍ مِنْ مُزَيْنَةَ فَانْتَحَرُوهَا فَرُفِعَ ذَلِكَ إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَأَمَرَ عُمَرُ كَثِيرَ بْنَ الصلْتِ أَنْ يَقْطَعَ أَيْدِيَهُمْ ثُم قَالَ عُمَرُ أَرَاكَ تُجِيعُهُمْ ثُم قَالَ عُمَرُ وَاللهِ لَأُغَرمَنكَ غُرْمًا يَشُق عَلَيْكَ ثُم قَالَ لِلْمُزَنِي كَمْ ثَمَنُ نَاقَتِكَ فَقَالَ الْمُزَنِي قَدْ كُنْتُ وَاللهِ أَمْنَعُهَا مِنْ أَرْبَعِ مِائَةِ دِرْهَمٍ فَقَالَ عُمَرُ أَعْطِهِ ثَمَانَ مِائَةِ دِرْهَمٍ.

5429 - يەھيا ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ھاتىب مۇنداق دەيدۇ: (چوڭ دادام) ھاتىبنىڭ قۇللىرى مۇزەينە قەبىلىسىلىك بىرىنىڭ بىر تۇياق تۆگىسىنى ئوغرىلاپ كېلىپ (سويۇپ) يېدى. بۇ ۋەقە ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا يەتكۈزۈلگەندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەسىر ئىبنى

سەلت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇلارنىڭ قوللىرىنى كېسىشكە بۇيرىدى. ئارقىدىنلا ھاتىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ قارىغاندا، سەن ئۇلارنى ئاچ قويىدىغاندەك قىلىسەن. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭ ئۈچۈن سېنى ئېغىر جازالايمەن، ـ دېدى. ئاندىن مۇزەيىنە قەبىلىسىلىك كىشىدىن:

ـ تۆگەڭ قانچە پۇللۇق تۆگە ئىدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـــ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇ تۆگىنى 400 تەڭگىگە ساتمىغانىدىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاتىبقا:

ـ ئۇنداقتا، سەن بۇ كىشىگە 800 تەڭگە بەرگىن! ـ دېدى.

(مالىك: 1468)

5430 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدًا لِعَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ سَرَقَ وَهُوَ آبِقٌ فَأَرْسَلَ بِهِ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ إِلَى سَعِيدِ بْنِ الْعَاصِ وَهُوَ أَمِيرُ الْمَدِينَةِ لِيَقْطَعَ يَدَهُ فَأَبَى سَعِيدٌ أَنْ يَقْطَعَ يَدَهُ وَقَالَ لَا تُقْطَعُ يَدُ الْآبِقِ السارِقِ إِذَا سَرَقَ فَقَالَ لَهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ فِي أَيِ كِتَابِ اللهِ وَجَدْتَ هَذَا ثُم أَمَرَ بِهِ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ فَقُطِعَتْ يَدُهُ.

5430 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بىر قاچقۇن قۇلى ئوغرىلىق قىلغانىدى، ئىبنى ئۆمەر (ئۇنى تۇتۇۋېلىپ) قولىنى كېسىش ئۈچۈن، مەدىنىنىڭ ۋالىيسى سەئىد ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئەمما سەئىد ئىبنى ئاس:

ـ قاچقۇن قۇل ئوغرىلىق قىلسا، قولى كېسىلمەيدۇ، ـ دەپ، ئۇنىڭ قولىنى كەسكىلى ئۇنىمىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ سەن بۇنداق ھۆكۈمنى ئاللاھنىڭ قايسى كىتاۋىدا كۆردۈڭ؟! ـ دېدى ـ دە، ئۇ قۇلنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قولى كېسىلدى.

(مالىك: 1577)

5431 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا سَرَقَ الْعَبْدُ فَبِعْـهُ وَلَوْ بِنَشٍّ.

5431 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئوغرىلىق قىلغان قۇلنى 20 تەڭگىگە بولسىمۇ سېتىۋېتىڭلار!»[①]

(نەسائى: 4980)

5432 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن عَبْدًا مِنْ رَقِيقِ الْخُمُسِ سَرَقَ مِنْ الْخُمُسِ فَرُفِعَ ذَلِكَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يَقْطَعْهُ وَقَالَ مَالُ اللهِ عَز وَجَل سَرَقَ بَعْضُهُ بَعْضًا.

5432 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئولجىنىڭ (دۆلەت خەزىنىسىگە ئايرىلغان) بەشتىن بىر قىسمىدىن بولغان بىر قۇل ئولجىنىڭ (دۆلەت خەزىنىسىگە ئايرىلغان) بەشتىن بىر قىسمى قاتارىدىكى ماللاردىن ئوغرىلىغانىدى، بۇ ۋەقە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلار اللهنىڭ ماللىرى ئىدى، بىرى يەنە بىرىنى ئوغرىلاپتۇ، ـ دېدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىمىدى[②].

(ئىبنى ماجە: 2590)

5433 - عن أَزْهَرُ بْنُ عَبْدِ اللهِ الْحَرَازِي أَن قَوْمًا مِنْ الْكَلَاعِيينَ سُرِقَ لَهُمْ مَتَـاعٌ فَاتهَمُوا أُنَاسًا مِنْ الْحَاكَةِ فَأَتَوْا النعْمَانَ بْنَ بَشِيرٍ صَاحِبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ فَحَبَسَهُمْ أَيامًا ثُم خَلى سَبِيلَهُمْ فَأَتَوْا النعْمَانَ فَقَالُوا خَليْتَ سَبِيلَهُمْ بِغَيْرِ ضَرْبٍ وَلَا امْتِحَانٍ فَقَالَ النعْمَانُ مَا شِئْتُمْ إِنْ شِئْتُمْ أَنْ أَضْرِبَهُمْ فَإِنْ خَرَجَ مَتَاعُكُمْ فَذَاكَ وَإِلا أَخَـذْتُ مِـنْ

---

[①] ئەلبانى (371): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (564): زەئىپ، ـ دېگەن

ظُهُورِكُمْ مِثْلَ مَا أَخَذْتُ مِنْ ظُهُورِهِمْ فَقَالُوا هَذَا حُكْمُكَ فَقَالَ هَذَا حُكْمُ اللهِ وَحُكْمُ رَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5433 ـ ئەزھەر ئىبنى ئابدۇللاھ ھەرازىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: كەلائى قەبىلىسىدىن بىر توپ كىشىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى ئوغرىلىنىپ كەتكەندى، ئۇلار توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قانچە كىشىدىن گۇمانلاندى ۋە نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئېيتتى. نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توقۇمىچىلارنى بىر قانچە كۈن سولاپ قويۇپ، كېيىن قويۇپ بەردى. ئۇلار نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ سەن ئۇلارنى ئۇرۇپ ـ قىيناپ باقماستىنلا قويۇپ بېرىپسەن، ـ دېيىشتى. نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ سىلەرچە نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ خالىساڭلار، مەن ئۇلارنى ئۇرۇپ ـ قىيناي. ئەگەر سىلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلار ئۇلاردىن چىقسا چىقتى، چىقماي قالسا، ئۇلارنى قانچىلىك ئۇرغان بولسام، سىلەرنىمۇ شۇنچىلىك ئۇرۇشۇم كېرەك، ـ دېدى. ئۇلار:

ــ بۇ سېنىڭ ھۆكمىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بۇ الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمى، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4328)

5434 - عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا أَبَا ذَر قُلْتُ لَبيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ وَسَعْدَيْكَ فَقَالَ كَيْفَ أَنتَ إِذَا أَصَابَ الناسَ مَوْتٌ يَكُونُ الْبَيْتُ فِيهِ بِالْوَصِيفِ يَعْنِي الْقَبْرَ قُلْتُ اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ أَوْ مَا خَارَ اللهُ وَرَسُولُهُ قَالَ عَلَيْكَ بِالصبْرِ أَوْ قَالَ تَصْبِرُ قَالَ أَبو دَاوُد قَالَ حَمادُ بْنُ أَبِي سُلَيْمَانَ يُقْطَعُ النباشُ لِأَنهُ دَخَلَ عَلَى الْمَيتِ بَيْتَهُ.

[①] ئەلبانى (3683): ھەسەن، ـ دېگەن.

5434 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى:

ـ ئەي ئەبۇ زەر! ـ دەپ چاقىردى. مەن:

ـ پەرمانبەردارمەن، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن:

ـ ئۆلۈم ئاپىتى كۆپ بولۇپ كېتىپ، ھەتتا مېيىتنى قويىدىغان بىر ئۆي (يەنى قەبرە) بىر قۇلنىڭ قىممىتىگە سېتىلغۇدەك دەرىجىگە يېتىدىغان زاماندا، سېنىڭ ئەھۋالىڭ قانداق بولۇپ كېتەر؟ ـ دېگەنىدى، مەن:

ـ الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلى بىلەر (ياكى الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭ ئىختىيار قىلغىنى بولار)، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەنە شۇ ۋاقىتتا بەكمۇ سەۋرچان بولغىن! ـ دېدى.

ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ھەمماد ئىبنى ئەبۇ سۇلەيمان دېگەن زات: ”كېپەن ئوغرىسىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، چۈنكى ئۇ مېيىتنىڭ ئۆيىگە كىرگەن بولىدۇ“ دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4409)

5435 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يُغَرمُ صَاحِبُ سَرِقَةٍ إِذَا أُقِيمَ عَلَيْهِ الْحَد.

5435 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئوغرىغا ئوغرىلىقنىڭ جازاسى ئىجرا قىلىنغان بولسا، ئوغرىلانغان نەرسە تۆلىتىلمەيدۇ»[2].

(نەسائى: 4984)

[1] ئەلبانى (3709): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (374): زەئىپ، ـ دېگەن.

5436 - عن أُسَيْدُ بْنُ حُضَيْرِ بْنِ سِمَاكٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَضَى أَنهُ إِذَا وَجَدَهَا فِي يَدِ الرجُلِ غَيْرِ الْمُتهَمِ فَإِنْ شَاءَ أَخَذَهَا بِمَا اشْتَرَاهَا وَإِنْ شَاءَ اتبَعَ سَارِقَهُ وَقَضَى بِذَلِكَ أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ.

5436 ـ ئۇسەيد ئىبنى هۇزەير ئىبنى سىماك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر نەرسىسىنى ئوغرىلىتىپ قويغان كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇزى گۇمان قىلغان كىشىدىن باشقا بىرىنىڭ قولىدا كۆرسە، يا ئۇنى سېتىۋالغان كىشىدىن ئۇزى پۇل بېرىپ سېتىۋالسۇن ياكى (ئۇزى گۇمان قىلغان) ئوغرىغا تۆلەتكۈزسۇن!» دەپ هۆكۈم قىلغان. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ شۇنداق هۆكۈم قىلغان[1].

(نەسائى: 4679)

5437 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ مُحَيْرِيزٍ قَالَ سَأَلْتُ فَضَالَةَ بْنَ عُبَيْدٍ عَنْ تَعْلِيقِ الْيَدِ فِي عُنُقِ السارِقِ أَمِنْ السنةِ هُوَ قَالَ أُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِسَارِقٍ فَقُطِعَتْ يَدُهُ ثُم أَمَرَ بِهَا فَعُلقَتْ فِي عُنُقِهِ.

5437 ـ ئابدۇراهمان ئىبنى مۇھەيرىز مۇنداق دەيدۇ: مەن فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ ئوغرىنىڭ قولىنى (كېسىپ بولغاندىن كېيىن) بويىنىغا ئېسىپ قويۇش سۈننەتمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بىر ئوغرى ئېلىپ كېلىنگەنىدى، قولىنى كېسىپ، بويىنىغا ئېسىپ قويۇشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قولى بويىنىغا ئېسىلدى.ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(تىرمىزى: 1447)

[1] ئەلبانى (4364): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (240): زەئىپ، ـ دېگەن.

5438 - عن بُسْرَ بْنَ أَبِي أَرْطَاةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يَقُولُ لَا تُقْطَعُ الْأَيْدِي فِي السفَرِ.

5438 ـ بۇسرى ئىبنى ئەرتا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«سەپەردە (ئوغرىلىقنىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) قول كېسىشكە بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

5439 - عَنْ الشعْبِي فِي رَجُلَيْنِ شَهِدَا عَلَى رَجُلٍ أَنهُ سَرَقَ فَقَطَعَهُ عَلِي ثُم جَاءَا بِآخَرَ وَقَالَا أَخْطَأْنَا فَأَبْطَلَ شَهَادَتَهُمَا وَأُخِذَا بِدِيَةِ الْأَولِ وَقَالَ لَوْ عَلِمْتُ أَنكُمَا تَعَمدْتُمَا لَقَطَعْتُكُمَا.

5439 ـ شەئبى مۇنداق دەيدۇ: ئىككى كىشى بىر ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ قولىنى كەستى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى باشقا بىر ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ:

ــ (ئەسلى ئوغرى بۇ ئىدى) بىز ئالدىنقى ئادەمنى ئوغرى دەپ خاتالىشىپتىمىز، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ئۇلاردىن قولى خاتا كېسىلگەن كىشىنىڭ دىيىتىنى تۆلىتىپ ئالغاندىن كېيىن:

ــ بۇ ئىشنى قەستەن قىلغانلىقىڭلارنى بىلسەم (يەنى شۇنداق دەپ قارىغان بولسام)، قولۇڭلارنى كېسەتتىم، ـ دېدى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (4610): سەھىھ ـ دېگەن.

## هاراق ئىچىشنىڭ جازاسى

5440 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضَرَبَ فِي الْخَمْرِ بِالْجَرِيدِ وَالنعَالِ وَجَلَدَ أَبُو بَكْرٍ أَرْبَعِينَ.

5440 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم هاراق ئىچكەنلەرنى خورما شاخلىرى ۋە ئاياقلىرى بىلەن ئۇرغان. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 40 دەررە ئۇرغان.

(بۇخارى: 6773)

5441 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُتِيَ بِرَجُلٍ قَدْ شَرِبَ الْخَمْرَ فَجَلَدَهُ بِجَرِيدَتَيْنِ نَحْوَ أَرْبَعِينَ قَالَ وَفَعَلَهُ أَبُو بَكْرٍ فَلَما كَانَ عُمَرُ اسْتَشَارَ الناسَ فَقَالَ عَبْدُ الرحْمَنِ أَخَف الْحُدُودِ ثَمَانِينَ فَأَمَرَ بِهِ عُمَرُ.

5441 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا هاراق ئىچكەن بىرى ئېلىپ كېلىنگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككى تال خورما شېخى بىلەن 40 دەررە ئۇردى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە شۇنداق قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندا، باشقىلاردىن بۇ ھەقتە مەسلىھەت سورىغانىدى، ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ قۇرئاندا بەلگىلەنگەن ئەڭ يېنىك جازا 80 دەررە ئۇرۇشتۇر، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ هاراق ئىچكەن ئادەمنى 80 دەررە ئۇرۇشقا بۇيرىدى.

(مۇسلىم: 1706)

5442 - عَنْ ثَوْرِ بْنِ زَيْدٍ الديلي أن عُمَرَ بْنَ الْخَطاب اسْتَشَارَ فِي الْخَمْرِ يَشْـرَبُهَا الرجُلُ فَقَالَ لَهُ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ نَرَى أَنْ تَجْلِدَهُ ثَمَانِينَ فَإِنهُ إِذَا شَرِبَ سَكِرَ وَإِذَا سَكِرَ هَذَى وَإِذَا هَذَى افْتَرَى أَوْ كَمَا قَالَ فَجَلَدَ عُمَرُ فِي الْخَمْرِ ثَمَانِينَ.

5442 ـ سەۋر ئىبنى زەيد دىيلى مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاراق ئىچىشنىڭ جازاسى توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغانىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ 80 دەررە ئۇرساڭ بولىدۇ دەپ قارايمىز. چۈنكى ئۇ ھاراق ئىچسە، مەست بولىدۇ. مەست بولسا، ئالا ـ تاغىل جۆيلۈپ، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاراق ئىچكەنلەرنى 80 دەررە ئۇرۇشقا بۇيرىدى.

(مالىك: 1588)

5443 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ الْأَزْهَرِ عَنْ أَبِيهِ قَالَ أُتِيَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِشَارِبٍ وَهُوَ بِحُنَيْنٍ فَحَثَى فِي وَجْهِهِ الترَابَ ثُم أَمَرَ أَصْحَابَهُ فَضَرَبُوهُ بِنِعَالِهِمْ وَمَا كَانَ فِي أَيْدِيهِمْ حَتى قَالَ لَهُمْ ارْفَعُوا فَرَفَعُوا فَتُوُفيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ ثُم جَلَدَ أَبُو بَكْرٍ فِي الْخَمْرِ أَرْبَعِينَ ثُم جَلَدَ عُمَرُ أَرْبَعِينَ صَدْرًا مِنْ إِمَارَتِهِ ثُم جَلَدَ ثَمَـانِينَ فِي آخِرِ خِلَافَتِهِ ثُم جَلَدَ عُثْمَانُ الْحَدينِ كِلَيْهِمَا ثَمَانِينَ وَأَرْبَعِينَ ثُم أَثْبَتَ مُعَاوِيَـةُ الْحَـد ثَمَانِينَ.

5443 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەزھەر دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەيندىكى چاغدا، يېنىغا ھاراق ئىچكەن بىرى ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يۈزىگە توپا چاچتى، ئاندىن ساھابىلەرنى ئۇنى ئۇرۇشقا بۇيرىدى. ساھابىلەر قوللىرىغا كەش ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئۇنى تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «توختاڭلار!» دېگۈچە ئۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاراق ئىچكەنلەرگە 40 دەررە جازا بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى

دەۋرلىرىدە 40 دەررە جازا بەردى، كېيىن 80 دەررىگە ئۆزگەرتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن، ھەر ئىككى جازانى قوللىنىپ، بەزىدە 40، بەزىدە 80 دەررە ئۇردى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، 80 دەررە قىلىپ بېكىتىلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4488)

5444 - عَنْ مُعَاوِيَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ شَرِبَ الْخَمْرَ فَاجْلِدُوهُ فَإِنْ عَادَ فِي الرابِعَةِ فَاقْتُلُوهُ.

5444 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھاراق ئىچكەنلەرگە دەررە ئۇرۇڭلار، (ئۈچ قېتىم دەررە ئۇرۇلغاندىن كېيىن) تۆتىنچى قېتىم يەنە ئىچسە، ئۆلتۈرۈڭلار!»[2].

(تىرمىزى: 1444)

5445 - عَنْ قَبِيصَةَ بْنِ ذُؤَيْبٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ شَرِبَ الْخَمْرَ فَاجْلِدُوهُ فَإِنْ عَادَ فَاجْلِدُوهُ فَإِنْ عَادَ فِي الثالِثَةِ أَوْ الرابِعَةِ فَاقْتُلُوهُ فَأُتِيَ بِرَجُلٍ قَدْ شَرِبَ فَجَلَدَهُ ثُم أُتِيَ بِهِ فَجَلَدَهُ ثُم أُتِيَ بِهِ فَجَلَدَهُ ثُم أُتِيَ بِهِ فَجَلَدَهُ وَرَفَعَ الْقَتْلَ وَكَانَتْ رُخْصَةً.

5445 ـ قەبىسە ئىبنى زۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھاراق ئىچكەنلەرگە دەررە ئۇرۇڭلار. يەنە ئىچسە، يەنە ئۇرۇڭلار. ئۈچ (ياكى تۆت) قېتىم دەررە ئۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە ئىچسە، ئۆلتۈرۈڭلار!» كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھاراق ئىچكەن بىرى ئېلىپ كېلىنگەندى، ئۇنىڭغا دەررە ئۇردى. ئۇ ئادەم ئۈچ ـ تۆت قېتىم مەست ھالدا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆتىنچى قېتىمدىمۇ دەررە ئۇرۇپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلمىدى. شۇنىڭ

[1] ئەلبانى (3767): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1169): سەھىھ ـ دېگەن.

بىلەن، تۆتىنچى قېتىمدىمۇ ئۆلتۈرمەسلىك سۈننەتكە ئايلىنىپ قالدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4458)

5446 - عَنْ السائِبِ بْنِ يَزِيدَ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ خَرَجَ عَلَيْهِمْ فَقَالَ إني وَجَدْتُ مِنْ فُلَانٍ رِيحَ شَرَابٍ فَزَعَمَ أنهُ شَرَابُ الطلَاءِ وَأنا سَائِلٌ عَما شَرِبَ فَإنْ كَانَ يُسْكِرُ جَلَدْتُهُ فَجَلَدَهُ عُمَرُ الْحَدَ تَاما.

5446 ـ سائىب ئىبنى يەزىد مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە:

ــــ مەن پالانىدىن ھاراقنىڭ ھىدىنى ئالدىم. لېكىن ئۇ ئېچىتىلمىغان، بەلكى كۆپ قاينىتىپ تەييارلانغان بىر خىل ئىچىملىك ئىچكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن سىلەردىن بۇ ئىچىملىكنىڭ مەست قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى سورىماقچىمەن. ئەگەر مەست قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا دەررە ئۇرىمەن، ـ دېدى ۋە (ئۇنىڭ مەست قىلىدىغان ئىچىملىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭغا ھاراق ئىچىشنىڭ جازاسىنى تولۇق ئىجرا قىلدى.

(مالىك: 1578)

5447 - عَنْ عُتْبَةَ بْنِ فَرْقَدٍ قَالَ كَانَ النبِيذُ الذِي يَشْرَبُهُ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ قَدْ خُللَ وَمِما يَدُل عَلَى صِحةِ هَذَا حَدِيثُ السائِبِ.

5447 ـ ئۇتبە ئىبنى فەرقەد مۇنداق دېگەن: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىچىدىغان شەربەت (مەست قىلىش كۈچىنى يوقىتىش ئۈچۈن) سىركىگە ئايلاندۇرۇلغانىدى[2].

(نەسائى: 5707)

5448 - عن حُضَيْنُ بْنُ الْمُنْذِرِ أَبو سَاسَانَ قَالَ شَهِدْتُ عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ وَأُتِيَ بِالْوَلِيدِ قَدْ صَلى الصبْحَ رَكْعَتَيْنِ ثُم قَالَ أَزِيدُكُمْ فَشَهِدَ عَلَيْهِ رَجُلَانِ أَحَدُهُمَا حُمْرَانُ أَنهُ شَرِبَ الْخَمْرَ وَشَهِدَ آخَرُ أَنهُ رَآهُ

[1] ئەلبانى (968): زەئىپ ۋە مۇرسەل، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (5265): سەھىھ ـ دېگەن.

يَتقيأُ فَقَالَ عُثْمَانُ إِنهُ لَمْ يَتقيأُ حَتى شَرِبَها فَقَالَ يَا عَلِي قُمْ فَاجْلِدْهُ فَقَالَ عَلِي قُمْ يَا حَسَنُ فَاجْلِدْهُ فَقَالَ الْحَسَنُ وَل حَارهَا مَنْ تَولى قَارهَا فَكَأنهُ وَجَدَ عَلَيْهِ فَقَالَ يَا عَبْدَ اللهِ بْنَ جَعْفَرٍ قُمْ فَاجْلِدْهُ فَجَلَدَهُ وَعَلِي يَعُد حَتى بَلَغَ أَرْبَعِينَ فَقَالَ أَمْسِكْ ثُم قَالَ جَلَدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْبَعِينَ وَجَلَدَ أَبو بَكْرٍ أَرْبَعِينَ وَعُمَرُ ثَمَانِينَ وَكُل سُنةٌ وَهَذَا أَحَب إِلَي.

5448 ـ ھۇزەيىن ئىبنى مۇنزىر ئەبۇ ساسان مۇنداق دەيدۇ: ۋەلىد جامائەتكە ئىمام بولۇپ، بامدات نامىزىنى ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بېرىپ بولۇپ (مەستلىكتىن):

ـ يەنە قوشۇپ ئوقۇيمۇ؟ ـ دېدى. جامائەت ئۇنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇ چاغدا ھەزرىتى ئوسماننىڭ ھۇزۇرىدا ئىدىم. بىرەيلەن ۋەلىدنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىگە، يەنە بىرى ئۇنىڭ ھاراق قۇسقانلىقىغا گۇۋاھلىق بەردى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ھاراق ئىچمىگەن بولسا، ھاراق قۇسمايتتى، ـ دېدى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇنىڭغا دەررە ئۇرۇشقا بۇيرىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئەي ھەسەن! قوپ، ئۇنىڭغا دەررە ئۇر! ــ دېگەنىدى، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ دۆلەتنىڭ راھىتىنى كۆرگەن كىشى، ئۇنىڭ جاپاسىنىمۇ تارتىپ باقسۇن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئوغلى) ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەنجىپ:

ــ ئەي ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر! قوپ، سەن دەررە ئۇر! ــ دېدى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېرىپ، دەررە ئۇردى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساناپ تۇردى. قىرىققا يەتكەندە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ توختا! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 40 دەررە ئۇرۇشقا بۇيرىغان، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق قىلغان. كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 40 دەررە ئۇردى. (بۇلارنىڭ) ھەممىسى سۈننەت، ئەمما مەن 40 دەررە ئۇرۇش تەرەپدارىمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1707)

5449 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَقِتْ فِي الْخَمْرِ حَدا وَقَالَ ابْنُ عَباسٍ شَرِبَ رَجُلٌ فَسَكِرَ فَلُقِيَ يَمِيلُ فِي الْفَج فَانْطُلِقَ بِهِ إلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما حَاذَى بِدَارِ الْعَباسِ انْفَلَتَ فَدَخَلَ عَلَى الْعَباسِ فَالْتَزَمَهُ فَذُكِرَ ذَلِكَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَضَحِكَ وَقَالَ أَفَعَلَهَا وَلَمْ يَأْمُرْ فِيهِ بِشَيْءٍ.

5449 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم هاراق ئىچكەنلەرگە قارىتا مۇئەييەن بىر جازا بېكىتمىگەن. بىرەيلەن مەست بولۇپ قېلىپ، كوچىلاردا دەلدەڭشىپ يۈرەتتى. باشقىلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ ماڭدى. (دادام) ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە يېقىن كەلگەندە، مەست ئادەم ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلقىنىپ چىقىپ، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ پۇتىغا چىڭ چاپلىشىپ تۇرۇۋالدى. بۇ ۋەقە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كېتىپ:

ــ شۇنداقمۇ قىلدىمۇ؟! ــ دېدى، ئەمما ئۇنى جازالاش توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4476)

5450 - عن عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ مَا كُنْتُ لِأُقِيمَ حَدا عَلَى أَحَدٍ فَيَمُوتَ فَأَجِدَ فِي نَفْسِي إلا صَاحِبَ الْخَمْرِ فَإِنهُ لَوْ مَاتَ وَدَيْتُهُ وَذَلِكَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَسُنهُ.

5450 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كىمگە ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىپ، شۇ جازا سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، كۆڭلۈمدە ھېچبىر گۇناھ ھېس قىلمايمەن. ئەمما ھاراق ئىچكەن ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىپ، شۇ جازادىن ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، دىيىتىنى تۆلەپ بېرىمەن. چۈنكى

① ئەلبانى (966): زەئىپ، ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (ھاراق ئىچكەن كىشىنى) قانچە دەررە ئۇرۇش (كىرەكلىكى) ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىگەن سۈننىتى يوق.

(بۇخارى: 6778)

5451 - عَنْ ابْنِ شِهَابٍ أَنَّهُ سُئِلَ عَنْ حَدِّ الْعَبْدِ فِي الْخَمْرِ فَقَالَ بَلَغَنِي أَنَّ عَلَيْهِ نِصْفَ حَدِّ الْحُرِّ فِي الْخَمْرِ وَأَنَّ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ وَعُثْمَانَ بْنَ عَفَّانَ وَعَبْدَ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ قَدْ جَلَدُوا عَبِيدَهُمْ نِصْفَ حَدِّ الْحُرِّ فِي الْخَمْرِ.

5451 ـ ئىبنى شىھابتىن ھاراق ئىچكەن قۇلنىڭ جازاسى توغرىسىدا سوئال سورالغانىدى، ئۇ:

ــ ماڭا يېتىشىچە، ئۇنىڭغا ھاراق ئىچكەن ھۆر ئادەمگە ئىجرا قىلىنىدىغان جازانىڭ يېرىمى ئىجرا قىلىنىدىكەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ ھاراق ئىچكەن قۇللىرىغا (ھاراق ئىچكەن) ھۆر ئادەمگە ئىجرا قىلىنىدىغان جازانىڭ يېرىمىنى ئىجرا قىلغانىكەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مالىك: 1589)

5452 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيِّبِ قَالَ غَرَّبَ عُمَرُ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ رَبِيعَةَ بْنَ أُمَيَّةَ فِي الْخَمْرِ إِلَى خَيْبَرَ فَلَحِقَ بِهِرَقْلَ فَتَنَصَّرَ فَقَالَ عُمَرُ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ لَا أُغَرِّبُ بَعْدَهُ مُسْلِمًا.

5452 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەبىئە ئىبنى ئۇمەييە دېگەن كىشىنى ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن خەيبەرگە پالىغانىدى، ئۇ ھىرەقلىنىڭ يېنىغا كېتىپ، خرىستىئان بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بۇنىڭدىن كېيىن، ھېچبىر مۇسۇلماننى پالىمايمەن، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 5676)

---

[1] ئەلبانى (436): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

5453 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ أن رَجُلًا عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ اسْمُهُ عَبْدَ اللهِ وَكَانَ يُلَقبُ حِمَارًا وَكَانَ يُضْحِكُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ جَلَدَهُ فِي الشرَابِ فَأُتِيَ بِهِ يَوْمًا فَأَمَرَ بِهِ فَجُلِدَ فَقَالَ رَجُـلٌ مِنْ الْقَوْمِ اللهُم الْعَنْهُ مَا أَكْثَرَ مَا يُؤْتَى بِهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَلْعَنُوهُ فَوَاللـهِ مَا عَلِمْتُ إنهُ يُحِب اللهَ وَرَسُولَهُ.

5453 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىرى بار بولۇپ، لەقىمى ئېشەك ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۈلدۈرەتتى. بىر كۈنى، ئۇ ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا مەست پېتى ئېلىپ كېلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دەررە جازاسى بەردى. كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا يەنە مەست هالدا ئېلىپ كېلىندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يەنە دەررە ئۇرۇلدى. بۇنى كۆرگەنلەردىن بىرى:

ــ ئى الله! ئۇنىڭغا لەنەت قىلغىن، نېمانچە كۆپ هاراق ئىچىدىغان ئادەم بۇ؟! ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنىڭغا لەنەت ئېيتماڭلار! اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ اللەنى ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6780)

5454 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُتِيَ بِرَجُلٍ قَدْ شَرِبَ فَقَالَ اضْرِبُوهُ قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ فَمِنا الضارِبُ بِيَدِهِ وَالضارِبُ بِنَعْلِهِ وَالضارِبُ بِثَوْبِـهِ فَلَمـا انْصَرَفَ قَالَ بَعْضُ الْقَوْمِ أَخْزَاكَ اللهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَقُولُوا هَكَذَا لَا تُعِينُوا عَلَيْهِ الشيْطَانَ.

وفي رواية... ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَصْحَابِهِ بَكِّتُوهُ فَأَقْبَلُوا عَلَيْهِ يَقُولُونَ مَا اتقَيْتَ اللهَ مَا خَشِيتَ اللهَ وَمَا اسْتَحْيَيْتَ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم أَرْسَلُوهُ وَقَالَ فِي آخِرِهِ وَلَكِنْ قُولُوا اللهُم اغْفِرْ لَهُ اللهُم ارْحَمْهُ.

5454 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ھاراق ئىچكەن بىرى ئېلىپ كېلىنگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇرۇڭلار! ـ دېدى. بەزىلەر قولى بىلەن، بەزىلەر كەشى بىلەن، يەنە بەزىلەر كىيىمى بىلەن ئۇردى. ئۇلار ئۇرۇشتىن توختىغاندىن كېيىن، بەزىلەر:

ـ الله سېنى رەسۋا قىلغاي! ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ ئۇنداق دېمەڭلار! قېرىندىشىڭلارغا قارشى شەيتانغا ياردەم قىلماڭلار، ـ دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: (ئۇنى ئۇرغاندىن كېيىن) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە:

ـ ئۇنىڭغا تاپا ـ تەنە قىلىپ، قىلغان ئىشىغا تويغۇزۇۋېتىڭلار! ـ دېدى. ساھابىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـــ اللهتىن قورقمىدىڭمۇ؟ اللهتىن ئەيمەنمىدىڭمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھايا قىلمىدىڭمۇ؟ ـ دەپ مالامەت قىلىشتى، ئاندىن ئۇنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، بەزىلەر:

ـــ الله سېنى رەسۋا قىلغاي! ـــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇنداق دېمەڭلار! قېرىندىشىڭلارغا قارشى شەيتانغا ياردەم قىلماڭلار، بەلكى: ”ئى الله! ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن“ دەڭلار! ـ دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4477)

[1] ئەلبانى (3758): سەھىھ ـ دېگەن.

5455 - عن النعمان بن بشير قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من جلـد حدا في غير حد فهو من المعتدين.

5455 ـ نۇئمــان ئىبنــى بەشــىر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جازاغا ھەقلىق بولمىغان كىشىگە دەررە ئۇرغان ھەرقانداق ئادەم تاجاۋۇزچى ھېسابلىنىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (10692): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇھەممەد ۋە ۋەلىد قاتارلىق ئىككى راۋىينىڭ كىملىكىنى بىلمىدىم، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

# يېمەكلىكلەر بۆلۈمى

## تاماق پىشۇرۇش ۋە يېيىش ئەسۋاپلىرى، تاماق يېيىشنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى

5456 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ لَمْ يَأْكُلْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى خِوَانٍ حَتى مَاتَ وَمَا أَكَلَ خُبْزًا مُرَققًا حَتى مَاتَ.

5456 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۈتۈن ھاياتى بويىچە ئۈستەلدە تاماق يەپ باقمىغان، شۇنداقلا پۈتۈن ھاياتى بويىچە كاكچا يەپ باقمىغان.

(بۇخارى: 6450)

5457 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ مَا عَلِمْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَكَلَ عَلَى سُكُرجَةٍ قَط وَلَا خُبِزَ لَهُ مُرَققٌ قَط وَلَا أَكَلَ عَلَى خِوَانٍ قَط قِيلَ لِقَتَادَةَ فَعَلَامَ كَانُوا يَأْكُلُونَ قَالَ عَلَى السفَرِ.

5457 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىدا تەخسىدە تاماق يەپ باققانلىقى، كاكچا يەپ باققانلىقى ۋەياكى ئۈستەلدە تاماق يەپ باققانلىقىنى بىلمەيمەن. قەتادە (راۋى) دىن:

- ئۇنداقتا، تاماقنى نېمىدە يەيتتى؟ - دەپ سورالغاندى. ئۇ:
- داستىخاندا يەيتتى، - دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 3586)

5458 - عَنْ أَبِي حَازِمٍ قَالَ سَأَلْتُ سَهْلَ بْنَ سَعْدٍ فَقُلْتُ هَلْ أَكَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ النقِي فَقَالَ سَهْلٌ مَا رَأَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ النقِي مِنْ حِينَ ابْتَعَثَهُ اللهُ حَتى قَبَضَهُ اللهُ قَالَ فَقُلْتُ هَلْ كَانَتْ لَكُمْ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنَاخِلُ قَالَ مَا رَأَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُنْخُلًا مِنْ حِينَ ابْتَعَثَهُ اللهُ حَتى قَبَضَهُ اللهُ قَالَ قُلْتُ كَيْفَ كُنْتُمْ تَأْكُلُونَ الشعِيرَ غَيْرَ مَنْخُولٍ قَالَ كُنا نَطْحَنُهُ وَنَنْفُخُهُ فَيَطِيرُ مَا طَارَ وَمَا بَقِيَ ثَرَّيْنَاهُ فَأَكَلْنَاهُ.

5458 ـ ئەبۇ ھازىم مۇنداق دەيدۇ: مەن سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (كېپەكى ئايرىۋېتىلگەن) ئاق ئۇننىڭ نېنىنى يەپ باققانمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر بولغان ۋاقىتتىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر (كېپەكى ئايرىۋېتىلگەن) ئاق ئۇننىڭ نېنىنى كۆرۈپ باقمىغان، ـ دېدى. مەن:

— سىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئەلگەك ئىشلىتەمتىڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر بولغان ۋاقىتتىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئەلگەك كۆرۈپ باقمىغان، ـ دېدى. مەن:

— ئۇنداقتا، تاسقالمىغان ئارپىنى قانداق يەيتتىڭلار؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ بىز ئارپىنى ئېزىپ پۈۋلەيتتۇق، ئۇچقىدەكلىرى ئۇچۇپ، قالغىنى قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، قالغىنىنى نەمدەپ يەيتتۇق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5413)

5459 - عَنْ أُم أَيْمَنَ أَنهَا غَرْبَلَتْ دَقِيقًا فَصَنَعَتْهُ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَغِيفًا فَقَالَ مَا هَذَا قَالَتْ طَعَامٌ نَصْنَعُهُ بِأَرْضِنَا فَأَحْبَبْتُ أَنْ أَصْنَعَ مِنْهُ لَكَ رَغِيفًا فَقَالَ رُديهِ فِيهِ ثُم

اعْجِنِيهِ.

5459ـ ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نان يېقىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇننى تاسقاۋاتسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ نېمە ئىش؟ ـ دېدى. مەن:

ـ بىز يۇرتىمىزدا تاماقنى مۇشۇنداق ئېتىمىز. شۇڭا ساڭىمۇ ناننى مۇشۇ ئۇسۇلدا يېقىپ بېرەي دېگەنىدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇننى كېپىكى بىلەن ئارىلاشتۇر، ئاندىن خېمىرنى شۇ ئۇندا يۇغۇرغىن! ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 3336)

5460 - عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ كُنا إِذَا حَضَرْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طَعَامًا لَمْ يَضَعْ أَحَدُنَا يَدَهُ حَتى يَبْدَأَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِنا حَضَرْنَا مَعَهُ طَعَامًا فَجَاءَ أَعْرَابِي كَأَنمَا يُدْفَعُ فَذَهَبَ لِيَضَعَ يَدَهُ فِي الطعَامِ فَأَخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدِهِ ثُم جَاءَتْ جَارِيَةٌ كَأَنمَا تُدْفَعُ فَذَهَبَتْ لِتَضَعَ يَدَهَا فِي الطعَامِ فَأَخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدِهَا وَقَالَ إِن الشيْطَانَ لَيَسْتَحِل الطعَامَ الذِي لَمْ يُذْكَرْ اسْمُ اللهِ عَلَيْهِ وَإِنهُ جَاءَ بِهَذَا الْأَعْرَابِي يَسْتَحِل بِهِ فَأَخَذْتُ بِيَدِهِ وَجَاءَ بِهَذِهِ الْجَارِيَةِ يَسْتَحِل بِهَا فَأَخَذْتُ بِيَدِهَا فَوَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِن يَدَهُ لَفِي يَدِي مَعَ أَيْدِيهِمَا.

5460 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تاماق يېسەك، تاماقتا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قول ئۇزاتمىغۇچە بىز قول ئۇزاتمايتتۇق. بىر قېتىم بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تاماق يەيلى دەپ تۇرساق، بىر سەھرالىق ئارقىسىدىن بىرسى ئىتتىرىگەندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ، تاماققا قولىنى ئۇزاتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئاندىن بىر كىچىك قىز

[1] ئەلبانى (2696): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

ئارقىسىدىن بىرسى ئىتتىرگەندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ تاماققا قولىنى ئۇزاتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭمۇ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئاندىن:

ـــ تاماق يېگەندە: ”بىسمىللاھ“ دەپ باشلىمىغان كىشىنىڭ تامىقىنى شەيتان خالىغانچە يېيەلەيدۇ. شەيتان بۇ تاماقتىن يېيىش ئۈچۈن، (”بىسمىللا“ دېمەستىن تاماققا قول ئۇزاتقان) بۇ سەھرالىقنى يۈگۈرتۈپ ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم. ئاندىن بۇ قىزنى ئېلىپ كەلدى، مەن ئۇنىڭ قولىنىمۇ تۇتۇۋالدىم. جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، شەيتاننىڭ قولى ھازىر بۇ ئىككىسىنىڭ قولى بىلەن بىرگە مېنىڭ قولۇمدا، ـ دېدى. ①

(ئەبۇ داۋۇد: 3766)

5461 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا أَكَلَ أَحَدُكُمْ فَلْيَذْكُرْ اسْمَ اللهِ تَعَالَى فَإِنْ نَسِيَ أَنْ يَذْكُرَ اسْمَ اللهِ تَعَالَى فِي أَولِهِ فَلْيَقُلْ بِسْمِ اللهِ أَولَهُ وَآخِرَهُ.

5461 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار تاماق يېمەكچى بولسا، ”بىسمىللاھ“ دەپ باشلىسۇن! ناۋادا بېشىدا ”بىسمىللاھ“ دېيىشنى ئۇنتۇغان بولسا، ئېسىگە كەلگەندە ”بِسْمِ اللهِ أَولَهُ وَآخِرَهُ (يەنى بېشىدىمۇ ۋە ئاخىرىدىمۇ بىسمىللاھ)“ دەۋەتسۇن!»②

(ئەبۇ داۋۇد: 3767)

5462 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْكُلُ طَعَامًا فِي سِتةٍ

① ئەلبانى (3201): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (3202): سەھىھ ـ دېگەن.

مِنْ أَصْحَابِهِ فَجَاءَ أَعْرَابِي فَأَكَلَهُ بِلُقْمَتَيْنِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَا إِنهُ لَوْ سَمى لَكَفَاكُمْ.

5462 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن ئالتە كىشى بىلەن بىللە تاماق يەۋاتاتتى، بىر سەھرالىق كېلىپ، ئاغزىغا ئىككى كاپام سېلىپلا تاماقنى تۈگىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«بۇ، ”بىسمىللاھ“ دەپ باشلىغان بولسا، بۇ تاماققا ھەممىڭلار تويغان بولاتتىڭلار» دېدى[1].

(تىرمىزى: 1758)

5463 - عَنْ وَحْشِيِّ بْنِ حَرْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ أَن أَصْحَابَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ إِنا نَأْكُلُ وَلَا نَشْبَعُ قَالَ فَلَعَلكُمْ تَفْتَرِقُونَ قَالُوا نَعَمْ قَالَ فَاجْتَمِعُوا عَلَى طَعَامِكُمْ وَاذْكُرُوا اسْمَ اللهِ عَلَيْهِ يُبَارَكْ لَكُمْ فِيهِ.

5463 ـ ۋەھشىي ئىبنى ھەرب دادىسىدىن بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلار:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز تاماق يەيمىز. يۇ، لېكىن تويمايمىز، ـ دېۋىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ قارىغاندا، سىلەر تاماقنى ئايرىم ـ ئايرىم ئولتۇرۇپ يەيدىغان ئوخشايسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ھەئە، شۇنداق قىلىمىز، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بىر يەرگە جەم بولۇپ، تاماقنى بىرلىكتە يەڭلار! تاماقنى يېگەندە، ”بىسمىللاھ“ دەپ باشلاڭلار! شۇنداق قىلساڭلار، الله تامىقىڭلارغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، ـ دېدى[2].

[1] ئەلبانى (1514): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3199): ھەسەن، ـ دېگەن.

(ئەبۇ داۋۇد: 3764)

5464 - عَنْ أُمية ْبن مَخْشِي وَكَانَ مَنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسًا وَرَجُلٌ يَأْكُلُ فَلَمْ يُسَم حَتى لَمْ يَبْقَ مِنْ طَعَامِهِ إِلا لُقْمَةٌ فَلَما رَفَعَهَا إِلَى فِيهِ قَالَ بِسْمِ اللهِ أَولَهُ وَآخِرَهُ فَضَحِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَالَ مَا زَالَ الشيْطَانُ يَأْكُلُ مَعَهُ فَلَما ذَكَرَ اسْمَ اللهِ عَز وَجَل اسْتَقَاءَ مَا فِي بَطْنِهِ.

4564 ـ ئۇمەييە ئىبنى مەخشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى ئىدى) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇراتتى، يېنىدىكى بىر كىشى تاماقنى ''بىسمىللاھ'' دېمەيلا يېيىشكە باشلىدى ۋە ئاخىرقى بىر كاپام قالغاندا ''بِسْمِ اللهِ أَولَهُ وَآخِرَهُ'' (يەنى بېشىدىمۇ ۋە ئاخىرىدىمۇ بىسمىللاھ) دەپ ئاغزىغا سالدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ كېتىپ:

ـ شەيتان تاماقنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەۋاتاتتى، ئۇ ''بىسمىللاھ'' دېيىشى بىلەن، شەيتان يېگەن تاماقنى قۇسۇۋەتتى، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3768)

5465 - عَنْ جَابِرِ ْبن عَبْدِ اللهِ أَنهُ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا دَخَلَ الرجُلُ بَيْتَهُ فَذَكَرَ اللهَ عِنْدَ دُخُولِهِ وَعِنْدَ طَعَامِهِ قَالَ الشيْطَانُ لَا مَبِيتَ لَكُمْ وَلَا عَشَاءَ وَإِذَا دَخَلَ فَلَمْ يَذْكُرْ اللهَ عِنْدَ دُخُولِهِ قَالَ الشيْطَانُ أَدْرَكْتُمْ الْمَبِيتَ وَإِذَا لَمْ يَذْكُرْ اللهَ عِنْدَ طَعَامِهِ قَالَ أَدْرَكْتُمْ الْمَبِيتَ وَالْعَشَاءَ.

5465 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بىر كىشى ئۆيىگە كىرگەندە ۋە تاماق يېگەندە ''بىسمىللاھ'' دېسە، شەيتان ھەمراھلىرىغا: ''سىلەرگە بۇ يەردە قونالغۇ جايمۇ، كەچلىك تاماقمۇ يوق بولدى'' دەيدۇ. ئەگەر ئۆيىگە كىرگەندە:

[①] ئەلبانى (806): زەئىپ، ـ دېگەن.

‘‘بىسمىللاھ’’ دېمىسە، شەيتان ھەمراھلىرىغا: ‘‘سىلەرگە بۇ يەردە قونالغۇ ئورۇن بار بولدى’’ دەيدۇ. ئاندىن تاماق يېگەندىمۇ: ‘‘بىسمىللاھ’’ دېمىسە، شەيتان ھەمراھلىرىغا: ‘‘سىلەرگە بۇ يەردە قونالغۇ جايمۇ، كەچلىك تاماقمۇ بار بولدى’’ دەيدۇ».

(مۇسلىم: 2018)

5466 - عن أنس قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إن الرجل ليوضـع طعامه بين يديه، فما يرفع حG يغفر له». فقيل: يا رسول الله، Ŷ ذاكÝ قال: «يقول: بسم الله إذا وضع، واΣمد لله إذا رفع».

5466 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— كىشىنىڭ تاماقى ئالدىدا قويۇلسا، ئۇنى يەپ، داستىخاننى يىغىپ بولغۇچە ئارىلىقتا ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ـ دېۋىدى، ساھابىلەر:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— چۈنكى ئۇ تاماقى ئالدىغا قويۇلغاندا ‘‘بىسم الله’’، يەپ بولغاندا ‘‘ئەلھەمدۇلىللاھ’’ دەيدۇ، ـ دېدى[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

5467 - عَنْ سَلْمَانَ قَالَ قَرَأْتُ فِي التَّوْرَاةِ أَن بَرَكَةَ الطَعَامِ الْوُضُوءُ قَبْلَهُ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ بَرَكَةُ الطَعَامِ الْوُضُوءُ قَبْلَهُ وَالْوُضُوءُ بَعْدَهُ.

5467 ـ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن تەۋراتتا: ‘‘تاماق يېيىشتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىش تاماققا بەرىكەت قاتىدۇ’’ دەپ ئوقۇدۇم. شۇنىڭ بىلەن، بۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە

[①] ھەيسەمى (7903): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەنەسنىڭ ئازادگەردىسى ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. ئۇنىڭدا يەنە ئۇبەيد ئىبنى ئىسھاق ئەتتار ئىسىملىك بىرى بولۇپ، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ـ دېگەن.

دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تاماقتىن بۇرۇن ۋە تاماقتىن كېيىن تاھارەت ئېلىش تاماقتا بەرىكەت قاتىدۇ» دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3761)

5468 - عن أنس بن مالك قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من أحب أن يكثر الله خير بيته فليتوضأ إذا حضر غداؤه وإذا رفع.

5468 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئائىلىسىدە بەرىكەتنىڭ زىيادە بولۇشىنى خالىسا، چۈشلۈك تاماقنى يېيىشتىن بۇرۇن ۋە يەپ بولغاندىن كېيىن تاھارەت ئالسۇن!»[②].

(ئىبنى ماجە: 3260)

5469 - عن ابن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم خرج من الخلاء فقرب إليه طعام فقالوا ألا نأتيك بوضوء قال إنما أمرت بالوضوء إذا قمت إلى الصلاة.

5469 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تاماق كەلتۈرۈلدى، ساھابىلار:

ـــ ساڭا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ كەلتۈرەيلىمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ مەن پەقەت ناماز ئوقۇماقچى بولغاندىلا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلغان، ـ دېدى[③].

(تىرمىزى: 1848)

5470 - عن ابن عباس أن النبي صلى الله عليه وسلم شرب لبنا ثم دعا بماء

[①] ئەلبانى (804): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (702): زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (1506): سەھىھ ـ دېگەن.

فَتَمَضْمَضَ وَقَالَ إِن لَهُ دَسَمًا.

5470 ـ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا مۇنــداق دەيــدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈت ئىچىپ بولۇپ، ئاغزىنى سۇدا چايقىدى ۋە: «سۈتتە ماي بار» دېدى.

(مۇسلىم: 358)

5471 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنهُ سَأَلَهُ عَنْ الْوُضُوءِ مِما مَستْ النارُ فَقَالَ لَا قَدْ كُنا زَمَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا نَجِدُ مِثْلَ ذَلِكَ مِنْ الطعَامِ إِلا قَلِيلًا فَإِذَا نَحْنُ وَجَدْنَاهُ لَمْ يَكُنْ لَنَا مَنَادِيلُ إِلا أَكُفنَا وَسَوَاعِدَنَا وَأَقْدَامَنَا ثُم نُصَلي وَلَا نَتَوَضأُ.

5471 ـ بىر كىشى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئوتتا پىشۇرۇلغان تاماقنى يېگەندىن كېيىن تاھارەت ئېلىش ـ ئالماسلىق ھەققىدە سوئال سورىغانىدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ياق، تاھارەت ئېلىش كەتمەيدۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە ئوتتا پىشۇرۇلغان (ياغلىق، گۆشلىك) تاماق كۆپ بولمىغانلىقتىن بىز ئۇنداق تاماقلارنى ئاندا ـ ساندا ئۇچرىتاتتۇق. ئۇ چاغلاردا قولياغلىق بولمىغانلىقتىن ئۇنداق تاماقلارنى يەپ قالغان چاغلىرىمىزدا، قوللىرىمىزنى بىلەكلىرىمىز ۋە پۇتلىرىمىزغا سۈرتەتتۇق، ئۇندىن كېيىن تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇيتتۇق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5457)

5473 - عَنْ سَالِمٍ عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَأْكُلَن أَحَدٌ مِنْكُمْ بِشِمَالِهِ وَلَا يَشْرَبَن بِهَا فَإِن الشيْطَانَ يَأْكُلُ بِشِمَالِهِ وَيَشْرَبُ بِهَا قَالَ وَكَانَ نَافِعٌ يَزِيدُ فِيهَا وَلَا يَأْخُذُ بِهَا وَلَا يُعْطِي بِهَا.

5473 ـ سالىم دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«سول قولۇڭلار بىلەن تاماقمۇ يېمەڭلار، سۇمۇ ئىچمەڭلار! چۈنكى شەيتان سول قولى بىلەن يەيدۇ ۋە سول قولى بىلەن ئىچىدۇ». نافىئنىڭ رىۋايىتىدە: «سول قولى بىلەن بىر نەرسە بەرمىسۇن ۋە

ئالمىسۇن» دېگەنلىكى قوشۇپ زىكرى قىلىنغان.
(مۇسلىم: 2020)

5474 - عن إِيَاسِ بْنِ سَلَمَةَ بْنِ الْأَكْوَعِ أَن أَبَاهُ حَدثَهُ أَن رَجُلًا أَكَلَ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِشِمَالِهِ فَقَالَ كُلْ بِيَمِينِكَ قَالَ لَا أَسْتَطِيعُ قَالَ لَا اسْتَطَعْتَ مَا مَنَعَهُ إِلا الْكِبْرُ قَالَ فَمَا رَفَعَهَا إِلَى فِيهِ.

5474 ـ ئىياس ئىبنى سەلەمە ئىبنى ئەكۋە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا سول قولى بىلەن تاماق يېگەنىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن! ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ـــ ئوڭ قولۇمدا يېيەلمەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئوڭ قولۇڭدا يېيەلمىگەيسەن! سېنى ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگۈزمىگىنى ئۆزەڭنىڭ تەكەببۇرلۇقۇڭ، ـ دېدى. شۇندىن كېيىن، ئۇ كىشى ئوڭ قولىنى ئاغزىغا ئاپىرالمىدى.

(مۇسلىم: 2021)

5475 - عن عُمَرَ بْنَ أَبِي سَلَمَةَ يَقُولُ كُنْتُ غُلَامًا فِي حِجْرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَتْ يَدِي تَطِيشُ فِي الصحْفَةِ فَقَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا غُلَامُ سَم اللهَ وَكُلْ بِيَمِينِكَ وَكُلْ مِما يَلِيكَ فَمَا زَالَتْ تِلْكَ طِعْمَتِي بَعْدُ.

5475 ـ ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيىسىدىكى بالا ئىدىم، تاماق يېگەندە قوللىرىم لېگەننىڭ ھۇقىم بىر يېرىدە تۇرمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ـــ ھەي بالا! "بىسمىللاھ" دەپ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزەڭنىڭ ئالدىدىن يېگىن! ـ دېدى. ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە:

— مەن شۇندىن ئېتىبارەن تاماقنى ئەشۇ ئۇسۇلدا يەپ كەلدىم، - دەيدۇ.

(بۇخارى: 5376)

5476 - عن عُبَيْد اللهِ بْن عِكْرَاêٍ عَنْ أَبِيهِ عِكْرَاêِ بْنِ ذُؤَيْبٍ قَالَ بَعَثَنِي بَنُو مُرةَ بْنِ عُبَيْدٍ بِصَدَقَاتِ أَمْوَالِهِمْ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَدِمْتُ عَلَيْهِ الْمَدِينَةَ فَوَجَدْتُهُ جَالِسًا بَيْنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ قَالَ ثُم أَخَذَ بِيَدِي فَانْطَلَقَ بِي إِلَى بَيْتِ أُم سَلَمَةَ فَقَالَ هَلْ مِنْ طَعَامٍ فَأُتِينَا بِجَفْنَةٍ كَثِيرَةِ الثرِيدِ وَالْوَذْرِ وَأَقْبَلْنَا نَأْكُلُ مِنْهَا فَخَبَطْتُ بِيَدِي مِنْ نَوَاحِيهَا وَأَكَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ بَيْنِ يَدَيْهِ فَقَبَضَ بِيَدِهِ الْيُسْرَى عَلَى يَدِي الْيُمْنَى ثُم قَالَ يَا عِكْرَاêُ كُلْ مِنْ مَوْضِعٍ وَاحِدٍ فَإِنهُ طَعَامٌ وَاحِدٌ ثُم أُتِينَا بِطَبَقٍ فِيهِ أَلْوَانُ الرطَبِ أَوْ مِنْ أَلْوَانِ الرطَبِ. عُبَيْدُ اللهِ شَك قَالَ فَجَعَلْتُ آكُلُ مِنْ بَيْنِ يَدَي وَجَالَتْ يَدُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الطبَقِ وَقَالَ يَا عِكْرَاêُ كُلْ مِنْ حَيْثُ شِئْتَ فَإِنهُ غَيْرُ لَوْنٍ وَاحِدٍ ثُم أُتِينَا بِمَاءٍ فَغَسَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَيْهِ وَمَسَحَ بِبَلَلِ كَفيْهِ وَجْهَهُ وَذِرَاعَيْهِ وَرَأْسَهُ وَقَالَ يَا عِكْرَاêُ هَذَا الْوُضُوءُ مِما غَيرَتْ النارُ.

5476 - ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئىكراش دادىسى ئىكراش ئىبنى زۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بەنى مۇررە ئىبنى ئۇبەيدنىڭ سەدىقىلىرىنى ئېلىپ، مەدىنىگە كەلسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغانىكەن. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ، ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى ۋە:

— تاماق بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئالدىمىزغا چوڭ تاۋاقتا شورپىغا چىلانغان نان ۋە گۆش كەلتۈرۈلدى، بىز يېيىشكە باشلىدۇق. مەن قاچىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن يېيىشكە باشلىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولسا، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېدى. ئاخىرى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سول قولى بىلەن مېنىڭ ئوڭ قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ:

ــ ئەي ئىكراش! تاماقنى قاچىنىڭ بىر تەرىپىدىن يېگىن، چۈنكى ئۇنىڭ ھەممىسى بىر خىل تاماق، ـ دېدى. ئاندىن بىر قاچىدا بىر قانچە خىل مېۋە ـ چېۋە كەلتۈرۈلگەنىدى، مەن ئۆزەمنىڭ ئالدىدىن يېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاچىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدىن يېدى ۋە:

ـ ئەي ئىكراش! ئەمدى خالىغان يەردىن يېسەڭ بولىدۇ. چۈنكى بۇ بىر خىل ئەمەس، ـ دېدى. ئاندىن سۇ كەلتۈرۈلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى يۇدى، ئاندىن ھۆل ئالقىنى بىلەن يۈزىنى، ئىككى بىلىكىنى ۋە بېشىنى سىلىدى ۋە مۇنداق دېدى:

ــ ئەي ئىكراش! بۇ، ئوتتا پىشۇرۇلغان تاماقنى يېگەندىن كېيىن ئېلىنىدىغان تاھارەتتۇر، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1848)

5477 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْبَرَكَةُ تَنْزِلُ وَسَطَ الطَعَامِ فَكُلُوا مِنْ حَافَتَيْهِ وَلَا تَأْكُلُوا مِنْ وَسَطِهِ.

5477 ـ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«تاماقنىڭ بەرىكىتى ئوتتۇرىدا بولىدۇ، شۇڭا تاماقنىڭ ئوتتۇرىدىن يېمەي ئەتراپىدىن يەڭلار!» دېگەن[2].

(تىرمىزى: 1805)

5478 - عن عَبْد اللهِ بْن بُسْرٍ قَالَ كَانَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَصْعَةٌ يُقَالُ لَهَا الْغراءُ يَحْمِلُهَا أَرْبَعَةُ رِجَالٍ فَلَما أَضْحَوْا وَسَجَدُوا الضحَى أُتِيَ بِتِلْكَ الْقَصْعَةِ يَعْنِي وَقَدْ ثُرِدَ فِيهَا فَالْتفوا عَلَيْهَا فَلَما كَثُرُوا جَثَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَعْرَابِي مَا هَذِهِ الْجِلْسَةُ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ جَعَلَنِي عَبْدًا كَرِيمًا وَلَمْ يَجْعَلْنِي جَبارًا

[1] ئەلبانى (316): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1474): سەھىھ ـ دېگەن.

عَنِيدًا ثُم قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُلُوا مِنْ حَوَالَيْهَا وَدَعُوا ذِرْوَتَهَا يُبارَكْ فِيهَا.

5478 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەررا ناملىق، تۆت كىشى ئاران كۆتۈرەلەيدىغان بىر تەلەڭگىسى بار ئىدى. ساھابىلەر چاشگاھ نامىزىنى ئوقۇپ بولغان چاغدا، ئۇ قاچىدا شورپىغا چىلانغان نان كەلتۈرۈلدى. ساھابىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇلاشتى، ئادەم كۆپىيىپ كەتكەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يېدى. بۇنى كۆرگەن بىر سەھرالىق:

ــ بۇ قانداق ئولتۇرۇش؟ ـ دېدى. (يەنى ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن قولۇڭ يەتمەيۋاتقان بولسا، نېرى تۇرۇڭلار! ـ دەپ، ئەتراپىنى بوشىتىپ، ئازادە يېسەڭ بولمامدۇ؟! ـ دېمەكچى). پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله مېنى بىر ئېسىل بەندە قىلىپ ياراتتى، مېنى زومىگەر، تەرسا قىلمىدى، ـ دېدى. ئاندىن ساھابىلىرىگە خىتاب قىلىپ:

ــ ئۇنىڭ ئەتراپىدىن يەڭلار! چوققىسىغا تەگمەڭلار! شۇنداق قىلساڭلار، تامىقىڭلار بەرىكەتلىك بولىدۇ، ـ دېدى.[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 3773).

5479 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَقْطَعُوا اللحْمَ بِالسكينِ فَإِنهُ مِنْ صَنِيعِ الْأَعَاجِمِ وَانْهَسُوهُ فَإِنهُ أَهْنَأُ وَأَمْرَأُ.

5479 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«گۆش يېگەندە ئۇنى پىچاق بىلەن كېسىپ يېمەڭلار! گۆشنى پىچاقتا كېسىپ يېيىش ئەجەملەرنىڭ ئىشى، گۆشنى چىشىڭلاردا چىشلەپ يەڭلار! چۈنكى چىشلەپ يېگەن گۆش ئاسان سىڭىدۇ» دېدى.[2]

(ئەبۇ داۋۇد: 3787)

---

[1] ئەلبانى (807): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (807): زەئىپ، ـ دېگەن.

5480 - عَنْ صَفْوَانَ بْنِ أُمَيةَ قَالَ كُنتُ آكُلُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَآخُذُ اللحْمَ بِيَدِي مِنْ الْعَظْمِ فَقَالَ أَدْنِ الْعَظْمَ مِنْ فِيكَ فَإِنهُ أَهْنَأُ وَأَمْرَأُ.

5480 ـ سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە تاماق يەۋاتاتتىم، ئۇستىخاندىكى گۆشنى قولۇم بىلەن ئېلىپ يېگىنىمنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ چىشىڭ بىلەن چىشلەپ يېگىن! چۈنكى چىشلەپ يېگەن گۆش ئاسان سىڭىدۇ، ـ دېدى.

(ئەبۇ داۋۇد: 3779)

5481 - عَنْ شُعَيْبِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو عَنْ أَبِيهِ قَالَ مَا رُئِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْكُلُ مُتكِئًا قَط وَلَا يَطَأُ عَقِبَهُ رَجُلَانِ.

5481 ـ شۇئەيب ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھېچكىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۆلەنچۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېگىنىنى ياكى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3770)

5482 - عَنْ أَنسٍ قَالَ أُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِتَمْرٍ فَجَعَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْسِمُهُ وَهُوَ مُحْتَفِزٌ يَأْكُلُ مِنْهُ أَكْلًا ذَرِيعًا.

5482 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خورما كەلتۈرۈلگەندى، خورمىنى ساھابىلارغا ئالدىراش تەقسىم قىلدى ۋە ئۆزىمۇ تېز ـ تېز يېدى.

(مۇسلىم: 2044)

5483 - عن أَنسِ بْن مَالِكٍ قَالَ رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُقْعِيًا يَأْكُلُ

[1] ئەلبانى (3204): سەھىھ ـ دېگەن.

تَمْرًا.

5483 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خورما يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.

(مۇسلىم: 2044)

5484 - عَنْ عبد الله بن عمر - رضي الله عنهما-: أن رسول الله - صـلى الله عليه وسلم - نهى عن الجُلُوسِ على المائدة يُشْرَبُ الخَمْرُ عليها، وأنْ يأكل رجل أو يشرب مُنْبَطِحا على بطنه ورَخص في أكل حب مَقْلِيٍّ ولاوه متكئا.

5484 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاراق ئىچىلىۋاتقان داستىخاندا ئولتۇرۇشتىن، دۈم يېتىپ يەپ ـ ئىچىشتىن توسقان، يەل ـ يېمىشنى يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ يېيىشكە رۇخسەت قىلغان.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5485 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا أَكَلَ أَحَدُكُمْ فَلَا يَمْسَحْ يَدَهُ حَتى يَلْعَقَهَا أَوْ يُلْعِقَهَا.

5485 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:

«بىرىڭلار تاماق يېسە، قولىنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى يالىۋەتسۇن ياكى يالىتىۋەتسۇن».

(بۇخارى: 5456)

5486 - عَنْ كَعْبٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَأْكُلُ بِثَلَاثِ أَصَابِعَ فَإِذَا فَرَغَ لَعِقَهَا.

5486 ـ كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماقنى ئۈچ بارمىقى بىلەن يەيتتى، تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن بارماقلىرىنى يالايتتى.

(مۇسلىم: 2032)

5487 - عَنْ جَابِرٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ بِلَعْقِ الْأَصَابِعِ وَالصحْفَةِ وَقَالَ إِنكُمْ لَا تَدْرُونَ فِي أَيهِ الْبَرَكَةُ.

5487 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماقتىن كېيىن بارماقلارنى ۋە قاچىنى يالاشقا بۇيرۇپ: «چۈنكى سىلەر بەرىكەتنىڭ قايسىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر» دېگەن.

(مۇسلىم: 2033)

5488 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا وَقَعَتْ لُقْمَةُ أَحَدِكُمْ فَلْيَأْخُذْهَا فَلْيُمِطْ مَا كَانَ بِهَا مِنْ أَذًى وَلْيَأْكُلْهَا وَلَا يَدَعْهَا لِلشيْطَانِ وَلَا يَمْسَحْ يَدَهُ بِالْمِنْدِيلِ حَتى يَلْعَقَ أَصَابِعَهُ فَإِنهُ لَا يَدْرِي فِي أَي طَعَامِهِ الْبَرَكَةُ.

5488 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلارنىڭ قولىدىن بىرەر لوقما تاماق چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى شەيتانغا تاشلاپ قويماي ئېلىپ، تازىلىۋېتىپ يېسۇن! تاماقتىن كېيىن قولىنى يالىماي تۇرۇپ قولياغلىققا سۈرتمىسۇن! چۈنكى ئۇ، بەرىكەتنىڭ قايسىدا (يەنى يەپ بولغىنىدا ياكى قولىدا قالغىنىدا) ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ».

(مۇسلىم: 2033)

5489 - عن أُم عَاصِمٍ وَكَانَتْ أُم وَلَدٍ لِسِنَانِ بْنِ سَلَمَةَ قَالَتْ دَخَلَ عَلَيْنَا نُبَيْشَةُ الْخَيْرِ وَنَحْنُ نَأْكُلُ فِي قَصْعَةٍ فَحَدثَنَا أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَكَلَ فِي قَصْعَةٍ ثُم لَحِسَهَا اسْتَغْفَرَتْ لَهُ الْقَصْعَةُ.

5489 ـ سىنان ئىبنى سەلەمەنىڭ دېدىكى ئۇممۇ ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز چوڭ قاچىدا تاماق يەۋاتقان ئىدۇق، نۇبەيشە خەير كىرىپ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم: «كىمكى تاماق يېگەن قاچىسىنى يالىسا، قاچا ئۇ كىشىگە ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيدۇ» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 1804)

5490 - لرزين: «تقول له القصعة: أعْتقك الله من النار كما أعْتقْتنِي من الشيطان».

5490 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «قاچا ئۇنىڭغا: سەن مېنى شەيتاندىن ئازاد قىلغانغا ئوخشاش سېنىمۇ الله دوزاختىن ئازاد قىلسۇن! ـ دەيدۇ» دېيىلگەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5491 - عَنْ أنس بْنِ مَالِكٍ قَالَ أُتِيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِتَمْرٍ عَتِيقٍ فَجَعَلَ يُفَتشُهُ يُخْرِجُ السوسَ مِنْهُ.

5491 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كونا خورما كەلتۈرۈلگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى تازىلاپ، ئىچىدە قۇرت بارلىرىنىڭ قۇرتلىرىنى ئېلىپ تاشلىغىلى تۇردى[2].

(ئەبۇداۋۇد: 3832)

5492 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُسْرٍ قَالَ نَزَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى أَبِي قَالَ فَقَربْنَا إِلَيْهِ طَعَامًا وَوَطْبَةً فَأَكَلَ مِنْهَا ثُم أُتِيَ بِتَمْرٍ فَكَانَ يَأْكُلُهُ وَيُلْقِي النوَى بَيْنَ إِصْبَعَيْهِ وَيَجْمَعُ السبابَةَ وَالْوُسْطَى.

5492 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دادامنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ چۈشكەندى، بىز ئۇنى تاماق ۋە خورما ئەزمىسى بىلەن مېھمان قىلدۇق. ئاندىن داستىخانغا خورما كەلتۈرۈلگەندى، پەيغەمبەر

---

[1] ئەلبانى (304): زەئىپ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3245): سەھىھ ـ دېگەن.

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنى يەپ، ئۇرۇقىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقى ئارىسىغا قىستۇردى.

(مۇسلىم: 2042)

5493 - عن ابن عمر رضي الله عنهما قال نهى النبي صلى الله عليه وسلم أن يقرن الرجل بين التمرتين جميعا حتى يستأذن أصحابه.

5493 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئوپچە تاماق ئۈستىدە بىرەيلەن يېنىدىكىلەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ خورمىنى جۈپلەپ يېمىسۇن» دېگەن.

(بۇخارى: 2489)

5494 - عن ابن بريدة عن أبيه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «كنت نهيتكم عن الإقران في التمر، فإن الله قد أوسع عليكم، فأقرنوا».

5494 ـ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرنى (ئوپچە تاماق يېگەندە) خورمىنى جۈپلەپ يېيىشتىن توسقان ئىدىم، ئەمما ھازىر الله تۇرمۇشۇڭلارنى باياشات ۋە ئەلۋەك قىلدى، شۇڭا ئەمدى جۈپلەپ يېسەڭلار بولىۋېرىدۇ» دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 2848)

5495 - عَنْ نَافِعٍ قَالَ كَانَ ابْنُ عُمَرَ لَا يَأْكُلُ حَتَّى يُؤْتَى بِمِسْكِينٍ يَأْكُلُ مَعَهُ فَأَدْخَلْتُ رَجُلًا يَأْكُلُ مَعَهُ فَأَكَلَ كَثِيرًا فَقَالَ يَا نَافِعُ لَا تُدْخِلْ هَذَا عَلَيَّ سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ الْمُؤْمِنُ يَأْكُلُ فِي مِعًى وَاحِدٍ وَالْكَافِرُ يَأْكُلُ فِي سَبْعَةِ أَمْعَاءٍ.

5495 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما داستىخىنىغا دائىم بىرەر پېقىر ـ مىسكىنىنى چاقىرتىپ، تاماقنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەيتتى. بىر كۈنى،

[1] ھەيسەمى (8020): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ سەنەدىدە يەزىد ئىبنى بەزىغ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

مەن ئۇنىڭ داستىخىنىغا بىر كىشىنى باشلاپ كىردىم، ئۇ تاماقنى كۆپ يېدى، بۇنى كۆرگەن ئىبنى ئۆمەر:

ـــ ئى نافىئ! بۇ كىشىنى قايتا ئەكىرمىگىن! مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۆئمىن بىر ئۈچەيگە يەيدۇ، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5393)

5496 - عَنْ عَمْرٍو قَالَ كَانَ أَبُو نَهِيكٍ رَجُلًا أَكُولًا فَقَالَ لَهُ ابْنُ عُمَرَ إِنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ الْكَافِرَ يَأْكُلُ فِي سَبْعَةِ أَمْعَاءٍ فَقَالَ فَأَنَا أُومِنُ بِاللهِ وَرَسُولِهِ.

5496 ـ ئەمر مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ نەھىك تاماقنى كۆپ يەيدىغان ئادەم ئىدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كاپىر يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ» دېگەن، ـ دېۋىدى، ئەبۇ نەھىك:

ـــ ئەمما مەن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرگەن مۇسۇلمانمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 3595)

5497 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ضَافَهُ ضَيْفٌ وَهُوَ كَافِرٌ فَأَمَرَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِشَاةٍ فَحُلِبَتْ فَشَرِبَ حِلَابَهَا ثُمَّ أُخْرَى فَشَرِبَهُ ثُمَّ أُخْرَى فَشَرِبَهُ حَتَّى شَرِبَ حِلَابَ سَبْعِ شِيَاهٍ ثُمَّ إِنَّهُ أَصْبَحَ فَأَسْلَمَ فَأَمَرَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِشَاةٍ فَشَرِبَ حِلَابَهَا ثُمَّ أَمَرَ بِأُخْرَى فَلَمْ يَسْتَتِمَّهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْمُؤْمِنُ يَشْرَبُ فِي مِعًى وَاحِدٍ وَالْكَافِرُ يَشْرَبُ فِي سَبْعَةِ أَمْعَاءٍ.

5497 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر كاپىر مېھمان بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بىر قوينىڭ سۈتى بىلەن مېھمان قىلىشقا بۇيرۇدى. بىر قوي سېغىلىپ، سۈتى ئۇنىڭغا سۇنۇلغانىدى، ئۇ ئۇنى ئىچىپ بولدى. يەنە بىرى

سىغىلدى، ئۈنىمۇ ئىچىۋەتتى. ئاندىن يەنە بىرى سىغىلدى، ئۈنىمۇ ئىچىۋەتتى... شۇنداق قىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن يەتتە قوينىڭ سۈتىنى ئىچىپ توختىدى. ئاندىن ئۇ كىشى ئەتىسى ئەتىگەندە ئىسلامغا كىردى. بۇ چاغدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بىر قوينىڭ سۈتى بىلەن مېھمان قىلىشقا بۇيرۇدى، ئۇ بىر قوينىڭ سۈتىنى ئىچىپ بولدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر قوينى سىغىشقا بۇيرىدى، بىراق ئۇ ئىككىنچى قوينىڭ سۈتىنى ئىچەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۆئمىن بىر ئۈچەيگە ئىچىدۇ، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە ئىچىدۇ» دېدى.
(مۇسلىم: 2063)

5498 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طَعَامُ الِاثْنَيْنِ كَافِي الثلَاثَةِ وَطَعَامُ الثلَاثَةِ كَافِي الْأَرْبَعَةِ.

5498 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىككى كىشىلىك تاماق ئۈچ كىشىگە، ئۈچ كىشىلىك تاماق تۆت كىشىگە يېتىدۇ» دېگەن.
(بۇخارى: 5392)

5499 - عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ طَعَامُ الْوَاحِدِ يَكْفِي الِاثْنَيْنِ وَطَعَامُ الِاثْنَيْنِ يَكْفِي الْأَرْبَعَةَ وَطَعَامُ الْأَرْبَعَةِ يَكْفِي الثمَانِيَةَ.

5499 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«بىر كىشىلىك تاماق ئىككى كىشىگە، ئىككى كىشىلىك تاماق تۆت كىشىگە، تۆت كىشىلىك تاماق سەككىز كىشىگە يېتىدۇ».
(مۇسلىم: 2059)

5500 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ تَجَشأَ رَجُلٌ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ كُف

عَنا جُشَاءَكَ فَإِن أَكْثَرَهُمْ شِبَعًا فِي الدُّنيَا أَطْوَلُهُمْ جُوعًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

5500 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا كېكىرگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بىزنىڭ قېشىمىزدا كېكىرمە! بۇ دۇنيادا قورسىقى بەك تويغانلار قىيامەت كۈنى بەك ئاچ قالىدىغانلاردۇر» دېدى[1].

(تىرمىزى: 2478)

5001 – عَن نافع - رضي الله عنهما - قال: «أَهْدَى رجل من العراق إلى ابن عمر جَوَارِشَ، فقال: ما يُصنَع هذا؟ قال: إذا كظكَ الطعامُ أخَذْتَ منه قال: والله ما شَبِعْتُ مُنذُ كذا وكذا، لا حاجة لي فيه».

5001 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئىراقتىن بىر كىشى جەۋارىش (تاماق ھەزىم قىلدىغان دورا) ھەدىيە قىلغان ئىدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ بۇ نېمە قىلىدىغان نەرسە؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ بۇ تاماق ھەزىم قىلىدىغان دورا، ـ دېدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ مېنىڭ قورسىقىم پالانى چاغدىن تارتىپ تويۇپ باقمىدى، شۇڭا مېنىڭ بۇنداق دورىغا ئېھتىياجىم يوق، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5502 - عَنْ مِقْدَامِ بْنِ مَعْدِي كَرِبَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا مَلَأَ آدَمِي وِعَاءً شَرا مِنْ بَطْنٍ بِحَسْبِ ابْنِ آدَمَ أُكُلَاتٌ يُقِمْنَ صُلْبَهُ فَإِنْ كَانَ لَا مَحَالَةَ فَثُلُثٌ لِطَعَامِهِ وَثُلُثٌ لِشَرَابِهِ وَثُلُثٌ لِنَفَسِهِ.

5502 ـ مىقدام ئىبنى مەئدىكەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

[1] ئەلبانى (2015): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئاڭلىغانىدىم:

«ئادەم بالىسىنىڭ تويمايدىغان قورسىقىدىنمۇ يامان نەرسە يوق. ئەسلىدە ئادەم بالىسىغا هاياتىنى ساقلىيالىغۇدەك بىر قانچە لوقما كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر كۆپرەك يېمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالسا، قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تائام يېسۇن. ئۈچتىن بىرىگە سۇ ئىچسۇن ۋە ئۈچتىن بىرىنى نەپەسلىنىشى ئۈچۈن بوش قويسۇن!»[1].

(تىرمىزى: 2380)

5503 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَعَشوْا وَلَوْ بِكَف مِنْ حَشَفٍ فَإِن تَرْكَ الْعَشَاءِ مَهْرَمَةٌ.

5503 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئوچۇم ناچار خورما يەپ بولسىمۇ، كەچلىك تاماقنى تەرك ئەتمەڭلار. چۈنكى كەچلىك تاماقنى يېمەسلىك تېز قېرىشقا سەۋەب بولىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1856)

5504 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَنهُ قَالَ رَأَيْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ وَهُوَ يَوْمَئِذٍ أَمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ يُطْرَحُ لَهُ صَاعٌ مِنْ تَمْرٍ فَيَأْكُلُهُ حَتى يَأْكُلَ حَشَفَهَا.

5504 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ (ئۆزى بىر خەلىپە تۇرۇقلۇق) ئالدىغا بىرەر سا خورما قويۇلسا، خىللاپ ئولتۇرماي ناچارلىرىنىمۇ يېگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم.

(مالىك: 1736)

5505 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ مَا عَابَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طَعَامًا قَط إِنْ اشْتَهَاهُ أَكَلَهُ وَإِنْ كَرِهَهُ تَرَكَهُ.

---

[1] ئەلبانى (1939): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (315): زەئىپ ـ دېگەن.

5505 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچ قانداق تاماقنى سۆكمىگەن، ئالدىغا كەلگەن تاماقنى خالىسا يەيتتى، خالىمىسا (ئارتۇق گەپ قىلماستىن) يېمەيتتى.

(بۇخارى: 5409)

5506 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِذَا وَقَعَ الذَبَابُ فِي إِنَاءِ أَحَدِكُمْ فَامْقُلُوهُ فَإِن فِي أَحَدِ جَنَاحَيْهِ دَاءً وَفِي الْآخَرِ شِفَاءً وَإِنَهُ يَتقِـي بِجَنَاحِـهِ الذِي فِيهِ الداءُ فَلْيَغْمِسْهُ كُلَهُ.

5506 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ناۋادا بىرىڭلارنىڭ قاچىسىغا چىۋىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى قاچىغا چۆكتۈرۈڭلار. چۈنكى ئۇنىڭ بىر قانىتىدا كېسەل، يەنە بىر قانىتىدا شىپا بار. ئادەتتە چىۋىن قاچىغا كېسەل بار قانىتىنى سالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چىۋىننى تولۇق چۆكتۈرۈش كېرەك (يەنى قاچىدىن ئېلىۋېتىشتىن بۇرۇن تولۇق چۆكتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئېلىۋېتىش كېرەك)»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3844)

5507 - عَنْ جَابِرٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ أَخَذَ بِيَدِ مَجْذُومٍ فَوَضَعَهَا مَعَهُ فِي الْقَصْعَةِ وَقَالَ كُلْ ثِقَةً بِاللهِ وَتَوَكلًا عَلَيْهِ.

5507 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇما ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماخاۋ كېسىلى بار بىر كىشىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ قولى بىلەن تەڭ قاچىغا تىقتى ـ دە:

ــ اللهقا ئىشەنگەن ۋە تەۋەككۇل قىلغان ھالدا يېگىن! ـ دېدى[2].

---

[1] ئەلبانى (3255): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (847): زەئىپ، ـ دېگەن.

(ئەبۇ داۋۇد: 3925)

5508 - عن بريدة أن أبا بكر وعمر فعلا مثل ذلك وقالا مثل ذلك.

5508 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ ماخاۋ كېسەللىي بار كىشىگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى قىلغان.

5509 - عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ: نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ يُنْفَخَ فِي الطَّعَامِ، وَالشَّرَابِ، وَالثَّمَرَةِ.

5509 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماققا، ئىچىملىككە ۋە مېۋە ـ چېۋىگە پۈۋلەشتىن توسقان[1].

(«ئەلكەبىر»: 11789)

5510 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا وُضِعَتْ الْمَائِدَةُ فَلَا يَقُومُ رَجُلٌ حَتَّى تُرْفَعَ الْمَائِدَةُ وَلَا يَرْفَعُ يَدَهُ وَإِنْ شَبِعَ حَتَّى يَفْرُغَ الْقَوْمُ وَلْيُعْذِرْ فَإِنَّ الرَّجُلَ يُخْجِلُ جَلِيسَهُ فَيَقْبِضُ يَدَهُ وَعَسَى أَنْ يَكُونَ لَهُ فِي الطَّعَامِ حَاجَةٌ.

5510 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«داستىخان سېلىنسا، داستىخان يىغىلمىغۇچە ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىسۇن، داستىخاندىكىلەر تاماقتىن توختىمىغىچە ھېچكىم تاماقتىن قولىنى يىغمىسۇن، تويغان تەقدىردىمۇ ئاز بولسىمۇ يەپ تۇرسۇن. چۈنكى بىرەرسى قولىنى يىغسا، يېنىدىكى كىشى تاماق يېگۈسى بولسىمۇ، خىجالەتتىن قولىنى يىغىشقا مەجبۇر بولۇپ

[1] ھەيسەمى (8239): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇھەممەد ئىبنى جابىر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

قالىدۇ»[①].

(ئىبنى ماجە: 3295)

5511 - عَنْ أَنسٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنِ الشُرْبِ قَائِمًا.

5511 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشتىن توسقان.

(بەززار: 2868)

[①] ئەلبانى (713): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

## بىر قىسىم تاماقلار ھەققىدىكى مەدھىيە ۋە سۆكۈشلەر، يەنە بىر قىسىم تاماقلارنىڭ ھالاللىقى توغرىسىدىكى ئەھكاملار، قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىگە ئالاقىدار ھۆكۈم قاتارلىقلار

5512 - عن جَابِرِ بْن سَمُرَةَ قَالَ نَزَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى أَبِي أَيوبَ وَكَانَ إِذَا أَكَلَ طَعَامًا بَعَثَ إِلَيْهِ بِفَضْلِهِ فَبَعَثَ إِلَيْهِ يَوْمًا بِطَعَامٍ وَلَمْ يَأْكُلْ مِنْهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما أَتى أَبُو أَيوبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيهِ ثُومٌ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَحَرَامٌ هُوَ قَالَ لَا وَلَكِني أَكْرَهُهُ مِنْ أَجْلِ رِيحِهِ.

5512- جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماق يېگەندە، ئۆزىدىن ئاشقىنىنى ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەۋەتەتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئۆزى ھېچ ئېغىز تەگكۈزمىگەن بىر قاچا تاماقنى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ ئەييۇب پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ تاماقتا پەقەت ئېغىز تەگكۈزمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- چۈنكى ئۇنىڭدا سامساق بار ئىكەن، - دېدى. ئەبۇ ئەييۇب:

- ئى رەسۇلۇللاھ! سامساق ھاراممۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ياق، ئۇنىڭ پۇرىقى بولغانلىقتىن مەن يېيىشنى ياقتۇرمايمەن، -

دېدى[1].

(تىرمىزى: 1807)

5513 - عَنْ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ أَبِي يَزِيدَ عَنْ أَبِيهِ أَن أُم أَيوبَ أَخْبَرَتْهُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَزَلَ عَلَيْهِمْ فَتَكَلفُوا لَهُ طَعَامًا فِيهِ مِنْ بَعْضِ هَذِهِ الْبُقُولِ فَكَرِهَ أَكْلَهُ فَقَالَ لِأَصْحَابِهِ كُلُوهُ فَإِني لَسْتُ كَأَحَدِكُمْ إِني أَخَافُ أَنْ أُوذِيَ صَاحِبِي.

5513 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ يەزىد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇممۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندە، ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە (سامساق قاتارلىق) بەزى كۆكتاتلار سېلىنغان بىر تاماق ئەتكەنىكەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ تاماقنى يېيىشنى ياقتۇرماي، ساھابىلىرىگە:

ــ سىلەر يەڭلار! مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، مەن بۇ تاماقنى يېسەم ھەمراھىم (يەنى جىبرىئىلغا) ئازار بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن، ـ دېگەنىكەن[2].

(تىرمىزى: 1829)

5514 - عَنْ أَبِي زِيَادٍ خِيَارِ بْنِ سَلَمَةَ أَنهُ سَأَلَ عَائِشَةَ عَنْ الْبَصَلِ فَقَالَتْ إِن آخِرَ طَعَامٍ أَكَلَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طَعَامٌ فِيهِ بَصَلٌ.

5514 ـ ئەبۇ زىياد خىيار ئىبنى سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پىياز (سېلىنغان تاماق) توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تامىقىغا پىياز سېلىنغان ئىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[3].

(ئەبۇداۋۇد: 3829)

[1] ئەلبانى (1476): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1478): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (825): زەئىپ، ـ دېگەن.

5515 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ كَانَ يَأْكُلُ خُبْزًا بِسَمْنٍ فَدَعَا رَجُلًا مِنْ أَهْلِ الْبَادِيَةِ فَجَعَلَ يَأْكُلُ وَيَتبِعُ بِاللقْمَةِ وَضَرَ الصحْفَةِ فَقَالَ عُمَرُ كَأَنكَ مُقْفِرٌ فَقَالَ وَاللهِ مَا أَكَلْتُ سَمْنًا وَلَا لَكْتُ أَكْلًا بِهِ مُنْذُ كَذَا وَكَذَا فَقَالَ عُمَرُ لَا آكُلُ السمْنَ حَتى يَحْيَا الناسُ مِنْ أَولِ مَا يَحْيَوْنَ.

5515 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سېرىقماي بىلەن نان يەۋېتىپ، بىر سەھرالىقنى بۇنى بىللە يېيىشكە چاقىردى. ئۇ كېلىپ يېيىشكە باشلىدى ۋە قاچىغا چاپلىشىپ قالغان سېرىق مايىنى نان بىلەن قىرىپ يېگىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ قارىغاندا، سېنىڭ نان بىلەن يەيدىغان بۇنداق بىر نەرسەڭ يوق ئوخشىمامدۇ؟ ـ دېدى. ئۇ:

ـــ مەن خېلى زاماندىن بېرى سېرىقمايىنىمۇ يەپ باقمىدىم، سېرىقماي بىلەن نانمۇ يەپ باقمىدىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر:

ـــ مەن بۇندىن كېيىن كىشىلەر باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەنگە قەدەر سېرىقماي يېمەيمەن، ـ دېدى.

(مالىك: 1735)

5516 - عَنْ حُمَيْدِ بْنِ مَالِكِ بْنِ خُثَيْمٍ أَنهُ قَالَ كُنْتُ جَالِسًا مَعَ أَبِي هُرَيْرَةَ بِأَرْضِهِ بِالْعَقِيقِ فَأَتَاهُ قَوْمٌ مِنْ أَهْلِ الْمَدِينَةِ عَلَى دَوَاب فَنَزَلُوا عِنْدَهُ قَالَ حُمَيْدٌ فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ اذْهَبْ إِلَى أُمي فَقُلْ إِن ابْنَكِ يُقْرِئُكِ السلَامَ وَيَقُولُ أَطْعِمِينَا شَيْئًا قَالَ فَوَضَعَتْ ثَلَاثَةَ أَقْرَاصٍ فِي صَحْفَةٍ وَشَيْئًا مِنْ زَيْتٍ وَمِلْحٍ ثُم وَضَعَتْهَا عَلَى رَأْسِي وَحَمَلْتُهَا إِلَيْهِمْ فَلَما وَضَعْتُهَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ كَبرَ أَبُو هُرَيْرَةَ وَقَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي أَشْبَعَنَا مِنْ الْخُبْزِ بَعْدَ أَنْ لَمْ يَكُنْ طَعَامُنَا إِلا الْأَسْوَدَيْنِ الْمَاءَ وَالتمْرَ فَلَمْ يُصِبْ الْقَوْمُ مِنْ الطعَامِ شَيْئًا فَلَما انْصَرَفُوا قَالَ يَا ابْنَ أَخِي أَحْسِنْ إِلَى غَنَمِكَ وَامْسَحْ الرعَامَ عَنْهَا وَأَطِبْ مُرَاحَهَا وَصَل فِي نَاحِيَتِهَا فَإِنهَا مِنْ دَوَاب الْجَنةِ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَيُوشِكُ أَنْ يَأْتِيَ عَلَى الناسِ زَمَانٌ تَكُونُ الثلةُ مِنْ الْغَنَمِ أَحَب إِلَى صَاحِبِهَا مِنْ دَارِ مَرْوَانَ.

5516 ـ ھۇمەيد ئىبنى مالىك ئىبنى خۇسەيم مۇنداق دەيدۇ: مەن

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەقىيقتىكى زېمىنىدا ئولتۇراتتىم، ئۇ يەرگە مەدىنە ئاھالىسىدىن ئۇلاغلىق بىر قانچە كىشى كېلىپ، ئەبۇ ھۈرەيرەنىڭ ھۇزۇرىغا چۈشتى. ئەبۇ ھۈرەيرە ماڭا:

ــ ماڭ، سەن ئانامنىڭ يېنىغا بېرىپ: "ئوغلۇڭ ساڭا سالام يوللىدى ۋە بىزگە يەيدىغان بىر نەرسە بەرسۇن دەيدۇ" دېگىن! ـ دېدى... ئانىسى ئۈچ تال نان، ئازراق ماي ۋە تۇزنى بىر لېگەنگە سېلىپ، لېگەننى مېنىڭ بېشىمنىڭ ئۈستىگە قويدى. مەن ئۇنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قويغىنىدىم، ئەبۇ ھۈرەيرە:

ــ ﷲۇ ئەكبەر! يەيدىغانغا خورما بىلەن سۇدىن باشقا نەرسە يوق كۈنلەرنىمۇ بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەنىدۇق، مانا بۈگۈن ﷲ بىزگە نانغا تويىدىغان كۈنلەرنىمۇ كۆرسىتىپتۇ، ﷲقا ھەمدىلەر بولسۇن! ـ دېدى. بىراق ھېلىقى كەلگەنلەر بۇ تاماقنى يېمىدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئەبۇ ھۈرەيرە ماڭا:

ــ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! قويلىرىڭنى ئوبدان باق! ماڭقىلىرىنى سۈرتۈپ قوي، قوتانلىرىنى پاكىز تۇت، قوتان ئەتراپىدا ناماز ئوقۇ! قوي جەننەتنىڭ ھايۋانلىرىدىندۇر. مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان يېقىنلىشىۋاتىدۇكى، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىر قانچە قويى ئۇلارغا مەرۋاننىڭ سارىيىدىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ، ـ دېدى.

(مالىك: 1737)

5517 - عن جَابِرِ بْن عَبْدِ اللهِ قَالَ كُنتُ جَالِسًا فِي دَارِي فَمَر بِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَشَارَ إِلَي فَقُمْتُ إِلَيْهِ فَأَخَذَ بِيَدِي فَانْطَلَقْنَا حَتى أَتى بَعْضَ حُجَرِ نِسَائِهِ فَدَخَلَ ثُم أَذِنَ لِي فَدَخَلْتُ الْحِجَابَ عَلَيْهَا فَقَالَ هَلْ مِنْ غَدَاءٍ فَقَالُوا نَعَمْ فَأُتِيَ بِثَلَاثَةِ أَقْرِصَةٍ فَوُضِعْنَ عَلَى نَبِي فَأَخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُرْصًا فَوَضَعَهُ بَيْنَ يَدَيْهِ وَأَخَذَ قُرْصًا آخَرَ فَوَضَعَهُ بَيْنَ يَدَي ثُم أَخَذَ الثالِثَ فَكَسَرَهُ بِاثْنَيْنِ فَجَعَلَ نِصْفَهُ بَيْنَ يَدَيْهِ وَنِصْفَهُ بَيْنَ يَدَي ثُم قَالَ هَلْ مِنْ أُدُمٍ قَالُوا لَا إِلا شَيْءٌ مِنْ خَلٍّ قَالَ هَاتُوهُ فَنِعْمَ الْأُدُمُ هُوَ.

5517 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:

مەن ھويلامدا ئولتۇراتتىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھويلامنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ماڭا ئىشارەت قىلدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قېشىغا باردىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ، ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا باشلاپ باردى. ئۆزى ئۆيگە كىرىپ بولۇپ، ئاندىن مېنىڭ كىرىشىمگە رۇخسەت بەردى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجرىغا كىردىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ تاماق بارمۇ؟ ـ دېدى. ئۆيدىكىلەر:

ــ بار، ـ دېدى ۋە بىر قاچىدا ئۈچ نان كەلتۈردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرنى ئېلىپ ئالدىغا قويدى، يەنە بىرنى ئېلىپ مېنىڭ ئالدىمغا قويدى، قالغان بىرسىنى ئوشتۇپ، يېرىمىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا، يېرىمىنى مېنىڭ ئالدىمغا قويدى. ئاندىن كېيىن:

ــ نان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۆيدىكىلىرى:

ــ يوق، ئازراقلا سىركە بار، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىركە بولسىمۇ ئەكىلىڭلار! سىركە ئەجەپ ياخشى تېتىتقۇ؟! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2052)

5518 – وفي رواية: قَالَ فَإِن الْخَل نِعْمَ الْأُدُمُ قَالَ جَابِرٌ فَمَا زِلْتُ أُحِب الْخَل مُنْذُ سَمِعْتُهَا مِنْ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5518 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىركە ئەجەپ ياخشى تېتىتقۇ؟!» دېگەن. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن بېرى سىركىنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2052)

5519 - عَنْ أُم هَانِئٍ بِنْتِ أَبِي طَالِبٍ قَالَتْ دَخَلَ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ هَلْ عِنْدَكُمْ شَيْءٌ فَقُلْتُ لَا إلا كِسَرٌ يَابِسَةٌ وَخَلٌّ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرِّبِيهِ فَمَا أَقْفَرَ بَيْتٌ مِنْ أُدْمٍ فِيهِ خَلٌّ.

5519 ـ ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ قېشىمغا كىرىپ:

ـ يېگۈدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ بىر پارچە قۇرۇق نان بىلەن ئازراق سىركىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شۇنى ئېلىپ كەلگىن! سىركە بار ئۆيدە نان قۇرۇق يېيىلگەن ھېسابلانمايدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1842)

5520 - عن أَنسَ بْنَ مَالِكٍ قَالَ إن خَياطًا دَعَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِطَعَامٍ صَنَعَهُ قَالَ أَنسٌ فَذَهَبْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى ذَلِكَ الطَعَامِ فَقَربَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُبْزًا مِنْ شَعِيرٍ وَمَرَقًا فِيهِ دُباءٌ وَقَدِيدٌ قَالَ أَنسٌ فَرَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتَتَبعُ الدباءَ مِنْ حَوْلِ الصحْفَةِ فَلَمْ أَزَلْ أُحِب الدباءَ مِنْ يَوْمِئِذٍ.

5520 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر تىككۈچى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاماققا چاقىرغان ئىكەن، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە باردىم. ئۇ كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئارپا نېنى ۋە قاپاق بىلەن گۆش سېلىپ تەييارلانغان شورپا ئەكەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاپاقنى (ياخشى كۆرگەنلىكىدىن) قاچىدىن تېرىپ يېدى. مەن شۇندىن ئېتىبارەن، قاپاق يېيىشنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىم.

(بۇخارى: 5439)

[1] ئەلبانى (1502): ھەسەن، ـ دېگەن.

5521 - وفي رواية: فلما رأيتُ ذلكَ جعلتُ أُلقِيهِ إليهِ ولا أطعَمُهُ.

5521 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قاپاقنى قاچىدىن تېرىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزەمنىڭ ئالدىدىكىنىمۇ يېمەي، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىتتىرىپ بەرگەنىدىم.

5522 - قالَ أنس: فما صُنِعَ لي طعامٌ بَعْدُ أقْدِرُ على أنْ يُصْنَعَ فيهِ دُبّاءٌ إلا صُنِعَ.

5522 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن شۇندىن كېيىن مۇمكىن بولسىلا تاماقىمغا قاپاق سالدۇرىدىغان بولدۇم.

(مۇسلىم: 2041)

5523 - عَنْ ابنِ عُمَرَ قالَ أُتِيَ النبي صلى اللهُ عليهِ وسلمَ بِجُبْنَةٍ في تَبوكَ فَدَعَا بِسِكينٍ فَسَمى وَقَطَعَ.

5523 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: تەبۇكتا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىرىمچىك كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى "بىسمىللاھ" دەپ پىچاق بىلەن كەستى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3819)

5524 - عَنِ ابنِ عَباسٍ قالَ أُتِيَ النبي صلى اللهُ عليهِ وسلمَ بِجُبْنَةٍ في غَزَاةٍ فَقَالَ أينَ صُنِعَتْ هَذِهِ فَقَالُوا بِفَارِسَ ونَحْنُ نُرَى أنهُ يُجْعَلُ فيهَا مَيْتَةٌ فَقَالَ اطْعَنُوا فِيهَا بِالسكينِ وَاذْكُرُوا اسْمَ اللهِ وَكُلُوا.

5524 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر غازاتتا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىرىمچىك

[①] ئەلبانى (3235): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

كەلتۈرۈلگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ نەدە ياسالغان نەرسە؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

ــ پارستا (ھازىرقى ئىراق ۋە ئىراندا)، بىز ئۇنىڭغا ئۆلۈك ھايۋانلارنىڭ (گۆش ـ مايلىرى) ئارىلاشتۇرۇلامدىكىن دەپ ئويلايمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنى پىچاق بىلەن پارچىلاپ، ”بىسمىللاھ“ دەپ يەڭلار! ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 2750)

5525 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَسَمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمًا بَيْنَ أَصْحَابِهِ تَمْرًا فَأَعْطَى كُل إِنْسَانٍ سَبْعَ تَمَرَاتٍ فَأَعْطَانِي سَبْعَ تَمَرَاتٍ إِحْدَاهُن حَشَفَةٌ فَلَمْ يَكُنْ فِيهِن تَمْرَةٌ أَعْجَبَ إِلَي مِنْهَا شَدتْ فِي مَضَاغِي.

5525 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلارغا يەتتە تالدىن خورما تارقىتىپ بەردى، ماڭىمۇ يەتتە تال بەردى. بىرسى ناچار خورما ئىدى، لېكىن بۇ ماڭا بەرگەن خورمىلار ئىچىدە مەن ئەڭ ياخشى كۆرگەن خورما بولدى. چۈنكى (ئۇ قاتتىق بولغانلىقتىن) مەن ئۇنى بەك ئۇزۇن چاينىغانىدىم.

(بۇخارى: 5411)

5526 - عَنْ يُوسُفَ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ سَلَامٍ قَالَ رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخَذَ كِسْرَةً مِنْ خُبْزِ شَعِيرٍ فَوَضَعَ عَلَيْهَا تَمْرَةً وَقَالَ هَذِهِ إِدَامُ هَذِهِ.

5526 ـ يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارپا نېنىدىن بىر پارچە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تال خورمىنى قويۇپ:

ــ مانا بۇ، ناننىڭ تاتلىق ـ تۈرۈمى، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3830)

[1] ھەيسەمى (8025): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جابىر جۇئفىي ئىسىملىك بىرى بار. كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (826): زەئىپ، ـ دېگەن.

5527 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عَائِشَةُ بَيْتٌ لَا تَمْرَ فِيهِ جِيَاعٌ أَهْلُهُ يَا عَائِشَةُ بَيْتٌ لَا تَمْرَ فِيهِ جِيَاعٌ أَهْلُهُ أَوْ جَاعَ أَهْلُهُ قَالَهَا مَرتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا.

5527ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم قايتا ـ قايتا: «ئى ئائىشە! خورما يوق ئۆينىڭ ئەھلى ئاچ قالىدۇ» دېگەن.

(مۇسلىم: 2046)

5528 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْكُلُ الْبِطيخَ بِالرطَبِ فَيَقُولُ نَكْسِرُ حَر هَذَا بِبَرْدِ هَذَا وَبَرْدَ هَذَا بِحَر هَذَا.

5528 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاۋۇز بىلەن ھۆل خورمىنى بىرگە يەيتتى ۋە: «بۇنىڭ سوغۇقىنى بۇنىڭ ئىسسىقى بىلەن، بۇنىڭ ئىسسىقىنى بۇنىڭ سوغۇقى بىلەن تەڭشەيمىز» دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3836)

5529- عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ أَرَادَتْ أُمي أَنْ تُسَمنَنِي لِدُخُولِي عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ أَقْبَلْ عَلَيْهَا بِشَيْءٍ مِما تُرِيدُ حَتى أَطْعَمَتْنِي الْقِثاءَ بِالرطَبِ فَسَمِنْتُ عَلَيْهِ كَأَحْسَنِ السمْنِ.

5529ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئانام مېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قوشۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى بىرئاز سەمرىتىشنى ئويلاپ، ماڭا ھەرخىل تاماق تەييارلاپ بەرگەن بولسىمۇ، مەن ئۇ ئويلىغاندەك سەمرىمىدىم. ئاخىرى ماڭا تەرخەمەك بىلەن ھۆل خورمىنى يېگۈزگەندى، خېلى ئوبدان سەمرىپ قالدىم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3903)

[1] ئەلبانى (3249): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3303): سەھىھ ـ دېگەن.

5530 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ جَعْفَرٍ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْكُلُ الْقِثاءَ بِالرطَبِ.

5530 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەرخەمەك بىلەن خورمىنى بىللە يېگەنلىكىنى كۆرگەن.

(مۇسلىم: 2043)

5531 - عَنْ ابْنَيْ بُسْرٍ السلَمِيينِ قَالَا دَخَلَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَدمْنَا زُبْدًا وَتَمْرًا وَكَانَ يُحِب الزبْدَ وَالتمْرَ.

5531 ـ سۇلەمىن قەبىلىسىلىك بۇسرىنىڭ ئىككى ئوغلى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەنىدى، بىز ئۇنىڭ ئالدىغا سېرىقماي بىلەن خورما ئېلىپ كەلدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورما بىلەن سېرىقماينى ياخشى كۆرەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3837)

5532 - عَنِ ابْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُسْرٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ أَتَانَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَدمَتْ إِلَيْهِ جَدتِي تَمْرًا يُقَالُ لَهُ وَطَبَخَتْ لَهُ وَسَقَيْنَاهُمْ فَنَفِدَ الْقَدَحُ فَجِئْتُ بِقَدَحٍ آخَرَ وَكُنْتُ أَنَا الْخَادِمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْطِ الْقَدَحَ الذِي انْتَهَى إِلَيْهِ.

5532 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە، چوڭ ئانام ئۇنىڭ ئالدىغا ئازراق خورما قويدى، ئاندىن تاماق ئەتتى. تاماقتىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەرگە ئىچىملىك تەقدىم قىلدۇق. (ئۇلار قاچىدىكى ئىچىملىكنى قاتار بويىچە ئىچىپ) قاچىدىكى ئىچىملىك تۈگىدى. مەن يەنە بىر قاچا ئېلىپ كەلگەنىدىم،

[1] ئەلبانى (3837): سەھىھ ـ دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ باياتىن كىمدە توختىغان بولسا، قاچىنى شۇنىڭغا بەر! ـ دېدى.

(ئەھمەد: 17223)

5533 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُحِب الْحَلْوَاءَ وَالْعَسَلَ.

5533 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاتلىق ـ تۈرۈم بىلەن ھەسەلنى ياخشى كۆرەتتى[1].

(تىرمىزى: 1831)

5534 - عَنْ عَلْقَمَةَ بنِ عَبْدِ اللهِ الْمُزَنِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا اشْتَرَى أَحَدُكُمْ لَحْمًا فَلْيُكْثِرْ مَرَقَتَهُ فَإِنْ لَمْ يَجِدْ لَحْمًا أَصَابَ مَرَقَةً وَهُوَ أَحَدُ اللحْمَيْنِ.

5534 ـ ئەلقەمە ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنى دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار گۆش سېتىۋالسا، شورپىسىنى جىق قىلسۇن. چۈنكى (ئادەم كۆپ بولۇپ قېلىپ) بەزىلەرگە گۆش تەگمەي قالسا، شورپىسىنى ئىچىدۇ، شورپىمۇ (قۇۋۋەت جەھەتتە) گۆش بىلەن ئوخشاش»[2].

(تىرمىزى: 1832)

5535 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ مَسْعُودٍ قَالَ كَانَ أَحَب الْعُرَاقِ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عُرَاقَ الشاةِ وكَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعْجِبُهُ الذرَاعُ قَالَ وَسُمَّ فِي الذرَاعِ.

5535 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوينىڭ ئۇستىخىنىنى

[1] ئەلبانى (1495): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (309): زەئىپ، ـ دېگەن.

(غاجىلاشنى) بەك ياخشى كۆرەتتى. شۇنداقلا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوينىڭ قولىنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. (شۇڭا يەھۇدىيلار) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى زەھەرلىمەكچى بولغاندا، قوينىڭ قولىنى زەھەرلەپ، تەقدىم قىلغانىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3780)

5536 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ مَا كَانَ الذرَاعُ أَحَب اللحْمِ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَكِنْ كَانَ لَا يَجِدُ اللحْمَ إِلا غِبا فَكَانَ يَعْجَلُ إِلَيْهِ لِأَنهُ أَعْجَلُهَا نُضْجًا.

5536 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوينىڭ قولىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۆشنى ئاندا ـ ساندا تاپالايتتى ۋە تاپالىغان چېغىدا، قولىنى ئالدىراپلا پىشۇرۇپ يەيتتى. چۈنكى قول تېز پىشىدۇ[2].

(تىرمىزى: 1838)

5537 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ إِياكُمْ وَاللحْمَ فَإِن لَهُ ضَرَاوَةً كَضَرَاوَةِ الْخَمْرِ.

5537 ـ يەھيا ئىبنى سەئىدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: گۆشنى كۆپ يېيىشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى ئۇ ھاراققا ئوخشاش ئادەمنى خۇمار قىلىپ قويىدۇ.

(مالىك: 1742)

5538 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ أَدْرَكَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ وَمَعَهُ حِمَالُ لَحْمٍ فَقَالَ مَا هَذَا فَقَالَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ قَرِمْنَا إِلَى اللحْمِ فَاشْتَرَيْتُ بِدِرْهَمٍ لَحْمًا فَقَالَ عُمَرُ أَمَا يُرِيدُ أَحَدُكُمْ أَنْ يَطْوِيَ بَطْنَهُ عَنْ جَارِهِ أَوْ ابْنِ عَمهِ أَيْنَ تَذْهَبُ عَنْكُمْ هَذِهِ

---

[1] ئەلبانى (3780): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1838): سەھىھ ـ دېگەن.

الْآيَةُ أَذْهَبْتُمْ طَيِّبَاتِكُمْ فِي حَيَاتِكُمْ الدُّنْيَا وَاسْتَمْتَعْتُمْ بِهَا .

5538 ـ يەھيا ئىبنى سەئىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بىر خالتا گۆش كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. جابىر:

ـ ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! (گۆش يېمىگىلى ئۇزۇن بولغاچقا) بەك گۆش سېغىنىپ كەتتۇق، شۇڭا بىر تەڭگىگە بۇ گۆشنى سېتىۋېلىپ كەلدىم، ـ دېدى. ئۆمەر:

ـــ قوشنالىرىڭلار بىلەن بار ـ يوقتا بىرگە بولۇش ئۈچۈن ئازراق بەرداشلىق بەرسەڭلار بولمامدۇ؟! الله تائالانىڭ: سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار[1] دېگەن ئايىتىنى ئۇنۇتتۇڭلارمۇ؟ ـ دېدى.

(مالىك: 1742)

5539 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ قَالَ لِعُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ إِنَّ فِي الظَّهْرِ نَاقَةً عَمْيَاءَ فَقَالَ عُمَرُ ادْفَعْهَا إِلَى أَهْلِ بَيْتٍ يَنْتَفِعُونَ بِهَا قَالَ فَقُلْتُ وَهِيَ عَمْيَاءُ فَقَالَ عُمَرُ يَقْطُرُونَهَا بِالْإِبِلِ قَالَ فَقُلْتُ كَيْفَ تَأْكُلُ مِنْ الْأَرْضِ قَالَ فَقَالَ عُمَرُ أَمِنْ نَعَمِ الْجِزْيَةِ هِيَ أَمْ مِنْ نَعَمِ الصَّدَقَةِ فَقُلْتُ بَلْ مِنْ نَعَمِ الْجِزْيَةِ فَقَالَ عُمَرُ أَرَدْتُمْ وَاللَّهِ أَكْلَهَا فَقُلْتُ إِنَّ عَلَيْهَا وَسْمَ الْجِزْيَةِ فَأَمَرَ بِهَا عُمَرُ فَنُحِرَتْ وَكَانَ عِنْدَهُ صِحَافٌ تِسْعٌ فَلَا تَكُونُ فَاكِهَةٌ وَلَا طُرَيْفَةٌ إِلَّا جَعَلَ مِنْهَا فِي تِلْكَ الصِّحَافِ فَبَعَثَ بِهَا إِلَى أَزْوَاجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَيَكُونُ الَّذِي يَبْعَثُ بِهِ إِلَى حَفْصَةَ ابْنَتِهِ مِنْ آخِرِ ذَلِكَ فَإِنْ كَانَ فِيهِ نُقْصَانٌ كَانَ فِي حَظِّ حَفْصَةَ قَالَ فَجَعَلَ فِي تِلْكَ الصِّحَافِ مِنْ لَحْمِ تِلْكَ الْجَزُورِ فَبَعَثَ بِهِ إِلَى أَزْوَاجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَمَرَ بِمَا بَقِيَ مِنْ لَحْمِ تِلْكَ الْجَزُورِ فَصُنِعَ فَدَعَا عَلَيْهِ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارَ.

5539 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ

[1] سۈرە ئەھقاف، 20 ـ ئايەت.

ئەنھۇغا:

ـ (دۆلەت خەزىنىسىگە ئائىت) تۆگىلەردىن بىرسى قارىغۇ ئىكەن، ـ دېگەنىدىم. ئۇ:

ـ ئۇنى بىرەر ئائىلىگە بېرىۋەت! شۇلار پايدىلانسۇن، ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇ دېگەن قارىغۇ تۇرسا؟! ـ دېگەنىدىم. ئۆمەر:

ـ ساق تۆگىلەرگە قوشۇپ قويسا بولار؟ ـ دېدى. مەن:

ـ بۇ تۆگە قانداق ئوتلايدۇ؟! ـ دېگەنىدىم، شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر:

ـ بۇ جىزيەگە ھېسابلاپ ئېلىنغان تۆگىمۇ ياكى زاكاتقا ھېسابلاپ ئېلىنغان تۆگىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ جىزيەگە ھېسابلاپ ئېلىنغان تۆگىلەردىن ئىكەن، ـ دېدىم. ئۆمەر:

ـ سىلەر بۇنى يېمەكچى بولىۋاتىسىلەر! ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇنىڭدا راستىن ئۇنىڭ جىزيە تۆگىلىرىدىن ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بار، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تۆگە ئۆمەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بوغۇزلاندى. ئۆمەرنىڭ توققۇز دانە چوڭ قاچىسى بار بولۇپ، مېۋە ـ چېۋە، سەي ـ كۆكتات كەلسە، شۇ قاچىلارغا بۆلۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. قىزى ھەفسەگە ئەۋەتىدىغان قاچىغا ئەڭ ئاخىرىدا بۆلەتتى. شۇڭا تەقسىم قىلغان نەرسە ئاخىرىدا ئاز قالسا، ھەفسەنىڭ نېسىۋىسى كېمىيەتتى. ھېلىقى تۆگىنىڭ گۆشىنىمۇ ئاشۇ قاچىلارغا بۆلۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ئەۋەتتى. ئاندىن ئېشىپ قالغىنىنى پىشۇرۇشقا بۇيرىدى ۋە مۇھاجىر، ئەنسارلارنى چاقىرىپ مېھمان قىلدى.

(مالىك: 619)

5540 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنهُ قَالَ إنا كُنا نَفْرَحُ بِيَوْمِ الْجُمُعَةِ كَانَتْ لَنا عَجُوزٌ تَأْخُذُ مِنْ أُصُولِ سِلْقٍ لَنا كُنا نَغْرِسُهُ فِي أَرْبِعَائِنَا فَتَجْعَلُهُ فِي قِدْرٍ لَهَا فَتَجْعَلُ فِيهِ حَباتٍ مِنْ شَعِيرٍ لَا أَعْلَمُ إِلا أَنهُ قَالَ لَيْسَ فِيهِ شَحْمٌ وَلَا وَدَكٌ فَإِذَا صَلَّيْنا الْجُمُعَةَ زُرْنَاهَا فَقَرَبَتْهُ إِلَيْنا فَكُنا نَفْرَحُ بِيَوْمِ الْجُمُعَةِ مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ وَمَا كُنا نَتَغَدى وَلَا نَقِيلُ إِلا بَعْدَ

الْجُمُعَةِ.

5540 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز جۈمە كۈنى كەلسە، خوش بولۇپ كېتەتتۇق. چۈنكى مەھەللىمىزدە بىر قېرى ئايال بار بولۇپ، ئۇ (ھەر جۈمە كۈنى) ئېتىزلىقىمىزدىن قىزىلچا يۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ يىلتىزىنى قازانغا سېلىپ، ئازراق ئارپا بىلەن قايناتتىپ، ياغ سالمايلا بىر خىل تاماق ھازىرلاپ تۇراتتى. بىز جۈمە (نامىزى)دىن چىقىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىرەتتۇق. ئۇ بىزگە تەييارلىغان تامىقىنى تەقدىم قىلاتتى. شۇڭا جۈمە كۈنى كەلسە، بەكمۇ خۇش بولۇپ كېتەتتۇق. جۈمە كۈنلىرى چۈشلۈك تاماقنى جۈمەدىن كېيىن يەيتتۇق، چۈشلۈك ئۇيقۇنىمۇ جۈمەدىن كېيىن ئۇخلايتتۇق.

(بۇخارى: 2349)

5541 - عَنْ سَهْلٍ بِهَذَا وَقَالَ مَا كُنَّا نَقِيلُ وَلَا نَتَغَدَّى إِلَّا بَعْدَ الْجُمُعَةِ.

5541 ـ سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز جۈمە كۈنلىرى چۈشلۈك ئۇيقۇنى جۈمەدىن كېيىن ئۇخلايتتۇق، چۈشلۈك تاماقنىمۇ جۈمەدىن كېيىن يەيتتۇق.

(بۇخارى: 939)

5542 - عن جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ قَالَ كُنَّا مَعَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِمَرِّ الظَّهْرَانِ نَجْنِي الْكَبَاثَ فَقَالَ عَلَيْكُمْ بِالْأَسْوَدِ مِنْهُ فَإِنَّهُ أَيْطَبُ فَقَالَ أَكُنْتَ تَرْعَى الْغَنَمَ قَالَ نَعَمْ وَهَلْ مِنْ نَبِيٍّ إِلَّا رَعَاهَا.

5542 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەررى زەھران ۋادىسىدا ئەراك دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى ئۈزۈۋاتاتتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنىڭ قارىسىنى ئېلىڭلار! قارىسى بەك ياخشى، ـ دېدى. بىر كىشى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن قوي باققانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى،

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەئە، مەن قوي باققان. قوي باقمىغان پەيغەمبەر يوق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 5453)

5543 - عن أنس بن مالك قال: أُتيَ رسول الله صلى الله عليه وسلم بقـدح أو بقعب فيه لبن وعسل، فقال: «أدمان في إناء؟ لا آكله، ولا أحرمه».

5543 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قاچىدا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت كەلتۈرۈلگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قان بولىدىغان بۇ ئىككى ماددىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر قاچىدا ئەكەلدىڭلارمۇ؟! مەن بۇنى ئىچمەيمەن، بىراق باشقىلارنى ئىچىشتىن توسمايمەن» دېدى[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

5544 - عن ٱبن أَبِي خَالِدٍ يَعْنِي إِسْمَاعِيلَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ دَخَلْتُ عَلَى رَجُلٍ وَهُـوَ يَتَمَجعُ لَبَنًا بِتَمْرٍ فَقَالَ ٱدْنُ فَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَماهُمَا الْأَطْيَبَيْنِ.

5544 ـ ئىبنى ئەبۇ خالىد يەنى ئىسمائىل دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرگەنىدىم، ئۇ كىشى خورما يەپ، سۈت ئىچىپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇ ماڭا:

ــ سەنمۇ كەل! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككىسىنىڭ ئەڭ ياخشى تاماق ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى، ـ دېدى[②].

(ئەھمەد: 15463)

[①] ھەيسەمى (7973): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىم ئىسىملىك تەرجىمىھالى نامەلۇم بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (8017): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەبۇ خالىدتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئەمما ئەبۇ خالىدمۇ ئىشەنچلىك كىشىدۇر، ـ دېگەن.

5545 - عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ أَن رَجُلًا نَزَلَ الْحَرةَ وَمَعَهُ أَهْلُهُ وَوَلَدُهُ فَقَالَ رَجُلٌ إِن نَاقَةً لِي ضَلتْ فَإِنْ وَجَدْتَهَا فَأَمْسِكْهَا فَوَجَدَهَا فَلَمْ يَجِدْ صَاحِبَهَا فَمَرِضَتْ فَقَالَتْ امْرَأَتُـهُ انْحَرْهَا فَأَبى فَنَفَقَتْ فَقَالَتْ اسْلُخْهَا حَتى نُقَدِدَ شَحْمَهَا وَلَحْمَهَا وَنَأْكُلَهُ فَقَالَ حَتى أَسْأَلَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَتَاهُ فَسَأَلَهُ فَقَالَ هَلْ عِنْدَكَ غِنًى يُغْنِيكَ قَالَ لَـا قَـالَ فَكُلُوهَا قَالَ فَجَاءَ صَاحِبُهَا فَأَخْبَرَهُ الْخَبَرَ فَقَالَ هَلا كُنتَ نَحَرْتَهَا قَالَ اسْتَحْيَيْتُ مِنْكَ.

5545 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئايالى ۋە بالىسى بىلەن ھەررەگە (مەدىنىگە يېقىن بىر سايغا) چۈشكۈن قىلغانىدى. بىر كىشى كېلىپ:

ــ مېنىڭ بىر تۆگەم يۈتۈپ كەتتى، ئەگەر ئۇنى كۆرسەڭ تۇتقىن! ـ دېدى. كېيىن ئۇ كىشى تۆگىنى تۇتتى، ئەمما تۆگىنىڭ ئىگىسىنى تاپالمىدى. شۇ ئەسنادا، ھېلىقى تۆگە كېسەل بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشىنىڭ ئايالى:

ــ بۇ تۆگىنى بوغۇزلىغىن! ـ دېدى. ئۇ كىشى ئۇنىمىدى، ئاخىرى ئۇ تۆگە ئۆلدى. ئايالى يەنە:

ــ بۇ تۆگىنى سويغىن! يېغىنى، گۆشىنى قۇرۇتۇپ قويۇپ يەيلى، ـ دېدى. بىراق ئۇ كىشى:

ــ ئالدى بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراي، ئاندىن بىر گەپ بولار، ـ دېدى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ توغرۇلۇق سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەيدىغان بىر نەرسەڭ يوقمۇ؟ ـ دېدى. ئۇ:

ــ يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، يېسەڭلار بولىدۇ، ـ دېدى. كېيىن ئۇ تۆگىنىڭ ئىگىسى كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

ــ بوغۇزلىساڭ بولماسمىدى؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ كىشى:

ـ سەندىن ھايا قىلدىم، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3817)

5546 - عَنْ الْفُجَيْعِ الْعَامِرِي أَنَّهُ أَتَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا يَحِل لَنَا مِنْ الْمَيْتَةِ قَالَ مَا طَعَامُكُمْ قُلْنَا نَغْتَبِقُ وَنَصْطَبِحُ قَالَ أَبُو نُعَيْمٍ فَسَرَهُ لِي عُقْبَةُ قَدَحٌ غُدْوَةً وَقَدَحٌ عَشِيَةً قَالَ ذَاكَ وَأَبِي الْجُوعُ فَأَحَل لَهُمْ الْمَيْتَةَ عَلَى هَذِهِ الْحَالِ.

5546 ـ فۇجەيئ ئامىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ نېمىسى ھالال؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سىلەر نېمە يەيسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ بىز ئەتىگەندە بىر قاچا، كەچتە بىر قاچا سۈت ئىچىمىز، ـ دېدىم (راۋىي: قەسەم قىلىمەنكى، بۇ، ئاچ قورساقتا ھېچنېمە ئەمەس، ـ دەيدۇ). بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى يېيىشكە رۇخسەت قىلدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3817)

5547 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اعْبُدُوا الرحْمَنَ وَأَطْعِمُوا الطعَامَ وَأَفْشُوا السلَامَ تَدْخُلُوا الْجَنةَ بِسَلَامٍ.

5547 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مېھرىبان اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، مىسكىنلەرگە تاماق بېرىڭلار، (تونىغان، تونىمىغان ھەممىگە ئوخشاش) سالام قىلىڭلار! شۇنداق قىلساڭلار، جەننەتكە خاتىرجەم كىرىسىلەر» دېگەن[③].

(تىرمىزى: 1855)

---

[①] ئەلبانى (3234): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (822): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.
[③] ئەلبانى (3694): سەھىھ ـ دېگەن.

5548 - عن أبي الدرداء قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من وافق من أخيه شهوة غفر له.

5548 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى قېرىندىشىنى (ئۇنىڭ) كۆڭلى تارتقان تاماق بىلەن تەمىنلىسە، اللە ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەن[1].

(«ئەلكەبىر»؛ بەززار: 2890)

5549 - عَنْ عِصْمَةَ قَالَ: جَاءَ نَفَرٌ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَقَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، إِنا نَمُر فِي هَذِهِ الأَسْوَاقِ فَنَنظُرُ إِلَى هَذِهِ الْفَوَاكِهِ فَنَشْتَهِيهَا وَلَيْسَ مَعَنَا فِلْسٌ نَشْتَرِي بِهِ، فَهَلْ لَنَا فِي ذَلِكَ أَجْرٌ، فَقَالَ: وَهَلِ الأَجْرُ إِلا فِي ذَلِكَ.

5549 ـ ئىسمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلاردىن بىر قانچىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز بۇ بازارلاردىن ئۆتكەندە، بازارلاردىكى مېۋىلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى يېگۈمىز كېلىدۇ، بىراق بىزدە ئۇنى سېتىۋالغۇدەك پۇل يوق، اللە بىزگە شۇنىڭغىمۇ ئەجىر بېرەمدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەجىر دېگەن ئەنە شۇنداق ئىشلارغا بېرىلىدۇ، ـ دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 183/17)

5550 - عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ أَنهَا كَانَتْ إِذَا ثَرَدَتْ غَطتْهُ شَيْئًا حَتى يَذْهَبَ

[1] ھەيسەمى (7874): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زىياد نەمىرى ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ بىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭدا يەنە تەرجىمىھالى نامەلۇم كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7875): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە فەزل ئىبنى مۇختار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

فَوْرُهُ ثُم تَقُولُ إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِنهُ أَعْظَمُ لِلْبَرَكَةِ.

5550 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا شورپا قىلىپ، شورپىغا نان سالسا، قاچىنى ھورى يوقالغانغا (يەنى سوۋۇغانغا) قەدەر بىر نەرسە بىلەن يۆگەپ قوياتتى. ئاندىن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇشۇنداق قىلىش تاماقنى بەك بەرىكەتلىك قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دەيتتى[①].

(ئەھمەد: 26418)

5551 - عن أبي هريرة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «أبردوا بالطعام فإن الطعام الحار غير ذي بركة.

5551 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تاماقنى سوۋۇتۇپ يەڭلار! قىززىق تاماق بەرىكەتسىز» دېگەن[②].

(«ئەلئەۋسەت»)

5552 - عن جابر أن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «أحب الطعام إلى الله ما كثرت عليه الأيدي».

5552 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە تائالا ئۇپچە يېيىلگەن تاماقنى بەك ياخشى كۆرىدۇ»[③].

(مەۋسىلى: 2045)

---

① ھەيسەمى (7882): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىرى مۇنقەتىئ؛ يەنە بىرىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن كىشى بار. بۇ ھەدىسنى يەنە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە قۇررە ئىبنى ئابدۇراھمان ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، ئىبنى مۇئىن ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەر ئىككىلىسىنىڭ قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (7887): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد بەكرى ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (7893): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلمەجىد ئىبنى ئەبۇ رەۋۋاد ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

5553 - عن عمار بن ياسر قال كان رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يأكل من هدية حG يأمر صاحبها أن يأكل منها للشاة اG أهديت له Nيسر.

5553 ـ ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەردە يۇز بەرگەن ھىلىقى قويىنىڭ گۆشى بىلەن زەھەرلەش سۇيىقەستىدىن كېيىن، بىرەرسى تاماق ھەدىيە قىلسا، ھەدىيە قىلغۇچى ئۇ تاماقتىن يېمىگۈچە، ئۆزى ھەرگىز يېمەيدىغان بولغانىدى①.

(بەززار: 2865)

5554 - عَنْ أَنسٍ قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: إِذَا قُربَ لأَحَدِكُمْ طَعَامُهُ وَفِي رِجْلَيْهِ نَعْلانِ فَلْيَنزِعْ نَعْلَيْهِ فَإِنهُ أَرْوَحُ لِلْقَدَمَيْنِ وَهُوَ مِنَ السنةِ.

5554 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئالدىڭلارغا تاماق قويۇلغاندا، پۇتۇڭلاردا ئاياغ بولسا، ئاياغنى سېلىۋېتىپ ئولتۇرۇپ يەڭلار. چۈنكى بۇنداق قىلىش پاچاقنى راھەتلەندۈرىدۇ، شۇنداقلا بۇ سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر»②.

(بەززار: 2867)

5555 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: الأَكْلُ فِي السوقِ دَنَاءَةٌ.

5555 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بازاردا تاماق يېيىش پەسكەشلىك» دېگەن③.

(«ئەلكەبىر»: 7977)

① ھەيسەمى (7900): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (7911): بۇ ھەدىسنى بەززار، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (7920): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۆمەر ئىبنى مۇسا ئىبنى ۋەجىھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

5556 - عن ابن عمر أن فضل الطعام الذى يبقى بين اǂضراس يوهن اǂضراس.

5556 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: چىشلارنىڭ ئارىسىدا قالغان تاماقلار چىشنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 13065)

5557 - عن اΣسن بن علي أنه دخل اǂتوضأ فأصاب لقمة - أو قال: كسرة - في ƒرى الغائط والبول، فأخذها، فأماȓ عنها اǂذى فغسلها غسلا نعما، Ż دفعهـا إБ غلامه فقال: يا غلام، ذكرϽ ŏا إذا توضأت، فلما توضأ قال للغلام: يا غـلام، نـاولǂ اللقمة - أو قال: الكسرة - فقال: يا مولاي أكلتها قال: فاذهب فأنت حر لوجـه الله قال: فقال له الغلام: يا مولاي، ǂي شيء أعتقتǂÝ قال: ǂϽ Ƨعت من فاطمـة بنـت رسول الله تذكر عن أبيها رسول الله صلى الله عليه وسلم: «من أخذ لقمة أو كسرة من ƒرى الغائط والبول، فأخذها فأماȓ عنها اǂذى وغسلها غسلا نعما Ż أكلها Ɓ تسـتقر في بطنه حƠ يغفر له» فما كنت ǂستخدم رجلا من أهل اƧنة.

5557 ـ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما تاھارەت ئالغىلى كىرىپ، ھاجەتخانىدا بىر پارچە ناننى كۆردى ـ دە، ئۇنى دەرھال ئېلىپ تازىلىدى ۋە سۇ بىلەن خېلى ئوبدان يۇدى، ئاندىن قۇلىغا بېرىپ:

ـ ئەي بالا! مەن تاھارەت ئېلىپ بولغاندا، بۇ ناننى يادىمغا سالغىن!

ـ دېدى. تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن:

ـ ئەي بالا! ھېلىقى ناننى ئەكەل! ـ دېدى. ئۇ:

ـ ئى غوجىدارىم! مەن ئۇ ناننى يەۋەتكەنىدىم، ـ دېگەنىدى، ھەسەن:

ـ ئۇنداقتا، سەن الله رىزالىقى ئۈچۈن ئازاد، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قۇل:

ـ ئى غوجىدارىم! مېنى نېمە سەۋەبتىن ئازاد قىلىۋەتتىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ھەسەن:

ـ چۈنكى مەن ئانام فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بوۋام پەيغەمبەر

[1] ھەيسەمى (7952): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى ھاجەتخانىدىن بىرەر پارچە نان تېپىۋېلىپ، ئۇنى يۇيۇپ، تازىلاپ يېسە، ئۇ نان قورسىقىغا كىرەر ـ كىرمەي، اللە ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا مەن ئەمدى جەننەت ئەھلىدىن بولۇپ كەتكەن سەندەك بىر ئادەمنى خىزمىتىمگە سالمايمەن، ـ دېدى①.

(مەۋسىلى: 7250)

5558 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن بُرَيْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ: "سَيدُ اqدَامِ ِفي الدنْيا وَا⁄خِرَةِ اللحْمُ، وسَيدُ الشرَابِ ِفي الدنْيا وَا⁄خِرَةِ الْمَـاءُ، وسَيدُ الرَياحِينَ ِفي الدنْيا وَا⁄خِرَةِ الْفَاغِيَةُ".

5558 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى يېمەكلىك گۆشتۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى ئىچىملىك سۇدۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ خۇشپۇراقلىق چېچەك خېنە چېچىكىدۇر» دېگەن②.

(«ئەلكەبىر»)

5559 – عن يوسف بن عبد الله بن سلام، عن أبيه، عن جده قال: خرج رسول الله صلى الله عليه وسلم إБ اţربد، فرأى عثمان يقود ناقة Tملة دقيقا وSنا وعسلا فقال له رسول الله صلى الله عليه وسلم: «أنخ» فأناpا، فدعا ببرمة، فجعل فيها مـن السـمن والعسل والدقيق، Ź أمر فأوقد Ơتها حGى أدرك أو أنضج، وقال: «كلوا»، وأكـل منـه رسول الله صلى الله عليه وسلم، Ź قال: «إن هذا شيء يدعوه أهل فارس ا٦بيص».

5559 ـ يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى سالام دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر

---

① ھەيسەمى (7975): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (7983): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەئىد ئىبنى ئۇبەييە قەتتان ئىسىملىك تەرجىمىھالى ناتونۇش بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوتانغا چىقىپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەسەل، ئۈزۈم، ياغ يۇغۇرۇپ، ۋە ئۇ يىگەن بىر تۆگىنى يېتىلەپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭغا:

ــ تۆگىنى چۆكتۈر! ــ دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىنى چۆكتۈرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىقى بىلەن قازان كەلتۈرۈلدى. قازانغا ئۇن، ياغ ۋە ھەسەل سېلىنىپ، ئاستىغا ئوت يېقىلدى. پىشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يەڭلار! بۇ، پارسلار خەبىس دەپ ئاتايدىغان تاماق» دېدى ۋە ئۆزىمۇ يېدى.

(«ئەلئەۋسەت»)

5560 ـ عن أنس بن مالك قال أهدى الأكيدر لرسول الله صلى الله عليه وسلم جرة من من فلما انصرف رسول الله صلى الله عليه وسلم من الصلاة مر على القوم فجعل يعطي كل رجل منهم قطعة فأعطى جابرا قطعة ثم إنه رجع إليه فأعطاه قطعة أخرى فقال إنك قد أعطيتني مرة قال هذا لبنات عبد الله.

5560 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇكەيدىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كوزا تەرەنجىبىن سوۋغا قىلغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن جامائەتنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ كېلىپ، ھەر بىر ئادەمگە ئۇ تەرەنجىبىندىن بىر پارچىدىن بەردى. جابىرغا بىر پارچە بېرىپ بولۇپ، قايتىپ كېلىپ، يەنە بىر پارچە بەردى. جابىر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا بايىتىن بېرىپ بولغانىدىڭ! ــ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇ، ئابدۇللاھنىڭ قىزلىرىنىڭ (يەنى ھەمشىرىلىرىڭنىڭ) ھەققى، ـ دېدى.

(ئەھمەد: 11815)

5561 - عن ابن عباس كان يأخذ الحبة من الرمان فيأكلها، قيل له: يا ابن عباس، لم تفعل هذا؟ قال: إنه بلغني أنه ليس في الأرض رمانة تلقح إلا بحبة من حب الجنة، فلعلها هذه.

5561 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەر ئاناردىن بىر دانىچە ئېلىپ

يەيتتى. ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبى سورالغاندا، ئۇ:

ـ مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، زېمىندىكى بارلىق ئانار جەننەتتىن چىققان بىر دانە ئانار دانچىسى بىلەن چاڭلاشتۇرۇلىدىكەن، بەلكى ئۇ دانچە مەن يېگەن مۇشۇ دانچە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ شۇنداق قىلىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(«ئەلكەبىر»)

5562 - عن علي قَالَ كُلُوا الرمانَ بِشَحْمِهِ فَإِنَّهُ دِبَاغُ الْمِعِدَةِ.

5562 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئانارنى ئىچكى پوستى بىلەن قوشۇپ يەڭلار، ئۇ ئاشقازاننى تازىلايدۇ، ـ دېگەن[2].

(ئەھمەد: 22726)

5563 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: جَاءَ جَابِرُ بن عَبْدِ اللهِ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِسَفَرْجَلَةٍ قَدِمَ بِهَا مِنَ الطائِفِ، فَنَاوَلَهُ إِياهَا، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: لَيَذْهَبُ بطخاوة الصدْرِ، وَيَجْلُو الْفُؤَادَ.

5563 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تائىفتىن ئېلىپ كەلگەن بىر تال بېھىنى بەرگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بېھى قەلبنىڭ گالۋاڭلىقىنى كەتكۈزۈپ، ئۇنى سەزگۈرلەشتۈرىدۇ» دېدى[3].

(«ئەلكەبىر»: 11209)

5564 - عَنْ سَلْمَانَ عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: "مَنْ أَكَلَ الطينَ أَعَانَ عَلَى قَتْلِ نَفْسِهِ".

[1] ھەيسەمى (8040): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8041): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (8042): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۆمەر ئىبنى دىنار ئىسىملىك تەرجىمىھالى ناتونۇش بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

5564 ـ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى لاي يەيدىكەن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەم بەرگەن بولىدۇ» دېگەن[①].

(«ئەلكەبىر»: 6138)

5565 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا دَخَلَ أَحَدُكُمْ عَلَى أَخِيهِ الْمُسْلِمِ فَأَطْعَمَهُ طَعَامًا فَلْيَأْكُلْ مِنْ طَعَامِهِ وَلَا يَسْأَلْهُ عَنْهُ فَإِنْ سَقَاهُ شَرَابًا مِنْ شَرَابِهِ فَلْيَشْرَبْ مِنْ شَرَابِهِ وَلَا يَسْأَلْهُ عَنْهُ.

5565 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئۆيىگە كىرسە، ئۇنىڭ ئالدىغا يېمەك ـ ئىچمەك كەلتۈرۈلسە، بۇ يېمەك ـ ئىچمەك توغرۇلۇق ئارتۇق سوئال سورىماستىنلا يەپ ـ ئىچسۇن» دېدى[②].

(ئەھمەد: 8933)

① ھەيسەمى (8044): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى زەيد ئەھۋازى ئىسىملىك تەرجىمىھالى ناتونۇش بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (8043): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسلىم ئىبنى خالىد زەنگى ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

## ئىچىملىكلەر بۆلۈمى

### ئۆرە تۇرۇپ ئىچىش، تۇلۇم (قاچا قاتارلىقلار)نىڭ ئاغزىدىن ئىچىش، ئىچكەندە تىنىش، ئوپچە بىر نەرسە ئىچكەندە ئىچكۈچىلەرنىڭ رەت تەرتىۋى ۋە قاچىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويۇش قاتارلىق ئىشلار

5566 - عَنْ النزالِ قَالَ أُتى عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَلَى بَابِ الرحَبَةِ فَشَرِبَ قَائِمًا فَقَالَ إِن نَاسًا يَكْرَهُ أَحَدُهُمْ أَنْ يَشْرَبَ وَهُوَ قَائِمٌ وَإِني رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَعَلَ كَمَا رَأَيْتُمُونِي فَعَلْتُ.

5566 ـ نەززال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىد ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچتى، ئاندىن:

ــ بىر قىسىم كىشىلەر ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنى يامان كۆرىدۇ، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ماڭا ئوخشاش ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكىنىنى كۆرگەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5615)

5567 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَشْرَبُ قَائِمًا وَقَاعِدًا.

5567 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ ئۆرە تۇرۇپمۇ، ئولتۇرۇپمۇ سۇ ئىچكىنىنى كۆرگەن[1].

(تىرمىزى: 1883)

5568 - عَنْ نَافِعٍ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ كُنَّا نَأْكُلُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَنَحْنُ نَمْشِي وَنَشْرَبُ وَنَحْنُ قِيَامٌ.

5568 ـ نافىئدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، تاماقنى مېڭىپ تۇرۇپمۇ يەيتتۇق، سۇنى ئۆرە تۇرۇپمۇ ئىچەتتۇق[2].

(تىرمىزى: 1881)

5569 - عَنْ قَتَادَةَ عَنْ أَنَسٍ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ نَهَى أَنْ يَشْرَبَ الرَّجُلُ قَائِمًا قَالَ قَتَادَةُ فَقُلْنَا فَالْأَكْلُ فَقَالَ ذَاكَ أَشَرُّ أَوْ أَخْبَثُ.

5569 ـ قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشتىن توسقان، ـ دېگەندى. بىز:

ـــ ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىشچۇ؟ ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ـ دەپ سورىدۇق. ئۇ:

ـ ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىش ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەندىن بەتتەر يامان، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2024)

5570 - عن أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا يَشْرَبَنَّ أَحَدٌ مِنْكُمْ قَائِمًا فَمَنْ نَسِيَ فَلْيَسْتَقِئْ.

5570 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (1535): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1533): سەھىھ ـ دېگەن.

«سىلەردىن ھېچكىم ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچمىسۇن! ئۇنتۇپ قېلىپ ئىچىپ سالغان كىشى قۇسۇۋەتسۇن» دېگەن.

(مۇسلىم: 2026)

5571 - عن أبي هُرَيْرَةَ عَنِ النبي - صلى الله عليه وسلم - أَنَّهُ قَالَ لِرَجُلٍ رَآهُ يَشْرَبُ قَائِماً: «قِئْ». قَالَ: لِمَ؟ قَالَ: «أَتحِب أَنْ تَشْرَبَ مَعَ الْهِرِّ؟». قَالَ: لا. قَالَ: «فَقَدْ شَرِبَ مَعَكَ شَرٌ مِنْهُ الشَّيْطَانُ».

5571 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ:

ـ قۇسۇۋەت! ـ دېدى. ئۇ:

ـ نېمە ئۈچۈن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مۈشۈك بىلەن بىرگە سۇ ئىچىشنى ياقتۇرامسەن؟ ـ دېدى. ئۇ:

ـ ياق، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مۈشۈكتىنمۇ بەتتەر بىرى، يەنى شەيتان بۇ سۇنى سەن بىلەن بىرگە ئىچتى، ـ دېدى.

(دارىمى: 2128)

5572 - عَنْ كَبْشَةَ قَالَتْ دَخَلَ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَشَرِبَ مِنْ فِي قِرْبَةٍ مُعَلقَةٍ قَائِمًا فَقُمْتُ إِلَى فِيهَا فَقَطَعْتُهُ.

5572 ـ كەبشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ، ئېسىقلىق تۇرغان تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچتى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى كېسىۋالدىم[1].

(تىرمىزى: 1892)

زاد رزين: فأخذته ركوة أشرب منها.

[1] ئەلبانى (1542): سەھىھ ـ دېگەن.

رەزىن مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ ئىچكەن يەرنى كېسىپ، سۇ ئىچىدىغان قاچا قىلىۋالدىم.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5573 - عَنْ عِيسَى بْنِ عَبْدِ اللهِ رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ عَنْ أَبِيهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعَا بِإِدَاوَةٍ يَوْمَ أُحُدٍ فَقَالَ اخْنِثْ فَمَ الْإِدَاوَةِ ثُم شَرِبَ مِنْ فِيهَا.

5573 ـ ئىيسا ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى بىر قاچىدا سۇ ئەكىلىشكە بۇيرىدى، سۇ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ماڭا:

ـــ قاچىنى يېنىچە قىل! ـ دېدى ۋە قاچىنىڭ ئاغزىدىنلا سۇ ئىچتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3721)

5574 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ اخْتِنَاثِ الْأَسْقِيَةِ أَنْ يُشْرَبَ مِنْ أَفْوَاهِهَا.

5574 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇلۇملارنى يېنىچە قىلىپ تۇرۇپ، ئاغزىدىن سۇ ئىچىشتىن توسقان.

(مۇسلىم: 2023)

5575 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَمْنَعْ أَحَدُكُمْ جَارَهُ أَنْ يَغْرِزَ خَشَبَةً فِي جِدَارِهِ قَالَ ثُم يَقُولُ أَبو هُرَيْرَةَ مَا لِي أَرَاكُمْ عَنْهَا مُعْرِضِينَ وَاللهِ لَأَرْمِيَن بِهَا بَيْنَ أَكْتَافِكُمْ.

5575 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھېچكىم قوشنىسىنى تېمىغا ياغاچ قېقىشتىن چەكلىمىسۇن» دېگەن، ـ دېدى، ئاندىن ئالدىدىكى كىشىلەرگە قاراپ:

[1] ئەلبانى (797): مۇنكەر، ـ دېگەن.

ـــــ ئەجەپ مەن سىلەرنىڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاشتىن قېچىۋاتقانلىقىڭلارنى كۆرىۋاتىمەنغۇ؟! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ سۆزنى سىلەر ئاڭلاشنى خالىمىساڭلارمۇ دەۋېرىمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1609)

5576 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ اخْتِنَاثِ الْأَسْقِيَةِ وَإِن رَجُلًا بَعْدَ مَا نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ ذَلِكَ قَامَ مِنْ اللَّيْلِ إِلَى سِقَاءٍ فَاخْتَنَثَهُ فَخَرَجَتْ عَلَيْهِ مِنْهُ حَيةٌ.

5576 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇلۇمنى يېنىچە قىلىپ تۇرۇپ، ئېغىزىدىن سۇ ئىچىشتىن توسقانىدى. بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ چەكلىمىسىدىن كېيىن، كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇلۇمنى يېنىچە قىلىپ، ئېغىزىدىن سۇ ئىچمەكچى بولدى، لېكىن (تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى ئېچىشىغا) ئىچىدىن بىر يىلان چىقتى[①].

(ئىبنى ماجە: 3419)

5577 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَشْرَبُوا وَاحِدًا كَشُرْبِ الْبَعِيرِ وَلَكِنْ اشْرَبُوا مَثْنَى وَثُلَاثَ وَسَموا إِذَا أَنْتُمْ شَرِبْتُمْ وَاحْمَدُوا إِذَا أَنْتُمْ رَفَعْتُمْ.

5577 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سۇ ئىچكەندە تۆگىدەك تىنماستىن ئىچمەڭلار، ئارىدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تىنىۋېتىپ ئىچىڭلار. سۇ ئىچىشتىن ئىلگىرى ”بىسمىللاھ“، ئىچىپ بولغاندا، ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ دەڭلار!»[②].

(تىرمىزى: 1885)

---

[①] ئەلبانى (744): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (319): زەئىپ، ـ دېگەن.

5578 - عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَتَنفسُ فِي الْإِنَاءِ ثَلَاثًا.

5578 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ ئىچكەندە ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچەتتى.

(مۇسلىم: 2028)

5579 - وفي رواية: إِنهُ أَرْوَى وَأَبْرَأُ وَأَمْرَأُ.

5579 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سۇ ئىچكەندە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچىش ئۇسسۇزلۇقنى ئوبدان قاندۇرىدۇ، تەننى ساغلام قىلىدۇ ۋە بەدەنگە ئاسان سىڭىدۇ» دېگەن.

(مۇسلىم: 2028)

5580 - عن أبي هريرة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يشرب في ثلاثة أنفاس إذا أدنى الإناء إلى فيه سمى الله فإذا أخره حمد الله يفعل به ثلاث مرات.

5580 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ ئىچسە ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچەتتى، ھەر قېتىمدا قاچىنى ئېغىزىغا ئەكىلىشتىن بۇرۇن "بىسمىللاھ"، قاچىنى ئېغىزىدىن يىراقلاشتۇرغاندا "ئەلھەمدۇلىللاھ" دەيتتى[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 844)

5581 - عَنْ بَهْزٍ قَالَ: كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْتَاكُ عَرْضًا وَيَشْرَبُ مَصا، وَيَتَنَفسُ ثَلاثًا، وَيَقُولُ: هُوَ أَهْنَأُ، وَأَمْرَأُ، وَأَبْرَأُ.

5581 ـ بەھز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىشلىرىنى توغرىسىغا مىسۋاكلايتتى، سۈنى (قاچىدىن) شوراپ ئىچەتتى، سۇ ئىچكەندە ئۈچ قېتىم تىناتتى ۋە

[①] ھەيسەمى (8259): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەتىق ئىبنى يەئقۇبتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

مۇنداق دەيتتى: «سۇنى مۇشۇنداق ئىچىش ئۇسسۇزلۇقنى ئوبدان قاندۇرىدۇ، ئاسان سىڭىدۇ ۋە تەننى ساغلام قىلىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 1242)

5582 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا شَرِبَ أَحَدُكُمْ فَلَا يَتَنفسْ فِي الْإِنَاءِ.

5582 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەتادە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىرىڭلار بىر نەرسە ئىچكەندە قاچىغا تىنمىسۇن» دېگەن[2].

(تىرمىزى: 1889)

5583 - عَنْ أَبِي الْمُثَنى عَنْ أَبِى سَعِيدٍ الْخُدْرِى أَن النبِى - صلى الله عليه وسلم - نَهَى عَنِ النفْخِ فِى الشرْبِ. فَقَالَ رَجُلٌ الْقَذَاةُ أَرَاهَا فِى الإِنَاءِ قَالَ «أَهْرِقْهَا». قَالَ فَإِنى لاَ أَرْوَى مِنْ نَفَسٍ وَاحِدٍ قَالَ «فَأَبِنِ الْقَدَحَ إِذًا عَنْ فِيكَ».

5583 ـ ئەبۇ مۇسەننا مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر نەرسە ئىچكەندە، پۈۋلەپ ئىچىشتىن توسقان، ـ دېۋىدى. سورۇندىكى بىر كىشى:

ـ سۇغا ئەخلەت ـ چاۋالار چۈشۈپ قالغان بولسىچۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ سەئىد:

ـ ئۇ سۇنى تۆكىۋەت! ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ـ مەن تىنماستىن ئىچسەم، ئۇسسۇزلۇقۇم قانمايدۇ. ـ دېۋىدى. ئەبۇ سەئىد:

ـ ئۇنداقتا قاچىنى ئاغزىڭدىن يىراق قىلىپ تۇرۇپ تىنىۋېتىپ، ئاندىن داۋاملىق ئىچكىن! ـ دېدى[3].

(تىرمىزى: 2008)

[1] ھەيسەمى (8255): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەبىت ئىبنى كەسىر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1540): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (385): ھەسەن، ـ دېگەن.

5584 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أَنَّهُ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الشرْبِ مِنْ ثُلْمَةِ الْقَدَحِ وَأَنْ ينفَخَ فِي الشرَابِ.

5584 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاچىنىڭ يېرىقىدىن سۇ ئىچىشتىن ۋە بىر نەرسە ئىچكەندە پۈۋلەشتىن توسقان[1].

(ئەبۇداۋۇد: 3722)

5585 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ أَتَانَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي دَارِنَا فَاسْتَسْقَى فَحَلَبْنَا لَهُ شَاةً ثُم شُبْتُهُ مِنْ مَاءِ بِئْرِي هَذِهِ قَالَ فَأَعْطَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَشَرِبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبُو بَكْرٍ عَنْ يَسَارِهِ وَعُمَرُ وِجَاهَهُ وَأَعْرَابِي عَنْ يَمِينِهِ فَلَما فَرَغَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ شُرْبِهِ قَالَ عُمَرُ هَذَا أَبُو بَكْرٍ يَا رَسُولَ اللهِ يُرِيهِ إِياهُ فَأَعْطَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْأَعْرَابِي وَتَرَكَ أَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْأَيْمَنُونَ الْأَيْمَنُونَ الْأَيْمَنُونَ قَالَ أَنسٌ فَهِيَ سُنةٌ فَهِيَ سُنةٌ فَهِيَ سُنةٌ.

5585 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ سۇ سورىغانىدى، بىز بىر قوينى سېغىپ، سۈتكە سۇ قوشۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۇندۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سول تەرىپىدە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئالدىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئوڭ تەرىپىدە بىر سەھرالىق بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈتنى ئىچىپ بولۇشىغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مانا ئەبۇ بەكرى يېنىڭىزدا، ـ دەپ ئەبۇ بەكرىنى كۆرسەتتى. بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنىمۇ، ئۆمەرنىمۇ قايرىپ قويۇپ، قاچىنى ئوڭ يېنىدا تۇرغان سەھرالىققا بەردى ۋە ئۈچ

---

[1] ئەلبانى (3165): سەھىھ ـ دېگەن.

قىتىم مۇنداق دېدى:

ـ ئالدى بىلەن ئوڭ تەرەپتە تۇرغانلارغا بېرىش كېرەك! ئالدى بىلەن ئوڭ تەرەپتە تۇرغانلارغا بېرىش كېرەك! ئالدى بىلەن ئوڭ تەرەپتە تۇرغانلارغا بېرىش كېرەك!

ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوڭ تەرەپتىن باشلاش سۈننەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوڭ تەرەپتىن باشلاش سۈننەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوڭ تەرەپتىن باشلاش سۈننەت.

(مۇسلىم: 2029)

5586 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُتِيَ بِشَرَابٍ فَشَرِبَ مِنْهُ وَعَنْ يَمِينِهِ غُلَامٌ وَعَنْ يَسَارِهِ الْأَشْيَاخُ فَقَالَ لِلْغُلَامِ أَتَأْذَنُ لِي أَنْ أُعْطِيَ هَؤُلَاءِ فَقَالَ الْغُلَامُ وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ لَا أُوثِرُ بِنَصِيبِي مِنْكَ أَحَدًا قَالَ فَتَلَّهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي يَدِهِ.

5586 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىچىملىك كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر بالا، سول تەرىپىدە پېشقەدەملار بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچىپ بولۇپ، ئوڭ يېنىدىكى بالىدىن:

ـ (سەندىن بۇرۇن) ماۋۇلارغا بېرىشكە رۇخسەت قىلامسەن؟ ـ دېدى. ئۇ بالا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەندىن كېيىن كەلگەن بۇ نۆۋەتنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاچىنى ئۇ بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

(بۇخارى: 5620)

زاد رزين: والغلام الفضل بن عباس.

رەزىنىنىڭ رىۋايىتىدە: ئۇ بالا فەزل ئىبنى ئابباس ئىدى، ـ دەپ كەلگەن.

5587 - عَنْ أَبِي قَتَادَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَاقِي الْقَوْمِ آخِرُهُمْ شُرْبًا.

5587 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەرگە ئىچىملىك تەقدىم قىلغان كىشى ئەڭ ئاخىرىدا ئىچىدۇ» دېگەن[①].

(تىرمىزى: 1894)

5588 - عَنْ جَابِرٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ غَطوا الْإِنَاءَ وَأَوْكُوا السقَاءَ.

5588 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قاچىنىڭ ئاغزىنى يۆگەپ، تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ قويۇڭلار!» دېگەن.

(مۇسلىم: 2012)

5589 - وفي رواية: فِي السنَةِ لَيْلَةً يَنْزِلُ فِيهَا وَبَاءٌ لَا يَمُر بِإِنَاءٍ لَيْسَ عَلَيْهِ غِطَاءٌ أَوْ سِقَاءٍ لَيْسَ عَلَيْهِ وِكَاءٌ إِلا نَزَلَ فِيهِ مِنْ ذَلِكَ الْوَبَاءِ قَالَ الليْثُ فَالْأَعَاجِمُ عِنْدَنَا يَتقُونَ ذَلِكَ فِي كَانُونَ الْأَولِ.

5589 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەر يىلىنىڭ ئىچىدە بىر كېچە بار بولۇپ، ئۇ كېچىدە ئاسماندىن زېمىنغا ۋابا چۈشىدۇ. بۇ ۋابانىڭ بىر قىسمى شۇ كېچىسى ئاغزى ئوچۇق قالغان قاچا، تۇلۇم قاتارلىقلارغا چۈشىدۇ».

لەيس مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەر بۇ كېچىنى دېكابىر (مىلادىيە كالىندارى بويىچە 12ـ ئاي) نىڭ

[①] ئەلبانى (1544): سەھىھ ـ دېگەن.

ئىچىدىكى بىر كىچە دەپ قاراپ، شۇ ئايدا بەك دىققەت قىلىشىدۇ.

(مۇسلىم: 2014)

5590 - عن أبي حُمَيْدٍ الساعِدِيِّ قَالَ أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِقَدَحِ لَبَنٍ مِنْ النقِيعِ لَيسَ مُخَمرًا فَقَالَ أَلا خَمرْتَهُ وَلَوْ تَعْرُضُ عَلَيْهِ عُودًا.

5590 ـ ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا نەقىيئ دېگەن جايدىن ئاغزى ئوچۇق بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كەلگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئاغزىنى ياپقان بولساڭچۇ! ھېچ بولمىغاندا، بىرەر تال ياغاچنى بولسىمۇ توغرىسىغا قويغان بولساڭچۇ! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2010)

5591 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُسْتَعْذَبُ لَهُ الْمَاءُ مِنْ بُيُوتِ السقْيَا قَالَ قُتَيْبَةُ هِيَ عَيْنٌ بَيْنَهَا وَبَيْنَ الْمَدِينَةِ يَوْمَانِ.

5591 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۇقيا بۇلىقىدىن تاتلىق سۇ ئېلىپ كېلىنەتتى.

قۇتەيبە: ئۇ بۇلاق مەدىنىدىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتا ئىدى، ـ دەيدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3735)

5592 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ دَخَلَ عَلَى رَجُلٍ مِنْ الْأَنصَارِ وَمَعَهُ صَاحِبٌ لَهُ فَسَلمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَصَـاحِبُهُ فَرَد الرجُلُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ بِأَبِي أَنتَ وَأُمي وَهِيَ سَاعَةٌ حَارةٌ وَهُوَ يُحَولُ فِي حَائِطٍ لَهُ يَعْنِي الْمَاءَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ كَانَ عِنْدَكَ مَاءٌ بَاتَ فِي شَنةٍ وَإِلا كَرَعْنَـا

---

[1] ئەلبانى (3178): سەھىھ ـ دېگەن.

وَالرجُلُ يُحَوِلُ الْمَاءَ فِي حَائِطٍ فَقَالَ الرجُلُ يَا رَسُولَ اللهِ عِنْدِي مَاءٌ بَاتَ فِي شَنةٍ فَانْطَلَقَ إِلَى الْعَرِيشِ فَسَكَبَ فِي قَدَحٍ مَاءً ثُم حَلَبَ عَلَيْهِ مِنْ دَاجِنٍ لَهُ فَشَرِبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم أَعَادَ فَشَرِبَ الرجُلُ الذِي جَاءَ مَعَهُ.

5592 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ساھابە بىلەن بىللە بىر ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئەنسارى بېغىنى سۇغۇرۇۋاتاتتى، ئۇ سالامغا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ھاۋا شۇنداق ئىسسىق بىر ۋاقىتتا كەپسەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— تۇلۇمدا سۇ بولسا ئېلىپ كەل! بولمىسا، مۇشۇ يەردىنلا دوم يېتىپ ئىچىمىز، ـ دېدى. ئەنسارى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! تۇلۇمغا ئېلىپ قويغان سۈيۈم بار، ـ دېدى ۋە كەپىسىگە بېرىپ، بىر قاچىغا سۇ قۇيدى. ئاندىن قويدىن بىرنى سېغىپ، سۈتكە ھېلىقى سۇنى قېتىپ ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئىچتى. ئەنسارى يەنە بىر قاچا ئېلىپ كەلدى، ئۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كەلگەن ساھابە ئىچتى.

(بۇخارى: 5621)

5593 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ نَهَانَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ نَشْرَبَ عَلَى بُطُونِنَا وَهُوَ الْكَرْعُ وَنَهَانَا أَنْ نَغْتَرِفَ بِالْيَدِ الْوَاحِدَةِ وَقَالَ لَا يَلَغْ أَحَدُكُمْ كَمَا يَلَغُ الْكَلْبُ وَلَا يَشْرَبْ بِالْيَدِ الْوَاحِدَةِ كَمَا يَشْرَبُ الْقَوْمُ الذِينَ سَخِطَ اللهُ عَلَيْهِمْ وَلَا يَشْرَبْ بِاللَّيْلِ مِنْ إِنَاءٍ حَتى يُحَرِكَهُ إِلا أَنْ يَكُونَ إِنَاءً مُخَمَرًا وَمَنْ شَرِبَ بِيَدِهِ وَهُوَ يَقْدِرُ عَلَى إِنَاءٍ يُرِيدُ التوَاضُعَ كَتَبَ اللهُ لَهُ بِعَدَدِ أَصَابِعِهِ حَسَنَاتٍ وَهُوَ إِنَاءُ عِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ عَلَيْهِمَا السلَام إِذْ طَرَحَ الْقَدَحَ فَقَالَ أُفٍ هَذَا مَعَ الدنْيَا.

5593 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى دۇم يېتىپ سۇ ئىچىشتىن توسقان، شۇنداقلا سۇنى بىر قولىمىزدىلا ئوچۇملاپ ئىچىشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار سۇ ئىچكەندە سۇنى ئىتتقا ئوخشاش يالاپ ئىچمىسۇن، اللهنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋمگە ئوخشاش بىر قولىدىلا ئۇرۇچلاپ ئىچمىسۇن. كېچىدە قوپۇپ ئاغزى ئوچۇق قاچىلاردىكى سۇنى ئىچكەندە، قاچىنى بىر مىدىرلىتىۋېتىپ ئاندىن ئىچسۇن، ئاغزى يېپىقلىق قاچا بولسا، ئۇنداق قىلمىسىمۇ بولىدۇ. كىمكى سۇنى قاچىدا ئىچىشكە قادىر تۇرۇپ، كەمتەرلىك قىلىپ، قولى بىلەن ئىچسە، الله ئۇنىڭغا بارماقلىرىنىڭ سانى بىلەن تەڭ ساۋاب بېرىدۇ. قول بولسا، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسانىڭ قاچىسىدۇر، ئۇمۇ ئۆز ۋاقتىدا: ''بۇ دېگەن دۇنيانىڭ بىر نېمىلىرىغۇ؟!'' دەپ، قاچىنى تاشلاپ، قولى بىلەن سۇ ئىچكەنىدى»[①].

(ئىبنى ماجە: 3431)

5594 - عَنْ ابنِ عُمَرَ قَالَ مَرَرْنَا عَلَى بِرْكَةٍ فَجَعَلْنَا نَكْرَعُ فِيهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَكْرَعُوا وَلَكِنْ اغْسِلُوا أَيْدِيَكُمْ ثُم اشْرَبُوا فِيهَا فَإِنهُ لَيْسَ إِنَاءٌ أَطْيَبَ مِنْ الْيَدِ.

5594 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر كۆلچەكنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، كۆلچەكتىن دۈم يېتىپ سۇ ئىچىشكە باشلىدۇق، بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ دۈم يېتىپ سۇ ئىچمەڭلار! قولۇڭلارنى يۇيۇپ، سۇنى قولۇڭلاردا ئىچىڭلار! قولدىن پاكىز قاچا يوق، ـ دېدى[②].

(ئىبنى ماجە: 3433)

5595 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ لِأُم سُلَيْمٍ قَدَحٌ مِنْ عَيْدَانٍ فَقَالَتْ سَقَيْتُ فِيهِ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُل الشرَابِ الْمَاءَ وَالْعَسَلَ وَاللبَنَ وَالنبِيذَ.

[①] ئەلبانى (746): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (747): زەئىپ، ـ دېگەن.

5595ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ سۇلەيمىنىڭ خورما ياغىچىدىن ياسالغان بىر قاچىسى بار ئىدى، ئۇ مۇنداق دەيتتى: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۇ، ھەسەل، سۈت ۋە سىركە[1] قاتارلىق بارلىق ئىچىملىكلەرنى مۇشۇ قاچىدا تەقدىم قىلغانىدىم[2].

(نەسائى: 5753)

5596 - عن ابن أبي شيخ قال أتانا النبي صلى الله عليه وسلم فقال يـا معشـر الأنصار نصركم الله لا تسقوا حلب امرأة.

5596 ـ ئىبنى ئەبۇ شەيخ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ يۇرتقا كەلگەندە:

ـــ ئى مەھارىب ئەھلى! الله سىلەرگە ياردەم قىلسۇن، ماڭا ئايال كىشى ساغقان سۈتنى ئىچۈرمەڭلار! ـ دېگەن[3].

(بەززار: 2903)

---

[1] سىركە ئەينى چاغدا خورما ۋە ئۈزۈم قاتارلىقلارنى ئېچىتىپ ياسىلاتتى.

[2] ئەلبانى (5309): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (8273): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى ناتونۇش بىر قانچە كىشى بار، ـ دېگەن.

## هاراق ۋە سىركە

5597 - عن عَائِشَةَ قَالَتْ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْبِتْعِ فَقَالَ كُل شَرَابٍ أَسْكَرَ فَهُوَ حَرَامٌ.

5597 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەسەلدىن ياسالغان شاراب توغرۇلۇق سورالغاندى: «مەست قىلىدىغان ھەر قانداق ئىچىملىك ھارام» دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 5585)

5598 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُل مُسْكِرٍ حَرَامٌ مَا أَسْكَرَ الْفَرَقُ مِنْهُ فَمِلءُ الْكَف مِنْهُ حَرَامٌ.

5598 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەست قىلىدىغان ھەرقانداق ئىچىملىك ھارامدۇر، بىر فەرەق[1] ئىچىمگىچە مەست قىلمايدىغان ئىچىملىكتىن بىر ئوچۇم ئىچىشمۇ ھارام» دېگەن[2].

(تىرمىزى: 1865)

5600 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا أَسْكَرَ كَثِيرُهُ فَقَلِيلُهُ حَرَامٌ.

5600 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەست

[1] ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ئۈچ ساغا تەڭ كېلىدۇ، بىر سا 3.3 لىتىرغا تەڭ.

[2] ئەلبانى (1521): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلىدىغان ئىچىملىكنىڭ ھەرقانداقى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن ھارامدۇر» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 1865)

5601 - حَدثَنَا أَبو بُرْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ بَعَثَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمُعَاذًا إِلَى الْيَمَنِ فَقَالَ ادْعُوَا الناسَ وَبَشرَا وَلَا تُنفرَا وَيَسرَا وَلَا تُعَسرَا قَالَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَفْتِنَا فِي شَرَابَيْنِ كُنا نَصْنَعُهُمَا بِالْيَمَنِ الْبِتْعُ وَهُوَ مِنْ الْعَسَلِ يُنْبَذُ حَتى يَشْتَد وَالْمِزْرُ وَهُوَ مِنْ الذرَةِ وَالشعِيرِ يُنْبَذُ حَتى يَشْتَد قَالَ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أُعْطِيَ جَوَامِعَ الْكَلِمِ بِخَوَاتِمِهِ فَقَالَ أَنْهَى عَنْ كُل مُسْكِرٍ أَسْكَرَ عَنْ الصلَاةِ.

5601 - ئەبۇ بۇردە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەلللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە يەمەنگە ئەۋەتكەندە:

— كىشىلەرنى ﷲنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىڭلار! بىشارەتلەرنى دەپ بېرىپ جەلپ قىلىڭلار، ئۈركۈتىۋەتمەڭلار. دىنىي كىشىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار! - دېگەندى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىز يەمەندە ئىككى خىل ئىچىملىك ياساپ ئىچەتتۇق، بۇنىڭ بىرى تازا ۋايىغا يەتكۈچە ئىچىتىلغان ھەسەلدىن ئىشلىنىدىغان ئىچىملىك، يەنە بىرى تازا ۋايىغا يەتكۈچە ئىچىتىلغان قوناق ۋە ئارپىدىن ئىشلىنىدىغان ئىچىملىك. بۇ ئىككىسى ھەققىدە بىر پەتىۋا بەرگەن بولساڭ. - دېدىم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىسقا ئىبارىلىك، مول مەزمۇنلۇق سۆز قىلىش قابىلىيىتى ئاتا قىلىنغانىدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— مەن نامازغا دەخلى قىلىدىغان ھەر قانداق مەست قىلغۇچى نەرسىنى ئىچىشتىن توسىمەن، - دېدى.

(مۇسلىم: 1733)

[1] ئەلبانى (1520): ھەسەن. - دېگەن.

5602 - عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ قَالَتْ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ كُل مُسْكِرٍ وَمُفَتِرٍ.

5602 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەست قىلىدىغان ۋە خامۇشلاشتۇرىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى ئىچىشتىن توسقان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3686)

5603 - عَنْ أَبِي الْجُوَيْرِيَةِ قَالَ سَمِعْتُ ابْنَ عَباسٍ وَسُئِلَ فَقِيلَ لَهُ أَفْتِنَا فِي الْبَاذَقِ فَقَالَ سَبَقَ مُحَمدٌ الْبَاذَقَ وَمَا أَسْكَرَ فَهُوَ حَرَامٌ.

5603 ـ ئەبۇ جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بازەق (ئۈزۈم شەربىتىدىن تەييارلانغان مەست قىلىدىغان ئىچىملىك) ھەققىدە سورالغاندى، ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بازاقنىڭ ھۆكمىنى ئالدىنبۇرۇن بايان قىلىپ بولغان، مەست قىلىدىغان ھەر قانداق ئىچىملىك ھارام، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(نەسائى: 5606)

5604 - عَنْ دَيْلَمٍ الْحِمْيَرِي قَالَ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنا بِأَرْضٍ بَارِدَةٍ نُعَالِجُ فِيهَا عَمَلًا شَدِيدًا وَإِنا نَتخِذُ شَرَابًا مِنْ هَذَا الْقَمْحِ نَتَقَوى بِهِ عَلَى أَعْمَالِنَا وَعَلَى بَرْدِ بِلَادِنَا قَالَ هَلْ يُسْكِرُ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ فَاجْتَنِبُوهُ قَالَ قُلْتُ فَإِن الناسَ غَيْرُ تَارِكِيهِ قَالَ فَإِنْ لَمْ يَتْرُكُوهُ فَقَاتِلُوهُمْ.

5604 ـ دەيلەم ھىمیەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوئال سوراپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ھاۋا كېلىماتى سوغۇق جايدا ياشايمىز، جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىشلارنى قىلىمىز. سوغۇققا بەرداشلىق بېرىش، ھەم ئىشلىرىمىزدا چىداملىق بولۇش ئۈچۈن بۇغدايدىن شاراب ياساپ

[1] ئەلبانى (793): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (5179): سەھىھ ـ دېگەن.

ئىچىمىز، بۇ قانداق بولىدۇ؟ - دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇ شاراب مەست قىلامدۇ؟ - دېدى. مەن:

- ھەئە، مەست قىلىدۇ، - دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇڭلار! - دېدى. مەن:

- بىراق كىشىلەر ئۇنى ئىچىشنى تاشلىمايدۇ، - دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇنى ئىچىشنى تاشلىغىلى ئۇنىمىسا، ئۇرۇش قىلىڭلار! - دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3683)

5605 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أَنَّ نَبِيَّ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَهَى عَنْ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَالْكُوبَةِ وَالْغُبَيْرَاءِ وَقَالَ كُلُّ مُسْكِرٍ حَرَامٌ قَالَ أَبُو دَاوُد قَالَ ابْنُ سَلَامٍ أَبُو عُبَيْدٍ الْغُبَيْرَاءُ السُّكُرْكَةُ تُعْمَلُ مِنْ الذُّرَةِ شَرَابٌ يَعْمَلُهُ الْحَبَشَةُ.

5605 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاراق ئىچىشتىن، قىمار ئويناشتىن، شاھمات ئويناشتىن، قوناقتىن ياسالغان ئىچىملىكنى ئىچىشتىن توسقان ۋە مۇنداق دېگەن: «مەست قىلىدىغان ھەرقانداق ئىچىملىك ھارام». ئەبۇ داۋۇدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى سالام ئەبۇ ئۇبەيد: "غۇبەيرا" دېگەن ھەبەشىستانلىقلار قوناقتىن ياسايدىغان بىر خىل ئىچىملىك، - دېگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3685)

5606 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كُلُّ مُسْكِرٍ خَمْرٌ وَكُلُّ مُسْكِرٍ حَرَامٌ وَمَنْ شَرِبَ الْخَمْرَ فِي الدُّنْيَا فَمَاتَ وَهُوَ يُدْمِنُهَا لَمْ يَتُبْ لَمْ يَشْرَبْهَا فِي

[1] ئەلبانى (3131): سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (1708): سەھىھ - دېگەن.

الْآخِرَةِ.

5606 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراق قاتارىغا كىرىدۇ، مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارامدۇر. كىمكى بۇ دۇنيادا ھاراق ئىچىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ دۇنيانىڭ شارابلىرىدىن ئىچەلمەيدۇ».

(مۇسلىم: 2003)

5607 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كُل مُسْكِرٍ حَرَامٌ وَكُل مُسْكِرٍ خَمْرٌ.

5607 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەست قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە ھارامدۇر، مەست قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە ھاراق ھېسابلىنىدۇ»[①].

(نەسائى: 5586)

5608 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كُل مُخَمرٍ خَمْرٌ وَكُل مُسْكِرٍ حَرَامٌ وَمَنْ شَرِبَ مُسْكِرًا بُخِسَتْ صَلَاتُهُ أَرْبَعِينَ صَبَاحًا فَإِنْ تَابَ تَابَ اللهُ عَلَيْهِ فَإِنْ عَادَ الرابِعَةَ كَانَ حَقا عَلَى اللهِ أَنْ يَسْقِيَهُ مِنْ طِينَةِ الْخَبَالِ قِيلَ وَمَا طِينَةُ الْخَبَالِ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ صَدِيدُ أَهْلِ النارِ وَمَنْ سَقَاهُ صَغِيرًا لَا يَعْرِفُ حَلَالَهُ مِنْ حَرَامِهِ كَانَ حَقا عَلَى اللهِ أَنْ يَسْقِيَهُ مِنْ طِينَةِ الْخَبَالِ.

5608 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەست قىلىدىغان ھەر قانداق ئىچىملىك ھاراق ھېسابلىنىدۇ، مەست قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە ھارامدۇر. كىمكى مەست

[①] ئەلبانى(5155): ھەسەن، ـ دېگەن.

قىلىدىغان بىر نەرسە ئىچسە، ئۇنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزىنىڭ ساۋابى كېمەيتىلىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا، الله تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما تۆتىنچى قېتىم قايتا ئىچىدىكەن، الله ئۇ كىشىگە چوقۇم تىينەتۇلخەبالنى ئىچكۈزىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! تىينەتۇلخەبال دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ تىينەتۇلخەبال دېگەن، دوزاخ ئەھلىنىڭ قان ـ يىرىڭلىرىدۇر. ئەگەر بىرەرسى ھالال ـ ھارامنى بىلمەيدىغان كىچىك بالىغا ھاراق ئىچكۈزسە، الله ئۇ كىشىگە چوقۇم دوزاخ ئەھلىنىڭ قان ـ يىرىڭلىرىنى ئىچكۈزىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3680)

5609 - قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ شَرِبَ الْخَمْرَ لَمْ يَقْبَلْ اللهُ لَهُ صَلَاةً أَرْبَعِينَ صَبَاحًا فَإِنْ تَابَ تَابَ اللهُ عَلَيْهِ فَإِنْ عَادَ لَمْ يَقْبَلْ اللهُ لَهُ صَلَاةً أَرْبَعِينَ صَبَاحًا فَإِنْ تَابَ تَابَ اللهُ عَلَيْهِ فَإِنْ عَادَ لَمْ يَقْبَلْ اللهُ لَهُ صَلَاةً أَرْبَعِينَ صَبَاحًا فَإِنْ تَابَ تَابَ اللهُ عَلَيْهِ فَإِنْ عَادَ الرابِعَةَ لَمْ يَقْبَلْ اللهُ لَهُ صَلَاةً أَرْبَعِينَ صَبَاحًا فَإِنْ تَابَ لَمْ يَتُبْ اللهُ عَلَيْهِ وَسَقَاهُ مِنْ نَهْرِ الْخَبَالِ قِيلَ يَا أَبَا عَبْدِ الرحْمَنِ وَمَا نَهْرُ الْخَبَالِ قَالَ نَهْرٌ مِنْ صَدِيدِ أَهْلِ النارِ.

5609 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھاراق ئىچسە، قىرىق كۈنگىچە الله ئۇ كىشىنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا، الله تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. قايتا ئىچسە، يەنە قىرىق كۈنگىچە الله ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا، الله تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. يەنە ئىچسە، الله يەنە قىرىق كۈنگىچە ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا، الله تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. تۆتىنچى قېتىم قايتا

[1] ئەلبانى (3127): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئىچسە، الله يەنە قىرىق كۈنگىچە ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ. تەۋبە قىلسىمۇ، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۇنى نەھرۇلخەبالدىن سوغۇرىدۇ». بىرەيلەن ئىبنى ئۆمەردىن:

— ئى ئەبۇ ئابدۇراھمان! نەھرۇلخەبال دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

— نەھرۇلخەبال دېگەن، دوزاخ ئەھلىنىڭ قان - يىرىڭلىرى ئاقىدىغان ئۆستەڭ، - دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 1862)

5610 - وللنسائي موقوفا: عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ مَنْ شَرِبَ الْخَمْرَ فَلَمْ يَنْتَشِ لَمْ تُقْبَلْ لَهُ صَلَاةٌ مَا دَامَ فِي جَوْفِهِ أَوْ عُرُوقِهِ مِنْهَا شَيْءٌ وَإِنْ مَاتَ مَاتَ كَافِرًا وَإِنْ انْتَشَى لَمْ تُقْبَلْ لَهُ صَلَاةٌ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً وَإِنْ مَاتَ فِيهَا مَاتَ كَافِرًا.

5610 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: كىمكى هاراق ئىچسە، لېكىن مەست بولمىسا، ئىچكەن هاراق ئۇنىڭ بەدىنىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەنگە قەدەر الله ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ هالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، كاپىر هالدا ئۆلگەن بولىدۇ. ئەگەر هاراق ئىچىپ، مەست بولغان بولسا، الله ئۇنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئەگەر ئۇ شۇ هالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، كاپىر هالدا ئۆلگەن بولىدۇ[2].

(نەسائى: 5668)

5611 - عن عُثْمَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ اجْتَنِبُوا الْخَمْرَ فَإِنَّهَا أُمُّ الْخَبَائِثِ إِنَّهُ كَانَ رَجُلٌ مِمَّنْ خَلَا قَبْلَكُمْ تَعَبَّدَ فَعَلِقَتْهُ امْرَأَةٌ غَوِيَّةٌ فَأَرْسَلَتْ إِلَيْهِ جَارِيَتَهَا فَقَالَتْ لَهُ إِنَّا نَدْعُوكَ لِلشَّهَادَةِ فَانْطَلَقَ مَعَ جَارِيَتِهَا فَطَفِقَتْ كُلَّمَا دَخَلَ بَابًا أَغْلَقَتْهُ دُونَهُ حَتَّى أَفْضَى إِلَى امْرَأَةٍ وَضِيئَةٍ عِنْدَهَا غُلَامٌ وَبَاطِيَةُ خَمْرٍ فَقَالَتْ إِنِّي وَاللَّهِ مَا دَعَوْتُكَ لِلشَّهَادَةِ وَلَكِنْ دَعَوْتُكَ لِتَقَعَ

[1] ئەلبانى (3127): سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (5238): سەھىھ - دېگەن.

عَلَي أَوْ تَشْرَبَ مِنْ هَذِهِ الْخَمْرَةِ كَأْسًا أَوْ تَقْتُلَ هَذَا الْغُلَامَ قَالَ فَاسْقِينِي مِنْ هَذَا الْخَمْـرِ كَأْسًا فَسَقَتْهُ كَأْسًا قَالَ زِيدُونِي فَلَمْ يَرِمْ حَتى وَقَعَ عَلَيْهَا وَقَتَلَ النفْسَ فَاجْتَنِبُوا الْخَمْرَ فَإِنهَا وَاللهِ لَا يَجْتَمِعُ الْإِيمَانُ وَإِدْمَانُ الْخَمْرِ إِلا لَيُوشِكُ أَنْ يُخْرِجَ أَحَدُهُمَا صَاحِبَهُ.

5611 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھاراقتا يېقىن كەلمەڭلار. ھاراق دېگەن پۈتۈن بۇزۇقچىلىقنىڭ ئانىسى. سىلەردىن بۇرۇنقى بىر قەۋمدە بىر ئابىد ئۆتكەنىكەن، بىر ئازغۇن ئايال ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال دېدىكىنى ئەۋەتىپ، ئۇ ئابىدنى (بىر مەسىلىدە) گۇۋاھچى بولۇشقا چاقىرىپتۇ. ئابىدمۇ دېدەكنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كەپتۇ. ھەر دەرۋازىدىن ئۆتكەندە، دېدەك ئارقىسىدىن دەرۋازىنى تاقاپ مېڭىپتۇ. شۇنداق مېڭىپ بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆيدە چىرايلىق بىر ئايال، يېنىدا بىر بالا، يەنە بىر تەرەپتە بىر كوزا ھاراق تۇرغىدەك. ئايال ئۇنىڭغا:

— قەسەم قىلىمەنكى، مەن سېنى گۇۋاھلىققا تارتىش ئۈچۈن چاقىرمىدىم. مەن سېنى يا مەن بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە ياكى بۇ ھاراقنى ئىچىشكە ۋەياكى بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە چاقىردىم، ـ دەپتۇ. (زىنا قىلىش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشنى بەك چوڭ گۇناھ دەپ قارىغان) ئابىد (بۇ گۇناھلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن):

ـ ئۇنداقتا، مەن بۇ ھاراقتىن بىر قەدەھ ئىچەي، ـ دەپتۇ. بىر قەدەھ ئىچكەندىن كېيىن:

— يەنە بىر قەدەھ بېرىڭلار! ـ دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھاراقنى ئىچىپتۇ، ئارقىسىدىن ئۇ ئايال بىلەن زىنامۇ قىپتۇ، ھېلىقى بالىنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇڭا، ھاراقتىن بەك يىراق تۇرۇڭلار! ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ئىمان بىلەن ھاراق خۇمارى ھەرگىز بىللە تۇرالمايدۇ. چوقۇم يا ھاراق ئىمانىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ ياكى ئىمان ئۇ ئادەمدىن ھاراق خۇمارىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ[1].

(نەسائى: 5666)

[1] ئەلبانى (5236): سەھىھ ـ دېگەن.

5612 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُدْمِنُ الْخَمْرِ كَعَابِدِ وَثَنٍ.

5612 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھاراقكەش بىلەن بۇتپەرەس ئوخشاشتۇر» دېگەن[1].

(ئىبنى ماجە: 3375)

5613 - عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَدْخُلُ الْجَنةَ مُدْمِنُ خَمْرٍ.

5613 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھاراقكەش جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 3375)

5614 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ رَضِي اللهُ تَعَالَى عَنْهُمَا قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ: الْخَمْرُ أُم الْفَوَاحِشِ وَأَكْبَرُ الْكَبَائِرِ مَنْ شَرِبَهَا وَقَعَ عَلَى أُمهِ وَخَالَتِهِ وَعَمتِهِ.

5614 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھاراق پۈتۈن بۇزۇقچىلىقنىڭ ئانىسى ۋە ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرىدۇر. كىمكى ئۇنى ئىچىدىكەن، ئۆزىنىڭ ئانىسى ۋە ھامما ئاچىلىرى بىلەن زىنا قىلىشتىن يانمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[3].

(«ئەلكەبىر»: 3285)

---

[1] ئەلبانى (2720): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2721): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (8172): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلكەرىم ئەبۇ ئۇمەييە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

5615 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ سَمِعَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن آدَمَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما أَهْبَطَهُ اللهُ تَعَالَى إِلَى الْأَرْضِ قَالَتْ الْمَلَائِكَةُ أَيْ رَب أَتَجْعَلُ فِيهَا مَنْ يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدمَاءَ وَنَحْنُ نُسَبحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدسُ لَكَ قَالَ إِني أَعْلَمُ مَا لَا تَعْلَمُونَ قَالُوا رَبنَا نَحْنُ أَطْوَعُ لَكَ مِنْ بَنِي آدَمَ قَالَ اللهُ تَعَالَى لِلْمَلَائِكَةِ هَلُموا مَلَكَيْنِ مِنْ الْمَلَائِكَةِ حَتى يُهْبَطَ بِهِمَا إِلَى الْأَرْضِ فَنَنْظُرَ كَيْفَ يَعْمَلَانِ قَالُوا رَبنَا هَارُوتُ وَمَارُوتُ فَأُهْبِطَا إِلَى الْأَرْضِ وَمُثلَتْ لَهُمَا الزهَرَةُ امْرَأَةً مِنْ أَحْسَنِ الْبَشَرِ فَجَاءَتْهُمَا فَسَأَلَاهَا نَفْسَهَا فَقَالَتْ لَا وَاللهِ حَتى تَكَلمَا بِهَذِهِ الْكَلِمَةِ مِنْ الْإِشْرَاكِ فَقَالَا وَاللهِ لَا نُشْرِكُ بِاللهِ أَبَدًا فَذَهَبَتْ عَنْهُمَا ثُم رَجَعَتْ بِصَبِي تَحْمِلُهُ فَسَأَلَاهَا نَفْسَهَا فَقَالَتْ لَا وَاللهِ حَتى تَقْتُلَا هَذَا الصبِي فَقَالَا وَاللهِ لَا نَقْتُلُهُ أَبَدًا فَذَهَبَتْ ثُم رَجَعَتْ بِقَدَحِ خَمْرٍ تَحْمِلُهُ فَسَأَلَاهَا نَفْسَهَا قَالَتْ لَا وَاللهِ حَتى تَشْرَبَا هَذَا الْخَمْرَ فَشَرِبَا فَسَكِرَا فَوَقَعَا عَلَيْهَا وَقَتَلَا الصبِي فَلَما أَفَاقَا قَالَتْ الْمَرْأَةُ وَاللهِ مَا تَرَكْتُمَا شَيْئًا مِما أَبَيْتُمَاهُ عَلَي إِلا قَدْ فَعَلْتُمَا حِينَ سَكِرْتُمَا فَخُيرَا بَيْنَ عَذَابِ الدنْيَا وَالْآخِرَةِ فَاخْتَارَا عَذَابَ الدنْيَا.

5615 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ئادەم ئەلەيھىسسالامنى (ئاسماندىن) زېمىنغا چۈشۈرۈۋەتكەندە، پەرىشتىلەر:

— ئى پەرۋەردىگارىمىز! يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى، بىز بولساق، سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز، ـ دېدى. الله:

— مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

— ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز ساڭا ئادەمنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىدىن بەكرەك ئىتائەت قىلىمىز، ـ دېدى. الله:

— ئۇنداقتا، ئاراڭلاردىن ئىككى پەرىشتىنى تاللاڭلار، زېمىنغا چۈشۈرۈپ قاراپ باقايلى، قانداق قىلىدىكەن قېنى! ـ دېدى.

پەرىشتىلەر:

ـ ھارۇت بىلەن مارۇت چۈشسۇن! ـ دېدى. ئۇ ئىككىسى زېمىنغا چۈشۈرۈلدى. ئاندىن زۆھرە (چولپان يۇلتۇزى) ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق ئايال قىياپىتىگە ئۆزگەرتىلدى ۋە شۇ شەكلى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىۋېدى، ئۇلار (ئۆزلىرىنى تۇتالماي) ئۇنىڭدىن ئۆزلىرى بىلەن بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئايال:

ـ ياق، سىلەر اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىغان بىر سۆزنى قىلمىغۇچە، مەن سىلەرگە ماقۇل دېمەيمەن، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ياق، بىز ھەرگىز اللهقا شېرىك كەلتۈرمەيمىز، ـ دېدى. ئۇ ئايال قايتىپ كەتتى. كېيىن بىر بالىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا يەنە كەلدى، ئۇلار يەنە ئۇ ئايال بىلەن زىنا قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئايال:

ـ ياق، سىلەر بۇ بالىنى ئۆلتۈرمىگىچە، مەن سىلەرگە ماقۇل دېمەيمەن، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ياق، بىز ھەرگىز ئۇ بالىنى ئۆلتۈرمەيمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال قايتىپ كەتتى. ئاندىن بىر قاچا ھاراق كۆتۈرگەن ھالدا يەنە كەلدى، ئۇلار يەنە ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئايال:

ـ ياق، سىلەر ئاۋۋال بۇ ھاراقنى ئىچمىگىچە، مەن سىلەرگە ماقۇل دېمەيمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھاراقنى ئىچىپ مەست بولۇپ، ئۇ ئايال بىلەن زىنا قىلدى، ھېلىقى بالىنىمۇ ئۆلتۈردى. ئۇلار مەستلىكىدىن يېشىلگەندە، ئۇ ئايال:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر مەست بولغاندىن كېيىن، مەن ئىلگىرى سىلەردىن تەلەپ قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدىڭلار! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا بۇنىڭ جازاسىنى يا دۇنيادا چېكىش ياكى ئاخىرەتتە چېكىش ئىختىيارلىقى بېرىلگەندى، ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى دۇنيادا چېكىشنى تاللىدى»[①].
(ئەھمەد: 6143)

① ھەيسەمى (8175): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مۇسا ئىبنى جەبىردىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما مۇسا ئىبنى جەبىرمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

5616 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْخَمْرِ عَشْرَةً عَاصِرَهَا وَمُعْتَصِرَهَا وَشَارِبَهَا وَحَامِلَهَا وَالْمَحْمُولَةُ إِلَيْهِ وَسَاقِيَهَا وَبَائِعَهَا وَآكِلَ ثَمَنِهَا وَالْمُشْتَرِي لَهَا وَالْمُشْتَرَاةُ لَهُ.

5616 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاراقفا ئالاقىدار ئون تۈرلۈك كىشىگە لەنەت ئېيتقان. ئۇلار: ھاراقنى ياسىغۇچى، ياساتقۇچى، ئىچكۈچى، كۆتۈرگۈچى، كۆتەرتكۈچى، تەقدىم قىلغۇچى، ساتقۇچى، پۇلىنى يېگۈچى، سېتىپ ئالغۇچى ۋە سېتىپ ئالدۇرغۇچى قاتارلىقلار[1].

(تىرمىزى: 1295)

5617 - عَنْ أَبِي بُرْدَةَ بْنِ أَبِي مُوسَى عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنهُ كَانَ يَقُولُ مَا أُبَالِي شَرِبْتُ الْخَمْرَ أَوْ عَبَدْتُ هَذِهِ السارِيَةَ مِنْ دُونِ اللهِ عَز وَجَل.

5617 ـ ئەبۇ بۇردە ئىبنى ئەبۇ مۇسا دادىسى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ھاراق ئىچىش بىلەن اللهنى قويۇپ بۇ تۈۋرۈككە چوقۇنۇشنىڭ ھېچ پەرقى يوق دەپ قارايمەن[2].

(نەسائى: 5663)

5619 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ خَطَبَ عُمَرُ عَلَى مِنْبَرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِنهُ قَدْ نَزَلَ تَحْرِيمُ الْخَمْرِ وَهِيَ مِنْ خَمْسَةِ أَشْيَاءَ الْعِنَبِ وَالتمْرِ وَالْحِنْطَةِ وَالشعِيرِ وَالْعَسَلِ وَالْخَمْرُ مَا خَامَرَ الْعَقْلَ وَثَلَاثٌ وَدِدْتُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يُفَارِقْنَا حَتى يَعْهَدَ إِلَيْنَا عَهْدًا الْجَد وَالْكَلَالَةُ وَأَبْوَابٌ مِنْ أَبْوَابِ الربَا.

5619 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرىگە چىقىپ، خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېدى: ھاراقنىڭ ھاراملىقى

---

[1] ئەلبانى (1041): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (5234): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

كەسكىن بېكىتىلىپ بولدى. هاراق ئۈزۈم، خورما، بۇغداي، ئارپا ۋە ھەسەل قاتارلىق بەش خىل نەرسىدىن ياسىلىدۇ. ئادەمنى بىھوش قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە هاراق ھېسابلىنىدۇ. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىزدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، چوڭ دادىنىڭ مىراسى، كەلالەنىڭ ھۆكمى (ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى) ۋە جازانە تۈرىگە كىرىدىغان مەسىلىلەردىن بىر قانچىنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

(بۇخارى: 5588)

5620 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ كُنْتُ سَاقِيَ الْقَوْمِ فِي مَنْزِلِ أَبِي طَلْحَةَ وَكَانَ خَمْرُهُمْ يَوْمَئِذٍ الْفَضِيخَ فَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُنَادِيًا يُنَادِي أَلَا إِن الْخَمْرَ قَدْ حُرِمَتْ قَالَ فَقَالَ لِي أَبو طَلْحَةَ اخْرُجْ فَأَهْرِقْهَا فَخَرَجْتُ فَهَرَقْتُهَا فَجَرَتْ فِي سِكَكِ الْمَدِينَةِ فَقَالَ بَعْضُ الْقَوْمِ قَدْ قُتِلَ قَوْمٌ وَهِيَ فِي بُطُونِهِمْ فَأَنزَلَ اللهُ لَيْسَ عَلَى الذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصالِحَاتِ جُنَاحٌ فِيمَا طَعِمُوا الْآيَةَ.

5620 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ تەلھەنىڭ ئۆيىدە كىشىلەرگە هاراق قۇيۇپ بېرىۋاتاتتىم. ئۇ زاماندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان هارىقى توڭ خورمىدىن ياسىلاتتى. شۇ ئەسنادا، بىر جاكارچى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن:

— ئى خالايىق! هاراق هارام قىلىندى، ـ دەپ توۋلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ تەلھە ماڭا:

ـ ماڭ! بېرىپ، هاراقلارنى ئېلىپ چىقىپ تۆكىۋەت! ـ دېدى. مەن هاراقلارنى ئېلىپ چىقىپ تۆكىۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن، هاراقلار مەدىنىنىڭ كوچىلىرىدا ئېقىشقا باشلىدى. بىر قىسىم كىشىلەر:

— هاراق تېخى قورساقلىرىدا چاغدا ئۆلتۈرۈلگەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ ـ دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن الله: ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (هارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (هارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا ۋە ياخشى ئەمەللەردە ئىزچىل

بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يەنە ساقلانسا ۋە ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 2464)

5621 - وفي رواية: كُنْتُ أَسْقِي أَبَا عُبَيْدَةَ وَأَبَا طَلْحَةَ وَأُبَيَّ بْنَ كَعْبٍ مِنْ فَضِيخِ زَهْوٍ وَتَمْرٍ.

5621 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن شۇ چاغدا ئەبۇ ئۇبەيدە، ئەبۇ تەلھە ۋە ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارغا توڭ ۋە پىششىق ھۆل خورمىدىن ھازىرلانغان خورما ھارىقى قۇيۇپ بېرىۋاتاتتىم.

(بۇخارى: 5582)

5622 - وفي رواية: قَالَ قُلْتُ لِأَنَسٍ مَا هُوَ قَالَ بُسْرٌ وَرُطَبٌ.

5622 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، مەن (راۋى) ئەنەستىن:

ـ ئۇ قانداق ھاراق ئىدى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم. ئۇ:

ـ توڭ ۋە پىشقان ھۆل خورمىدىن ھازىرلانغان ھاراق ئىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 1980)

5623 - وفي رواية: قَالَ الْبُسْرُ وَالتَّمْرُ.

5623 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: "توڭ ۋە قۇرۇتۇلغان خورمىدىن ھازىرلانغان ھاراق ئىدى" دەپ جاۋاب بەردى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 5584)

5624 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ

[1] سۈرە مائىدە، 93 ـ ئايەت.

يَخْطُبُ بِالْمَدِينَةِ قَالَ يَا أَيهَا النَّاسُ إِن اللَّهَ تَعَالَى يُعَرِضُ بِالْخَمْرِ وَلَعَل اللَّهَ سَيُنْزِلُ فِيهَا أَمْرًا فَمَنْ كَانَ عِنْدَهُ مِنْهَا شَيْءٌ فَلْيَبِعْهُ وَلْيَنْتَفِعْ بِهِ قَالَ فَمَا لَبِثْنَا إِلا يَسِيرًا حَتى قَالَ النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللَّهَ تَعَالَى حَرمَ الْخَمْرَ فَمَنْ أَدْرَكَتْهُ هَذِهِ الْآيَةُ وَعِنْدَهُ مِنْهَا شَيْءٌ فَلَا يَشْرَبْ وَلَا يَبِعْ قَالَ فَاسْتَقْبَلَ النَّاسُ بِمَا كَانَ عِنْدَهُ مِنْهَا فِي طَرِيقِ الْمَدِينَةِ فَسَفَكُوهَا.

5624 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن مەدىنىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇتبە سۆزلەپ: «ئى خالايىق! ﷲ تائالا ھاراق توغرۇلۇق دارىتمىلاپ سۆز ئېچىۋاتىدۇ، بەلكى ھاراق توغرۇلۇق ئېنىق بىر ھۆكۈم نازىل قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا كىمدە ھاراق بولسا، ئۇنى سېتىپ پۇلىدىن پايدىلانسۇن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ﷲ تائالا ھاراقنى ھارام قىلدى، ئۆيىدە ھاراق بارلار (ھاراقنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە نازىل بولغان) بۇ ئايەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىچمىسۇن ھەم ساتمىسۇن!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆيىدىكى ھاراقلارنى ئېلىپ چىقىپ مەدىنىنىڭ يوللىرىغا تۆكۈۋەتتى.

(مۇسلىم: 1578)

5626 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ حُرمَتْ الْخَمْرُ ثَلَاثَ مراتٍ قَدِمَ رَسُولُ اللَّهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ وَهُمْ يَشْرَبُونَ الْخَمْرَ وَيَأْكُلُونَ الْمَيْسِرَ فَسَأَلُوا رَسُولَ اللَّهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْهُمَا فَأَنْزَلَ اللَّهُ عَلَى نَبِيهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْأَلُونَكَ عَنْ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ قُلْ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَافِعُ لِلناسِ وَإِثْمُهُمَا أَكْبَرُ مِنْ نَفْعِهِمَا إِلَى آخِرِ الْآيَةِ فَقَالَ النَّاسُ مَا حَرمَ عَلَيْنَا إِنمَا قَالَ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌ وَكَانُوا يَشْرَبُونَ الْخَمْرَ حَتى إِذَا كَانَ يَوْمٌ مِنْ الْأَيامِ صَلى رَجُلٌ مِنْ الْمُهَاجِرِينَ أَم أَصْحَابَهُ فِي الْمَغْرِبِ خَلَطَ فِي قِرَاءَتِهِ فَأَنْزَلَ اللَّهُ فِيهَا آيَةً أَغْلَظَ مِنْهَا يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا لَا تَقْرَبُوا الصلَاةَ وَأَنْتُمْ سُكَارَى حَتى تَعْلَمُوا مَا تَقُولُونَ وَكَانَ النَّاسُ يَشْرَبُونَ حَتى يَأْتِيَ أَحَدُهُمْ الصلَاةَ وَهُوَ مُفِيقٌ ثُم أُنْزِلَتْ آيَةٌ أَغْلَظُ مِنْ ذَلِكَ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا إِنمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنْصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ

لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ فَقَالُوا انْتَهَيْنَا رَبَّنَا فَقَالَ النَّاسُ يَا رَسُولَ اللَّهِ نَاسٌ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَوْ مَاتُوا عَلَى فُرُشِهِمْ كَانُوا يَشْرَبُونَ الْخَمْرَ وَيَأْكُلُونَ الْمَيْسِرَ وَقَدْ جَعَلَهُ اللَّهُ رِجْسًا وَمِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَأَنْزَلَ اللَّهُ لَيْسَ عَلَى الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ جُنَاحٌ فِيمَا طَعِمُوا إِذَا مَا اتَّقَوْا وَآمَنُوا إِلَى آخِرِ الْآيَةِ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَوْ حُرِّمَتْ عَلَيْهِمْ لَتَرَكُوهَا كَمَا تَرَكْتُمْ.

5626 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھاراق ئۈچ قېتىمدا ھارام قىلىنغان. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، كىشىلەر ھاراق ئىچەتتى، قىمار ئوينايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھاراق بىلەن قىمارنىڭ ھۆكمىنى سورىۋىدى، اﷲ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ دېگىن﴾[1]. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر:

— ھاراق ھارام قىلىنمىدى، لېكىن ئۇنىڭدا چوڭ گۇناھ بار دېيىلدى، ـ دەپ ئىچىۋەردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇھاجىرلاردىن بىرسى قېرىنداشلىرىغا ئىمام بولۇپ، شام نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ، ئايەتتە ئېلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، اﷲ بۇرۇنقى ئايەتتىن قاتتىقراق مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغا قەدەر نامازغا يېقىنلاشماڭلار [2]. شۇندىن كېيىنمۇ بىر قىسىم كىشىلەر ھاراقنى ئىچىۋەردى، لېكىن مەستلىكى يېشىلمىگىچە نامازغا تۇرمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، اﷲ ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ

[1] سۈرە بەقەرە، 219ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 43ـ ئايەت.

ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾[1]. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ساھابىلەر:

— ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئەمدى قايتا ئىچمەيمىز، - دېدى. بىر قىسىم ساھابىلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇندىن بۇرۇن بىر قىسىم كىشىلەر الله يولىدا شېھىد بولۇپ كەتتى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ھاراق ئىچەتتى، قىمار ئوينايتتى، ئەمدىلىكتە الله بۇ نەرسىلەرنى شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلار قاتارىدىن قىلىپ ھارام قىلدى (ئۇلارنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ)، - دېيىشكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (ھارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى ئىزچىل بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يەنە ساقلانسا ۋە ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[2]. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- بۇ ئىشلار ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ھارام قىلىنغان بولسا ئىدى، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش بۇ ئىشلارنى تەرك ئەتكەن بولاتتى، - دېدى[3].

(ئەھمەد: 8406)

5627 - عَنْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمْ أَنَهُ قَالَ أَصَبْتُ شَارِفًا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ فِي مَغْنَمٍ يَوْمَ بَدْرٍ قَالَ وَأَعْطَانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ

[1] سۈرە مائىدە، 90- ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 93 - ئايەت.

[3] ھەيسەمى(8075): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەبۇ نەجىھنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەن بولغانلىقتىن "ھەدىسى زەئىپ" دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بىر قىسىم ئالىملار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، - دېگەن.

شَارِفًا أُخْرَى فَأَنَخْتُهُمَا يَوْمًا عِنْدَ بَابِ رَجُلٍ مِنْ الْأَنصَارِ وَأَنَا أُرِيدُ أَنْ أَحْمِلَ عَلَيْهِمَا إِذْخِرًا لِأَبِيعَهُ وَمَعِي صَائِغٌ مِنْ بَنِي قَيْنُقَاعَ فَأَسْتَعِينَ بِهِ عَلَى وَلِيمَةِ فَاطِمَةَ وَحَمْزَةُ بْنُ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ يَشْرَبُ فِي ذَلِكَ الْبَيْتِ مَعَهُ قَيْنَةٌ فَقَالَتْ أَلَا يَا حَمْزَ لِلشُّرُفِ النِّوَاءِ فَثَارَ إِلَيْهِمَا حَمْزَةُ بِالسَّيْفِ فَجَبَّ أَسْنِمَتَهُمَا وَبَقَرَ خَوَاصِرَهُمَا ثُمَّ أَخَذَ مِنْ أَكْبَادِهِمَا قُلْتُ لِابْنِ شِهَابٍ وَمِنْ السَّنَامِ قَالَ قَدْ جَبَّ أَسْنِمَتَهُمَا فَذَهَبَ بِهَا قَالَ ابْنُ شِهَابٍ قَالَ عَلِيٌّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ فَنَظَرْتُ إِلَى مَنْظَرٍ أَفْظَعَنِي فَأَتَيْتُ نَبِيَّ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَعِنْدَهُ زَيْدُ بْنُ حَارِثَةَ فَأَخْبَرْتُهُ الْخَبَرَ فَخَرَجَ وَمَعَهُ زَيْدٌ فَانْطَلَقْتُ مَعَهُ فَدَخَلَ عَلَى حَمْزَةَ فَتَغَيَّظَ عَلَيْهِ فَرَفَعَ حَمْزَةُ بَصَرَهُ وَقَالَ هَلْ أَنْتُمْ إِلَّا عَبِيدٌ لِآبَائِي فَرَجَعَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُقَهْقِرُ حَتَّى خَرَجَ عَنْهُمْ وَذَلِكَ قَبْلَ تَحْرِيمِ الْخَمْرِ.

5627 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەدر ئۇرۇشىدا بىر تۆگە غەنىمەت ئالغان ئىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر تۆگە بەردى. مەن ئۇ ئىككى تۆگىگە چىغ ئارتىپ ساتقىلى ئاپىراتتىم. بەنى قەينۇقادىن بىر زەرگەر ماڭا ياردەملىشەتتى. مەن بىرئاز پۇل تېپىپ، ئايالىم فاتىمەنىڭ توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى ئىدىم. بىر كۈنى، ئۇ ئىككى تۆگىنى بىر ئەنسارىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا چۆكتۈرۈپ قويۇپ (چىغ يىغقىلى) كەتكەنىدىم، ئۇ ئۆيدە ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ھاراق ئىچىۋاتقانىكەن، يېنىدا بىر ناخشىچى دېدەك بار ئىكەن. ئۇ دېدەك ناخشا ئېيتىپ:

ـ ئەي ھەمزە! سېمىز تۆگىلەرگە بىر باقامسەن؟ ـ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، مېنىڭ تۆگىلىرىمنىڭ لوكىلىرىنى كېسىۋاپتۇ. بېقىنىنى بۆسۈپ، جىگەرلىرىنىمۇ ئاپتۇ. مەن كېلىپ، بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدىم. يېنىدا زەيد ئىبنى ھارىسە بار ئىكەن. مەن بولغان ئەھۋالنى ئېيتقانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ئۇچىمىز ئۇدۇل

ھەمـــزە بـــار ئـــۆيگە كەلـــدۇق، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالام ھەمـــزەگە كايىغاندى، ھەمزە بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ــ سىلەر دېگەن مېنىڭ دادامنىڭ قۇللىرىغۇ؟ ــ دېدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مەست ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. بۇ، هاراق هارام قىلىنىشتىن بۇرۇن بولغان ۋەقە ئىدى.

(بۇخارى: 2375)

5628 - عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ كَانَ لِسَعْدٍ كُرُومٌ وَأَعْنَابٌ كَثِيرَةٌ وَكَانَ لَهُ فِيهَا أَمِينٌ فَحَمَلَتْ عِنَبًا كَثِيرًا فَكَتَبَ إِلَيْهِ إِني أَخَافُ عَلَى الْأَعْنَابِ الضَّيْعَةَ فَإِنْ رَأَيتَ أَنْ أَعْصُرَهُ عَصَرْتُهُ فَكَتَبَ إِلَيْهِ سَعْدٌ إِذَا جَاءَكَ كِتَابِي هَذَا فَاعْتَزِلْ ضَيْعَتِي فَوَاللهِ لَا أَئْتَمِنُكَ عَلَى شَيْءٍ بَعْدَهُ أَبَدًا فَعَزَلَهُ عَنْ ضَيْعَتِهِ.

5628 ـ مۇسئەب ئىبنى سەئد مۇنداق دەيدۇ: دادام سەئدنىڭ ئۈزۈم باغلىرى بار بولۇپ، ئۇ باغقا قارايدىغان سادىق بىر خىزمەتچىسى بار ئىدى. بىر يىلى ئۈزۈم بەك كۆپ بولغانىدى، باغقا قارايدىغان ھېلىقى خىزمەتچى دادامغا خەت يېزىپ:

ــ مەن ئۈزۈم سېسىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم، شۇڭا خالىساڭ، ئۈزۈمنى سىقىپ ئېلىپ قوياي، ـ دېدى. دادام ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىپ:

ــ ساڭا مېنىڭ بۇ خېتىم تەگكەن ھامان بېغىمدىن چىقىپ كەت! الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئەمدى ساڭا ئىشەنمەيدىغان بولدۇم، ـ دېدى ۋە ئۇنى باغۋەنلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى[1].

(نەسائى: 7513)

5629 - عن خَبابَ بْنَ الْأَرت عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ إِيـاكَ وَالْخَمْرَ فَإِن خَطِيئَتَهَا تَفْرَعُ الْخَطَايَا كَمَا أَن شَجَرَتَهَا تَفْرَعُ الشجَرَ.

[1] ئەلبانى (5271): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

5629 ـ خەببــاب ئىبنــى ئەرەت رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھــاراقتىن يىــراق تــۇر! چــۈنكى ئۇنىــڭ دەرىخــى (يەنــى تــال) (ئۈزۈملۈكتا) باشقا دەرەخلەرنى بېسىپ چۈشكەندەك ئۇنىڭ گۇناھىمۇ باشقا گۇناھلارنى بېسىپ چۈشىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 3372)

5630 - قَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ مَنْ سَرَّهُ أَنْ يُحَرِّمَ إِنْ كَانَ مُحَرِّمًا مَا حَرَّمَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ فَلْيُحَرِّمْ النَّبِيذَ.

5630 ـ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: كىمكى الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلى ھارام قىلغان نەرسىنى (كۆندىلىك تۇرمۇشىدا) ئۆزىگە ھارام قىلاي دېسە، (مەست قىلىدىغان) سىركىنى ئىچىشنى ئۆزىگە ھارام قىلسۇن![2]

(نەسائى: 5688)

5631 - عَنْ أَبِي جَمْرَةَ قَالَ كُنْتُ أُتَرْجِمُ بَيْنَ ابْنِ عَبَّاسٍ وَبَيْنَ النَّاسِ فَأَتَتْهُ امْرَأَةٌ تَسْأَلُهُ عَنْ نَبِيذِ الْجَرِّ فَنَهَى عَنْهُ قُلْتُ يَا أَبَا عَبَّاسٍ إِنِّي أَنْتَبِذُ فِي جَرَّةٍ خَضْرَاءَ نَبِيذًا حُلْوًا فَأَشْرَبُ مِنْهُ فَيُقَرْقِرُ بَطْنِي قَالَ لَا تَشْرَبْ مِنْهُ وَإِنْ كَانَ أَحْلَى مِنْ الْعَسَلِ.

5631 ـ ئەبۇ جەمرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن كىشىلەر بىلەن ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئارىسىدا تەرجىمانلىق قىلاتتىم. بىر ئايال كېلىپ، ئۇنىڭدىن (مېۋە، ئارپا قاتارلىقلارنى) كوزىدا (ئېچىتىپ) ھازىرلانغان ئىچىملىكنىڭ ھۆكمىنى سورىدى. ئىبنى ئاببباس ئۇنى ئىچىشتىن توستى. مەن:

ـ ئى ئەبۇ ئاببباس! مەن بىر يېشىل كوزىدا (مېۋە، ئارپا قاتارلىقلارنى ئېچىتىپ) ئۇنىڭدىن ناھايىتى تاتلىق ئىچىملىك ياساپ ئىچىمەن. شۇنىڭ بىلەن، قورسىقىم تاراقلاپ كېتىدۇ، ـ دېگەنىدىم. ئىبنى ئاببباس

[1] ئەلبانى (739): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (5253): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ ئۇ نەرسەڭ ھەسەلدىن تاتلىق بولغان تەقدىردىمۇ ئىچمە! ـ دېدى[①].

(نەسائى: 5691)

5632 - عَنْ ابْنِ شُبْرُمَةَ قَالَ قَالَ طَلْحَةُ لِأَهْلِ الْكُوفَةِ فِي النَّبِيذِ فِتْنَةٌ يَرْبُو فِيهَا الصَّغِيرُ وَيَهْرَمُ فِيهَا الْكَبِيرُ قَالَ وَكَانَ إِذَا كَانَ فِيهِمْ عُرْسٌ كَانَ طَلْحَةُ وَزُبَيْدٌ يَسْقِيَانِ اللَّبَنَ وَالْعَسَلَ فَقِيلَ لِطَلْحَةَ أَلَا تَسْقِيهِمُ النَّبِيذَ قَالَ إِنِّي أَكْرَهُ أَنْ يَسْكَرَ مُسْلِمٌ فِي سَبَبِي.

5632 ـ ئىبنى شۇبرۇمە مۇنداق دەيدۇ: تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇفە خەلقىگە مۇنداق دېگەن: (مېۋە، ئارپا قاتارلىقلارنى) ئىچىتىپ ياسالغان ئىچىملىك (نىڭ ھالال ياكى ھاراملىقى) ھەققىدە شۇنداق بىر پىتنە بولىدۇكى، كىچىكلەر شۇ پىتنە ئىچىدە چوڭىيىدۇ، چوڭلار شۇ پىتنە ئىچىدە قېرىيدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە توي بولسا، تەلھە ۋە زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مېھمانلارغا سۈت ۋە ھەسەل تەقدىم قىلاتتى. بىر قېتىم تەلھەگە:

ـ مېھمانلارغا سىركە تەقدىم قىلمامسەن؟ ـ دېيىلگەندى، تەلھە:

ــ مەن بىرەر مۇسۇلماننىڭ مېنىڭ سەۋەبىمدىن مەست بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن، ـ دېدى[②].

(نەسائى: 5757)

5633 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ أَبْزَى عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَأَلْتُ أُبَيَّ بْنَ كَعْبٍ عَنْ النَّبِيذِ فَقَالَ اشْرَبْ الْمَاءَ وَاشْرَبْ الْعَسَلَ وَاشْرَبْ السَّوِيقَ وَاشْرَبْ اللَّبَنَ الَّذِي نُجِعْتَ بِهِ فَعَاوَدْتُهُ فَقَالَ الْخَمْرَ تُرِيدُ الْخَمْرَ تُرِيدُ.

5633 ـ سەئىد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبزا دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۇبەي ئىبنى كەئب

[①] ئەلبانى (5256): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (5313): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سىركە توغرىسىدا سوئال سورىغانىدىم. ئۇ:

ـ سۇ ئىچ، ھەسەل ئىچ، تالقان (ئومىچى) ئىچ ۋە كىچىكلىكىڭدىن ئىچىپ چوڭ بولغان سۈتنى ئىچ! ـ دېدى. مەن سوئالىمنى قايتىلىغانىدىم، ئۇ:

ـ سەن ھاراق ئىچمەكچىمۇ؟! سەن ھاراق ئىچمەكچىمۇ؟! ـ دېدى[1].

(نەسائى: 5754)

5634 - قَالَ ابْنُ عُمَرَ رَأَيْتُ رَجُلًا جَاءَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِقَدَحٍ فِيهِ نَبِيذٌ وَهُوَ عِنْدَ الركْنِ وَدَفَعَ إِلَيْهِ الْقَدَحَ فَرَفَعَهُ إِلَى فِيهِ فَوَجَدَهُ شَدِيدًا فَرَدهُ عَلَى صَاحِبِهِ فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ يَا رَسُولَ اللهِ أَحَرَامٌ هُوَ فَقَالَ عَلَي بِالرجُلِ فَأُتِيَ بِهِ فَأَخَذَ مِنْهُ الْقَدَحَ ثُم دَعَا بِمَاءٍ فَصَبهُ فِيهِ فَرَفَعَهُ إِلَى فِيهِ فَقَطبَ ثُم دَعَا بِمَاءٍ أَيْضًا فَصَبهُ فِيهِ ثُم قَالَ إِذَا اغْتَلَمَتْ عَلَيْكُمْ هَذِهِ الْأَوْعِيَةُ فَاكْسِرُوا مُتُونَهَا بِالْمَاءِ.

5634 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجەر ئەسۋەدنىڭ يېنىدا تۇراتتى، بىر كىشى كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر قاچا سىركە سۇندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئېلىپ، ئىچمەكچى بولۇپ ئېغىزىغا ئاپارغانىدى، ئىچىملىكنىڭ بەك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئىچمەيلا ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. بۇنى كۆرگەن بىر كىشى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى ئىچىش ھاراممۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەستىن):

ـ ھېلىقى ئادەمنى چاقىرىڭلار! ـ دېدى. ئۇ ئادەم كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن قاچىنى ئېلىپ، سۇ ئەكەلدۈرۈپ، ئىچىملىكنىڭ ئۈستىگە تۆكتى، ئاندىن ئۇنى ئېغىزىغا ئاپىرىپلا (پۈرىقىدىن سەسكىنىپ) تەرىنى تۈردى ۋە يەنە سۇ ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكتى. ئاندىن:

---

[1] ئەلبانى (5310): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ــ بۇ خىل ئىچىملىك بەك كۈچلۈك بولۇپ كەتسە، ئۇنى سۇ بىلەن تەڭشەپ ئىچىڭلار! ــ دېدى[1].

(نەسائى: 5694)

5635 - عَنْ بَكْرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ الْمُزَنِي قَالَ كُنْتُ جَالِسًا مَعَ ابْنِ عَباسٍ عِنْدَ الْكَعْبَةِ فَأَتَاهُ أَعْرَابِي فَقَالَ مَا لِي أَرَى بَنِي عَمكُمْ يَسْقُونَ الْعَسَلَ وَاللَّبَنَ وَأَنْتُمْ تَسْقُونَ النبِيذَ أَمِنْ حَاجَةٍ بِكُمْ أَمْ مِنْ بُخْلٍ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ الْحَمْدُ لِلهِ مَا بِنَا مِنْ حَاجَةٍ وَلَا بُخْلٍ قَدِمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى رَاحِلَتِهِ وَخَلْفَهُ أُسَامَةُ فَاسْتَسْقَى فَأَتَيْنَاهُ بِإِنَاءٍ مِنْ نَبِيذٍ فَشَرِبَ وَسَقَى فَضْلَهُ أُسَامَةَ وَقَالَ أَحْسَنْتُمْ وَأَجْمَلْتُمْ كَذَا فَاصْنَعُوا فَلَا نُرِيدُ تَغْيِيرَ مَا أَمَرَ بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5635 ـ بەكر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئاببास رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن كەئبىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، بىر سەھرالىق كىشى كېلىپ:

ــ سىلەرنىڭ تاغاڭلارنىڭ ئەۋلادى (ھەرەمگە كەلگەن) مېھمانلارنى ھەسەل ۋە سۈت بىلەن مېھمان قىلىدىكەن، سىلەر سىركە بىلەن مېھمان قىلىدىكەنسىلەر، بۇنىڭ سەۋەبى سىلەرنىڭ كەمبەغەللىكىڭلارمۇ ياكى بېخىللىقىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى ئابباس:

ــ ئاللاھقا شۈكرىلەر بولسۇنكى، بىز كەمبەغەلمۇ ئەمەس، بېخىلمۇ ئەمەس. ئەمما سەن سورىغان ئۇ ئىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىسىغا ئۇسامەنى مىنگەشتۈرگەن ھالدا ئۇلىغى بىلەن ھەرەمگە كېلىپ، سۇ تەلەپ قىلغاندا، بىز ئۇنىڭغا بىر قاچا سىركە سۇنغانىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىچىپ، ئېشىپ قالغىنىنى ئۇسامەگە بەردى ۋە:

ــ ياخشى قىلدىڭلار، ئوبدان ئىش قىلدىڭلار، بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق قىلىڭلار! ــ دېگەنىدى. شۇڭا بىز پەيغەمبەر

[1] ئەلبانى (441): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ ئىش قىلىشنى خالىمايمىز، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 1316)

5636 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَاءَ إلَى السقَايَةِ فَاسْتَسْقَى فَقَالَ الْعَباسُ يَا فَضْلُ اذْهَبْ إلَى أُمكَ فَأْتِ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِشَرَابٍ مِنْ عِنْدِهَا فَقَالَ اسْقِنِي قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إنهُمْ يَجْعَلُونَ أيْدِيَهُمْ فِيهِ قَالَ اسْقِنِي فَشَرِبَ مِنْهُ ثُم أتَى زَمْزَمَ وَهُمْ يَسْقُونَ وَيَعْمَلُونَ فِيهَا فَقَالَ اعْمَلُوا فَإنكُمْ عَلَى عَمَلٍ صَالِحٍ ثُم قَالَ لَوْلَا أنْ تُغْلَبُوا لَنَزَلْتُ حَتى أضَعَ الْحَبْلَ عَلَى هَذِهِ يَعْنِي عَاتِقَهُ وَأشَارَ إلَى عَاتِقِهِ.

5636 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجىلارغا سۇ تەقدىم قىلىدىغان يەرگە كېلىپ، سۇ سورىغاندى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى فەزلگە:

ـ ئى فەزل! سەن ئاناڭنىڭ قېشىغا بېرىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇيەدىن بىرەر ئىچىملىك ئېلىپ كەلگىن! ـ دېدى. بىراق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مۇشۇ سۇدىن بەرگىن! ـ دېدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سۇغا كىشىلەر قوللىرىنى تىقىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ شۇنداق بولسىمۇ بەر! ـ دېدى ۋە شۇ سۇدىن ئىچتى، ئاندىن زەمزەم قۇدۇقىغا كەلدى. ئابباسنىڭ ئەۋلادى قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، كىشىلەرگە (زەمزەم) تەقدىم قىلىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆرۈپ:

ـ ئىشلەڭلار! سىلەر ياخشى ئىش قىلىۋاتىسىلەر، كىشىلەرنىڭ ماڭا ئەگىشىمىز دەپ، بۇ ئىشنى سىلەردىن تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، مەنمۇ قۇدۇققا چۈشۈپ، ئارغامچىنى ئۆشنەمگە سېلىپ، سىلەر بىلەن بىرگە قۇدۇقتىن سۇ تارتقان بولاتتىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1636)

5637 - عن سَعِيدَ بْنَ الْمُسَيبِ قَالَ تَلَقتْ ثَقِيفٌ عُمَرَ بِشَرَابٍ فَدَعَا بِهِ فَلَما قَرَبَهُ إِلَى فِيهِ كَرِهَهُ فَدَعَا بِهِ فَكَسَرَهُ بِالْمَاءِ فَقَالَ هَكَذَا فَافْعَلُوا.

5637 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: سەقىف قەبىلىسىدىكىلەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر ئىچىملىك تەقدىم قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئىچمەكچى بولۇپ ئاغزىغا ئاپاردى ۋە يۈرىقىدىن سەسكىنىپ، سۇ ئەكەلدۈرۈپ، سۇ بىلەن تەڭشەپ ئىچتى. ئاندىن:

ــ مۇشۇ خىلدىكى ئىچىملىكلەرنى مانا مۇشۇنداق تەڭشەپ ئىچىڭلار! ـ دېدى①.

(نەسائى: 5706)

5638 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنها كَانَتْ تَنبِذُ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غُدْوَةً فَإِذَا كَانَ مِنْ الْعَشِي فَتَعَشى شَرِبَ عَلَى عَشَائِهِ وَإِنْ فَضَلَ شَيْءٌ صَبَبْتُهُ أَوْ فَرَغْتُهُ ثُم تَنبِذُ لَهُ بِاللَّيلِ فَإِذَا أَصْبَحَ تَغَدى فَشَرِبَ عَلَى غَدَائِهِ قَالَتْ يُغْسَلُ السقَاءُ غُدْوَةً وَعَشِيةً.

5638 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن (تۇلۇمغا) ئەتىگەندە خورما چىلاپ قويياتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچەتتى. ئېشىپ قالسا، ئۇنى تۆكۈۋېتىپ ياكى باشقا قاچىغا ئېلىۋېتىپ، تۇلۇمنى يۇيۇپ، يەنە خورما چىلاپ قويياتتىم. تاڭ ئاتقاندا، ناشتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ سۈيىنى يەنە ئىچەتتى. تۇلۇمنى ئەتىگەن ـ كەچتە ئىككى قېتىم يۇياتتىم②.

(ئەبۇ داۋۇد: 3712)

5639- عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ يُنْبَذُ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سِقَاءٍ يُوكَأُ أَعْلَاهُ وَلَهُ عَزْلَاءُ يُنْبَذُ غُدْوَةً فَيَشْرَبُهُ عِشَاءً وَيُنْبَذُ عِشَاءً فَيَشْرَبُهُ غُدْوَةً.

① ئەلبانى (445): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (3165): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

5639ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئاستى تەرەپتە (سۇ ئىچىدىغان) تۆشۈكى بار، ئۈستىدىن بوغۇلىدىغان ئېغىزى بار تۇلۇمدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مېۋە شەربىتى ھازىرلىناتتى، ئەتىگىنى ھازىرلانغاننى كەچتە، كەچتە ھازىرلانغاننى ئەتىگەندە ئىچەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3711)

5640 - عن ابْنَ عَباسٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُنْتَبَذُ لَهُ أَولَ اللَيْلِ فَيَشْرَبُهُ إِذَا أَصْبَحَ يَوْمَهُ ذَلِكَ وَاللَيْلَةَ التِي تَجِيءُ وَالْغَدَ وَاللَيْلَةَ الْأُخْرَى وَالْغَدَ إِلَى الْعَصْرِ فَإِنْ بَقِيَ شَيْءٌ سَقَاهُ الْخَادِمَ أَوْ أَمَرَ بِهِ فَصُب.

5640 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن ئاخشىمى تۇلۇمغا مېۋە چىلاپ قويۇلاتتى. تاڭ ئاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۈيىنى شۇ كۈنى، ئەتىسى ۋە ئۆگۈنى ئەسىرگىچە ساقلاپ ئىچەتتى. ئۇنىدىن كېيىن قېلىپ قالغىنىنى خىزمەتچىسىگە بېرەتتى ياكى ئۇنى تۆكتۈرۈۋېتەتتى.

(مۇسلىم: 2004)

5641 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ عَنْ أَبِيهِ أَنهُ نَهَى عَنْ خَلِيطِ الزبِيبِ وَالتمْرِ وَعَنْ خَلِيطِ الْبُسْرِ وَالتمْرِ وَعَنْ خَلِيطِ الزهْوِ وَالرطَبِ.

5641 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەتادە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن خورمىنى، قۇرۇق خورما بىلەن تۇلۇق خورمىنى، پىشىش ئالدىدىكى خورما بىلەن پىشقان ھۆل خورمىنى بىرلەشتۈرۈپ سىركە ياساشتىن توسقان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3704)

[1] ئەلبانى (3155): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (3151): سەھىھ ـ دېگەن.

5642 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ نَهَى عَنْ خَلِيطِ الزَّبِيبِ وَالتَّمْرِ وَعَنْ خَلِيطِ الْبُسْرِ وَالتَّمْرِ وَعَنْ خَلِيطِ الزَّهْوِ وَالرُّطَبِ وَقَالَ انْتَبِذُوا كُلَّ وَاحِدَةٍ عَلَى حِدَةٍ.

5642 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ قەتادە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن خورمىنى، قۇرۇق خورما بىلەن تولۇق خورمىنى، پىشىش ئالدىدىكى خورما بىلەن پىشقان ھۆل خورمىنى بىرلەشتۈرۈپ سىركە ياساشتىن توسقان ۋە مۇنداق دېگەن: «(بۇلاردىن) سىركە ياسىماقچى بولساڭلار، ھەر بىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم (قاچىغا) چىلاڭلار».
(مۇسلىم: 1988)

5643 - عَنْ كَبْشَةَ بِنْتِ أَبِي مَرْيَمَ قَالَتْ سَأَلْتُ أُمَّ سَلَمَةَ مَا كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَنْهَى عَنْهُ قَالَتْ كَانَ يَنْهَانَا أَنْ نَعْجُمَ النَّوَى طَبْخًا أَوْ نَخْلِطَ الزَّبِيبَ وَالتَّمْرَ.

5643 ـ كەبشە بىنتى ئەبۇ مەريەم مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قايسى ئىشلاردىن توسقانلىقى ھەققىدە سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھايۋاناتلارغا بېرىدىغان) خورمىنىڭ ئۇرۇقىنى بەك قاينىتىپ ئېزىۋېتىشتىن، قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن خورمىنى بىرلەشتۈرۈپ سىركە ياساشتىن توسقان، ـ دېدى[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 3706)

5644 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ نَجْمَعَ شَيْئَيْنِ نَبِيذًا يَبْغِي أَحَدُهُمَا عَلَى صَاحِبِهِ قَالَ وَسَأَلْتُهُ عَنْ الْفَضِيخِ فَنَهَانِي عَنْهُ قَالَ كَانَ يَكْرَهُ الْمُذَنِّبَ مِنْ الْبُسْرِ مَخَافَةَ أَنْ يَكُونَا شَيْئَيْنِ.

5644 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرى يەنە بىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان دەرىجىدىكى ئىككى خىل

[1] ئەلبانى (794): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

مېۋىنى بىرلەشتۈرۈپ سىركە ياساشتىن توسقانىدى، مەن ئۇنىڭدىن تۇلۇك خورما بىلەن پىشقان ھۆل خورمىدىن ياسالغان (مەست قىلىدىغان) ئىچىملىك ھەققىدە سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىچىشتىن توستى. ئەنەس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇلۇك خورما بىلەن سارغىيىش ئالدىدا تۇرغانلىرىنىڭ ئىككى خىل مېۋە قاتارىغا كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ سىركە ياساشنى توغرا كۆرمەيتتى، - دېگەن[1].

(نەسائى: 5563)

5645 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُنْبَذُ لَهُ زَبِيبٌ فَيُلْقِي فِيهِ تَمْرًا وَتَمْرٌ فَيُلْقِي فِيهِ الزبِيبَ.

5645 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۈزۈمدىن سىركە تەييارلانسا، ئۇنىڭغا خورما سالاتتى. ئەگەر خورمىدىن تەييارلانسا، ئۇنىڭغا ئۈزۈم سالاتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3708)

5646 - وفي رواية: كُنتُ آخُذُ قَبْضَةً مِنْ تَمْرٍ وَقَبْضَةً مِنْ زَبِيبٍ فَأُلْقِيهِ فِي إِنَـاءٍ فَأَمْرُسُهُ ثُم أَسْقِيهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5646 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر سىقىم خورما، بىر سىقىم قۇرۇق ئۈزۈم ئېلىپ بىر قاچىغا سېلىپ قوچۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەقدىم قىلاتتىم[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 3708)

5647 - عَنْ مَحْمُودِ بْنِ لَبِيدٍ الْأَنصَارِي أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ حِينَ قَدِمَ الشامَ شَكَا إِلَيْهِ أَهْلُ الشامِ وَبَاءَ الْأَرْضِ وَثِقَلَهَا وَقَالُوا لَا يُصْلِحُنَا إِلا هَذَا الشرَابُ فَقَالَ عُمَرُ اشْرَبُوا هَذَا

[1] ئەلبانى (5136): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (795): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (796): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

الْعَسَلَ قَالُوا لَا يُصْلِحُنَا الْعَسَلُ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْأَرْضِ هَلْ لَكَ أَنْ نَجْعَلَ لَكَ مِنْ هَذَا الشَرَابِ شَيْئًا لَا يُسْكِرُ قَالَ نَعَمْ فَطَبَخُوهُ حَتى ذَهَبَ مِنْهُ الثلُثَانِ وَبَقِيَ الثلُثُ فَأَتَوْا بِهِ عُمَرَ فَأَدْخَلَ فِيهِ عُمَرُ إِصْبَعَهُ ثُم رَفَعَ يَدَهُ فَتَبِعَهَا يَتَمَططُ فَقَالَ هَذَا الطلَاءُ هَذَا مِثْلُ طِلَاءِ الْإِبِلِ فَأَمَرَهُمْ عُمَرُ أَنْ يَشْرَبُوهُ فَقَالَ لَهُ عُبَادَةُ بْنُ الصامِتِ أَحْلَلْتَهَا وَاللهِ فَقَالَ عُمَرُ كَلا وَاللهِ اللهُم إِني لَا أُحِل لَهُمْ شَيْئًا حَرمْتَهُ عَلَيهِمْ وَلَا أُحَرمُ عَلَيهِمْ شَيْئًا أَحْلَلْتَهُ لَهُمْ.

5647 ـ مەھمۇد ئىبنى لەبىد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا بارغاندا، شام خەلقى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شامدىكى يۇقۇملۇق كېسەلدىن شىكايەت قىلىپ، بىزگە بۇ شارابتىن (يەنى ئۈزۈمنى سىقىپ تەييارلانغان شارابتىن) باشقا بىر نەرسە پايدا قىلمايدۇ، ـ دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ سىلەر ھەسەل ئىچىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار:

ـ بىزگە ھەسەل ياقمايدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن بىر كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ بىز ساڭا بۇ ئىچىملىكتىن مەست قىلمايدىغان شەكىلدە تەييارلاپ كېلەيلى، كۆرۈپ باققىن! ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بولىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇنى قاينىتىپ، ئۈچتىن بىرى قالغاندا ئېلىپ كەلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا بىر بارمىقىنى تىقىپ تارتىۋېدى، بارمىقىغا يۇققان شىرنە سوزۇلۇپ چىقتى، بۇنى كۆرگەن ئۆمەر:

ــ بۇ تۆگىلەرنىڭ يارىسىغا سۈۋۈيدىغان مايغا ئوخشايتۇ، بۇنى ئىچسەڭلار بولىدىكەن، ـ دېدى. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەرگە:

ـ سەن ئۇلارغا ھېلىقى شارابنى ئىچىشكە يول ئېچىپ بەردىڭ! ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەرگىز ئۇنىڭغا يول ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلمىدىم. ئى الله! سەن ئۇلارغا ھارام قىلغان نەرسىنى مەن ئۇلارغا ھالال قىلمايمەن، سەن ئۇلارغا ھالال

قىلغان نەرسىنى مەن هارام قىلمايمەن، ـ دېدى.

(مالىك: 1600)

5648 - عَنْ عَامِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَنَّهُ قَالَ قَرَأْتُ كِتَابَ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ إِلَى أَبِي مُوسَى أَمَّا بَعْدُ فَإِنَّهَا قَدِمَتْ عَلَيَّ عِيرٌ مِنْ الشَّامِ تَحْمِلُ شَرَابًا غَلِيظًا أَسْوَدَ كَطِلَاءِ الْإِبِلِ وَإِنِّي سَأَلْتُهُمْ عَلَى كَمْ يَطْبُخُونَهُ فَأَخْبَرُونِي أَنَّهُمْ يَطْبُخُونَهُ عَلَى الثُّلُثَيْنِ ذَهَبَ ثُلُثَاهُ الْأَخْبَثَانِ ثُلُثٌ بِبَغْيِهِ وَثُلُثٌ بِرِيحِهِ فَمُرْ مَنْ قِبَلَكَ يَشْرَبُونَهُ.

5648 ـ ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ مۇساغا يازغان خېتىنى ئوقۇغانىدىم، ئۇ خەتتە مۇنۇلار يېزىلغان ئىكەن: "مەخسەتكە كەلسەك: مېنىڭ قېشىمغا شامدىن كەلگەن بىر كارۋان تۆگىنىڭ يارىسىغا سۇۋايدىغان مايغا ئوخشاش قارا، قويۇق بىر خىل ئىچىملىكنى ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇلاردىن بۇنى قانچىلىك قاينىتىدىغانلىقىنى سورىدىم، ئۇلار ئۈچتىن ئىككى قىسمى كېتىپ، بىر قىسمى قالغىچە قاينىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دېمەك، يوقالغان بۇ ئىككى قىسىمنىڭ بىرى مەست قىلىدىغان قىسمى، يەنە بىرى پۇرىقى بار قىسمىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن تەرەپتىكى كىشىلەرنىڭ بۇ ئىچىملىكنى ئىچىشىگە رۇخسەت قىلساڭ بولىدۇ"[1].

(نەسائى: 5718)

5649 - عَنْ الشَّعْبِيِّ قَالَ كَانَ عَلِيٌّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَرْزُقُ النَّاسَ الطِّلَاءَ يَقَعُ فِيهِ الذُّبَابُ وَلَا يَسْتَطِيعُ أَنْ يَخْرُجَ مِنْهُ.

5649 ـ شەئبىي مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە شىرنە تارقىتىپ بېرەتتى، ئۇ شىرنە ناۋادا چىۋىن چۈشۈپ كېتىپ قالسا، چىقالمىغۇدەك دەرىجىدە قاينىتىپ قويۇقلاشقان شىرنە ئىدى[2].

(نەسائى: 5718)

---

[1] ئەلبانى (5274): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (5276): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

5650 - عن أَنسَ بْنَ مَالِكٍ قَالَ إن نُوحًا نَازَعَهُ الشَّيْطَانُ فِي عُودِ الْكَرْمِ فَقَالَ هَذَا لِي وَقَالَ هَذَا لِي فَاصْطَلَحَا عَلَى أن لِنُوحٍ ثُلُثَهَا وَلِلشَّيْطَانِ ثُلُثَيْهَا.

5650 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن شەيتان بىر تۈپ تالنى تالىشىپ قاپتۇ، ھەر ئىككىسى: "بۇ مېنىڭكى"، "بۇ مېنىڭكى" دەپ داۋا قىلىشىپتۇ. ئاخىرى ئۇلار كېلىشىپتۇ. كېلىشىم بويىچە، ئۇنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئالىدىغان، ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى شەيتان ئالىدىغان بوپتۇ[1].

(نەسائى: 5726)

5651 - عَنْ أَبِي ثَابِتٍ الثَّعْلَبِي قَالَ كُنتُ عِنْدَ ابْنِ عَباسٍ فَجَاءَهُ رَجُلٌ فَسَأَلَهُ عَـنْ الْعَصِيرِ فَقَالَ اشْرَبْهُ مَا كَانَ طَرِيا قَالَ إِني طَبَخْتُ شَرَابًا وَفِي نَفْسِي مِنْهُ قَالَ أَكُنتَ شَارِبَهُ قَبْلَ أَنْ تَطْبُخَهُ قَالَ لَا قَالَ فَإِن النارَ لَا تُحِل شَيْئًا قَدْ حَرُمَ.

5651 ـ ئەبۇ سابىت سەئلەبى مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كۈنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىدا تۇراتتىم، بىر كىشى كېلىپ، ئۈنىڭدىن سىقىلغان (ئۈزۈم) سۈيىنى ئىچىش ھەققىدە سورىدى. ئىبنى ئابباس:

ـ يېڭى سىقىلغان بولسا[2]، ئىچسەڭ بولىدۇ، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ــ مەن بىر ئىچىملىكنى قاينىتىپ ئېلىپ قويغان، بىراق ئىچىشكە كۆڭلۈم تازا ئۇنىمايۋاتىدۇ، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس:

ـ سەن ئۇنى قاينىتىشتىن بۇرۇن ئىچەمتىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ ياق، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس:

ــ ئۇنداقتا، ئەسلى ئىچىش ھارام بولغان نەرسىنى سەن مىڭ

[1] ئەلبانى (5284): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] يەنى سىقىپ قويۇپ، بىر مەزگىل ئۆتكەن بولسا، مەست قىلىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. شۇڭا يېڭى بولسا ئىچىشكە بولىدۇ، بولمىسا بولمايدۇ. ـ دېمەكچى.

قايناتساڭمۇ ھالال بولمايدۇ، ـ دېدى[①].

(نەسائى: 5729)

5652 - عَنْ أَنسٍ أَن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُئِلَ عَنْ الْخَمْرِ تُتخَذُ خَلا فَقَالَ لَا.

5652 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھاراقنى سىركىگە ئايلاندۇرۇش ھەققىدە سوئال سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بولمايدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 1983)

5653 - قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ أَمَرَنِى رَسُولُ اللهِ - صلى الله عليه وسلم - أَنْ آتِيَهُ بِمُدْيَةٍ وَهِىَ الشفْرَةُ فَأَتَيْتُهُ بِهَا فَأَرْسَلَ بِهَا فَأُرْهِفَتْ ثُم أَعْطَانِيهَا وَقَالَ «اغْدُو عَلَى بِهَـا». فَفَعَلْتُ فَخَرَجَ بِأَصْحَابِهِ إِلَى أَسْوَاقِ الْمَدِينَةِ وَفِيهَا زُقَاقُ خَمْرٍ قَدْ جُلِبَتْ مِنَ الشامِ فَأَخَـذَ الْمُدْيَةَ مِنى فَشَق مَا كَانَ مِنْ تِلْكَ الزقَاقِ بِحَضْرَتِهِ ثُم أَعْطَانِيهَا وَأَمَرَ أَصْحَابَهُ الذِينَ كَانُوا مَعَهُ أَنْ يَمْضُوا مَعِى وَأَنْ يُعَاوِنُونِى وَأَمَرَنِى أَنْ آتِىَ الأَسْوَاقَ كُلهَا فَلاَ أَجِدُ فِيهَا زِق خَمْرٍ إِلا شَقَقْتُهُ فَفَعَلْتُ فَلَمْ أَتْرُكْ فِى أَسْوَاقِهَا زِقا إِلا شَقَقْتُهُ.

5653 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى پىچاق ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. مەن پىچاقنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى چاقلىغىلى ئەۋەتتى. چاقلاپ ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، پىچاقنى يەنە ماڭا بېرىپ:

ـ سەن بۇنى ئەتە ئەتىگەن مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەل! ـ دېدى. مەن دېگىنىدەك قىلدىم. مەن كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ مەدىنىنىڭ بازارلىرىغا چىقتى. بازاردا شامدىن كەلتۈرۈلگەن تۇلۇم ـ تۇلۇم ھاراقلار بار ئىدى.

[①] ئەلبانى (5286): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن پىچاقنى ئېلىپ، ئالدىغا ئۇچرىغان تۇلۇمنىڭ قارنىنى بۆستى. ئاندىن پىچاقنى ماڭا بېرىپ، مېنى پۈتۈن بازارلارنى ئايلىنىپ، بازاردىكى بارلىق ھاراق تۇلۇملىرىنىڭ قارنىنى بۆسۈشكە بۇيرىدى ۋە ئۆزى بىلەن بىرگە چىققان ساھابىلەرنىمۇ ماڭا ياردەملىشىشكە بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن بازارمۇ بازار ئايلىنىپ، بىرمۇ ھاراق تۇلۇمىنى قالدۇرماي قارنىنى بۆستۈم[1].

(ئەھمەد: 6130)

5654 - عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَشْرَبُ نَاسٌ مِنْ أُمتِي الْخَمْرَ يُسَمونَهَا بِغَيْرِ اسْمِهَا.

5654 ـ بىر ساھابىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر ھاراقنى باشقا ئىسىم بىلەن ئاتاپ تۇرۇپ ئىچىدۇ»[2].

(نەسائى: 5658)

5655 - عَنْ أَبِي مُوسَى أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ ثَلَاثَةٌ لَا يَدْخُلُونَ الْجَنةَ مُدْمِنُ خَمْرٍ وَقَاطِعُ رَحِمٍ وَمُصَدقٌ بِالسحْرِ وَمَنْ مَاتَ مُدْمِنًا لِلْخَمْرِ سَقَاهُ اللهُ عَز وَجَل مِنْ نَهْرِ الْغُوطَةِ قِيلَ وَمَا نَهْرُ الْغُوطَةِ قَالَ نَهْرٌ يَجْرِي مِنْ فُرُوجِ الْمُومِسَاتِ يُؤْذِي أَهْلَ النارِ رِيحُ فُرُوجِهِمْ.

5655 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۈچ تۈرلۈك كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى، ھاراقكەش؛ يەنە بىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن

[1] ھەيسەمى (8084): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ تۇئمە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (5229): سەھىھ ـ دېگەن.

كىشى؛ يەنە بىرى، سېھىرگە ئىشەنگەن كىشى. كىمكى ھاراقتىن قول ئۈزمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشىگە اللە غۇتە ناملىق ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچكۈزىدۇ. - دېدى. ساھابىلەر:

— ئۇ قانداق ئۆستەڭ؟ - دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇ، پاھىشە ئاياللارنىڭ ئەۋرىتىدىن ئاقىدىغان ئۆستەڭ. پاھىشە ئاياللارنىڭ ئەۋرىتىدىن چىققان سېسىق پۇراق دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابىغا ئازاب قوشۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ قىينايدۇ، - دېدى[①].

(ئەھمەد: 19075)

5656 - عن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال من ترك الخمر وهو يقدر عليه لاسقينه منه من حظيرة القدس ومن ترك الحرير وهو يقدر عليه لاكسونه إياه من حظيرة القدس.

5656 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھاراق ئىچىشكە قادىر تۇرۇپ ئىچمىسە، مەن ئۇنى (قىيامەت كۈنى) جەننەتنىڭ شارابلىرى بىلەن سۇغۇرىمەن. كىمكى يىپەكتىن كىيىم كىيىشكە قادىر تۇرۇپ كىيمىسە، مەن ئۇنىڭغا (قىيامەت كۈنى) جەننەتنىڭ يىپەكلىرىدىن كىيىم كىيدۈرىمەن»[②].

(بەززار: 2939)

5657 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ أَحَب الشرَابِ إِلى رَسُولِ اللِه صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْحُلْوَ الْبَارِدَ.

5657 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر

---

[①] ھەيسەمى (8206): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەد بىلەن ئەبۇ يەئلانىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

[②] ھەيسەمى (8218): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى شۇئەيب ئىبنى بايان ھەققىدە ئىختىلاپ بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاتلىق، سوغۇق ئىچىملىكنى بەك ياخشى كۆرەتتى[1].

(تىرمىزى: 1895)

[1] ئەلبانى (1545): سەھىھ ـ دېگەن.

## سىركە سېلىشقا بولىدىغان قاچىلار، ئىچىشكە بولىدىغان ۋە ئىچىشكە بولمايدىغان سىركىلەر ۋە قاچىلارغا ئالاقىدار ھۆكۈملەر

5658 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ إِنَّ أُنَاسًا مِنْ عَبْدِ الْقَيْسِ قَدِمُوا عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالُوا يَا نَبِيَّ اللَّهِ إِنَّا حَيٌّ مِنْ رَبِيعَةَ وَبَيْنَنَا وَبَيْنَكَ كُفَّارُ مُضَرَ وَلَا نَقْدِرُ عَلَيْكَ إِلَّا فِي أَشْهُرِ الْحُرُمِ فَمُرْنَا بِأَمْرٍ نَأْمُرُ بِهِ مَنْ وَرَاءَنَا وَنَدْخُلُ بِهِ الْجَنَّةَ إِذَا نَحْنُ أَخَذْنَا بِهِ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ آمُرُكُمْ بِأَرْبَعٍ وَأَنْهَاكُمْ عَنْ أَرْبَعٍ اعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَصُومُوا رَمَضَانَ وَأَعْطُوا الْخُمُسَ مِنْ الْغَنَائِمِ وَأَنْهَاكُمْ عَنْ أَرْبَعٍ عَنْ الدُّبَّاءِ وَالْحَنْتَمِ وَالْمُزَفَّتِ وَالنَّقِيرِ قَالُوا يَا نَبِيَّ اللَّهِ مَا عِلْمُكَ بِالنَّقِيرِ قَالَ بَلَى جِذْعٌ تَنْقُرُونَهُ فَتَقْذِفُونَ فِيهِ مِنْ الْقُطَيْعَاءِ قَالَ سَعِيدٌ أَوْ قَالَ مِنْ التَّمْرِ ثُمَّ تَصُبُّونَ فِيهِ مِنْ الْمَاءِ حَتَّى إِذَا سَكَنَ غَلَيَانُهُ شَرِبْتُمُوهُ حَتَّى إِنَّ أَحَدَكُمْ أَوْ إِنَّ أَحَدَهُمْ لَيَضْرِبُ ابْنَ عَمِّهِ بِالسَّيْفِ قَالَ وَفِي الْقَوْمِ رَجُلٌ أَصَابَتْهُ جِرَاحَةٌ كَذَلِكَ قَالَ وَكُنْتُ أَخْبَؤُهَا حَيَاءً مِنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقُلْتُ فَفِيمَ نَشْرَبُ يَا رَسُولَ اللَّهِ قَالَ فِي أَسْقِيَةِ الْأَدَمِ الَّتِي يُلَاثُ عَلَى أَفْوَاهِهَا قَالُوا يَا رَسُولَ اللَّهِ إِنَّ أَرْضَنَا كَثِيرَةُ الْجِرْذَانِ وَلَا تَبْقَى بِهَا أَسْقِيَةُ الْأَدَمِ فَقَالَ نَبِيُّ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَإِنْ أَكَلَتْهَا الْجِرْذَانُ وَإِنْ أَكَلَتْهَا الْجِرْذَانُ وَإِنْ أَكَلَتْهَا الْجِرْذَانُ قَالَ وَقَالَ نَبِيُّ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِأَشَجِّ عَبْدِ الْقَيْسِ إِنَّ فِيكَ لَخَصْلَتَيْنِ يُحِبُّهُمَا اللَّهُ الْحِلْمُ وَالْأَنَاةُ.

5658 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇ قەيس جەمەتىدىن بىر قانچە كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز رەبىئە قەبىلىسىنىڭ بىر جەمەتى، سىلەر

بىلەن ئارىمىزدا مۇزەر كاپىرلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز سېنىڭ يېنىڭغا پەقەت ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلاردىلا كېلەلەيمىز. شۇڭا سەن بىزنى جەننەتكە باشلايدىغان بىر ئەمەلنى قىلىشقا بۇيرىساڭ، بىز هەم ئۆزىمىز شۇ ئەمەلنى قىلساق هەم ئارقىمىزدا قالغان كىشىلەرگە يەتكۈزسەك، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن سىلەرنى تۆت ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇيمەن ۋە تۆت ئىشنى قىلىشتىن توسىمەن. سىلەر اللهقا هېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇڭلار ۋە ئۇرۇشتا ئېلىنغان ئولجىنىڭ بەشتىن بىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇڭلار. مەن سىلەرنى قاپاق، كوزا، موم بىلەن قاپلانغان قاچا ۋە ياغاچتىن ئويۇلغان قاچىلارنى ئىشلىتىشتىن توسىمەن[1]، ـ دېدى. ئۇلار:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ياغاچتىن ئويۇلغان قاچىنى نەدىن بىلىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بىلىمەن، سىلەر كۆتەكنىڭ ئوتتۇرىنى ئويۇپ، قاچا ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىگە خورما قاچىلاپ، ئۈستىگە سۇ قۇيۇسىلەر. ئۇ (ئېچىپ قايناپ ۋە) قايناشتىن توختىغاندا، سىلەر ئۇنى ئىچىسىلەر. شۇنىڭ بىلەن، بەزىڭلار مەست هالىتىدە بېرىپ، قىلىچ بىلەن تاغىسىنىڭ ئوغلىنىڭ بوينىنى چاپىدۇ، ـ دېدى. كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە شۇنداق هادىسىلەردىن بىرىدە يارىلانغانلاردىن بىرسى بار ئىدى (ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن خىجىل بولۇپ، يارىلانغان يەرنى يېپىۋالغان ئىدىم، ـ دەيدۇ). ئۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا، (ئىچىملىكلىرىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن)

---

[1] ئۇلار ئادەتتە قۇرۇق ئۈزۈم، خورما قاتارلىق مېۋىلەرنى سۇغا چىلاپ، بۇ خىل قاچىلاردا ساقلاپ، مېۋە سۈيى قىلىپ ئىچەتتى. بۇ قاچىلاردا ساقلانغان مېۋە سۈيى بەزىدە كۈننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېچىپ هاراققا ئايلىنىپمۇ قالاتتى. ئاندىن ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچىلار ئۇنىڭ هاراققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سەزمەستىن ئىچىپمۇ قالاتتى. بۇ چەكلىمە مانا شۇنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا يولغا قويۇلغان ئىدى. بىراق كېيىن باشقا بىر هەدىس ئارقىلىق هەرقانداق قاچىنى ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى، پەقەت ئىچىدىكى نەرسىنىڭ هاراققا ئايلانغان ياكى ئايلانمىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان.

قانداق قاچىدا ئىشلىتىمىز؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئېغىزى ئېتىلىدىغان تۇلۇم ئىشلىتىڭلار! - دېدى. ئۇلار:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ يۇرتىمىزدا چاشقان كۆپ، تۇلۇمنى ساق قويمايدۇ، - دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- تۇلۇمنى چاشقانلار يەپ كەتكەن تەقدىردىمۇ تۇلۇم ئىشلىتىڭلار! تۇلۇمنى چاشقانلار يەپ كەتكەن تەقدىردىمۇ تۇلۇم ئىشلىتىڭلار! تۇلۇمنى چاشقانلار يەپ كەتكەن تەقدىردىمۇ تۇلۇم ئىشلىتىڭلار! - دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇلقەيس جەمەتىدىكى ئەشەج ئىسىملىك كىشىگە:

- سەندە الله ياقتۇرىدىغان يۇختىلىق ۋە تەمكىنلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىسلەت بار ئىكەن، - دېدى.

(مۇسلىم: 18)

5659 - عن زَاذَان قَالَ قُلْتُ لِابْنِ عُمَرَ حَدثْنِي بِمَا نَهَى عَنْهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْأَشْرِبَةِ بِلُغَتِكَ وَفَسرْهُ لِي بِلُغَتِنَا فَإِن لَكُمْ لُغَةً سِوَى لُغَتِنَا فَقَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْحَنْتَمِ وَهِيَ الْجَرةُ وَعَنْ الدباءِ وَهِيَ الْقَرْعَةُ وَعَنْ الْمُزَفتِ وَهُوَ الْمُقَيرُ وَعَنْ النقِيرِ وَهِيَ النخْلَةُ تُنْسَحُ نَسْحًا وَتُنْقَرُ نَقْرًا وَأَمَرَ أَنْ يُنْتَبَذَ فِي الْأَسْقِيَةِ.

5659 - زازان مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

- سەن ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچىشتىن چەكلىگەن ئىچىملىكلەرنى سىلەرنىڭ شېۋەڭلار بويىچە دەپ بەرگىن، ئاندىن ئۇنى بىزنىڭ شېۋىمىزدا چۈشەندۈرۈپ قويغىن، چۈنكى سىلەرنىڭ شېۋەڭلار بىلەن بىزنىڭكى پەرقلىق، - دېگەنىدىم، ئۇ:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەنتەمدە (يەنى كوزىدا ئېچىتىپ) تەييارلانغان ئىچىملىكنى ئىچىشتىن توسقان، دۇببادا (يەنى قاپاقتا ئېچىتىپ) تەييارلانغان ئىچىملىكنى ئىچىشتىن توسقان، مۇزەففەتتە

(يەنــى مــوم بىــلەن قاپلانغــان قاچىــدا ئىچىتىــپ) تەييارلانغــان ئىچىملىكنى ئىچىشتىن توسقان ۋە نەقىردە (يەنى خورما دەرىخىنى ئويــۇپ ياســالغان قاچىــدا ئىچىتىــپ) تەييارلانغــان ئىچىملىكنــى ئىچىشتىن توسقان، سىركىنى تۇلۇملاردا تەييارلاشقا بۇيرىغان، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 1997)

5660 - عَنْ ابْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَيْتُكُمْ عَنْ زِيَارَةِ الْقُبُورِ فَزُورُوهَا وَنَهَيْتُكُمْ عَنْ لُحُومِ الْأَضَاحِي فَوْقَ ثَلَاثٍ فَأَمْسِكُوا مَا بَدَا لَكُمْ وَنَهَيْتُكُمْ عَنْ النبِيذِ إِلا فِي سِقَاءٍ فَاشْرَبُوا فِي الْأَسْقِيَةِ كُلهَا وَلَا تَشْرَبُوا مُسْكِرًا.

5660ـ ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن سىلەرنى قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشتىن توسقانىدىم، ئەمدى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ. قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشتىن توسقانىدىم، ئەمدى قانچىلىك ساقلاپ يېسەڭلار بولىدۇ. تۇلۇمدىن باشقا قاچىلارغا سىركە قۇيۇشتىن توسقانىدىم، ئەمدى ھەر قانداق قاچىغا قۇيساڭلار بولىدۇ. ئەمما مەست قىلىدىغان نەرسە ئىچىشكە قەتئىي بولمايدۇ».

(مۇسلىم: 977)

5661 – وفي رواية: نَهَيْتُكُمْ عَنْ الظرُوفِ وَإِن الظرُوفَ أَوْ ظَرْفًا لَا يُحِل شَيْئًا وَلَا يُحَرمُهُ وَكُل مُسْكِرٍ حَرَامٌ.

5661 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەن سىلەرنى (ئىچىملىكنى ساقلاش ئۈچۈن) تۇلۇمدىن باشقا قاچىنى ئىشلىتىشتىن توسقانىدىم، قاچا دېگەن بىر نەرسىنى ھالال ياكى ھارام قىلالمايدۇ (شۇڭا ھەر قانداق قاچا ئىشلەتسەڭلار بولىۋېرىدۇ). لېكىن مەست قىلىدىغان ھەر قانداق ئىچىملىك ھارامدۇر» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

(مۇسلىم: 977)

5662 - عن عَبْد اللهِ بن بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَـا هُوَ يَسِيرُ إِذْ حَل بِقَوْمٍ فَسَمِعَ لَهُمْ لَغَطًا فَقَالَ مَا هَذَا الصوْتُ قَالُوا يَا نَبِي اللهِ لَهُمْ شَـرَابٌ يَشْرَبُونَهُ فَبَعَثَ إِلَى الْقَوْمِ فَدَعَاهُمْ فَقَالَ فِي أَي شَيْءٍ تَنْتَبِذُونَ قَالُوا نَنْتَبِذُ فِي النقِيرِ وَالدبَاءِ وَلَيْسَ لَنَا ظُرُوفٌ فَقَالَ لَا تَشْرَبُوا إِلا فِيمَا أَوْكَيْتُمْ عَلَيْهِ قَالَ فَلَبِثَ بِذَلِكَ مَا شَـاءَ اللـهُ أَنْ يَلْبَثَ ثُم رَجَعَ عَلَيْهِمْ فَإِذَا هُمْ قَدْ أَصَابَهُمْ وَبَاءٌ وَاصْفَروا قَالَ مَا لِي أَرَاكُمْ قَدْ هَلَكْتُمْ قَالُوا يَا نَبِي اللهِ أَرْضُنَا وَبِيئَةٌ وَحَرمْتَ عَلَيْنَا إِلا مَا أَوْكَيْنَا عَلَيْهِ قَالَ اشْرَبُوا وَكُل مُسْكِرٍ حَرَامٌ.

5662 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سەپەردە كېتىۋېتىپ، بىر قەۋمنىڭ مەھەللىسىگە چۈشتى. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە:

ـ بۇ نېمە ئاۋاز؟ ـ دەپ سورىدى. ئەتراپىتىكىلەر:

ـــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! ئـۇلار ئىچىملىـك ئىچىشـىۋاتىدۇ، ـ دېـدى. پەيغەمـبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئـادەم ئەۋەتىـپ، ئـۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ:

ـــ سـىلەر سـىركىنى قانـداق قاچىـدا ساقلايسـىلەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ـــ بىـزدە باشـقا قـاچىلار بولمىغاچقـا ياغـاچ ئاياقلاردا ۋە قاپاقلاردا ساقلايمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئېغىزى بوغۇلىدىغان قاچىدىن باشقىسىدا ساقلانغان سىركىنى ئىچمەڭلار! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار شۇنداق قىلدى. بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتا كەلـدى. بـۇ چاغـدا، ئـۇلار كېسـەل بولـۇپ، چىرايلىـرى سـارغىيىپ كەتكەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ:

ـ نېمە بولدى؟ ھالىڭلار بەك تۆۋەنغۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ يۇرتىمىز ئادەم تولا كېسەل بولىدىغان بىر جاي، سەن بىزنى ئېغىزى بوغۇلىدىغان قاچىلاردىن باشقىسىدا ساقلانغان سىركىنى ئىچىشتىن چەكلىدىڭ (ئۇنداق قاچا بىزدە يوق،

شۇنىڭ بىلەن سىركە ئىچەلمەي كېسەللەر تېخىمۇ ئاۋۇپ، مۇشۇنداق ھالغا كېلىپ قالدۇق)، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەر قانداق قاچىدا سىركە ئىچسەڭلار بولىدۇ، لېكىن مەست قىلىدىغان ھەر قانداق ئىچىملىك ھارامدۇر (بۇنىڭغا دىققەت قىلىڭلار)، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 5658)

5663 - عن مُسْلِم بن عُمَيْرٍ قَالَ: أُهْدِيَتْ إِلَى رَسُولِ اللهِ جَرةٌ خَضْـرَاءُ فِيهَـا كَافُورٌ، فَقَسَمَهَا بَيْنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنصَارِ، وَقَالَ: "يَا أُم سُلَيْمٍ، انْتَبِذِي لَنَا فِيهَا".

5663 ـ مۇسلىم ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر يېشىل كوزىدا كافۇر (خۇشھىدلىق بۇيۇملارنىڭ ئارىلاشمىسى) ھەدىيە قىلىنغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىكى كافۇرنى مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارغا تارقىتىپ بېرىپ، كوزىنى ئۇممۇ سۇلەيمگە بەردى ۋە:

ـ ئى ئۇممۇ سۇلەيم! بۇ كوزىدا بىزگە سىركە قۇيۇپ بەرگىن! ـ دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 436/19)

5664 - عن عَبْد الرحْمَنِ بن أَبِي لَيْلَى أَنهُمْ كَانُوا عِنْدَ حُذَيْفَةَ فَاسْتَسْقَى فَسَـقَاهُ مَجُوسِي فَلَما وَضَعَ الْقَدَحَ فِي يَدِهِ رَمَاهُ بِهِ وَقَالَ لَوْلَا أَني نَهَيْتُهُ غَيْرَ مَرةٍ وَلَا مَرتَيْنِ كَأَنـهُ يَقُولُ لَمْ أَفْعَلْ هَذَا وَلَكِني سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَلْبَسُوا الْحَرِيرَ وَلَـا الديبَاجَ وَلَا تَشْرَبُوا فِي آنِيَةِ الذهَبِ وَالْفِضةِ وَلَا تَأْكُلُوا فِي صِحَافِهَا فَإِنهَا لَهُمْ فِي الـدنْيَا وَلَنَا فِي الْآخِرَةِ.

[1] ئەلبانى (5226): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8153): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇزاھىم ئىبنى ئابدۇلئەزىز سەقەفى ئىسىملىك تەرجىمىھالى ناتونۇش بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

5664 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇلەيلا مۇنداق دەيدۇ: بىز ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا تۇراتتۇق، ئۇ سۇ سورىدى. بىر مەجۇسىي (بىر كۈمۈش قاچىدا) سۇ ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا بەرگەنىدى، ھۇزەيفە قاچىنى ئېلىپلا ئۇنىڭغا ئاتتى ۋە مۇنداق دېدى:

ـ مەن ئۇنى ماڭا بۇنداق قاچىدا سۇ بېرىشتىن بىر قانچە قېتىم توستۇم، يەنى بۇندىن بۇرۇن ئۇنى ئاگاھلاندۇرمىغان بولسام، قاچىنى بۇنداق ئاتمىغان بولاتتىم. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «نېپىز ياكى قېلىن بولسۇن، يىپەكتىن كىيىم كىيمەڭلار! ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا بىر نەرسە يېمەڭلار، يېمەڭلار! بۇ نەرسىلەرنى دۇنيادا كاپىرلار ئىشلىتىدۇ، ئاخىرەتتە بىز مۇسۇلمانلار ئىشلىتىمىز» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

(بۇخارى: 5426)

5665 - عَنْ أُم سَلَمَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الذِي يَشْرَبُ فِي إِنَاءِ الْفِضةِ إِنمَا يُجَرْجِرُ فِي بَطْنِهِ نَارَ جَهَنمَ.

5665 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كۈمۈش قاچىدا سۇ ئىچكەن ئادەم قورسىقىغا دوزاخ ئوتىنى قاچىلىغان بولىدۇ» دېگەن.

(بۇخارى: 6534)

5666 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ كُنا نَغْزُو مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنُصِيبُ مِنْ آنِيَةِ الْمُشْرِكِينَ وَأَسْقِيَتِهِمْ فَنَسْتَمْتِعُ بِهَا فَلَا يَعِيبُ ذَلِكَ عَلَيْهِمْ.

5666ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە جىھادقا چىققاندا، مۇشرىكلارنىڭ قاچىلىرى ۋە تۇلۇملىرىنى ئولجا ئالاتتۇق ۋە ئۇنى ئىشلىتەتتۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئۇنى

ئىشلىتىشتىن توسمايتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3838)

5667 - عَنْ أَبِي ثَعْلَبَةَ الْخُشَنِيِ أَنَهُ سَأَلَ رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ إِنا نُجَاوِرُ أَهْلَ الْكِتَابِ وَهُمْ يَطْبُخُونَ فِي قُدُورِهِمْ الْخِنْزِيرَ وَيَشْرَبُونَ فِي آنِيَتِهِمْ الْخَمْرَ فَقَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ وَجَدْتُمْ غَيْرَهَا فَكُلُوا فِيهَا وَاشْرَبُوا وَإِنْ لَمْ تَجِدُوا غَيْرَهَا فَارْحَضُوهَا بِالْمَاءِ وَكُلُوا وَاشْرَبُوا.

5667 ـ ئەبۇ سەئلەبە خۇشەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— بىزنىڭ قوشنىلىرىمىز ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار)دۇر، ئۇلار قازانلىرىدا چوشقا گۆشى پىشۇرىدۇ، قاچىلىرىدا هاراق ئىچىدۇ (ئۇلارنىڭ قازان ـ قۇمۇچلىرىنى ئىشلەتسەك بولامدۇ)، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇنىڭدىن باشقا قازان ـ قومۇچ تاپالىساڭلار ئىشلەتمەڭلار! تاپالمىساڭلار سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىپ ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3839)

5668 - وفي رواية: سُئِلَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ قُدُورِ الْمَجُوسِ فَقَالَ أَنْقُوهَا غَسْلًا وَاطْبُخُوا فِيهَا.

5668 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مەجۇسىيلارنىڭ قازانلىرىنى ئىشلىتىش توغرۇلۇق سوئال سورالغانىدى: «مەجۇسىيلارنىڭ قازانلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، ئاندىن تاماق ئەتسەڭلار بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى[3].

(تىرمىزى: 1560)

[1] ئەلبانى (3251): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (3252): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (1264): سەھىھ دېگەن.

5669 - تَوَضأَ عُمَرُ بِالْحَمِيمِ في جرِ نَصْرَانِيةٍ وَمِنْ بَيْتِها.

5669 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر خرىستىئان ئايالنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كېلىنگەن بىر كوزا ئىسسىق سۇدا تاھارەت ئالغان.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان، بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

5670 - عن ابن عباس قال أهدى المقوقس إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم قدح قوارير فكان يشرب فيه.

5670 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مىسىرنىڭ پادىشاھى مۇقەۋقىس پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەينەكتىن ياسالغان بىر قاچا ھەدىيە قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ قاچىدا سۇ ئىچەتتى[1].

(بەززار: 2904)

5671 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ: كَانَ لِمُعَاذِ بن جَبَلٍ قَدَحٌ مُفَضضٌ بنحَاسٍ فِيهِ يَسْقِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا شَرِبَ، وَفِيهِ يُوَضئُهُ إِذَا تَوَضأَ.

5671 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىس بىلەن قاپلانغان بىر قاچىسى بار بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىچىشى ياكى تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن سۇ بەرسە، شۇ قاچىدا بېرەتتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 7878)

[1] ھەيسەمى (8229): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەندىل ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8230): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەلى ئىبنى يەزىد ئەلھانى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

# كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇزىنnەت بۇلۇمى

## ئالتۇن، يىپەك، يۇڭ ۋە چۇپۇر قاتارلىقلار

5672 - عن عُقْبَةَ بْنَ عَامِرٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَمْنَعُ أَهْلَهُ الْحِلْيَةَ وَالْحَرِيرَ وَيَقُولُ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبونَ حِلْيَةَ الْجَنةِ وَحَرِيرَهَا فَلَا تَلْبَسُوهَا فِي الدنْيَا.

5672 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى ئىشلىتىشتىن ۋە يىپەك كىيىملەرنى كىيىشتىن چەكلەپ مۇنداق دەيتتى:

«سىلەر جەننەتنىڭ زىبۇزىننەتلىرى بىلەن زىننەتلىنىشنى ۋە جەننەتنىڭ يىپەك كىيىملىرىنى كىيىشنى خالىساڭلار، بۇ دۇنيادا ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلەتمەڭلار!»[1].

(نەسائى: 5136)

5673 - عَنْ مُعَاوِيَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ لُبْسِ الذهَبِ إلا مُقَطعًا وَعَنْ رُكُوبِ الْمَيَاثِرِ.

5673 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇننى پارچىلىماستىن، پۈتۈن ئىشلىتىشتىن[2] ۋە يىپەكتىن توقۇلغان ئىگەرلەرگە

---

[1] ئەلبانى (1264): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] يەنى پارچىلاپ ھالقا قاتارلىق زىبۇزىننەتلەرگە ئايلاندۇرماي، بايلىقنى كۆز ـ كۆز قىلىپ ئەسلى پېتى يوغان ـ يوغان ئالتۇنلارنى ئىشلىتىشتىن توسقان ـ دېمەكچى.

مىنىشتىن توسقان[1].

(نەسائى: 5150)

5674 - عن عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ قَالَ إِن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخَذَ حَرِيرًا فَجَعَلَهُ فِي يَمِينِهِ وَأَخَذَ ذَهَبًا فَجَعَلَهُ فِي شِمَالِهِ ثُم قَالَ إِن هَذَيْنِ حَرَامٌ عَلَى ذُكُورِ أُمتِي.

5674 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىدا يىپەكنى، سول قولىدا ئالتۇننى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇ ئىككىسى ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە هارامدۇر» دېگەن[2].

(نەسائى: 5144)

5675 - عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ حُـرِمَ لِبَاسُ الْحَرِيرِ وَالذهَبِ عَلَى ذُكُورِ أُمتِي وَأُحِل لِإِنَاثِهِمْ.

5675 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يىپەك ۋە ئالتۇن ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە هارام، ئاياللىرىغا هالال قىلىندى»[3].

(تىرمىزى: 1720)

5676 - عن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِنمَا يَلْبَسُ الْحَرِيرَ فِي الدنْيَا مَنْ لَا خَلَاقَ لَهُ فِي الْآخِرَةِ.

5676 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بۇ دۇنيادا يىپەك كىيىم كىيگەنلەر ئاخىرەتتە يىپەك كىيىمدىن نېسىۋىسى بولمىغان كىشىلەردۇر».

(بۇخارى: 5835)

[1] ئەلبانى (4756): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4750): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1404): سەھىھ ـ دېگەن.

5677 - عَنْ خَلِيفَةَ بْنِ كَعْبٍ أَبِي ذِبْيَانَ قَالَ سَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ الزُبَيْرِ يَخْطُبُ يَقُولُ أَلَا لَا تُلْبِسُوا نِسَاءَكُمْ الْحَرِيرَ فَإِنِي سَمِعْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَلْبَسُوا الْحَرِيرَ فَإِنَهُ مَنْ لَبِسَهُ فِي الدنْيَا لَمْ يَلْبَسْهُ فِي الْآخِرَةِ.

5677 ـ خەلىپە ئىبنى كەئب ئەبۇ زەيبان مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خۇتبىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ئاياللىرىڭلارغا يىپەكتىن كىيىم كىيدۈرمەڭلار، مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «يىپەكتىن كىيىم كىيمەڭلار! چۈنكى دۇنيادا يىپەكتىن كىيىم كىيگەنلەر ئاخىرەتتە ئۇنىڭدىن كىيىم كىيەلمەيدۇ».

(مۇسلىم: 2069)

5678 - عَنْ أُم عَطِيةَ، قَالَتْ: نَهَانَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ لُبْسِ الذهَبِ وَتَفْضِيضِ الْأَقْدَاحِ، فَكَلمَهُ النسَاءُ فِي لُبْسِ الذهَبِ فَأَبى عَلَيْنَا، وَرَخصَ لَنَا فِي تَفْضِيضِ الْأَقْدَاحِ.

5678 ـ ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇن زىبۇزىننەت بىلەن زىننەتلىنىشتىن، قاچىلارغا كۈمۈش ھەل بېرىشتىن توسقان. ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئالتۇن زىبۇزىننەت بىلەن زىننەتلىنىشكە رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. لېكىن قاچىلارغا كۈمۈش ھەل بېرىشكە رۇخسەت قىلدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 68/25)

5679 - عن ابن عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ وَجَدَ عُمَرُ حُلَةَ إِسْتَبْرَقٍ تُبَاعُ فِي

[1] ھەيسەمى (8706): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۆمەر ئىبنى يەھيا ئەيلى ئىسىملىك تەرجىمىھالى ئېنىق بولمىغان بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

السوقِ فَأُتى بِهَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ ابْتَعْ هَذِهِ الْحُلةَ فَتجَملْ بِهَا لِلْعِيدِ وَلِلْوُفُودِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنمَا هَذِهِ لِبَاسُ مَنْ لَا خَلَاقَ لَهُ أَوْ إِنمَا يَلْبسُ هَذِهِ مَنْ لَا خَلَاقَ لَهُ فَلَبِثَ مَا شَاءَ اللهُ ثُم أَرْسَلَ إِلَيْهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِجُبةِ دِيبَاجٍ فَأَقْبَلَ بِهَا عُمَرُ حَتى أَتى بِهَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ قُلْتَ إِنمَا هَذِهِ لِبَاسُ مَنْ لَا خَلَاقَ لَهُ أَوْ إِنمَا يَلْبسُ هَذِهِ مَنْ لَا خَلَاقَ لَهُ ثُم أَرْسَلْتَ إِلَي بِهَذِهِ فَقَالَ تَبِيعُهَا أَوْ تُصِيبُ بِهَا بَعْضَ حَاجَتِكَ.

5679 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بازاردا قېلىن يىپەكتىن تىكىلگەن بىر تونىنىڭ سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى سېتىۋېلىپ، ھېيتلاردا ۋە سىرتتىن ئەلچىلەر كەلگەندە كىيگىن! ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— بۇنى دۇنيادا، ئاخىرەتتە بۇنىڭدىن نېسىۋىسى يوق كىشىلەر كىيىدۇ، ـ دېدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە بىر تال يىپەك تون ئەۋەتتى. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر تونني ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۆتكەندە: "بۇنى دۇنيادا، ئاخىرەتتە بۇنىڭدىن نېسىۋىسى يوق كىشىلەر كىيىدۇ" دېگەنىدىڭ، ئەمدى بۇ يىپەك تونني ماڭا ئەۋەتىپسەنغۇ؟! ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنى سېتىپ، پۇلى بىلەن ئېھتىياجىڭنى قامدارسەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3054)

5680 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ رَأَى عُمَرُ عُطَارِدًا التمِيمِي يُقِيمُ بِالسوقِ حُلةً سِيَرَاءَ وَكَانَ رَجُلًا يَغْشَى الْمُلُوكَ وَيُصِيبُ مِنْهُمْ فَقَالَ عُمَرُ يَا رَسُولَ اللهِ إِني رَأَيْتُ عُطَارِدًا يُقِيمُ فِي السوقِ حُلةً سِيَرَاءَ فَلَوْ اشْتَرَيْتَهَا فَلَبِسْتَهَا لِوُفُودِ الْعَرَبِ إِذَا قَدِمُوا عَلَيْكَ وَأَظُنهُ قَالَ وَلَبِسْتَهَا يَوْمَ الْجُمُعَةِ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنمَا يَلْبسُ الْحَرِيرَ فِي الدنْيَا مَنْ لَا خَلَاقَ لَهُ فِي الْآخِرَةِ فَلَما كَانَ بَعْدَ ذَلِكَ أُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِحُلَلٍ

سِيَرَاءَ فَبَعَثَ إِلَى عُمَرَ بِحُلَةٍ وَبَعَثَ إِلَى أُسَامَةَ بنِ زَيْدٍ بِحُلَةٍ وَأَعْطَى عَلِيَّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ حُلةً وَقَالَ شَقِّقْهَا خُمُرًا بَيْنَ نِسَائِكَ قَالَ فَجَاءَ عُمَرُ بِحُلَتِهِ يَحْمِلُهَا فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ بَعَثْتَ إِلَيَّ بِهَذِهِ وَقَدْ قُلْتَ بِالْأَمْسِ فِي حُلَةِ عُطَارِدٍ مَا قُلْتَ فَقَالَ إِنِي لَمْ أَبْعَثْ بِهَا إِلَيْكَ لِتَلْبَسَهَا وَلَكِنِي بَعَثْتُ بِهَا إِلَيْكَ لِتُصِيبَ بِهَا وَأَما أُسَامَةُ فَرَاحَ فِي حُلَتِهِ فَنَظَرَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَظَرًا عَرَفَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أَنكَرَ مَا صَنَعَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ مَا تَنْظُرُ إِلَيَّ فَأَنتَ بَعَثْتَ إِلَيَّ بِهَا فَقَالَ إِنِي لَمْ أَبْعَثْ إِلَيْكَ لِتَلْبَسَهَا وَلَكِنِي بَعَثْتُ بِهَا إِلَيْكَ لِتُشَقِّقَهَا خُمُرًا بَيْنَ نِسَائِكَ.

5680 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇتارىد تەمىمىينىڭ (ئۇ پادىشاھلارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ـ چىقىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بەھرىمەن بولىدىغان كىشى ئىدى) بازاردا بىر دانە يوللۇق يىپەك توننى ساتماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇتارىدنىڭ بازاردا بىر دانە يوللۇق يىپەك توننى ساتماقچى بولغانلىقىنى كۆردۈم، سەن شۇنى سېتىۋېلىپ، سىرتتىن ئەرەبلەرنىڭ ئەلچىلىرى كەلگەندە ۋە جۈمە كۈنلىرى كىيگەن بولساڭ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ يىپەك كىيىمنى دۇنيادا، ئۇنىڭدىن ئاخىرەتتە نېسىۋىسى يوق كىشىلەر كىيىدۇ، ـ دېدى. كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يوللۇق يىپەك توندىن بىر قانچىسى كەلگەنىدى، ئۇنىڭدىن بىرنى ئۆمەرگە، بىرنى ئۇسامە ئىبنى زەيدكە ئەۋەتتى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىرنى بېرىپ:

ـــ سەن بۇنى ئايرىپ يىرتىپ، ئائىلەڭدىكى ئاياللارغا ياغلىق قىلىپ بەرگىن! ـــ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن تونني كۆرۈپلا، ئۇنى كۆتۈرگەن پېتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن تېخى تۈنۈگۈن ئۇتارىدنىڭ ساتماقچى بولغان

تونى توغرۇلۇق ھېلىقى گەپنى دېگەنىدىڭغۇ؟! ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— مەن ساڭا ئۇنى كىيسۇن دەپ ئەۋەتمىگەن، سېنى باشقا بىر ئىشلارغا ئىشلىتىپ پايدىلىنار دەپ ئەۋەتكەن، ـ دېدى. ئەمما ئۇسامە ئۇنى كىيىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تىكىلىپ بىر قارىۋىدى، ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى قىلغان ئىشقا نارازى بولغانلىقىنى بايقاپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا نېمىشقا بۇنداق قارايسەن؟ بۇ توننى سەن ئۆزەڭ ئەۋەتكەن تۇرساڭ؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— مەن ساڭا ئۇنى كىيسۇن دەپ ئەۋەتمىگەن، ئۇنى يىرتىپ، ئائىلىسىدىكى ئاياللارغا ياغلىق قىلىپ بېرەرمىكىن دەپ ئەۋەتكەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2068)

5681 - وفي رواية: فَكَسَاهَا عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَخًا لَهُ بِمَكَّةَ مُشْرِكًا.

5681 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ توننى مەككىدىكى مۇشرىك قېرىندىشىغا ئەۋەتىپ بەردى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 886)

5682 - عن جَابِرِ بْن عَبْدِ اللهِ قَالَ لَبِسَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمًا قَبَاءً مِنْ دِيبَاجٍ أُهْدِيَ لَهُ ثُم أَوْشَكَ أَنْ نَزَعَهُ فَأَرْسَلَ بِهِ إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَقِيلَ لَهُ قَدْ أَوْشَكَ مَا نَزَعْتَهُ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ نَهَانِي عَنْهُ جِبْرِيلُ فَجَاءَهُ عُمَرُ يَبْكِي فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ كَرِهْتَ أَمْرًا وَأَعْطَيْتَنِيهِ فَمَا لِي قَالَ إِني لَمْ أُعْطِكَهُ لِتَلْبَسَهُ إِنمَا أَعْطَيْتُكَهُ تَبِيعُهُ فَبَاعَهُ بِأَلْفَيْ دِرْهَمٍ.

5682 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنغان بىر يىپەك تونى كىيىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا سېلىۋەتتى. ئاندىن ئۇنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەۋەتىپ بەردى.

ساھابىلەر:

ـــ ئــى رەســۇلۇللاھ! ئــۇنى كىيىــپلا ســېلىۋەتتىڭغۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ جىبرىئىل مېنى ئۇنى كىيىشتىن توستى، ـ دېدى. ئاندىن ئۆمەر يىغلىغان ھالدا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆزەڭ كىيىشنى يامان كۆرگەن نەرسىنى ماڭا ئەۋەتىپسەن، بۇنىڭغا سەۋەب بولغۇدەك نېمە ئىش قىلدىم؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن ساڭا ئۇنى كىيسۇن دەپ بەرمىدىم، سېتىپ خەجلىسۇن دەپ بەردىم، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئىككى مىڭ تەڭگىگە ساتتى.

(مۇسلىم 2070)

5683 - عَنْ أَنس ْبن مَالِكٍ أن مَلِكَ الرومِ أَهْدَى إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُسْتقَةً مِنْ سُنْدُسٍ فَلَبِسَهَا فَكَأَني أَنظُرُ إِلَى يَدَيْهِ تَذْبذَبَانِ ثُم بَعَثَ بِهَا إِلَى جَعْفَرٍ فَلَبِسَهَا ثُم جَاءَهُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني لَمْ أُعْطِكَهَا لِتَلْبَسَهَا قَالَ فَمَا أَصْنَعُ بِهَا قَالَ أَرْسِلْ بِهَا إِلَى أَخِيكَ النجَاشِي.

5683 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رۇمنىڭ پادىشاھى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەڭلىرى ئالىي يىپەكتىن ئەستەرلەنگەن بىر جۇۋا ھەدىيە قىلغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كىيدى. قولىنى يەڭ ئىچىگە سالغان ۋاقىتتا شىلدىرلاپ ئاۋاز چىقىرىدىغان ئىنچىكە كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. ئاندىن كېيىن، ئۇنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەۋەتىپ بەردى. جەئفەر ئۇنى كىيىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن ساڭا ئۇنى كىيسۇن دەپ بەرمىدىم، ـ دېدى. جەئفەر:

ـــ ئۇنداقتا، مەن ئۇنى قانداق قىلىمەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قىرىندىشىڭ نەجاشىغا ئەۋەتكىن! ــ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4047)

5684 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَهْدَى إِلَي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حُلةَ سِيَرَاءَ فَلَبِسْتُهَا فَرَأَيْتُ الْغَضَبَ فِي وَجْهِهِ فَشَقَقْتُهَا بَيْنَ نِسَائِي.

5684 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا بىر دانە يوللۇق يىپەك تون ھەدىيە قىلغاندى، مەن ئۇنى كەيدىم. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىدا نارازىلىق ئىپادىسىنى كۆردۈم ـ دە، ئۇنى دەرھال يىرتىپ ئائىلەمدىكى ئاياللارغا تارقىتىپ بەردىم.

(بۇخارى: 2614)

5685 - عَنْ عَلِي أن أُكَيْدِرَ دُومَةَ أَهْدَى إِلى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَوْبَ حَرِيرٍ فَأَعْطَاهُ عَلِيا فَقَالَ شَققْهُ خُمُرًا بَيْنَ الْفَوَاطِمِ.

5685 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: دەۋمە (دېگەن يەر)نىڭ پادىشاھى ئۇكەيدىر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يىپەكتىن تىكىلگەن بىر كىيىمنى ھەدىيە قىلغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ماڭا بەردى ۋە:

ــ بۇنى يىرتىپ، فاتىمەلەرگە تارقىتىپ بەرگىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2071)

5686 - عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِسَبْعٍ وَنَهَانَا عَنْ سَبْعٍ أَمَرَنَا بِعِيَادَةِ الْمَرِيضِ وَاتبَاعِ الْجِنَازَةِ وَتَشْمِيتِ الْعَاطِسِ وَإِجَابَةِ الداعِي وَإِفْشَاءِ السلَامِ وَنَصْرِ الْمَظْلُومِ وَإِبْرَارِ الْمُقْسِمِ وَنَهَانَا عَنْ خَوَاتِيمِ الذهَبِ وَعَنْ الشرْبِ فِي الْفِضةِ أَوْ قَالَ آنِيَةِ الْفِضةِ وَعَنْ الْمَيَاثِرِ وَالْقَسي وَعَنْ لُبْسِ الْحَرِيرِ وَالديبَاجِ وَالْإِسْتَبْرَقِ.

5686 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى يەتتە ئىشقا بۇيرۇدى ۋە

[1] ئەلبانى (874): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

يەتتە ئىشتىن توستى. يەنى كېسەلنى زىيارەت قىلىشقا، جىنازىغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىقىچە بېرىشقا، چۈشكۈرگەن كىشىگە: "اللّٰه ساڭا رەھمەت قىلسۇن" دېيىشكە، چاقىرغان يەرگە بېرىشقا، (تونىغان، تونىمىغان) ھەممىگە ئوخشاش سالام قىلىشقا، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىگە ياردەم بېرىشكە ۋە ئىچكەن قەسەمگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇدى. ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن، كۈمۈش قاچىدا ئىچىملىك ئىچىشتىن، يىپەكتىن توقۇلغان ئىگەرلەرگە مىنىشتىن، غولى يىپەكتىن قىلىپ تىكىلگەن كىيىمنى كىيىشتىن، نېپىز، قېلىن ھەرتۈرلۈك يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيىشتىن توستى.

(بۇخارى: 5635)

5687 - عَنْ عَلِي قَالَ نَهَانِي حِبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ ثَلَاثٍ لَا أَقُولُ نَهَـى الناسَ نَهَانِي عَنْ تَخَتمِ الذهَبِ وَعَنْ لُبْسِ الْقَسي وَعَنْ الْمُعَصْفَرِ الْمُفَدَمَةِ.

5687 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى مۇنداق ئۈچ ئىشتىن توستى (كىشىلەرنى توستى، ـ دېيەلمەيمەن، چۈنكى ئۇ مېنى توستى): ئۇنىڭ بىرى، ئالتۇن ئۈزۈك سېلىش؛ يەنە بىرى، غولى يىپەكتىن قىلىپ تىكىلگەن كىيىمنى كىيىش؛ ئۇچىنچىسى، قىپقىزىل بويالغان كىيىمنى كىيىش[1].

(نەسائى: 5172)

5688 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ كُنا نَنْزِعُهُ عَنْ الْغِلْمَانِ وَنَتْرُكُهُ عَلَى الْجَوَارِي.

5688 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى ئوغۇللارغا كىيدۈرمەيتتۇق، قىزلارغا كىيدۈرەتتۇق[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4059)

[1] ئەلبانى (4777): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3424): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

5689 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ إِنَّمَا نَهَى رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ الثَّوْبِ الْمُصْمَتِ مِنْ الْحَرِيرِ فَأَمَّا الْعَلَمُ مِنْ الْحَرِيرِ وَسَدَى الثَّوْبِ فَلَا بَأْسَ بِهِ.

5689 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساپ يىپەكتە توقۇلغان كىيىمنى كىيىشتىن توسقان، شۇڭا يىپەكتە كەشتىلەنگەن ياكى توقۇلمىسىدا يىپەك قوشۇمچە ماددا سۈپىتىدە قوللىنىلغان كىيىمنى كىيسە بولىدۇ[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4055)

5690 - عَنْ أَبِي عُثْمَانَ قَالَ كَتَبَ إِلَيْنَا عُمَرُ وَنَحْنُ بِأَذْرَبِيجَانَ يَا عُتْبَةُ بْنَ فَرْقَدٍ إِنَّهُ لَيْسَ مِنْ كَدِّكَ وَلَا مِنْ كَدِّ أَبِيكَ وَلَا مِنْ كَدِّ أُمِّكَ فَأَشْبِعْ الْمُسْلِمِينَ فِي رِحَالِهِمْ مِمَّا تَشْبَعُ مِنْهُ فِي رَحْلِكَ وَإِيَّاكُمْ وَالتَّنَعُّمَ وَزِيَّ أَهْلِ الشِّرْكِ وَلُبُوسَ الْحَرِيرِ فَإِنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَهَى عَنْ لُبُوسِ الْحَرِيرِ قَالَ إِلَّا هَكَذَا وَرَفَعَ لَنَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِصْبَعَيْهِ الْوُسْطَى وَالسَّبَّابَةَ وَضَمَّهُمَا.

5690 ـ ئەبۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەزەربەيجاندا تۇرۇۋاتقاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە بىر پارچە خەت يازدى. ئۇ خېتىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

ــ ئى ئۇتبە ئىبنى فەرقەد! سەندىكى پۇل ـ ماللار، سەن ئىشلەپ تاپقان ياكى ئاتا ـ ئاناڭ ئىشلەپ تاپقان پۇل ـ مال ئەمەس (بەلكى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىدۇر). شۇڭا ئۇ پۇل ـ ماللاردىن ئۆزەڭ قانچىلىك ئېلىپ ئىشلەتسەڭ، مۇسۇلمانلارغىمۇ شۇنچىلىك بەرگىن. ئۇلارنى سوراشقا موھتاج قىلماستىن، ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ بەرگىن! باياشات ھاياتقا بېرىلمەڭلار، مۇشرىكلار كىيىدىغان كىيىملەرنى كىيمەڭلار. يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

---

[①] ئەلبانى (3420): سەھىھ ـ دېگەن.

يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيىشتىن توسقان ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى كۆرسىتىپ: «پەقەت مۇشۇنچىلىكلا ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ» دېگەن.

(مۇسلىم: 2069)

5691 - عَنْ سُوَيْدِ بْنِ غَفَلَةَ أَنَّ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ خَطَبَ بِالْجَابِيَةِ فَقَالَ نَهَى نَبِيُّ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ لُبْسِ الْحَرِيرِ إِلَّا مَوْضِعَ إِصْبَعَيْنِ أَوْ ثَلَاثٍ أَوْ أَرْبَعٍ.

5691 ـ سۇۋەيد ئىبنى غەفلە مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جابىيەدە خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيىشتىن توسقان، پەقەت ئىككى ياكى ئۈچ ۋەياكى تۆت بارماقچىلىك يىپەك پارچىسى بولسا، ئۇنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلغان.

(مۇسلىم: 2069)

5692 - عَنْ عَبْدِ اللهِ مَوْلَى أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ أَنَّ أَسْمَاءَ قَالَتْ هَذِهِ جُبَّةُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَخْرَجَتْ إِلَيَّ جُبَّةَ طَيَالِسَةٍ كِسْرَوَانِيَّةٍ لَهَا لِبْنَةُ دِيبَاجٍ وَفَرْجَيْهَا مَكْفُوفَيْنِ بِالدِّيبَاجِ فَقَالَتْ هَذِهِ كَانَتْ عِنْدَ عَائِشَةَ حَتَّى قُبِضَتْ فَلَمَّا قُبِضَتْ قَبَضْتُهَا وَكَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَلْبَسُهَا فَنَحْنُ نَغْسِلُهَا لِلْمَرْضَى يُسْتَشْفَى بِهَا.

5692 ـ ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئازادگەردىسى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مېنىڭ ئالدىمغا كىسراۋانىيەدە تىكىلگەن، ياقىچۇقلىرى، پېشى ۋە ئارقىسىدىكى چېكىنىڭ ئەستىرى قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن بىر توننى ئېلىپ چىقىپ:

ــ مانا بۇ تون تاكى ئائىشە ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىدى، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى مەن ئېلىپ قالغان ئىدىم. ئۆز ۋاقتىدا بۇ توننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيەتتى، مانا ئەمدىلىكتە بىز ئۇ توننى سۇغا چىلاپ، (ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيگەنلىكى ئۈچۈن) كېسەللەرگە شىپا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، سۈيىنى

كىسەللەرگە بېرىمىز، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2069)

5693 - عَنْ هِشَامِ بنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهَا كَسَتْ عَبْدَ اللهِ بنَ الزبَيْرِ مِطْرَفَ خَز كَانَتْ عَائِشَةُ تَلْبَسُهُ.

5693 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ يىپەك ئارىلاش، ئىككى تەرىپىدە يولى بار بىر كىيىمىنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە كىيدۈرۈپ قويغان.

(مالىك: 1692)

5694 - عَنْ أَنسٍ قَالَ رَخصَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلزبَيْرِ وَعَبْدِ الرحْمَنِ فِي لُبْسِ الْحَرِيرِ لِحِكةٍ بِهِمَا.

5694 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: زۇبەير ۋە ئابدۇراھماننىڭ بەدىنىدە قىچىشقاق بولغانلىقتىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيىشىگە رۇخسەت قىلغان.

(بۇخارى: 5839)

5695 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنهَا قَالَتْ صَنَعْتُ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بُرْدَةً سَوْدَاءَ فَلَبِسَهَا فَلَما عَرِقَ فِيهَا وَجَدَ رِيحَ الصوفِ فَقَذَفَهَا قَالَ وَأَحْسِبُهُ قَالَ وَكَانَ تُعْجِبُهُ الريحُ الطيبَةُ.

5695 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قارا چاپان تىكىپ بەردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كىيدى، لېكىن چاپاندىن يۇڭنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرغاچقا سېلىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

خۇش پۇراقنى ياخشى كۆرەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4074)

5696 - عَنْ أَبِي بُرْدَةَ قَالَ قَالَ لِي أَبِي يَا بُنَي لَوْ رَأَيْتَنا وَنَحْنُ مَعَ نَبِيِّنا صَلى الله عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ أَصَابَتْنا السمَاء حَسِبْتَ أَن رِيحَنا رِيحُ الضأْن.

5696 ـ ئەبۇ بۇردە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: دادام ماڭا:

ــ ئى ئوغلۇم! ئەگەر سەن بىزنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن يامغۇردا كىيىمىزدا كۆرگەن بولساڭ، بىزدىن چىققان پۇراقنى قويدىن كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قالاتتىڭ، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4033)

5697 - عَنْ أَبِي بُرْدَةَ قَالَ دَخَلْتُ عَلَى عَائِشَةَ فَأَخْرَجَتْ إِلَيْنا إِزَارًا غَلِيظًا مِما يُصْنَعُ بِالْيَمَنِ وَكِسَاءً مِنْ التِي يُسَمونَهَا الْمُلَبدَةَ قَالَ فَأَقْسَمَتْ بِاللهِ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُبِضَ فِي هَذَيْنِ الثوْبَيْن.

5697 ـ ئەبۇ بۇردە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرگەنىدىم، ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا يەمەندە ئىشلەنگەن قېلىن رەختتىن بىر ئىشتان ۋە بىر قانچە يېرىدە ياماق بار بىر تونىنى ئېلىپ چىقىپ، قەسەم قىلىپ تۇرۇپ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، ئۈستىدە مانا مۇشۇ ئىككى كىيىم بار ئىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2080)

5698 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ خَرَجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ غَدَاةٍ وَعَلَيْهِ مِرْطٌ مُرَحلٌ مِنْ شَعَرٍ أَسْوَدَ.

---

[1] ئەلبانى (3435): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3404): سەھىھ ـ دېگەن.

5698 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ئەتىگەن قارا چۈپۈردىن توقۇلغان، ئۈستىگە تۆگىنىڭ ئىگەرلىرىنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن بىر كىيىمنى كىيىپ، سىرتقا چىقتى.

(مۇسلىم: 2081)

5699 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَانَ عَلَى مُوسَى يَوْمَ كَلَمَهُ رَبهُ كِسَاءُ صُوفٍ وَجُبةُ صُوفٍ وَكُمةُ صُوفٍ وَسَرَاوِيلُ صُوفٍ وَكَانَتْ نَعْلَاهُ مِنْ جِلْدِ حِمَارٍ مَيتٍ.

5699 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله مۇسا ئەلەيھىسسالامغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلغان چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىدە يۇڭتىن توقۇلغان كىيىم، پۇتىدا ئۆلۈپ قالغان ئېشەكنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن كەش بار ئىدى»[1].

(تىرمىزى: 1734)

5700 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ وِسَادَةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ التِي يَتكِئُ عَلَيْهَا مِنْ أَدَمٍ حَشْوُهَا لِيفٌ.

5700 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياتىدىغان كۆرپىسى ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن بولۇپ، ئىچىگە خورما دەرىخىنىڭ پوستى تىقىلغان ئىدى.

(مۇسلىم: 2082)

5701 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ ذَكَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْفُرُêَ فَقَالَ فِرَاêٌ لِلرجُلِ وَفِرَاêٌ لِلْمَرْأَةِ وَفِرَاêٌ لِلضيْفِ وَالرابِعُ لِلشيْطَانِ.

5701 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:

[1] ئەلبانى (291): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرپە توغرۇلۇق سۆز قىلىپ: «(ئۆي دېگەندە) ئەر ئۈچۈن بىر كۆرپە، ئايال ئۈچۈن بىر كۆرپە، مېھمان ئۈچۈن بىر كۆرپە بولسا يېتەرلىك، ئۇنىڭدىن ئارتۇقى شەيتاننىڭ» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4142)

5702 - عن أبي عبيدة قال: افتراê اΣرير كلبسه.

5702 ـ ئەبۇ ئۇبەيدە مۇنداق دەيدۇ: يىپەك تۆشەكتە يېتىش يىپەك كىيىم كىيگەن بىلەن ئوخشاش.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5703 - عَنْ أَبِي الْمَلِيحِ عَنْ أَبِيهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهى عَنْ جُلُـودِ السِّبَاعِ أَنْ تُفْتَرَê.

5703 ـ ئەبۇ مەلىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى كۆرپە قىلىپ يېتىشتىن توسقان[2].

(تىرمىزى: 1771)

5704 - عَنْ عُتْبَةَ بْنِ عَبْدٍ السلَمِي قَالَ اسْتَكْسَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ فَكَسَانِي خَيْشَتَيْنِ فَلَقَدْ رَأَيْتُنِي وَأَنا أَكْسَى أَصْحَابِي.

5704 ـ ئۇتبە ئىبنى ئابدۇ سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىيىم تەلەپ قىلغانىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئىككى قۇر يىرىك كىيىم بەردى. مانا ھازىر قېرىنداشلىرىم ئارىسىدا ئەڭ ئېسىل كىيىنگىنى مەن بولۇپ قالدىم[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4032)

[1] ئەلبانى (3489): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1450): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (3403): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

## كىيىم ـ كېچەك كىيىشنىڭ ئەدەبلىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكنىڭ شەكلى

5705 - قَالَ رُكَانَةُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إن فَرْقَ مَا بَيْنَنا وَبَيْنَ الْمُشْرِكِينَ الْعَمَائِمُ عَلَى الْقَلَانِسِ.

5705ـ رۇكانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «باش كىيىمنىڭ ئۈستىگە سەللە يۆگەش بىز بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقتۇر» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 1784)

5706 - عَنْ أَبِي الْمَلِيحِ بن أُسَامَةَ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: أَعْتِمُوا تَزْدَادُوا حِلْمًا. قَالَ: والعمائم تيجان العرب.

5706 ـ ئەبۇ مەلىھ ئىبنى ئۇسامە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەللە يۆگەڭلار، تەمكىنلىكىڭلار ئاشىدۇ» دېگەن. راۋىي: سەللە ئەرەبلەرنىڭ تاجىدۇر، ـ دەيدۇ[2].

(«ئەلكەبىر»: 517)

5707 - عن عَبْد الرحْمَن بن عَوْفٍ قَالَ عَممَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَدَلَهَا بَيْنَ يَدَي وَمِنْ خَلْفِي.

5707 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا سەللە يۆگەپ قويغاندا،

---

[1] ئەلبانى (300): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8497): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ھۇمەيد ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك كىشى بار، ـ دېگەن.

سەللىنىڭ بىر ئۇچىنى ئالدىمىدىن، يەنە بىر ئۇچىنى ئارقامدىن ساڭگىلىتىپ قويغانىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4079)

5708 - عن عائشة قالت: عمم رسول الله صلى الله عليه وسلم عبد الرɓن بـن عوف وأرخى له أربع أصابع وقال: «إϽ ﻟţ صعدت إБ السماء رأيت أكثـر اţﻼئكـة معتمين».

5708 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفكە سەللە يۆگەپ، سەللىنىڭ بىر ئۇچىنى ئارقىسىغا تۆت بارماق ئۇزۇنلۇقتا چۈشۈرۈپ قويدى ۋە مۇنداق دېدى: «مەن ئاسمانغا چىققاندا، پەرىشتىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى سەللە بىلەن كۆرگەنىدىم»[②].

(«ئەلئەۋسەت»)

5709 - عَنْ عَمْرِو بْنِ حُرَيْثٍ قَالَ كَأَنِّي أَنْظُرُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى الْمِنْبَرِ وَعَلَيْهِ عِمَامَةٌ سَوْدَاءُ قَدْ أَرْخَى طَرَفَيْهَا بَيْنَ كَتِفَيْهِ.

5709 - ئەمر ئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشىغا قارا سەللىنى يۆگەپ، سەللىنىڭ ئىككى ئۇچىنى دۈمبىسىگە چۈشۈرۈپ، مۇنبەرگە چىققان ھالىتى تېخىچە كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.

(مۇسلىم: 1359)

5710 - وفي رواية: قَدْ أَرْخَى طَرَفَهَا بَيْنَ كَتِفَيْهِ.

5710 - يەنە بىر رىۋايەتتە: سەللىسىنىڭ بىر ئۇچىنى دۈمبىسىگە چۈشۈرۈپ قويدى، - دېيىلگەن[③].

---

[①] ئەلبانى (295): زەئىپ، - دېگەن.

[②] ھەيسەمى (8498): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مىقدام ئىبنى داۋۇد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، - دېگەن.

[③] ئەلبانى (4939): سەھىھ - دېگەن.

(نەسائى: 5346)

5711 - عن أبي كبشة الأنماري قال: كانت عمامة النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بطحة. يعني لاطية.

5711 ـ ئەبۇ كەبشە ئەنمارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەللىسى (پومپايتىپ يۆگەلمىگەن، بەلكى) تۈپتۈز يۆگەلگەندى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5712 - عَنْ أَبِي عِمْرَانَ قَالَ نَظَرَ أَنَسٌ إِلَى الناسِ يَوْمَ الْجُمُعَةِ فَرَأَى طَيَالِسَةً فَقَالَ كَأَنهُمْ الساعَةَ يَهُودُ خَيْبَرَ.

5712 ـ ئەبۇ ئىمران مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۈمە كۈنى كىشىلەرنىڭ قېلىن تونلارنى كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ بۇلار خەيبەرنىڭ يەھۇدىيلىرىغا ئوخشاپ قاپتۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4208)

5713 - عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ يَزِيدَ بْنِ السكَنِ الْأَنْصَارِيةِ قَالَتْ كَانَ كُم يَدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الرسْغِ.

5713 ـ ئەسما بىنتى يەزىد ئىبنى سەكەن ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىيىمىنىڭ يېڭى قولىنىڭ بېغىشىغىچىلىك كېلەتتى[1].

(تىرمىزى: 1765)

5714 - عَنْ الْعَلَاءِ بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ عَنْ أَبِيهِ أَنهُ قَالَ سَأَلْتُ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِي عَنْ الْإِزَارِ فَقَالَ أَنَا أُخْبِرُكَ بِعِلْمٍ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِزْرَةُ الْمُؤْمِنِ إِلَى أَنْصَافِ سَاقَيْهِ لَا جُنَاحَ عَلَيْهِ فِيمَا بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْكَعْبَيْنِ مَا أَسْفَلَ مِنْ ذَلِكَ فَفِي النارِ مَا

[1] ئەلبانى (295): زەئىپ، ـ دېگەن.

**أَسْفَلَ مِنْ ذَلِكَ فَفِي النارِ لَا يَنْظُرُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِلَى مَنْ جَر إِزَارَهُ بَطَرًا.**

5714 ـ ئەلا ئىبنى ئابدۇراھمان دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلىقى توغرىسىدا سورىغانىدىم، ئۇ:

ـــ مەن ساڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغىنىمنى دەپ بېرەي، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇئمىنىنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئۇزۇنلىقى پاقالچىقىنىڭ يېرىمىغا كەلگىچىلىك بولسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، ئوشۇققا كەلگىچىلىك بولسىمۇ كېرەك يوق. ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ، ئوشۇقنىڭ ئاستىغا چۈشسە، ئۇ دوزاختا بولىدۇ. ئوشۇقتىن ئېشىپ كەتكىنى دوزاختا بولىدۇ. كىمكى تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن ئىشتىنىنى ئۇزۇن قىلىپ يەرگە سۆرەپ كىيسە، الله قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا قارىمايدۇ» دېدى.

(مالىك: 1699)

**5715 - عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ أَخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعَضَلَةِ سَاقِي أَوْ سَاقِهِ فَقَالَ هَذَا مَوْضِعُ الْإِزَارِ فَإِنْ أَبَيْتَ فَأَسْفَلَ فَإِنْ أَبَيْتَ فَلَا حَق لِلْإِزَارِ فِي الْكَعْبَيْنِ.**

5715 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ پاقالچىقىنىڭ بولجۇڭ گۆشىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلىقى بۇ يەرگىچە بولىدۇ، ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن كىيمەكچى بولساڭ، بۇنىڭدىن بىر ئاز ئاستىدا بولسۇن. ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن كىيمەكچى بولساڭ، ئوشۇقتىن ئاشمىسۇن» دېدى[1].

(تىرمىزى: 1783)

**5716 - عَنْ ابْن عُمَرَ قَالَ مَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْإِزَارِ فَهُوَ**

[1] ئەلبانى (1457): سەھىھ ـ دېگەن.

فِي الْقَمِيصِ.

5716 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشتاننى ئۇزۇن كىيمەسلىك ھەققىدە ئېيتقانلىرى كۆڭلەكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4095)

5717 - عن عِكْرِمَة أَنَّهُ رَأَى ابْنَ عَباسٍ يَأْتزِرُ فَيَضَعُ حَاشِيَةَ إِزَارِهِ مِنْ مُقَدمِهِ عَلَى ظَهْرِ قَدَمَيْهِ وَيَرْفَعُ مِنْ مُؤَخرِهِ قُلْتُ لِمَ تَأْتزِرُ هَذِهِ الْإِزْرَةَ قَالَ رَأَيتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْتزِرُهَا.

5717 ـ ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئىشتىنىنىڭ ئالدى پۇچقىقىنى پۇتىنىڭ دۈمبىسىگە تەگكۈزۈپ، ئارقا پۇچقىقىنى سەل كۆتۈرۈپ كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ:

ـ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4096)

5718 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا لَبِسْتُمْ وَإِذَا تَوَضأْتُمْ فَابْدَءُوا بِأَيَامِنِكُمْ.

5718 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىيىم كىيگەندە ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ كىيىڭلار، تاھارەت ئالغاندىمۇ ئوڭ تەرەپتىن باشلاڭلار» دېگەن[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4141)

[1] ئەلبانى (3451): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (3452): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (3488): سەھىھ ـ دېگەن.

5719 - عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ جَر ثَوْبَهُ خُيَلَاءَ لَمْ يَنظُرْ اللهُ إِلَيْهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَقَالَ أَبو بَكْـرٍ إِن أَحَـدَ جَـانِبَيْ إِزَارِي يَسْتَرْخِي إِني لَأَتَعَاهَدُ ذَلِكَ مِنْهُ قَالَ لَسْتَ مِمنْ يَفْعَلُهُ خُيَلَاءَ.

5719 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كىمكى تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن كىيىمنى ئۇزۇن قىلىپ، يەرگە سۆرەپ كىيسە، الله قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا قارىمايدۇ، ـ دېگەنىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن شۇنداق دىققەت قىلساممۇ، ئىشتىنىمنىڭ بىر پۇچقىقى سۆرىلىپ قېلىۋاتىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەن ئۇنى مۇغەمبەرلىكتىن سۆرەپ كىيگەنلەردىن ئەمەسسەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4085)

5720 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْإِسْبَالُ فِي الْإِزَارِ وَالْقَمِيصِ وَالْعِمَامَةِ مَنْ جَر مِنْهَا شَيْئًا خُيَلَاءَ لَا يَنظُرُ اللهُ إِلَيْهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

5720 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىيىمنى ئۇزۇن كىيىمەسلىك ھەققىدىكى ھۆكۈم ئىشتان، كۆڭلەك ۋە سەللىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كىمكى بۇ نەرسىلەردىن بىرەرسىنى تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن ئۇزۇن قىلىپ كىيسە، الله قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا قارىمايدۇ»[2].

(نەسائى: 5334)

5721 - وأصحاب السنن: قَالَتْ أُم سَلَمَةَ فَكَيْفَ يَصْنَعْنَ النسَاءُ بِذُيُولِهِن قَـالَ

[1] ئەلبانى (3443): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4927): سەھىھ ـ دېگەن.

يُرْخِينَ شِبْرًا فَقَالَتْ إِذًا تَنْكَشِفُ أَقْدَامُهُن قَالَ فَيُرْخِينَهُ ذِرَاعًا لَا يَزِدْنَ عَلَيْهِ.

5721 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئۇنداقتا، ئاياللار قانداق قىلىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ (ئەرلەردىن) بىر غېرىچ ئۇزۇن كىيسۇن! ـ دېدى. ئۇممۇ سەلەمە:

ـ ئۇنداق قىلسا، پۇتلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداق بولسا، (ئەرلەردىن) بىر گەز ئۇزۇن كىيسۇن، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1731)

5722 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ دَخَلْتُ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَلَيَّ إِزَارٌ يَتَقَعْقَعُ فَقَالَ مَنْ هَذَا قُلْتُ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ قَالَ إِنْ كُنتَ عَبْدَ اللهِ فَارْفَعْ إِزَارَكَ فَرَفَعْتُ إِزَارِي إِلَى نِصْفِ الساقَيْنِ فَلَمْ تَزَلْ إِزْرَتُهُ حَتى مَاتَ.

5722 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئىشتىنىم (يەرگە سۆرۈلۈپ) شىرتىلداپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا كىرگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىم بۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بولىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن ئەگەر راستىن ئابدۇللاھ (يەنى اللهنىڭ بەندىسى) بولساڭ، ئىشتىنىڭنى كۆتۈر! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئىشتىنىمنى پاقالچىقىمنىڭ يېرىمىغا كەلگۈچىلىك كۆتۈردۈم.

راۋى: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما شۇندىن ئېتىبارەن تاكى

[1] ئەلبانى (1415): سەھىھ ـ دېگەن.

ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىشتىنىنى شۇ پېتى كىيگەنىدى، ـ دەيدۇ①.
(ئەھمەد: 6227)

5723 - عَنْ أُمِّ الْحَسَنِ أَن أُم سَلَمَةَ حَدثَتْهُمْ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَبرَ لِفَاطِمَةَ شِبْرًا مِنْ نِطَاقِهَا.

5723 ـ ئۇممۇ ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمەنىڭ كۆينىكىنى بىر غېرىچ ئۇزۇن ئۆلچەپ بەرگەنىكەن②.
(تىرمىزى: 1732)

5724 - عَنْ جَابِرٍ يَعْنِي ابْنَ سُلَيْمٍ قَالَ أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ مُحْتَبٍ بِشَمْلَةٍ وَقَدْ وَقَعَ هُدْبُهَا عَلَى قَدَمَيْهِ.

5724 ـ جابىر ئىبنى سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ بىر كىيىمگە يۆگىنىپ زوڭ ئولتۇرۇپتۇ، كىيىمنىڭ چۇچۇلىرى ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى③.
(ئەبۇ داۋۇد: 4075)

5725 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الصماءِ وَعَنْ الِاحْتِبَاءِ فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ.

5725 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىم كىيگەندە، بىر دولىنى يۆگەپ، يەنە بىر دولىنى ئوچۇق قويۇشتىن ۋە (ئەۋرەتتىگە بىر نەرسە ياپماستىن) ئۇچىسىغا بىر تالالا كىيىمنى ئارتىپ، يۈكۈنۈپ

① ھەيسەمى (8519): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئىككى سەنەد بىلەن، تەبەرانى بىر سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.
② ئەلبانى (1416): سەھىھ ـ دېگەن.
③ ئەلبانى (881): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئولتۇرۇشتىن توسقان[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4081)

5726 - عن مُعَاوِيَةَ بن قُرةَ قَالَ حَدثَنِي أَبِي قَالَ أَتَيتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ فِي رَهْطٍ مِنْ مُزَيْنَةَ فَبَايَعْنَاهُ وَإِن قَمِيصَهُ لَمُطْلَقُ الْأَزْرَارِ قَالَ فَبَايَعْتُهُ ثُم أَدْخَلْتُ يَدَي فِي جَيْبِ قَمِيصِهِ فَمَسِسْتُ الْخَاتَمَ قَالَ عُرْوَةُ فَمَا رَأَيتُ مُعَاوِيَةَ وَلَا ابْنَهُ قَط إِلا مُطلِقَيْ أَزْرَارِهِمَا فِي شِتَاءٍ وَلَا حَر وَلَا يُزَررَانِ أَزْرَارَهُمَا أَبَدًا.

5726 ـ مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مۇزەينە قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇھ كىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بەيئەت قىلدىم. ئۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كۆينىكىنىڭ تۈگمىلىرى ئوچۇق ئىكەنىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، مەن بەيئەت قىلغاندا قولۇمنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كۆينىكىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، دۈمبىسىدىكى پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى سىلىۋالدىم.

ئۇرۋە (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان مۇئاۋىيە بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى داۋاملىق، قىشمۇ ياز كۆڭلەكلىرىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتمەيتتى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4082)

5727 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنهَا أَنها قَالَتْ يَرْحَمُ اللهُ نِسَاءَ الْمُهَاجِرَاتِ الْأُوَلَ لَما أَنزَلَ اللهُ )وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِن عَلَى جُيُوبِهِن( شَقَقْنَ أَكْنُفَ قَالَ ابْنُ صَالِحٍ أَكْثَفَ مُرُوطِهِن فَاخْتَمَرْنَ بِهَا.

5727 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: الله دەسلەپكى مۇھاجىرلارنىڭ ئاياللىرىغا رەھمەت قىلسۇن! الله: ﴿ئۇلار لېچەكلىرى

① ئەلبانى (3439): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (3440): سەھىھ ـ دېگەن.

(ياغلىقلىرى) بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان ھامان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قېلىن كىيىملىرىنى يىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن الله بۇيرىغان شەكىلدە يۆگەنگەندى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4101)

5728 - عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ لَما نَزَلَتْ )يُدْنِينَ عَلَيْهِن مِنْ جَلَابِيبِهِن( خَرَجَ نِسَاءُ الْأَنصَارِ كَأَن عَلَى رُءُوسِهِن الْغِرْبَانَ مِنْ الْأَكْسِيَةِ.

5728 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾[3] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرى كوچىغا خۇددى بېشىغا قاغا قونىۋالغاندەك قاپقارا پۈركەنجىلەر بىلەن چىقتى.

(ئەبۇ داۋۇد: 4101)

5729 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن أَسْمَاءَ بِنْتَ أَبِي بَكْرٍ دَخَلَتْ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَلَيْهَا ثِيَابٌ رِقَاقٌ فَأَعْرَضَ عَنْهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ يَا أَسْمَاءُ إِن الْمَرْأَةَ إِذَا بَلَغَتْ الْمَحِيضَ لَمْ تَصْلُحْ أَنْ يُرَى مِنْهَا إِلا هَذَا وَهَذَا وَأَشَارَ إِلَى وَجْهِهِ وَكَفيْهِ.

5729 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھا نېپىز كىيىم بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرھال يۈزىنى باشقا تەرەپكە چۆرۈپ: «ئى ئەسما! قىز بالاغەتكە يەتسە، ئۇنىڭ يۈزى ۋە قولىدىن باشقا يەرنى (نامەھرەملەر) كۆرسە بولمايدۇ» دەپ، يۈزى بىلەن ئالقىنىغا ئىشارەت قىلدى[4].

(ئەبۇ داۋۇد: 4104)

[1] سۈرە نۇر، 31ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (3457): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] سۈرە ئەھزاب، 59ـ ئايەت.

[4] ئەلبانى (3458): سەھىھ ـ دېگەن.

5730 - عَنْ مُحَمدٍ أن عَائِشَةَ نَزَلَتْ عَلَى صَفِيةَ أُم طَلْحَةَ الطلَحَاتِ فَرَأَتْ بَنَـاتٍ لَهَا فَقَالَتْ إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ وَفِي حُجْرَتِي جَارِيَةٌ فَأَلْقَى لِي حَقْوَهُ وَقَالَ لِي شُقيهِ بِشُقتَيْنِ فَأَعْطِي هَذِهِ نِصْفًا وَالْفَتَاةَ التِي عِنْدَ أُم سَلَمَةَ نِصْفًا فَإِني لَا أُرَاهَا إِلا قَدْ حَاضَتْ أَوْ لَا أُرَاهُمَا إِلا قَدْ حَاضَتَا.

5730 ـ مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەفىيە ئۇمـمۇ تەلھەنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندە، ئۇنىڭ قىزلىرىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ، ئۆيدىكى دېدەكنى كۆردى ـ دە، ماڭا پوتىسىنى بېرىپ: «بۇنى ئىككى قىلىپ، بىرىنى بۇ دېدەككە، يەنە بىرىنى ئۇمـمۇ سەلەمەنىڭ يېنىدىكى قىزغا بەرگىن. چۈنكى مەن بۇ ئىككى قىزنى بالاغەتكە يېتىپ قالدىمىكىن دەپ ئويلايمەن» دېگەنىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 642)

5731 - عَنْ أُم سَلَمَةَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ عَلَيْهَا وَهِيَ تَخْتَمِرُ فَقَالَ لَيةً لَا لَيتَيْنِ.

5731 ـ ئۇمـمۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن ياغلىق ئارتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمغا كىرىپ: «ئىككى قات قىلماي، بىر قاتلا ئورىغىن!» دېگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4115)

5732 - عن مَالِك أنهُ بَلَغَهُ أن أَمَةً كَانَتْ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَآهَا عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ وَقَدْ تَهيأَتْ بِهَيْئَةِ الْحَرَائِرِ فَدَخَلَ عَلَى ابْنَتِهِ حَفْصَةَ فَقَالَ أَلَمْ أَرَ جَارِيَةَ أَخِيكِ تَجُوسُ الناسَ وَقَدْ تَهيأَتْ بِهَيْئَةِ الْحَرَائِرِ وَأَنكَرَ ذَلِكَ عُمَرُ.

5732 ـ مالىكقا يېتىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ بىر دېدىكى بار ئىدى، بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

---

[1] ئەلبانى (642): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3457): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇنىڭ ھەر ئاياللارغا ئوخشاش كىيىنگەنلىكىنى كۆردى ـ دە، بۇ قىلمىشىغا نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ، قىزى ھەفسەنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ــ ئى ھەفسە! قېرىندىشىڭنىڭ دىدىكى ھەر ئايالارغا ئوخشاش كىيىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغۇ؟ ـ دېدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

5733 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا انْتَعَلَ أَحَدُكُمْ فَلْيَبْدَأْ بِالْيُمْنَى وَإِذَا خَلَعَ فَلْيَبْدَأْ بِالشمَالِ وَلْيُنْعِلْهُمَا جَمِيعًا أَوْ لِيَخْلَعْهُمَا جَمِيعًا.

5733 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاياغ كىيگەندە، ئاۋۋال ئوڭ پۇتىغا كىيسۇن. سالغاندا سول پۇتىدىكىنى ئاۋۋال سالسۇن. ئاياغ كىيسە، ئىككىلى پۇتىغا كىيسۇن. بولمىسا (بىر پاي ئاياغ بىلەن يۈرگەندىن كۆرە) ئىككىلى پۇتىغا ئاياغ كىيمەي، يالاڭئاياغ يۈرسۇن!»

(مۇسلىم: 2097)

5734 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَنْتَعِلَ الرجُلُ قَائِمًا.

5734 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرۇپ ئاياغ كىيىشتىن توسقان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4135)

5735 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا انْقَطَعَ شِسْعُ أَحَدِكُمْ فَلَا يَمْشِ فِي نَعْلٍ وَاحِدَةٍ حَتى يُصْلِحَ شِسْعَهُ وَلَا يَمْشِ فِي خُف وَاحِدٍ وَلَا يَأْكُلْ بِشِمَالِهِ.

[1] ئەلبانى (3483): سەھىھ ـ دېگەن.

5735 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«بىرىڭلارنىڭ ئايىغىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۇنى ئوڭشاپ بولغۇچە، بىر پاي ئاياغ بىلەن يۈرمىسۇن. بىر پاي ئۆتۈك بىلەنمۇ يۈرمىسۇن. سول قولىدا تاماق يېمىسۇن»[①].
(ئەبۇ داۋۇد: 4137)

5736 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ رُبمَا مَشَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي نَعْلٍ وَاحِدَةٍ.
5736 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزىدە بىر پاي ئاياغ بىلەنمۇ ماڭاتتى[②].
(تىرمىزى: 1777)

5737 ـ لرزين: رأيت رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ينتعل قائماً ويمشي في نعل واحدة غير ما مرة.
5737 ـ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئاياغ كىيگەنلىكىنى ۋە بىر قانچە قېتىم بىر پاي ئاياغ بىلەن ماڭغانلىقىنى كۆرگەنىدىم.
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5738 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ مِنْ السنةِ إِذَا جَلَسَ الرجُلُ أَنْ يَخْلَعَ نَعْلَيْهِ فَيَضَعَهُمَا بِجَنْبِهِ.
5738 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئولتۇرغان چاغدا ئايىغىنى سېلىپ، يېنىدا قويۇپ قويۇش سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىن[③].
(ئەبۇ داۋۇد: 4138)

[①] ئەلبانى (3483): سەھىھ ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (297): مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.
[③] ئەلبانى (891): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

5739 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ سَمِعْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ فِي غَزْوَةٍ غَزَوْنَاهَا اسْتَكْثِرُوا مِنْ النعَالِ فَإِن الرجُلَ لَا يَزَالُ رَاكِبًا مَا انْتَعَلَ.

5739 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر غازاتتا مۇنداق دېگەن:

«ئاياغنى جىق ئېلىۋېلىڭلار! چۈنكى كىشى ئاياغسىز قالمىسىلا، ئۇلاغقا مىنگەنگە ئوخشاش راھەت يۈرەلەيدۇ».

(مۇسلىم: 2096)

5740 - عن عِيسَى بْنُ طَهْمَانَ قَالَ أَخْرَجَ إِلَيْنَا أَنَسٌ نَعْلَيْنِ جَرْدَاوَيْنِ لَهُمَا قِبَالَانِ فَحَدثَنِي ثَابِتٌ الْبُنَانِي بَعْدُ عَنْ أَنَسٍ أَنهُمَا نَعْلَا النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5740 ـ ئەيسا ئىبنى تەھيان مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۈكى يوق تېرىدىن تىكىلگەن بوغۇچلۇق ئىككى ئاياغنى ئېلىپ چىقىپ بىزگە كۆرسەتتى. كېيىن، سابىت بۇنانىنىڭ ئەنەستىن رىۋايەت قىلىپ بىزگە سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ ئىككى ئاياغ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىكەن.

(بۇخارى: 3107)

5741 - عن أبي هريرة قال كان لنعل النبي صلى الله عليه وسلم قبالان ولنعل أبي بكر قبالان ولنعل عمر قبالان وأول من عقد عقدة واحدة عثمان.

5741 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئىككى بوغۇچلۇق ئاياغ كىيەتتى. تۇنجى قېتىم بىر بوغۇچلۇق ئاياغ كىيگەن كىشى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر[1].

(«ئەلسەغىر»: 254)

5742 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ قَالَ: مَنْ لَبِسَ نَعْلا صَفْرَاءَ لَمْ يَزَلْ فِي سُرُورٍ مَا دَامَ

[1] ھەيسەمى (8619): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

لابِسَهَا.

5742 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: سېرىق رەڭلىك ئاياغ كەيگەن كىشى تاكى ئۇنى سالغانغا قەدەر ئۆزىنى خۇشال ھېس قىلىدۇ[1].

(«ئەلكەبىر»: 10612)

5743 - عَنْ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ قَالَ قِيلَ لِعَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا إِنَّ امْرَأَةً تَلْبَسُ النَّعْلَ فَقَالَتْ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الرَّجُلَةَ مِنْ النِّسَاءِ.

5743 ـ ئەبۇ مۇلەيكە مۇنداق دەيدۇ: بىرەيلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

ــ بىر ئايال ئەر كىشىنىڭ ئايىغىنى كىيىدىكەن، ـ دېگەنىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر كىشىگە ئوخشاش كىيىنىدىغان ئاياللارغا لەنەت ئوقۇغان، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4099)

5744 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الرَّجُلَ يَلْبَسُ لِبْسَةَ الْمَرْأَةِ وَالْمَرْأَةَ تَلْبَسُ لِبْسَةَ الرَّجُلِ.

5744 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايال كىشىدەك كىيىنگەن ئەرگە، ئەر كىشىدەك كىيىنگەن ئايالغا لەنەت ئوقۇغان[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4098)

5745 - عَنْ عَلِي قَالَ سَمِعْتُ رَسُول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ عِنْدَ الْكُسْوَةِ

---

[1] ھەيسەمى (8626): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى ئەزرا ئىسىملىك تەرجىمىھالى نامەلۇم بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3455): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (3454): سەھىھ ـ دېگەن.

الْحَمْدُ لِلهِ الذِي رَزَقَنِي مِنْ الرِّيَاشِ مَا أَتَجَمَّلُ بِهِ فِي النَّاسِ وَأُوَارِي بِهِ عَوْرَتِي.

5745 ـ ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: مەن پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ كـىيـىم كـىيگەنـدە: «ئەۋرىتـىمنـى ياپىـدىغان ۋە كىشـىلەر ئالدىـدا مېنـى گـۈزەل كۆرسـىتىـدىغان بـۇ كـىيىمنى ماڭـا ئاتـا قىلغـان ئاللاھقـا شـۈكرىلەر بولسـۇن!» دېگەنلىكىنـى ئاڭلىغانىدىم[1].

(ئەھمەد: 1358)

5746 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ مَنْ لَبِسَ ثَوْبًا جَدِيدًا فَقَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي كَسَانِي مَا أُوَارِي بِهِ عَوْرَتِي وَأَتَجَمَّلُ بِهِ فِي حَيَاتِي ثُمَّ عَمَدَ إِلَى الثَّوْبِ الذِي أَخْلَقَ فَتَصَدَّقَ بِهِ كَانَ فِي كَنَفِ اللهِ وَفِي حِفْظِ اللهِ وَفِي سَتْرِ اللهِ حَيًّا وَمَيِّتًا.

5746 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى ئاڭلىغانـدىم: «كىمكـى يېڭـى كـىيىم كـىيگەنـدە: ”ئەۋرىتـىمنـى ياپىدىغان ۋە ھاياتىمدا مېنى گۈزەل كۆرسىتىدىغان بۇ كىيىمنى ماڭا ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكرىلەر بولسۇن!“ دېسە، ئاندىن كونا كىيىمنى سەدىقە قىلىۋەتسە، ئۇ كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 3560)

5747 - عن ابن عمر قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم الارتداء لبسة العرب والالتفاع لبسة الايمان وكان رسول الله صلى الله عليه وسلم يتلفع.

5747 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئەلبانى (3454): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (713): زەئىپ ـ دېگەن.

«ئادەتتىكىدەك كىيىم كىيىش ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى، ھايالىق كىيىم كىيىش ئىماننىڭ ئالامىتى». ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايالىق كىيىم كىيەتتى[①].

(«ئەلكەبىر»: 7620)

5748 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ، قَالَ: دَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمْ بِخُفَيْهِ يَلْبَسْهُمَا، فَلَبِسَ أَحَدَهُمَا، ثُم جَاءَ غُرَابٌ فَاحْتَمَلَ الآخَرَ، فَرَمَى بِهِ، فَخَرَجَتْ مِنْهُ حَيَةٌ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمْ: "مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ، فَلا يَلْبَسْ خُفَيْهِ حَتى يَنْفُضَهُمَا".

5748 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆتۈكىنى ئەكەلدۈرۈپ كىيىۋاتاتتى. بىر پېيىنى كىيىپ بولغۇچە، بىر قاغا كېلىپ، يەنە بىر پېيىنى ئېلىپ قاچتى ـ دە، ئاسمانغا كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر تال يىلان چىقتى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللهقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ھەر قانداق كىشى ئۆتۈكىنى قېقىۋەتمەي تۇرۇپ كىيمىسۇن!» دېدى[②].

(«ئەلكەبىر»)

[①] ھەيسەمى (8545): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەئىد ئىبنى سىنان شامىي ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (8635): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىلىرى ئاساسەن ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## كىيىم - كېچەكنىڭ تۈرلىرى ۋە رەڭلىرى، قانداق كىيىملەرنى كىيىپ، قانداقلىرىنى كىيمەسلىكنىڭ لازىملىقى

5749 - عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ لَمْ يَكُنْ ثَوْبٌ أَحَب إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ قَمِيصٍ.

5749 - ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىيىمى كۆڭلەك ئىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4026)

5750 - عَنْ سُوَيْدِ بْنِ قَيْسٍ قَالَ جَلَبْتُ أَنا وَمَخْرَفَةُ الْعَبْدِي بَزا مِنْ هَجَرَ فَجَاءَنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَاوَمَنَا بِسَرَاوِيلَ وَعِنْدِي وَزانٌ يَزِنُ بِالْأَجْرِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلْوَزانِ زِنْ وَأَرْجِحْ

5750 - سۇۋەيد ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەخفەرە ئەبدى ئىككىمىز ھەجەر دېگەن جايدىن كىيىم - كېچەك ئېلىپ كەلگەن ئىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قانچە تامبال سېتىۋالماقچى بولدى. مېنىڭ قېشىمدا ھەق ئېلىپ، تارازا تۇتىدىغان بىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

- تارتقىن، ئېغىرراق تارتقىن! - دېدى[②].

(تىرمىزى: 1305)

---

[①] ئەلبانى (3397): سەھىھ - دېگەن.

[②] ئەلبانى (1051)): سەھىھ - دېگەن.

5751 - عن أبي هريرة وفيه: قال قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ، وَإِنكَ لَتلْبِسُ السـرَاوِيلَ؟ قَالَ: "نَعَمْ، وَبِاللَّيْلِ وَالنهَارِ، وَفِي السفَرِ وَالْحَضَرِ، فَإِني أُمِرْتُ بِالتسَترِ، فَلَمْ أَجِدْ شَيْئًا أَسْتَرَ مِنْهُ.

5751 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەنمۇ تامبال كىيىدىكەنسەن ـ ھە؟ ـ دەپ سورىسام:

ـ ھەئە، سەپەرگە چىققاندا ياكى ئۆيدىكى چاغلىرىمدا كېچە ـ كۈندۈز تامبال كىيىپ يۈرىمەن. چۈنكى مەن ئەۋرەتلىرىمنى يۆگەپ يۇرۇشكە بۇيرۇلدۇم ۋە ئەۋرەتىمنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق يۆگەيدىغان نەرسە (كىيىم) كۆرمىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەلمەۋسىلى: 6162)

5752 - عن على قال كنت قاعدا عند النبي صلى الله عليه وسلم عند البقيع يعنى بقيع الغرقد في يوم مطر فمرت امرأة على حمار ومعها مكار فمرت في وهدة من الارض فسقطت فأعرض عنها بوجهه فقالوا يا رسول الله إنها متسرولة فقال اللهم اغفر للمتسرولات من أمتي.

5752 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە يامغۇرلۇق بىر كۈندە بەقىئ مازارلىقىدا ئولتۇراتتىم. بىر ئايال ئېشەككە مىنگەن ھالدا بىر خىزمەتچىسى بىلەن كېلىپ، بىر ئويمانلىقتا كېتىۋېتىپ ئېشەكتىن يىقىلىپ چۈشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزىنى باشقا تەرەپكە ئۆرۈۋالغانىدى، ساھابىلار:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ تامبال كىيىۋالغان ئايال ئىكەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] ھەيسەمى (8510): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يۇسۇف ئىبنى زىياد بەسرى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ـ ئى الله! ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن تامبال كىيگەن ئاياللارنى مەغپىرەت قىلغىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى[1].

(بەززار: 2947)

5753 - عَنْ الْمِسْوَرِ بْنِ مَخْرَمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَدِمَتْ عَلَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلم أَقْبِيَةٌ فَقَالَ لِي أَبِي مَخْرَمَةُ انْطَلِقْ بِنَا إِلَيْهِ عَسَى أَنْ يُعْطِيَنا مِنْهَا شَيْئًا فَقَامَ أَبِي عَلَى الْبَابِ فَتَكَلم فَعَرَفَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلم صَوْتَهُ فَخَرَجَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلم وَمَعَهُ قَبَاءٌ وَهُوَ يُرِيهِ مَحَاسِنَهُ وَهُوَ يَقُولُ خَبَأْتُ هَذَا لَكَ خَبَأْتُ هَذَا لَكَ.

5753 ـ مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر مۇنچە پەلتو كەلگەن ئىكەن، دادام مەخرەمە ماڭا:

ـ يۈر! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارايلى، بەلكىم كەلگەن ئۇ پەلتولاردىن بىزگىمۇ بىرىنى قىلىشى مۇمكىن، ـ دېدى. بىز يېتىپ بارغاندا، دادام ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دادامنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ، بىر پەلتونى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە ئۇ پەلتونى ماختاپ:

ـ ئى مەخرەمە! بىز بۇنى ساڭا ساقلاپ قويغان ئىدۇق، ساڭا ساقلاپ قويغان ئىدۇق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2675)

5754 – وفي رواية: يَا بُنَي ادْعُ لِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَعْظَمْتُ ذَلِكَ فَقُلْتُ أَدْعُو لَكَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا بُنَي إِنهُ لَيْسَ بِجَبارٍ فَدَعَوْتُهُ فَخَرَجَ وَعَلَيْهِ قَبَاءٌ مِنْ دِيبَاجٍ مُزَررٌ بِالذهَبِ فَقَالَ يَا مَخْرَمَةُ هَذَا خَبَأْنَاهُ لَكَ فَأَعْطَاهُ إِياهُ.

5754 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئىشىك ئالدىغا بارغاندا، دادام:

[1] ھەيسەمى (8511): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبراھىم ئىبنى زەكەرىيا ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ــ ئوغلۇم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىرغىن! ـ دېدى. بۇ سۆز ماڭا بەكمۇ ھار كەلدى ۋە:

ــــ پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالامنى ســـېنىڭ يېنىڭغـــا چاقىرىـــپ چىقامدىم؟! ـ دېدىم. دادام:

ــ ئى ئوغلۇم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداق مۇتەكەببىرلەردىن ئەمەس، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاقىردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتقا چىقتى، قولىدا تۈگمىلىرى ئالتۇندىن قىلىنغان، قېلىن يىپەك پەلتو تۇراتتى. دادامغا:

ــ ئى مەخرەمە! بۇنى ساڭا ساقلاپ قويغان ئىدۇق، ـ دېدى ۋە ئۇنى دادامغا بەردى.

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

5755 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ أَحَب الثِّيَابِ إِلى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَلْبَسَهَا الْحِبَرَةَ.

5755 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەمەننىڭ پاختىدىن تىكىلگەن ۋە زەر تۇتۇلغان كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى.

(بۇخارى: 5813)

5756 - عن عَبْد اللهِ بْن عَباسٍ قَالَ لما خَرَجَتْ الْحَرُورِيةُ أَتَيتُ عَلِيا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَقَالَ ائْتِ هَؤُلَاءِ الْقَوْمَ فَلَبِسْتُ أَحْسَنَ مَا يَكُونُ مِنْ حُلَلِ الْيَمَنِ قَالَ أَبو زُمَيْلٍ وَكَانَ ابْنُ عَباسٍ رَجُلًا جَمِيلًا جَهِيرًا قَالَ ابْنُ عَباسٍ فَأَتَيْتُهُمْ فَقَالُوا مَرْحَبًا بِكَ يَا ابْنَ عَباسٍ مَا هَذِهِ الْحُلةُ قَالَ مَا تَعِيبُونَ عَلَي لَقَدْ رَأَيْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحْسَنَ مَا يَكُونُ مِنْ الْحُلَلِ.

5756 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر قىسىم خاۋارىجلار ھەرۇرىيە دېگەن يېزىدىن ھەزرىتى ئەلىگە قارشى باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ ماڭا:

ـ ئۇلار (يەنى خاۋارىجلار) بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگىن! ـ دېدى. مەن يەمەندىن كەلگەن ئەڭ ئېسىل كىيىمىمنى كىيىپ (راۋىيلاردىن ئەبۇ زۇمەيل: ئىبنى ئابباس كېلىشكەن ۋە ئاۋازى جاراڭلىق بىرى ئىدى، ـ دېگەن)، ئۇلارنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇلار:

ـ ئى ئىبنى ئابباس، خۇش كېلىپسەن! بىراق، نېمە بۇ ئۇچاڭدىكى؟! ـ دېيىشتى. مەن:

ـ سىلەرنىڭ مېنى ئېيىبلەش ھەققىڭلار يوق! مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ كىيىملەرنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنى كىيگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم، ـ دېدىم[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4037)

5757 - عن عَبْد الْوَاحِدِ بْن أَيْمَنَ قَالَ حَدثَنِي أَبِي قَالَ دَخَلْتُ عَلى عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا وَعَلَيْهَا دِرْعُ قِطْرٍ ثَمَنُ خَمْسَةِ دَرَاهِمَ فَقَالَتْ ارْفَعْ بَصَرَكَ إِلى جَارِيَتِي انظُرْ إِلَيْهَا فَإِنهَا تُزْهَى أَنْ تَلْبَسَهُ فِي الْبَيتِ وَقَدْ كَانَ لِي مِنْهُن دِرْعٌ عَلى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَا كَانَتْ امْرَأَةٌ تُقَيَّنُ بِالْمَدِينَةِ إِلا أَرْسَلَتْ إِلَي تَسْتَعِيرُهُ.

5757 ـ ئابدۇلۋاھىد ئىبنى ئەيمەن دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇنىڭ ئۈستىدە قېلىن پاختا رەختتىن تىكىلگەن، بەش تەڭگە قىممىتىدە بىر كۆينەك بار ئىدى. ئۇ ماڭا:

ـ كۆزۈڭنى ئېچىپ، دېدىكىمگە قارىغىن. ئۇ بۇ كىيىمنى ئۆيدە كىيىشكىمۇ خىجىل بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، مېنىڭ بىر كۆينىكىم بار ئىدى. توي ـ بەزمىگە ياسىنىپ بارماقچى بولغان مەدىنىلىك ھەر قانداق ئايال ئۇ كىيىمنى ئۆتنە بېرىپ تۇرۇشۇم ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتەتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2628)

[①] ئەلبانى (3406): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

5758 - عن ابن عمر قال كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يلبس قلنسوة بيضاء.

5758 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىغا ئاق نەرسە كىيەتتى[①].

(«ئەلكەبىر»)

5759 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ إِني لَأُحِب أَنْ أَنظُرَ إِلَى الْقَارِئِ أَبيضَ الثيَابِ.

5759 ـ ئىمام مالىك مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا يېتىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئاق كىيىم كىيگەن قارىيغا (يەنى قۇرئاننى ياد ئالغان كىشىگە) قاراشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن.

(مالىك: 1688)

5760 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأى عَلَى عُمَرَ قَمِيصًا أَبيضَ فَقَالَ ثَوْبكَ هَذَا غَسِيلٌ أَمْ جَدِيدٌ قَالَ لَا بَلْ غَسِيلٌ قَالَ الْبسْ جَدِيدًا وَعِشْ حَمِيدًا وَمُتْ شَهِيدًا.

5760 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەرنىڭ ئۇستىدە بىر ئاق كۆينەكنى كۆرۈپ:

ـــ بۇ كىيىم يۇيۇلغانمۇ ياكى يېڭىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ يۇيۇلغان، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[①] ھەيسەمى (8505): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى خەراش ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە (بەلكى ئۇ خاتالىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن)، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ يېڭى ـ يېڭى كىيگىن، مەدھىيىگە لايىق ياشىغىن ۋە شېھىد بولغان ھالدا ئۆلگىن! ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 3558)

5761 - عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي لَيْلَةٍ إِضْحِيَانٍ فَجَعَلْتُ أَنظُرُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِلَى الْقَمَرِ وَعَلَيْهِ حُلةٌ حَمْرَاءُ فَإِذَا هُوَ عِنْدِي أَحْسَنُ مِنْ الْقَمَرِ.

5761 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى غۇۋا ئايدىڭ بىر كېچىدە كۆرۈپ، بىر ئۇنىڭغا، بىر ئايغا قاراشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىدە قىزىل بىر تون بار بولۇپ، ئۇ ماڭا ئايدىنمۇ چىرايلىق (كېلىشكەن) بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى[2].

(تىرمىزى: 2811)

5762 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَلْبَسُ الثوْبَ الْمَصْبُوغَ بِالْمِشْقِ وَالْمَصْبُوغَ بِالزعْفَرَانِ.

5762 ــ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سېغىز رەڭ ۋە زەپىران بىلەن بويالغان كىيىملەرنى كىيەتتى.

(مالىك: 1691)

5763 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ مَر رَجُلٌ وَعَلَيْهِ ثَوْبَانِ أَحْمَرَانِ فَسَلمَ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يَرُد النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْهِ.

5763 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۇچىغا قىزىل رەڭلىك ئىككى قۇر كىيىم كىيىۋالغان بىرى ئۆتتى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام بەردى. لېكىن

[1] ئەلبانى (2863): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (532): زەئىپ، ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالمىدى[1].

(تىرمىزى: 2807)

5764 - عَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَفَرٍ فَرَأَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى رَوَاحِلِنَا وَعَلَى إِبِلِنَا أَكْسِيَةً فِيهَا خُيُوطُ عِهْنٍ حُمْرٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا أَرَى هَذِهِ الْحُمْرَةَ قَدْ عَلَتْكُمْ فَقُمْنَا سِرَاعًا لِقَوْلِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى نَفَرَ بَعْضُ إِبِلِنَا فَأَخَذْنَا الْأَكْسِيَةَ فَنَزَعْنَاهَا عَنْهَا.

5764 ـ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر سەپەرگە چىقتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىلىرىمىزنىڭ ئۈستىدە قىزىل يۇڭدىن يول چىقىرىلغان سېلىنچىلارنى كۆرۈپ:

ـ دىققەت قىلىڭلاركى، مەن بۇ قىزىل نەرسىلەرنىڭ سىلەردىن غالىب كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن، ـ دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. بەزى تۆگىلىرىمىز ئۈركۈپمۇ كەتتى. سېلىنچىلارنى تۆگىلەردىن دەرھال ئېلىۋەتتۇق[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4070)

5765 - عن امْرَأَةٍ مِنْ بَنِي أَسَدٍ قَالَتْ كُنتُ يَوْمًا عِنْدَ زَيْنَبَ امْرَأَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ نَصْبُغُ ثِيَابًا لَهَا بِمَغْرَةٍ فَبَيْنَا نَحْنُ كَذَلِكَ إِذْ طَلَعَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما رَأَى الْمَغْرَةَ رَجَعَ فَلَما رَأَتْ ذَلِكَ زَيْنَبُ عَلِمَتْ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ كَرِهَ مَا فَعَلَتْ فَأَخَذَتْ فَغَسَلَتْ ثِيَابَهَا وَوَارَتْ كُل حُمْرَةٍ ثُم إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجَعَ فَاطلَعَ فَلَما لَمْ يَرَ شَيْئًا دَخَلَ.

[1] ئەلبانى (531): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (879): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

5765 ـ ئەسەد جەمەتىدىن بىر ئايالنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى زەينەبنىڭ قېشىغا كىردىم. بىز زەينەبنىڭ كىيىملىرىنى قىزىل سېغىز بىلەن بوياۋاتاتتۇق. شۇ پەيتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزغا كىرىپ كەلدى، لېكىن قىزىل سېغىزنى كۆرۈپلا قايتىپ چىقىپ كەتتى. زەينەب بۇنى بايقاپ، قىلغان ئىشىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىنى بىلدى ـ دە، كىيىملىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى ۋە قىزىل يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋەتتى. كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتىپ كەلدى ۋە قىزىل رەڭنى كۆرمىگەندىن كېيىن ئۆيگە كىردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4071)

5766 - عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أَن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا أَرْكَبُ الْأُرْجُوَانَ وَلَا أَلْبسُ الْمُعَصْفَرَ وَلَا أَلْبسُ الْقَمِيصَ الْمُكَففَ بِالْحَرِيرِ قَالَ وَأَوْمَأَ الْحَسَنُ إِلَى جَيْبِ قَمِيصِهِ قَالَ وَقَالَ أَلَا وَطِيبُ الرجَالِ رِيحٌ لَا لَوْنَ لَهُ أَلَا وَطِيبُ النسَاءِ لَوْنٌ لَا رِيحَ لَهُ.

5766 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن قىزىل بويالغان نەرسىنىڭ ئۈستىگە مىنمەيمەن، سېرىق بويالغان كىيىمنى كىيمەيمەن. ياقىسىغا يىپەكتىن كەشتە ئىشلەنگەن كۆڭلەكنىمۇ كىيمەيمەن. بىلىڭلاركى، ئەرلەر رەڭسىز، ئەمما پۇراقلىق (ئەتىر ۋە باشقا خۇشپۇراقلىق) نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئاياللار پۇراقسىز، ئەمما رەڭلىك نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4048)

---

[1] ئەلبانى (880): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3415): سەھىھ ـ دېگەن.

5767 - عن جابر قال: لبس النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثوبين كانا صبغا بزعفران, وقد نفضا.

5767 ـ سەمۇرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەپىران بىلەن بويىلىپ، ئاندىن قېقىۋېتىلگەن ئىككى قۇر كىيىم كىيگەندى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5768 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ رَأى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَي ثَوْبَيْنِ مُعَصْفَرَيْنِ فَقَالَ أَأُمكَ أَمَرَتْكَ بِهَذَا قُلْتُ أَغْسِلُهُمَا قَالَ بَلْ أَحْرِقْهُمَا.

5768 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ئۇچامدىكى سېرىق بويالغان ئىككى كىيىمنى كۆرۈپ:

ــ ئاناڭ سېنى مۇشۇ كىيىمنى كىيىشكە بۇيرۇدىمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ــ بۇنى يۇيۇپ كىيەي، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنى (يۇيۇپ يۈرمەي) كۆيدۈرۈۋەتكىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2077)

5769 - وفي رواية: إن هَذِهِ مِنْ ثِيَابِ الْكُفارِ فَلَا تَلْبَسْهَا.

5769 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ، كاپىرلارنىڭ كىيىمىدۇر، شۇڭا كىيمىگىن!» دېگەن.

(مۇسلىم: 2077)

5770 - وفي رواية: فَغَضِبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ اذْهَبْ فَاطْرَحْهُمَا عَنْكَ قَالَ أَيْنَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ فِي النارِ.

5770 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىدىن قاتتىق ئاچچىقلاپ:

ــــ دەرھــال بېرىــپ، بــۇ كــيــمــلــرىڭنــى تاشــلــۋەتكــن! ــــ دېــدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر:

ــــ ئــى اللهنىــڭ پەيغەمبــىــرى! ئــۇنى نەگە تاشــلــۋېتــمەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئوتقا تاشلىۋەتكىن! ـ دېدى[1].

(نەسائى: 5317)

5771 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ هَبَطْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ ثَنِيةٍ فَالْتَفَتَ إِلَي وَعَلَي رَيْطَةٌ مُضَرجَةٌ بِالْعُصْفُرِ فَقَالَ مَا هَذِهِ الريْطَةُ عَلَيْكَ فَعَرَفْتُ مَا كَرِهَ فَأَتَيْتُ أَهْلِي وَهُمْ يَسْجُرُونَ تَنورًا لَهُمْ فَقَذَفْتُهَا فِيهِ ثُم أَتَيْتُهُ مِنْ الْغَدِ فَقَالَ يَا عَبْدَ اللهِ مَـا فَعَلَتْ الريْطَةُ فَأَخْبَرْتُهُ فَقَالَ أَلَا كَسَوْتَهَا بَعْضَ أَهْلِكَ فَإِنهُ لَا بَأْسَ بِهِ لِلنسَاءِ.

5771 ـ ئەمــر ئىبنــى شــۇئەيبنىــڭ چــوڭ دادىســنىــڭ مۇنــداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىــلەن مەلــۇم بىــر داۋانــدىن بىــرلىكتە چۈشــۈۋاتاتتۇق، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ئۇچامــدىكى ســېرىق رەڭلىــك يەكتىكىمنى كۆردى ـ دە:

ـــ بــۇ قانــداق يەكــتەك؟ ـ دەپ ســورىدى. مەن پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئــۇنى ياقتۇرمىغانلىقىنى بايقــاپ، دەرھــال ئــۆيگە كەلدىم. ئۆيدىكىلەر تونۇر قىزىتىۋېتىپتىكەن، ئــۇ يەكتەكنــى تونۇرغــا سېلىۋەتتىم. ئەتىسى پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدىم. مەندىن:

ــــ ئــى ئابــدۇللاھ! تۇنۇگــۈنكى يەكتەكنــى قانــداق قىلــدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن ئۇنى ئوتقا تاشلىۋەتكەنلىكىمنى ئېيتقانىدىم:

ـ ئائىلەڭدىكى ئاياللاردىن بىرىگە كىيدۈرۈپ قويساڭ بولماسمىدى، چۈنكى ئۇنى ئاياللار كىيسە بولىۋېرەتتى، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4066)

[1] ئەلبانى (4910): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3431): ھەسەن، ـ دېگەن.

5772 - عن ابن عمر رفعه: لا تلبسوا شيأ مسه زعفران ولا ورس.

5772 _ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «زەپىران ۋە ۋەرس رېڭى (بىر خىل بوياق) تەگكەن كىيىمنى كىيمەڭلار!»

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5773 - عن أنس قال: «كانت للنF صلى الله عليه وسلم ملحفة مصبوغة بالورس، والزعفران، يدور ŏا على نسائه، فإذا كانت ليلة هذه رشتها باţاء، وإذا كانت ليلة هذه رشتها باţاء».

5773 _ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋەرس ۋە زەپىران بىلەن بويالغان بىر كىرلىكى بار بولۇپ، ئاياللىرىنى شۇ كىرلىكى بىلەن ئايلىنىپ چىقاتتى. بىر ئايالىنىڭ نۆۋىتى كەلسە، كىرلىكنى شۇنىڭغا بېرەتتى، ئۇ كىرلىككە سۇ سېپەتتى. يەنە بىر ئايالىنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇمۇ سۇ سېپەتتى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 679)

5774 - عَنْ أُم خَالِدٍ بِنْتِ خَالِدِ بْنِ سَعِيدٍ قَالَتْ أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعَ أَبِي وَعَلَي قَمِيصٌ أَصْفَرُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَنَهْ سَنَهْ قَالَ عَبْدُ اللهِ وَهِيَ بِالْحَبَشِيةِ حَسَنَةٌ قَالَتْ فَذَهَبْتُ أَلْعَبُ بِخَاتَمِ النُبوةِ فَزَبَرَنِي أَبِي قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعْهَا ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبْلِي وَأَخْلِفِي ثُم أَبْلِي وَأَخْلِفِي ثُم أَبْلِي وَأَخْلِفِي قَالَ عَبْدُ اللهِ فَبَقِيَتْ حَتى ذَكَرَ.

[1] ھەيسەمى (8563): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇئەممەل ئىبنى ئىسمائىل ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، - دېگەن.

5774 ـ خالىد ئىبنى سەئىدنىڭ قىزى ئۇممۇ خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن دادام بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا باردىم. مېنىڭ ئۈستۈمدە سېرىق كۆڭلەك بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەنەھ، سەنەھ (ھەبەشچە ’’چىرايلىق‘‘ دېگەن سۆز)، ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى ئويناشقا باشلىغانىدىم، دادام مېنى سىلكىشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكىن! ـ دېدى. ئاندىن ماڭا:

ــ ئۇنى (كىيىمنى) كونىراپ يىرتىلغىچە كىيگىن، ئاندىن ئۇنى كونىراپ يىرتىلغىچە كىيگىن، ئاندىن ئۇنى كونىراپ يىرتىلغىچە كىيگىن! ـ دېدى.

راۋىيلاردىن ئابدۇللاھنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇممۇ خالىد ئۇ كۆڭلەكنى يىرتىلىپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكىچە كىيگەن.

(بۇخارى: 3071)

5775 - عن أم خَالِدٍ بِنْتُ خَالِدٍ قَالَتْ أُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِثِيَابٍ فِيهَا خَمِيصَةٌ سَوْدَاءُ قَالَ مَنْ تَرَوْنَ نَكْسُوهَا هَذِهِ الْخَمِيصَةَ فَأُسْكِتَ الْقَوْمُ قَالَ ائْتُونِي بِأُم خَالِدٍ فَأُتِيَ بِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَلْبَسَنِيهَا بِيَدِهِ وَقَالَ أَبْلِي وَأَخْلِقِي مَرتَيْنِ فَجَعَلَ يَنْظُرُ إِلَى عَلَمِ الْخَمِيصَةِ وَيُشِيرُ بِيَدِهِ إِلَي وَيَقُولُ يَا أُم خَالِدٍ هَذَا سَنَا وَيَا أُم خَالِدٍ هَذَا سَنَا وَالسنَا بِلِسَانِ الْحَبَشِيةِ الْحَسَنُ.

5775 ـ خالىدنىڭ قىزى ئۇممۇ خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىچىك بىر قارا كىيىم كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بۇ كىيىمنى كىمگە كىيگۈزۈپ قويساق بولار؟ ـ دېدى. ساھابىلار شۈك تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇممۇ خالىدنى قىشىمغا ئەكىلىڭلار! ــ دېدى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلدۈم. ئۇ ماڭا كىيىمنى ئۆز قولى بىلەن كىيگۈزۈپ قويدى ۋە:

ـ كونىراپ يىرتىلغانغا قەدەر كىيگىن! ـ دېدى. ئاندىن كىيىمنىڭ قىزىل، سېرىق گۈللىرىنى ماڭا مۇبارەك قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـ ئى ئۇممۇ خالىد! بۇ سەنا. ئى ئۇممۇ خالىد! بۇ سەنا، ـ دېدى. سەنا دېگەن سۆز ھەبەش تىلىدا "چىرايلىق" دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.
(بۇخارى: 5845)

5776 - عَنْ أُم خَالِدٍ بِنْتِ خَالِدٍ قَالَتْ قَدِمْتُ مِنْ أَرْضِ الْحَبَشَةِ وَأَنَا جُوَيْرِيَةٌ فَكَسَانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَمِيصَةً لَهَا أَعْلَامٌ فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَمْسَحُ الْأَعْلَامَ بِيَدِهِ وَيَقُولُ سَنَاهْ سَنَاهْ قَالَ الْحُمَيْدِي يَعْنِي حَسَنٌ حَسَنٌ.

5776 ـ خالىدنىڭ قىزى ئۇممۇ خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ھەبەش زېمىنىدىن كەلدىم، ئۇ چاغدا، تېخى كىچىك قىز ئىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا گۈللۈك بىر كىيىمنى كىيگۈزۈپ قويدى. ئاندىن ئۇ كىيىمنىڭ گۈللىرىنى مۇبارەك قولى بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ:

ــ سەناھ سەناھ ـ دېدى.

راۋىيلاردىن ھۇمەيدى: سەناھ دېگەن سۆز "نېمىدېگەن چىرايلىق" دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 3874)

5777 - عَنْ أَبِي رِمْثَةَ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَلَيْهِ بُرْدَانِ أَخْضَرَانِ.

5777 ـ ئەبۇ رىمسەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى قۇر يېشىل تون كىيىۋالغانلىقىنى كۆردۈم[1].

(تىرمىزى: 2812)

5778 - عن أنس قال: «كان أحب الألوان إلى رسول الله صلى الله عليه وسـلم الخضرة».

5778 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېشىل رەڭنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى[2].

(بەززار: 2943)

5779 - عَنْ الْحَسَنِ أن عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَرَادَ أَنْ يَنْهَى عَنْ مُتْعَةِ الْحَج فَقَالَ لَهُ أُبي لَيْسَ ذَاكَ لَكَ قَدْ تَمَتعْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَمْ يَنْهَنَا عَـنْ ذَلِـكَ فَأَضْرَبَ عَنْ ذَلِكَ عُمَرُ وَأَرَادَ أَنْ يَنْهَى عَنْ حُلَلِ الْحِبَرَةِ لِأَنهَا تُصْبَغُ بِالْبَوْلِ فَقَالَ لَهُ أُبَـي لَيْسَ ذَلِكَ لَكَ قَدْ لَبِسَهُن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَبِسْنَاهُن فِي عَهْدِهِ.

5779 ـ ھەسەن بەسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ھەج تەمەتتۇنى چەكلىمەكچى بولغانىدى، ئۇبەي ئۇنىڭغا:

ـ مۇنداق قىلىش ھەققىڭ يوق، بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلغاندا، تەمەتتۇ ھەجىنىمۇ قىلغانىدۇق، ئۇ بىزنى مۇنداق قىلىشتىن توسمىغانىدى، ـ دېدى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بۇ مەسىلىدىن بۇرۇلۇپ، يەمەن يىپىدىن توقۇلغان كىيىملەرنى سۈيدۈك بىلەن بويالغانلىقى ئۈچۈن چەكلىمەكچى بولغانىدى، دادام يەنە:

[1] ئەلبانى (2254): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8562): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ مۇنداق قىلىش ھەققىڭمۇ يوق، چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق كىيىملەرنى كىيگەنىدى. ئۇنىڭ زامانىدا بىزمۇ كىيگەنىدۇق، ـ دېدى.

(ئەھمەد: 20776)

5780 - عَنْ أَبِي الْأَحْوَصِ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ أَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي ثَوْبٍ دُونٍ فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَكَ مَالٌ قَالَ نَعَمْ مِنْ كُل الْمَالِ قَالَ مِنْ أَي الْمَالِ قَالَ قَدْ آتَانِي اللهُ مِنْ الْإِبِلِ وَالْغَنَمِ وَالْخَيْلِ وَالرقِيقِ قَالَ فَإِذَا آتَاكَ اللهُ مَالًا فَلْيُرَ عَلَيْكَ أَثَرُ نِعْمَةِ اللهِ وَكَرَامَتِهِ.

5780 ـ ئەبۇ ئەھۋەسنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئۇچامغا ئاددىي كىيىملەرنى كىيگەن ھالدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ مەندىن:

ــ پۇل ـ مېلىڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ھەئە، ھەر تۈرلۈك ماللىرىم بار، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ قايسى تۈرلۈك ماللىرىڭ بار؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ الله ماڭا تۆگە، قوي، ئات ۋە قۇل قاتارلىق ماللارنى بەردى، ـ دېدىم. ئۇ:

ـــ الله ساڭا مال بەرگەن ئىكەن، اللهنىڭ نېمىتى ۋە كارامىتى ئۈستۈڭدە كۆرۈلۈشى كېرەك، ـ دېدى[①].

(نەسائى: 5224)

5781 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ يُحِب أَنْ يَرَى أَثَرَ نِعْمَتِهِ عَلَى عَبْدِهِ.

5781 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيبنىڭ بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[①] ئەلبانى (4820): سەھىھ ـ دېگەن.

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله بەندىگە بەرگەن نېمىتىنىڭ ئەسىرىنى (ئىزناسىنى) ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆرۈشنى خالايدۇ»[1].
(تىرمىزى: 2819)

5782 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ ثَوْبَانِ قِطْرِيَانِ غَلِيظَانِ فَكَانَ إِذَا قَعَدَ فَعَرِقَ ثَقُلَا عَلَيْهِ فَقَدِمَ بَزٌ مِنْ الشامِ لِفُلَانٍ الْيَهُودِي فَقُلْتُ لَوْ بَعَثْتَ إِلَيْهِ فَاشْتَرَيْتَ مِنْهُ ثَوْبَيْنِ إِلَى الْمَيْسَرَةِ فَأَرْسَلَ إِلَيْهِ فَقَالَ قَدْ عَلِمْتُ مَا يُرِيدُ إِنمَا يُرِيدُ أَنْ يَذْهَبَ بِمَالِي أَوْ بِدَرَاهِمِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَذَبَ قَدْ عَلِمَ أَني مِنْ أَتقَاهُمْ لِلهِ وَآدَاهُمْ لِلْأَمَانَةِ.

5782 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يىرىك يىپتا توقۇلغان يوللۇق ئىككى قۇر كىيىمى بار ئىدى. ئولتۇرغان چاغلىرىدا تەرلەپ كەتسە، ئۇ كىيىملەر ئۇنىڭغا ئېغىر كېلەتتى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، شامدىن بىر يەھۇدىينىڭ رەختلىرى كەلدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ يەھۇدىيغا ئادەم ئەۋەتىپ، قولۇڭغا پۇل كىرگەندە بېرىش شەرتى بىلەن ئىككى كىيىم سېتىۋالساڭ بولماسمىدى؟ ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ يەھۇدىي:

ـ چۈشەندىم، مۇھەممەد مېلىمنى ۋە پۇلۇمنى ئېلىۋالماقچى بوپتۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— ئۇ مېنىڭ اللهتىن ئەڭ قورقىدىغان ۋە ئەڭ ئامانەتدار ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەپتۇ، ـ دېدى[2].
(تىرمىزى: 1213)

5783 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ الْأَنصَارِي أَنهُ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةِ بَنِي أَنمَارٍ قَالَ جَابِرٌ فَبَيْنَا أَنا نَازِلٌ تَحْتَ شَجَرَةٍ إِذَا رَسُولُ اللهِ صَلى

[1] ئەلبانى (2260): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (969): سەھىھ ـ دېگەن.

اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَقْبَلَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ هَلُم إِلَى الظل قَالَ فَنزَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُمْتُ إِلَى غِرَارَةٍ لَنا فَالْتَمَسْتُ فِيهَا شَيْئًا فَوَجَدْتُ فِيهَا جِرْوَ قِثاءٍ فَكَسَرْتُهُ ثُم قَرَبْتُهُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مِنْ أَينَ لَكُمْ هَذَا قَالَ فَقُلْتُ خَرَجْنا بِهِ يَا رَسُولَ اللهِ مِنْ الْمَدِينَةِ قَالَ جَابِرٌ وَعِنْدَنا صَاحِبٌ لَنا نُجَهزُهُ يَذْهَبُ يَرْعَى ظَهْرَنا قَالَ فَجَهزْتُهُ ثُم أَدْبَرَ يَذْهَبُ فِي الظهْرِ وَعَلَيْهِ بُرْدَانِ لَهُ قَدْ خَلَقَا قَالَ فَنظَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَيْهِ فَقَالَ أَمَا لَهُ ثَوْبَانِ غَيْرُ هَذَيْنِ فَقُلْتُ بَلَى يَا رَسُولَ اللهِ لَهُ ثَوْبَانِ فِي الْعَيْبَةِ كَسَوْتُهُ إِيَاهُمَا قَالَ فَادْعُهُ فَمُرْهُ فَلْيَلْبَسْهُمَا قَالَ فَدَعَوْتُهُ فَلَبِسَهُمَا ثُم وَلى يَذْهَبُ قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا لَهُ ضَرَبَ اللهُ عُنُقَهُ أَلَيْسَ هَذَا خَيْرًا لَهُ قَالَ فَسَمِعَهُ الرجُلُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ فِي سَبِيلِ اللهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَبِيلِ اللهِ قَالَ فَقُتِلَ الرجُلُ فِي سَبِيلِ اللهِ.

5783 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرلىكتە بەنى ئەنمار غازىتىغا چىقتۇق. مەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرار ـ ئولتۇرمايلا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ دەرەخنىڭ سايىسىگە مەرھەمەت قىلغىن! ــ دېدىم. ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، خورجۇنىمدىن يېگۈدەك بىر نەرسە ئاختۇرۇشقا باشلىدىم ۋە كىچىك بىر تال تەرخەمەكنى ئېلىپ، ئىككى پارچە قىلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ئۇ:

ـ بۇنى قەيەردىن تاپتىڭلار؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەدىنىدىن ئېلىپ كەلگەنىدۇق، ـ دېدىم. بىزنىڭ بىر ئادىمىمىز بار بولۇپ، ئۇ ئارقىمىزدىن پادىلىرىمىزنى ھەيدەپ ماڭاتتى. بۇ قېتىممۇ ئارقىمىزدىن (پادىلارنى ھەيدەپ) كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىدە يىرتىق ئىككى يەكتەك بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ:

ــ ئۇنىڭ باشقا كىيىمى يوقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بوخچىدا يەنە ئىككى كىيىمى بار. مەن ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويغانىدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنى چاقىرغىن، شۇ كىيىملىرىنى كىيىۋالسۇن، ـ دېدى. مەن ئۇنى چاقىردىم. ئۇ كىيىملەرنى كىيىپ بولۇپ (كېتىش ئۈچۈن) ئارقىغا ياناقچى بولغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ الله بويىنىغا (قىلىچ) ئۇرغۇزسۇن، بۇ كىيىملەر ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى. ئۇ كىشى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! اللەنىڭ يولىدىمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەئە، اللەنىڭ يولىدا، ـ دېدى. راست دېگەندەك، ئۇ، اللەنىڭ يولىدا شېھىد بولۇپ كەتتى.

(مالىك: 1688)

5784 - عن عائشة رضي الله عنها، قالت: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «اللباس يظهر الغا ، والدهن يذهب البؤس، واqحسان إБ اţملوك يكبت الله به العدو».

5784 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىيىم بايلىقنى ئىزھار قىلىدۇ. (ئەتىر ۋە باشقا) خۇشپۇراقلىق نەرسىلەر (بەدەندىكى) بىئاراملىقنى يوقىتىدۇ. قۇلغا ياخشىلىق قىلىش سەۋەبى بىلەن الله تائالا دۈشمەنلىكنى يوقىقا چىقىرىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

5785 - عَنِ ٱبنِ سِيرِينَ: أَن َتمِيمًا الدارِي، اشْتَرَى رِدَاءً بِأَلْفٍ فَكَانَ ُيصَلي ِفِيهِ.

---

[1] ھەيسەمى (8585): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇسسالام ئىبنى ئابدۇلقۇددۇس ئەلكىلائى ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

5785 ـ ئىبنى سىرىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەمىم دارى بىر تونىنى مىڭ تەڭگىگە سېتىۋالغان بولۇپ، شۇ توندا ناماز ئوقۇيتتى[1].

(«ئەلكەبىر»)

**5786 - عَنْ سَهْلِ بْنِ مُعَاذِ بْنِ أَنَسٍ الْجُهَنِي عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ تَرَكَ اللِبَاسَ تَوَاضُعًا لِلهِ وَهُوَ يَقْدِرُ عَلَيْهِ دَعَاهُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى رُءُوسِ الْخَلَائِقِ حَتى يُخَيرَهُ مِنْ أَي حُلَلِ الْإِيمَانِ شَاءَ يَلْبَسُهَا.**

5786 ـ سەھل ئىبنى مۇئاز ئىبنى ئەنەس جۇھەنىينىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىرەر ئېسىل كىيىمنى كىيىشكە قادىر تۇرۇپ، ﷲنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە كىچىك پېئىللىق قىلىپ ئۇنى كىيمىسە، قىيامەت كۈنى ﷲ ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئالدىغا چاقىرىپ، ئىمان بىلەن زىننەتلەنگەن تونلاردىن قايسىسىنى خالىسا، شۇنى كىيىش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2481)

**5787 - عَنْ مَيْمُونَةَ بِنْتِ سَعْدٍ وَكَانَتْ خَادِمًا لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَثَلُ الرافِلَةِ فِي الزينَةِ فِي غَيْرِ أَهْلِهَا كَمَثَلِ ظُلْمَةِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لَا نُورَ لَهَا.**

5787 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمەتچىسى مەيمۇنە بىنتى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ھەيسەمى (8599): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2017): ھەسەن، ـ دېگەن.

«ئۆز ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقىلار ئۈچۈن ياسانغان ھاكاۋۇر ئايال قىيامەت كۈنى نۇر يوق قاراڭغۇلۇقتا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1167)

5788 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ يَرْفَعُهُ قَالَ مَنْ لَبِسَ ثَوْبَ شُهْرَةٍ أَلْبَسَهُ اللهُ اياه يَوْمَ الْقِيَامَةِ Ż تُلْهبُ فِيهِ النارُ ومن تشبه بِقَوْمٍ فَهُوَ منهُمْ.

5788 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى پەخىرلىنىشنى نامايەن قىلىدىغان كىيىمنى كىيسە، قىيامەت كۈنى الله ئۇنىڭغا شۇ كىيىمنى كىيگۈزىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئوت تۇتۇشۇپ لاۋۇلداپ كۆيىدۇ. كىمكى باشقا قەۋمگە ئوخشىۋالسا، ئۇ شۇلاردىن بولىدۇ»[2].

(رەزىن رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ داۋۇد: 4029)

5789 - عن عبد الله بن أبيْ حدرد قال قال رسول الله صلى الله عليـه وسـلم انتضلوا واخشوشنوا وامشوا حفاة، وزاد في رواية ‏تمعددوا.

5789 ـ ئىبنى ئەبۇ ھەدرەدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىڭلار، ئوتتۇرا ھال كىيىنىڭلار ۋە يالاڭئاياغ يۈرۈڭلار»[3].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

5790 - عن أنس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال استعينوا على النسـاء بالعري إن إحداهن إذا كثرت ثيابُها وحسنت زينتها أعجبها الخروج.

[1] ئەلبانى (203): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3399): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (8610): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى سەئىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

5790 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاياللارغا كىيىمنى ئاز ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىرتقا تولا چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار، چۈنكى ئايال كىشىنىڭ كىيىمى كۆپ، زىبۇزىننىتى چىرايلىق بولسا، تالاغا كۆپ چىققۇسى كېلىپ قالىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ھەيسەمى (8617): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى ئۇستازى مۇسا ئىبنى زەكەرىيادىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر، - دېگەن.

## مۇندەرىجە


**ھەدىسلەر توپلىمى ........................................ 1**

بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە ........................................ 3

ئاقىۋىتى مەجھۇل، تاش ئېتىپ قىلىنغان، مەجبۇرى قىلىنغان، بىرىنىڭ مىلىغا قول قويۇۋېلىپ قىلىنغان، مالنى بىرىنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىپ قىلىنغان سودىلار، شۇنداقلا يېزىلىقنىڭ مېلىنى شەھەرلىكنىڭ سېتىپ بېرىشى، مالنى مال بازىرىغا كېلىپ بولغىچە ئېلىۋېلىش، بىر مالنى ئىككى خىل ئۇسۇلدا سېتىش، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش قاتارلىقلار........................................ 9

ئۆلچەپ ۋە تارتىپ ساتقان مالدىكى، شۇنداقلا ھايۋانلاردىكى جازانە.......... 17

مالنى ئىختىيارلىق شەرتى بىلەن سېتىش، ئەيىب سەۋەبىدىن قايتۇرۇپ بېرىش، خورمىنىڭ مېۋىسى، سېتىۋېتىلگەن قۇلنىڭ مېلى ۋە ئاپەت قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمى ........................................ 29

يەر - مۈلۈكتىكى قوشنىدارچىلىق ھەققى، زاكالەت بېرىش، ئاشلىقنى (قىممەت بولۇشنى تىلەپ) بېسىۋېلىش ۋە مال باھاسىنى ئۆستۈرۈش ... 39

قەرز بېرىش ۋە ئېلىش، ئۇنى قايتۇرۇشنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىرى، ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانلىقنى ئېلان قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەسىلىلەر........................................ 51

ئارىيەت ئېلىش، مۈلۈكتىن پايدىلىنىش ھەققىنى ئۆمۈر بويى ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە ئۆلگەنگە قەدەر ئۆتۈنۈپ بېرىش، بەخش قىلىش ۋە ھەدىيە بېرىش ........................................ 77

شېرىكلىشىش، كېپىل بولۇش، گۆرۈگە قويۇش، ئىجارىگە بېرىش، ۋاكالەتچى بولۇش، پاي قوشۇش ۋە تارتىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ...... 97

تېرىقچىلىق قىلىش، يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىش، بوز يەر ئېچىش ۋە تېپىۋالغان نەرسە قاتارلىق مەسىلىلەر........................................ 109

**قازىلىق بۆلۈمى ........................................ 133**

ئەيىبلەشكە ۋە ماختاشقا تېگىشلىك قازىلىق، قازىلىق قىلىشنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىرى، شۇنداقلا ھۆكۈم قىلىش شەكىللىرى............... 133

دەۋا، دەلىل ـ ئىسپات، گۇۋاھلىق، تۇتۇپ تۇرۇش ياكى سولاپ قويۇش ۋە
باشقا مەسىلىلەر.......................................................149
ۋەقفە قىلىش، سۈلھى تۈزۈش ۋە ئامانەت قويۇش..............................171
**قۇل ئازاد قىلىش بۆلۈمى.........................................183**
قۇل ئازاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە قۇلغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنىڭ
ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى.......................................................183
شېرىك قۇلنى ۋە زىنادىن تۇغۇلغان قۇلنى ئازاد قىلىش، قۇلاق ـ بۇرنى
ياكى باشقا بىر ئەزاسى كېسىۋېتىلگەن قۇل، ئۆلۈش ئالدىدا قۇل ئازاد
قىلىش ۋە باشقا مەسىلىلەر..............................................201
خوجايىنىدىن بالا تۇغقان دېدەك، خوجايىنى ئۆلگەندىن كېيىن ئازاد
بولىدىغانلىقى ۋەسىيەت قىلىنغان قۇل ۋە خوجايىنىغا پۇل تېپىپ
بېرىپ ئازاد بولۇشقا پۈتۈشكەن قۇل قاتارلىقلار..............................209
**ۋەسىيەت بۆلۈمى .................................................217**
**مىراس بۆلۈمى ....................................................237**
ئازادگەردىنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى، مىراسخورى
يوق كىشى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىراسى ۋە
ئۇنىڭدىن قالغان بەزى نەرسىلەر.........................................271
**جازا ئىجرا قىلىش بۆلۈمى.........................................291**
جازانى ئىجرا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇنى ئىناۋەتسىز قىلىش،
گۇناھىنى تىلىۋېلىش، ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىش قاتارلىقلار.......291
ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ گۇناھى، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى يوللۇق قىلىدىغان
ئامىللار ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش.........................................299
قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە خاتالىشىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئىجرا
قىلىنىدىغان قىساس، دادا بىلەن بالا، جامائەت بىلەن شەخس، ھۆر
بىلەن قۇل ۋە مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدىكى قىساس
مەسىلىلىرى.............................................................315
سارالڭ ۋە مەست ھالەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئېغىر نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈش، داۋالاش جەريانىدا قىلىنغان جىنايەتلەر، زەھەرلەش، زىنا

قىلغان كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىكى
جىنايەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە جازا بېرىلمەيدىغان ئىشلار...............325
ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن باشقا جىنايەتلەرنىڭ قىساسى، ئەپۇ قىلىش،
قەسامە ۋە (قىساس ئالغاندا) قاتىلغا مەرھەمەت قىلىش ..................333
ئۆلتۈرۈلگەن كىشى، ئىنسان ئورگانلىرى، يارىلانغان ئەزالار ۋە تۆرەلمە
قاتارلىقلارنىڭ دىيىتى..........................................................359
دىندىن يېنىشنىڭ ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى
تىللاشنىڭ جازاسى ..............................................................395
ھۆرنىڭ، قۇلنىڭ، مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ ۋە ساراڭنىڭ قىلغان
زىناسىنىڭ جازاسى؛ شۈبھە بىلەن قىلىنغان زىنا بىلەن مەھرەم بىلەن
قىلىنغان زىنانىڭ جازاسى ......................................................409
ئەھلى كىتابقا ئىجرا قىلىنىدىغان جازا، بەچچىۋازلىقنىڭ، ھايۋانلارغا
چېپىلىشنىڭ ۋە تۆھمەت قىلىشنىڭ جازاسى ..............................441
ئوغرىلىقنىڭ جازاسى ۋە جازاسى يوق ئوغرىلىق .........................455
ھاراق ئىچىشنىڭ جازاسى.......................................................477
**يېمەكلىكلەر بۆلۈمى........................................... 487**
تاماق پىشۇرۇش ۋە يېيىش ئەسۋاپلىرى، تاماق يېيىشنىڭ قائىدە -
يوسۇنلىرى .........................................................................487
بىر قىسىم تاماقلار ھەققىدىكى مەدھىيە ۋە سۆكۈشلەر، يەنە بىر
قىسىم تاماقلارنىڭ ھالاللىقى توغرىسىدىكى ئەھكاملار، قىيىن
ئەھۋالدا قالغان كىشىگە ئالاقىدار ھۆكۈم قاتارلىقلار.....................512
**ئىچىملىكلەر بۆلۈمى ........................................ 539**
ئۆرە تۇرۇپ ئىچىش، تۇلۇم (قاچا قاتارلىقلار)نىڭ ئاغزىدىن ئىچىش،
ئىچكەندە تىنىش، ئوپچە بىر نەرسە ئىچكەندە ئىچكۈچىلەرنىڭ رەت
تەرتىۋى ۋە قاچىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويۇش قاتارلىق ئىشلار..........539
ھاراق ۋە سىركە ...................................................................553
سىركە سېلىشقا بولىدىغان قاچىلار، ئىچىشكە بولىدىغان ۋە ئىچىشكە
بولمايدىغان سىركىلەر ۋە قاچىلارغا ئالاقىدار ھۆكۈملەر..................589
**كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇزىننەت بۆلۈمى .............................. 599**

ئالتۇن، يىپەك، يۇڭ ۋە چۇپۇر قاتارلىقلار.........................................599
كىيىم ـ كېچەك كىيىشنىڭ ئەدەبلىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكنىڭ
شەكلى ..................................................................................615
كىيىم ـ كېچەكنىڭ تۈرلىرى ۋە رەڭلىرى، قانداق كىيىملەرنى
كىيىپ، قانداقلىرىنى كىيمەسلىكنىڭ لازىملىقى .........................633